Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر

# بابۇرنامە

تەرجىمە قىلغۇچى: خەمىت تۆمۈر

مىللەتلەر نەشرىياتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# تەرجمە قلغۇچدن

قولڭزدكى بۇ كتاب زەهرددن مۇهەممەد بابۇر (1483 — 1530) چاغاتاي تلى بلەن يېزپ قالدۇرغان ۋە ئۆزنڭ زور ئلمي قممتى بلەن دۇنياۋي مەشهۇر ئەسەرلەر قاتاردن ئورۇن ئېلپ كېلۋاتقان «بابۇرنامە» ناملق ئەسەرنڭ هازرقى زامان ئۇيغۇر تلدكى تەرجمسى.

بابۇر ئاقساق تۆمۈر ئەۋلاددن بولۇپ، ئاتسى ئۆمەر شەيخ مرزا، ئۇنڭ ئاتسى ئەبۇ سەئد مرزا، ئۇنڭ ئاتسى سۇلتان مۇهەممەد مرزا، ئۇنڭ ئاتسى مرانشاه مرزا، ئۇنڭ ئاتسى ئاقساق تۆمۈردۇر. بابۇر ئانا تەرەپتن يەركەن خانلقنڭ قۇرغۇچسى سۇلتان سەئدخان ۋە مەشهۇر «تارخى رەشدى» نڭ يازغۇچسى مرزا هەيدەر بلەن بر نەۋرە بولدۇ، چۈنكى بابۇرنڭ ئانسى قۇتلۇق نگار خانم، سۇلتان سەئد خاننڭ ئاتسى سۇلتان ئەخمەد خان، مرزا هەيدەرنڭ ئانسى خۇبنگارخانم هەممسى چاغاتاي ئەۋلاددن يۇنۇس خاننڭ باللرى ئدى.

بابۇر 1494-يلى 12 ياش ۋاقتدا ئاتسى ئۆمەر شەيخ مرزنڭ تاسادپي ئۆلۈپ كېتشى بلەن پەرغانە پادشاهى بولدۇ. بۇ بر تەرەپتن تۆمۈر نەسلدن بولغان مرزلارنڭ هەرقايسسى ئۆزلرى ئگلەپ تۇرغان يەرلەردە ئۆزلرنى پادشاه دەپ ئېلان قلپ، ئۆزئارا زېمن ۋە هاكمىيەت تالشش جەڭلرنى ئەۋجگە

چىقارغان، چاغاتاي نەسلىدىن بولغان خانلارمۇ ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىشكە تىرىشۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزبېك خانى شەيبانىخان كۈندىن-كۈنگە زورىيىپ، مىرزىلار ۋە خانلار قولىدىكى زېمىنلارغا چاڭ سېلىۋاتقان دەۋر ئىدى. ياش بابۇر تەختكە چىقىشى بىلەنلا پەرغانە ۋىلايىتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پارچىلانغان دۆلىتىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بەل باغلىغان ياش بابۇر يالغۇز پەرغانىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەنلا قالماستىن، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ قەدىمكى پايتەختى بولغان سەمەرقەندنى ئېلىش يولىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ 1499-يىلى بىر قېتىم، 1501-يىلى يەنە بىر قېتىم سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچى قېتىمدا پەرغانىدە ئىسيان يۈز بەرگەنلىك سەۋەبىدىن، ئىككىنچى قېتىمدا ياردەمسىز قېلىپ شەيبانىخانغا تەڭ كېلەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن، چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاخىرىدا شەيبانىخاننىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلى ماۋەرائۇننەھردە پۇت تىرەپ تۇرالماي، 1504-يىلى ھىندۇقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، كابۇل ۋە غەزنىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ كابۇل پادىشاھى بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۈردە شەيبانىخان بېسىۋالغان جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا بولىدۇ. بابۇر 1506-يىلى خۇراسانغا بېرىپ، ھىراتنى زىيارەت قىلىدۇ ۋە سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىكتە شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، لېكىن مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. ئۇ 1511-يىلى ئىسمائىل شاھنىڭ ياردىمى بىلەن ھىسار، بۇخارا، سەمەرقەند، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ئالغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزبېكلەر

تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، 1513-يىلى كابۇلغا قايتىپ كېلىدۇ.

ھىندىقۇشنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈرىيلەر زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن بابۇر ئۆزىنىڭ كابۇلنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىدۇ ۋە 1519-يىلدىن باشلاپ بىرقانچە قېتىم لەشكەر تارتىپ، ھىندىستاننىڭ بەزى يەرلىرىنى ئىگىلەيدۇ. 1526-يىلى — بەشىنچى قېتىمدا 12مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن سىند دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەنىپەتتە سۇلتان ئىبراھىم لۇدىنىڭ 100مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، دېھلى ۋە ئەگرەنى ئىشغال قىلىدۇ، ئارقىدىنلا 1527-يىلى مارتتا كانۋاھادا راناسەنگا باشچىلىقىدىكى راي ۋە راجەلەرنى 100مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىدۇ. 1528- ۋە 1529-يىللىرى يەنە بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن شىمالىي ھىندىستاننى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ 1526-يىلى دېھلى ۋە ئەگرەنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇشى بىلەن ھىندىستاندا تاكى 1761-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرۈپ، تارىختا «ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتالغان ئىمپېرىيىنىڭ ئۇلى قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىدۇ. بابۇر 1530-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى ھىندىستاندا ۋاپات بولىدۇ.

بابۇر بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ 12 يېشىدىن باشلاپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك جەڭ ۋە ھەربىي يۈرۈش بىلەن ئۆتكەن مۇشۇ تىنىمسىز ۋە ئۆزگىرىشچان، بەزىدە ئىنتايىن جاپا-مۇشەققەتلىك ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆزى قاتناشقان ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقەلەرنى، ھېس-تۇيغۇ ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ھەم باشقا كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ بايانلار بابۇردەك

بىر مەشھۇر پادىشاھ ۋە ھەربىي قوماندان، شۇنداقلا يېتىلگەن بىر ئەدىب ۋە ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر بىلىملىك بىر شەخسنىڭ بايانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىڭ شۇ دەۋردىكى سىياسىي ۋەزىيىتى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ھەربىي تۈزۈملىرى، تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان مىرزىلارنىڭ، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خانلارنىڭ، ئۆزبېك خانى شەيبانىخاننىڭ، ھىندىستاندىكى پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، بولۇپ ئۆتكەن جەڭلەر ۋە بۇ جەڭلەردە تۈزۈلگەن سەپ، قوللىنىلغان تاكتىكا، ئىشلىتىلگەن قوراللار ۋە باشقىلار توغرۇلۇق تەپسىلىي، مەزمۇنلۇق ھەم ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئىگە قىلىدۇ.

بابۇر بۇ ئەسەردە يەنە ھەممىگە قىزىقىدىغان زېھنىلىك بىر سەيياھ ۋە ئەستايىدىل بىر تەتقىقاتچى سۈپىتىدە پەرغانە، سەمەرقەند، ھىرات، كابۇل، غەزنى، ھىندىستان قاتارلىق ئۆزى تۇرغان ۋە بارغان جايلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىسى، تەبىئىي شارائىتى، ئىقلىمى، ھايۋانات-گىياھلىرى، بايلىقلىرى، ئاسارئەتىقىلىرى، گۈزەل يەرلىرى، مەشھۇر ئادەملىرى، خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبى، مەدەنىي ھاياتى، ئەنئەنىلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىن ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە قىزىقارلىق بىلىملەرنى بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، بابۇر ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ۋە بەزى چاغلاردىكى چۈشكۈن ھالەتلىرىنىمۇ يوشۇرۇپ قالمايدۇ، مۆرىتى كەلگەندە

دۈشمەنلىرىنى ماختايدۇ، دوستلىرىنى، تۇغقانلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلىپ قامچىلايدۇ. مانا بۇ نۇقتىلار كىشىنىڭ ئەسەردە بايان قىلىنغان ئاساسىي ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، بابۇر يېتىلگەن بىر ئەدىب ۋە بىلىمى كەڭ بىر ئالىم بولۇش بىلەن بىللە، چىنگىزخان ۋە ئاقساق تۆمۈر ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان فېئودال ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ سادىق بىر ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى ئەلۋەتتە شۇ تەبىقىنىڭ مەيدانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ ئۆمۈر بويى شۇ تەبىقىنىڭ غايە ۋە دەستۇرى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بابۇر بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەرقانداق ھەرىكىتىنى، جۈملىدىن ئەمرىگە بويسۇنمىغان ياكى سېلىق تۆلەشتە رايىش بولمىغان ئاھالە ۋە قەبىلىلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىقلىرىنى، ھەتتا ئادەم كاللىسىدىن مۇنار تۇرغۇزۇشتەك ئىشلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەبىئىي قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قاتارىدا بايان قىلىدۇ، بەزىدە مۇنداق قىرغىنچىلىقلاردىن يىرگەنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە مۇنداق ئىشلارنى پادىشاھلار ئۈچۈن راۋا ھېسابلايدۇ. دېمەك «بابۇرنامە» بابۇردىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ شەخسنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق باھا بېرىشتىمۇ تېپىلغۇسىز بىر ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«بابۇرنامە» ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان نەسرىي ئەسەر بولۇش بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە شۇ دەۋر ئەسەرلىرىدە دائىم كۆرۈلىدىغان ھەشەمەتلىك ئىبارىلەر، تەكەللۇپلۇق تەسۋىرلەر ۋە چۈشىنىش تەس بولغان ئېغىر جۈملىلەر كۆزگە چېلىقمايدۇ، بەلكى ئىشنىڭ نەق ئۆزى، مەقسەتنىڭ نەق

ئۆزى سادda ئىبارە ۋە يەڭگىل جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىندۇ. بۇ دەل بابۇر تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇسلۇب ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى ھۇمايۇنغا يازغان بىر خېتىدە ئوغلىنىڭ خەتنى تەكەللۇپ بىلەن يازىمەن دەپ مەنىنى چۈشىنىكسىز قىلىپ قويىدىغان ئادىتىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگىمۇ ھەم ئوقۇغۇچىغىمۇ جاپا سالماسلىق ئۈچۈن خەتنى ساددا سۆزلەر بىلەن يېزىشقا ئۈندەيدۇ. (مۇشۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي تېكست بويىچە ب 349-بېتىگە قاراڭسۇن)

«بابۇرنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە ئىران قاتارلىق جايلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى مول ئىشەنچلىك بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان تەڭداشسىز ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللىبۇرۇنلا دۇنيادىكى شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى «ئاسىيادىكى ئەسەرلەر ئىچىدە بىردىنبىرى بولمىسىمۇ، ئەڭ تاڭسۇقى»①، «ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللار ئېنسىكلوپېدىيىلىك خاراكتېرغا ئىگە»②، «دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر»③ دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ماختىغان.

ھازىر «بابۇرنامە» تېكستىنىڭ نەشىر قىلىنغان ئىككى خىل

---

① رۇسس: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1-قىسىم 3-بەت.

② شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گراماتىكىسى»، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1962-يىل رۇسچە نەشرى 44-بەت.

③ «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى 1985-يىل خەنزۇچە نەشرى، 1-توم 404-بەت.

نۇسخىسى بولۇپ، بىرى قازان نۇسخىسى؛ يەنە بىر ھەيدەراباد نۇسخىسىدۇر. قازان نۇسخىسىنى ن. ئى. ئىلمىنسكى بۇخارادىن تېپىلغا بىر قول يازمىغا ئاساسەن، 1857 - يىلى قازاندا نەشر قىلدۇرغان. ھەيدەراباد نۇسخىسىنى ئەنگلىيىلىك ئا. بېۋېرىج ھەيدەرابادتىن تېپىلغان بىر قول يازما بويىچە 1905 - يىلى لوندوندا سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئەينەن نەشر قىلدۇرغان. ئا. بېۋېرىج بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىرقانچە خىل قول يازمىلىرى تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر بولسا بەكمۇ تولۇقسىز، بىر بولسا بەكمۇ خاراب ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە تاشكەنتتە يۇقىرىدىكى ئىككى خىل نۇسخىغا ئاساسەن 1948 -، 1960 - ۋە 1989 - يىللاردا سالاۋىيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۆزبېك يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىمۇ بار. ئەسەرنىڭ ھەر خىل تەرجىمىلىرىگە كەلسەك، بۇ ئەسەر ھىندىستان موغۇل خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا پارسچىگە تەرجىمە قىلىنغان؛ 1826 - يىلى پارسچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئىنگلىزچىگە، 1828 - يىلى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن نېمىسچىگە، 1871 - يىلى قازان نۇسخىسىغا ئاساسەن فرانسۇزچىگە تەرجىمە قىلىنغان؛ 1921 - يىلى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ تۈزىتىلگەن يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىنغان ۋە 1922 - يىلى ئا. بېۋېرىج تەرىپىدىن ھەيدەراباد نۇسخىسى ئاساسىدا قايتا ئىشلىنىپ نەشر قىلدۇرۇلغان؛ 1940 - يىلى تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن ھەيدەراباد نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنغان؛ 1960 - يىلى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئەسەرگە بېرىلگەن «بابۇرنامە» دېگەن بۇ نام ئەسەرنىڭ «ۋاقىئە نامە»، «تۈزۈكى بابۇر»، «ۋاقىئاتى بابۇر»

دېگەن ناملىرى بىلەن تەڭداش قوللىنىلىپ، كېيىن بىر قەدەر ئومۇملاشقان نامدۇر. بابۇرنىڭ ئۆزى بۇ ئەسەرنى «ۋەقايىئ» (ۋەقەلەر) دەپ ئاتىغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەسەرنىڭ 1987-يىلى نەشر قىلىنغان تۈركچە تەرجىمىسىگە «ۋەقايىئ» دېگەن رەسمىي نام ۋە «بابۇر خاتىراتى» دېگەن قوشۇمچە نام بېرىلگەن.

بۇ يەردە ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىشنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەسەردە يىل تەرتىپى بويىچە قىلىنىۋاتقان بايانلارنىڭ ھىجرىيە 908-يىل ئوتتۇرىسىدىن 909-يىل ئاخىرىغىچە، ھىجرىيە 914-يىل بېشىدىن 924-يىل ئاخىرىغىچە ۋە ھىجرىيە 926-يىل سەپەر ئېيىدىن 932-يىل سەپەر ئېيىغىچە بولغان قىسىملىرى كەم قالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا، بابۇرنىڭ 36 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بۇ ئەسەرنىڭ 18 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقا دائىر قىسمى كەم قالغان بولىدۇ. بۇ كەم قالغان جايلار، بولۇپمۇ ھىجرىيە 914-يىل بېشىدىن 924-يىل ئاخىرىغىچە بولغان قىسمى توغرۇلۇق تەتقىقاتچىلار ئىچىدە باشقىچە بەزى مۇلاھىزىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ دەسلەپكى قول يازمىسىنىڭ تەسادىپىي زىيانغا ئۇچرىشى بىلەن ئۇنىڭ يوقىرىدىكى قىسىملىرى يوقۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك دېگەن پەرەز ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ كەم قالغان قىسمىغا دائىر ۋەقەلەرنى مۇشۇ ئەسەردىكى بەزى بايانلارغا ۋە «ھۇمايۇننامە»، «تارىخىي رەشىدى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرگە ئاساسلىنىپ بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ئەسەرنىڭ 908-يىل ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان قىسمىدا ئەسلىي تېكىست بويىچە ب 110- ۋە 111-بەتتىكى «تەنبەل شەيباقخانىنىڭ

قېشىغا ئاغىسى بەگ تىلبەنى ئەۋەتىپ...» دېگەن يەردىن «تەنبەل خانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مەرغىنانغىچە كەلدى» دېگەن يەرگىچە بولغان بىر بۆلەك تېكىست بىلەن ئەسلىي تېكىست بويىچە 120-بەتتىكى «ھەر تەرەپكە تارقىغان نۆكەرلىرىم يىغىلدى» دېگەن يەردىن «خۇراسانغا كەتمەكچى بولۇپ، ئاتلىنىپ چىقتىم» دېگەن يەرگىچە بولغان بىر بۆلەك تېكىست مەزمۇن جەھەتتىن ھازىرقى ئورنىغا ماس كەلمەيدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇ:

1) ئەسەرنىڭ 908-يىلغا ئائىت يوقالغان قىسمىنىڭ بىر بۆلىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرىنچى بۆلەك تېكىستنىڭ ئالدىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەندىجاننىڭ ئىككى خان تەرىپىدىن ئېلىنغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

2) يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى بۆلەك تېكىستنىڭ ئارىلىقىدىكى 9 يېرىم ۋاراق (19-بەت) تېكىست ئەسەرنىڭ 908-يىلىنىڭ بىر قىسمى ۋە 909-يىلغا ئائىت يوقالغان قىسمىنىڭ پارچىلىرى بولۇپ، توپلانغاندا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

«بابۇرنامە»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ تەرجىمىسى ئا. بېۋېرىج سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئەينەن نەشر قىلدۇرغان ھەيدەراباد نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەندى. ئىش جەريانىدا ئەسەرنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىن ۋە تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ترانسكرىپسىيىلىك نۇسخىسىدىنمۇ پايدىلاندۇق. تەرجىمىدە ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردۇق، جۈملە شەكىللىرىنى، سۆز-ئىبارىلەرنى ئەينەن ئېلىش ئىمكانىيىتى بولسىلا ئەينەن ئالدۇق. بەزى سۆز-ئىبارىلەرگە ھاشىيىدە قىسقىچە ئىزاھ بەردۇق.

تەرجىمە تېكستىدە كۆرۈلىدىغان تىرناق ئىچىدىكى نومۇرلار ئەسلىي تېكىستىنىڭ (نەشر قىلىنغان ھەيدەراباد نۇسخىسىنىڭ) بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ. نەشر قىلىنغان ھەيدەراباد نۇسخىسىنىڭ بەت نومۇرى ئا. بېۋېرىج تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ھەربىر ۋاراقنىڭ ئالدىنقى بېتىگىلا نومۇر قويۇپ، كېيىنكى بېتىگە نومۇر قويمىغان. بىز تەرجىمە تېكستىدە بۇ ئىككى بەتنى بىرخىل نومۇر بىلەن كۆرسىتىپ ئىككىنچى بەتنىڭ نومۇرىغا «ب» ھەرپىنى قوشۇپ قويدۇق. مىسال ئالساق، تەرجىمە تېكىستىدىكى (15) نومۇرى ئەسلى تېكىست بويىچە 15 - ۋاراقنىڭ ئالدىنقى بېتىنى كۆرسەتسە، (ب 15) نومۇرى شۇ ۋاراقنىڭ كېيىنكى بېتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاخىرىدا، ئىش جەريانىدا پايدىلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا رەھمەت ئېيتىمىز. سەۋىيىمىز ئىنتايىن چەكلىك بولغانلىقى ھەم قولىمىزدا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 16 - ئەسىردە يېزىلىپ، شۇنچە كەڭ زېمىننىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالى بايان قىلىنغان ۋە كۆچۈرۈلگەن قول يازمىسىنىڭ ئىملاسىدا بىرمۇنچە ئېنىقسىزلىقلار بولغان بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى نۇقسانسىز بولدى دەپ ئېيتىش ناھايىتى تەس، مەيلى سۆز-جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەزى خاس ئىسىملارنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە بولسۇن ياكى بېرىلگەن ئىزاھلاردا بولسۇن خاتا كەتكەن جايلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز.

1991 - يىل، بېيجىڭ

# مۇندەرىجە

## I پەرغانە


899 (1493 — 1494) -يىل ۋەقەلىرى ................ 1

900 (1494 — 1495) -يىل ۋەقەلىرى ................ 46

901 (1495 — 1496) -يىل ۋەقەلىرى ................ 62

902 (1496 — 1497) -يىل ۋەقەلىرى ................ 73

903 (1497 — 1498) -يىل ۋەقەلىرى ................ 82

904 (1498 — 1499) -يىل ۋەقەلىرى ................ 113

905 (1499 — 1500) -يىل ۋەقەلىرى ................ 125

906 (1500 — 1501) -يىل ۋەقەلىرى ................ 148

907 (1501 — 1502) -يىل ۋەقەلىرى ................ 173

908 (1502 — 1503) -يىل ۋەقەلىرى ................ 185


## II كابۇل


910 (1504 — 1505) -يىل ۋەقەلىرى ................ 223

911 (1505 — 1506) -يىل ۋەقەلىرى ................ 292

912 (1506 — 1507) -يىل ۋەقەلىرى ................ 346

913 (1507 — 1508) -يىل ۋەقەلىرى ................ 383

914 (1508) -يىل ۋەقەلىرى ........................ 408
925 (1519) -يىل ۋەقەلىرى ........................ 410
926 (1519 ـ 1520) -يىل ۋەقەلىرى .................. 473

## III ھىندىستان

932 (1525 ـ 1526) -يىل ۋەقەلىرى .................. 481
933 (1526 ـ 1527) -يىل ۋەقەلىرى .................. 575
934 (1527 ـ 1528) -يىل ۋەقەلىرى .................. 623
935 (1528 ـ 1529) -يىل ۋەقەلىرى .................. 639
936 (1529) -يىل ۋەقەلىرى ........................ 716
ئادەم ئىسمى ۋە يەرناملىرى ئاچقۇچى.................. 717

# ۱. پېژندنه

# بسم الله الرحمن الرحيم

899 ـ يىلى ① رامىزان ئېيىدا فەرغانە ۋىلايىتىدە ② ئون ئىككى ياشتا پادىشاھ بولدۇم. فەرغانە ۋىلايىتى بەشىنچى ئىقلىمدىن بولۇپ، ئاۋات جايلارنىڭ چېتىگە جايلاشقان. شەرق تەرىپى كاشغەر بىلەن، غەرب تەرىپى سەمەرقەند بىلەن، جەنۇب تەرىپى بەدەخشاننىڭ چېگرىسى بولغان تاغلار بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمال تەرىپىدە گەرچە بۇرۇن ئالمالىق، ئالماتۇ ۋە ياڭى (كىتابلاردا «ئوترار» دەپ يېزىلىدۇ) قاتارلىق شەھەرلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىر موغۇل ۋە ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ، پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. فەرغانە كىچىك ۋىلايەتتۇر. ئاشلىق ۋە مېۋىسى مول. ئەتراپى تاغ بولۇپ، پەقەت سەمەرقەند ۋە خوجەند جايلاشقان غەرب تەرىپىدىلا تاغ يوق. قىشتا مۇشۇ تەرەپتىن باشقا ھېچ تەرەپتىن دۈشمەن كېلەلمەيدۇ. خوجەند سۈيى دەپ ئاتىلىدىغان سەيھۇن دەرياسى (2) شەرقىي شىمال تەرەپتىن كېلىپ، بۇ ۋىلايەتنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۈپ، غەرب تەرەپكە كېتىدۇ ۋە خوجەندنىڭ شىمال تەرىپى ھەم ھازىر شاھرۇخىيە دەپ ئاتىلىدىغان فەناكەتنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئۆتۈپ، يەنە شىمالغا بۇرۇلۇپ

① مىلادىيە 4941 ـ يىلى.

② «ۋىلايەت» سۆزى بۇ ئەسەردە مەملىكەت، ئۆلكە، زېمىن، ۋىلايەت مەنىلىرىدە قوللىنىلغان.

تۈركستان تەرەپكە كېتىدۇ، تۈركستاندىن بىرمۇنچە تۆۋەنلىگەندىن كېيىن، بۇ دەريا ھېچقانداق دەرياغا قوشۇلماي، تامامەن قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ. ۋىلايەتنىڭ يەتتە قەسەبىسى① بولۇپ، بەشى سەيھۇن دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە، ئىككىسى شىمال تەرىپىدە.

**ئەندجان** — سەيھۇن دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قەسەبىلەردىن بولۇپ، ئوتتۇرىغا جايلاشقان. فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ پايتەختىدۇر، ئاشلىق ۋە مېۋە-چېۋە كۆپ چىقىدۇ، قوغۇن ۋە ئۈزۈمى ياخشى بولىدۇ. قوغۇن پىششىقىدا قوغۇنلۇقتا قوغۇننى پۇلغا ساتىدىغان ئادەت يوق. ئەندجاننىڭ نەشپۈتىدىن ياخشى نەشپۈت تېپىلمايدۇ. ماۋرائۇننەھردە سەمەرقەند ۋە كېش قورغانلىرىدىن قالسا، بۇنىڭدىن چوڭ قورغان يوق. قورغاننىڭ ئۈچ دەرۋازىسى بار. ئەركى② جەنۇب تەرىپىدە. قورغانغا توققۇز ئېرىق سۇ كىرىدۇ، لېكىن شۇنىسى ئاجايىپكى، بىر يەردىنمۇ چىقمايدۇ قەلئەنىڭ چۆرىسىدىكى خەندەكنىڭ سىرتىدا تاش ياتقۇزۇلغان چوڭ يول بار، قەلئە ئەتراپى پۈتۈنلەي مەھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللەر بىلەن قەلئەنى شۇ خەندەك ياقىسىدىكى چوڭ يول ئايرىپ تۇرىدۇ. ئاڭ ۋە قۇشىمۇ بار، قىرغاۋۇلى (ب 2) ئىنتايىن سېمىز كېلىدۇ. بىر قىرغاۋۇلنىڭ گۆش-شورپىسىنى تۆت ئادەم تۈگىتەلمەيدۇ دېگەن گەپ بار. ئاھالىسى تۈرك. شەھىرى ۋە بازىرىدا تۈركچە بىلمەيدىغان ئادەم يوق. خەلقىنىڭ تىلى يېزىق تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى ھېرىدا③ ۋۇجۇدقا

① قەسەبە — كىچىكرەك شەھەر.
② ئەرك — ئىچكي قەلئە، ئوردا.
③ ھىرى — ھىرات.

كەلگەن بولسمۇ، لېكىن مۇشۇ تىل بىلەن يېزىلغان. ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ھۈنەر ئەھلى كۆپ. مۇزىكىدا داڭ چىقارغان خوجا يۈسۈپ ئەندىجانلىقتۇر. ھاۋاسىنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق تەرىپى بار. كۈز كۈنلىرى بەزگەك كۆپ بولىدۇ.

**ئوش** — ئەندىجاننىڭ شەرققە مايىل شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى تۆت يىغاچ ① كېلىدۇ. ھاۋاسى ياخشى، ئېقىن سۇيى مول بولۇپ، باھارى بەك پەيزى بولىدۇ. ئوشنىڭ گۈزەللىكىگە دائىر رىۋايەتلەر ئاز ئەمەس. ئوش قورغىنىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ئۈستى تەكشى كەلگەن بىر تاغ بولۇپ، بەراكۇھ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە سۇلتان مەھمۇد خان بىر ھۇجرا سالدۇرغان ئىكەن. شۇ ھۇجرىدىن تۆۋەنرەكتە، تاغنىڭ تۇمشۇقىغا 902-يىلى ② مەنمۇ ئايۋانلىق بىر ھۇجرا سالدۇردۇم. گەرچە ئۇ ھۇجرا مېنىڭكىدىن ئالىي بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ھۇجرام بەك ياخشى يەرگە جايلاشتى، پۈتۈن شەھەر ۋە مەھەللىلەر ئاياق ئاستىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. (3) ئەندىجان سۇيى ئوشنىڭ مەھەللىلىرى ئىچىدىن ئۆتۈپ ئەندىجانغا كېلىدۇ. دەريانىڭ ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي باغ. باغلارنىڭ ھەممىسى دەريا بويىدا. بىنەپشىسى ئىنتايىن گۈزەل. ئېقىن سۇلىرى بار، باھارى بەك پەيزى، لەيلى ۋە قىزىل گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدۇ. بەراكۇھ تېغىنىڭ ئېتىكىدە، شەھەر بىلەن

---

① يىغاچ — مۇساپە ئۆلچىمى. بىر يىغاچ تەخمىنەن 8 كىلومېتىرغا توغرا كېلىدىغانلىقى مەلۇم.

② مىلادىيە 1496—1497-يىللار ئارىلىقى.

تاغنىڭ ئارىلىقىدا مەسچىتي جەۋزا ئاتلىق بىر مەسچىت بار. تاغ تەرەپتىن كەلگەن ئۇلۇغ بىر ئېقىن شۇ مەسچىتنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ. مەسچىتنىڭ تاشقى سەيناسى سەل يانتۇ بېدىلىك بولۇپ، سايە-سايالىق بىر مەيداندۇر. مۇساپىرلار ۋە يولۇچىلار كەلسە، شۇ يەردە دەم ئالىدۇ. ئۇشىنىڭ بىر قىزىق ئادىتى شۇكى، بىركىم ئۇ يەردە ئۇخلىسا، شۇ ئېقىندىن سۇ ئېلىپ ئۇستىگە قۇيىدۇ. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ تاغدىن ئاق-قىزىل گۈلى بار بىر خىل تاش تېپىلدى. پىچاق دەستىسى، كەمەر قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىشلىتىشكە بولىدىغان ياخشى تاشتۇر. فەرغانە ۋىلايىتىدە مەنزىرە ۋە هاۋا جەھەتتىن ئوشقا يېتىدىغان قەسەبە يوق.

**مەرغىنان** — ئەندىجاننىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى يەتتە يىغاچ كېلىدۇ. نېمەتكە باي ياخشى قەسەبىدۇر. ئانىرى ۋە ئۆرۈكى ئاجايىپ ياخشى بولىدۇ. دانە كەلان دەيدىغان بىر خىل ئانىرى باركى، شېرىنلىك ۋە چۈچۈكلۈكتە سەمنان ئانارلىرىنى (ب 3) بېسىپ چۈشىدۇ. يەنە سۇبهانى دېيىلىدىغان بىر خىل ئۆرۈكى بولۇپ، ئۇچكىسىنى ئېلىپ، ئىچىگە مېغىزىنى سېلىپ قۇرۇتىدۇ. بەك لەززەتلىك بولىدۇ. ئاڭ ۋە قۇشى ياخشى. ئاق كېيىك يېقىنلا يەرلەردىن تېپىلىدۇ. ئاهالىسى سارت① بولۇپ، مۇشتچى ھەم ئۇرۇشقاق كېلىدۇ. ماۋەرائۇننەهردە مۇشتلىشىش مۇسابىقىسى كەڭ تارقالغان ئادەت بولۇپ، سەمەرقەند ۋە بۇخارادىكى داڭلىق مۇشتچىلارنىڭ كۆپچىلىكى

---

① پارس تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلق.

مەرغىنانلىقتۇر. «ھىدايە» نىڭ يازغۇچىسى (شەيخ بۇرھانىددىن ئەلى) مەرغىناننىڭ رۇشدان دېگەن يېزىسىدىن.

**ئىسفەرە** — تاغ باغرىغا جايلاشقان قەسەبىدۇر. ئېقىن سۇلىرى، بۈك-باراقسان باغلىرى بار. مەرغىناننىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى توققۇز يىغاچ كېلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلىرى ئىنتايىن كۆپ، بىراق تولىسى بادام دەرىخىدۇر. ئاھالىسى پۈتۈنلەي سارت ۋە تاغلىق خەلقتۇر. ئىسفەرەنىڭ بىر شەرئى① جەنۇبىدىكى ئېدىرلار ئارىسىدا سەنگ ئايىنە (ئەينەك تاش) دېيىلىدىغان بىر پارچە تاش بار، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئون قارى② كېلىدۇ، ئېگىزلىكى ئادەم بويىچە، بەزى يەرلىرى ئادەمنىڭ بېلىگىچە كېلىدۇ. بۇ تاش خۇددى ئەينەكتەك، ھەرنەرسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئىسفەرە ۋىلايىتى ئىسفەرە، ۋارۇخ، سوخ ۋە ھۇشياردىن ئىبارەت تۆت بۆلۈك تاغ باغرىغا جايلاشقان. مۇھەممەد شەيبانىخان سۇلتان مەھمۇد خان بىلەن ئالچە خاننى مەغلۇپ قىلىپ، تاشكەند بىلەن شاھرۇخىيەنى ئالغان مەزگىلدە مۇشۇ شوخ، (4) ھۇشيار دېگەن تاغ ئېتەكلىرىگە كېلىپ، بىر يىلغا يېقىن غۇربەتچىلىك تارتىپ كابۇلغا سەرپە قىلغاندىم.

**خوجەند** — ئەنجاننىڭ يىگىرمە بەش يىغاچ غەربىگە جايلاشقان قەسەبىدۇر. خوجەند بىلەن سەمەرقەند ئارىلىقىمۇ يىگىرمە بەش يىغاچ كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەرلەردىن بىرى. شەيخ مەسلەھەت بىلەن خوجاكەمال خوجەندلىكتۇر.

① شەرئى — مۇساپە ئۆلچىمى. 3 كىلومېتردىن كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن.
② قارى — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بابۇر ئۇنى ئالتە تۇتام*دەپ ئىزاھلايدۇ.

مېۋىسى ئىنتايىن ياخشى. ئانىرىنىڭ داڭقى بار، «سىبى سەمەرقەند، ئانارى خوجەند» (سەمەرقەندنىڭ ئالمىسى، خوجەندنىڭ ئانىرى) دېيىشىدۇ. لېكىن ھازىرقى كۈندە مەرغىنانىنىڭ ئانىرى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. خوجەندنىڭ قورغىنى بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. سەيھۇن سۈيى شىمال تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. دەريا بىلەن قورغاننىڭ ئارىلىقى بىر ئوق ئېتىمى كېلىدۇ. قورغان بىلەن دەريانىڭ شىمال تەرىپىدە مۇنۇغىل (مۇتۇغىل) ناملىق بىر تاغ بار. بۇ تاغدىن فىرۇزە قاتارلىق مەدەنلەر تېپىلارمىش. بۇ تاغدا يىلان بەك كۆپ. خوجەندنىڭ ئوۋلاق ۋە قۇشلاقلىرى ناھايىتى ياخشى، ئاق كېيىك، بۇغا-مارال، قىرغاۋۇل، توشقان قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ تېپىلىدۇ. ھاۋاسى ساپ ئەمەس، كۈز پەسلىدە بەزگەك كۆپ بولىدۇ. بۇ يەردە قۇشقاچمۇ بەزگەك بولىدۇ دېگەن بىر گەپ بار. ھاۋاسىنىڭ مۇنداق ناچار بولۇشىغا ئۇنىڭ شىمالىدىكى باغلار سەۋەب بولغان دېيىشىدۇ. خوجەند تەۋەسىدە كەندىبادام دەيدىغان بىر يەر بار. بۇ يەرنى قەسەبە دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوبدان بىر قەسەبىچاق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە بادام بەك بولىدۇ، شۇڭا بادام كەنتى دېگەن (ب 4) نامغا ئېرىشكەن. بۇ يەرنىڭ بادىمى ھۆرمۇز، ھىندىستانلارغا تارتىلىدۇ. بۇ يەر خوجەندنىڭ بەش-ئالتە يىغاچ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. خوجەند بىلەن كەندىبادام ئارىلىقىدا «ھادەرۋىش» دېيىلىدىغان بىر چۆل بار. بۇ چۆلدە ھەمىشە شامال چىقىپ تۇرىدۇ. چۆلنىڭ شەرقىدە بولغان مەرغىنانغا دائىم بۇ يەردىن شامال بارسا، چۆلنىڭ غەربىدە بولغان خوجەندكە بۇيەردىن

شامال كېلىدۇ. بەزىدە بۇ چۆلدە قاتتىق بوران چىقىپ كېتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە. بىرنەچچە دەرۋىش مۇشۇ چۆلدە بوراندا قېلىپ، بىر-بىرىنى تاپالماي، «ها دەرۋىش»، «ها دەرۋىش» دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرۈپ ھەممىسى ھالاك بولغانمىش، شۇنىڭدىن بۇيان بۇ چۆل «ھادەرۋىش» دەپ ئاتىلىپ قالغانمىش.

**ئاخسى** — سەيھۇن سۈيىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قەسەبىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ يەرنى كىتابلاردا «ئاخسىكەت» دەپ يازىدۇ، مەسىلەن، شائىر ئەسىرىددىننى «ئەسىرىددىن ئاخسىكەتي» دەيدۇ. فەرغانىدا ئەندىجاندىن قالسا، بۇنىڭدىن چوڭ قەسەبە يوق. ئەندىجانىنىڭ توققۇز يىغاچ غەربىگە جايلاشقان. ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ يەرنى پايتەخت قىلغانىدى. سەيھۇن سۈيى قورغانىنىڭ ئاستىدىن ئاقىدۇ. قورغان ئېگىز يار ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، چوڭقۇر ھاڭلار خەندەك رولىنى ئوينايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ يەرنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن بىر ئىككى قېتىم بۇ ھاڭلارنىڭ سىرتىدىن يەنە ھاڭلار ياساتتى. فەرغانىدا بۇنىڭدەك مۇستەھكەم قورغان يوق. (5) مەھەللىلەر قورغاندىن بىر شەرئىي يىراقتا. «دىه كۇجاۋۇ دەرەختان كۇجا» (يېزا نەدە بولسا، دەل-دەرەخ شۇ يەردە) دېگەن سۆزنى ئاساسەن ئاخسى ئۈچۈن ئېيتقان بولسا كېرەك. ئاخسىنىڭ قوغۇنى ياخشى. مىرتېمۇرى دېيىلىدىغان بىر خىل قوغۇنى باركى، مۇنداق قوغۇن ئالەمدە يوق. بۇخارانىڭ قوغۇنى مەشھۇر. سەمەرقەندنى ئالغان ۋاقتىمدا ئاخسىدىن ۋە بۇخارادىن قوغۇن ئالدۇرۇپ بىر ئولتۇرۇشتا تىلدۇردۇم، ئاخسى قوغۇنىغا تەڭداش چىقمىدى. ئاڭ ۋە قۇشى بەك ياخشى. سەيھۇن دەرياسىنىڭ

ئاخسى تەرىپى چۆل بولۇپ، ئاق كېيىك بەك كۆپ بولىدۇ، ئەندىجان تەرىپى جاڭگال بولۇپ، بۇغا-مارال، قىرغاۋۇل، توشقان قاتارلىقلار كۆپ ھەم ناھايىتى سېمىز كېلىدۇ.

**كاسان** — ئاخسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، كىچىك بىر قەسەبىدۇر. خۇددى ئەندىجان سۈيى ئوشتىن كەلگىنىدەك، ئاخسى سۈيى كاساندىن كېلىدۇ. گۈزەل ۋە ھاۋالىق يەر. بۇك-باراقسان باغلىرى پۈتۈنلەي ساي بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «پوستىنى پىش بەررە» (ئالدى بىزەلگەن جۇۋا) دەپ ئاتاشقان. ئوش بىلەن كاسان ئاھالىسى ئۆز يېرىنىڭ مەنزىرىسى ۋە ھاۋاسى بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ.

فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردا ياخشى يايلاقلار بار. باشقا يەرلەردىن تېپىلمايدىغان تېۋىلغا ياغىچى مۇشۇ تاغلاردا بار. تېۋىلغا پوستى قىزىل بىر خىل ياغاچ بولۇپ، ھاسا، (ب 5) قامچا دەستىسى، قەپەس قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، تىلىپ ئوق قىلىنىدۇ. ياخشى ياغاچ بولغىنى ئۈچۈن ئەتىۋارلىق بىلەن يىراق يەرلەرگە ئېلىپ كېتىلىدۇ. بەزى كىتابلاردا يەبرۇجۇسسەنەم① نىڭ بۇ تاغلاردا بارلىقى يېزىلغان. بىراق بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ تېپىلغانلىقىدىن خەۋەر بولمىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېتى كەنتىنىڭ تاغلىرىدىن شۇ يەرلىكلەر ئېيىق ئوتى دەپ ئاتايدىغان مېھرىگىياھ سۈپەتلىك بىر خىل گىياھ چىقىدىكەن. بەلكىم ئۇ مېھرىگىياھنىڭ ئۆزى بولۇپ، شۇ يەرلىكلەر شۇنداق ئاتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تاغلاردا

---

① يەبرۇجۇسسەنەم — ئادەمگىياھ.

فىروزە ۋە تۆمۈر كانلىرى بار. ئادىللىق بىلەن باشقۇرغاندا، فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ھاسىلاتى بىلەن ئۈچ-تۆت مىڭ نۆكەر① بېقىشقا بولىدۇ. ئۆمەر شەيخ مىرزا ھىممەتى يۇقىرى، غايىسى زور پادىشاھ بولغىنى ئۈچۈن ھەمىشە مەملىكىتىنى كېڭەيتىشنىڭ كويىدا بولاتتى. بىرنەچچە قېتىم سەمەرقەنت ئۈستىگە چېرىك② تارتىپ، بەزىدە زەربە يېدى، بەزىدە مەقسىتىگە يېتەلمەي ياندى. قېيىن ئاتىسى يەنى مېنىڭ بوۋام يۇنۇس خان چىنگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خان نەسلىدىن بولۇپ، شۇ مەزگىلدە چاغاتاي خاننىڭ يۇرتى ۋە موغۇل ئۇلۇسىنىڭ خانى ئىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بىرقانچە قېتىم ئۇنى چىللاپ ئېلىپ كەلدى ۋە ھەر كەلگىنىدە ئۇنىڭغا ۋىلايەتلەر بېرەتتى. بىراق، ئىش ئۆمەر شەيخ (6) مىرزىنىڭ مۇددىئاسىدەك بولمايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا گاھى ئۆزىنىڭ ناچار ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن، گاھى موغۇل ئۇلۇسىنىڭ قارشىلىشى سەۋەبىدىن ۋىلايەتتە تۇرالماي، يەنە موغۇلىستانغا چىقاتتى. خاننى ئاخىرقى نۆۋەت چىللاپ ئېلىپ كەلگەندە، ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆز ئىدارىسى ئاستىدىكى تاشكەنت ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا بەردى. تاشكەنتنى كىتابلاردا «شاش» دەپ يازىدۇ، بەزىدە «چاچ» دەپ يازىدۇ، «كەمانى چاچى» (چاچ ياسى) ئەنە شۇ سۆزدىن كەلگەن. شۇ چاغدىن 908-يىلغىچە③ تاشكەنت ۋە شاھرۇخىيە ۋىلايىتى چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئىدارىسىدە بولۇپ كەلدى. بۇ

---

① نۆكەر — بىر كىمنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغۇچى، خىزمەتچى، خادىم، خىزمەتكار.

② چېرىك — جەڭ؛ قوشۇن، ئەسكەر؛ ھەربىي سەپ.

③ مىلادىيە — 1503-يىلى.

مەزگىلدە موغۇل ئۇلۇسىنىڭ خانلىقى يۇنۇس خاننىڭ چوڭ ئوغلى، مېنىڭ تاغام سۇلتان مەھمۇد خاندا ئىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئاغىسى، سەمەرقەند پادىشاھى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن موغۇل ئۇلۇسىنىڭ خانى سۇلتان مەھمۇد خان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ناچار ھەرىكەتلىرىدىن رەنجىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا سۇلتان مەھمۇد خاننى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلدى ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان تارىختا خوجەند سۇيىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا، شىمال تەرىپىدىن سۇلتان مەھمۇد خان ئۆمەرشەيخ مىرزىغا قارشى چېرىك تارتتى. شۇ ئەسنادا ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەردى: يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، (ب 6) ئاخسى قورغىنى ئېگىز يار ئۈستىدە بولۇپ، ئىمارەتلىرى ھاڭ ياقىسىدا ئىدى. مۇشۇ تارىختا، رامىزان ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئۆمەر شەيخ مىرزا ھاڭ ئۈستىدىن كەپتەر ۋە كەپتەر خانا بىلەن بىللە ئۇچۇپ شۇڭقار بولدى①. ئوتتۇز توققۇز ياشتا ئىدى.

**تۇغۇلۇشى ۋە نەسەبى.** 860-يىلى② سەمەرقەندتە تۇغۇلغان. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان مۇھەممەد مىرزا، سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن كىچىك تۆتىنچى ئوغلى ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا سۇلتان مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئوغلى ئىدى. سۇلتان مۇھەممەد مىرزا مىرانشاھ مىرزىنىڭ ئوغلى ئىدى، مىرانشاھ مىرزا تېمۇربەگنىڭ ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن جەھانگىر مىرزىدىن كىچىك، شاھرۇخ مىرزىدىن چوڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى.

① شۇڭقار بولدى — ئۆلدى مەنىسىدە.

② مىلادىيە 1456-يىلى.

سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئاۋال ئۆمەر شەيخ مىرزىغا كابۇلنى بېرىپ، بابا كابۇلنى بەگ ئەتكە① قىلىپ ماڭدۇرغانىكەن، كېيىن مىرزىلارنىڭ سۈننەت تويى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى دەرەئى گەزدىن سەمەرقەندكە چاقىرتىپ، تويدىن كېيىن ئۇنىڭغا تېمۇربەگنىڭ چوڭ ئۆمەرشەيخ مىرزىغا فەرغانە ۋىلايىتىنى بەرگەنلىكىگە تەقلىدەن ئەندىجان ۋىلايىتىنى بېرىپ، خۇدابەردى تۇغچى تېمۇرتاشنى بەگ ئەتكە قىلىپ ماڭدۇرغانىكەن.

**چىراي-تۇرقى.** پاكار بويلۇق، چۈرۈلمە ساقاللىق، تۈرۈك يۈزلۈك تەمبەل كىشى ئىدى. تونىنى (7) ئىنتايىن تار كىيەتتى. بەلباغ باغلاتقاندا، قۇرسىقىنى ئىچىگە تارتىپ تۇرۇپ، بەلباغ باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى قويۇۋەتسە، تولا چاغلاردا بەلباغ ئۈزۈلۈپ كېتەتتى. كىيىم-كېچەك ۋە يېمەك-ئىچمەكتە بىتەكەللۇپ ئىدى. سەللىسىنى دەستارپىچ② ئوراپ قوياتتى. ئۇ زاماندا سەللە تامامەن تۆت ئورام بولاتتى ھەم سادده ئوراپ ئالاقە قويۇلاتتى. يازدا دىۋان③ سىرتىدا موغۇلچە بۆك كىيەتتى.

**ئەخلاق ۋە يۈرۈش-تۇرۇشى.** ھەنەفي مەزھىبىگە كىرگەن پاكىز ئېتىقادلىق كىشى ئىدى. بەش نامازنى تەرك قىلمايتتى. ئۆمرىي قازالىرىنى تاماملىغانىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. ھەزرىتى خوجا ئابدۇللاغا ئىخلاسى بار ئىدى ۋە سۆھبەتلىرىگە ناھايىتى كۆپ قاتناشقانىدى ھەزرىتى خوجىمۇ

---

① بەگ ئەتكە — كىچىك شاھزادىنى تەربىيەلەش ۋە قوغداشقا مەسئۇل قىلىنغان بەگ. «ئەتكە» مۇ دېيىلىدۇ.

② دەستار پىچ — پادىشاھنىڭ كىيىم-كېچەكگە مەسئۇل ئەمەلدار.

③ دىۋان — بۇ يەردە ھۆكۈمەت يىغىنى، دۆلەت كېڭەشى ۋە شۇ ئىشلار ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇن مەنىسىدە كەلگەن.

ئۇنى پەرزەنت دەپ ئاتايتتى. ئوبدان ساۋادى بار ئىدى. خەمسەتەين ①، مەسنەۋى ۋە تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى، بولۇپمۇ شاھنامىنى كۆپ ئوقۇيتتى. نەزم ئىستىبداتى بار ئىدى، بىراق شېئىرغا قىزىقمايتتى. ئادىللىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، خىتاي كارۋانلىرى كېلىدىغان چاغدا، ئەندىجاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغلارنىڭ ئېتىكىدە مىڭ كىشىلىك كارۋاننى قار شۇنداق باستىكى، ئاران ئىككى ئادەم قوتۇلۇپ چىقتى، مىرزا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ، كارۋاننىڭ ھەممە مېلىنى (ب 7) ئالدۇرۇپ كەلدى ۋە شۇ چاغدا مالغا ۋارىسلىق قىلىدىغانلارنىڭ يوقلۇقىغا ھەم ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىق ئېكەنلىكىگە قارىماي، بۇ ماللارنى ساقلاپ قويۇپ، بىر يىل، ئىككى يىلدىن كېيىن سەمەرقەند ۋە خۇراساندىن ۋارىسلىرىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ماللارنى تولۇق تاپشۇرۇپ بەردى. ئىنتايىن سېخىي ئىدى ۋە خۇلقىمۇ سېخىيلىكىگە يارىشا ئىدى. خۇشخۇي ۋە شېرىن سۆز كىشى ئىدى، شۇنىڭدەك جەسۇر ۋە مەردانە ئىدى. ئاخسى ئىشكىدە ۋە شاھرۇخىيە ئىشكىدە بولغان ئىككى قېتىملىق جەڭدە ھەممە يىگىتلەردىن ② ئوزۇپ قىلىچۋازلىق قىلغانىدى. ئوقنى قەدىر ئەھۋال ئاتاتتى. مۇشتۇمى قاتتىق ئىدى، يىگىتلىرىدىن ئۇنىڭ مۇشتى بىلەن يىقىلمىغىنى يوق ئىدى. يۇرت ئېلىش ھېرىسلىقى سەۋەبىدىن بىر مۇنچە سۇلھەلەر ئۇرۇشقا، دوستلۇقلار دۈشمەنلىككە ئايلىناتتى. بۇرۇنلاردا بەك ئىچەتتى.

---

① خەمسەتەين — ئىككى خەمسە. بۇ يەردە نىزامى بىلەن دېھلەۋىنىڭ «خەمسە» لىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② يىگىت — بۇ سۆز ئەسلىي، مەنىسىدىن باشقا، ئېتىبارلىق خىزمەتچى، ئېتىبارلىق جەڭچى، چەۋەنداز مەنىلىرىدە قوللىنىلغان.

كېيىن ھەپتىدە بىر ئىككى قېتىم ئولتۇرۇش قىلىدىغان بولدى. خۇش سۆھبەت ئادەم ئىدى. مۆرىتى كەلسە گۈزەل شېئىرلارنى ئوقۇيتتى. كېيىنچە، مەجۇنگە بەك بېرىلىپ كەتكەنىدى. مەجۇننى ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغىچە يەيتتى. يېتىم مىجەز بولغىنى بىلەن ئويۇن-تاماشىسىمۇ كۆپ ئىدى. ھەمىشە نەرد ① ئوينايتتى، بەزىدە قىمارمۇ ئوينايتتى.

**مەيدان جەڭلىرى**②. ئۈچ قىتىم مەيدان جېڭى قىلدى. بىرىنچى قېتىم ئەندىجاننىڭ شىمال (8) تەرىپىدە، سەيھۇن دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى تېكەسەكرەتكۇ دېگەن يەردە يۇنۇس خان بىلەن ئۇرۇشتى. دەريانىڭ بۇ يېرى تاغ باغرىدا بولۇپ، ئىنتايىن تاردۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ يەردىن تېكە سەكرەپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن ۋە شۇ سەۋەبتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قولغا چۈشتى. يەنە يۇنۇس خان ياخشىلىق قىلىپ ۋىلايىتىگە قايتۇردى. بۇ ئۇرۇش مۇشۇ جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن، تېكەسەكرەتكۇ ئۇرۇشى دېگەن نام بىلەن بۇ ۋىلايەتتە بىر تارىخ بولۇپ قالغان. ئىككىنچى قېتىم تۈركىستاندا ئەرىس سۈيى ياقىسىدا سەمەرقەند تەۋەسىنى چاپقۇن قىلىۋاتقان ③ ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇشتى. بۇ قېتىم ئەرىس سۈيىدىن مۇز ئارقىلىق ئۆتۈپ ئۇلارغا تازا كېلىشتۈرۈپ زەربە بەردى، ئەسىر ۋە ماللارنى ئايرىپ ھەممىسنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ

① نەرد — ئون بەش ئۇرۇق بىلەن ئوينىلىدىغان بىر خىل قاتار ئويۇنى.
② مەيدان جېڭى — ئوچۇق مەيداندا سەپ ياساپ قىلىنىدىغان جەڭ.
③ چاپقۇن قىلماق — ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلماق.

بەردى، ھېچ نەرسە تەمە قىلمىدى. ئۈچىنچى قېتىم شاھرۇخىيە بىلەن ئۆرەتېپە ئارىسىدىكى خاس دېگەن يېزىدا سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى.

**ۋىلايىتى.** ئاتىسى فەرغانە ۋىلايىتىنى بەرگەنىدى. بىر مەزگىل تاشكەنت بىلەن سەيراممۇ مىرزىنىڭ قولىدا بولدى، بۇ يەرلەرنى ئاغىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بەرگەنىدى. شاھرۇخىيەنى ھىيلە بىلەن ئېلىپ بىر مەزگىل بۇ يەرگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىنكى چاغلاردا تاشكەنت بىلەن شاھرۇخىيە قولدىن كېتىپ، فەرغانە ۋىلايىتى قالغانىدى، يەنە خوجەند بىلەن ئەسلىي نامى ئۇسرۇشنە (ئۇسرۇشتە) ياكى ئۇسرۇش دەپ ئاتىلىدىغان ئۆرەتېپەمۇ مىرزىغا قارايتتى. خوجەند بەزىدە فەرغانە تەۋەسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. (ب 8) سۇلتان ئەھمەد مىرزا تاشكەندكە موغۇللارغا قارشى چېرىك تارتىپ، چىر سۇيى ياقىسىدا مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا ئۆرەتېپەدە ھافىزبەگ دولداي تۇرغان بولۇپ، بۇ يەرنى مىرزىغا بەرگەنىدى ۋە شۇنىڭدىن بۇيان ئۇسرۇشنە ئۆمەرشەيخ مىرزا قولىدا بولۇپ كەلگەنىدى.

**ئەۋلادى.** ئۈچ ئوغول، بەش قىز قالغانىدى ئوغۇللارنىڭ چوڭى مەن — **زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر** ئىدىم. ئانام قۇتلۇق نىگارخانىم ئىدى. يەنە بىر ئوغۇل **جەھانگىر مىرزا** بولۇپ، مەندىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. ئانىسى موغۇللارنىڭ تۇمەن بەگلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى فاتىمە سۇلتان ئىدى. يەنە بىر ئوغۇل **ناسىرمىرزا** ئىدى، ئانىسى ئەندىجانلىق

بولۇپ، غۇنچىچى① ئىدى، ئىسمى ئۇمىد ئىدى، مەندىن تۆت ياش كىچىك ئىدى. قىزلارنىڭ چوڭى **خانزادە بېگىم** ئىدى، مەن بىلەن بىر قورساق بولۇپ، مەندىن بەش ياش چوڭ ئىدى، مەن سەمەرقەندنى ئىككىنچى قېتىم ئالغاندا، سەرپۇلدا مەغلۇپ بولۇپ كېلىپ بەش ئاي قورغان مۇداپىئەسىدە تۇردۇم. ئەتراپتىكى پادىشاھ ۋە بەگلەردىن ھېچقانداق ياردەم بولمىغاندىن كېيىن، مەيۇسلىنىپ قورغاننى تاشلاپ چىققىنىم. شۇ قەترەت② تە خانزادە بېگىم مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ قولىغا چۈشكەنىدى، ئۇنىڭدىن خۇررەمشاھ ئاتلىق بىر ئوغۇل بولغانىدى، كېلىشكەن ئوغۇل ئىدى، ئۇنىڭغا بەلخ ۋىلايىتىنى بېرىلگەنىدى.(9) ئاتىسى ئۆلۈپ بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇمۇ تەڭرى رەھمىتىگە باردى. شاھ ئىسمائىل ئۆزبېكلەرنى مەرۋدە مەغلۇپ قىلغاندا، خانزادە بېگىم مەرۋدە ئىدى. مېنىڭ مۇناسىۋىتىم بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىنىپ، ئوبدان ئۈزىتىپ قويۇلغانىدى، قۇندۇزغا كېلىپ ماڭا قوشۇلدى، كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئون يىل بولغانىدى، مەن ۋە مۇھەممەد كۆكەلداش ئىككىمىز كەلدۇق. بېگىم ۋە بېگىمنىڭ يېنىدىكىلەر مېنى دەسلەپ تونۇماي، بىرمۇنچە ۋاقىتتىن كېيىن تونۇدى. قىزلارنىڭ ئىككىنچىسى **مېھربانۇ بېگىم** ئىدى، ناسىر مىرزا بىلەن بىر قورساق بولۇپ، مەندىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. قىزلارنىڭ ئۈچىنچىسى **شەھربانۇ بېگىم** ئىدى، ئۇمۇ ناسىر

---

① غۇنچىچى — دېدەك خوتۇن.

② قەترەت — پادىشاھ ئالمىشىش ئارىلىقىدىكى ۋاقىت. ھۆكۈمدارنىڭ تەختتىن ئايرىلىپ، يەنە تەختكە چىققانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى سەرسانلىق ھالىتى.

مىرزا بىلەن بىر قورساق بولۇپ، مەندىن سەككىز ياش كىچىك ئىدى. قىزلارنىڭ تۆتىنچىسى **يادىگار سۇلتان بېگىم** بولۇپ، ئانىسى ئاغاسۇلتان ئاتلىق غۇنچىچى ئىدى؛ قىزلارنىڭ بەشىنچىسى **رۇقىيە سۇلتان بېگىم** ئىدى، ئانىسى مەخدۇم سۇلتان بېگىم بولۇپ، قارا كۆز بېگىم دەپ ئاتىلاتتى، ئاخىرقى ئىككى قىز مىرزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇغۇلغانىدى. يادىگار سۇلتان بېگىمنى مېنىڭ مومام ئىسەن دەۋلەت بېگىم باققانىدى. شەيبانىخان ئەندىجان بىلەن ئاخسىنى ئالغاندا، يادىگار سۇلتان بېگىم ھەمزە سۇلتاننىڭ ئابدۇللەتىف سۇلتان ئاتلىق ئوغلىغا ياتلىق قىلىنغانىدى، مەن ھەمزە سۇلتان باشلىق سۇلتانلارنى خەتلان ۋىلايىتىدە مەغلۇپ قىلىپ ھىسارنى ئالغان ۋاقتىمدا ماڭا قوشۇلدى. مۇشۇ فەترەت مەزگىلىدە رۇقىيە سۇلتان بېگىم جانىبەگ سۇلتانغا ياتلىق بولۇپ، (ب 9) بىر-ئىككى ئوغۇل كۆرگەنىدى، تۇرمىدى، يېقىندا ئۆزىنىڭمۇ تەڭرى رەھمىتىگە بارغانلىقىدىن خەۋەر كەلدى.

**خوتۇنلىرى. قۇتلۇق نىگار خانىم** — يۇنۇس خاننىڭ ئىككىنچى قىزى بولۇپ، سۇلتان مەھمۇد خان بىلەن سۇلتان ئەھمەد خاننىڭ ئىگىچىسى ئىدى. يۇنۇس خان چىنگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خان نەسلىدىندۇر. يۇنۇس خاننىڭ ئاتىسى ۋەيسخان، ئۇنىڭ ئاتىسى شىرئەلى ئوغلان، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد خان، ئۇنىڭ ئاتىسى خىزىرخوجا خان، ئۇنىڭ ئاتىسى تۇغلۇق تېمۇر خان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسەن بۇغا خان، ئۇنىڭ ئاتىسى دۇۋا خان، ئۇنىڭ ئاتىسى بەراق خان، ئۇنىڭ ئاتىسى يىسۇن تەۋا، ئۇنىڭ ئاتىسى مەۋاتۇگان، ئۇنىڭ ئاتىسى چاغاتاي

خان، ئۇنىڭ ئاتىسى چىنگىزخان ئىدى. نۆۋەتتە كەلگىنى ئۈچۈن، خانلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتەيلى. يۇنۇس خان بىلەن ئىسەن بۇغا خان ۋەيسخاننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. يۇنۇس خاننىڭ ئانىسى تۈركىستانلىق قىپچاق بەگلىرىدىن تېمۇر بەگ-نىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن شەيخ نۇرىددىن بەگنىڭ قىزى ياكى نەۋرىسى ئىدى. ۋەيسخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن موغۇل ئۇلۇسى ئىككى پىرقىغا بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى يۇنۇس خان تەرەپ، كۆپرەك قىسمى ئىسەن بۇغا خان تەرەپ بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق، ئۇلۇغبەگ مىرزا يۇنۇس خاننىڭ ئېگىچىسىنى ئابدۇلئەزىز مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بارىن ① تۈمەن بەگلىرىدىن ئىرزەن ۋە چەراس② تۈمەن بەگلىرىدىن مىرەك تۈركمەن (10) خانىنى ئۈچ-تۆت مىڭ ئۆيلۈك موغۇل ئۇلۇسى بىلەن ئۇلۇغبەگ مىرزا قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ مەقستى ئۇلۇغبەگ مىرزىدىن ياردەم ئېلىپ، پۈتۈن موغۇل ئۇلۇسىنى قايتا ئېلىش ئىدى. لېكىن مىرزا ئىلتىپات قىلمىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەسىر قىلدى، بەزىلىرىنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىرزەن ۋەيرانچىلىقى موغۇل ئۇلۇسىدا بىر تارىخ بولۇپ قالدى. خانىنى ئىراق تەرىپكە ئۆتكۈزۈۋەتتى. خان ئۇياققا بېرىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق تەبرىزدە تۇردى. ئۇ چاغدا تەبرىز پادىشاھى جەھانشاھ بارانىي قاراقويلۇق ئىدى. خان ئۇ يەردىن شىرازغا كەلدى. شىرازدا شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىبراھىم سۇلتان مىرزا تۇراتتى. بەش-ئالتە ئايدىن كېيىن

① بارىن — موغۇل قەبىلىلىرىدىن بىرى.

② چەراس — موغۇل قەبىلىلىرىدىن بىرى.

ئىبراھىم سۇلتان مىرزا ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا مىرزا چىقتى. خان ئابدۇللا مىرزىغا نۆكەر بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. خان ئون يەتتە-ئون سەككىز يىل شىرازدا ۋە شۇ تەرەپتىكى ۋىلايەتلەردە يۈردى. ئۇلۇغبەگ مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى غوۋغالاردا، ئىسەن بۇغا خان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، فەرغانە ۋىلايىتىگە كەندىبادامغىچە بېسىپ كىردى ۋە ئەندىجاننى ئىشغال قىلىپ ئاھالىسىنى پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئالدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا تەختكە چىققاندىن كېيىن چېرىك تارتىپ بېرىپ، ياغىنىڭ نېرىسىدىكى ئىسفەرەدە ۋە موغۇلىستاندا (ب 10) ئىسەن بۇغا خاننى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئىسەن بۇغا خاننىڭ پىتنىسىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا خاننىڭ بۇرۇن ئابدۇللاھتىن مىرزا ئالغان ئىگىچىسىنى ئېلىپ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇنۇس خان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئىراق ۋە خۇراساندىن ئالدۇرۇپ كېلىپ، توي-مەرىكىلەر ئۆتكۈزۈپ، دوست بولۇشۇپ، يۇنۇس خاننى موغۇل ئۇلۇسىغا خان قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ساغەرىچى① تۈمەن بەگلىرى ئىسەن بۇغا خاندىن يامانلاپ موغۇلىستانغا كەلگەندى، خان بۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلدى. ئۇ چاغدا ساغەرىچى تۈمەن بەگلىرىنىڭ چوڭى شىرھاجىبەگ ئىدى، خان ئۇنىڭ قىزى ئىسەن دەۋلەت بېگىمنى ئالدى. موغۇل قائىدىسى بويىچە يۇنۇس خان بىلەن ئىسەن دەۋلەت بېگىمنى بىر ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ خانلىق ئېلان قىلدى. خان بۇ ئىسەن دەۋلەت بېگىمدىن ئۈچ قىز كۆردى،

① ساغەرىچى — موغۇل قەبىلىلىرىدىن بىرى.

چوڭى مېھرنىگارخانىم بولۇپ، ئۇنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىدى، مىرزىدىن پەرزەنت كۆرمىدى، كېيىنكى فەترەتتە شەيبانىخانىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. مەن كابۇلغا كەلگەندە، شاھ بېگىم بىلەن بىللە سەمەرقەندتىن خۇراسانغا كېلىپ، خۇراساندىن كابۇلغا كەلدى. شەيبانىخان قەندەھاردا ناسىر مىرزىنى قورشىغاندا، مەن لەمغانغا سەپەر قىلدىم. خان مىرزا، شاھ بېگىم ۋە مېھرنىگارخانىملار بىللە بەدەخشانغا باردى. مىرزاخانىنى مۇبارەك شاھ (11) قەلئەئى زەفەرگە چاقىرغاندا، ئەبابەكر كاشغەرىينىڭ چاپقۇنىغا يولۇقۇپ، شاھ بېگىم بىلەن مېھرنىگارخانىم ھەمراھلىرىنىڭ بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشتى ۋە شۇ زالىمنىڭ ھەبسىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. خانىنىڭ ئىككىنچى قىزى مېنىڭ ۋالىدەم قۇتلۇق نىگارخانىم ئىدى. قازاقلىق ① ۋە فەترەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە مەن بىلەن بىللە بولدى. مەن كابۇلنى ئېلىپ بەش-ئالتە ئايدىن كېيىن، 911-يىلى ② تەگرى رەھمىتىگە باردى. خانىنىڭ ئۈچىنچى قىزى خۇب نىگار خانىم ئىدى. ئۇ مۇھەممەد ھۆسەيىن كوراگان دوغلاتقا ياتلىق قىلىنىپ، بىر قىز، بىر ئوغۇل كۆرگەنىدى. قىزىنى ئۆبەيد خان ئالغانىدى. مەن بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى ئالغاندا، چىقماي شۇ يەردە قالغانىدى. سۇلتان سەئىد خاندىن ئۇنىڭ كىچىك ئاتىسى سەيىد مۇھەممەد مىرزا ماڭا ئەلچى بولۇپ سەمەرقەندكە كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەنىدى، سۇلتان سەئىد خان ئالدى، خۇب نىگارخانىمنىڭ

① قازاقلىق — ھۆكۈمدارنىڭ تەختتىن ئايرىلىپ كۆچۈپ يۈرۈشى.
② مىلادىيە 1505-يىلى.

ئوغلى ھەيدەر مىرزا ئىدى، ئاتىسىنى ئۆزبېكلەر ئۆلتۈرگەندىن كېيىن كېلىپ، ئۈچ-تۆت يىل مېنىڭ خىزمىتىمدە بولدى، كېيىن ئىجازەت سوراپ كاشغەرگە— خان قېشىغا كەتتى.

بازگەردەد بەئەسلى خۇھەمەچىز،

زەرى سافىيۇ نۇقرەئۇ ئەرزىز.

(ھەر نەرسە — مەيلى ساپ ئالتۇن، مەيلى كۈمۈش، مەيلى قەلەي بولسۇن، ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ). ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىر تايىب① بولۇپ، ياخشى يولغا مېڭىپتۇ. قولىدىن خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ئوق ئېتىش قاتارلىق ھەممە ئىش كېلىدىكەن، شېئىردىمۇ قابىلىيىتى بار. (ب 11) ماڭا خېتى كەلدى، قەلىمىمۇ يامان ئەمەس.

خاننىڭ يەنە بىر خوتۇنى **شاھ بېگىم** ئىدى. خاننىڭ باشقا خوتۇنلىرى ھەم بولسىمۇ، لېكىن پەرزەنتلىرى مۇشۇ ئىككى خوتۇندىن تۇغۇلغانىدى. شاھ بېگىم بەدەخشان شاھى سۇلتان مۇھەممەدنىڭ قىزى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بەدەخشان شاھلىرىنىڭ نەسەبى ئىسكەندەر فەيلەقۇسقا يېتەرمىش. بۇ شاھنىڭ يەنە بىر قىزى - شاھ بېگىمنىڭ ئىنگىچىسىنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەبابەكرى مىرزا تۇغۇلغانىدى. خان بۇ شاھ بېگىمدىن ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز كۆردى. بۇلارنىڭ چوڭى ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ قىزدىن كىچىكى سۇلتان مەھمۇد خان بولۇپ، سەمەرقەند تەۋەسىدە ئۇنى خانكەخان دەپمۇ ئاتايدۇ.

---

① تايىب — تەۋبە قىلغۇچى، تەۋبە قىلغان.

سۇلتان مەھمۇد خاندىن كىچىكى سۇلتان ئەھمەد خان بولۇپ، ئالچە خان دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ «ئالچە» نامى بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: قالماق ۋە موغۇل تىلىدا «ئۆلتۈرگۈچى» نى «ئالاچى» دەيدۇ. قالماقلارنى بىر قانچە قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن كىشىنى قىرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «ئالاچى» دەپ ئاتىغان، بۇ نام كېيىن تولا ئېيتىلىپ «ئالچە» بولۇپ قالغان. كىتابتا خانلار توغرۇلۇق مۇناسىۋەتلىك يەرلەردە يەنە توختىلىمىز، ئۇلارنىڭ ئەھۋالاتى شۇ يەرلەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر.

**سۇلتان نىگارخانىم** ـ (12) باشقىلىرىدىن كىچىك، بىر قىزىدىن چوڭى ئىدى. ئۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا ياتلىق قىلىنغانىدى. مىرزىدىن سۇلتان ۋەيس ئاتلىق بىر ئوغۇل كۆردى. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىدۇ. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلىنى ئېلىپ، ھېچكىمگە خەۋەر قىلماي تاشكەندكە ـــ ئاغىلىرى قېشىغا كەتكەنىدى، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇنى چىنگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى نەسلىدىن ۋە قازاق سۇلتانلىرىدىن بولغان ئەدىك سۇلتانغا ياتلىق قىلدى. شەيبانىخان خانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تاشكەند ۋە شاھرۇخىيەنى ئالغاندا، ئۇن ئىككى موغۇل نۆكىرى بىلەن قېچىپ ئەدىك سۇلتاننىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ئەدىك سۇلتاندىن ئىككى قىز كۆردى، بىرىنى شەيبان سۇلتانلىرىغا، بىرىنى سۇلتان سەئىد خاننىڭ ئوغلى رەشىد سۇلتانغا بەردى. ئەدىك سۇلتاندىن كېيىن، ئۇنى قازاق

ئۇلۇسىنىڭ خانى قاسىم خان ئالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قازاق خان ۋە سۇلتانلىرى ئىچىدە ھېچكىم ئۇ ئۇلۇسنى قاسىم خاندەك ئىدارە قىلالمىغانىكەن. ئۇنىڭ چېرىكى ئۈچ يۈز مىڭغا يەتكەنلىكى مۆلچەرلىنىدۇ. قاسىم خان ئۆلگەندىن كېيىن، خانىم كاشغەرگە— سەئىد خان قېشىغا كەلدى.

**دەۋلەت سۇلتان خانىم.** ھەممىسىدىن كىچىك ئىدى. تاشكەند ۋەيرانچىلىقىدا شەيبانىخاننىڭ ئوغلى تېمۇر سۇلتاننىڭ (ب 12) قولىغا چۈشۈپ ئۇنىڭدىن بىر قىز كۆردى. سەمەرقەندتىن مېنىڭ بىلەن بىللە چىققانىدى. ئۈچ-تۆت يىل بەدەخشان ۋىلايىتىدە تۇردى. ئاندىن كېيىن كاشغەرگە — سۇلتان سەئىد خان قېشىغا باردى.

ئۆمەرشەيخ مىرزىنىڭ خوتۇنلىرىدىن يەنە بىرى خوجا ھۆسەين بەگنىڭ قىزى **ئۇلۇس ئاغا** ئىدى. ئۇنىڭدىن بىر قىز كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىكىدىلا ئۆلۈپ كەتتى، بىر يىل، بىر يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ھەرەمدىن چىقىرىۋەتتى. يەنە بىر خوتۇنى **فاتىمە سۇلتان** ئاغا ئىدى. ئۇ موغۇل تۇمەن بەگلىرىدىن بولۇپ، مىرزا ھەممىدىن بۇرۇن شۇ خوتۇننى ئالغانىكەن. يەنە بىرى **قارا كۆز بېگىم** ئىدى. مىرزا ئۇنى كېيىن ئالغانىدى، ئىنتايىن سۆيۈملۈك ئىدى، مىرزىغا يېقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نەسەبىنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئاغىسى مىنۇچېھر مىرزىغا يەتكۈزەتتى. مىرزىنىڭ غۇنچىچىلىرىمۇ كۆپ ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى **ئۈمىد ئاغاچە** بولۇپ، مىرزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. مىرزىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللەردە ئالغانلىرىدىن بىرى موغۇلدىن **تۈن سۇلتان**، يەنە بىرى **ئاغا سۇلتان** ئىدى.

**ئەمرلرى**① **خۇدا بەردى تېمۇرتاش** — هېرى هاكىمى ئاق بۇغا بەگنىڭ ئاغىسىنىڭ ئەۋلادىدىندۇر. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا جۇگى مىرزىنى شاهرۇخىيەدە قورشىغان مەزگىلدە فەرغانە ۋىلايىتىنى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا بېرىپ ئىشكىنى مۇشۇ (13) خۇدا بەردى تېمۇر تاشقا باشلىتىپ② ماڭدۇرغانىدى. ئۇ چاغدا خۇدا بەردى تېمۇرتاش يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى. ئۆزى ياش بولسىمۇ، لېكىن ئىدارە قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ناهايىتى يارامىلىق ئىدى. بىر-ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىبراهىم بەگچىك ئۇش تەۋەسىنى چاپقۇن قىلغاندا، خۇدابەردى تېمۇرتاش كەينىدىن بېرىپ ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ شەهىد بولدى. ئۇ چاغدا سۇلتان ئەهمەد مىرزا ئۆرەتېپەنىڭ ئاقاچغاي دېگەن يايلىقىدا بولۇپ، بۇ، يەر سەمەرقەندنىڭ ئون سەككىز يىغاچ شەرق تەرىپىدە ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا هېرىنىڭ ئون ئىككى يىغاچ شەرقىدىكى باباخاكىدا ئىدى. بۇ خەۋەرنى مىرزىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئابدۇلۋەههاب شىغاۋۇل③ چاپتۇرۇلغان. ئۇ، بۇ بىر يۈز يىگىرمە ئاللتە يىغاچ يولنى تۆت كۈندە بېسىپ بولغان.

**هافىز مۇهەممەد بەگ دۇلداي** — سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى ئەهمەد هاجىبەگنىڭ ئىنىسى ئىدى. خودابەردى بەگ

---

① ئەمىر — تۆۋەندە كۆپ ئۇچرايدىغان «بەگ» سۆزى بىلەن مەنداش بولۇپ، هۆكۈمدار يېنىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنۋانى سۈپىتىدە كېلىدۇ.

② بۇ ئىبارە خۇدا بەردى تېمۇر تاشنىڭ باش ۋەزىر دەرىجىسىدىكى كاتتا بەگ قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەمەل «ئىشىك ئاغىسى»، «ئىختىيار ئىگىسى»، «ئىختىيارلىق بەگ»، «ئىختىيار ئىگىسى» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

③ شىغاۋۇل — مۇراسىم بېگى.

ئۆلگەندىن كېيىن، ئىشك ئىختىيارى قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئەندىجان بەگلىرى ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، سەمەرقەندكە — سۇلتان ئەھمەد مىرزا خىزمىتىگە باردى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا چىردا مەغلۇپ بولغاندا، ئۇ ئۆرەتېپەدە ئىدى. (ب 13) ئۆمەر شەيخ مىرزا سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپ، ئۆرەتېپە ئۈستىگە كەلگەندە، ئۆرەتېپەنى مىرزا مۇلازىملىرىغا تاپشۇرۇپ، مىرزا مۇلازىمىتىدە بولدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ ئۇنىڭغا ئەندىجان ھۆكۈمىتىنى بەردى. كېيىن سۇلتان مەھمۇد خان قېشىغا بارغانىدى، ئۇنىڭغا مىرزاخاننى تاپشۇرۇپ، دىزەكنى بەردى. مەن كابۇلنى ئېلىشتىن بۇرۇنراق مەككىگە بېرىش ئۈچۈن ھىند يولى بىلەن سەپەر قىلىپ، يولدا تەڭرى رەھمىتىگە بېرىپتۇ. ياۋاش، كەم سۆز، كىچىك پېئىل ئادەم ئىدى.

**خوجا ھۆسەين بەگ** — ئادەمگەرچىلىكى بار، ياۋاش كىشى ئىدى. شۇ زامان ئادىتى بويىچە ئىچىملىك ئولتۇرۇشلىرىدا قوشاقلارنى بەك ياخشى ئېيتار ئىكەن.

**شەيخ مەزىدبەگ** — ئاۋۋال ماڭا ئۇنى بەگ ئەتكە قىلغانىدى. باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا بەك يارامىلىق ئىدى. (ئەبۇلقاسىم) بابۇرمىرزىغىمۇ خىزمەت قىلغانىكەن. ئۆمەر شەيخ مىرزا قېشىدا ئۇنىڭدىن چوڭ بەگ يوق ئىدى. پاسىق ئادەم ئىدى، چۆھرە ① ساقلايتتى.

**ئەلى مەزىدبەگ** — قەۋچىن ئىدى. بىر قېتىم ئاخسىدا، بىر قېتىم تاشكەندتە بولۇپ، ئىككى قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەنىدى،

① چۆھرە — ئوغۇل خىزمەتكار، بەچچە.

مۇناپىق، پاسىق، تۇزكور، يارىماس ئادەم ئىدى.

**ھەسەن ياقۇپ بەگ** — كىچىك پېئىل، خۇش خۇي، چۇس ۋە چاققان ئادەم ئىدى. بۇ بېيىت ئۇنىڭدۇر:

باز ئاي، ئەي ھۇمايىكى، بىتۇتىئى خەتەت،
نەزدىك شۇدكى زاغ بەرەد ئۆستۇخانى مەن.

(ئەي دۆلەت قۇشى، قايتىپ كەل. سېنىڭ تۇتىنىڭكىدەك گۈللىرىڭ بىللە بولمىغاچ، مېنىڭ سۆڭەكلىرىمنى قاغا ئېلىپ كېتىشكە ئاز قالدى). ئۆزى جەسۇر ئادەم ئىدى، ئوقنى ياخشى ئاتاتتى، چەۋگانغا① (14) ئۇستا ئىدى، خاك پەللىدىن ياخشى سەكرەيتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ۋاپاتىدىن كېيىن، مېنىڭ سارىيىمدا ئەڭ چوڭ بەگ شۇ ئىدى. ئىچى تار، چىدامسىز، پىتنىخور ئادەم ئىدى.

**قاسىم بەگ قەۋچىن** — ئەندىجاننىڭ بۇرۇنقى قوشۇن بەگلىرىدىن ئىدى. ھەسەن بەگدىن كېيىن، مېنىڭ سارىيىمدا ئەڭ چوڭ بەگ شۇ ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھوقۇق-ئېتىبارى ئېشىپ باردى، ئۆكسىمىدى. مەردانە كىشى ئىدى. بىر قېتىم كاسان تەۋەسىنى چاپقۇن قىلغان ئۆزبېكلەرنىڭ كەينىدىن بېرىپ، كېلىشتۈرۈپ زەربە بەردى، ئۆمەر شەيخ مىرزا قېشىدا تۇرۇپ قىلىچۋازلىق قىلدى. ياسسى كەچىت ئۇرۇشىدىمۇ ياخشى ئېلىشتى. قازاقلىقلاردا مەسىھا تاغلىرىدىن سۇلتان مەھمۇد خان قېشىغا بارماق بولۇپ ماڭغاندا، قاسىم بەگ ئايرىلىپ، خۇسرەۋ شاھ قېشىغا

① چەۋگان — ئاتلىق ئوينىلىدىغان توپ ئويۇنى.

كەتتى. 910-يىلى① مەن خۇسرەۋ شاھنى يېڭىپ، كابۇلدا مۇقىمنى قورشىغان ۋاقتىمدا، قاسىم بەگ يەنە كەلدى. مەن ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەكلا ئېتىبار ۋە ياخشىلىق قىلدىم. دەرەئى خۇشنا تۈركمەن ھەزدرەسىگە زەربە بەرگەن ۋاقتىمىزدا، قاسىم بەگ ياشىنىپ قالغىنىمغا قارىماي، يىگىتلەردىن ياخشىراق جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن بەنگىش ۋىلايىتىنى مۇكاپات قىلىپ بەردىم. كېيىن (ب 14) كابۇلغا كەلگەندە ھۇمايۇنغا بەگ ئەتكە قىلدىم. زەمىنى داۋەرنى ئالغان مەزگىللەردە تەڭرى رەھمىتىگە باردى. مۇسۇلمان، دىندار ۋە تەقۋادار ئادەم ئىدى. شۇبھىلىك يېمەكلەرنى يېمەيتتى. ئىنتايىن راي-تەدبىرلىك ئىدى. تولىمۇ خۇش چاقچاق ئىدى. ساۋاتسىز بولۇشىغا قارىماي، ئىنتايىن مەنىلىك گەپلەرنى قىلاتتى.

**باباقۇلى بابا ئەلى بەگ** — شەيخ ئەلى بەھادىرنىڭ ئەۋلادى ئىدى. شەيخ مەزىد بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنى ماڭا بەگ ئەتكە قىلغانىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئەندىجانغا چېرىك تارتقاندا، سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا قوشۇلۇپ، ئۆرەتېپەنى بەردى. سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن كېيىن، سەمەرقەندتىن قېچىپ كېلىۋاتقاندا، ئۆرەتېپەدىن سۇلتان ئەلى مىرزا چىقىپ ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈردى. ئىدارە قىلىشى ۋە قورال-جابدۇقى ياخشى ئىدى. نۆكەرنى ياخشى باشقۇراتتى. ناماز ئوقۇمايتتى، روزا تۇتمايتتى. زالىم ۋە كاپىر سۈپەت ئادەم ئىدى.

**ئەلى دوست تاغايى** — ساغرىچى تۈمەن بەگلىرىدىن ئىدى.

---

① ملادىيە — 1504-يىلى.

ئانامىنىڭ ئانىسى ئىسەن دەۋلەت بېگىمگە تۇغقان كېلەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆمەر شەيخ مىرزا زامانىدىكىدىنمۇ كۆپرەك ئېتىبار قىلغانىدىم. قولىدىن ئىش كېلىدۇ دېيىشەتتى، مېنىڭ قېشىمدا بولغان بۇ نەچچە يىل ئىچىدە دىققەتكە ئەرزىگۈدەك بىرەر ئىشى كۆرۈلمىدى (15) دېيىشكە بولىدۇ. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا خىزمەت قىلغان زامانلاردا يەدەچىلىكنى① تەشەببۇس قىلغانىكەن. قۇشچى ئىدى. ئەخلاقى ۋە قىلىقلىرى ناچار ئىدى، بېخىل، پىتنىخور، قوپال، ساختا، ئۆزۈمچى، توڭ، سۆرۈن ئادەم ئىدى.

**ۋەيس لاغەرى** — سەمەرقەندلىك توقچى ئېلىدىن② ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۆمەر شەيخ مىرزا قېشىدا زور ئېتىبارغا ئېرىشكەنىدى. قازاقلىقلاردا مەن بىلەن بىللە بولدى، ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە تەدبىرلىك ئىدى، سەل قىتىغۇر ئىدى.

**مىرغىياس تاغايى** — ئەلى دوست بەگنىڭ ئىنىسى ئىدى. موغۇل مىرزادىلىرىدىن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا سارىيىدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ چارسا تامغىسى شۇنىڭ قولىدا تۇراتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا كۆپ ئېتىبارغا ئېرىشكەنىدى. ۋەيس لاغەرى بىلەن يېقىن دوست ئىدى. كاسانىنى سۇلتان مەھمۇد خانغا بېرىپ، شۇنىڭدىن تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خان خىزمىتىدە بولدى. خانمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ئېتىبار-بەردى، كۆلگەك، قىزىقچى ئادەم ئىدى. پاسىقلىقتىن يانمايتتى.

**ئەلى دەرۋىش** — خۇراسانلىق بولۇپ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا

---

① يەدەچىلىك — ھاۋارايى سېھرىگەرلىكى.

② توقچى ئېلى — سەمەرقەندتىكى ئايماقلارنىڭ بىرى.

قېشىدا خۇراسان ياشلار قىسمىدا خىزمەت قىلغانىكەن. خۇراسان بىلەن سەمەرقەند سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا (ب 15) ئىدارىسىدە بولغان چاغدا بۇ ئىككى پايتەختنىڭ يارامىلىق يىگىتلىرىنى مەخسۇس قىسىم قىلىپ، خۇراسان ياشلار قىسمى ۋە سەمەرقەند ياشلار قىسمى دەپ ئاتىغانىكەن. مېنىڭ قېشىمدىكىلەر سەمەرقەند ياشلار قىسمىغا كىرەتتى. ئۇ مېنىڭ سارىيىمدا ياخشى خىزمەت قىلدى. مەردانە كىشى ئىدى. نەسىخ ۋە تەئلىق خەتلىرىنى ياخشى يازاتتى، خۇشامەتچى ئىدى. تەبئىتىدە خەسىسلىك غالىب ئىدى.

**قەنبەر ئەلى موغۇل** — ئاختىچىلاردىن ① ئىدى. ئاتىسى ۋىلايەتكە كىرىپ بىر مەھەل قاساپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، قەنبەر ئەلى سەللاھ دەپ قوياتتى. يۇنۇس خان قېشىدا ئاپتاۋىچىلىق قىلىپ، كېيىن بەگ بولغانىكەن. مېنىڭ قېشىمدا زور ئېتىبارغا ئىگە بولغانىدى. ئىشقا كىرىشكەنگە قەدەر تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى، ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ساختىلىق قىلاتتى. گېپى تولا ھەم گېپى چۇۋالچاق ئىدى. مۇقەررەركى، تولا گەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ گېپى چۇۋالچاق بولىدۇ. چىدامسىز ۋە پالاكەت ئادەم ئىدى.

ئۆمەر شەيخ مىرزا ۋاپات بولغاندا، مەن ئەنجاندىكى چار باغدا ئىدىم، بۇ خەۋەر رامىزاننىڭ بەشى-سەيشەنبە كۈنى ئەندجانغا يېتىپ كەلدى. مەن ئالاقزادە بولۇپ، يېنىمدا بار نۆكەرلەر بىلەن بىللە ئاتلىنىپ قورغانغا ماڭدىم. مىرزا دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغاندا، شىرىم تاغايى ئېتىمنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، نامازگاھ

---

① ئاختىچى — ھۆكۈمدارنىڭ ئاتلىرىغا قارايدىغان كىشى. ھۆكۈمدارنى ئاتقا مىندۈرۈش ۋە ئاتتىن چۈشۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى.

تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ سۇلتان ئەھمەد مىرزا چوڭ (16) پادىشاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر نۇرغۇن چېرىك بىلەن كېلىپ قالسا، بەگلەرنىڭ مېنى ۋە ۋىلايەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، مېنى ئۆزگەند ۋە ئالاتاغ تەرەپكە ئېلىپ كەتمەكچى، ئەگەر ئۇلار ۋىلايەتنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا بېرىۋەتسە، مېنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قولىغا چۈشۈرمەي، تاغىلىرىم ئالچە خان ياكى سولتان مەھمۇد خان قېشىغا ئېلىپ بارماقچى بولغانىكەن. سۇلتان ئەھمەد قازىنىڭ ئوغلى ۋە شەيخ بۇرھانىددىن قىلىچنىڭ ئەۋلادى خوجا مەۋلانا قازى (ئانا تەرەپتىن نەسەبى سۇلتان ئىلىگ مازىغا يېتىدۇ، بۇلارنىڭ ئائىلىلىرى ئۇ ۋىلايەتتە مۇفتى ۋە شەيخۇل ئىسلام يوسۇنلۇق بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ زىكرى تۆۋەندە تەكرار كەلگۈسىدۇر) ۋە قورغان ئىچىدىكى بەگلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ۋە بىر قىزىنىڭ ئەتكەسى بولغان خۇجا مۇھەممەد دەرزىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ قىسمىدىكىلەرنى يۇقىرىقىدەك ئەندىشىلەردىن خالاس قىلىپ، نامازگاھقا يېقىن قالغان چاغدا مېنى ئېلىپ ياندى. مەن كېلىپ ئەرككە چۈشتۈم. خوجامەۋلانە قازى ۋە بەگلەر قىشىمغا كېلىپ، مەسلەھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن، قورغاننىڭ بۇرج① ۋە سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. مەرغىنان تەرەپلىرىگە ئەۋەتىلگەن ھەسەن ياقۇپ، قاسىم قەۋچىن قاتارلىق بەگلەر بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى ۋە ھەممە بىرلىكتە زور غەيرەت ۋە (ب 16) تىرىشچانلىق بىلەن قۇرغان مۇداپىئەسىگە

① بۇرج — تىرىپ ئورنى، پوتەي.

كىرىشىپ كەتتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۆرەتېپە، خوجەند ۋە مەرغىنانىنى ئالغاندىن كېيىن ئەنجاندىن تۆت يىغاچ يىراقلىقتىكى قۇباغا كېلىپ چۈشتى. شۇ ئەسنادا ئەندىجان ئەرباپلىرىدىن دەرۋىش گاۋ دېگەن بىرى نامۇناسىپ سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن ياساققا يەتكۈزۈلدى①. بۇ ھەيۋە بىلەن ھەممە ئاھالە بېسىلدى. مەن خوجا قازى، ئۆزۈن ھەسەن ۋە خوجا ھۆسەيىننى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، «بۇ ۋىلايەتكە مۇلازىملاردىن ئەلۋەتتە بىر كىشى قويۇلغۇسىدۇر. مەن ھەم مۇلازىم ھەم پەرزەندمەن. ئەگەر بۇ ۋەزىپە ماڭا تاپشۇرۇلسا، ئىش تېخىمۇ ياخشى ۋە ئاسان ھەل بولغۇسىدۇر» دېگەن پىكىرنى بىلدۇردۇم. سۇلتان ئەھمەد مىرزا كەم سۆز، كەمتەر ۋە ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم ئىدى، ھەرقانداق سۆز ۋە ئىشى بەگلىرىنىڭ قارارىدىن باشقىچە بولمايتتى. ئۇنىڭ بەگلىرى مېنىڭ سۆزۈمگە پەرۋا قىلماي، قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، قورشاۋنى ئىچكىرىلەتتى. تەڭرىتائالا ئۆزىنىڭ كامىل قۇدرىتى بىلەن ھەر ئىشنى ھەر ۋاقىت بىركىمنىڭ مەرھەمەتسىز ئوڭ كەلتۈرۈپ تۇردىكى، بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ بىرقانچە پاكىتى كۆرۈلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، بىمۇراد قايتتى. بىرىنچىدىن قۇبا دەرياسىنىڭ لاتقىلىق قارا سۈيى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشتە كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن چېرىك (17) كېلىپ، كۆۋرۈككە تىقىلىپ قالدى، نۇرغۇن ئات، تۆگە قارا سۇغا يىقىلىپ ئۆلدى. مۇندىن ئۈچ-تۆت يىل بۇرۇن ئۇلار چىر سۈيىدىن ئۆتۈشتىمۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى. چېرىكلەر

① ياساققا يەتكۈزۈلمەك — ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەك مەنىسىدە، ياساق — قانۇن جازا.

شۇ ئەھۋالنى ئەسلەپ، ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ئىككىنچىدىن، شۇ چاغ ئۇ ئەتراپتا ئات ۋاباسى بولۇپ، ئاتلىرى توپ-توپى بىلەن يىقىلىپ ئۆلۈشكە باشلىدى. ئۈچىنچىدىن، بىزنىڭ ئەسكەر ۋە پۇقرالار شۇنداق بىرلىك ۋە غەيرەتكە كەلدىكى، ئاخىرقى نەپەس ۋە قۇۋۋىتىگىچە ئېلىشىشقا بەل باغلىدى. ئاخىر ئۇلار ئەندىجانغا بىر يىغاچ ئارىلىق قالغاندا دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننى ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. بىز تەرەپتىن ھەسەن ياقۇپ چىقتى ۋە نامازگاھ يېنىدا ئۇچرىشىپ، سۇلھ تەرىقىسىدە بىر نەرسە قىلىپ قايىتتى.

خۇجەند سۇيىنىڭ شىمال تەرىپىدىن كېلىۋاتقان سۇلتان مەھمۇد خان ئاخسىنى مۇھاسىرە قىلدى. جەھانگىر مىرزا ۋە بەگلەردىن ئەلى دەرۋىش بەگ، مىرزا قولى كۆكەلداش، مۇھەممەد باقىربەگ، شەيخ ئابدۇللا ئىشىك ئاغىسى ئاخسىدا ئىدى. ۋەيس لاغەرى بىلەن مىرغىياس تاغايىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇلار باشقا بەگلەردىن خاتىرجەم بولالماي، ۋەيس لاغەرىغا قاراشلىق بولغان كاسانغا كەتتى. ۋەيس لاغەرى ناسىر مىرزىنىڭ بەگ ئەتكىسى بولغانلىقتىن، ناسىر مىرزىمۇ كاساندا تۇراتتى. خان ئاخسى تەۋەسىگە يەتكەندە، بۇ بەگلەر خان تەرەپكە (ب 17) ئۆتۈپ، كاساننى خانغا بەردى. مىرغىياس تاغاخان خىزمىتىدە بولدى، ۋەيس لاغەرى بولسا، ناسىر مىرزىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، مۇھەممەد مەزىد تارخانغا تاپشۇردى. خان ئاخسىغا يېقىن كېلىپ، بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ ئىش چىقىرالمىدى. ئاخسىدىكى بەگلەر بىلەن يىگىتلەر زور جاسارەت كۆرسەتتى. شۇ ئەسنادا سۇلتان

مەھمۇد خان ئاغرىپ قالدى. ئۆزىمۇ ئۇرۇشتىن بىزار بولغاندى. شۇڭا ۋىلايىتىگە قايتتى.

ئەبابەكرى دوغلات كاشغەرنى ھېچكىمگە باش ئەگمەي، نەچچە يىلدىن بۇيان كاشغەر ۋە خوتەنگە ھاكىم بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ۋىلايەت ئېلىش تاماسى بىلەن ئۆزگەندى تەۋەسىگە كېلىپ، قورغان قۇرۇپ، ۋىلايەتنى قالايمىقان قىلىشقا باشلىغان ئىدى. خوجا قازى باشلىق ھەممە بەگلەر كاشغەرىينى قوغلاپ چىقىرىشقا تەيىن قىلىندى. بۇلار يېقىنلاپ بارغاندا، كاشغەرنى بۇ قوشۇنغا تەڭ كېلەلمەسلىكىنى پەملەپ، خوجا قازىنى ئارىغا سېلىپ، مىڭبىر ھىيلە بىلەن قۇتۇلۇپ ياندى.

مۇشۇنداق چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن قالغان بەگلەر ۋە يىگىتلەر ھەممىگە چىداشلىق بېرىپ، جەسۇرلۇق كۆرسەتتى. مىرزىنىڭ ئانىسى سۇلتان بېگىم، جەھانگىر مىرزا، ھەرەمدىكىلەر ۋە بەگلەر ھەممىسى ئاخسىدىن ئەندىجانغا كەلدى. ھازا رەسمىيەتلىرى بەجا كەلتۈرۈلۈپ، پېقىر-مىسكىنلەرگە ئاش-تائاملار تارتىلدى. (18)

بۇ مۇھىم ئىشلار ئادا بولغاندىن كېيىن، چېرىكنى ۋە ۋىلايەتنى تەرتىپكە سېلىش، تۈزۈم ئورنىتىش قاتارلىق ئىشلار كۆن تەرتىپكە قويۇلدى. ئەندىجان ھۆكۈمىتىگە ۋە ئىشىك ئىختىيارلىقىغا — ھەسەن ياقۇپ بەلگىلەندى. ئوش قاسىم قەۋچىنغا قارار تاپتى. ئاخسى ۋە مەرغىنانغا ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەلى دوست تاغايى تەيىلەندى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ باشقا بەگ ۋە يىگىتلىرىگىمۇ ھەرقايسىنىڭ

ئەھۋالىغا يارىشا ۋىلايەت، يەر، ھەسسە ۋە تۈرلۈك جايلار بەلگىلەندى.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا كەينىگە قايتىپ ئىككى-ئۈچ مەنزىل ماڭغاندىن كېيىن، مىجەزى بۇزۇلۇپ ئۆتكۈر قىزىتمىلىق كېسەلگە گىرىپتار بولدى. ئۆرەتېپە تەۋەسىدىكى ئاقسۇغا يەتكەندە، 899-يىلى① شەۋۋال② ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىرىق تۆت يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى.

**تۇغۇلۇشى ۋە نەسەبى.** 855-يىلى — ③ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا تەخت ئالغان يىلى تۇغۇلغانىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنىڭ چوڭى ئىدى. ئانىسى ئوردا بۇغا تارخاننىڭ قىزى، دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ ئېگىچىسى بولۇپ، مىرزىنىڭ ئېتىبارلىق خوتۇنى ئىدى.

**چىراي-تۇرقى.** ئېگىز بويلۇق، قويۇق ساقاللىق، قىزىل يۈزلۈك، تەنبەل كىشى ئىدى، ساقىلى ئېڭىكىدە بولۇپ، ياڭىقىدا ساقىلى (ب 18) يوق ئىدى. ئىنتايىن خۇش سۆھبەت ئادەم ئىدى. سەللىسىنى شۇ زامان ئادىتى بويىچە تۆت ئورام چىرماپ، ئالاقىسىنى ئالدىغا—قېشىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرەتتى.

**ئەخلاق ۋە يۈرۈش-تۇرۇشى.** ھەنەفىي مەزھىبىگە كىرگەن پاكىز ئېتىقادلىق كىشى ئىدى. بەش نامازنى تەرك قىلمايتتى. ئىچىملىك ئىچكەن ۋاقىتلىرىدىمۇ نامازنى تاشلىمايتتى. خوجا ئۇبەيدۇللا ھەزرەتلىرىگە ئىخلاس قىلاتتى. بولۇپمۇ خوجا

---

① مىلادىيە 1494-يىلى.

② شەۋۋال — 10-ئاي.

③ مىلادىيە 1451 — 1452-يىللار ئارىلىقى.

سۆھبتىدە بولغاندا ئالاھىدە ئىخلاسمەنلىك كۆرسىتەتتى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، خوجا سۆھبتىدە بولغاندا تىزىنى يۆتكەپ باققان ئەمەس ئىكەن. بىر قېتىم خوجا ھەزرەتلىرى سۆھبتىدە ئادىتىگە خىلاپ ھالدا تىزىنى يۆتكەپ ئولتۇرۇپتۇ. مىرزا قوپقاندىن كېيىن خوجا ھەزرەتلىرى مىرزا ئولتۇرغان يەرگە قاراپ بېقىشنى بۇيرۇپتۇ، قارىسا، بىر سوڭەك پارچىسى تۇرغۇدەك. ئۆزى ساۋاتسىز بولۇپ، ھېچ نەرسە ئوقۇپ باقمىغانىدى. شەھەردە چوڭ بولغىنىغا قارىماي تۈرك ھەم سادda ئىدى. شېئىردىن بىبەھرى ئىدى. ئادىل كىشى ئىدى. خوجا ھەزرەتلىرىنىڭمۇ ھەر ئىشتا قولى بار ئىدى. مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەرىئەت يولى بىلەن ھەل قىلىناتتى. ۋەدىسىگە ۋە سۆزىگە ئەمەل قىلاتتى. ھەرگىز ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايتتى. شىجائىتى بار ئىدى. گەرچە ئۆز قولى بىلەن بىر ئىش قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بەزى جەڭلەردە شىجائەت كۆرسەتكەنىكەن. ئوقنى ئىنتايىن (19) ياخشى ئاتاتتى. قۇشلارغا ئاتقان ئوقلىرى ئاساسەن تېگەتتى، قارىغا ئېتىشتا مەيداننىڭ ئۇ بېشىدىن كىرىپ بۇ بېشىغا چىققۇچە ھەممىسىگە دېگۈدەك تەگكۈزەتتى. كېيىنچە تەنبەل بولغان چاغلىرىدا قىرغاۋۇل بۇدىنىلەرنى پىيازىي① بىلەن سوقاتتى ۋە تەگمەي قالىدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز بولاتتى. ئۆزى قۇشچى بولۇپ، ھامان قۇش سالاتتى ۋە ياخشى سالاتتى. ئۇلۇغ بەگ مىرزىدىن كېيىن، ئۇنىڭدەك قۇشچى پادىشاھ بولۇپ

① پىيازىي — بىر خىل قورال.

باقمغان. ئىنتايىن هايالىق ئادەم ئىدى، ئىپتىشلارغا قارىغاندا، خىلۋەتلەردە مەھرەم ۋە تۇغقانلىرى ئالدىدىمۇ پۇتىنى ياپىدىغانىكەن. گاھىدا ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتسە، يىگىرمە-ئوتتۇز كۈن ئۇزمەي ئىچەتتى، گاھىدا ئىچىملىكتىن چىقىپ يەنە يىگىرمە-ئوتتۇز كۈن ئىچمەي قوياتتى. بەزىدە ئولتۇرۇش قىلىپ بىر ئولتۇرسا، بىر كېچە-كۈندۈز ئولتۇراتتى. ياخشى ئىچەتتى. ئىچمىگەن كۈنلىرى كەيپسىزلىنەتتى، تەبىئىتىدە خەسسىلىك غالىب ئىدى. كەم سۆز، ئادەمگەرچىلىكى بار كىشى ئىدى. ئىدارە ئىشلىرى بەگلەر قولىدا ئىدى.

**مەيدان جەڭلىرى.** تۆت قېتىم مەيدان جېڭى قىلدى. بىر قېتىم شەيخ جەمال ئارغۇننىڭ ئىنىسى نىمەت ئارغۇن بىلەن زامىن تەۋەسىدىكى ئاقار تۇرزىدە ئۇرۇشۇپ غالىب بولدى. يەنە بىر قېتىم ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن خەۋاستا ئۇرۇشۇپ، يەنە غالىب بولدى. يەنە بىر قېتىم تاشكەنت تەۋەسىدە، چىرسۇيى ياقىسىدا سۇلتان مەھمۇد خان بىلەن ئۇرۇشتى. بۇ يەردە سەپمۇ بولغىنى يوق، (ب 19) موغۇل چاپقۇنچىلىرى بىرلەپ، ئىككىلەپ چېرىكنىڭ كەينىدىن كېلىپ چېرىكنىڭ ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلىرىنى بۇلاش بىلەن شۇنچە تۇرغۇن چېرىك ئۇرۇشسىز-تالاشسىزلا تېرىپېرەن بولدى، چېرىكنىڭ كۆپچىلىكى چىر سۇيىدە غەرق بولدى. يەنە بىر قېتىم ھەيدەر كۆكەلداش بىلەن يارىيىلاق تەۋەسىدە ئۇرۇشۇپ غالىب بولدى.

**ۋىلايىتى.** ۋىلايىتى سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا بولۇپ، ئاتىسى بەرگەنىدى. شەيخ جەمالنى ئابدۇلقۇددۇس ئۆلتۈرگەندىن كېيىن،

تاشكەند شاھرۇخىيە ۋە سايرامنى ئېلىپ بىر مەھەل ئىدارە قىلدى كېيىن تاشكەند بىلەن سايرامنى ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا بەردى. خوجەند بىلەن ئۆرەتېپەمۇ بىر مەھەل سۇلتان ئەھمەد مىرزا قولىدا بولغانىدى.

**ئەۋلادى.** ئىككى ئوغلى بولغان بولسىمۇ، كىچىكىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بەش قىزى بار ئىدى، بۇلاردىن تۆتى قۇتۇق بېگىمدىن ئىدى. ئەڭ چوڭى ئادەتتە **قارا كۆز بېگىم** دەپ ئاتىلىدىغان **رابىئە سۇلتان بېگىم** ئىدى. ئۇنى مىرزا ھايات ۋاقتىدا سۇلتان مەھمۇد خانغا بەرگەنىدى، بۇ قىزنىڭ خاندىن بابا خان ئاتلىق بىر ئوغلى بولغانىدى، ناھايىتى ئوبدان بالا ئىدى، ئۆزبېكلەر خوجەندتە خاننى شەھىد قىلغان چاغدا، ئۇنى ۋە ئۇنىڭدەك بىر قانچە نارەسىدىنى ئۆلتۈردى. خاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن رابىئە بېگىمنى جانىبەگ (20) سۇلتان ئالدى.

ئىككىنچى قىزى ئادەتتە **ئاق بېگىم** دەپ ئاتىلىدىغان **سالىھە سۇلتان بېگىم** ئىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىدىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد مىرزا توي قىلىپ، چوڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد مىرزىغا ئېلىپ بەردى. كېيىن، شاھ بېگىم ۋە مېھرنىگار خانىم بىلەن بىرلىكتە كاشغەرگە كەتتى.

ئۈچىنچى قىزى **ئايشە سۇلتان بېگىم** ئىدى. مەن بەش يېشىمدا سەمەرقەندكە كەلگىنىمدە ماڭا ئاتاپ قويغانىدى، قازاقلىقتا يۈرگەن كۈنلىرىمدە خوجەندكە كېلىۋېدى، ئەمرىمگە ئالدىم. سەمەرقەندنى ئىككىنچى قېتىم ئالغىنىمدا ئۇنىڭدىن بىر قىز تۇغۇلغانىدى، بىرنەچچە كۈن ياشاپلا چاچراپ كەتتى. تاشكەند ۋەيرانچىلىقىدىن بۇرۇنراق ئېگىچىسىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن مەندىن

ئاجرىشىپ كەتتى.

تۆتىنچى قىزى **سۇلتانىم بېگىم** ئىدى. ئاۋۋال سۇلتان ئەلى مىرزا ئالغانىدى، كېيىن تېمۇر سۇلتان ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەھدى سۇلتان ئالدى.

ئەڭ كىچىك قىزى **مەئسۇمە سۇلتان بېگىم** ئىدى. ئانىسى ئارغۇنلاردىن سۇلتان ئارغۇننىڭ جىيەنى ھەبىبە سۇلتان بېگىم ئىدى. مەن خۇراسانغا بارغاندا ئۇنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قېلىپ، كابۇلغا كەلتۈرۈپ ئەمرىمگە ئالغانىدىم. مېنىڭدىن بىر قىز تۇغۇپ، شۇ تۇغۇتتىلا تەگرى رەھمىتىگە باردى. قىزىغا ئانىسىنىڭ ئىسمىنىلا قويۇپ قويدۇق.

**خوتۇنلىرى.** خوتۇنلىرىنىڭ بىرى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئېلىپ بەرگەن **مېھرىنىگار خانىم** بولۇپ، يۇنۇس خاننىڭ چوڭ قىزى، مېنىڭ ئانامنىڭ بىر تۇغقان ئېگىچىسى (ب 20) ئىدى. يەنە بىرى تارخانلاردىن بولۇپ، **تارخان بېگىم** دېيىشەتتى. يەنە بىر **قۇتۇق بېگىم** بولۇپ، تارخان بېگىمنىڭ ئېمىلدىشى ئىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ ئالغانىدى. ئۆزى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى، بىراق بەك ئۆكتەم ئىدى. شاراب ئىچەتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا سۇلتان ئەھمەد مىرزا باشقا ھەرەمگە بارمايتتى. ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، بەتنامدىن قۇتۇلدى. يەنە بىرى **خانزادە بېگىم** بولۇپ، تىرمىز خانزادىلىرىدىن ئىدى. مەن بەش يېشىمدا سەمەرقەندكە - سۇلتان ئەھمەد مىرزا قېشىغا كەلگەن ۋاقتىمدا ئالغانىكەن، تېخى چۈمبىتى ئېچىلمىغانكەن. تۈركلەر قائىدىسى بويىچە، بۇ ئىش ماڭا تاپشۇرۇلۇپ،

يۈزىنى مەن ئاچقانىدىم. يەنە بىرى ئەھمەد ھاجى بەگنىڭ نەۋرىسى **لەتىف سۇلتان بېگىم** ئىدى مىرزىدىن كېيىن ئۇنى ھەمزە سۇلتان ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل كۆرگەنىدى. مەن ھەمزە سۇلتان، تېمۇر سۇلتان باشلىق سۇلتانلارنى مەغلۇپ قىلىپ ھىسارنى ئالغاندا، بۇ سۇلتانزادىلار بىلەن يەنە بىرقانچە سۇلتانزادىلار قولغا چۈشكەنىدى، ھەممىسىنى ئازاد قىلدىم. يەنە بىرى سۇلتان ئارغۇننىڭ جىيەنى **ھەبىبە سۇلتان** بېگىم ئىدى.

**ئەمىرلىرى. جانىبەگ دولداي** — سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئىنىسى ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا سەمەرقەند ھۆكۈمىتىنى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئىشىك ئىختىيارلىقىنى (21) ئۇنىڭغا بەرگەن ئىدى. ئىنتايىن ئەدەب- ئەخلاقلىق كىشى ئىكەنمىش. ئۇ توغرۇلۇق رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ. بىرى شۇكى، ئۇ سەمەرقەند ھاكىمى بولۇپ تۇرغاندا، ئۆزبېكلەردىن بىر ئەلچى كېلىپتۇ. بۇ ئەلچى ئۆزبېك ئۇلۇسىدا مەشھۇر پەھلىۋان ئىكەنمىش. ئۆزبېكلەر پەھلىۋاننى «بۆكە» دەرمىش. جانىبەگ: «بۆكەمۇسەن؟ بۆكە بولساڭ كەل، چېلىشايلى» دەپتۇ. ئەلچى ھەرقانچە باش تارتسىمۇ قويماپتۇ، ئاخىر چېلىشىپ جانىبەگ ئۇنى يېقىتىپتۇ. ئۆزى مەرد كىشى ئىدى.

**ئەھمەد ھاجى بەگ** — سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ھىرى ھۆكۈمىتىنى بىر مەزگىل ئۇنىڭغا بەرگەنىدى. كىچىك ئاتىسى جانىبەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بۇنىڭغا بېرىپ سەمەرقەندكە ئەۋەتتى. خۇش خۇي، مەردانە كىشى ئىدى. تەخەللۇسى

ۋەفائىي ئىدى، دىۋانى بار ئىدى. شېئىرنى يامان ئەمەس يازاتتى. مۇنداق بىر بېيتى بار:

مەستەم، ئەي مۇھتەسىب، ئىمروز زى مەن دەست بىدار،
ئىھتىسابەم بىكۇن ئان روزكى يابى ھۇشيار.

(ئەي مۇھتەسىب① مەن مەستمەن، بۈگۈن مېنى تۇتما، مېنى ئەقلىم كاللامدا بولغان كۈنى سوراق قىل). مىرئەلىشىر ناۋايى ھىرىدىن سەمەرقەندكە كەلسىلا ئەھمەدھاجى بەگ بىلەن بىللە بولاتتى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ زور ئېتىبارغا ئېرىشتى. ئەھمەد ھاجى بەگ ياخشى نەسىللىك ئاتلارنى بېقىپ (ب 21) مىنەتتى، بۇ ئاتلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز قولىدا يېتىشتۈرۈلگەن ئاتلار ئىدى. مەردانە ئادەم ئىدى، بىراق سەردارلىقى مەردانىلىقىدەك ئەمەس ئىدى. بىپەرۋا ئادەم ئىدى. ئىشلىرىنى ئادەملىرى ئىدارە قىلاتتى. بايسۇنغۇر مىرزا سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن بۇخارادا ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولغاندا، ئەسىرگە چۈشتى ۋە دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننى ئۆلتۈردى دېگەن تۆھمەت بىلەن ئىززەتسىز رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلدى.

**دەرۋىش مۇھەممەد تارخان** — ئوردا بۇغا تارخاننىڭ ئوغلى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئۆز تاغىسى ئىدى. مىرزا قېشىدا ھەممە بەگلەردىن چوڭ ۋە مۆتىۋەر ئىدى. مۇسۇلمان، ئادەمگەرچىلىكى بار، دەرۋىش كىشى ئىدى. ھەمىشە قۇرئان كۆچۈرەتتى. شاھماتنى كۆپ ئوينايتتى ھەم ياخشى ئوينايتتى. قۇشچىلىق ئىلمىنى ياخشى بىلەتتى ۋە قۇشنى ياخشى

---

① مۇھتەسىب — دىنىي قائىدىلەرنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگۈچى.

سالاتتى. ئاخرى، بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ غوۋغاسىدا بەتنام بىلەن ئۆلدى.

**ئابدۇلئەلى تارخان** — دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ يېقىن تۇغقىنى ئىدى. دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ سىڭلىسىمۇ ئۇنىڭدا بولۇپ، باقى تارخاننىڭ ئانىسى شۇ ئىدى. گەرچە دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ئادەت ۋە مەرتىۋە ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولسىمۇ، لېكىن بۇ فىرئەۋن ① ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى. بۇخارا ھۆكۈمىتى (22) بىرقانچە يىل ئۇنىڭ قولىدا بولدى. نۆكىرى ئۈچ مىڭغا يەتكەنىدى. نۆكەرنى ياخشى باشقۇراتتى، ئىنايەت ۋە ھەدىيىلىرى، دىۋان ۋە جاھازلىرى، زىياپەت ۋە ئولتۇرۇشلىرى شاھانە ئىدى. قاتتىق قول، زالىم، پاسىق، ھاكاۋۇر ئادەم ئىدى. شەيبانىخان گەرچە نۆكىرى بولمىسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىل ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانىدى. كىچىك سۇلتانزادىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭغا نۆكەر بولغانىدى. شەيبانىخاننىڭ مۇنچىلىك تەرەققىي تېپىشىغا ۋە شۇنچە قەدىمىي سۇلالىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىغا مۇشۇ ئابدۇلئەلى تارخان سەۋەب بولدى.

**سەيىد يۈسۈف ئوغلاقچى** — بوۋىسى موغۇلدىن كەلگەنكەن. ئاتىسىنى ئۇلۇغبەگ ئۆستۈرگەنىدى. ئۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە تەدبىرلىك ئىدى. مەردانىلىقىمۇ بار ئىدى. قوبۇزنى ياخشى چالاتتى. مەن كابۇلغا كەلگەندە، مېنىڭ قېشىمدا ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنىدىم. ئۆزىمۇ ئېتىبار بېرىشكە

---

① فىرئەۋن — قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى؛ ھەددىدىن ئارتۇق تەكەببۇرلۇققا كىنايە.

لايىق ئىدى. بىرىنچى قېتىم ھىندىستانغا چېرىك تارتقان ۋاقتىمدا سەيىد يۇسۇف بەگنى كابۇلدا قويغانىدىم، شۇ مەزگىلدە تەگرى رەھمىتىگە باردى.

**دەرۋىش بەگ** — تېمۇربەگنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن ئىكو تېمۇربەگ-نىڭ ئەۋلادىدىندۇر. خوجا ھەزرەتلىرىگە ئىخلاس قىلاتتى. (ب 22) مۇزىكا ئىلمىنى بىلەتتى، سازمۇ چالاتتى. شېئىر يازاتتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا چىرسۇيى ياقىسىدا مەغلۇپ بولغاندا، چىرسۇيىگە غەرق بولدى.

**مۇھەممەد مەزىد تارخان** — دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىدى. بىرنەچچە يىل تۈركىستان ھاكىمى بولدى، شەيبانىخان تۈركىستاننى شۇنىڭدىن ئالغانىدى. ئۆتكۈر ۋە تەدبىرلىك ئىدى. قورقماس ۋە پاسىق ئىدى. سەمەرقەندنى ئىككىنچى قېتىم ۋە ئۈچىنچى قېتىم ئالغىنىمدا مېنىڭ قېشىمغا كەلگەنىدى، مەنمۇ ياخشى ئېتىبار بەرگەنىدىم. كۆلەمەلىك ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتتى.

**باقى تارخان** — ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن بىر نەۋرە ئىدى. ئاتىسىدىن كېيىن بۇخارا ئۇنىڭغا بېرىلگەنىدى. سۇلتان ئەلى مىرزا زامانىدا كۆپ روناق تېپىپ، نۆكىرىنى بەش-ئالتە مىڭغا يەتكۈزگەنىدى. سۇلتان ئەلى مىرزىغا ئانچە بويسۇنمايتتى. شەيبانىخان بىلەن قەلئەئى دەبۇسىدا ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. شەيبانىخان شۇ يەڭگىنىچە بېرىپ بۇخارانى ئالدى. قۇش ئوۋىغا بەك قىزىقاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا يەتتە يۈز ئوۋ قۇشى بار ئىكەنمىش. ئەخلاق ۋە قائىدە-يوسۇندا يوق دېيەرلىك ئىدى،

بەگزادىلىك ۋە دۆلەت ئىچىدە چوڭ بولغانىدى. ئاتىسى شەيبانىخانغا كۆپ ياخشىلىق قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شەيبانىخان قېشىغا بارغانىدى، لېكىن ئۇ ۋىجدانسىز (23) ئۇ ياخشىلىقلارغا يارىشا قىلچە ئىنايەت ۋە شەپقەت قىلمىدى. ئاخىسى ۋىلايىتىدە خار-زار بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى.

**سۇلتان ھۆسەيىن ئارغۇن** — قارا كۆل ھۆكۈمىتى بىر مەزگىل ئۇنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن سۇلتان ھۆسەيىن قارا كۆلي دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە تەدبىرلىك ئىدى. مېنىڭ قېشىمدىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت بولغانىدى.

**قۇلى مۇھەممەد بۇغدا** — قەۋچىن ئىدى. مەردانە ئىكەنمىش.

**ئابدۇلكەرىم ئەشرىت** — ئۇيغۇر ئىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا قېشىدا ئىشىك ئاغا ئىدي. سېخىي ۋە مەردانە كىشى ئىدى.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا ۋاپاتىدىن كېيىن، بەگلەر كېڭىشىپ، سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا تاغ يولى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىردى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئاغىسى مىنۇچېھر مىرزىنىڭ ئوغلى مەلىك مۇھەممەد مىرزا سەلتەنەت تەمەسى بىلەن بىرنەچچە ئالقاناتىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردۇدىن① ئايرىلدى. ئۇ سەمەرقەندكە كېلىپمۇ ھېچ نەرسە قىلالمىدى، پەقەتلا ئۆزىنىڭ ۋە يەنە بىرقانچە بىگۇناھ شاھزادىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىش بىلەنلا ھايالسىز سەمەرقەندكە كېلىپ، ھېچقانداق زەخمەت ۋە مۇشەققەت چەكمەيلا تەختكە ئولتۇردى. تۆۋەن

① ئوردۇ — ھەربىي قوشۇن، لەشكەرگاھ.

قاتلام، يۇقىرى قاتلام ۋە سىپاھىيلاردىن ① بىر تۈركۈم ئادەم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ بىرقانچە ئىشلىرىدىن نەپرەتلىنىپ قېچىپ كەتتى. بۇ ئىشلار شۇكى، بىرىنچىدىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەلىك مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ (ب 23) كىچىك ئاتىسىنىڭ ئوغلى ۋە ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا شۇنى ۋە باشقا تۆت مىرزىنى كۆك سارايغا چىقارغان ۋە بۇلاردىن ئىككىسىنى قويۇپ، مەلىك مۇھەممەد مىرزا بىلەن يەنە بىر مىرزىنى شەھىد قىلغانىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە پادىشاھلىقمۇ تەگمەيتتى ھەم ئۇلاردا ئۇنداق تەمەمۇ يوق ئىدى، مەلىك مۇھەممەد مىرزىدا ئازراق گۇناھ بولغان ھالەتتىمۇ، يەنە بىر مىرزىدا ھېچقانداق گۇناھ يوق ئىدى. ئىككىنچىدىن، گەرچە ئۆزى ئىدارە قىلىش-باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى قابىلىيەتلىك، قانۇنچىل، مالىيە ئىلمىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىتى زۇلۇم ۋە پاسىقلىققا مايىل ئىدى. سەمەرقەندكە كىرگەندىن كېيىن باشقىچە تۈزۈم، چازا، باج ۋە سېلىقلارنى چىقاردى. بۇرۇن نۇرغۇنلىغان پېقىر-مىسكىنلەر باج-سېلىقلاردا خوجا ئۇبەيدۇللا ھەزرەتلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشلەرنىڭ ھامىيلىقى بىلەن زۇلۇم ۋە زورلۇقلاردىن ساقلىنىپ قالاتتى. ئەمدى مۇنداق ھامىيلار كۈچىدىن قېلىپ، زورلۇق ۋە قاتتىق قوللۇق كۈچەيگەنىدى، ھەتتا مۇنداق زورلۇق ۋە قاتتىق قوللۇقلار خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ قىلىنىدىغان بولدى. ئۈچىنچىدىن، ئۆزى قانداق زالىم ۋە پاسىق بولسا، بەگلىرى

---

① سىپاھىي — ئەسكەر، ھەربىي ئەمەلدار؛ ئەمەلدار.

ۋە نۆكەرلىرىمۇ شۇنداق زالىم ۋە پاسىق ئىدى. ھىساردىكىلەر، بولۇپمۇ خۇسرەۋ شاھ قول ئاستىدىكىلەر ھەمىشە ئىچىشۋازلىق ۋە زىنا بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇلار شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، خۇسرەۋ شاھ نۆكەرلىرىدىن بىرى بىر ئادەمنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. بۇ خوتۇننىڭ (24) ئېرى خۇسرەۋ شاھقا كېلىپ ئەرز قىلسا، خۇسرەۋ شاھ: « بۇ خوتۇن بىرقانچە يىل سەن بىلەن بىللە بولدى، ئەمدى بىرنەچچە كۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەن. تۆتىنچىدىن، شەھەر خەلقىنىڭ، ھەتتا بەگ ۋە سىپاھىيلارنىڭ ياش ئوغۇللىرى چۆھرىلىككە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆيدىن چىقالماس بولۇپ قالغان.

يىگىرمە-يىگىرمە بەش يىل داۋام قىلغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا زامانىدا باياشاتلىق ۋە پاراغەت ئىچىدە ياشاپ كەلگەن، ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خوجا ھەزرەتلىرى تەرىپىدىن ئادىل ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن بىر تەرەپ قىلىنىپ كەلگەن سەمەرقەند ئاھالىسى بۇ خىل زۇلۇم ۋە پاسىقلىققا جان-جەھلىدىن نەپرەت ئوقۇدى. چوڭ-كىچىك، پېقىر-مىسكىن ھەممىسى لەنەت ۋە بەددۇئاغا ئېغىز ئېچىپ قول كۆتۈردى.

ھەزەر كۈن زى دەردى دەرۇنھايى رىش،

كى رىشى دەرۇن ئاقىبەت سەركۇنەد.

بەھەم بەرمەزەن تا تەۋانى دىلى،

كى ئاھى جەھانى بەھەم بەر زەنەد.

(كۆڭۈلنى يارا قىلىشتىن ھەزەر قىل، چۈنكى كۆڭۈل يارىسى

ئاخر ئۆزنى كۆرستدۇ. ئمكانيتنڭنڭ بارچه بر كۆڭۆلنمۇ يارا قلما، چۈنكى بر ئاه بر دۇنيانى ئاستن-ئۈستون قلندۇ). سۇلتان مەھمۇد مرزا مۇشۇنداق زۇلۇم ۋە پاسقلقلار سەۋەبدن سەمەرقەندتە بەش-ئالتە ئايدن ئارتۇق ھۆكۆم سۈرەلمدى.

# توققۇز يۈزىنچى يىل① ۋەقەلىرى

ماڭا سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئاتلىق بىر ئەلچى كەلدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد مىرزىغا ئاغىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئاق بېگىم ئاتلىق ئىككىنچى قىزىنى ئېلىپ بەرگەن تويىنىڭ چاچقۇسىنى ئەۋەتىپتۇ. ئالتۇندىن ھەم كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن پىستە، باداملار ئىكەن. بۇ كەلگەن ئەلچىنىڭ ھەسەن ياقۇپ بىلەن يېقىنچىلىقى بار ئىكەن، ھەسەن ياقۇپقا تۈرلۈك ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇنى مىرزىغا قاراتقىلى (ب 24) كەلگەنىكەن. ھەسەن ياقۇپ مۇلايىم جاۋابلارنى بېرىپ، ھەتتا شۇ تەرەپ بولغاندەك قىلىپ ئەلچىنى يولغا سالدى. بەش-ئالتە ئايدىن كېيىن ھەسەن ياقۇپنىڭ مىجەزى بۇزۇلۇپ، مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بىلەن ناچار مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئىشنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، ئۇ مېنى يولغا سېلىپ، جەھانگىر مىرزىنى پادىشاھ قىلىش قارارىغىمۇ كېلىپتۇ. ھەسەن ياقۇپنىڭ باشقا ئەمىر ۋە سىپاھىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ نىيىتىدىن ھەممەيلەن ۋاقىپلانغانىدى. خوجاقازى، قاسىم قەۋچى، ئېلى دوست تاغايى، ئۈزۈن ھەسەن ۋە باشقا مەن تەرەپ بەگلەر مېنىڭ مومام ئىسەن دەۋلەت بېگىم قېشىغا يىغىلىپ، ھەسەن ياقۇپنى ھەيدەپ، ئۇنىڭ

---

① مىلادىيە 1494 — 1495-يىللار ئارىلىقى.

پىتنىسگە خاتىمە بېرىش قارارىغا كەلدى. خوتۇنلار ئارىسىدا مېنىڭ موماملەك ئۆتكۈر ۋە تەدبىرلىك ئاقىلە ئاز تېپىلىدۇ. چوڭ-چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇ كىشىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولاتتى.

ھەسەن ياقۇپ ئەركىتە ئىدى. ئانام بىلەن موماملار ئىسەن دەۋلەت بېگىم تاشقى قورغاندا — سېپىل بىناسىدا ئىدى. مەن قارارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەرككە ئاتلاندىم. ھەسەن ياقۇپ قۇش ئوۋىغا ماڭغانىكەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، شۇ يەردىنلا سەمەرقەند (25) تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەگلەرنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد باقىربەگ، سۇلتان مەھمۇد دولداي، سۇلتان مەھمۇد دولداينىڭ ئاتىسى ۋە باشقىلار بار ئىدى. ئۇلاردىن بەزىسىنىڭ سەمەرقەندكە كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلدى. ئىشىك ئىختىيارلىقى ۋە ئەندىجان ھۆكۈمىتى قاسىم قەۋچىنغا قارار تاپتى.

ھەسەن ياقۇپ سەمەرقەند يولىدا كەندىبادامغىچە بارغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، يامان نىيەتتە ئاخسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، خوقان ئەتراپىغا كەلدى. بىز بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، بىر قىسىم بەگ ۋە يىگىتلەرنى ئۇنىڭغا قارشى ماڭدۇردۇق. بۇ ئىلغار① بەگلىرى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن بىر قىسىم يىگىتلەرنى قاراۋۇل② قىلىپ ماڭدۇرغانىكەن. ھەسەن ياقۇپ

① ئىلغار — چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىدىن ئەۋەتىلگەن ياكى مەلۇم ۋەزىيىگە تەيىنلەنگەن تېز يۈرگۈچى ھەربىي قىسىم، زەربىدار ئەترەت.
② قاراۋۇل — كۆزەتچى، چارلىغۇچى.

خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كېچىلەپ بۇ قاراۋۇلغا بارغان يىگىتلەرگە قارشى ئاتلىنىپ، ئۇلارنى ئۇيى مۇڭگۈزى شەكلىدە قورشاپ، ئوققا تۇتۇپتۇ. قاراڭغۇ كېچىدە ئۆز ئادىمىنىڭ ئوقى ھەسەن ياقۇپنىڭ قاچىرىغا تېگىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېچىشتىن بۇرۇنراق ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتتى.

چۇبەد كەردى، مە باش ئەمىن زى ئافات،
كى ۋاجىب شۇد تەبىئەترا مۇكافات.

(يامانلىق قىلغانىكەنسەن ئاپەتتىن قۇتۇلالمايسەن، چۈنكى تەبىئەتنىڭ بېرىدىغان جازاسى مۇقەررەر).

شۇ يىلى شۇبھىلىك تائاملاردىن پەرھىز قىلىدىغان بولدۇم. پىچاق، قوشۇق، داستىخانغىچە ئېھتىيات قىلاتتىم. كېچىلىك نامازلارنىمۇ ئاز تەرك (ب 25) قىلىدىغان بولدۇم.

رەبىيەلئاخىر ① ئىبتىدا سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئالتە كۈن ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى. قىرىق ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى.

**تۇغۇلۇشى ۋە نەسەبى.** 857-يىلى ② تۇغۇلغانىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىر قورساق ئىدى.

**چىراي-تۇرقى.** پاكار بويلۇق، سۇيۇق ساقاللىق، تەنبەل ۋە پىچىمسىزراق ئادەم ئىدى.

**ئەخلاق ۋە يۇرۇش-تۇرۇشى.** ئەخلاق ۋە يۇرۇش-تۇرۇشى ياخشى ئىدى. نامازنى تەرك قىلمايتتى. ئىدارە قىلىش-باشقۇرۇش

---

① رەبىيەلئاخىر — قەمەرىيە 4-ئاي.

② مىلادىيە — 1453-يىلى.

ئىشلىرىغا ناھايىتى قابىل ئىدى. مالىيە ئىلمىنى ياخشى بىلەتتى. ۋىلايىتىدە بىر تىيىنمۇ ئۇنىڭدىن بىسوراق خەرج بولمايتتى. ئادەملىرىنىڭ مائاشى ھەرگىز ئۆكسىمەيتتى. ئولتۇرۇش، ئىنايەت، زىياپەت ۋە دىۋانلىرى ئىنتايىن ياخشى ئىدى، ھەممىسى قائىدە-تۈزۈم بويىچە بولاتتى. بىر خىل تەرتىپ-نىزامىنى ئورناتسا، سىپاھىي ۋە رائىيەلىرىدىن ھېچكىم ئۇنى بۇزالمايتتى. بۇرۇن قۇش ئۇۋىغا كۆپ ماڭغانىكەن. كېيىن بۇركۇت بىلەن ئوۋ قىلىشقا قىزىپ كەتكەنىدى. زۇلۇم ۋە پاسىقلىققا تولىمۇ ھېرىس ئىدى. شارابنى ئۈزمەي ئىچەتتى. چۆھرىنى كۆپ ئىشلىتەتتى. كېلىشكەن ياش ئوغۇللارنى كۆرسە، ھەرباپ بىلەن ئۆزىگە چۆھرە قىلىۋالاتتى. بەگلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ (26) بەگلىرىنى، ھەتتا ئىمىلداشلىرىنى چۆھرە قىلغانىدى. ئۆز ئىمىلدىشىنىڭ ئوغۇللىرىنىمۇ شۇ خىزمەتكە سالغانىدى. بۇ رەزىل قىلىق ئۇنىڭ زامانىدا شۇنداق دەرىجىگە يەتكەنىدىكى، چۆھرە ئىشلىتىش ھۈنەر، چۆھرە ئىشلەتمەسلىك ئەيىب بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇنداق زۇلۇم ۋە پاسىقلىقنىڭ كاساپىتىدىن ئوغۇللىرى ياش تۇرۇپلا ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. شېئىر يازاتتى، دىۋانىمۇ تۈزگەنىدى. لېكىن شېئىرلىرى ئىنتايىن پۇچەك ۋە بىمەززە ئىدى، ئۇنداق شېئىر يازغاندىن يازمىغان ياخشىراق. ئېتىقادى ناچار ئىدى. خوجا ئۇبەيدۇللا ھەزرەتلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتى. يۈرەكسىز، بىھايا ئادەم ئىدى. يېنىدىن ئېتىقسىز ھەيپارلار ئۆكسىمەيتتى. دىۋان ئۈستىدە ۋە خالايىق ئالدىدا ئىنتايىن سەت ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. بەك ئاغزى يامان ئىدى، دائىم ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلاتتى.

**مەيدان جەڭلرى.** ئككى قېتىم مەيدان جېڭى قىلدى، هەر ئككى قېتىمدا سۇلتان هۆسەين مىرزا بىلەن ئۇرۇشتى. بىرىنچى قېتىم ئاستراباد تا ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. ئككىنچى قېتىم ئەندىخۇد تەۋەسىدىكى چەكمەن دېگەن يەردە ئۇرۇشۇپ يەنە مەغلۇپ بولدى. ئككى قېتىم بەدەخشاننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كافىرىستانغا بېرىپ غازات قىلدى. شۇ سەۋەبتىن (ب 26) پەرمانلىرىنىڭ توغرىسىدا ① ئۆز نامىنى سۇلتان مەهمۇد غازى دەپ يازاتتى.

**ۋىلايىتى.** سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئاستراباد نى بەرگەندى، ئىراق ۋەقەسىدە خۇراسانغا كەلدى. ئۇ چاغدا هىسار هاكىمى قەنبەر ئەلى بەگ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن هىندىستان چېرىكىنى باشلاپ مىرزىنىڭ كەينىدىن ئىراققا كېتىۋاتاتتى. خۇراسانغا يەتكەندە سۇلتان مەهمۇد مىرزىغا قوشۇلدى. سۇلتان هۆسەين مىرزىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلىش بىلەنلا، خۇراسان ئاهالىسى هۇجۇم قىلىپ، سۇلتان مەهمۇد مىرزىنى خوراساندىن قوغلاپ چىقاردى، سۇلتان مەهمۇد مىرزا ئۇ يەردىن سەمەرقەندكە — سۇلتان ئەهمەد مىرزا قېشىغا كەلدى. نەچچە ئايدىن كېيىن، ئەهمەد مۇشتاق باشلىق سەيىد بەدر، خۇسرەۋ شاه ۋە بەزى يىگىتلەر سۇلتان مەهمۇد مىرزىنى ئېلىپ قېچىپ، هىسارغا قەنبەر ئەلى بەگ قېشىغا كەلدى. شۇنىڭدىن بېرى تەرمىز، چاغانىيان، هىسار، خەتلان، قوندۇز ۋە بەدەخشان قاتارلىق قەهقە ۋە كۆهتەن

---

① توغرا — پادىشاهنىڭ سىمۋوللۇق بىر بەلگە شەكلىدىكى نامى؛ هەرپلەردىن چىقىرىلغان بېزەكلىك بەلگە، گېرب.

تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىلايەتلەر ھىندكۇش تېغىغىچە سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولۇپ كەلگەنىدى. ئاغىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋىلايىتىمۇ بۇنىڭ قولىغا ئۆتتى.

**ئەۋلادى.** بەش ئوغۇل، ئون بىر قىزى بار ئىدى. ئوغۇللىرىنىڭ چوڭى **سۇلتان مەسئۇد مىرزا** بولۇپ، ئانىسى (27) مىر بۇزۇرگ تەرمىزىنىڭ قىزى ئىدى. يەنە بىر ئوغلى **بايسۇنغۇر مىرزا** بولۇپ ، ئانىسى پىشەبېگىم ئىدى. يەنە بىر ئوغلى **سۇلتان ئەلى مىرزا** بولۇپ، ئانىسى زۆھرەبېگى ئاغا ئىدى، ئۆزبېك بولۇپ، توقال ئىدى. يەنە بىر ئوغلى **سۇلتان ھۆسەين مىرزا** بولۇپ، ئانىسى مىربۇزۇرگنىڭ نەۋرىسى خانزادە بېگىم ئىدى. بۇ ئوغۇل مىرزا ھايات ۋاقتىدا ئون ئۈچ يېشىدا تەگرى رەھمىتىگە باردى. يەنە بىر ئوغلى **سۇلتان ۋەيس مىرزا** بولۇپ، ئانىسى يۇنۇس خاننىڭ قىزى، مېنىڭ ئانامنىڭ سىڭلىسى سۇلتان نىگارخانىم ئىدى. بۇ تۆت مىرزىنىڭ ئەھۋالى بۇ كىتابتا ئېيتىلغان ۋەقەلەرنىڭ يىل تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنىدۇ.

ئۈچ قىزى بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن بىر قورساق ئىدى. چوڭىنى سۇلتان مەھمۇد مىرزا كىچىك ئاتىسى مىنۇچېھر مىرزىنىڭ ئوغلى مەلىك مۇھەممەد مىرزىغا بەرگەنىدى...① يەنە بەش قىزى مىربۇزۇرگنىڭ نەۋرىسى خانزادە بېگىمدىن تۇغۇلغانىدى. چوڭىنى سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبابەكر كاشغەرىيگە (ب 27) بەردى. ئىككىنچىسى **بېگكە بېگىم** ئىدى. ئۇنى سۇلتان

---

① بۇيەردە نەچچە قۇر خەت پاتقۇدەك يەر ئاق قالغان.

ھۆسەين مىرزا ھىسارنى مۇھاسىرە قىلغاندا، ئۆزىنىڭ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قىزى پايەندە سۇلتان بېگىمدىن بولغان ئوغلى ھەيدەر مىرزىغا ئېلىپ بەرگەن ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يارىشىپ ھىساردىن چېكىنگەنىدى. ئۈچىنچىسى **قازاق بېگىم** ئىدى. تۆتىنچىسىنى ئۆمەر شەيخ مىرزا ئوغلى جەھانگىر مىرزىنى قۇندۇزغا چېكىنىپ تارتىپ كەلگەن سۇلتان ھۆسەين مىرزىغا ئەنجان چېكىنىكى بىلەن ياردەمگە ئەۋەتكەندە جەھانگىر مىرزىغا ئاتاپ قويغانىدى. 910-يىلى ① ئامۇ دەرياسى ياقىسىدا باقى چاغانىيانى ماڭا كېلىپ خىزمەت قىلغاندا، ئانىسى بىلەن تىرمىزدا تۇرۇۋاتقان بۇ بېگىملەرمۇ باقى چاغانىيانىنىڭ بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. كەھمەردكە كەلگەندە جەھانگىر مىرزا ئۆز نىكاھىغا ئالدى، ئۇلاردىن بىرلا قىز بولغانىدى، ھازىر بۇ قىز مومىسى خانزادە بېگىم بىلەن بەدەخشاندا تۇرىدۇ. بەشىنچىسى **زەينەپ سۇلتان بېگىم** بولۇپ، كابۇلنى ئالغاندا ئانام قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ سايە قىلىشى بىلەن ئالدىم، ئۇزاق بىللە ئۆتۈشكە نېسىپ بولمىدى، ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىن چېچەك چىقىپ ئالەمدىن ئۆتتى. يەنە بىر قىزى **مەخدۇمە سۇلتان بېگىم** بولۇپ، سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ بىر قورساق ئېگىچىسى بولىدۇ. ئۇ ھازىر بەدەخشان ۋىلايىتىدە. يەنە ئىككى قىزى غۇنچىچىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، بىرىنىڭ (28) ئېتى **رەجەب سۇلتان**، يەنە بىرىنىڭ ئېتى **مۇھىب سۇلتاندۇر**.

**خوتۇنلىرى.** چوڭ خوتۇنى مىربۇزۇرۇگ تىرمىزىنىڭ قىزى **خانزادە**

---

① مىلادىيە 1504 — 1505 -يىللار ئارىلىقى.

**بېگىم** ئىدى. مىرزا ئۇنىڭغا بەك كۆيەتتى. سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ ئانىسى ئىدى. ئۇ ئۆلگەندە مىرزا ناھايىتى ئېغىر ھازا تۇتقانىدى. مىرزا ئۇنىڭدىن كېيىن مىربۇزۇرۇگنىڭ نەۋرىسى، مۇشۇ خانزادە بېگىمنىڭ جىيەنىنى ئالدى، ئۇنىمۇ خانزادە بېگىم دەيتتى. ئۇنىڭدىن بەش قىز، بىر ئوغۇل بولدى.

**پىشە بېگىم** — قارا قويلۇق باھارلۇ ئايمقى تۈركمەن بەگلىرىدىن ئەلى شۇكۇر بەگنىڭ قىزى ئىدى. دەسلەپتە ئۇنى بارانلىق قارا قويلۇقلاردىن جەھانشاھ مىرزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدى مىرزا ئالغانىدى. ئازەربەيجان ۋە ئىراقنى بۇ جەھانشاھ ئەۋلادىنىڭ قولىدىن ئاق قويلۇق ئۇزۇن ھەسەن ئالغاندا، ئەلى شۇكۇر بەگنىڭ ئوغۇللىرى تۆت-بەش مىڭ ئۆيلۈك قارا قويلۇق تۈركمەنلەر بىلەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا خىزمىتىگە كەلگەن ۋە سۇلتان ئەبسەئىد مىرزا مەغلۇپ بولغاندا، شۇ ۋىلايەتلەردە قالغانىدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا سەمەرقەندتىن ھىسارغا كەلگەندە، ئۇلار سۇلتان مەھمۇد مىرزا خىزمىتىگە كەلدى. بۇ پىشە بېگىمنى مىرزا شۇ چاغدا ئالغانىدى. بىر ئوغۇل، ئۈچ قىز كۆردى.

**سۇلتان نىگارخانىم** — نەسەبى خانلار توغرىسىدىكى بايانىمىزدا ئېيتىلغانىدى.

توقال (ب 28) ۋە غۇنچىچىلىرى كۆپ ئىدى. مۆتىۋەر توقىلى زۆھرە بېگى ئاغا ئىدى، ئۆزبېك ئىدى، بىر ئوغۇل، بىر قىزىنىڭ ئانىسى ئىدى. غۇنچىچىسى خېلى بار ئىدى. ئىككىسىدىن ئىككى قىز بولغانىدى، بۇلارنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق.

**ئەمىرلىرى. خۇسرەۋ شاھ** — تۈركىستانلىق قىپچاقلاردىندۇر.

كىچىك ۋاقتىدا تارخان بەگلىرىگە يېقىندىن خىزمەت قىلاتتى. كېيىن مەزىد بەگ ئارغۇنغا نۆكەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ئىراق ۋەيرانچىلىقىدا سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا قوشۇلۇپ، يولدا كېلىۋاتقاندا يارامىلىق خىزمەت كۆرسەتكىنى ئۈچۈن، سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭمۇ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، كېيىنكى كۈنلەردە كۆپ زورىيىپ كەتتى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا زامانىدىلا نۆكىرى بەش-ئالتە مىڭغا يەتكەنىدى. ئامۇ دەريادىن ھىندۇكۇش تاغلىرىغىچە بولغان ۋىلايەتلەرنىڭ بەدەخشاندىن باشقىسى تامامەن ئۇنىڭغا قارايتتى. قالتىس يەيتتى. زىياپىتى ۋە ساخاۋىتى ياخشى ئىدى. مال-دۇنيانى قولىغا كىرگۈزۈشنى بىلگەندەك. كۆپ-كۆپ سەرپمۇ قىلاتتى. سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى زامانىدا تېخىمۇ زورىيىپ كەتتى. نۆكىرى يىگىرمە مىڭغا يېقىنلاشقانىدى. ناماز ئوقۇپ، تائاملاردا پەرھىز قىلسىمۇ، لېكىن بۇزۇق ۋە پاسىق، ئەخمەق، بىپەم، بىۋاپا (29)، نانكور ئادەم ئىدى. بەش كۈنلۈك دۇنيا ئۈچۈن ئۆز تۇز بەرگۈچىسىنىڭ باللىرىنى ئۆزى چوڭ قىلىپ، بىرىنى كور قىلدى، بىرىنى ئۆلتۈردى. تەڭرى ئالدىدا ئاسىي، خەلق ئالدىدا مۇرتەت بولۇپ، تا قىيامەتكىچە لەنەت ۋە نەپرەتكە قالدى. بۇ ئۆتەر دۇنيا ئۈچۈن شۇنداق يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن، شۇنداق مەمۇر ۋىلايەتلەرگە، شۇنچە نۇرغۇن قوراللىق نۆكەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، بىر مېكىيان بىلەنمۇ ئۇرۇشالمىدى. زىكرى تۆۋەندە بولغۇسىدۇر.

**مۇھەممەد ئېلچى بۇغا** — قەۋچىن ئىدى. بەلخ ئىشكىدە،

ھەزارە ئۇرۇشىدا ۋە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالدىدا ئۆزى تەلەپ قىلىپ مۇشت ئاتقانىكەن. مەردانە كىشى ئىدى. ھەر دائىم مىرزا خىزمىتىدە بولاتتى ۋە مىرزىنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرەتتى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا قۇندۇزنى قورشىغاندا، خۇسرەۋ شاھقا ئۆچمەنلىك يۈزىسىدىن ئازغىنە ياراقسىز ۋە ساۋۇتسىز ئادەم بىلەن كېچىلەپ ھۇجۇم قىلدى، لېكىن ھېچ ئىش قىلالمىدى. شۇنچە كۆپ چېرىككە تەڭ كەلگىلى بولامتى؟ قايتقاندا كەينىدىن قوغلىغۇچىلار كەلدى. ئاخىرى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ غەرق بولدى.

**ئەيۇب** — سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا يېنىدا، خۇراسان ياشلار قىسمىدا خىزمەت قىلاتتى. مەردانە كىشى ئىدى. بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ بەگ ئەتكىسى ئىدى. يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكتە تېجەشچان ئىدى. چاقچاقچى ئىدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا (ب 29) بىھايا دەپ خىتاب قىلار ئىكەن.

**ۋەلى** — خۇسرەۋ شاھنىڭ بىرتۇغقان ئىنىسى ئىدى. نۆكىرىنى ياخشى باشقۇراتتى. سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ كور قىلىنىشى ۋە بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە شۇ سەۋەبچى بولغانىدى. ھەممە كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتى. ئاغزى يامان، ئۆزۈمچى، نىيىتى بۇزۇق، پەس نەرسە ئىدى. ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق ئىشىنى ياراتمايتتى. قۇندۇز ۋىلايىتىدىن كېلىپ، دۈشى تەۋەسىدە خۇسرەۋ شاھنى نۆكەرلىرىدىن ئايرىپ، ئۆزىنى يولغا سالغان ۋاقىتىدا، ئۇمۇ ئۆزبېكلەردىن قورقۇپ، ئەندەراب ۋە سىرابقا كەلدى ۋە شۇ تەۋەدىكى

ئەيماقلارنى ① بۇلاپ-تالاپ، بىزنى دەپ كابۇلغا كەلدى. كېيىن مۇھەممەد شەيبانىخان قېشىغا كەتتى ۋە سەمەرقەندتە كاللىسىدىن ئايرىلدى.

**شەيخ ئابدۇللا بارلاس** — شاھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ بىر قىزى — ئەبابەكر مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھامىسى — ئۇنىڭ نىكاھىدا ئىدى. تونىنى ئىنتايىن تار كىيەتتى. ئادەمگەرچىلىكى بار، ئېسىل ئادەم ئىدى.

**مەھمۇد بارلاس** — نوندەكلى بارلاسلاردىن ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا قېشىدىمۇ بەگ بولغانىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئىراق ۋىلايىتىنى ئالغاندا، كىرماننى مەھمۇد بارلاس بەرگەنىدى. ئەبابەكر مىرزا (30) مەزىد بەگ ئارغۇن ۋە قارا قويلۇق تۈركمەن بەگلىرى بىلەن بىرلىشىپ سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا قارشى ھىسارغا كەلگەندە، سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئاغىسىنىڭ قېشىغا-سەمەرقەندكە كەتتى. مەھمۇد بارلاس ھىسارنى بەرمەي ياخشى ساقلىدى. شائىر ئىدى، دىۋان ② تۈزگەنىدى.

سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولغاندا، خۇسرەۋ شاھ بۇ ئىشنى ئەلدىن يوشۇرۇپ، خەزىنىگە قول ئۇزاتتى. مۇنداق خەۋەرنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولامدۇ؟ خەۋەر دەرھاللا پۈتۈن شەھەر خەلقىگە يېيىلدى. سەمەرقەند ئاھالىسى ئۈچۈن ئۇ كۈن چوڭ بىر ھېيت بولدى. سىپاھىي ۋە رائىيەلەر خۇسرەۋ شاھقا قارشى ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەھمەد ھاجى

---

① ئەيماق — بىر قوۋمنىڭ نامى بولسا كېرەك.
② بۇ يەردىكى «دىۋان» سۆزى شېئىر توپلىمى مەنىسىدە كەلگەن.

بەگ ۋە تارخان بەگلىرى غوۋغانى بېسىپ، خۇسرەۋ شاھنى شەھەردىن چىقىرىپ ھىسارغا ماڭدۇردى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھايات ۋاقتىدا چوڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد مىرزىغا ھىسارنى، بايسۇنغۇر مىرزىغا بۇخارانى بېرىپ، ئۇلارنى يولغا سالغانىدى. بۇ ۋەقەدە ھېچقايسىسى ھازىر ئەمەس ئىدى. خۇسرەۋ شاھنى ھەيدىگەندىن كېيىن، سەمەرقەند ۋە ھىسار بەگلىرى كېڭىشىپ، بۇخارادىكى بايسۇنغۇر مىرزىنى ئالدۇرۇپ سەمەرقەند تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. بايسۇنغۇر مىرزا پادىشاھ بولغاندا ئون سەككىز ياشتا ئىدى.

شۇ مەزگىلدە سۇلتان مەھمۇدخان سۇلتان جۇنەيد (ب 30) بارلاسنىڭ ۋە سەمەرقەندتىكى بەزى كاتتىلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ، سەمەرقەندنى ئېلىش مەقسىتىدە چېرىك تارتىپ كەنباي تەۋەسىگە كەلدى. سەمەرقەندتىن بايسۇنغۇر مىرزىمۇ ياخشى قوراللانغان نۇرغۇن چېرىك بىلەن چىقىپ كەنبايدا سەپ تۈزۈپ ئۇرۇشتى. موغۇل چېرىكىنىڭ كاتتىبېشى بولغان ھەيدەر كۆكەلداش ئالدىنقى قىسىمدا ئىدى. ئۇ ھەممە چېرىكنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئوق ئېتىشقا بۇرۇدى. سەمەرقەند ۋە ھىسار يىگىتلىرىدىن تۈزۈلگەن نۇرغۇن ساندىكى ئاتلىق ۋە غەزەپلىك قوشۇننىڭ ئات سېلىپ كىرىشى بىلەن ھەيدەر بەگ باشلىق ئاتتىن چۈشكەنلەر تامامەن ئات ئاستىدا قالدى ۋە ئۇرۇشۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي مەغلۇپ بولدى. موغۇللاردىن نۇرغۇن ئادەم قىرىلدى. بايسۇنغۇر مىرزا ئۆز ئالدىدىلا نۇرغۇن ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدۇرۇپتۇ. شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، ئۆلۈكنىڭ كۆپلىكىدىن تەخت چېدىرىنى ئۈچ قېتىم يۆتكەپتۇ.

مەڭلىغ ئېلىدىن بولغان ئىبراھىم سارۇ ئىسفەرە قورغىنىغا كىرىپ، بايسۇنغۇر مىرزا نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، بىزگە قارشى مەيداندا بولدى. بۇ كىشى كىچىكىدىن ئاتام ئالدىدا خىزمەت قىلىپ بەگلىك مەرتىۋىسىگە چىققان ۋە كېيىنكى كۈنلەردە مەلۇم سەۋەب بىلەن ھەيدەلگەنىدى. شەبان ① ئېيىدا ئىبراھىم سارۇنىڭ پىتنىسىگە قارشى (31) چېرىك تارتىپ، شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىسفەرەنى مۇھاسىرە قىلدۇق. بۇ كۈنى يىگىتلەر چاققانلىق قىلدى. قورغاننىڭ سىرتىدىن قوپۇرۇلۇۋاتقان تاشقى قورغاننى بارغان ھامان ئالدى. ئىشىك ئاغىسى سەيىد قاسىم ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ياخشى قىلىچۋازلىق قىلدى. سۇلتان ئەھمەد تەنبەل ۋە مۇھەممەد دوست تاغلارمۇ قىلىچۋازلىق قىلدى. لېكىن باتۇرلۇق ئۈلۈشىنى سەيىد قاسىم ئالدى. باتۇرلۇق ئۈلۈشى موغۇللاردا مەدىمي رەسىمدۇر. كىمكى ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ قىلىچۋازلىق قىلسا، توي ۋە زىياپەتلەردە بۇ ئۈلۈشنى شۇ كىشى ئالاتتى. شاھرۇخىيەگە بېرىپ، تاغام سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن كۆرۈشكەندە، باتۇرلۇق ئۈلۈشنى سەيىد قاسىم ئالدى. بىرىنچى كۈندىكى جەڭدە خۇدابەردى تەتكەمگە زەمبىرەك ئوقى تېگىپ ئۆلدى. ساۋۇتسىز جەڭگە كىرگەنلىكى ئۈچۈن بەزى يىگىتلەر ئۆلدى، بىرمۇنچىسى يارىدار بولدى. ئىبراھىم سارۇنىڭ قېشىدا بىر زەمبىرەكچى بولۇپ، زەمبىرەكنى شۇنداق ئاتىدىكەنكى، مۇنداق زەمبىرەكچىنى كۆرمىگەنىدىم. يارىدار بولغانلارنىڭ كۆپچىلىكى

---

① شەبان — قەمەرىيە 8-ئاي.

شۇنىڭ ئۇقنى يېگەندى. قورغاننى ئالغاندىن كېيىن، بۇ زەمبىرەكچىنى ئۆز يېنىمغا ئېلىۋالدىم. مۇھاسىرە مۇددىتى ئۇزاردى. ئىككى-ئۈچ يەرگە سەركۇپ① ياساشقا، لەخمىلەر كولاشقا، (ب 31) قورغان ئېلىش ئەسۋابلىرىنى جىددىي تەييارلاشقا بۇيرۇقلار بېرىلدى. مۇھاسىرە قىرىق كۈنگە سوزۇلدى. ئاخىر ئىبراھىم سارۇ ئاجىز كېلىپ، خوجا مەۋلانا قازىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولدى ۋە شەۋۋال ئېيىدا ساداق، قىلىچىنى بويىنغا ئېسىپ چىقىپ، مۇلازىمەت قىلىپ قورغاننى تاپشۇردى.

خوجەند مۇ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئىدارىسى ئاستىدا بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى فەترەتتە بۇ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق بوشاپ قالغانلىقتىن، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ بولۇپ قالغانىدى. شۇنچە يېقىن يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇ يەرگىمۇ ھۇجۇم قىلدۇق. خوجەندتە ئەمىر موغۇلنىڭ ئاتىسى ئابدۇلۋەھھاب شىغاۋۇل تۇراتتى. بىزنىڭ يېتىپ بېرىشىمىزغا قورغاننى قارشىلىقسىز تاپشۇردى.

شۇ ئەسنادا سۇلتان مەھمۇدخان شاھرۇخىيەگە كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنراق، سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئەندجان تەۋەسىگە كەلگەن چاغدا، خانمۇ كېلىپ ئاخسىنى مۇھاسىرە قىلغانىدى، بۇ توغرۇلۇق يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۈلدى. مەن ئىچىمدە «خان ماڭا ئاتا، ئاغا بولىدۇ، ئارىمۇ شۇنچە يېقىن ئىكەن، ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلسام، ئۆتكەنكى كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈگىسە،

① سەركۇب — ئېگىز پەللە.

يىراق-يېقىندىكىلەر ئاڭلىسا ۋە كۆرسىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ»
دەپ ئويلىدىم-دە، كېلىپ شاھرۇخىيەنىڭ سىرتىدىكى ھەيدەر
بەگ سالدۇرغان باغدا خانغا مۇلازىمەت قىلدىم. خان باغنىڭ
ئوتتۇرىسىغا تىكىلگەن چوڭ (32) چېدىردا ئولتۇراتتى. چېدىرغا
كىرىپ ئۈچ قېتىم يۈكۈندۈم خانمۇ ھۆرمەت قىلىپ قوپتى ھەم
كۆرۈشۈپ بولۇپ يەنە يۈكۈنگەندىن كېيىن يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ
زور شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسەتتى.

بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن كەندەرلىك داۋىنى ئارقىلىق ئاخسى
ۋە ئەندىجانغا قاراپ يولغا چىقتىم. ئاخسىغا يېتىپ ئاتامنىڭ
مازىرىنى زىيارەت قىلدىم. ئاخسىدىن جۈمە ۋاقتىدا يولغا
چىقىپ، بەندسالار يولى ئارقىلىق شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا
ئەندىجانغا كەلدىم. بۇ بەندسالار يولى توققۇز يىغاچ كېلىدۇ،
ئەندىجان ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچى خەلقلىرىدىن بىرى چەگرەكلەر
ئىدى. بۇ بەش-ئالتە مىڭ ئۆيلۈك كۆپ خەلق بولۇپ، فەرغانە
بىلەن كاشغەر ئوتتۇرىسىدىكى تاغلاردا ياشايتتى. ئات، قويلىرى
بەك كۆپ ئىدى. ئۇ تاغلاردا كالا ئورنىغا قوتاز بېقىلاتتى.
ئۇلارنىڭ قوتازلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار چىقماققا تەس ھەم
چەت تاغلاردا تۇرغانلىقى ئۈچۈن مال بېرىشتە رايىش ئەمەس
ئىدى. ئۇلاردىن مال ئېلىپ كېلىپ، چېرىككە نەپ بېرىش
ئۈچۈن، چېرىكنى قاسىم بەگكە باشلىتىپ چەگرەكلەرگە
ماڭغۇزدۇم. قاسىم بەگ بېرىپ يىگىرمە مىڭغا يېقىن قوي،
مىڭ-مىڭ بەش يۈز ئات ئېلىپ كېلىپ چېرىككە ئۈلەشتۈرۈپ
بەردى.

چېرىك چەگرەكتىن يانغاندىن كېيىن، ئۆرەتېپەگە (ب 32)

يۇرۇش قىلدۇق. بۇرۇن ئۆمەر شەيخ مىرزىغا تەۋە بولغان بۇ يەر مىرزا ئۆلگەن يىلى قولدىن كەتكەنىدى. بۇ چاغدا بۇ يەرگە بايسۇنغۇر مىرزا ئىگە بولۇپ، ئىنىسى سۇلتان ئەلى مىرزا شۇ يەردە تۇراتتى. سۇلتان ئەلى مىرزا بىزنىڭ كېلىۋاتقىنىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆرەتېپەدە ئەتكىسى شەيخ زۇنۇننى قويۇپ، ئۆزى پۇلغۇر ۋە مەسىھا تاغلىرىغا چىقىۋالدى. خوجەندتىن ئۆتۈپ، يېرىم يولغا بارغاندا خەلفىنى شەيخ زۇنۇنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتىم. ئۇ دۆت ئىپلاس ئېنىق جاۋاب بەرمەي، خەلفىنى تۇتتۇرۇپ ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ئەجەل يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، خەلفە قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ مىڭبىر مۇشەققەت ۋە ئازابلارنى چېكىپ، ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن يالاڭ ھەم يالىڭاچ قايتىپ كەلدى. بىز ئۆرەتېپە تەۋەسىگە كەلدۇق. قىش يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەل ئاشلىق-تۈلۈكىنى يىغىپ بولغانىدى. شۇ سەۋەب بىلەن نەچچە كۈندىن كېيىن ئەندىجانغا قايتتۇق. بىز يانغاندىن كېيىن، خاننىڭ ئادەملىرى ئۆرەتېپەگە ھۇجۇم قىلدى. ئۆرەتېپەدىكىلەر بەرداشلىق بېرەلمەي، قورغاننى تاشلاپ قاچتى. خان ئۆرەتېپەنى مۇھەممەد ھۆسەين كوراگانغا بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ، 908-يىلغىچە ① ئۆرەتېپە مۇھەممەد ھۆسەين كوراگاننىڭ قولىدا بولدى.

① مىلادىيە 1502 — 1503-يىللار ئارىلىقى.

# توققۇز يۈز بىرىنچى يىل① ۋەقەلىرى

سۇلتان ھۆسەين مىرزا خۇراساندىن ھىسارغا (33) چېرىك تارتىپ، قىش مەزگىلىدە تىرمىز ئۇدۇلىغا كەلدى. سۇلتان مەسئۇد مىرزىمۇ چېرىك توپلاپ تىرمىزگە روبرو كېلىپ چۈشتى. خۇسرەۋ شاھ ئۆزى قۇندۇزنى مۇستەھكەم قىلىپ، ئىنىسى ۋەلىنى چېرىككە باش قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار دەريادىن ئۆتەلمەي، قىشنىڭ تەگدىن تولىسىنى دەريا بويىدا ئۆتكۈزدى. سۇلتان ھۆسەين مىرزا پۇختا ۋە تەجرىبىلىك پادىشاھ ئىدى. ئۇ قۇندۇز تەرەپكە قاراپ سۇ يۇقىرىسىغا كۆچتى ۋە ئۇدۇلىدىكى چېرىكنى غاپىل قىلىپ، ئابدۇللەتىف باخشى باشلىق بەش-ئالتە يۈز كىشىنى كىلىف كېچىكىگە ئەۋەتتى. قارشى تەرەپ تۇيغىچە، ئابدۇللەتىف باخشى بەلگىلەنگەن ئادەملەر بىلەن كىلىف كېچىكىدىن ئۆتۈپ دەريا ياقىسىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ خەۋەر سۇلتان مەسئۇد مىرزىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋەلى خۇسرەۋ شاھ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. لېكىن سۇلتان مەسئۇد مىرزا جۈرئەتسىزلىكتىن ياكى ۋەلىنىڭ رەقىبى بولغان باقى چاغانىيانىنىڭ پىكرى بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماي، يېڭىلگەن ھېسابتا ھىسار تەرەپكە ياندى.

---

① مىلادىيە 1495-يىللار ئارىلىقى.

سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەدىئۇززەمان مىرزا، ئىبراھىم ھۆسەيىن مىرزا، مۇھەممەد ۋەلى بەگ ۋە زۇنۇن ئارغۇنلارنى ئىلغار قىسىم قىلىپ خۇسرەۋ شاھقا قارشى ماڭدۇردى؛ مۇزەففەر مىرزا، (ب 33) مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاسلارنى خەتلان ئۈستىگە ماڭدۇردى؛ ئۆزى ھىسار ئۈستىگە كەلدى. ئۇ ھىسارغا يېقىنلاشقاندا، ھىساردىكىلەر بۇنىڭدىن خەۋەردار بولدى، سۇلتان مەسئۇد مىرزا ھىساردا تۇرۇشنى لايىق كۆرمەي، كەمرۇد دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تاغ يولى ئارقىلىق ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزا قېشىغا-سەمەرقەندكە كەتتى. ۋەلىمۇ خەتلان تەرەپكە ماڭدى. ھىسار قورغىنىنى ساقلاشقا بولسا، باقى چاغانىيانى، مەھمۇد بارلاس ۋە سۇلتان ئەھمەد قۇچ بەگنىڭ ئاتىسى قالدى. نەچچە يىللاردىن بۇيان شەيبانىخاندىن ئايرىلىپ كېلىپ، سۇلتان مەھمۇد مىرزا خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتقان ھەمزە سۇلتان بىلەن مەھدى سۇلتان بارلىق ئۆزبېكلىرى بىلەن بىللە، مۇھەممەد دوغلات بىلەن سۇلتان ھۆسەيىن دوغلات ھىسار ۋىلايىتىدىكى بارلىق موغۇللار بىلەن بىللە بۇ ۋەيرانچىلىقتا قارا تىگىن تەرەپكە ماڭدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەبۇلمۇھسىن مىرزا باشلىق بىر تۈركۈم يىگىتلەرنى كەمرۇد ئېغىزىنىڭ يۇقىرىسىغا سۇلتان مەسئۇد مىرزا كەينىدىن ئەۋەتتى. تاغ ئارىسىغا كىرگەن چاغدا، كەينىدىن يېتىشىپ باردى. لېكىن ھېچ ئىش قىلالمىدى. مىرزا بەگ فەرەنگباز بۇ يەردە قىلىچۋازلىق قىلدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئىبراھىم تارخان ۋە ياقۇپ ئەييۇب باشلىق بىر قىسىم

چېرىكنى ھەمزە سۇلتان ۋە موغۇللار ئۈستىگە — قارا تىگىنگە ئەۋەتتى. ئۇلار قارا تىگىندە يېتىشىپ بېرىپ ئۇرۇشتى. ئۇلار سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ (34) ئىلغار قىسمىنى يېڭىپ، بۇ بەگلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى ئەسىرگە ئېلىپ يەنە قويۇۋەتتى. ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان، ھەمزە سۇلتاننىڭ ئوغلى ماماق سۇلتان، كېيىنكى كۈنلەردە مۇھەممەد ھىسارىي دەپ ئاتالغان مۇھەممەد دوغلات، سۇلتان ھۆسەيىن دوغلات ۋە بۇ سۇلتانلارغا قاراشلىق ئۆزبېكلەر، ھىسار ۋىلايىتىدە سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا خىزمەت قىلىۋاتقان موغۇللار شۇ چىققىنىچە رامىزان ئېيىدا بىزنى دەپ ئەندىجانغا كەلدى. ئۇ چاغدا تېمورىيە سۇلتانلىرىنىڭ دەستۇرى بويىچە تۆشەك ئۈستىدە ئولتۇراتتىم. ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان ۋە ماماق سۇلتانلار كىرگەندە، بۇ سۇلتانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تۆشەكتىن چۈشۈپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇم. سۇلتانلارنى ئو ڭ قول تەرىپىمدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغۇزدۇم. مۇھەممەد ھىسارىي باشلىق بارلىق موغۇللار كەلدى ۋە ھەممىسى خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا كېلىپ، ھىسار قورغىنىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. لەخمە قېزىش، قورغانغا ھۇجۇم قىلىش، تاش ئېتىش ۋە توپ ئورنىتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن كېچە-كۈندۈز ئارام ئالماي ھەپىلەشتى. تۆت-بەش يەردە لەخمە قېزىلدى. شەھەر دەرۋازىسىدا قېزىلغان لەخمە ئىلگىرىلەپ بېرىپ، شەھەر ئىچىدىكىلەر قېزىۋاتقان لەخمە بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. قورغاندىكىلەر (ب 34) بۇلارغا ئىس قويدى. قورغان

سىرتىدىكىلەر تۆشۈكنى ئېتىۋەتكەندى، ئىس يۇقىرىغا ئۆرلەپ قورغاندىكىلەرگە ياندى. قورغاندىكىلەر ئىسقا بوغۇلۇپ ئۆلۈم خەۋپىدە قېچىپ چىقتى. ئاخىر ئۇلار كوزىلاردا سۇ توشۇپ قۇيۇپ قورغان ئېشىدىكىلەرنى لەخمىدىن قاچۇردى. يەنە بىر قېتىمدا بىر توپ چەبدەس يىگىتلەر چىقىپ لەخمە ئۈستىدىكى يىگىتلەرنى قاچۇردى. يەنە بىر قېتىمدا قورغان ئېشىدىكىلەر مىرزا چۈشكەن شىمال تەرەپتىن توپ بىلەن تاش ئېتىپ قورغان ئېمىنىڭ بىر بۇرجىكىنى كاۋاك قىلىپ، ناماز خۇپتەنگىچە بۇ بۇرجەكنى ئۆزۈۋەتتى. بىرمۇنچە يىگىتلەر ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن مىرزا «كېچىدە بولمايدۇ» دەپ رۇخسەت قىلمىدى. قورغان ئىچىدىكىلەر تاڭ ئاتقۇچە بۇ ئۆرۈلگەن بۇرجەكنى قوپۇرۇپ ئېتىۋالدى. ئەتىسى ئۇرۇشمۇ بولمىدى. بۇ ئىككى ئاي، ئىككى يېرىم ئاي ئىچىدە ھەيۋە قىلىش، لەخمە كولاش، سەركۇب قوپۇرۇش، تاش ئېتىشتىن باشقا تۈزۈكرەك ئۇرۇشمۇ بولمىدى.

خۇسرەۋ شاھ ئۈستىگە ماڭدۇرۇلغان بەدىئۇززامان باشچىلىقىدىكى قوشۇن قۇندۇزنىڭ ئۈچ-تۆت يىغاچ تۆۋىنىگە چۈشكەندە، خۇسرەۋ شاھ بارلىق ئادىمىنى تەشكىللەپ قۇندۇزدىن چىقىپ، ئارىدا بىر قونۇپ، بەدىئۇززەمان مىرزا باشچىلىقىدىكى قوشۇنغا قارشى سەپ تارتىپ كەلدى. بەدىئۇززەمان تەرەپتىكى شۇنچە مىرزىلار ۋە سەردار بەگلەر (35) گەرچە خۇسرەۋ شاھنىڭكىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە بولمىسا، بىر يېرىم ھەسسە كۆپ چېرىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئارتۇق ئېھتىيات قىلىپ خەندەكلىرىدىن چىقماي قويدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ

ياخشى-يامان، چوڭ-كىچىك بولۇپ تۆت-بەش مىڭدەك نۆكىرى بار ئىدى. خۇسرەۋ شاھ بۇ پانىي دۇنيا ۋە بىۋاپا نۆكەر ئۈچۈن شۇنچە يامانلىق ۋە يامان ئاتاقلاردىن باش تارتماي، شۇنچە زۇلۇم-ستەملەرنى ئۆزىگە شوئار قىلغان ۋە شۇنچە چوڭ ۋىلايەتلەرنى ئېلىپ، شۇ قەدەر كۆپ نۆكەرگە ئىگە بولۇش كويىغا كىرگەنىدى. ئاخىرىدا نۆكەر-چاكارلىرى يىگىرمە-ئوتتۇزمىڭغا يېتىپ، ۋىلايىتى ئۆز پادىشاھ ۋە مىرزىلىرىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىدە قىلغان ئىشى شۇ بولدى ۋە شۇنىڭ بىلەن خۇسرەۋ شاھ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر سەردار ھېسابلىنىپ مەردانە بولدى، خەندەكتىن چىقمىغانلار قورققان ھېسابلىنىپ، جۇرئەتسىزلىكتە ئەپسانە بولدى.

بەدىئۇززەمان مىرزا ئۇ يەردىن كۆچۈپ، بىرنەچچە قونۇپ تالىقانىنىڭ ئالغۇ تېغىغا كېلىپ چۈشتى. خۇسرەۋ شاھ قۇندۇز قورغىنىدا ئىدى، ئۇ تاشقىرىدىن خۇدۇك ۋە تەشۋىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىنىسى ۋەلىنى بىر بۆلەك ئوبدان يىگىتلەر بىلەن ئىشكەمىش، فۇلۇل ۋە شۇ تەرەپتىكى تاغ ئېتەكلىرىگە ئەۋەتكەنىدى. مۇھىب ئەلى قورچى بىر بۆلەك ئوبدان يىگىتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، خەتلان سۈيىنىڭ (ب 35) ياقىسىدا ئۇلارنىڭ ئادەملىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە بىر بۆلەك كىشىنى ئەسىرگە ئېلىپ، بىرمۇنچە باشلارنى كېسىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن دەندەپ، ئاخىرقى نۆۋەتتە سەيدىم ئەلى دەربان، ئۇنىڭ ئىنىسى قۇلى بەگ ۋە بەھلۇل ئەييۇب بىر قىسىم ئوبدان يىگىتلەر بىلەن كېلىپ، ئەمبەر تېغى ئېتىكىدىكى

خوجا چەنگال تەۋەسدە خۇراسان چېرىكى كۆچكەن مەزگىلدە ئۇلار بىلەن تۇتۇشتى. نەتىجىدە ئۇ تەرەپنىڭ ئادىمى كۆپ كېلىپ، سەيدىم ئەلى، قۇلبابا باشلىق بىر بۆلەك ئوبدان يىگىتلەرنى ئەسىرگە چۈشۈردى.

بۇ خەۋەر سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىغا يېتىپ باردى. ھىسارنىڭ ئەتىيازلىق يامغۇرلىرى سەۋەبىدىن چېرىك ئىچىدە تەشۋىشلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇڭا يارىشىش تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىچكىرىدىن مەھمۇد بارلاس كەلدى، تاشقىرىدىن ھاجى پىر بەكاۋۇل ① ۋە چوڭ ئاغلار كەلدى ۋە سازەندە-ناخشىچىلارنى يىغىپ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ خانزادە بېگىمدىن بولغان چوڭ قىزىنى سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ پايەندە سۇلتان بېگىم (سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ نەۋرىسى)دىن بولغان ئوغلى ھەيدەر مىرزىغا ئېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا مۇھاسىرىنى بوشىتىپ، قۇندۇز تەرەپكە يۈزلەندى. قۇندۇزغا كېلىپمۇ ئانچە-مۇنچە ھەيۋە قىلىپ، قورشىغان ھالەتتە بولدى. ئاخىردا بەدىئۇززەمان مىرزىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن يارىشىپ، ئۆزئارا ئەسىر ئېلىشقان يىگىتلەرنى ئالماشتۇرۇپ (36) قايتتى.

خۇسرەۋ شاھنىڭ شۇ قەدەر زورىيىپ كېتىشىگە، شۇ قەدەر ھەددىدىن ئاشقان ئىشلارنى قىلالىشىغا، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ ئىككى قېتىم كېلىپ، ئۇنى يېڭەلمەي قايتىشى سەۋەب بولدى.

---

① بەكاۋۇل ياكى باقاۋۇل — ھۆكۈمدارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە ۋە بۇ جەھەتتىكى بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بەگ.

سۇلتان ھۆسەين مىرزا بەلخقە يەتكەندە، ماۋرائۇننەھر ۋىلايىتىنىڭ تىنچلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بەلخنى بەدىئۇززەمان مىرزىغا بېرىپ، ئەسلىي بەدىئۇززەمان مىرزىنىڭ ۋىلايىتى بولغان ئاستىرابادنى مۇزەففەر ھۆسەين مىرزىغا بەردى ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ رەسمىيىتىنى بىر يىغىلىشتا ئۆتىدى. بۇنىڭغا بەدىئۇززەمان مىرزا نارازى بولدى. قانچە يىللار داۋام قىلغان يىغلىق ۋە پىتنىلەرنىڭ سەۋەبى مانا شۇ ئىدى.

مۇشۇ رامىزان ئېيىدا، سەمەرقەندتە تارخانلار توپىلىڭى كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: بايسۇنغۇر مىرزا ھىسار بەگلىرى ۋە سىپاھىيلىرى بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ، سەمەرقەند بەگلىرى ۋە سىپاھىيلىرى بىلەن ئانچە ئارىلاشمايتتى. شەيخ ئابدۇللا بارلاس كاتتا ئىختىيار بەگ ئىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مىرزا بىلەن شۇ دەرىجىدە يېقىن ئىدىكى، كىشىلەر ئۇلارنى ئاشىق-مەشۇقلارغا ئوخشىتاتتى. تارخان بەگلەر ۋە بەزى سەمەرقەند بەگلىرى بۇنىڭغا قاتتىق نارازى ئىدى. دەرۋىش مۇھەممەد تارخان بۇخارادىن كېلىپ، سۇلتان ئەلى مىرزىنى قەرشىدىن ئالدۇرۇپ، پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ، باغى نەۋگە ئېلىپ كەلدى. بايسۇنغۇر مىرزا باغى نەۋدە ئىدى، ئۇنى تۇتقۇن سۈپىتىدە (ب 36) نۆكەر-چاكارلىرىدىن ئايرىپ ئەرككە كەلتۈرۈپ، ھەر ئىككى مىرزىنى بىر يەرگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار نامازدىگەر مەزگىلىدە بايسۇنغۇر مىرزىنى كۆك سارايغا چىقارماقچى ئىدى. بايسۇنغۇر مىرزا تاھارەت ئېلىش باھانىسى بىلەن بوستان سارايىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىردى. ئىشىكتە تارخانلار تۇراتتى. مۇھەممەد قۇلى

قەۋچىن ۋە ھەسەن شەربەتچى مىرزا بىلەن بىللە كىرگەنىدى. قارىسا، مىرزا تاھارەتكە كىرگەن ئۆيىنىڭ ئارقا تەرەپىدە خىش بىلەن قوپۇرۇۋەتكەن بىر ئىشىك بولۇپ، بۇ ئىشىكتىن ھويلا سىرتىغا چىققىلى بولىدىكەن. ئۇلار دەرھال بۇ خىش تامنى ئۆرۈپ چىقىپ، ئەركىنىڭ غاتفەر تەرىپىدىكى تاملارنىڭ بىرىدىن سۆڭگۈچ ئارقىلىق ئۆتۈپ، بۇرجەك تامدىن ئارتىلىپ خوجا كەفشىردىكى خاجەگا خوجىنىڭ ئۆيىگە باردى. ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىدە تۇرغانلار بىرھازادىن كېيىن باشقىچە بىر ئەھۋالنى ھېس قىلىپ قارىسا، مىرزا قېچىپتۇ. ئەتىسى تارخانلار يىغىلىپ خاجەگا خوجىنىڭ ئىشىكىگە باردى. خوجا يوق دەپ بەرمىدى. ئۇلارمۇ زورلۇق قىلالمىدى. خوجىلارنىڭ ئورنى ئۇلارنىڭكىدىن ئالىي تۇرسا، قانداق زورلۇق قىلالىسۇن؟ بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن خوجا ئەبۇلمۇكارىم، ئەھمەد ھاجى بەگ ۋە باشقا بىرمۇنچە بەگ ۋە سىپاھىيلار ھەم پۈتۈن شەھەر خەلقى قوزغىلىپ (37) خوجىنىڭ ئۆيىدىن مىرزىنى كەلتۈرۈپ، سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن تارخانلارنى ئەرككە قامىۋالدى. ئەركتىكىلەر ئەركنى بىر كۈنمۇ قوغدىيالمىدى. مۇھەممەد مەزىد تارخان چەھاررەھ دەۋازىسىدىن چىقىپ بۇخاراغا كەتتى. سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن دەرۋىش مۇھەممەد تارخان قولغا چۈشتى. بايسۇنغۇر مىرزا ئەھمەد ھاجى بەگنىڭ ئۆيىدە ئىدى. دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننى شۇ يەرگە ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن بىر-ئىككى ئېغىز گەپ سورىدى. ئۇ ياخشى جاۋاب بېرەلمىدى. جاۋاب بېرەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. دەرۋىش مۇھەممەد تارخان

چىدىماي، تۇۋرۇككە يېپىشۋالدى. لېكىن تۇۋرۇككە يېپىشۋېلىش بىلەن قۇتۇلالامتى؟ ئۆلتۈرۈلدى. سۇلتان ئەلى مىرزىنى كۆك سارايغا چىقىرىپ كۆزىگە مىل تارتىشقا① بۇيرۇدى.

تېمۇر بەگ سالدۇرغان ئالىي ئىمارەتلەرنىڭ بىرى كۆك ساراي بولۇپ، سەمەرقەندنىڭ ئەركىگە جايلاشقان. بۇ ئىمارەتنىڭ ئاجايىپ بىر خۇسۇسىيىتى بار: تېمۇر بەگ ئەۋلادىدىن ھەر كىم باش كۆتۈرۈپ چىقىپ تەختكە ئولتۇرسا، مۇشۇ يەردە ئولتۇرىدۇ؛ ھەر كىم تەخت تەمەسى بىلەن كاللىسىدىن ئايرىلسا، مۇشۇ يەردە ئايرىلىدۇ، ھەتتا «پالانى شاھزادىنى كۆك سارايغا چىقاردى» دېگەن سۆز ئۇنى ئۆلتۈردى دېگەن سۆزگە كىنايە بولۇپ قالغانىدى.

سۇلتان ئەلى مىرزىنى كۆك سارايغا چىقىرىپ كۆزىگە مىل تارتتى. لېكىن جەرراھنىڭ قەستەن قىلغانلىقىدىنمۇ (ب 37) ياكى بىپەرۋالىق قىلغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ كۆزىگە زەخىم يەتمىدى. مىرزا بۇ ھالنى تۇيدۇرماستىن، خوجا يەھيانىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن قېچىپ بۇخاراغا — تارخانلار قېشىغا كەتتى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن خوجا ئۇبەيدۇللا ھەزرەتلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولۇپ، چوڭى، چوڭىنى يۆلەيدىغان، كىچىكى، كىچىكىگە پاناھ بولىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خوجا يەھيامۇ بۇخاراغا باردى. بايسۇنغۇر مىرزا چېرىك تارتىپ بۇخاراغا — سۇلتان ئەلى

① كۆزگە مىل تارتماق — كۆزگە نەشتەر سانجىپ، كۆزنى كور قىلماق.

مىرزىغا قارشى ماڭدى. ئۇ بۇخاراغا يېقىن بارغاندا، سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن تارخان بەگلەرمۇ سەپ تۈزۈپ چىقتى. ئازراق جەڭ بولدى، سۇلتان ئەلى مىرزا غەلىبە قىلىپ، سۇلتان بايسۇنغۇر مىرزا مەغلۇپ بولدى، ئەھمەد ھاجىبەگ قاتارلىق بىرمۇنچە ئوبدان يىگىتلەر ئەسىرگە چۈشۈپ، كۆپچىلىكى ئۆلتۈرۈلدى. ئەھمەد ھاجىبەگنى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان قىساسى ئۈچۈن بىئىززەتانە ئۆلتۈردى.

سۇلتان ئەلى مىرزا بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر شەۋۋال ئېيىدا ئەندىجانغا — بىزگە يېتىپ كەلدى. بىزمۇ سەمەرقەند تەمەسى بىلەن مۇشۇ شەۋۋال ئېيىدىلا سەمەرقەندكە چېرىك تارتتۇق. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ھىسار ۋە قۇندۇزدىن يانغاندىن كېيىن، سۇلتان مەسئۇد مىرزا بىلەن خۇسرەۋ شاھ خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. سۇلتان (38) مەسئۇد مىرزىمۇ سەمەرقەند تەمەسى بىلەن شەھرى سەبىز ئۈستىگە كەلدى. خۇسرەۋ شاھ ئىنىسى ۋەلىنى مىرزىغا قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. بىز ئۈچ تەرەپتىن سەمەرقەندنى ئۈچ-تۆت ئاي مۇھاسىرە قىلدۇق. خوجا يەھيا سۇلتان ئەلى مىرزا قېشىدىن كېلىپ، ئىتتىپاق تۈزۈپ بىر سەپ بولۇش توغرۇلۇق سۆز ئاچتى. سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن ئىككىمىز يۈزتۇرا سۆزلەشمىگەن بولۇپ، سەمەرقەندنىڭ ئىككى-ئۈچ شەرئى تۆۋىنىدىكى سوغد تەرەپىدىن چېرىكىم بىلەن مەن باردىم، ئۇ تەرەپتىن سۇلتان ئەلى مىرزا چېرىكى بىلەن كەلدى. ئۇ ياقتىن سۇلتان ئەلى مىرزا تۆت-بەش كىشى بىلەن، بۇ تەرەپتىن مەن تۆت-بەش كىشى بىلەن كۆھەك سۈيىنىڭ

ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، ئات ئۈستىدىلا كۆرۈشۈپ سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۇلار ئۇ تەرەپكە كەتتى، مەن بۇ تەرەپكە قايتىپ كەلدىم. موللا بىنائىنى ۋە مۇھەممەد سالىھنى شۇ يەردە خوجا خىزمىتىدە كۆردۈم. مۇھەممەد سالىھنى كۆرۈشۈم شۇ بىر قېتىملا بولۇپ قالدى، موللا بىنائى كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ خىزمىتىمدە خېلى ۋاقىت بولدى.

سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، قىش يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، سەمەرقەند ئاھالىسىنىڭمۇ ئەھۋالى بەك قىيىنلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئەندىجانغا قايتتىم، سۇلتان ئەلى مىرزا بۇخاراغا قايتتى. سۇلتان مەسئۇد مىرزا ئابدۇللا بارلاسنىڭ قىزىغا بەك ئاشىق ئىكەن، ئۇنى ئېلىپ يۇرت ئېلىش تەمەسىدىن كېچىپ ھىسارغا (ب 38) ياندى، دېمەك ئۇنىڭ بۇ كېلىشتىن غەرىزى شۇ ئىكەن. شىراز ۋە كەنباي تەۋەسىدىن مەھدى سۇلتان قېچىپ سەمەرقەندكە بېرىۋالدى. ھەمزە سۇلتان زامىندىن ئىجازەت بىلەن سەمەرقەندكە باردى.

# توققۇز يۈز ئىككىنچى يىل ① ۋەقەلىرى

بۇ قىشتا بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ ئىشلىرىدا كۆپ ئىلگىرىلەش بولدى. سۇلتان ئەلى مىرزا ئەۋەتكەن ئابدۇلكەرىم ئەشرەت كۇفىن تەۋەسىگە كەلگەندى. سەمەرقەندتىن مەھدى سۇلتان بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ ئىلغار قىسمىنى باشلاپ ئۇلارغا قارشى كەلدى. ئابدۇلكەرىم ئەشرەت بىلەن مەھدى سۇلتان بىر-بىرىگە روبرو كېلىپ قالدى. مەھدى سۇلتان ئابدۇلكەرىمنىڭ ئېتىغا قىلىچىنى سانجىغاندى، ئات يىقىلدى، ئابدۇلكەرىم قوپۇشقا تەمشەلگەندە، مەھدى سۇلتان ئۇنىڭ قولىنى بېغىشىدىن چېپىۋەتتى ۋە ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ، بۇ ئىلغار قىسمىنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلدى. بۇ سۇلتانلار سەمەرقەند ئىشىنى ۋە مىرزىلارنىڭ سارىيىنى مۇقىمسىز چاغلاپ، ئەتىياز كېلىشى بىلەن شەيبانىخان قېشىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سەمەرقەندلىكلەر بىرلىشىپ، سۇلتان ئەلى مىرزىغا قارشى چېرىك تارتىپ چىقتى. بايسۇنغۇر مىرزا سەرپۇلغا كەلدى، سۇلتان ئەلى مىرزا خوجا كازرۇنغا كەلدى. شۇ پۇرسەتتە، خوجا مۇنىر ئوشنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خوجا ئەبۇلمۇكارىم ۋە ئەندجان بەگلىرىدىن (39) ۋەيس لاغەرى، مۇھەممەد باقىر، قاسىم دولداي ۋە بايسۇنغۇر

① مىلادىيە 1496 — 1497 -يىللار ئارىلىقى.

مىرزىنىڭ ئىچكىلىرىدىن① بىر بۆلەك كىشى ئىلغار بولۇپ بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. ئۇلار بۇخاراغا يېقىنلاشقاندا، بۇخارادىكى-لەر بىلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىش قىلالماي قايتتى.

سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن كۆرۈشكەندە، ياز كېلىشىگە ئۇلار بۇخارادىن، مەن ئەندىجاندىن كېلىپ سەمەرقەندنى قورشىماقچى بولۇشقانىدۇق. شۇ ئەھدە بويىچە، رامىزان ئېيىدا ئەندىجاندىن ئاتلىنىپ، يار يايلاق تەۋەسىگە كەلگەندە مىرزىلارنىڭ روبىرو بولۇشۇپ تۇرغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تولۇن خوجا موغۇلنى ئىككى-ئۈچ يۈز چەبدەس يىگىت بىلەن ئىلغار قىسىم قىلىپ ئەۋەتتۇق، بۇلار يېقىن بارغان چاغدا، بايسۇنغۇر مىرزا بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تېپىپ يېڭىلگەن تەرزدە چېكىنىپتۇ. بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز شۇ كېچىسى ئۇدۇل باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇن ئادىمىنى ئوق بىلەن يېقىتىپ، نۇرغۇن ئولجا ئېلىپ كەلدى. بىز ئىككى كۈندىن كېيىن شىراز قورغىنىغا يەتتۇق. شىراز قاسىم دولدايدا ئىدى. دورغىسى شىرازنى قوغدىيالماي، قورغاننى بىزگە تاپشۇردى. شىراز قورغىنى ئىبراھىم سارۇغا ئەھدە قىلىندى. ئەتىسى روزى ھېيت نامىزىنى شۇ يەردە ئوقۇپ، سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپ، ئاپار (ئايبار) قورۇقىغا كېلىپ چۈشتۇق. شۇ كۈنى قاسىم دولداي، ۋەيس لاغەرى، ھەسەن نەبىرە، سۇلتان مۇھەممەد سىنەيفەل (ب 39)، سۇلتان مۇھەممەد ۋەيسلەر ئۈچ-تۆت يۈز ئادەم بىلەن كېلىپ ماڭا مۇلازىمەت قىلدى ۋە:

---

① ئىچكى — ھۆكۈمدارنىڭ يېقىن ئادەملىرى؛ تېخى بەگلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن ساراي ئەمەلدارلىرى.

«بايسۇنغۇر مىرزا كۆچۈپ يانغاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ پادىشاھ قۇللۇقىغا كەلدۇق» دېدى. لېكىن، كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ئەسلىي تەلەپ بىلەن بايسۇنغۇر مىرزىدىن ئايرىلىپ، شىرازنى مۇداپىئە قىلىشقا كەلگەنىكەن، شىراز ئىشى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئامالسىزلىقتىن بۇ يەرگە كېلىپتۇ. قارا بۇلاققا چۈشكىنىمىزدە، بىزگە ئۆتكەن بەزى قىشلاقلاردا بوينى قاتتىقلىق قىلغان موغۇللارنى تۇتۇپ كەلتۈردى. قاسىم بەگ قورقۇتۇش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچىنى چاپتۇردى. تۆت-بەش يىلدىن كېيىن قازاقلىقتا يۈرۈپ، مەسىھادىن خان قېشىغا ماڭغىنىمدا، قاسىم بەگ مۇشۇ سەۋەب بىلەن بىزدىن ئايرىلىپ، ھىسارغا كەتكەنىدى. بىز قارا بۇلاقتىن كۆچۈپ، دەريادىن ئۆتۈپ، يامىنىڭ ئۇدۇلىغا چۈشتۇق. شۇ كۈنى ئىچكى بەگلەردىن① بەزىلىرى كوچا بېشىدا بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن تۇتۇشتى. دۇشمەن سۇلتان ئەھمەد تەنبەلنىڭ بوغزىغا نەيزە سانجىپ يىقىتتى، لېكىن قولغا چۈشۈرەلمىدى. خوجا كەلاننىڭ چوڭ ئاغىسى خاجىگى موللا سەدر بويىنىغا ئوق تېگىپ، شۇ زامان تەڭرى رەھمىتىگە باردى. ياخشى يىگىت ئىدى. ئاتام ئەتىۋارلاپ مۆھۈردار قىلغانىدى. ئىلمىگە (40) قىزىقاتتى. قەلىمى كۈچلۈك ئىدى. قۇشچىلىق ۋە يەدەچىلىكتىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى.

يام تەۋەسىدە تۇرغىنىمىزدا، شەھەردىن نۇرغۇن سودىگەر ۋە باشقىلار چىقىپ، ئوردۇ بازىرىدا سودا-سېتىق قىلىپ تۇردى.

① ئىچكى بەگ — ھۆكۈمدار سارىيىدىكى بەگ.

بىر كۈنى نامازدىگەر مەزگىلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئالا-توپىلاڭ بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىدى. لېكىن چېرىكتە ئىنتىزام شۇ دەرىجىدە چىڭ ئىدىكى، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ھېچكىم ھېچ نەرسىنى ئېلىپ قالماي قايتۇرۇپ بەرسۇن دېگەن پەرمان چۈشۈرۈلدى. ئەتىسى بىر پەھەر ① ئۆتمەيلا مەزمۇندا يىپ ئۇچى، يىڭنە سۇنۇقىغىچە نەرسە چېرىك قولىدا قالمىدى، ھەممىسى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

بۇ يەردىن كۆچۈپ، سەمەرقەندنىڭ شەرق تەرىپىدىكى خان يۇرتىغا چۈشتۇق. بۇ يەردىن سەمەرقەندكە ئۈچ كۇرۇھ ② كېلىدۇ. بۇ قارارگاھتا قىرىق-ئەللىك كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بۇ يەردە تۇرغىنىمىزدا، بىرقانچە قېتىم ھەر ئىككى تەرەپتىن يىگىتلەر چىقىپ يول ئۈستىدە ئوبدان قىلىچلاشتى. بىر قېتىم ئىبراھىم بەگچىك يول ئۈستىدە قىلىچلىشىپ يۈزىگە قىلىچ تېگىپ يارىلاندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نامى ئىبراھىم چاپۇق بولۇپ قالدى. يەنە بىر قېتىم، ئەبۇلقاسىم كوھبەر يول ئۈستىدە — پۇلى مەغەكتە جەڭ قىلدى. يەنە بىر قېتىم، يول ئۈستىدە — تەرناۋ تەۋەسىدە قىلىچ جېڭى بولۇپ (ب 40)، بۇنىڭغا مىرشاھ قەۋچىن قاتناشتى، ئۇنى شۇنداق چاپتىكى، قىلىچ بوينىنىڭ يېرىمىغىچە ئۆلتۈرۈشۈپ، يالغۇز غول تومۇرىلا كېسىلمەي قېلىپتۇ.

---

① پەھەر — ھىندىستاندا قوللىنىلىدىغان ۋاقىت مىقدارى. بىر پەھەر = 3 سائەت.

② كۇرۇھ — مۇساپە ئۆلچىمى. بابۇر ھىندىستانلىقلار «مىل» نى كۇرۇھ دەيدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ 4000 قەدەمگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ (ب 351-بەت)

خان يۇرتىدا تۇرغىنىمىزدا، ئىچكىرىدىكىلەر ھىيلە بىلەن «كېچىدە غارى ئاشقانغا كەلسەڭلار، قورغاننى بېرىمىز» دەپ ئادەم چىقاردى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، كېچىدە ئاتلىنىپ پۈلى مەغاككە كەلدىم. بىر قىسىم ئوبدان يىگىتلەر بىلەن پىيادىلەر بەلگىلەنگەن يەرگە ئەۋەتىلدى. ئىچكىرىدىن بىزنىڭ پىيادىلەردىن تۆت-بەش كىشىنى چىقارغان چاغدىلا ئىشتىن ۋاقىپ بولدۇق. بۇلار كۈچلۈك پىيادىلەر ئىدى، بىرىنىڭ ئېتى ھاجى بولۇپ، ماڭا كىچىكىدىن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى، يەنە بىرىنى مەھمۇد كۆندۈرسەڭەك دەپ ئاتايتتى. ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. بۇ يۇرتتا تۇرغان كۈنلىرىمىزدە، سەمەرقەندتىن شەھەرلىكلەر ۋە سودىگەرلەر شۇنداق كۆپ چىقىپ تۇردىكى بۇ يەر خۇددى بىر ئوردۇ شەھىرى بولۇپ كەتتى. شەھەردىن تېپىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى.

بۇ ۋاقىتقىچە، يالغۇز سەمەرقەندتىن باشقا ھەممە قورغان، تاغ ۋە دالىنى ئېلىپ بولغانىدۇق، شاھدار (شاۋدار) تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى ئۆزكەت ناملىق قورغاننى بىر بۆلەك كىشىلەر بېكىتىۋالغانىدى①. زۆرۈرىيەت بولۇپ، بۇ يۇرتتىن كۆچۈپ شۇ ئۆزكەتكە يۈرۈش قىلدۇق، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەي، خوجا قازىنى (41) ئارىغا سېلىپ تەسلىم بولدى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەمەرقەندنى مۇھاسىرىسىگە قايتىپ كەلدۇق.

① بۇ كىتابتا مەلۇم جاي ئىسمى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن «بېكىتمەك» سۆزى شۇ جايغا بېكىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ياكى ئىسيان كۆتۈرۈش مەنىسىدە كېلىدۇ.

شۇ يىلى سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا بىلەن بەدىئۇززەمان مىرزا ئۇتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتلەر ئۇلارنى ئۇرۇشقا ئېلىپ كىردى. بۇنىڭ تەپسىلاتى شۇكى: ئۆتكەن يىل بەلخنى بەدىئۇززەمان مىرزىغا، ئاستىرابادنى مۇزەففەر مىرزىغا بېرىپ رەسمىيەت ئادا قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. شۇ چاغدىن ھازىرغىچە ئەلچىلەر باردى ۋە كەلدى، ئاخىرى ئەلشىر بەگمۇ ئەلچىلىككە كەلدى. ھەرقانچە سايە قىلىنىپ باققان بولسىمۇ، بەدىئۇززەمان مىرزا ئاستىرابادنى ئىنىسىغا بېرىشكە رازى بولمىدى. «مېنىڭ ئوغلۇم مۇھەممەد مۆمىن مىرزىنى سۈننەت قىلغاندا، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا بۇ يەرنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان» دېدى ئۇ. بىر كۈنى ئەلشىر بەگ بىلەن مىرزا ئوتتۇرىسىدا بىر سۆھبەت بولۇپ ئۆتتىكى، بۇ سۆھبەتتىن مىرزىنىڭ قانچىلىك ئۆتكۈرلۈكىنى ۋە ئەلشىر بەگنىڭ ھېسداشلىق قەلبىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەلشىر بەگ مەخپىي سۆزلەرنى مىرزىغا تەكىتلەپ ئېيتتى-دە، «بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇڭ» دېدى. مىرزا دەرھاللا «قايسى سۆزلەرنى؟» دەپ سورىدى. ئەلشىر بەگ قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆپ يىغلىدى. ئاخىردا، ئاتا-بالا ئارىسىدىكى بۇ گەپ-سۆزلەر شۇنىڭغا ئېلىپ كەلدىكى، ئاتىسى ئۇنىڭغا قارشى، ئوغلى ئاتىسىغا قارشى بەلخ ۋە ئاستىرابادقا چېرىك تارتتى. گەرزەۋاننىڭ ئايىقىدىكى (ب 41) يەكچىراغ ئوتلىقىغا تۆۋەندىن سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا، يۇقىرىدىن بەدىئۇززەمان مىرزا كەلدى. چارشەنبە كۈنى، رامىزاننىڭ بىرىدە ئەبۇلمۇھسىن مىرزا سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ بىرقانچە بەگلىرى بىلەن بىر بۆلەك ئىلغار قىسمىنى باشلاپ ئىلگىرىلەپ كەلدى. بەك

قاتتىق ئۇرۇشمۇ بولمىدى، بەدىئۇززەمان مىرزا مەغلۇپ بولدى. نۇرغۇنلىغان ئوبدان يىگىتلىرى ئەسىرگە چۈشتى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدۇردى. يالغۇز بۇ يەردىلا ئەمەس، قايسى ئوغلى ئىسيان كۆتۈرسە، ئۇنى يېڭىپ نۆكىرىنى ئەسىرگە ئالسىلا كاللىسىنى ئالدۇرۇۋەردى. ئۇنىڭچە، ئۇ قانداقلا قىلسا، ھەقلىق ئىكەن.

بۇ مىرزىلار بۇزۇقلۇق ۋە ئىشرەتكە شۇنچە بېرىلگەنىدىكى، ئاتىسىدەك تەجرىبىلىك ۋە چېنىققان پادىشاھ يېرىم كۈنلۈك يەرگە كېلىپ قالغاندا، رامزاندەك مۇبارەك ۋە ئەزىز ئايغا بىر كېچە قالغاندا، ئاتىسىدىن ئەيمەنمەي، تەگىرىدىن قورقماي، شاراب ئىچىش ۋە بەزم تۈزۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى. مۇقەررەركى، مۇنداق ئادەم ئەلۋەتتە شۇنداق مەغلۇپ بولىدۇ ۋە مۇنداق ئەلنى ھەركىم قولغا كىرگۈزەلەيدۇ. نەچچە يىللاردىن بۇيان ئاستراباد ھۆكۈمىتى بەدىئۇززەمان مىرزىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. ئەتراپىدىكىلىرى ۋە يىگىتلىرى ناھايىتى خىللانغانىدى، ئالتۇن-كۈمۈش جابدۇقلىرى ئىنتايىن كۆپەيگەنىدى. زىننەتلىك كىيىنگەن يىگىتلىرى، (42) ئېسىل ئاتلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. مەشەددە ھەممىسىدىن ئايرىلدى. قاچقان چېغىدا تاغ يولىدا تىك يارغا توغرا كېلىپ، ئۆزى مىڭ تەسلىكتە ياردىن چۈشتى، نۇرغۇن ئادىمى ياردىن يىقىلىپ ئۆلدى.

سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ئوغلىنى يەڭگەندىن كېيىن بەلخقە كەلدى. بەدىئۇززەمان مىرزا بەلختە شەيخ ئەلى تاغىنى قويغانىدى. شەيخ ئەلى تاغا ئامال قىلالماي بەلخنى بەردى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بەلخنى ئىبراھىم ھۈسەيىن مىرزىغا بېرىپ،

ئۇنىڭ ئىپىندا مۇھەممەد ۋەلى بەگ بىلەن شاھ ھۆسەين چۆھرىنى قويۇپ، ئۆزى خۇراسانغا قايتتى.

بەدىئۇززەمان مىرزا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇلىنىپ-تالىنىپ، ئەترا پىدىكى بېگىتلىرى ۋە پىيادىلىرى بىلەن بىللە قۇندۇزدىكى خۇسرەۋ شاھنى پاناھ تارتىپ باردى. خۇسرەۋ شاھمۇ ئۇنىڭغا ياخشى خىزمەت قىلدى. ئات-تۆگىدىن، چوڭ-كىچىك چېدىرلاردىن ۋە قورال-ياراغلاردىن بېرىپ، مىرزىغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانلارغا شۇ قەدەر خىزمەت ۋە ئادەمگەرچىلىكلەرنى قىلدىكى، كۆرگەنلەر: مىرزىنىڭ بۇرۇنقى جابدۇقى بىلەن ھازىرقى جابدۇقىنىڭ پەرقى پەقەت ئالتۇن سايمان بىلەن كۈمۈش سايماننىڭ پەرقىدىنلا ئىبارەت، دېيىشتى.

سۇلتان مەسئۇد مىرزا بىلەن خۇسرەۋ شاھ ئوتتۇرىسىدا، ئالدىنقىسىنىڭ ئادالەتسىزلىكى، كېيىنكىسىنىڭ زورىيىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى ئۆچمەنلىك ۋە خاپىلىقلار پەيدا بولغاندى. خۇسرەۋ شاھ ۋەلى بىلەن باقىنى (ب 42) بەدىئۇززەمان مىرزىغا قوشۇپ، سۇلتان مەسئۇد مىرزىغا قارشى ھىسارغا ماڭدۇردى. ئۇلار قورغانغا يېقىن كېلەلمىدى، قورغان ئەتراپىدىكى جايلاردا ئىككى تەرەپ ئادەملىرى بىر-ئىككى قېتىم قىلىچلاشقان بولدى. بىر قېتىم ھىسارنىڭ شىمالىدىكى قۇشخانە دېگەن يەردە موھىب ئەلى قۇرچى ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ كېلىپ ياخشى قىلىچۋازلىق قىلدى، كېيىن ئاتتىن يىقىلىپ، بۇ تەرەپ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالاي دېگەندە، ئۇ تەرەپ ئادەملىرى باستۇرۇپ كېلىپ قوتقۇزۇۋالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ياراشقاندەك قىلىپ قايتىپ كەتتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، بەدىئۈززەمان مىرزا تاغ يولى ئارقىلىق قەندەھار ۋە زەمىنى داۋەردىكى زۇنۇن ئارغۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شاھ شۇجائ ئارغۇننىڭ قېشىغا باردى. زۇنۇن ئارغۇن بېخىل ئادەم بولۇشىغا قارىماي، ياخشى خىزمەت قىلدى ۋە بىر قېتىمدىلا قىرىق مىڭ قوي ھەدىيە قىلدى.

بۇ ئاجايىپ بىر ئىشكى، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا چارشەنبە كۈنى بەدىئۈززەمان مىرزىنى مەغلۇپ قىلغان، دەل شۇ كۈنى ئاسترابادتا مۇزەففەر مىرزا مۇھەممەد مۆمىن مىرزىنى مەغلۇپ قىلغان. تېخىمۇ ئاجايىپ يېرى شۇكى، چارشەنبە ئىسىملىك بىر ئادەم مۇھەممەد مۆمىن مىرزىنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن!

# توققۇز يۈز ئۈچىنچى يىل① ۋەقەلىرى

باغى مەيدانىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇلبە ئوتلىقىغا چۈشتۇق. سەمەرقەند سىپاھىيلىرى ۋە شەھەرلىكلەر مۇھەممەد چەپ كۆۋرۈكى ئەتراپىغا كۆپلەپ چىقتى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تېخى تەييارلىنىپ بولمىغانىدى. (43) يىگىتلەر تەييار بولغۇچە سۇلتان قولى بىلەن بابا قولىنى تۇتۇپ قورغانغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ يەردىن كۆچۈپ كۆھەكنىڭ ئارقىسىدىكى قۇلبىنىڭ بېشىغا كېلىپ چۈشتۇق. سەييىد يۇسۇف بەگنى شۇ كۈنى سەمەرقەندتىن چىقاردى. ئۇ مۇشۇ قارارگاھقا كېلىپ مېنىڭ خىزمىتىمدە بولدى. سەمەر-قەندتىكلەر بىزنىڭ ئۇ يەردىن كۆچۈپ بۇ يەرگە كەلگىنىمىزنى قايتتى دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، ياردەمچىلەر، سىپاھىيلار ۋە شەھەرلىكلەر. مىرزا كۆۋرۈكىگىچە، شەيخزادە دەرۋازىسىدىن مۇھەممەد چەپ كۆۋرۈكىگىچە چىقتى. بار يىگىتلەرنى قوراللىنىپ ئاتلىنىشقا بۇيرۇدۇق. ئۇلار ئىككى تەرەپتىن — مىرزا كۆۋرۈكى بىلەن مۇھەممەد چەپ كۆۋرۈكىدىن باستۇرۇپ كەلگەنىدى. تەڭرى ئىشىمىزنى ئوڭ قىلدى، دۈشمەن مەغلۇپ بولدى. ئوبدان-ئوبدان بەگلەرنى ۋە ياخشى-ياخشى يىگىتلەرنى

① مىلادىيە 1497 — 1498-يىللار ئارىلىقى.

ئەسىرگە ئېلىپ ئالدىمغا كەلتۈردى. بۇلارنىڭ بىرى مۇھەممەد مىسكىن ھافىز دولداي بولۇپ، ئۇنى بىگىز قولىنى كېسىپ چۇشۇرگەن ھالدا كەلتۈردى؛ يەنە بىرى مۇھەممەد قاسىم نەبىرە بولۇپ، ئۇنى ئىنىسى ھەسەن نەبىرە ئەسىرگە ئېلىپ كەلتۈردى. مۇنداق سىپاھىيلار ۋە ئەلگە تونۇش يىگىتلەردىن خېلى بار ئىدى. شەھەر جېدەلچىلىرىدىن دىۋانە جامەباف بىلەن كەلقاشۇقنى تۇتۇپ كەلتۈردى. بۇلار كوچا غوۋغالىرى ۋە جېدەللەردە (ب 43) ئالدىدا تۇرىدىغانلاردىن ئىدى. غارى ئاشىقاندا ئۆلگەن پىيادىلەرنىڭ قىساسى ئۈچۈن قىيناپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىلدى. سەمەرقەندلىكلەر ئۈچۈن بۇ چوڭ مەغلۇبىيەت ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قورغاندىن چىقىشنى قويدى. ئىش شۇنىڭغا يەتتىكى، بىزنىڭكىلەر خەندەك ياقىسىغىچە بېرىپ، ئەسىرلەرنى تۇتۇپ كېلەتتى.

قۇياش مىزان بۇرجىغا كىردى.① سوغۇق چۈشتى. كېڭەشكە كىرىدىغان بەگلەرنى چاقىرىپ، كېڭەش ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇنداق قارارغا كەلدۇق: شەھەردىكىلەر ئىنتايىن ئاجىزلاشتى، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن. شەھەرنى بۈگۈن ئالساقمۇ ئالالايمىز، ئەتە ئالساقمۇ ئالالايمىز؛ بۇ يەردە سوغۇقنىڭ جاپاسىنى تارتقۇچە، شەھەر يېنىدىن كۆچۈپ، بىر قورغاندا قىشلاق سېلىش كېرەك؛ كېتىشكە توغرا كەلسىمۇ، شۇ چاغدا ئەندىشىسىز كەتكىلى بولىدۇ. مەسلىھەت بىلەن خوجا دىدار قورغىنىنى مۇۋاپىق تېپىپ، خوجا دىدارنىڭ ئالدىدىكى ئوتلاقتا كېلىپ

① مىزان — كونا شەمسىيە كالېندارى بويىچە 7-ئاينىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئىبارە كونا شەمسىيە كالېندارى بويىچە 7-ئاي كىرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

چۈشتۇق. قورغانغا كىرىپ، ئۆي ۋە كەپە سېلىنىدىغان يەرلەرنى بەلگىلەپ، ئۇستىكار ۋە باشقۇرغۇچىلارنى تەيىنلەپ، قارارگاھقا كەلدۇق. قىشلايدىغان ئۆيلەر تەييار بولغۇچە ئوتلاقتا بىرنەچچە كۈن تۇردۇق. بۇ مەزگىلدە بايسۇنغۇر مىرزا تۈركىستاندىكى شەيبانىخانغا كەينى-كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەپتۇ. قىشلايدىغان ئۆيلەر تەييار بولۇپ، بىز قورغانغا (44) كىردۇق. شەيبانىخان تۈركىستاندىن تېز يۈرۈش قىلىپ، شۇ كۈنى سەھەردە قارارگاھىمىز روبىروسىغا كېلىپ چۈشتى. بىزنىڭ چېرىكىمىز يىغىندا ئەمەس ئىدى. قىشلاق ئەھۋالىغا يارىشا، بەزىلىرى رەباتى خوجىغا، بەزىلىرى شىرازغا كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بار چېرىكىمىز بىلەن سەپ تۈزۈپ چىقتۇق. شەيبانىخان بەرداشلىق بېرەلمەي، سەمەرقەند تەرەپكە چېكىندى. سەمەرقەند دائىرىسىگە بارغاندا، بايسۇنغۇر مىرزا ئىشنىڭ ئۆز مۇددىئاسىدەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى. شۇڭا شەيبانىخان بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھېچ ئىش قىلالماي مەيۈس ھالدا تۈركىستانغا قايتتى. بايسۇنغۇر مىرزا يەتتە ئاي قامالدا تۇردى، ئۈمىد كۈتكەن شەيبانىخاندىنمۇ بىر نەرسە چىقمىدى. ئاخىر، ئىككى-ئۈچ يۈز ئاچ يۇرۇق-تۇغقىنى بىلەن قۇندۇزدىكى خۇسرەۋ شاھنى پاناھ تارتىپ ماڭدى، تىرمىز تەۋەسىگە بېرىپ، ئامۇ دەريادىن ئۆتىدىغان چاغدا، سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ تۇغقىنى ھەم مۆتىۋەر ئادىمى بولغان تىرمىز ھاكىمى سەيىد ھۈسەيىن ئەكبەر خەۋەر تېپىپ، بايسۇنغۇر مىرزىغا قارشى كەلدى. مىرزا دەريادىن ئۆتۈپ بولغانىدى. مىرىم

ئارخان دەريا بويىغا بېرىپ، قالغان ئادەم ۋە مال-پالىلىرىنى قولغا چۈشۈردى. بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ تاھىر مۇھەممەد ئاتلىق بىر چۆھرىسىمۇ قولغا چۈشتى. خۇسرەۋ شاھ بايسۇنغۇر مىرزىنى ياخشى كۈتۈۋالدى (ب 44).

بايسۇنغۇر مىرزا چىققاندىن كېيىن بىزگە خەۋەر كەلدى. بىز خوجا دىدىداردىن ئاتلىنىپ سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدۇق. يول بويى مۆتىۋەرلەر، بەگلەر ۋە يىگىتلەر تۈزۈلمەي ئالدىمىزغا كېلىپ تۇردى. رەبىيەلئەۋۋەل ① ئېيىنىڭ ئاخىرىدا سەمەرقەندكە كىرىپ، ئەركتىكى بوستان سارايىغا چۈشتۇم. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سەمەرقەند شەھىرى ۋە ۋىلايىتى ماڭا قاراشلىق بولدى.

يەر يۈزىدە سەمەرقەندتەك گۈزەل شەھەر ئاز، ئورنى بەشىنچى ئىقلىمدا. تۇلى② 99، رەمزى③ نۇجۇمى④ 56 دەرەجە⑤ ۋە دەقىقە⑥، ئەرزى⑦ 30 دەرەجە ۋە دەقىقە شەھىرى سەمەرقەند، ۋىلايىتى ماۋەرائۇننەھر دېيىلىدۇ. بۇ يەرنى ھېچقانداق دۈشمەن قولغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپىق بولالمىغانلىقى ئۈچۈن «بەلدەئى مەھفۇز» (بىخەتەر شەھەر) دەپ ئاتالغان. سەمەرقەند ئاھالىسى ئەمىرۇلمۇئمىنىن

---

① قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ نامى.
② تۇل — ئۇزۇنلۇق، مېرىدىئان.
③ رەمز — بەلگە، ئالامەت.
④ نۇجۇم — يۇلتۇزلار.
⑤ دەرەجە — گرادۇس.
⑥ دەقىقە — مىنۇت.
⑦ ئەرز — كەڭلىك، پاراللېل.

ھەزرەتلىرى زاماندا مۇسۇلمان بولغان. ساھابىلەردىن قۇسەم
ئىبنى ئابباس بۇ يەرگە كەلگەن. ھازىر ئۇنىڭ قەبرىسى
ئاھانىن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، «مازارى شاھ»
دەپ ئاتىلىدۇ. سەمەرقەندنى ئىسكەندەر بىنا قىلغان. موغۇل
ۋە تۈرك ئۇلۇسى «سېمىز كەند» دەيدۇ. تېمۇر بەگ بۇ
يەرنى پايتەخت قىلغان. تېمۇر بەگدىن بۇرۇن بۇ يەرنى
تېمۇر بەگدەك ئۇلۇغ پادىشاھ پايتەخت قىلىپ باققان ئەمەس.
قورغىنىنى سېپىل ئۈستىدىن قەدەملەپ كۆرۈشنى بۇيرۇغانىدىم،
ئون مىڭ ئالتە يۈز قەدەم چىقتى. خەلقى تامامەن سۈننىي
بولۇپ، پاك مەزھەپلىك، شەرىئەتچىل، دىندار خەلقتۇر.
ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز زامانىدىن بېرى، ماۋەرائۇننەھردە
ئىسلام ئالىملىرى شۇنچىلىك كۆپ يېتىشكەنكى، ھېچ ۋىلايەتتىن
(45) مۇنچىلىك يېتىشكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. كەلام ئالىملىرىدىن
بولغان شەيخ ئەبۇ مەنسۇر سەمەرقەندنىڭ ماترىد دېگەن
مەھەللىسىدىن بولىدۇ. كەلام ئالىملىرى ئىككى پىرقە بولۇپ،
بىرىنى «ماترىدىيە»، يەنە بىرىنى «ئەشئەرىيە» دەپ
ئاتايدۇ. «ماترىدىيە» شەيخ ئەبۇ مەنسۇرغا مەنسۇپتۇر.
«سەھىھى بۇخارى»نىڭ مۇئەللىپى خوجا ئىسمائىلمۇ ماۋەرا
ئۇننەھردىن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مەزھىبىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر
كىتابى بولغان «ھىدايە»نىڭ مۇئەللىپى فەرغانىنىڭ
مەرغىنان دېگەن ۋىلايىتىدىن بولۇپ، بۇ يەرمۇ ماۋەرائۇننەھر
دائىرىسىگە كىرىدۇ. سەمەرقەند ئاۋات جايلارنىڭ چېتىگە
جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى فەرغانە ۋە كاشغەر بىلەن،
غەرب تەرىپى بۇخارا ۋە خارەزم بىلەن، شىمال تەرىپى شاش

ۋە پەناكېت (فەناكېت) دەپ يېزىلىدىغان تاشكەند ۋە شاھرۇخىيە بىلەن، جەنۇب تەرىپى بەلخ ۋە تىرمىز بىلەن تۇتىشىدۇ. كۆھەك سۇيى شىمال تەرىپىدىن ئاقىدۇ. دەريا بىلەن سەمەرقەندنىڭ ئارىلىقى ئىككى كۇرۇھ كېلىدۇ، بۇ دەريا بىلەن سەمەرقەند ئارىلىقىدا كۆھەك دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېدىر بار، دەريا شۇ ئېدىرنىڭ تۈۋىدىن ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆھەك سۇيى دەپ ئاتالغان. بۇ سۇدىن دەرياچە دېسمۇ بولىدىغان بىر ئېقىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، دەرغەم سۇيى دېيىلىدۇ، بۇ سۇ سەمەرقەندنىڭ بىر شەرئى جەنۇبىدىن ئاقىدۇ. سەمەرقەندنىڭ باغلىرى، مەھەللىلىرى ۋە بىرقانچە تۈمەنلىرى① مۇشۇ سۇ بىلەن كۆكىرىدۇ. بۇخارا ۋە قارا كۆلگىچە بولغان ئوتتۇز-قىرىق يىغاچقا يېقىن يەر كۆھەك سۇيى بىلەن كۆكىرىدۇ. مۇشۇنداق ئۇلۇغ (ب 45) دەريا زىرائەت بىلەن ئىمارەتتىن ئاشمايدۇ، بەلكى ياز ئايلىرىدا ئۈچ-تۆت ئاي بۇخاراغا سۇ يەتمەيمۇ قالىدۇ.

ئۈزۈمى، قوغۇنى، ئالمىسى، ئانىرى، بەلكى ھەممە مېۋىسى ياخشى. بىراق، ئىككى خىل مېۋە سەمەرقەند نامى بىلەن مەشھۇر: سىبىي سەمەرقەند (سەمەرقەند ئالمىسى)، ساھىبىي سەمەرقەند (سەمەرقەند قىزىل سايۋىسى) دېيىلىدۇ.

قىشتا كابولدىكىدەك قار ياغمىسىمۇ، لېكىن قاتتىق سوغۇق بولىدۇ.

---

① تۈمەن — بۇ سۆز 10 مىڭ مەنىسىدە قوللىنىلغاندىن باشقا، ھازىرقى ناھىيىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مەمۇرىي رايون، قوشۇن ياكى قەبىلىنىڭ بىر بىرلىكى مەنىلىرىدىمۇ قوللىنىلغان.

يازلىق ھاۋاسى كابولنىڭكىگە يەتمىسمۇ، ھەر ھالدا ياخشى.

سەمەرقەندنىڭ شەھەر ۋە مەھەللىلىرىدە تېمۇر بەگ بىلەن ئۇلۇغبەگ مىرزا سالدۇرغان ئىمارەت ۋە باغلار كۆپ. تېمۇر بەگ سەمەرقەند ئەركىدە تۆت قەۋەتلىك بىرچوڭ كۆشك① سالدۇرغان بولۇپ، كۆك ساراي دەپ ئاتىلىدۇ، ئىنتايىن ئالىي ئىمارەتتۇر. يەنە ئاھەنىن دەرۋازىسىغا يېقىن قەلئەنىڭ ئىچىگە بىر جۈمە مەسچىتى سالدۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ تاشچىلىق ئىشلىرىنى ئاساسەن ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن تاشچىلار ئىشلىگەنىكەن. مەسچىتنىڭ ئىشكى بېشىغا «واذ يرفع ابراهيم القواعد...» ئايىتى شۇنداق چوڭ يېزىلغانكى، بىر كۇرۇھ يىراق يەردىنمۇ ئوقۇغىلى بولىدۇ. بۇمۇ ئىنتايىن ئالىي ئىمارەتتۇر. سەمەرقەندنىڭ شەرق تەرىپىگە ئىككى باغ بىنا قىلىنىپتۇ، بىرى يىراقراق بولۇپ، باغى دىلگۇشا دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ باغدىن فىرۇزە دەرۋازىسىغىچە كوچا قىلىپ، ئىككى تەرىپىگە تېرەك تىكتۈرۈپتۇ، باغى دىلگۇشاغىمۇ چوڭ كۆشك سالدۇرۇپتۇ. بۇ كۆشكنىڭ ئىچىگە (46) تېمۇر بەگنىڭ ھىندىستاندىكى ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر سىزىلىپتۇ. كۆھەك ئېدىرىنىڭ ئېتىكىدە، كانى گىلنىڭ ئابرەھمەد دېيىلىدىغان قارا سۈيىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە نەقشى جەھان ناملىق بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپتۇ. مەن كۆرگەن چاغدا بۇ باغ بۇزۇلۇپ، نامىمۇ كۆپ ئاتالمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن. يەنە سەمەرقەندنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قەلئەگە يېقىن قىلىپ، باغى چىنار دېگەن باغنى، سەمەرقەندنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە باغى

---

① كۆشك — داچا.

شىمال، باغى بىھىشت دېگەن باغلارنى بىنا قىلدۇرۇپتۇ.

تېمۇربەگنىڭ نەۋرىسى جەھانگىر مىرزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان مىرزا سەمەرقەندنىڭ تاش قورغىنىدا بىر مەدرىس سالدۇرغان بولۇپ، تېمۇر بەگنىڭ قەبرىسى ۋە تېمۇربەگ ئەۋلادىدىن سەمەرقەندتە پادىشاھ بولۇپ تۇرغانلارنىڭ قەبرىسى شۇ مەدرىستە.

سەمەرقەند قەلئەسىنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغبەگ مىرزا سالدۇرغان مەدرىس ۋە خانىقا بار. خانىقانىڭ گۈمبىزى شۇنداق چوڭكى، مۇنداق چوڭ گۈمبەز دۇنيادا يوق بولسا كېرەك. بۇ مەدرىس بىلەن خانىقانىڭ يېنىغا مىرزا ھەممامى ناملىق ياخشى بىر ھەممام① سالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ تاپىسىى ھەر خىل تاشلاردىن ياسىلىپتۇ. خۇراسان ۋە سەمەرقەندتە مۇنچىلىك بىر ھەممامنىڭ بارلىقى مەلۇم ئەمەس (ب 46). مەدرىسنىڭ جەنۇب تەرىپىگە مەسجىدى مۇقەتتەئ ناملىق بىر مەسچىت سىلدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ «مۇقەتتەئ» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭغا پارچە-پارچە ياغاچلارنى تاراشلاپ، مۇسۇلمانچە ۋە خىتايچە نەقىشلەرنى سالغانىكەن، ئۇنىڭ تام-تورۇسلىرىمۇ پۈتۈنلەي شۇ تەرىقىدە. بۇ مەسچىتنىڭ قىبلىسى بىلەن مەدرىسنىڭ قىبلىسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. ھەر ھالدا مەسچىتنىڭ قىبلىسى مۇنەججىملىك يولى بىلەن بەلگىلەنگەن بولسا كېرەك. ئۇلۇغبەگ ياساتقان يەنە بىر ئالىي ئىمارەت كۆھەك ئېدىرىنىڭ

① ھەممام — مۇنچا.

ئېتىكىگە جايلاشقان ۋە ئىچىگە زىج① بەلگىلەش ئەسۋابلىرى ئورنىتىلغان ئۈچ قەۋەتلىك رەسەتخانىدۇر. ئۇلۇغ بەگ مىرزا بۇ رەسەتخانىدا يېزىپ چىققان «زىجى كوراگانى» ھازىر دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان زىج بولۇپ، باشقا زىجلار كەم قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن، خوجا نەسىر تۇسىي ھىلاكۇخان (ئىلخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) زامانىدا مەراغەدە قۇرغان رەسەتخانىدا يېزىلغان «زىجى ئىلخانىي» قوللىنىلاتتى. دۇنيادا قۇرۇلغان رەسەتخانىلار يەتتە-سەككىزدىن ئاشمىسا كېرەك. بۇلاردىن بىرى مەئمۇن خەلىفە قۇرغان رەسەتخانە بولۇپ، «زىجى مەئمۇنىي» شۇ يەردە يېزىلغان. بەتلەميوسمۇ بىر رەسەتخانە قۇرغان. ھىندىستاندا راجە بىكرەماجىت ھىندۇ زامانىدا، ھازىر مەندۇ دېيىلىدىغان مالۋە دۆلىتىدىكى ئۇجىن ۋە دەھاردا بىر رەسەتخانە قۇرغان بولۇپ، ھازىر ھىندىستاندا ھىندۇلار شۇ رەسەتخانىدا يېزىلغان زىجنى قوللىنىدۇ. بۇ رەسەتخانىنىڭ قۇرۇلغىنىغا (47) بىرمىڭ بەش يۈز سەكسەن تۆت يىل بولغان. بىراق بۇ زىج يۇقىرىدىكى زىجلارغا قارىغاندا كۆپ چولتا.

كۆھەك ئېدىرىنىڭ ئېتىكىدە غەرب تەرەپكە «باغى مەيدان» ناملىق بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپتۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېھىل سۇتۇن (قىرىق تۈۋرۈك) ناملىق ئىككى قەۋەتلىك بىر ئالىي ئىمارەت سالدۇرۇپتۇ. تۈۋرۈكلىرى پۈتۈنلەي تاشتىن قىلىنغان بۇ ئىمارەتنىڭ تۆت بۇرجىكىگە تۆت مۇنارسىمان خانا چۈشۈرۈپتۇ،

① زىج — ئاسترونومىيىلىك كالېندار، ئاسترونومىيىلىك ھېسابلاش ئۇسۇلى.

يۇقىرىغا مۇشۇ خانىلار ئارقىلىق چىقىدىكەن. باشقا يەرلەردە پۈتۈنلەي تاش تۈۋرۈك بولۇپ، بەزىلىرىگە ئويما ۋە قاپارتما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ تۆت تەرىپى ئايۋان بولۇپ، تۈۋرۈكلىرى تاشتىن ئىكەن، ئوتتۇرىسىغا تۆت بۇلۇڭلۇق ئۆي چۈشۈپتۇ. ئىمارەتنىڭ ئۇلى پۈتۈنلەي تاشتىن قوپۇرۇلۇپتۇ. بۇ ئىمارەتنىڭ كۆھەك ئېدىرى تەرىپىگە يەنە بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپ، ئىچىگە چوڭ بىر ئايۋان سالدۇرۇپتۇ. بۇ ئايۋاننىڭ ئىچىگە چوڭ بىر تاش تەخت ئورنىتىپتۇ، ئۇزۇنلۇقى ئون تۆت-ئون بەش قارى، كەڭلىكى يەتتە-سەككىز قارى، قېلىنلىقى بىر قارى كېلىدۇ. چوڭ تاشنى ناھايىتى يىراق يەردىن كەلتۈرگەنىكەن. تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەز بولۇپ، بۇ دەز ئۇ تاشنى مۇشۇ يەرگە كەلتۈرگەندىن كېيىن بولغان، دېيىشىدۇ. بۇ باغچىغا يەنە بىر كۆشك (ب 47) سالدۇرۇپتۇ، تېمىنىڭ تۆۋەن تەرىپى پۈتۈنلەي چىنە خىش بىلەن قاپلانغانلىقى ئۈچۈن، چىنەخانە دەپ ئاتايدىكەن. بۇ خىشلارنى خىتايغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۇرگەنىكەن. سەمەرقەندى قەلئەسىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قەدىمكى ئىمارەت بولۇپ، مەسجىدى لەقلەقە دېيىلىدۇ. مەسچىت گۈمبىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەرگە تەپسە، پۈتۈن گۈمبەزدىن «لەق، لەق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئاجايىپ بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا زامانىدا بەگلەرمۇ نۇرغۇن باغ ۋە باغچىلارنى بىنا قىلغانىدى. بۇلاردىن بىرى دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ چاربېغى بولۇپ، مۇنداق ساپ ھاۋالىق ۋە گۈزەل

مەنزىرىلىك چارباغ ئاز تېپىلىدۇ. باغى مەيدانىنىڭ تۆۋەنرەكىدىكى ئېگىزلىكتە قولبە ئوتلىقىغا قارىتىپ بىر چارباغ بىنا قىلىنىپتۇ. پۈتۈن ئوتلاق ئاياغ ئاستىدا تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە يەرنى پەلەمپەي شەكلىدە تۈزلەپ، قارىياغاچ، ئارچا، ئاق تېرەك قاتارلىق دەرەخلەرنى ئۆستۈرگەن بولۇپ، گۈزەل بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغان. كەمچىلىكى شۇكى، ئۇلۇغ سۈيى يوق ئىكەن.

سەمەرقەند شەھىرى ئىنتايىن رەتلىك شەھەر. بۇ شەھەرنىڭ باشقا شەھەرلەردە كەم كۆرۈلىدىغان بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ھەر بىر كەسىپنىڭ ئايرىم-ئايرىم بازىرى بولىدۇ، بىر-بىرىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، مۇنتىزىم ئۇسۇل بىلەن ئىش قىلىدۇ. ناۋايلىق ۋە ئاشپەزلىك تەرەققىي قىلغان. دۇنيادا ياخشى قەغەز سەمەرقەندتىن چىقىدۇ. قەغەزچىلىك ئەشيالىرى تامامەن كانىگىلدىن كېلىدۇ. كانىگىل سىياھئاب (قارا سۇ) ياقىسىدا بولۇپ، (48) بۇ قارا سۇنى ئابىرەھمەت دەپمۇ ئاتايدۇ. سەمەرقەندنىڭ بىرخىل قىزىل مەخمىلى بولۇپ، ئەتراپلارغا تارتىلىدۇ.

سەمەرقەند چۆرىسىدە ياخشى ئوتلاقلارقار بار. مەشھۇر بىر ئوتلاق كانىگىل ئوتلىقىدۇر. سەمەرقەند شەھىرىنىڭ شىمالغا مايىل شەرق تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى بىر شەرئى كېلىدۇ. ئابىرەھمەت دەپمۇ ئاتىلىدىغان قارا سۇ كانىگىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، يەتتە-سەككىز تاشلىق سۈيى بار. بۇ سۇنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي كۆلچەكلىك بولۇپ، بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئوتلاقنىڭ ئەسلىي نامى «كانى ئابگىر» ئىكەن، بىراق، تارىخلاردا «كانىگىل» دەپ يېزىلىدۇ. ناھايىتى ياخشى ئوتلاق.

سەمەرقەند سۇلتانلىرى بۇ يەرنى قوروۇق قىلىپ، ھەر يىلى بۇ يەرگە چىقىپ بىر-ئىككى ئاي تۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ ئوتلاقنىڭ سەل يۇقىرىسىدا- شەرقىي جەنۇب تەرەپتە خان يۇرتى ناملىق يەنە بىر ئوتلاق بار. ئۇ سەمەرقەندنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى بىر يىغاچ كېلىدۇ. قارا سۇ ئۇنىڭ ئارىسى بىلەن ئۆتۈپ، كانىگىلگە بارىدۇ. خان يۇرتىدا بۇ قارا سۇ شۇنداق بىر ئايلانما ھاسىل قىلغانكى، ئۇنىڭ ئىچىنى بىر لەشكەرگاھ قىلىشقا بولىدۇ، چىقىدىغان يېرى ئىنتايىن تار. ئۇنىڭ شۇنداق پايدىلىق تەرەپلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، سەمەرقەند مۇھاسىرىسىدە بىر مەھەل شۇ يەردە تۇرغانىدۇق. يەنە بىر ئوتلاق (ب 48) «بۆدۆنە قوروۇغى» دېيىلىدۇ، دىلگۇشا بېغى بىلەن سەمەرقەندنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. يەنە بىرى كۆلى مەغەك ئوتلىقىدۇر. سەمەرقەندنىڭ شىمالىغا مايىل غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى ئىككى شەرئىگە يېقىن كېلىدۇ. بۇمۇ گۈزەل ئوتلاق. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە چوڭ بىر كۆل بولغانلىقى ئۈچۈن كۆلى مەغەك دەپ ئاتالغان. سەمەرقەند مۇھاسىرىسىدە، مەن خان يۇرتىدا تۇرغاندا، سۇلتان ئەلى مىرزا مۇشۇ ئوتلاقتا تۇرغاندى. يەنە بىرى قۇلبە ئوتلىقىدۇر. بۇ كىچىكرەك ئوتلاق بولۇپ، شىمالدا قۇلبە قىشلىقى بىلەن كۆھەك دەرياسى، جەنۇبىدا باغى مەيدان بىلەن دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننىڭ چاربېغى، شەرقىدە كۆھەك ئېدىرى بار.

سەمەرقەندنىڭ ياخشى ۋىلايەت ۋە تۈمەنلىرى بار. بىر چوڭ ۋىلايىتى سەمەرقەندنىڭ ھەمراھى ھېسابلىنىدىغان

بۇخارادۇر. بۇخارا سەمەرقەندنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى يىگىرمە بەش يىغاچ كېلىدۇ. بۇخارانىڭمۇ بىرقانچە تۈمەنلىرى بار. شەھىرى گۈزەل، مېۋىسى كۆپ ھەم ياخشى. قوغۇنى بەك ئېسىل. ماۋەرائۇننەھىردە بۇخارادەك قوغۇنى كۆپ ھەم ياخشى يەر يوق. گەرچە فەرغانىدىكى ئاخسىنىڭ مىرتېمۇرى دېگەن قوغۇنى بۇخارا قوغۇنىدىن تاتلىق بولسىمۇ لېكىن بۇخارادا قوغۇننىڭ خىلى كۆپ ھەم ياخشى. بۇخارانىڭ ئالۇچىسىمۇ مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭدەك ئالۇچا ھېچنەدىن تېپىلمايدۇ. بۇ خىل ئالۇچىنىڭ پوستى سويۇلۇپ قۇرۇتۇلغان قېقى ئەتىۋارلىق بىلەن ۋىلايەتتىن (49) ۋىلايەتكە توشۇلىدۇ. بۇ قاق ئىچى قېتىپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى داۋاسىدۇر. توخۇ ۋە غاز بۇرداشمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ماۋەرا ئۇننەھرىدە بۇخارا شارابىدەك ئۆتكۈر شاراب يوق. مەن سەمەرقەندتە دەسلەپ ئىچكىنىمدە، ھامان بۇخارا شارابىنى ئىچەتتىم.

كېش ۋىلايىتى سەمەرقەندنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى توققۇز يىغاچ كېلىدۇ. سەمەرقەند بىلەن كېش ئارىلىقىدا «ئىتمەك دابانى» دېيىلىدىغان بىر تاغ بار. تاشچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تاشلار پۈتۈنلەي مۇشۇ تاغدىن توشۇلىدۇ. باھاردا يېزىلىرى ۋە شەھەرنىڭ ھەممە يېرى يامپېشىل بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن شەھىرى سەبز (يېشىل شەھەر) دەپمۇ ئاتايدۇ. تېمۇر بەگ كېشتە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرنى پايتەخت قىلىشقا كۆپ ھەرىكەت قىلدى، ئالىي ئىمارەتلەر سالدۇردى. دىۋان يېغىنىدا ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن كاتتا بىر تاق① ياسىتىپتۇ. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە يەرلىك

---

① تاق — ئەگمە زال.

بەگلەر بىلەن دىۋان بەگلىرىنىڭ يىغىن ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن كىچىكرەك ئىككى تاق ياسىتىپتۇ. يەنە مۇراجىئەت بىلەن كەلگەنلەرنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن دىۋانخانىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كىچىك-كىچىك تاقچىلار ياسلىپتۇ. مۇنداق ئالىي تاق دۇنيادىمۇ ئاز بولسا كېرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تاق كىسرا تاقىدىنمۇ ئېگىز ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، كېشتە بىر مەدرىس، بىرمەقبەرىمۇ ياسلىپتۇ. جەھانگىر مىرزىنىڭ ۋە باشقا ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىسى (ب 49) مۇشۇ يەردە. كېشنىڭ شەرت-شارائىتى شەھەر قىلىش جەھەتتە سەمەرقەندكە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، تېمۇر بەگ ئاخىر سەمەرقەندنى پايتەخت قىلىش قارارىغا كەلگەن.

سەمەرقەندكە قاراشلىق ۋىلايەتلەرنىڭ يەنە بىرى قەرشىدۇر. بۇ يەرنى نەسەف ۋە نەخشەب دەپمۇ ئاتايدۇ. قەرشى موغۇلچە ئات بولۇپ، «قەبرە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئات چىنگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. قەرشىنىڭ سۈيى قىسراق. باھارى ياخشى بولىدۇ، ئاشلىق ۋە قوغۇنى ئوخشايدۇ. سەمەرقەندنىڭ غەربكە مايىل جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى ئون سەككىز يىغاچ كېلىدۇ. قىل قۇيرۇق دەپ ئاتىلىدىغان باغرى قارا بىر خىل قۇشقاچ قەرشىدە ھەددى-ھېسابسىز كۆپ، شۇڭا ئۇ تەرەپتە ئۇنى «مۇرغەكى قەرشى» (قەرشى قۇشقىچى) دەيدۇ.

سەمەرقەندكە قاراشلىق ۋىلايەتلەردىن يەنە خۇزار، كەرمىنە، قارا كۆل ۋىلايەتلىرى بار. خۇزار ۋىلايىتى بىلەن كەرمىنە ۋىلايىتى سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئوتتۇرىسىدا. قارا كۆل ۋىلايىتى ھەممىدىن سۈيى مول ۋىلايەت. بۇخارانىڭ

غەرب شىمال تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى يەتتە يىغاچ كېلىدۇ.

سەمەرقەندنىڭ ياخشى تۈمەنلىرى بار. جۈملىدىن سوغد تۈمەنى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش تۈمەنلەر بولۇپ، بېشى يار يايلاقتىن ئايىغى بۇخاراغىچە بىر يىغاچ يولمۇ چۆل ئەمەس. بۇ يەر شۇنداق مەشھۇركى، تېمۇر بەگ: «مېنىڭ بىر بېغىم بار، ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز يىغاچ كېلىدۇ» دەپ ئېيتقان بولۇپ، مۇشۇ تۈمەنلەرنى نەزەردە تۇتقان. تۈمەنلەردىن يەنە بىرى شاۋدار تۈمەنىدۇر، ئۇ شەھەر ۋە مەھەللەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان ياخشى تۈمەن. ئۇنىڭ بىر تەرىپى سەمەرقەند بىلەن شەھرى سەبز ئارىلىقىدىكى تاغ (50) بولۇپ، مەھەللىلەرنىڭ تولىسى تاغ باغرىغا جايلاشقان. يەنە بىر تەرىپى كۆھەك دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. خۇش هاۋا، مەنزىرىلىك، سۈيى مول، يېمەك-ئىچمەك ئەرزان ياخشى بىر تۈمەن. مىسىر، شام تەرەپلىرىنى كۆرۈپ كەلگەن سەيياھلار مۇنداق يەرنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. يەنە باشقا تۈمەنلەرنى كۆرسىتىشكە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈمەنلەرگە يەتمەيدۇ. شۇڭا تۈمەنلەر توغرىسىدا شۇنچىلىك توختىلىمىز.

تېمۇر بەگ سەمەرقەند هۆكۈمىتىنى جەهانگىر مىرزىغا بەرگەنىدى. جەهانگىر مىرزا ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان جەهانگىرگە بەردى. شاهرۇخ مىرزا پۈتۈن ماۋەرائۇننەهر ۋىلايىتىنى چوڭ ئوغلى ئۇلۇغبەگ مىرزىغا بەرگەنىدى، ئۇلۇغبەگ مىرزىدىن ئوغلى ئابدۇللەتىف مىرزا ئالدى. ئۇ بەش كۈنلۈك پانىي دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شۇنداق دانىشمەن ۋە قارىي ئاتىسىنى شەهىد قىلدى. ئۇلۇغبەگ

مرزىنىڭ ئۆلۈم تارىخى مۇنداق يېزىلغان: (نەزم)

ئۇلۇغبەگ بەھرى ئۇلۇمۇ خىرەد،
كى دۇنياۋۇ دىنرا ئەزۇ بۇد پۇشت.
زى ئەبباس شەھدى شەھادەت چەشىد،
شۇدەش ھەرفى تارىخ ئەبباس كۇشت.

(ئۇلۇغبەگ ئىلىم ۋە ئەقىلنىڭ دېڭىزى، دۇنيا ۋە دىنىنىڭ تىرىكى ئىدى. ئەبباس قولىدىن شېھىتلىك ھەسلىنى تېتىدى، «غباس كشت» ① ھەرپلىرى ئۆلۈم تارىخى بولدى). ئابدۇللەتىف مىرزىنىڭ ئۆزىمۇ بەش-ئالتە ئايدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرەلمىدى. مۇنداق بىر بېيىت مەشھۇر:

پەدەر كۇش پادىشاھىرا نەشايەد
ئەگەر شايەد بەشىش ماھەش نەپايەد

(ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن پادىشاھلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، ئېرىشسىمۇ ئالتە ئايدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرەلمەيدۇ). ئۇنىڭ ئۆلۈم تارىخى مۇنداق يېزىلغان:

ئابدۇللەتىف خۇسرەۋى جەمشىد فەركى بۇد، (ب 50)
دەر سىلكى بەندەگانەش فەرىدۇنۇ زەردۇ ھۇشت.
بابا ھۇسەين كۇشت شەبى جۇمئە ئەش بەتىر،
تارىخەش ئىن نەۋىس كى بابا ھۇسەين كۇشت.

(ئابدۇللەتىف جەمشىتتەك سۈرلۈك پادىشاھ ئىدى، فەرىدۇن ۋە زەردۇشت ئۇنىڭ بەندىلىرى قاتارىدا ئىدى. بابا ھۆسەين جۈمە كېچىسى ئۇنى ئوق بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئۆلۈم

① «ئەبباس ئۆلتۈردى» دېگەن مەنىدىكى بۇ پارسچە ئىبارىدىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى كۆرسىتىدىغان 853 كېلىپ چىقىدۇ.

تارىخنى شۇنداق ياز: «بابا خسيىن كشت» ① ئابدۇللەتىف مىرزىدىن كېيىن شاھرۇخ مىرزىنىڭ نەۋرىسى ئىبراھىم سۇلتان مىرزىنىڭ ئوغلى ۋە ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ كۈيئوغلى ئابدۇللا مىرزا تەختكە چىقىپ، بىر يېرىم يىل، ئىككى يىلغا يېقىن پادشاھلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالدى ۋە ئۆزى ھايات ۋاقتىدا تەختنى چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا بەرگەنىدى، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىدىن كېيىن، سۇلتان ئەھمەد مىرزا پادشاھلىق قىلدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد مىرزا سەمەرقەند تەختىگە ئولتۇردى. سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن كېيىن، بايسۇنغۇر مىرزىنى پادىشاھ قىلدى، تارخانلار غوۋغاسىدا بايسۇنغۇر مىرزىنى قولغا ئېلىپ، ئىنىسى سۇلتان ئەلى مىرزىنى بىر-ئىككى كۈن تەختكە ئولتۇرغۇزدى. كېيىن تەختنى بايسۇنغۇر مىرزا ئالدى. بۇ توغرۇلۇق يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇلدى. بايسۇنغۇر مىرزىدىن تەختنى مەن ئالدىم. كېيىنكى ئەھۋاللار تۆۋەندە مەلۇم بولغۇسىدۇر.

سەمەرقەند تەختىگە ئولتۇرغىنىمدىن كېيىن، سەمەرقەند بەگلىرىگە بۇرۇنقىدەكلا ئېتىبار قىلدىم. بىز بىلەن بىللە بولغان بەگلەرگىمۇ ئۆز ئەھۋالىغا (51) يارىشا ياخشىلىق قىلدىم. سۇلتان ئەھمەد تەنبەلگە باشقىلاردىن ئارتۇقراق ئېتىبار قىلىندى، ئىچكى بەگلەر دائىرىسىدە بولسىمۇ، چوڭ بەگلەر قاتارىدا ئېتىبار قىلدىم. سەمەرقەندنى يەتتە ئاي مۇھاسىرە

① «باباھۇسەيىن ئۆلتۈردى» دېگەن مەنىدىكى بۇ پارسچە ئىبارىدىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى كۆرسىتىدىغان 854 كېلىپ چىقىدۇ.

قىلىپ، تەسلىكتە ئالدۇق. ئاۋۋال كەلگەندە چېرىكتىكىلەرنىڭ قولىغا ئولجا قاتارلىق بىر نەرسىلەر چۈشكەندى. كېيىن يالغۇز سەمەرقەندتىن باشقا ۋىلايەتنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قولۇمغا كىردى، بۇ چاغدا بۇ ۋىلايەتلەرنى سۇلتان ئەلى مىرزىدىن مۇداپىئە قىلىش زۆرۈر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋىلايەتلەر شۇنچە تالان-تاراجغا ئۇچرىغان ئىدىكى، ئۇلاردىن بىرنەرسە ئالماقمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا چېرىك ئالغان ئولجا تۈگىگەندى. سەمەرقەند ئالغىنىمىزدا، سەمەرقەند شۇنچە خاراب ئىدىكى، ئۇ يەردىكى ئادەملەردىن بىرنەرسە ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارغا مەدەت بېرىش، ئۇرۇق يەتكۈزۈپ بېرىش، قەرز بېرىش زۆرۈر ئىدى. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى چېرىكتىكىلەر قېينچىلىق تارتىپ قالدى، بىزمۇ ئۇلارغا بىرنەرسە بېرەلمىدۇق. ئۇلار ئۆيلىرىنىمۇ سېغىندى. نەتىجىدە بىرلەپ-ئىككىلەپ قېچىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن خانقۇلى بەيانقۇلى قاچتى، ئاندىن ئىبراھىم بەگچىك قاچتى، موغۇللار ھەممىسى قاچتى. كېيىن سۇلتان ئەھمەد تەنبەلمۇ قاچتى. بۇ پىتنىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، خوجا قازىنى ئەۋەتتۇق. ئۇزۇن ھەسەنىڭ (ب 51) خوجا قازىغا كۆپ ئىخلاسى بار ئىدى. شۇڭا خوجا قازىغا ئۇزۇن ھەسەنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا ئاشۇ قاچقانلارنىڭ بەزىلىرىگە جازا بېرىش، بەزىلىرىنى بىزنىڭ قېشىمىزغا قايتۇرۇشنى تاپشۇرغانىدىم. كىم بىلسۇن، بۇ پىتنىنى قوزغىغان ۋە بۇ يەردىن قېچىپ بارغانلارنى يامانلىققا باشلىغان كىشى دەل شۇ ئۇزۇن ھەسەن دېگەن تۇز كورنىڭ ئۆزى ئىكەن! ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلتان

ئەھمەد تەنبەلنىڭ بېرىشى بىلەن ئاشكارا قارشىلىق مەيدانىغا ئۆتتى.

نەچچە يىلدىن بۇيان، سەمەرقەندىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇرغۇن قېتىم چېرىك تارتتۇق. بۇ جەريانىدا، سۇلتان مەھمۇد خان ھېچقانچە ياردەم بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سەمەرقەند ئېلىنغاندىن كېيىن ئەندىجاننى تەمە قىلاتتى. بۇ مەزگىلدە چېرىكنىڭ كۆپچىلىكى ۋە موغۇللارنىڭ ھەممىسى قېچىپ ئەندىجان ۋە ئاخسىغا بېرىۋالغانىدى. ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەل ئۇ ۋىلايەتلەرنى جەھانگىر مىرزىغا ئېلىپ بېرىش كويىدا بولدى. مۇنداق بىرنەچچە جەھەتتىن بۇنىڭغا يول قويۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى: بىرىنچىدىن، گەرچە بۇ ۋىلايەتلەرنى خانغا بېرىش توغرۇلۇق ۋەدە بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خان بۇنى تەلەپ قىلغانىدى، خان تەلەپ قىلىپ تۇرغان ئەھۋالدا، جەھانگىر مىرزىغا بېرىلسە، خان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي بۇزۇشقا توغرا كېلەتتى. ئىككىنچىدىن، بۇ تەلەپ تۇرغۇن چېرىك ئۇ ۋىلايەتكە قېچىپ بارغان ئەھۋالدا زورلۇق بىلەن قويۇلغانىدى، ئەگەر بۇرۇنراق (52) بۇ سۆز ئېيتىلسا، ئۇنىڭ ئەلۋەتتە ئىمكانى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ زورلۇقىنى كىم كۆتۈرسۇن؟! موغۇللار بىلەن ئەندىجان چېرىكىنىڭ ھەممىسى، بەگلەردىن ۋە ئىچكىيلەردىن بەزىلىرى ئەندىجانغا كېتىپ، سەمەرقەندتە مېنىڭ بىلەن بەگ-يىگىت، ياخشى-يامان بولۇپ مىڭغا يېقىن ئادەم قالغانىدى. ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەل ئۆز مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، ۋەھىمە ئىچىدە يۈرگەن قاچقۇنلارنى

ئۆزلىرىگە قوشۇۋالغانىدى. بۇ قاچقۇنلار جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئىشىنىڭ يۇقىرىقىدەك بولۇشىنى تەگرىدىن تىلەيتتى. ئۇزۇن ھەسەن بىلەن تەنبەل ئاخسىدىن ئەندىجانغا چېرىك تارتىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ يامانلىق ۋە دۈشمەنلىكىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

بارىنلاردىن بولغان تولۇن خوجا مەردانە، سەرخىل ۋە چاققان يىگىتلەردىن ئىدى. ئاتام ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇنىڭغا كۆپ ئېتىبار قىلغانىدى. مەنمۇ ئۇنى ئۆستۈرۈپ بەگ قىلغانىدىم. ئۆزى ئىنتايىن مەردانە ۋە چاققان بولۇپ، ھەقىقەتەن ئېتىبار قىلىشقا ئەرزىيتتى. موغۇللاردىن ئېتىبارىمىزغا ئېرىشكەن ئىشەنچلىك ئادىمىمىز مۇشۇ تولۇن خوجا بولغانلىقى ئۈچۈن، سەمەرقەندتىن موغۇللار قېچىشقا باشلىغان چاغدا، ئۇنى قېچىپ بارغانلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدىم. (ب 52) لېكىن ئۇزۇن ھەسەن قاتارلىق بۇزغۇنچى تۇزكورلار بۇ قاچقۇنلارنى ۋەدە، نەسىھەت ۋە قورقۇتۇشلار كار قىلمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. تولۇن خوجىلار رىدباتەك ئۇرچىنى دېيىلىدىغان ئىككى سۇ ئارىسىدا تۇرغاندا، ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەل ئۇنىڭغا قارشى ئىلغارلارنى ئەۋەتتى ۋە تۇيدۇرماي قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ بارغان تولۇن خوجىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئۇزۇن ھەسەن بىلەن تەنبەل جەھانگىر مىرزىنى ئېلىپ كېلىپ، ئەندىجاننى مۇھاسىرە قىلدى. مەن سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلغاندا، ئەندىجاندا ئەلى دوست تاغايى، ئاخسىدا ئۇزۇن ھەسەن قويۇلغانىدى. كېيىن خوجا قازىمۇ ئەندىجانغا

كەلگەندى ۋە سەمەرقەندتىن بارغان چېرىكتىنمۇ خېلى يىگىتلەر بار ئىدى. خوجا قازى شۇ قورغان مۇداپىئەسىدە ماڭا قىلىنغان ساداقەتلىك يۈزىسىدىن ئون سەككىزمىڭ قوينى قورغاندىكى يىگىتلەرگە ۋە مېنىڭ يېنىمدىكى يىگىتلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بۆلۈپ بەردى، مۇھاسىرە جەريانىدا ئانىلىرىمدىن ۋە خوجا قازىدىن: «بىز مۇھاسىرىدە قالدۇق، كېلىپ دەردىمىزگە . يەتمىسىڭىز، قوتۇلمىقىمىز تەس. سەمەرقەند ئەندىجاننىڭ كۈچى بىلەن ئېلىنغانىدى، (53) ئەندىجانلار قولدا بولسا، تەڭرى بۇيرۇسا سەمەرقەندنى يەنە ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئۈستى-ئۈستىلەپ خەت كەلگىلى تۇردى. شۇ مەزگىلدە بىر قېتىم ساقسىز بولۇپ ئوڭلانغانىدىم، تولۇق ساقايغىچە ئوبدان كۈتۈنمىگىنىم ئۈچۈن يەنە ئۈزۈلۈپ قالدىم. بۇ قېتىم شۇنداق قاتتىق ئاغرىدىمكى، تۆت كۈن تىلىمدىن قالدىم، ئاغزىمغا پاختا بىلەن سۇ تېمىتىش دەرىجىسىگە يەتتى. مېنىڭ بىلەن قالغان بەگلەر ۋە يىگىتلەر مېنىڭ ساقىيىشىمدىن ئۈمىد ئۈزۈشۈپ، ھەر كىم ھەر خىل پىكىردە بولۇشتى. دەل شۇ پەيتتە ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئادىمى ئەلچىلىككە كېلىپ، بولمىغۇر گەپلەرنى كەلتۈردى. بەگلەر كالتە پەملىك قىلىپ، ئۇنىڭغا مېنى كۆرسىتىپ يولغا سالدى. تۆت-بەش كۈندىن كېيىن بىر ئاز ياخشى بولدۇم، لېكىن تىلىم تازا ئوڭلىنىپ كېتەلمىدى. يەنە بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئەسلىمگە كەلدىم، ئانام ۋە ئانامنىڭ ئانىسى ئىسەن دەۋلەت بېگىمدىن، ئۇستاز ۋە پىرىم بولغان خوجا مەۋلانا قازىدىن شۇ قاتارلىق خەتلەر كېلىپ، شۇنداق

قەتئىيلىك بىلەن چاقىرىپ تۇرغان ئەھۋالدا، بۇ يەردە قانداقمۇ داۋاملىق تۇرۇپ بولسۇن. رەجەپ① ئېيىنىڭ بىر شەنبە كۈنى سەمەرقەندتىن ئەندىجانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ قېتىم (ب 53) سەمەرقەند شەھىرىدە يۈز كۈن پادىشاھلىق قىلدىم، يەنە بىر شەنبە كۈنى خوجەندكە يېتىپ باردىم. شۇ كۈنى ئەندىجاندىن بىر كىشى كېلىپ، مۇندىن يەتتە كۈن بۇرۇن يەنى بىز سەمەرقەندتىن قوزغالغان شەنبە كۈنى ئەلى دوست تاغايىنىڭ ئەندىجان قەلئەسىنى مۇخالىپلارغا تاپشۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. تەپسىلاتى مۇنداق ئىكەن: ئۆزۈن ھەسەننىڭ مېنىڭ كېسەل ياتقىنىمنى كۆرۈپ قايتقان ئادىمى مۇخالىپلار ئەندىجاننى قورشاپ تۇرغان چاغدا بېرىپ، «پادىشاھنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، ئاغزىغا پاختا بىلەن سۇ تېمىتىۋاتىدۇ» دېگەن گەپلەرنى قىلىپ، ئەلى دوست تاغايىنىڭ ئالدىدا قەسەم بېرىپتۇ. خاكان دەرۋازىسىدا تۇرغان ئەلى دوست بۇ سۆز بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ، مۇخالىپلارنى چاقىرىپ، ئەھدە-شەرتلەرنى قىلىشىپ قەلئەنى بېرىپتۇ. ئەسلىدە، قورغاندا يېمەك-ئىچمەك ۋە جەڭ قىلىدىغان ئادەمدىن ھېچقانداق قىسىنچىلىق يوق ئىدى. بۇ ئىش پەقەتلا شۇ مۇناپىق ھارامتاماقنىڭ نامەردلىك قىلىپ، يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى باھانە قىلىشى بىلەن بولغان.

مۇخالىپلار ئەندىجاننى ئالغاندىن كېيىن، مېنىڭ خوجەندكە كەلگىنىمنى ئاڭلاپ، خوجا مەۋلانا قازىنى ئەرك دەرۋازىسىدا بىئىز رەتتە ئېسىپ شېھىت قىلدى. خوجا (54) مەۋلانا قازىنىڭ

---

① رەجەپ — قەمەرىيە 7-ئاي.

ئېتى ئابدۇللادۇر. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نام بىلەن مەشھۇر ئىدىكى، ئۇنىڭ نەسەبى ئاتا تەرەپتىن شەيخ بۇرھانىددىن قىلىچقا، ئانا تەرەپتىن سۇلتان ئېلىك مازىغا يېتەتتى. بۇ تەبىقە فەرغانە ۋىلايىتىدە ئىمام، شەيخۇلئىسلام، قازى بولۇپ كەلگەن. خوجا قازى ھەزرەتلىرى خوجا ئۇبەيدۇللانىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەربىيە ئالغان. مەن خوجا قازىنىڭ ئەۋلىيالىقىغا قىلچە شەك كەلتۈرمەيمەن. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى شۇكى، ئۇنىڭغا قەست قىلغانلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىزسىز يوقالدى. خوجا قازى ئاجايىپ كىشى ئىدى، قورقۇش دېگەننى بىلمەيتتى. شۇنىڭدەك جەسۇر ئادەم كۆرۈلگەن ئەمەس. بۇ سۈپەتمۇ ئۇنىڭ ئەۋلىيالىقىنىڭ دەلىلى. باشقىلار باتۇر بولسا، ئاز-تولا ۋەھىمە سالىدۇ، لېكىن خوجا پەقەت ۋەھىمە سالمايتتى. خوجا قازىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى نۆكەر، چاكارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ، ماللىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى.

ئەندىجاننى دەپ سەمەرقەندنى قولدىن بەرگەنىدۇق، ئەمدى ئەندىجانمۇ قولدىن كەتتى. «غافىل ئەز ئىنجا رانده ۋە ئەز ئانجا مانده» (غاپىل بۇ يەردىن يۆتكىلىپ، ئۇ يەردىنمۇ مەھرۇم بولۇپتۇ) دېگەندەك بولدۇق، ماڭا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى، چۈنكى پادىشاھ بولۇپ، مۇنداق نۆكەردىن ۋە ۋىلايەتتىن (ب 54) ئايرىلىپ باقمىغانىدىم، ئېسىمنى بىلگەندىن بۇيان مۇنداق جاپا-مۇشاققەتنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. خوجەندكە كەلگەندىن كېيىن، بەزى مۇناپىقلار خەلىفىنىڭ ئىشىكىمدە تۇرۇشىنى راۋا كۆرمىدى، مۇھەممەد ھۆسەين

مرزىنى ۋە باشقىلارنى ئىشقا سالدى، خەلقنى تاشكەنت تەرەپكە كەتكۈزۈشكە توغرا كەلدى.

قاسىم بەگنى تاشكەنتكە-خان قېشىغا ئەۋەتىپ، ئەنجانغا يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. خان چېرىك تارتىپ، ئاھەنگەران ۋادىسى بىلەن كېلىپ، كەندىرلىك داۋىنىنىڭ تۈۋىگە چۈشكەندە، مەن خوجەندتىن بېرىپ، خان دادام بىلەن كۆرۈشتۈم. بىز كەندىرلىك داۋىنىدىن ئېشىپ، ئاخسى تەرىپىگە چۈشتۇق. ئۇ تەرەپتىن مۇخالىپلارمۇ بار چېرىكىنى يىغىپ، ئاخسىغا كەلدى. بۇ چاغدا پاپ (باب) قورغىنىدىكىلەر مەن تەرەپ بولۇپ قورغاننى بېكىتكەنىدى، خاننىڭ بىرئاز قاشاڭلىق قىلىشى بىلەن مۇخالىپلار پاپ قورغىنىنى تارتىۋالدى. خان باشقا جەھەتلەردە ياخشى بولسىمۇ، لېكىن سىپاھىيلىق ۋە سەردارلىقتا ئىنتايىن چولتا ئىدى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئەگەر يەنە بىر مەنزىل يۈرۈلسە، ۋىلايەت ئۇرۇشسىزلا قولغا كىرىشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇنداق پەيتتە مۇخالىپلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىك سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، سۈلھىنى ئوتتۇرىغا قويدى (55). ئۇلار خوجا ئەبۇلمۇكارىمنى ھەم شۇ چاغدا خاننىڭ ئىشىك ئاغىسى بولۇپ تۇرغان بەگ تىلبە (تەنبەلنىڭ ئاغىسى)نى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇلار راست-يالغان گەپلەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، خانغا ياكى ئارىدىكىلەرگە پارا بەردى. شۇنىڭ بىلەن خان قايتىپ كەتتى. مېنىڭ بىلەن قالغان بەگلەر، ئىچكىيلەر ۋە يىگىتلەردىن كۆپچىلىكنىڭ ئۆيۋاقى ئەنجاندا ئىدى. ئەنجاننىڭ ئېلىنىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بەگ ۋە يىگىتلەردىن يەتتە-سەككىز يۈز كىشى

مەندىن پۈتۈنلەي ئايرىلدى. ئايرىلغان بەگلەرنىڭ ئىچىدە ئەلى دەرۋىش بەگ، ئەلى مەزىد قەۋچىن، مۇھەممەد باقىربەگ، شەيخ ئابدۇللا ئىشىك ئاغا، مىرىم لاغەرى قاتارلىقلار بار ئىدى. مېنىڭ قېشىمدا ياخشى-يامان بولۇپ، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق، ئۈچ يۈزگە يەتمەيدىغان ئادەم قالدى. بۇلار مېنىڭ بىلەن بىللە جاپا-مۇشەققەت چېكىشنى ئىختىيار قىلغانلار بولۇپ، بەگلەردىن قاسىم قەۋچىن بەگ، ۋەيس لاغەرى بەگ، ئىبراھىم سارۇ مەڭلىغ بەگ، شىرىم تاغايى، سەيدى قارا بەگلەر، ئىچكىيلەردىن مىرشاھ قەۋچىن، سەيىد قاسىم ئىشىك ئاغا جەلايىر، قاسىم ئەجەب، مۇھەممەد دوست، ئەلى دوست تاغايى، مۇھەممەد ئەلى مۇبەششىر، خۇدابەردى تۇغچى موغۇل، يارەك تاغايى، سولتان قۇلى بابا قۇلى، پىرۋەيس، شەيخ ۋەيس، (ب 55) يار ئەلى بىلال، قاسىم مىراخور، ھەيدەر رەكابدارلار بار ئىدى. ماڭا قاتتىق ئازاب بولدى، ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتىم.

ئۇ يەردىن خوجەندكە كەلدىم. ئانامنى، ئۇلۇغ ئانامنى ۋە مېنىڭ يېنىمدا قالغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ بالا-چاقىلىرىنى خوجەندكە — مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىشتى. رامزاننى خوجەندتە ئۆتكۈزدۇق. سۇلتان مەھمۇد خانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ياردەم سوراپ، سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدۇق. خان ئوغلى سۇلتان مۇھەممەد خانىكەنى ۋە ئەھمەد بەگنى تۆت-بەش مىڭ چېرىك بىلەن سەمەرقەندكە يۈرۈشكە تەيىنلىدى ھەم ئۆزىمۇ ئاتلىنىپ ئۆرەتىپەگىچە كەلدى. ئۇ يەردە خان بىلەن كۆرۈشۈپ، يار يايلاق ئارقىلىق سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدىم.

سۇلتان مۇھەممەد خانكە بىلەن ئەھمەد بەگ باشقا يول ئارقىلىق مەندىن بۇرۇنراق يار يايلاققا كەلگەنىكەن. مەن بۇركە يايلىقى ئارقىلىق ياز يايلاقىنىڭ دورغىسى تۇرىدىغان سەنگزار قورغىنىغا كەلدىم. سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان بىلەن ئەھمەد بەگ شەيبانىخاننىڭ شىرازغا ھۇجۇم قىلغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ خوجەندكە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

سەلتەنەت ھەۋىسى ۋە يۇرت ئېلىش ئارزۇسى بولغان ئادەمنىڭ بىر-ئىككى قېتىملىق ئىشنىڭ يۈرۈشمەسلىكى بىلەن تىنچىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەندىجانغا قايتىش خىيالى بىلەن ياردەم سوراپ تاشكەندكە — خان قېشىغا (56) باردىم. شاھ بېگىمنى ۋە باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلارنى كۆرمىگىنىمگە يەتتە-سەككىز يىل بولغانىدى. مۇشۇ باھانە بىلەن ئۇلارنىمۇ يوقلىۋالدىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، خان سەيىد مۇھەممەد دوغلاتنى، ئەييۇب بەگچىكنى ۋە جان ھەسەن بارىننى يەتتە-سەككىز يۈزچە چېرىك بىلەن ياردەمگە تەيىنلىدى. بۇ ياردەمچى قىسمنى ئېلىپ كېلىپ، خوجەندتە توختىمايلا ئالغا ئىلگىرىلەپ، كەندبادامنى سول تەرەپتە قالدۇرۇپ، خوجەندتىن ئون يىغاچ، كەندبادامدىن ئۈچ يىغاچ كېلىدىغان نەسوخ قورغىنىغا كەلدۇق ۋە كېچىدە شوتا قويۇپ قورغاننى تويۇقسىز بېسىۋالدۇق. قوغۇن پىششىقى ئىدى. نەسوختىن ئىسمائىل شەيخي دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قوغۇن چىقىدۇ. شاپىقى سېرىق، ئۇرۇقى ئالمىدەك، گۆشى تۆت ئىلىك كېلىدىغان بۇ قوغۇن بەكمۇ تاتلىق بولىدۇ. ئۇ ئەتراپتا ئۇنىڭغا يېتىدىغان

قوغۇن يوق. ئەتىسى موغۇل بەگلەر پىكىر بايان قىلىپ، ئادىمىمىز بەك ئاز، بۇ بىر قورغاننى ئېلىش بىلەن ئىش پۈرۈشمەيدۇ دېيىشتى. ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. بىز بۇ يەردە تۇرۇپ قورغاننى بېكىتىشنى مۇۋاپىق تاپماي، يەنە خوجەندكە قايتىپ كەلدۇق.

شۇ يىلى خۇسرەۋ شاھ بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن بىللە چاغانىيانغا چېرىك تارتىپ كېلىپ، ھىيلە بىلەن ئالدى. سۇلتان مەسئۇد مىرزا ئەلچى ئەۋەتىپ (ب 56) «بىللە سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلايلى، سەمەرقەند ئېلىنسا، مىرزىلاردىن بىرىمىز سەمەرقەندتە، بىرىمىز ھىساردا تۇرايلى» دېگەن تەكلىپنى بەردى. سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ بەگلىرى، ئىچكىيلىرى ۋە يىگىت-خادىملىرى ئىچىدە نارازىلىق بار ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ قېيىن ئاتىسى ئابدۇللا بارلاس بايسۇنغۇر مىرزا قېشىدىن سۇلتان مەسئۇد مىرزا قېشىغا بېرىپ، ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەنىدى. ھىسار ۋىلايىتى كىچىك ۋىلايەت بولۇشىغا قارىماي، مىرزا ئۇنىڭ مائاشىنى مىڭ تۈمەن پۇل بەلگىلەپ، خەتلان ۋىلايىتىنى پۈتۈن-سۈرۈك ئۇنىڭغا بېرىۋەتكەنىدى. خەتلان ۋىلايىتىدە سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ نۇرغۇن بەگلىرى بىلەن ئىچكىيلىرىنىڭ تۇغقانلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئۇنىڭ ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئىشىك ئىختىيارلىقى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولىدا بولۇپ قالغانىدى. رەنجىگەنلەر كەينى-كەينىدىن قېچىپ، بايسۇنغۇر مىرزا قېشىغا كېلىشكە باشلىغانىدى. خۇسرەۋ شاھ يالغان سۆزلەر بىلەن سۇلتان مەسئود مىرزىنى بىخۇد قىلىپ،

چاغانىياندىن تېز يۈرۈپ، سۇبھى ۋاقتى بىلەن ھىسار قورغىنىنى قورشىۋالدى. سۇلتان مەسئۇد مىرزا قورغاننىڭ سىرتىدىكى مەھەللىدە ئاتىسى سالدۇرغان «دەۋلەت ساراي» ناملىق ئىمارەتتە ئىدى. ئۇ قورغانغا كىرەلمەي، قېچىپ ئابدۇللا بارلاس بىلەن خەتلان تەرەپكە ماڭدى. يولدا شەيخ ئابدۇللا بارلاستىن ئايرىلىپ، ئۇباچ كېچىكىدىن ئۆتۈپ، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا قېشىغا كەتتى. (57)

خۇسرەۋ شاھ ھىسار ۋىلايىتىنى ئالغاندىن كېيىن، بايسۇنغۇر مىرزىنى ھىساردا تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، خەتلاننى ۋەلىگە بەردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بەلخنى قورشاش نىيىتى بىلەن ئاتلاندى. ئۆزىدىن بۇرۇنراق، نەزەر بەھادىر ئاتلىق چوڭ نۆكىرىنى ئۈچ-تۆت مىڭ ئادەم بىلەن بەلخ تەۋەسىگە ماڭدۇرۇپ، ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن، ئۆزى بايسۇنغۇر مىرزىنى ئېلىپ كېلىپ بەلخنى مۇھاسىرە قىلدى. بەلختە ئىبراھىم ھۆسەيىن مىرزا تۇراتتى، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ بەگلىرىدىنمۇ كۆپ ئىدى. خۇسرەۋ شاھ ئىنىسى ۋەلىنى نۇرغۇن چېرىك بىلەن شەبىرغاننى قورشاش ۋە شۇ ئەتراپنى تالان-تاراج قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋەلى بېرىپ، شەبىرغاننى يېقىندىن قورشىيالمىدى، ھەممە چېرىكنى زەردەك چۆلىدىكى خەلقلەرنى تالاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ، زەردەك چۆلىنى تالاپ، يۈزمىڭدىن ئارتۇق قوي، ئۈچ مىڭغا يېقىن تۆگە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سان چارىك ۋىلايىتىنى چاپقۇن قىلىپ، تاغدىكى بەزى بېكىنگەن خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ كېلىپ، بەلختە ئاغىسىغا قوشۇلدى.

خۇسرەۋ شاھ بەلخنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغاندا، بىر كۈنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان نەزەر بەھادىر ئاتلىق نۆكىرىنى بەلخنىڭ ئېرىقلىرىنى تىندۇرۇشقا ئەۋەتتى. قورغاندىن سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ ئېتىبارلىق بەگلىرىدىن تەڭرى بېردى (ب 57) سامانچى يەتمىش-سەكسەن يىگىت بىلەن چىقىپ، نەزەر بەھادىر بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇنى يىقىتىپ، بېشىنى كېسىپ قورغانغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئىنتايىن مەردانە جەڭ قىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئىش كۆرسەتتى.

خۇددى شۇ يىلى، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا زۇنۇن ئارغۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شاھ شۇجائىقا قارشى چېرىك تارتتى، چۈنكى ئۇلار بەدىئۇززەمان مىرزىغا نۆكەر بولۇپ، قىز بېرىپ، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا بىلەن قارشىلىشىپ قالغانىدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا بۇستىتقا كېلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ چېرىكىگە ھېچ تەرەپتىن ئاشلىق كەلمىدى. ئۇلار ئاچارچىلىقتا قېلىش خەۋپىگە يەتكەندە، بۇستىنىڭ دورغىسى بۇست قورغىنىنى بەردى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا شۇ بۇست ئامبىرىدىكى ئوزۇق-تۈلۈككە تايىنىپ، خۇراسانغا كېتىۋالدى. كاتتا پادىشاھ ھېسابلانغان سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا قۇندۇز، ھىسار، قەندىھار ئۈستىگە شۇنچە قورال-ياراق ۋە ھەيۋە بىلەن بىرقانچە قېتىم چېرىك تارتىپ كېلىپ، ئالالماي قايتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە بەگلىرى دادىللىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشكىلى تۇردى. شۇ يازلىقى سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئۆزىنىڭ ئاسترابادنى ئىگىلەپ، ئۆزى بىلەن دۈمەنلەشكەن ئوغلى مۇھەممەد ھۆسەيىن مىرزىغا قارشى مۇھەممەد ۋەلى باشلىق بەگلەرنى نۇرغۇن چېرىك بىلەن

ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، ئۆزى نىشىن ئوتلىقدا تۇرغاندى.
بەدىئۈززەمان مىرزا بىلەن زۇنۇن ئوغلى شاھ شۇجائ (58)
قارىسىغىلا چېرىك تارتىپ، مىرزىغا قارشى كەلدى. خۇددى
كېلىشىپ قويغاندەك، ھىسارنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، سۇلتان
ھۆسەيىن مىرزا قېشىغا كېلىۋاتقان سۇلتان مەسئۇد مىرزا شۇ
كۈنى يېتىپ كەلدى، ئاستراباداقا بارغان چېرىكمۇ دەل شۇ
كۈنى كېلىپ مىرزىغا قوشۇلدى. بۇ ئەھۋالدا بەدىئۈززەمان
مىرزا بىلەن شاھ بەگ جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي قېچىپ
كەتتى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا سۇلتان مەسئۇد مىرزىنى
ياخشى كۈتىۋېلىپ، ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆپ
ياخشىلىقلارنى قىلدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ ئىنىسى باقى چاغانىيانى
ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق كېلىپ، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا خىزمىتىدە
بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ خۇراساندا تۇرۇشتىن ئەنسىرەپ، بىر
باھانە بىلەن چىقىپ، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىدىن بىرۇخسەت
خۇسرەۋ شاھ قېشىغا بېرىۋالدى. خۇسرەۋ شاھ ھىساردىن
بايسۇنغۇر مىرزىنى چاقىرتىۋالدى.

شۇ مەزگىلدە ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ ئوغلى مىرانشاھ مىرزا ئاتىسى
بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ھەزارەگە ① كېلىپ، ھەققانىيەتسىز ئىشلارنى
قىلغانلىقتىن ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، ئۇمۇ خۇسرەۋ شاھنىڭ قېشىغا
كەلگەندى. ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن بەزى كالتە پەملەر
ئۈچ شاھزادىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خۇسرەۋ شاھ نامىغا خۇتبە
ئوقۇتۇش كويىدا بولدى. لېكىن خۇسرەۋ شاھ بۇ چارىنى مۇۋاپىق

① ھەزارە — غەزنى تەۋەسىدىكى تاغلار ۋە بۇ تاغلاردىكى قوۋملار.

كۆرمىدى. بۇ تۇزكور مۇناپىق ئۆزىگە ۋاپا قىلمىغان ھەم ھېچكىمگە ۋاپا قىلمايدىغان بەش كۈنلۈك دۇنيا ئۈچۈن، ئۆزى كىچىكىدىن بېقىپ ئۆستۈرگەن ۋە بەگ ئەتكىسى بولغان سۇلتان مەسئۇد (ب 58) مىرزىنى قولغا ئېلىپ، كۆزىگە نەشتەر سانجىپ كور قىلدى. مىرزىنىڭ بىرنەچچە كۆكەلداش، ئېملداشلىرى بىلەن تەجرىبىلىك ئادەملىرى سۇلتان مەسئۇد مىرزىنى ئېلىپ، سەمەرقەندكە — سۇلتان ئەلى مىرزا قېشىغا ئاپىرىش خىيالى بىلەن كېشكە كەلگەندە، ئۇ يەردىكىلەرمۇ قەست قىلىش كويىدا بولدى. ئۇلار كېشتىن قېچىپ، چارجو داۋاندىن ئۆتۈپ، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا قېشىغا باردى. مۇشۇنداق پەسكەشلىكنى قىلغان ھەر قانداق كىشىگە ۋە مۇشۇنداق ئىشقا ئۇرۇنغانلارغا يۈزمىڭ لەنەت بولسۇن! تا قىيامەتكىچە، ھەركىم خوسرەۋ شاھنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇسۇن، بۇ قىلمىشنى ئاڭلاپ لەنەت ئوقۇمىغان ئادەمنىمۇ لەنەتلىك بىلسۇن!

خۇسرەۋ شاھ ئۆزىنىڭ رەزىل قىلمىشىدىن كېيىن، بايسۇنغۇر مىرزىنى پادىشاھ قىلىپ ھىسارىغا ماڭدۇردى. مىرانشاھ مىرزىغا سەيىد كامىلنى ياردەمچى قىلىپ باميان تەرىپىگە ئەۋەتتى.

# توققوز يۈز تۆتىنچى يىل① ۋەقەلىرى

سەمەرقەند بىلەن ئەندىجانغا بىرقانچە قېتىملا يۈرۈش قىلىپ، ھېچ ئىش چىقىرالماي، يەنە خوجەندكە قايتىپ كەلدۇق. خوجەند كىچىك بىر يەر بولۇپ، بىر-ئىككى يۈز نۆكىرى بار ئادەمنىڭ كۈنى (59) تەسلىكتە ئۆتىدۇ. غايىلىك بىر ئادەمنىڭ بۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇھەممەد ھۆسەين كوراگان دوغلات ئۆرەتېپەدە ئىدى. سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىش ئىستىكى بىلەن ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ سۆزلەشتىم. يار يايلاق قىشلاقلىرىدىن بولغان پىشاغەرنى بىزگە بىر قىش ئارىيەت بەرسە، بىز شۇ يەردە تۇرۇپ، سەمەرقەند ۋىلايىتىنى ئېلىشقا قولدىن كەلگىنىچە ئۇرۇنۇپ باقساق دېگەن تەلەپنى قويدۇق. بۇ قىشلاق خوجا ھەزرەتلىرىگە قاراشلىق قىشلاقلاردىن بولۇپ، بۇ قېتىمقى فەترەتتە ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. مۇھەممەد ھۆسەين مىرزا بۇنىڭغا رازى بولدى. خۇجەندتىن ئاتلىنىپ پىشاغەرگە ماڭدىم. زامىنغا يېتىپ بارغاندا بەزگەك بولۇپ قالدىم. شۇنىڭغا قارىماي، زامىندىن ئاتلىنىپ، تېز سۈرئەتتە تاغ يولى بىلەن ئۆتۈپ رەباتى خوجا ئۇستىگە كەلدىم. شاۋدار تۇمەنىنىڭ مەركىزى بولغان بۇ قورغاننى شوتا قويۇپ چىقىپ تۇيدۇرماي ئېلىشنى مەقسەت

① مىلادىيە 1498 — 1499-يىللار ئارىلىقى.

قىلىپ، سۇبھى ۋاقتىدا يېتىپ كەلدۇق. قورغاندىكىلەر تويۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھېچ يەردە توختىماي پىشاغەرگا قايتىپ كەلدۇق. بەزىگەك قوزغىلىپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئۇن ئۇچ، ئۇن تۆت يىغاچ يولنى جاپا-مۇشەققەت بىلەن بېسىپ تۈگەتتىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئىبراھىم سارۇ ۋەيس لاغەرى ۋە شېرىم تاغايىنى ئىچكى بەگلەر ۋە يىگىتلەر بىلەن ئىلغار قىسىم قىلىپ، يار يايلاق قورغانلىرىنى سۆز بىلەن ياكى زورلۇق بىلەن ئىگىلەشكە ماڭدۇردۇق. ئۇ چاغدا (ب 59) يار يايلاق سەيىد يۇسۇف بەگنىڭ قولىدا ئىدى. مەن سەمەرقەندتىن چىققاندا شۇ يەردە قېلىپ، سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭمۇ ئېتىبارىغا ئېرىشكەنىدى. سەيىد يۇسۇف بەگ يار يايلاق قورغانلىرىنى ئىدارە قىلىشقا ئىنىسى بىلەن ئوغلىنى ئەۋەتكەنىدى. سىيالكۇت ھۆكۈمىتىنى قولغا ئالغان سەيىد يۇسۇف بەگ بۇ چاغدا شۇ قورغانلاردا ئىدى. بىزنىڭ بەگلەر بىلەن يىگىتلەر بېرىپ، قىش بويى بەزى قورغانلارنى سۈلھ بىلەن، بەزى قورغانلارنى جەڭ بىلەن، بەزىلىرىنى ھىيلە ۋە ئالداش يولى بىلەن ئالدى. ئۇ ۋىلايەتلەردە موغۇل ۋە ئۆزبېكلەر سەۋەبىدىن قىشلاقلارنىڭ بىرىمۇ قورغانسىز ئەمەس ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە بىزنىڭ سەۋەبىمىز بىلەن سەيىد يۇسۇف بەگ، ئۇنىڭ ئىنىسى ۋە ئوغلى گۇمانلىق سانىلىپ، خۇراسانغا ماڭدۇرۇلدى.

بۇ قىش مانا شۇنداق تالاش-تارتىش بىلەن ئۆتتى. ياز كېلىشى بىلەن، سۈلھ قىلىش ئۈچۈن خوجا يەھيانى ئەۋەتتى. ئۆزلىرىمۇ چېرىك رىغبىتى بىلەن شىراز ۋە كابۇل تەۋەسىگە كەلدى. بىزنىڭ بارلىق سىپاھىيمىز ئىككى يۈزدىن ئارتۇق، ئۈچ يۈزدىن كەم ئىدى. ئەتراپىمىزدا كۈچلۈك دۈشمەنلەر تۇراتتى. ئەندىجانغا ھۇجۇم قىلىپ،

تەلىيمىز ئوڭ كەلمىدى. سەمەرقەندكە قىلغان يۈرۈشىمىزمۇ ئەپلىشىپ بەرمىدى. شۇڭا، سۈلھ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، پىشاغەردىن (60) قايتتۇق.

خوجەند كىچىك بىر يەر. بىر بەگنىڭ كۈنى تەسلىكتە ئۆتىدۇ. بىزنىڭ ئۆيۋاق ۋە ئادەملىرىمىز بىلەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا بىر يېرىم يىل بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە بىزنى تەمىنلەپ ۋە خىزمىتىمىزدە بولۇپ، ھېچ نەرسىنى ئايىمىدى. ئەمدى خوجەندكە قايسى يۈز بىلەن بارغۇلۇق! خوجەندكە بېرىپ نېمە قىلغۇلۇق!

بارماققانى مەسكەن مۇيەسسەر،
تۇرماققا نى دەۋلەت مۇقەررەر.

(نە بېرىشقا ئۆي-ماكان بولسۇن، نە تۇرۇشقا بىر دۆلەت بولسۇن)

مۇشۇنداق دېلىغۇللۇق ۋە ئىككىلىنىشلەر بىلەن ئاخىر ئۆرەتېپەنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يايلاقلارغا باردۇق. بىرنەچچە كۈن شۇ تەرەپتە ئۆز ئىشىمىزغا ھەيران بولۇپ، بارىدىغان ۋە تۇرىدىغان يېرىمىزنى بىلمەي سەرگەردانلىقتا يۈردۇق. بىر كۈنى مۇشۇ يەردە خۇددى بىزدەك ۋەتەندىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن خوجا ئەبۇلمۇكارىم مېنى يوقلاپ كەلدى، نەگە بېرىشىمىزنى، نېمە قىلىشىمىزنى سوراپ، تەسىرلىنىپ، بىزنىڭ ھالىمىزغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، دۇئا بېرىپ قايتتى. بۇ ئىش ماڭىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇ كۈنى نامازدىگەردە جىلغىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن بىر ئاتلىق ئادەم چىقىپ كەلدى. بۇ ئەلى دوست تاغايىنىڭ يولچۇق ئىسىملىك نۆكىرى ئىكەن. ئۇ ئەلى دوست تاغايىنىڭ «مەن زور گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، لېكىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، ئىنايەت بىلەن

گۇناھىمدىن كېچىپ، (ب 60) بۇ تەرەپكە كەلسە، مەرغىناننى بېرىپ، قۇللۇق ۋە خىزمەتكارلىق قىلسام، شۇنىڭ بىلەن گۇناھىم يۇيۇلۇپ، يۈزۈم ئۆرە بولسا» دېگەن گەپلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ.

ھەيرانلىق ۋە سەرگەردانلىقتا يۈرگىنىمىزدە، ئۇ خەۋەرنىڭ كېلىشى بىلەن ھېچ نەرسىنى ئويلىمايلا، گەرچە كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ۋاقىت بولسىمۇ. دەرھال ئاتلىنىپ، ئىلغار قىسىم تەرىقىسىدە مەرغىنانغا سەپەر قىلدىم. بۇ يەر بىلەن مەرغىناننىڭ ئارىلىقى يىگىرمە تۆت-يىگىرمە بەش يىغاچ يول ئىدى. شۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە، ئەتىسى پېشىنگىچە ھېچنەدە توختىماي ماڭدۇق. ناماز پېشىندا خوخەندنىڭ تەگئاب دېگەن قىشلىقىغا چۈشتۇق. ئاتلارنى سوۋۇتۇپ، بوغۇز بېرىپ، تۈن يېرىمى، ناغرا ۋاقتى① بىلەن تەگئابتىن يولغا چىقتۇق. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە، ئەتىسى كەچكىچە ھەم كېچىسى تاڭ سۈزۈلگۈچە مېڭىپ، مەرغىنانغا بىر يىغاچ يول قالغاندا، ۋەيس بەگ باشلىق بەزى بەگلەر «ئەلى دوست نېمە يامانلىقلارنى قىلمىغان؟ ئارىدا بىر-ئىككى قېتىم ئادەم ماڭدۇرۇپ، زۆرۈر ئەھدە-شەرتلەرنى قىلىشمايلا بارساق، قانداق بولىدۇ؟» دېگەن ئەندىشىلىرىنى بىلدۈردى. بۇ خىل ئەندىشە ئورۇنلۇق ئىدى. شۇڭا بىرئاز ۋاقىت توختاپ، كېڭەش قىلدۇق. ئاخىرىدا «بۇ ئەندىشە ئورۇنلۇق بولسىمۇ، (61) لېكىن بۇرۇنراق مۇشۇنداق ئويلىغان بولساق، ياخشى بولاتتى. ئۈچ كېچە-كۈندۈز توختىماي يول مېڭىپ، يىگىرمە تۆت-يىگىرمە بەش يىغاچ يولنى بېسىپ كەلدۇق، ئەمدى قايتىمىز دېسەك، ئاتلاردىمۇ، ئادەملەردىمۇ ماجال قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قايتساق نەگە بارىمىز ۋە

---

① ناغرا ۋاقتى — زو ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن.

نەدە تۇرىمىز؟ نېمە بولسا بولسۇن، مەرغىنانغا بېرىش كېرەك، ھەرقانداق ئىش بولسا، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىسىز بولمايدۇ» دېگەن يەرگە كەلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، تەۋەككۇل قىلىپ يولغا چۈشتۇق. سۈننەت ۋاقتىدا مەرغىنان قورغىنىنىڭ ئىشىكىگە كەلدىم. ئەلى دوست تاغايى دەرۋازىنى ئاچماي تۇرۇپ، ۋەدە تەلەپ قىلدى. ۋەدە-شەرت قىلىشقاندىن كېيىن دەرۋازىنى ئېچىپ، دەرۋازا ئارىسىدا مۇلازىمەت قىلدى. ئەلى دوستنى كۆرگەندىن كېيىن، قورغاننىڭ ئىچىدىكى مۇناسىپ بىر ھويلىغا چۈشتۇق. مېنىڭ بىلەن چوڭ-كىچىك بولۇپ ئىككى يۈز قىرىق كىشى بىللە بارغانىدى. ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئەھمەد تەنبەل ۋىلايەت ئاھالىسىگە ئېغىر زۇلۇم سېلىپ، يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ۋىلايەت ئاھالىسى پۈتۈنلەي مېنى ھىمايە قىلاتتى. مەرغىنانغا كىرىپ ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قاسىم بەگكە پىشاغەردىن كەلگەن ۋە يېڭىدىن نۆكەر بولغانلاردىن ھەم ئەلى دوست بەگنىڭ ئادەملىرىدىن يۈزدىن كۆپرەك كىشىنى قوشۇپ، ئەندىجاننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغلىق خەلقلەرنى (ب 61) مەسلەن، ئاشپارىيان، تۇرۇق شاران، چەكرەكلەرنى نەسىھەت بىلەن ياكى زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتىم. ئىبراھىم سارۇ، ۋەيس لاغەرى ۋە سەيدى قارانى يۈزگە يېقىن ئادەم بىلەن ئاخسى تەرەپكە ئەۋەتتىم، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى خوجەند سۇيىنى كېچىپ ئۆتۈپ، شۇ تەرەپتىكى قورغانلار بىلەن تاغلىقلارنى قانداق قىلىپ بولسۇن، بىزگە قارىتىش ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇزۇن ھەسەن بىلەن سۇلتان ئەھمەد تەنبەل جەھانگىر مىرزىنى ئېلىپ، بارلىق سىپاھىي ۋە موغۇلنى يىغىپ، ئاخسىنىڭ چېرىككە يارايدىغان ئادىمىنىڭ ھەممىسىنى

چىرىك قىلىپ، مەرغىناننى قورشاش غەربىزى بىلەن مەرغىناننىڭ بىر شەرقى شەرق تەرىپىدىكى سەپان ناملىق قىشلاققا كېلىپ چۈشتى. بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن سەپ تۈزۈپ، قوراللىنىپ، مەرغىناننىڭ مەھەللىلىرىگە كەلدى. قاسىم بەگ، ئىبراھىم سارۇ، ۋەيس لاغەرى باشلىق ئادەملەرنى ئىككى تەرەپكە ماڭدۇرۇۋېتىپ، يېنىمدا ئازلا ئادەم قالغان بولسىمۇ، بار يىگىتلەر سەپ تۈزۈپ چىقىپ، مۇخالىپلارنى مەھەللىلەرنىڭ بىرىسىغا ئۆتكىلى قويمىدى. ئۇ كۈنى خەلىل چۆھرە دەستارپىچ ياخشى جەڭ قىلدى. دۈشمەن ھېچ ئىش قىلالمىدى ۋە ئىككىنچىلەپ (62) قورغانغا يېقىن كېلەلمىدى.

قاسىم بەگ ئەندىجاننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغلارغا بارغانىدى، ئاشپارىيان، تۈرۈق شاران، چەكرەكلەر ۋە شۇ تەۋەنىڭ تاغ ۋە تۈزلەڭدىكى خەلقلەر تامامەن بىزگە قارىدى، سىپاھىيلىرىدىنمۇ بىرلەپ، ئىككىلەپ قېچىپ كېلىشكە باشلىدى. ئىبراھىم سارۇ ۋەيس لاغەرى قاتارلىقلار ئاخسى تەرىپىگە بېرىپ، سۇدىن ئۆتۈپ باب قورغىنىنى ۋە باشقا بىر-ئىككى قورغاننى ئالدى. ئۇزۇن ھەسەن بىلەن تەنبەل زالىم، پاسىق، دىنسىزلاردىن بولۇپ، خەلق ئۇلاردىن قاتتىق نارازى ئىدى. ئاخسى چوڭلىرىدىن ھەسەن دىكچە ئۆز ئادەملىرى بىلەن ھەم ئاخسىنىڭ بىر تۈركۈم نوچىلىرىنى ھەرد-كە تلەندۈرۈپ، ئاخسىنىڭ تاش قورغىندىكىلەرنى ئۇر-ئۇر قىلىپ، ئەركىكە سولاپ، ئىبراھىم سارۇ، ۋەيس لاغەرى، سەيدى قاراباش قاتارلىقلارنى چاقىرىپ، ئاخسىنىڭ تاش قورغىنىغا كىرگۈزدى. سۇلتان مەھمۇد خان بەندە ئەلنى، ھەيدەر كۆكەلداشنى ۋە شۇ چاغدا شەيبانىخان قېشىدىن قېچىپ خان قېشىغا كەلگەن ھاجى غازى

مەنغىتنى ھەم بارىن تۇمەننى بەگلىرى بىلەن بىللە بىزگە ياردەمچى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. ئۇلارمۇ شۇ چاغدا يېتىپ كەلدى.

ئۇزۇن ھەسەن بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قالدى ھەم ئېتىبارلىق (ب 62) نۆكەرلىرىنى ۋە ياخشى يىگىتلىرىنى ئاخسىنىڭ ئەركىگە ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇلار دەريا بويىغا باغاندا، بىزنىڭ چېرىك بىلەن موغۇل چېرىكى خەۋەر تېپىپ، بىر بۆلەك ئادەمنى يېۋىداق ئات بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزدى. ياردەمگە كەلگەنلەر ئالدىراپ كېتىپ، كېمىنى يۇقىرىغا تارتماي، كېچىكتىنلا قويىۋەتتى، نەتىجىدە قورغانغا ئۆتەلمەي، ئاياغقا چۈشۈپ كەتتى. بىزنىڭ چېرىك بىلەن موغۇل چېرىكى تۇشمۇ تۇشتىن يېۋىداق ئات بىلەن دەرياغا كىرگىنلى تۇردى، كېمىدىكىلەر ئۇرۇشالمايلا قالدى. قارلۇغاچ باخشى موغۇل بەگ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، قولىنى تۇتۇۋېلىپ چېپىپ ئۆلتۈردى. بۇ پايدىسىز ئىشتىن ئىش تېرىلدى. كېمىدىكىلەردىن كۆپچىلىكىنىڭ ئۆلۈشىگە ئۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتى سەۋەب بولدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە دەريادىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قىردى. قارلۇغاچ باخشى، خەلىل دىۋانە ۋە قازى غۇلاملار ئۇزۇن ھەسەننىڭ مۆتىۋەر بەگلىرىدىن ئىدى. ئۇلاردىن پەقەت قازى غۇلاملا قۇللۇق باھانىسى بىلەن قۇتۇلۇپ قالدى. يەنە مۆتىۋەر يىگىتلىرىدىن سەيىد ئەلى (ئۇ ھازىرمۇ مېنىڭ قېشىمدا مۆتىۋەر)، ھەيدەر قۇلى ۋە قۇلكە كاشغەرىي قۇتۇلۇپ قالدى. يەتمىش-سەكسەن ياخشى يىگىتنىڭ بەش-ئالتىسىدىن باشقا بىرىمۇ قۇتۇلالمىدى. (63)

ئۇزۇن ھەسەنلەر بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، مەرغىنان تەۋەسىدە تۇرالماي، سېپى بۇزۇلغان ھالدا ئەندىجان تەرەپكە كۆچتى. ئەندىجانغا ئۇزۇن ھەسەننىڭ يېزنىسى ناسىر بەگ قويۇلغانىدى.

بۇ ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىچىدە ئىككىنچىسى بولالمسا، جەزمەن ئۈچىنچىسى بولالايدىغان تەجرىبىلىك، مەردانە ئادەم ئىدى. ئۇ، بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دەسسەپ تۇرالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئەندىجان قورغىنىنى بېكىتىپ، ماڭا ئادەم ئەۋەتتى. ئۆزۈن ھەسەنلەر ئەندىجانغا يەتكەندە، قورغاننىڭ بېكىتىلگەنلىكىنى بىلىپ، سۆزلىرى بىر يەرگە كەلمەي، قېيىدىشىپ، ئۆزۈن ھەسەن ئاخسى تەرەپكە ماڭدى، سۇلتان ئەھمەد تەنبەل ئۆز ۋىلايىتى ئوشقا ماڭدى. جەھانگىر مىرزىنى بىرنەچچە ئىچكىيلىرى ۋە يىگىتلىرى ئۆزۈن ھەسەن قېشىدىن ئېلىپ قېچىپ، تەنبەل ئوشقا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا قوشۇلدى.

ئەندىجان بېكىتىلگەن خەۋەر ماڭا يېتىپ كېلىشى بىلەن دەرھال قوزغالدىم، كۆن چىققاندا مەرغىناندىن يولغا چىقىپ چۈش قايرىلغاندا ئەندىجانغا كەلدىم. ناسىر بەگنى ۋە ئوغۇللىرى دوست بەگ بىلەن مىرىم بەگنى كۆرۈپ، ھال-ئەھۋال سورىشىپ، ئۇلارنى ياخشىلىقتىن ئۈمىدۋار قىلدىم. ئاتا ۋىلايىتى قولدىن كەتكىنگە ئىككى يىلغا يېقىن (ب 63) بولۇپ قالغانىدى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن 1953-يىلى① زۇلقەدە② ئېيىدا يەنە قولۇمغا كىردى. سۇلتان ئەھمەد تەنبەل جەھانگىر مىرزا بىلەن قوشۇلۇپ ئوش تەرەپكە ماڭغانىدى. ئۇلار ئوشقا كىرگەندە، ئۇ يەردىمۇ ئاھالە ئۇلارغا قارشى قوزغىلىپ، ئۇر-ئۇر قىلىپ قوغلاپ چىقاردى ۋە قورغاننى بىز ئۈچۈن ساقلاپ، بىزگە ئادەم ئەۋەتتى. جەھانگىر بىلەن تەنبەل ئازلا ئادىمى بىلەن ساراسىمدە بېرىپ ئۆزگەندكە

① مىلادىيە 1498-يىلى.
② زۇلقەدە — قەمەرىيە 11-ئاي.

كىرىشۋالدى. ئەندىجانغا كىرەلمەي ئاخسى تەرەپكە ماڭغان ئۆزۈن ھەسەننىڭ ئاخسى ئەركىگە كىرگەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. بۇ قېتىمقى ئىسياننى قوزغىغانلارنىڭ كاتتىبېشى شۇ ئۆزۈن ھەسەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەندىجاندا تۆت-بەش كۈن تۇرۇپلا ئاخسىغا يۈرۈش قىلدۇق. بىز ئاخسىغا يەتكەندە، ئۆزۈن ھەسەن پۈتۈنلەي چارىسىز قېلىپ، قېنىنى تىلەپ، قورغاننى تاپشۇردى. ئاخسىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئاخسى، كاسان ۋە شۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياردەمگە كەلگەن موغۇل بەگلىرىنى قايتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزۈن ھەسەننى ئۆيۋاقى ۋە ئادەملىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ئەنجانغا كەلدۇق. ئاخسىدا قاسىم ئەجەبنى ۋاقىتلىق قويدۇق، ئۇ بۇرۇن ئىچكىيلەر دەرىجىسىدە بولۇپ، مېنىڭ قېشىمدا بەگلىك مەرتىۋىسىگە چىققانىدى.

ۋەدە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزۈن ھەسەننىڭ جان ۋە مۈلكىگە زىيان تەتكۈزمەي، ئۇنىڭ قاراتىگىن يولى بىلەن ھىسارغا كېتىشىگە (64) رۇخسەت قىلدۇق. ئۇ ئازغىنە ئادىمى بىلەن ھىسارغا كەتتى، باشقا ھەممە نۆكىرى ئايرىلىپ قالدى. بۇلار بۇ قېتىمقى فەترەتتە بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ۋە خوجا قازى بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇپ تالىغانلار ئىدى. بىر قىسىم بەگلەر بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ مۇنداق تونۇشقا كەلدۇق: «بۇلار شۇنچە غوۋغا ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلىپ بىزگە تەئەللۇق مۆمىن مۇسۇلمانلارنى تۇتۇۋۇپ تالىغانلار. بۇلار ئۆز بەگلىرىگە ۋاپا قىلمىغان يەردە بىزگە نېمە ۋاپا قىلسۇن! بۇلارنى تۇتتۇرساق ھېچقانداق بولمايدىغان يېرى يوق. ئۇلار بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىزنىڭ ئېتىمىزنى مىنىپ، تونىمىزنى كىيىپ، قويىمىزنى يەپ يۈرسە، بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى

بولدۇ! رەھىم قىلىپ، تۇتتۇرمىغان ۋە تالاتمىغان ھالەتتىمۇ، قازاقلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەردە بىز بىلەن بىللە بولغانلار ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى تونىسا، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق پەرمان چىقىرىش كېرەك. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن قوتۇلسا، بۇنىڭغا شۈكرى قىلسا بولىدۇ». بىز بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرۈپ، بىز بىلەن بىللە بولغانلار تونىغان نەسىلىرىنى ئېلىۋالسۇن دەپ پەرمان چىقاردۇق. گەرچە بۇ قارار مۇۋاپىق ۋە توغرا بولسىمۇ، لېكىن بىرئاز ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىمىز مەلۇم بولدى. جەھانگىر مىرزىدەك بىر زىياندىش يېنىمىزدا تۇرغان ئەھۋالدا، بۇلارنى (ب 64) مۇنچىلىك ئۈركۈتۈشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق ئىكەن. يۇرت ئېلىش ۋە يۇرت سوراشتا بەزى ئىشلار زاھىرەن مۇۋاپىق كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ تېگىنى پۇختا مۇلاھىزە قىلىش لازىم ئىكەن. بىزنىڭ مۇشۇ بىمۇلاھىزە، ھۆكۈمىمىز شۇنداق غوۋغا ۋە توپىلاڭلارنى قوزغىدىكى، بىزنىڭ ئەندىجاندىن ئىككىنچى قېتىم چىقىپ كېتىشىمىزگە سەۋەب بولدى. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن موغۇللار ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئىككى سۇ ئارىسى دېيىلىدىغان رىباتەك ئۇرچىنىدىن ئۆزگەندتەرىپىگە كۆچۈپ، ئەھمەد تەنبەلگە ئادەم ئەۋەتتى. ئانامنىڭ قېشىدا مىڭ بەش يۈز-ئىككى مىڭغا يېقىن موغۇل بارئىدى، ھىساردىن ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان ۋە مۇھەممەد دوغلات بىلەنمۇ شۇنچىلىك موغۇل كەلگەنىدى. باماىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھامان موغۇل ئۇلۇسىدىن بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھازىرغىچە مەن بىلەن بەش قېتىم دۈشمەنلەشتى. بۇ ئۇلارنىڭ مەن بىلەن چىقىشالمىغانلىقىدىن بولغان ئىش ئەمەس. ئۇلار مۇنداق ھەرىكەتلەرنى ئۆز خانلىرىغىمۇ قاتتا-قايتا قىلغان.

بۇ خەۋەرنى ماڭا سۇلتان قولى چوناق يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئاتىسى

خۇدا بەردى بوقاق (65) موغۇللار ئىچىدە ئېتىبارىمغا ئېرىشكەن ئادەم بولۇپ، خېلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. سۇلتان قولى چوناق موغۇللار بىلەن بىللە تۇراتتى. ئۇ ئۆز ئېلىدىن ۋە ئۇلۇسىدىن ئايرىلىپ بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزدى. ئۇ بۇ قېتىم ياخشى ئىش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن شۇنداق قاباھەتلەرنى قىلدىكى، مۇنداق ياخشى ئىشنىڭ يۈزىگىمۇ تېتىپ ئاشىدۇ، بۇ ئىشلار ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسىدۇر. بۇ كېيىنكى قاباھەتلەرمۇ موغۇللۇقنىڭ نەتىجىسىدىن ئىدى. خەۋەر كېلىشى بىلەن بەگلەرنى يىغىپ مەسلىھەت قىلدىم. بەگلەر: «بۇ ئەرزىمەس بىر ئىش. پادىشاھ ئاتلىنىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. قاسىم بەگ بارلىق بەگلەرنى ۋە چېرىكنى باشلاپ بارسۇن» دېگەن پىكردە بولۇشتى. ئۇلار مەسلىنى سەل چاغلىدى ۋە شۇ پىكىر بويىچە قارار بولدى، لېكىن بۇ قارار خاتا بولغانىكەن. شۇ كۈنى قاسىم بەگ بەگلەرنى ۋە چېرىكنى باشلاپ يولغا چىقتى. شۇ ئارىلىقتا تەنبەلنىڭ ئۆزى كېلىپ موغۇللارغا قوشۇلغانىكەن. بىزنىڭكىلەر ئەتىسى سەھەر ئەيلەمىش دەرياسىنىڭ ياسسى كېچىت كېچىكىدىن ئۆتۈپلا ئۇلار بىلەن روبىرو بولۇشۇپ، ئۇبدان جەڭ قىلدۇ. قاسىم بەگ ئۆزى سۇلتان مۇھەممەد ئارغۇن بىلەن روبىرو بولۇپ، ئىككى-ئۈچ قېتىم قىلىچلىشىپ، ئۇنى باش كۆتۈرگىلىمۇ قويمايدۇ. يىگىتلەر قىلىچلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر مەغلۇپ بولدۇ. (ب 65) قاسىم بەگ، ئەلى دوست تاغايى، ئىبراھىم سارۇ، ۋەيس لاغەرى، سەيدى قارا بىلەن بەگلەردىن ۋە ئىچكىيلەردىن ئۈچ-تۆت كىشى قۇتۇلغاندىن باشقا بەگلەر، ئىچكىيلەر ۋە يىگىتلەرنىڭ تولىسى قولغا چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلى دەرۋىش بەگ، مىرىم لاغەرى، تۇقا بەگ، تاغايى بەگ، مۇھەممەد دوست، ئەلى دوست، مىر شاھ قەۋچىن، مىرىم

دېۋان قاتارلىقلار بار. بۇ قېتىمقى جەڭدە بىز تەرەپتىن ئىبراھىم سارۇنىڭ ئىنىسى سەمەد دېگەن يىگىت بىلەن ئۇلار تەرەپتىن شەھسۋار دېگەن ھىسارلىق موغۇل يىگىت قالتىس قىلىچلىشىدۇ. شەھسۋار شۇنداق چاپىدۇكى، قىلىچ سەمەدنىڭ دۇبۇلغىسىدىن ئۆتۈپ بېشىغا خېلىلا كىرىپ كېتىدۇ، سەمەد يارىلانغىنىغا قارىماي، شۇنداق چاپىدۇكى، شەھسۋارنىڭ بېشىدىن ئالقانىدەك سۆڭەكنى كېسىپ چۈشۈرىدۇ، شەھسۋارنىڭ دۇبۇلغىسى يوق ئىكەندۇق. سەمەد شەھسۋارنىڭ بېشىنى ئويۇپ ياخشى ئىش قىلىدۇ، لېكىن سەمەدنىڭ بېشىنى ھېچكىم ئويالمايدۇ، ئۇ ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن مۇشۇ زەخىم بىلەن ئۆلىدۇ.

قازاقلىق ۋە پالاكەتلەردىن خالاس بولۇپ، ئەمدىگىنە ۋىلايەتكە ئىگە بولغان چاغدا، بۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ ۋاقىتسىز بىر زەربە بولدى. تايانچلىرىمىزدىن بىرى بولغان قەنبەر ئەلى موغۇل ئەندىجاننى ئالغان ۋاقتىمىزدا ۋىلايىتىگە كەتكەن (66) بولۇپ، بۇ يەردە يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئەھمەد تەنبەل جەھانگىرنى ئېلىپ كېلىپ، ئەندىجاندىن بىر شەرئى كېلىدىغان ئەيش ئېدىرىنىڭ ئالدىدىكى ئوتلاققا چۈشتى. بىر ئىككى قېتىم چىلدۇختىران تەرەپتىن سەپ تۈزۈپ ئەيش ئېدىرىنىڭ ئېتىكىگە كەلدى. بىزنىڭ يىگىتلەر مەھەللەر ۋە باغلارنىڭ سىرتىغا سەپ تارتىپ چىقتى. مۇخالىپلار ئىلگىرى كېلەلمەي، ئېدىر ئېتىكىدىنلا ياندى. ئۇلار مۇشۇ ئەتراپقا كەلگەندە قولىدىكى بەگلىرىمىزدىن مىرىم لاغەرى بىلەن تۇغقىنى ئۆلتۈرۋەتتى. ئۇلار بىر ئايغا يېقىن مۇشۇ ئەتراپتا تۇرۇپ، ھېچ ئىش قىلالماي، ئوش تەرەپكە ياندى. ئوش ئىبراھىم سارۇغا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەملىرى قورغاننى بېكىتىپ مۇداپىئە قىلىپ تۇردى.

# توققۇز يۈز بەشىنچى يىل① ۋەقەلىرى

ۋىلايەتنىڭ ئاتلىق ۋە ياياق چېرىكلىرىگە بۇيرۇق بىلەن خەۋەرچى ۋە خادىملار ماڭدۇرۇلدى. قەنبەر ئەلىغا ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە كەتكەن چېرىكلەرگە خەۋەرچىلەر چاپتۇرۇلدى. قالقان، كەتمەن، پالتا قاتارلىق چېرىككە كېرەكلىك قورال-ياراغلار تەييارلىقىغا تەد بىرلىك خادىملار بەلگىلەندى. ۋىلايەتلەردىن چېرىككە يارايدىغان ئاتلىق ۋە ياياقنىڭ ھەممىسىنى، ھەر تەرەپكە ئىش بىلەن كەتكەن نۆكەر ۋە سىپاھىينىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، تەگرىگە تەۋەككۈل قىلىپ، مۇھەررەم② ئېيىنىڭ (ب66) ئون سەككىزىدە ھافىزبەگنىڭ چاربېغىغا سەپەر قىلدىم. چارباغدا بىر-ئىككى كۈن تۇرۇپ، كەم قالغان قورال-ياراغنى مۇكەممەل تەييار قىلىپ، چېرىكنى ئوڭ قانات، سول قانات، غول، ئالدىنقى قىسىم، ئاتلىق، پىيادە دېگەندەك تۈرلەر بويىچە تەشكىللەپ، ئوش تەرەپتىكى مۇخالىپلارغا قارشى ماڭدۇق. ئوشقا يېقىن قالغىنىمىزدا، مۇخالىپلارنىڭ ئوشتا تۇرالماي، ئوشنىڭ شىمالىدىكى رىباتى سەرھەڭ ئورچىنى تەرەپكە ماڭغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. ئۇ ئاخشىمى لات، كەند قىشلىقىغا چۈشتۇق. ئەتىسى سەپ ياساپ ئوشتىن ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا مۇخالىپلارنىڭ ئەندىجان تەرەپكە ماڭغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. بىزمۇ

① مىلادىيە 1499-1500-يىللار ئارىلىقى.

② مۇھەررەم — قەمەرىيە 1-ئاي.

ئۆزگەندكە يۆرۆش قىلدۇق. ئۆزىمىزدىن بۇرۇنراق، ئۆزگەند تەۋەسىنى چاپقۇن قىلىش ئۈچۈن چاپقۇنچىلارنى ماڭدۇردۇق. مۇخالىپلار ئەندىجانغا بېرىپ، كېچىدە خەندەككە چۈشۈپ، سېپىلغا شوتا قويماقچى بولغاندا، قورغاندىكىلەر تۇيۇپ قالغانلىقتىن ھېچ ئىش قىلالماي ياندى. بىزنىڭ چاپقۇنچىلارمۇ ئۆزگەند تەۋەسىنى بۇلاپ قولغا ھېچقانچە نەرسە چۈشۈرەلمەي قايتىپ كەلدى.

ئوش قورغانلىرىدىن مازۇ قورغىنى شۇ تەرەپتە پۇختىلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. تەنبەل بۇ يەرگە ئىنىسى خەلىلنى ئىككى يۈز-ئىككى يۈز ئەللىكتەك كىشى بىلەن قويۇپ (67) قورغاننى بېكىتكەندى. بىز يېنىپ كېلىپ مۇشۇ قورغانغا تېگىش قىلدۇق. مازۇ قورغىنى ئىنتايىن پۇختا قورغاندۇر. ئۇنىڭ شىمال تەرىپى ساي بولۇپ، قورغان ئىنتايىن ئېگىز جايغا چۈشكەن. سايدىن ئوق ئاتسا، سېپىلغا يېتىشى ناتايىن. ئۇنىڭ سۇ يولى مۇشۇ تەرەپتە. قورغاندىن تۆۋەنگە قارىتا خۇددى كوچىدەك قىلىپ، ئىككى تام قوپۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تاملارنىڭ ئۇچى سۇغا تاقالغان. دۆڭلۈكتە بولسا، سېپىلنى خەندەكلەر ئايرىپ تۇرىدۇ. قورغان سايغا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، قورغاننىڭ ئۈستىگە قازاندەك يوغان ساي تاشلىرىدىن شۇنچە كۆپ چىقىرىۋالغانكى، ھېچقانداق قورغان ئۇرۇشىدا مۇنچىلىك كۆپ تاش ئېتىلىپ باققان ئەمەس. كەتتە بەگنىڭ ئاغىسى ئابدۇلقۇددۇس كۆھبەر سېپىلنىڭ تۆۋىگە چىققانىدى، سېپىلدىن ئېتىلغان تاشنىڭ زەربىسى بىلەن تىك موللاق بولۇپ، شۇنچە ئېگىز يەردىن دومىلانغان پېتى خەندەك تېگىگە چۈشۈپ كەتتى، بىراق، ھېچ نەرسە بولماي، شۇ زامان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېتىغا مىنىپ مېڭىپ كەتتى. سۇ

يولدا يار ئەلى بىلالغا تاش تېگىپ بېشىنى يېرىۋەتتى. نۇرغۇن ئادەم تاش زەربىسى بىلەن (ب 67) ئۆلدى. تاڭ سەھەردە جەڭ باشلاپ، ئاشۋاقتىدىن بۇرۇنراق سۇ يولىنى ئالدۇق. ئۇرۇش كەچكىچە داۋام قىلىپ، سۇ يولى ئېلىنغاندىن ئارتۇق ئىش بولمىدى. ئەتىسى قورغاندىكىلەر قېنىنى تىلەپ تەسلىم بولدى. تەنبەلنىڭ ئىنىسى خەلىل باشلىق يەتمىش-سەكسەن، يۈزدەك كىشىنى بەند قىلىپ، ئېھتىيات بىلەن ساقلىسۇن دەپ ئەندىجانغا ماڭدۇردۇق. بۇ ئىش بەك ياخشى بولدى، چۈنكى بىزنىڭمۇ مۇخالىپلار قولىدا بىرمۇنچە بەگلىرىمىز، ئىچكىلىرىمىز ۋە ئوبدان يىگىتلىرىمىز بار ئىدى.

مازۇ قورغىنىنى ئالغاندىن كېيىن، ئوشنىڭ قىشلاقلىرىدىن ئۈنجۈتۆبە دېگەن قىشلاققا كېلىپ چۈشتۇق. ئۇ تەرەپتىن تەنبەل ئەندىجاندىن قايتىپ، رىباتى سەرھەڭ ئۇرچىنى قىشلاقلىرىدىن ئابى خان دېگەن يەرگە چۈشتى. بۇ ئىككى چېرىكنىڭ ئارىلىقى بىر يىغاچ كېلەتتى. مۇشۇ مەزگىلدە قەنبەر ئەلى ئاغرىپ قېلىپ ئوشقا كەتتى. بىز مۇشۇ يەردە بىر ئاي-قىرىق كۈندەك تۇردۇق. ئۇرۇش بولمىدى. لېكىن ھەر كۈنى بىزنىڭ ئاشلىقچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاشلىقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېتىشىشلار بولۇپ تۇراتتى. بۇ مۇددەت ئىچىدە ئوردۇ ئەتراپىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، خەندەكلەر قېزىلدى، خەندەك بولمىغان يەرلەرگە شاختىن قاشالار ياسالدى. بار سىپاھىينىڭ ھەممىسى قوراللىنىپ خەندەك ياقىسىغا چىقاتتى. (68) شۇنچە ئېھتىيات قىلىنسىمۇ، ھەر ئۈچ-تۆت كۈندە بىر قېتىم كېچىدە غوۋغا-سۈرەن چىقىپ تۇراتتى. بىر كۈنى سەيدى بەگ تاغايى ئاشلىقچىلارنىڭ ئالدىغا بارغانىدى، دۈشمەننىڭ ئادەملىرى كۈچلۈك كېلىپ، تۇيۇقسىز

تۇتۇشۇپ قالغان ئارىلىقتا دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالدى.

شۇ يىلى خۇسرەۋ شاھ بەلخقا چېرىك تارتىش خىيالى بىلەن بايسۇنغۇر مىرزىسىنى قۇندۇزغا چاقىرىپ كېلىپ، بەلخقا ئاتلاندى. گويا جىغا كەلگەندە، بەتبەخت، ھارامتاماق خۇسراۋ شاھ خۇش تەبىئەتلىك، يۈكسەك پەزىلەتلىك تەكتى ئېسىل پادىشاھزادە بايسۇنغۇر مىرزىنى بەگلىرى بىلەن بىللە تۇتۇپ، مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى بوغۇپ شېھىت قىلدى. بەگلىرى ۋە ئىچكىيلىرىدىنمۇ بىرقانچىسىنى ئۆلتۈردى. ئۇ سەلتەنەت تەمەسى بىلەن شۇنداق قىلدى. لېكىن مۇنداق ناكەس دۆتلەرگە سەلتەنەت نەدە تۇرۇپتۇ! ئۇنىڭدا سەلتەنەت ئىگىسى بولۇشقا لايىق نە ئەسىل، نە نەسەب، نە بىلىم، نە تەدبىر، نە شىجائەت، نە ئىنساپ، نە ئادالەت بولسۇن!

**تۇغۇلۇشى ۋە نەسەبى.** بايسۇنغۇر مىرزا 882-يىلى① ھىسار ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ سۇلتان مەسئۇد مىرزىدىن كىچىك، سۇلتان ئەلى مىرزا، سۇلتان ھۆسەين مىرزا ۋە سۇلتان ۋەيس مىرزا (خان مىرزا نامى بىلەن مەشھۇر)دىن چوڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. ئانىسى پەششە بېگىم ئىدى (ب 68).

**چىراي تۇرقى.** يوغان كۆزلۈك، تۆرۈك يۈزلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، تۈركمەن چىراي كېلىشكەن يىگىت ئىدى.

**ئەخلاق ۋە يۈرۈش-تۇرۇشى.** ئادالەتپەرۋەر، ئادەمىي، خۇش تەبىئەت، پەزىلەتلىك پادىشاھزادە ئىدى. ئۇستازى شىئەي مەزھەبىدىكى سەيىد مەھمۇد ئىكەندۇق. بۇنىڭدىن بايسۇنغۇر

---

① مىلادىيە 1477-يىلى.

مىرزىنىڭ ئۆزىمۇ نومۇس قىلار ئىكەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، كېيىن ئۇ سەمەرقەندتە ئۇ يامان ئەقىدىدىن يېنىپ، پاك ئېتىقادلىق بولغانىكەن. ئىچىملىككە بەك مايىل ئىدى، ئىچمىگەن چاغلىرىدا ناماز ئوقۇيتتى. ساخاۋەتتە قەدىر ئەھۋال ئىدى. نەسىخ ۋە تەئلىق خېتنى بەك ياخشى يازاتتى، نەققاشلىقنىمۇ خەۋىرى بار ئىدى. شېئىرنىمۇ ياخشى يازاتتى. «ئادىلىي» دەپ تەخەللۇس قوياتتى. بىراق، تېخى دىۋان تۈزگۈدەك بولمىغانىدى. بۇ باشلانما بېيىت ئۇنىڭدۇر:

سايەۋار ئەز ناتەۋانى جابەجا مىئۇفتەم
گەر نەگىرەم رويى دىۋارى زى پامىئۇفتەم

(ئاجىزلىقىمدىن سايىگە ئوخشاش ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە چۈشمەن، ئەگەر بىر تامنى تاپالمىسام يىقىلمەن). سەمەرقەندتە بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ غەزەللىرى شۇنچە تارالغانكى، مىرزىنىڭ شېئىرى يوق ئۆي كەم تېپىلىدۇ.

**مەيدان جەڭلىرى.** ئىككى قېتىم مەيدان جېڭى قىلدى. بىرىنچى قېتىمدا سۇلتان مەھمۇد خان بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندا، سۇلتان مەھمۇد خان سۇلتان جۈنەيد بارلاس قاتارلىقلارنىڭ ئېغۋاسى بىلەن سەمەرقەندنى ئېلىش (69) ئۈچۈن چېرىك تارتىپ، ئاق كۆتەلدىن ئۆتۈپ رىباتى سوغد ۋە كەنباي تەۋەسىگە كەلدى. بايسۇنغۇر مىرزا سەمەرقەندتىن چىقىپ كەنبايدا ئۇرۇشۇپ ئۇنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئۈچ-تۆت مىڭ موغۇلنىڭ كاللىسىنى ئالدۇردى. خاننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ھەيدەر كۆكەلداش بۇ جەڭدە ئۆلدى. يەنە بىر قېتىم بۇخارادا

سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى.

**ۋىلايىتى.** ئاتىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزا بۇخارانى بەرگەندى، ئاتىسىدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ بەگلىرى مەسلىھەت بىلەن ئۇنى سەمەرقەندكە پادىشاھ قىلدى. بۇخارامۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭ دىۋانى① قارمىقىدا بولۇپ، تارخانلار يېغىلىقىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىلىكىدىن چىقتى. مەن سەمەرقەندنى ئالغاندا، ئۇ خۇسرەۋ شاھنى پاناھ تارتىپ باردى. خۇسرەۋ شاھ ئۇنىڭغا ھىسارنى ئېلىپ بەرگەندى.

ئۇ ھېچبىر ئەۋلاد قالدۇرمىدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ قېشىغا بارغاندا چوڭ ئاتىسى سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ قىزىنى ئالدى. باشقا خوتۇن ۋە توقلى يوق ئىدى. ئۇ بىرەر ئادەمنى ئۆز ئالدىدا ئۆستۈرۈپ، مۆتىۋەرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرگۈچىلىك دەرىجىدە مۇستەقىل بولالمىغانىدى، ئۇنىڭ بەگلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتىسى ۋە چوڭ ئاتىسىنىڭ (ب 69) بەگلىرى ئىدى.

بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، قۇچ بەگنىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەھمەد قاراۋۇل ۋە ئاغا-ئىنىسى، بالا-چاقا ۋە ئادەملىرى بىلەن قاراتىگىن ۋىلايىتىدىن چىقىپ بىزنى دەپ كەلدى. ئاغرىپ قېلىپ ئوشتا ياتقان قەنبەرئەلىمۇ ساقىيىپ قايتىپ كەلدى. مۇشۇنداق پەيتتە خۇددى غايىبتىن ياردەم بولغاندەك، ئەھمەد قاراۋۇل جامائىتى بىلەن كېلىپ قوشۇلغان كۈننى ياخشى كۈن بىلىپ، ئەتىسى تاڭ ۋاقتى بىلەنلا سەپ تۈزۈپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندۇق. تەنبەل ئابخاندا تۇرالماي، قارارگاھىدىن كۆچتى.

① «دىۋان» سۆزى بۇ يەردە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك-مالىيە ئورگانى مەنىسىدە كەلگەن.

بىرمۇنچە چېدىر پالاس، چاپان-چارا قاتارلىق نەرسىلەرى چېرىكنىڭ قولىغا چۈشتى. بىز كېلىپ ئۇنىڭ تۇرغان يېرىگە چۈشتۇق. شۇ ئاخشىمى تەنبەل جەھانگىرنى ئېلىپ بىزنىڭ ئوڭ يېنىمىزدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بىز تۇرغان يەردىن ئەندىجانسىرى ئۈچ يىغاچ كېلىدىغان خۇبان دېگەن قىشلاقتا كىردى. ئەتىسى بىزمۇ چېرىكنى ئوڭ قانات، .سول قانات، غول، ئالدىنقى قىسىملارغا ئايرىپ تەشكىللەپ، قوراللىنىپ، سەپ تۈزۈپ، قالقان كۆتۈرگەن ياياقلارنى ئالدىمىزغا سېلىپ دۈشمەنگە قارشى يۈرۈش قىلدۇق. ئوڭ قاناتتا ئەلى دوست تاغايى ئۆز ئادەملىرى بىلەن بۆلۈندى، سول قاناتتا ئىبراھىم سارۇ، ۋەيس لاغەرى، سەيدى قارا، مۇھەممەد ئەلى مۇبەششەر، خوجا (70) كەلان بەگنىڭ ئاغىسى كىچىك بەگ ۋە بەزى ئىچكىلەر ئايرىلدى. سۇلتان ئەھمەد قاراۋۇل، قۇچ بەگ ۋە ئاغا-ئىنىلىرى سول قاناتتا بەلگىلەندى. قاسىم بەگ غۇلدا — مېنىڭ قېشىمدا بولدى. ئالدىنقى قىسىمغا قەنبەر ئەلى ۋە ئىچكىلەردىن بىرقانچىسى قويۇلدى. خۇباننىڭ بىر شەرئى شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ساقا دېگەن قىشلاقتا يېتىپ بارغانىدۇق، دۈشمەن چېرىكى خۇباندىن سەپ تۈزۈپ چىقتى. بىزمۇ تېزرەك ماڭدۇق. بىز ئېھتىيات ئۈچۈن، ياياقلارنىمۇ تەشكىللىگەنىدۇق، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتىدا كەينىمىزدە قالدى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇلارغا ھېچ ئېھتىياج چۈشمىدى. يېتىپ بارغان ھامان بىزنىڭ سول قانات قىسمىمىز ئۇنىڭ ئوڭ قانات قىسمى بىلەن ئېلىشتى. خوجا كەلاننىڭ ئاغىسى كىچىك بەگ بۇ يەردە ياخشى قىلىچۋازلىق قىلدى. مۇھەممەد ئەلى مۇبەششىرمۇ كىچىك بەگدىن كېيىن قىلىچۋازلىق قىلدى. مۇشۇ زەربە بىلەنلا، دۈشمەن بەرداشلىق

بېرەلمەي قاچتى. ئوڭ قانات قىسمىمىز بىلەن ئالدىنقى قىسمىمىزغا دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشىش پۇرسىتى تەگمىدى. نۇرغۇن يىگىتنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەلدى، بۇيرۇق بويىچە ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىندى. بىزنىڭ بەگلەردىن قاسىم بەگ بىلەن ئەلى دوست بەگ، بولۇپمۇ ئەلى دوست بىخەتەرلىكنى ئارتۇق تەكىتلەپ، قوغلىغۇچىلارنى (ب 70) يىراققا ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى، نەتىجىدە دۈشمەننىڭ كۆپ ئادىمى قولغا چۈشمەي قالدى. بىز خۇبان قىشلىقىغا بېرىپ چۈشتۇق. مېنىڭ دەسلەپ مەيداندا جەڭ قىلغىنىم مۇشۇ ئىدى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى ۋە كەرەمى بىلەن غەلىبىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇ كۈنى قوندۇق. ئەتىسى ئانامنىڭ ئانىسى، مېنىڭ چوڭ ئانام شاھ سۇلتان بېگىم ئەنجاندىن كەلدى، ئەگەر جەھانگىر قولغا چۈشكەن بولسا، تىلىۋالماقچى ئىكەن.

قىش يېقىنلىشىپ قالغىنى ئۈچۈن، يېزىدا ئاشلىق قالمىغانىدى، شۇڭا، ئۆزگەندكە يۈرۈش قىلىشنى مۇۋاپىق تاپماي، ئەنجانغا قايتتۇق. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، كېڭىشىپ مۇنداق قارارغا كەلدۇق: ئەنجاندا قىشلىساق، دۈشمەن ھېچقانداق زىيان-زەخمەت كۆرمەيدۇ، بەلكى ئۇغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرۈپ كۈچلىنىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. بىز شۇنداق يەردە قىشلايلىكى، چېرىكىمىز ئاشلىقسىزلىقتىن ئاجىزلاشمىسۇن؛ بەلكى دۈشمەننى ئاجىزلاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولسۇن. مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە ئىككى سۇ ئارىسى دەپمۇ ئاتىلىدىغان رىباتەك ئۇرچىنىدىكى ئەرمىيان ۋە نۇشاب تەۋەسىدە (71) قىشلاش ئۈچۈن، ئەنجاندىن كۆچۈپ، شۇ تەۋەگە كېلىپ قىشلاق سالدۇق. بۇ تەۋەدە ياخشى ئوۋ مەيدانلىرى بار. ئەيلەمىش

دەرياسىغا يېقىن قويۇق جاڭگاللاردا بۇغا-مارال ۋە توڭگۇز كۆپ. چاتقاللىقلاردا قىرغاۋۇل، توشقان تولا. ئېدىرلىقلىرىدا تۈلكە كۆپ بولۇپ، چوڭقۇر جايلاردا يۈرىدۇ. بۇ يەرنىڭ تۈلكىسى باشقا يەرلەرنىڭ تۈلكىسىدىن يۇگۈرۈك كېلىدۇ. بۇ قىشلاقتا تۇرغاندا، ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر ئوۋغا چىقىپ تۇردۇم. جاڭگاللارغا ئوت قويۇپ، بۇغا-مارال ئوۋلايتتۇق، چاتقاللىقلارنى قورشاپ، قۇش سېلىپ قىرغاۋۇل ئوۋلايتتۇق. قىرغاۋۇل بەك كۆپ ئىدى، بىز بۇ قىشلاقتا تۇرغاندا قىرغاۋۇل گۆشى مول بولدى.

مۇشۇ قىشلاقتا تۇرغىنىمىزدا، مەن يېڭىدىن بەگلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن خۇدابەردى تۇغچى ئىككى-ئۈچ قېتىم چىقىپ، تەنبەلنىڭ چاپقۇنچىلىرىغا زەربە بېرىپ، باشلارنى كېسىپ كەلدى. چاققان يىگىتلەر ئەندجان ۋە ئوش تەرەپلىرىگە بېرىپ، ھىيلە بىلەن دۈشمەننىڭ يىلقىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، ئۇلارنى خوپ ئاجىزلاشتۇردى. ئەگەر پۈتۈن قىشنى شۇ قىشلاقتا ئۆتكۈزگەن بولساق، (ب 71) دۈشمەن يازغىچە ئۇرۇشسىزلا مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. دۈشمەننى ھە دەپ ئاجىزلىتىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە قەنبەر ئەلى ۋىلايىتىگە قايتىشنى تەلەپ قىلدى، نۇرغۇن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ رۇخسەت بەرمىدۇق، لېكىن ئۇ بەك جاھىللىق قىلدى. ئاجايىپ شاللاق، چىدامسىز نەرسە ئىدى، ئاخىر رۇخسەت بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇرۇن خوجەند ئۇنىڭ ۋىلايىتى ئىدى. بۇ قېتىم ئەندجاننى ئالغاندا، ئىسفەرە بىلەن كەندبادامۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەندى. بىزنىڭ بەگلەرنىڭ ئىچىدە شۇ قەنبەر ئەلىنىڭ ۋىلايىتى ۋە نۆكىرى ھەممىدىن كۆپ ئىدى. قىشلاققا كەلگىنىمىزگە قىرىق-ئەللىك كۈن بولغاندا، قەنبەر ئەلىنىڭ باشلاپ بېرىشى

بلەن، يەنە بىر مۇنچىسىغا رۇخسەت بېرىشكە توغرا كەلدى، ئاخىر ئۆزىمىزمۇ ئەندىجانغا قايتىپ كەلدۇق.

بىز قىشلاقتا ھەم ئەندىجاندا تۇرغان مەزگىل ئىچىدە، تەنبەلنىڭ ئادەملىرى توختىماستىن تاشكەندكە — خان قېشىغا بېرىپ كېلىپ تۇردى. خاننىڭ ئوغلى سۇلتان مۇھەممەد سۇلتاننىڭ بەگ ئەتكىسى ۋە خاننىڭ ئېتىبارلىق بېگى بولغان ئەھمەد بەگ ئەھمەد تەنبەلنىڭ چوڭ ئاتىسى ئىدى، خاننىڭ ئىشىك ئاغىسى بولغان بەگ تىلبە ئەھمەد تەنبەلنىڭ بىر تۇغقان ئاغىسى ئىدى. تەنبەلنىڭ ئادەملىرى شۇنداق بېرىپ، كېلىپ يۈرۈپ، خاننى ياردەم بېرىشكە كۆندۇردى. ياردەمچى چېرىكتىن بۇرۇنراق، (72) بەگ تىلبە بالا-چاقىلىرىنى تاشكەندتە قويۇپ، ئۆزى كېلىپ تەنبەلگە قوشۇلدى. بۇ بەگ تىلبە موغۇلىستاندا تۇغۇلۇپ، موغۇلىستاندا چوڭ بولغانىدى. ئۇ ۋىلايەتكە كىرمەيتتى ھەم ۋىلايەت پادىشاھلىرىغا خىزمەت قىلمايتتى، پەقەت خانلارغىلا خىزمەت قىلىپ كەلگەنىدى.

شۇ ئەسنادا، باشقىچە بىر ئەھۋال يۈز بەردى: بىز قاسىم ئەجەبنى ئاخسىدا ۋاقىتلىق قويغانىدۇق. ئۇ ئاز بىر قىسىم بۆلەكچىلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىقىپ بىھراتتا (بىچراتا) كېچىكى ئارقىلىق خوجەند سۈيىدىن ئۆتكەندە، تەنبەلنىڭ نۇرغۇن ئادىمىگە ئۇچراپ ئەسىرگە چۈشتى.

تەنبەل بىزنىڭ چېرىكىمىزنىڭ تارقىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانلىقى ھەم ئاغىسى بەگ تىلبەنىڭ خان بىلەن سۆزلىشىپ، ياردەمچى چېرىكنى مۇقىملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزگەندتىن ئاتلىنىپ ئىككى سۇ ئارىسىغا كەلدى. شۇ ئەسنادا خاننىڭ سۇلتانىم نامى بىلەن مەشھۇر ئوغلى سۇلتان مۇھەممەد خانىكەگە ئەھمەد

بەگنى قوشۇپ، بەش-ئالتە مىڭ چېرىك بىلەن تەنبەلگە ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئارچە كەنتى يولى بىلەن ئۆتۈپ كېلىپ كاساننى مۇھاسىرە قىلغانلىقى توغرۇلۇق كاساندىن ئېنىق خەۋەر كەلدى. بىزمۇ يىراقتىكى ئادەملىرىمىزگە قارىماي، يېنىمىزدا بار ئادىمىمىز بىلەن دەرھال قوزغىلىپ، قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا، تەگرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئەندجاندىن (ب 72) بەندسالار يولى ئارقىلىق سۇلتانىم بىلەن ئەھمەدبەگكە قارشى ئاتلاندۇق. كېچىسى ھېچنەدە توختىماي مېڭىپ، تاڭ ۋاقتىدا ئاخسىغا كېلىپ چۈشتۇق. ئۇ كېچىسى شۇنداق قاتتىق سوغۇق بولدىكى، بەزىلىرىنىڭ پۇت-قوللىرى ئۈششۈدى، نورغۇن كىشىنىڭ قۇلاقلىرى ئالمىدەك بولۇپ قاپىرىپ كەتتى. بىز ئاخسىدا تەخىر قىلماي، قاسىم ئەجەبنىڭ ئورنىغا يارەك تاغايىنى ۋاقىتلىق قويۇپ، كاسانغا يۈرۈش قىلدۇق. كاسانغا بىر شەرئى يول قالغاندا خەۋەر كەلدىكى، سۇلتانىم بىلەن ئەھمەد بەگ بىزنىڭ كېلىۋاتقىنىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، سېپى بۇزۇلغان ھالدا تېز قايتىپتۇ، تەنبەل بىزنىڭ ئاتلانغانلىقىمىزنى بىلىپ، ئاغسىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقانىكەن. پېشىن بىلەن دىگەر ئارلىقىدا نەۋكەند تەرەپتىن تەنبەلنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ئاغسىنىڭ شۇنچە ئالدىراپ قايتقانلىقى، بىزنىڭ شۇنچە تېز يېتىپ كەلگىنىمىزگە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بىز: «بۇنى خۇدا كەلتۈردى. ئېتىنىڭ بوينى قېتىپ كېلىپتۇ. تېگىش قىلساق، خۇدا خالىسا، بىرىمۇ قۇتۇلالمايدۇ» دېيىشتۇق. لېكىن ۋەيس لاغەرى باشلىق بەزىلەر: «كۈن كەچ بولۇپ كەتتى. بۈگۈن بولمىسا، ئەتە نەگە (73) كېتەلەيتتى. ئەنە نەدە بولمىسۇن تېپىۋالىمىز» دەپ، دەرھال تېگىش قىلسا

قوشۇلمىدى. شۇنداق قىلىپ، تازا ياتپاشقا چىققان دۈشمەن ھېچقانداق زىيانسىزلا قۇتۇلۇپ كەتتى. «ياتپاشقا چىققانىنى ئاتمسا، ئۆلگۈچە نادامەت چېكىدۇ» دېگەن بىر گەپ بار. بېيىت:

كار ھارا بەۋەقت بايەد جۇست،
كارى بى ۋەقت سۇست باشەد، سۇست

(ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش كېرەك، ۋاقتىدا قىلىنمىغان ئىش خاراب بولىدۇ، خاراب). ئەتىسىگىچە، دۈشمەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، كېچىچە ھېچنەدە توختىماي بېرىپ ئەرخىيان قورغىنىغا كىرىۋالدى. بىز ئەتىسى دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىپ، ئۇلارنى تاپالماي، كەينىدىن كېلىپ، ئەرخىيان قورغىنىنى يېقىندىن قورشاشنى مۇۋاپىق تاپماي، ئۇنىڭدىن بىر شەرئى يىراقلىقتىكى غەزنەئى نەمەنگانغا چۈشتۇق. ئوتتۇز-قىرىق كۈن مۇشۇ قارارگاھتا تۇردۇق. تەنبەل ئەرخىيان قورغىنىدا ئىدى. ئاز-ئازدىن كىشلەر بۇ ياقتىن بېرىپ ياكى ئۇ ياقتىن كېلىپ ئارا يولدا ئېتىشىپ قايتاتتى. بىر كېچىسى دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىپ ئوردۇ سىرتىدىن بىرپەس ئوق ئېتىپ ياندى. ئوردۇ ئەتراپىغا خەندەكلەر قېزىلغان ياكى شاخ قاشالار ياسالغان ئىدى، شۇڭا ھېچ ئىش قىلالمىدى. مۇشۇ قارارگاھتا ۋاقتىمىزدا قەنبەر ئەلى ئىككى-ئۈچ قېتىم (ب 73) يامانلاپ، ۋىلايىتىگە قايتماقچى بولدى. بىر قېتىم ئاتلىنىپ ماڭغانىدى، بەزى بەگلەرنى ئەۋەتىپ تەسلىكتە قايتۇرۇپ كەلدۇق.

مۇشۇ ئەسنادا، سەيىد يۇسۇف مەجەمىي (مەنجەمىي) سۇلتان ئەھمەد تەنبەلگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئەنجانىدىكى تاغ ئېتەكلىرىدە ئۇيغۇر مەجەم (مەنجەم) دېگەن ئىككى تاغ ئېتىكى بار. سەيىد يۇسۇف مەجەمىي ئۇلارنىڭ كاتتىسى

ئىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ ئىشكىمدە تونۇلغانىدى. ئىش چوڭلۇقتىن ئۆتكەن بولۇپ، گەرچە ھېچكىم بەگ قىلمىسمۇ بەگلىك دەۋاسى بار ئىدى. تازا مۇناپىق مەۋقەسىز نەرسە ئىدى. بۇ قېتىم ئەنجاندىنى ئالغىنىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى-ئۈچ قېتىم ماڭا قوشۇلۇپ، تەنبەل بىلەن دۈشمەنلەشتى، ئىككى-ئۈچ قېتىم تەنبەلگە قوشۇلۇپ، مەن بىلەن دۈشمەنلەشتى. مەن بىلەن ئاخىرقى قېتىم دۈشمەنلەشكىنى مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭغا قارايدىغان ئەل، ئۇلۇس ۋە ئايماقلار كۆپ ئىدى، ئۇلارمۇ تەنبەلگە قوشۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ دەرھال ئاتلاندۇق ۋە ئارىدا بىر قونۇپ، پىشخاران تەۋەسىگە كەلدۇق. پىشخاران قورغىنىغا تەنبەلنىڭ ئادەملىرى كىرىۋالغانىكەن. بىزنىڭ ئىلغار بەگلەردىن ئەلى دەرۋىش بەگ ۋە قۇچ بەگ ئاغا-ئىنىسى بىلەن پىشخاران ئىشىكىگە بېرىپ ياخشى قىلىچلاشتى. قۇچ بەگ ئاغا-ئىنىسى بىلەن بىللە (74) ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. بىز پىشخاراندىن بىر شەرئى يىراقلىقتىكى بىر ئېگىزلىككە چۈشتۇق. تەنبەل جەھانگىرنى ئېلىپ كېلىپ، پىشخاران قورغىنىنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن بىزنىڭ مۇخالىپ بەگلىرىمىزدىن ئەلى دوست ۋە قەنبەر ئەلى سەللاخ ئۆز قارمىقىدىكىلەر بىلەن بىللە يارىشىش سۆزىنى ئارىغا سېلىشقا كىرىشتى. مېنىڭ ۋە ماڭا سادىق بەگلەرنىڭ بۇ ئىشتىن ئەسلا خەۋىرىمىز يوق ئىدى ھەم بۇنىڭغا زادىلا رازى ئەمەس ئىدۇق. لېكىن بۇ ئىككىسى بىزنىڭ چوڭ بەگلىرىمىزدىن بولۇپ، ئوسال نەرسىلەر ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ سۈلھ قىلمىساق، ئىشنىڭ باشقىچە بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىمۇ بار ئىدى. شۇڭا سۈلھ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. سۈلھ بويىچە، خوجەند

سۈيىنىڭ ئاخسى تەرىپىدىكى ۋىلايەتلەر جەھانگىرگە تەئەللۇق بولدى، ئەندىجان تەرەپتىكى ۋىلايەتلەر ماڭا تەئەللۇق بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆزگەندتىكى ئۆيۋاقلىرى كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ يەرمۇ بىزنىڭ دىۋانىغا قارايدىغان بولدى. ۋىلايەتلەر قارار تېپىپ، جەھانگىر بىلەن ئىككىمىز كېڭەشكەندىن كېيىن، سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلماقچى بولدۇق. ئەگەر سەرمەند تەختى ئېلىنسا، ئەندىجان جەھانگىر مىرزىغا (ب 74) بېرىلىدىغان بولدى. سۆزىمىز شۇنداق قارار تاپقاندىن كېيىن، ئەتىسى– رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرىدا جەھانگىر مىرزا بىلەن تەنبەل كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. توختاشقىنىمىز بويىچە ئەھدە-شەرتلەر تۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جەھانگىر مىرزىنى ئاخسىغا يولغا سېلىپ، ئۆزۈم ئەندىجانغا قايتىپ كەلدىم.

ئەندىجانغا كەلگەندىن كېيىن، تەنبەلنىڭ ئىنىسى خەلىل باشلىق سولاقتىكىلەرنى چىقىرىپ كىيىم-كېچەك كىيدۈرۈپ يولغا سالدۇق. ئۇلارمۇ بىزنىڭ تاغايى بەگ، مۇھەممەد دوست، مىرشاھ قەۋچىن، سەيدى بەگ، قاسىم ئەجەب، مىرزا ۋەيس، مىرىم دىۋان باشلىق بەگ ۋە ئىچكىيلىرىمىزنى سولاقتىن چىقىرىپ ئەۋەتتى. ئەندىجانغا كەلگەندىن كېيىن ئەلى دوستنىڭ پەيلى تامامەن ئۆزگەردى. قازاقلىق ۋە جاپالىق كۈنلەردە مېنىڭ بىلەن بىللە بولغان كىشىلەرگە يامان مۇئامىلە قىلىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن خەلىفنى يولغا سالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم سارۇ بىلەن ۋەيس لاغەرنى گۇناھسىز، سەۋەبسىز تۇتقۇزۇپ، تالىتىپ، ۋىلايەتلىرىدىن ئايرىپ يولغا سالدى. قاسىم بەگ بىلەن تېپىشىپ يۈرەتتى. زاھىرەن، خوجا قازىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغان خەلىفە بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى سەۋەب

قىلاتتى. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد دوست شاھانە (75) قىلىقلارنى چىقاردى، سۆھبەت، زىياپەت، دىۋان، جەھاز ھەممىنى سۇلتانلار دەستۇرى بىلەن قىلىدىغان بولدى. بۇ ئاتا-بالا ئىككىسى تەنبەلگە تايىنىپ شۇنداق قىلاتتى. مەندە ئۇلارنى بۇ بولمىغۇر ھەرىكەتلەردىن توسقۇدەك ئىختىيار ۋە ئىقتىدار قالمىغانىدى. تەنبەلدەك بىر دۈشمەن ئۇلارنى قانتى ئاستىغا ئېلىپ، تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار نېمىنى خالىسا شۇنى قىلاتتى. ۋەزىيەت ئىنتايىن نازۇك بولۇپ، ھېچ نەرسە دەپ بولمايتتى. بۇ مەزگىلدە، بۇ ئاتا-بالا ئىككىسىدىن كۆپ خارلىقلارنى تارتتىم.

سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئايشە سۇلتان بېگىم ئاتلىق قىزىنى ئاتام، چوڭ ئاتام ھايات ۋاقتىدا، ماڭا سۆزلىشىپ، چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغانىدى. ئۇ قىز خوجەندكە كېلىۋىدى، شەيبان ئېيىدا ئەمرىمگە ئالدىم. يېڭى ئالغان چاغدا مېھرىم يامان ئەمەس بولسىمۇ، لېكىن تۇنجى ئۆيلىنىشىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىزا تارتىپ، ئون كۈن، ئون بەش كۈندە بىر قېتىم قېشىغا باراتتىم. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ مېھرىممۇ تۈگەپ، ئۇيات ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. نەتىجىدە بىر ئاي، قىرىق كۈندە بىرەر قېتىم ئانامنىڭ زورلىشى بىلەن بارىدىغان بولۇپ قالدىم.

شۇ چاغلاردا (ب 75)، بىر ئوردۇ، سودىگەرنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى بابۇرى بولۇپ، بۇ ئات ئۇنىڭغا بەك مۇناسىپ كەلگەنىدى. (شېئىر)

مېنى ئاڭا غەرىب مەيل پەيدا قىلدىم،
بەلكىم ئاڭا ئۆزىنى زارۇ شەيدا قىلدىم.

(ئۇنىڭغا باشقىچىلا خۇشتار بولدۇم، بەلكى ئۇنىڭغا زار ۋە شەيدا بولدۇم!) ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە مايىل بولغان ئەمەس

ئىدىم، ھەتتا مېھىر-مۇھەببەت توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىمايتتىم ھەم قىلمايتتىم. ئۇ چاغلاردا پارس تىلىدا بىر-ئىككى بېيىتلارنىمۇ يېزىپ قوياتتىم. مۇنۇ بېيىتنى شۇ چاغدا يازغانىدىم:

ھېچكەس چۇ مەن خەرابۇ ئاشىقۇ رەسۋا مەباد

ھېچ مەھبۇبى چۇ تو بى رەھمۇ بىپەرۋا مەباد

(ھېچ كىشى مەندەك خاراب، ئاشىق ۋە رەسۋا بولمىسۇن، ھېچ مەھبۇب سەندەك رەھىمسىز ۋە بىپەرۋا بولمىسۇن). بەزىدە بابۇرى مېنىڭ قېشىمغا كېلەتتى، لېكىن، مەن ئىزا تارتقىنىمدىن، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ ئەھۋاللىشىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايتتىم. ئېسىمنى يوقىتىپ، كەلگىنىدىن مىننەتدار بولۇش، كەتكىنىدىن شىكايەتلىنىشنىمۇ بىلمەي قالاتتىم، مۇلازىمەت تەكلىپى قىلىشقا كىمدە تاقەت بولسۇن. بىر كۈنى مۇشۇ مېھىر ۋە مۇھەببەت تۈيغۇسى ئىچىدە ھەمراھلىرىم بىلەن بىر كوچىدا كېلىۋاتاتتىم، بىردىن بابۇرى روبرو كېلىپ قالدى. ھاياجاندىن ئۆزۈمنى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. تىكىلىپ قاراش ۋە سۆز قىلىشقا (76) نېمە ئىمكان بولسۇن. مىڭ خىجىللىق ۋە تەشۋىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتىم. مۇھەممەد سالىھنىڭ مۇنۇ بېيىتى خاتىرەمگە كەلدى:

شەۋەم شەرمەندى ھەركى يار خۇدرا دىر نەزەر بىنەم

رەفىقان سۇيى مەن بىنەندۇ مەن سۇيى دىگەر بىنەم

(يارغا ھەر باقىنىمدا خىجىل بولىمەن، يولداشلىرىم ماڭا قارايدۇ، مەن بولسام باشقا ياققا قارايمەن). بۇ بېيىت مېنىڭ ھالىمغا تولىمۇ ماس كەلگەن. ئىشق-مۇھەببەت تاشقىنى ياشلىق ۋە جۇنۇنلۇق جۇشقۇنى بىلەن باش يالاڭ، ئاياغ يالاڭ كوچا-كويلاردا ۋە

باغ-باغچىلاردا سەير قىلاتتىم. تونۇش ۋە ياتقا نەزەر سالمايتتىم، ئۆز ۋە غەيرىيگە پەرۋا قىلمايتتىم.

ئاشىق ئولغاچ بىخۇدو دىۋانە بولدۇم بىلمەدىم،

كىم پەرى رۇخسارەلەر ئىشقىغە بۇ ئېرمىش خاس.

(ئاشىق بولغاچ بىخۇد ۋە دىۋانە بولدۇم، بىلمىدىمكى، پەرى يۈزلۈكلەرگە ئاشىق بولغانلارنىڭ هالى شۇ ئىكەن). گاهى تەلۋىلەردەك ئۆزۈم يالغۇز تاغ ۋە دەشتلەرگە باراتتىم، گاهى باغ ۋە مەهەللىلەرنى كوچىمۇ كوچا ئاختۇراتتىم. نە يۈرمەك ئىختىيارىم بولسۇن، نە ئولتۇرماققا، نە بارماققا قارارىم بولسۇن، نە تۇرماققا. (شېئىر)

نى بارۇرغا قوۋۋەتىم بار، نى تۇرارغا تاقەتىم،

بىزنى بۇ هالەتقە سېن قىلدىڭ گىرىفتار ئەي كۆڭۈل.

بۇ يىلى سۇلتان ئەلى مىرزا بىلەن مۇهەممەد مەزىد تارخان ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: تارخانلار بەك كۆپ ئېتىبار ۋە هوقۇققا ئىگە بولغانىدى. (ب 76) باقى بۇخارانى پۈتۈنلەي قولغا ئالغانىدى، بۇخارا كىرىمىدىن بىر يارماقنى كىشىگە بەرمەيتتى. مۇهەممەد مەزىد تارخانمۇ سەمەرقەندنىڭ هاكىمى بولۇۋېلىپ، پۈتۈن ۋىلايەتنى ئوغۇللىرى بىلەن ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا بەرگەنىدى. شەهەردىن بەلگىلىك مائاش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر يارماقمۇ سۇلتان ئەلى مىرزىغا تەگمەيتتى. سۇلتان ئەلى مىرزا چوڭچوڭ يىگىت بولۇپ قالغان چاغدا ئۇلارنىڭ مۇنداق مۇئامىلىسىگە قانداق چىداپ تۇرالسۇن. ئۇ بىرقانچە ئىچكىيلىرى بىلەن بىللە مۇهەممەد مەزىد تارخاننىڭ قەستىگە چۈشتى. مۇهەممەد مەزىد تارخان

بۇنى تۇيۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ نۆكەرلىرى ۋە تاۋابىئاتلىرى بىلەن
ھەم ئۆزىنىڭ يېنىدا بار ئادەم ۋە بەگلىرى بىلەن بىرلىكتە
شەھەردىن چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇلتان ھۈسەين ئارغۇن،
پىرئەھمەد خوجا ھۈسەين، ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئىنىسى قارا
بارلاس، سالىھ مۇھەممەد ۋە باشقا بەگ، يىگىتلەر بار ئىدى.
شۇ پۇرسەتتە (سۇلتان مەھمۇد) خان مىرزىغا مۇھەممەد
ھۈسەين دوغلات بىلەن ئەھمەد بەگنى ۋە يەنە نۇرغۇن
موغۇل بەگلەرنى قوشۇپ، سەمەرقەند يۇرۇشىگە تەيىنلىگەنىدى.
ھافىز بەگ دولداي بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى تاھىر بەگ ئىككىلىسى
خان مىرزىنىڭ بەگ ئەتكىسى ئىدى. ھەسەن نەبىرە، ھىندۇ
بەگ ۋە باشقا بەزى يىگىتلەر ھافىز بەگ بىلەن تاھىر
بەگنىڭ مۇشۇ مۇناسىۋەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، سۇلتان ئەلى
مىرزا يېنىدىن قېچىپ، (77) مىرزاخان قېشىغا بارغانىدى.
مۇھەممەد مەزىد تارخان ئادەم ئەۋەتىپ، خان مىرزىنى ھەم
موغۇل بەگلىرىنى چاقىرتتى ۋە شاۋدار تەۋەسىگە كېلىپ خان
مىرزا بىلەن كۆرۈشۈپ، موغۇل بەگلىرى بىلەن ئالاقە قىلدى.
موغۇل بەگلىرى مۇھەممەد مەزىد بىلەن چىقىشىپ كېتەلمىدى،
ھەتتا مۇھەممەد مەزىد تارخاننى تۇتۇش خىيالىدىمۇ بولدى.
بۇ بەگلەر بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، بىر باھانە بىلەن ئۇلاردىن
ئايرىلدى. بۇلار ئايرىلغاندىن كېيىن، موغۇل چېرىكىمۇ تۇرالمىدى،
ئۇلار قايتىپ يار يايلاقتا چۈشكەندە، سۇلتان ئەلى مىرزا ئازلا
ئادەم بىلەن سەمەرقەندتىن تېز يۈرۈپ، ئۇلارنى قوغلاپ يېتىدۇ.
ئۇلار ئۇرۇشالماي چېچىلىپ قاچىدۇ. ئاخىرقى چاغلاردا، سۇلتان
ئەلى مىرزىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىشى مۇشۇ بولدى.

مۇھەممەد مەزىد تارخان ۋە موغۇللار بۇ مىرزىلاردىن ئۈمىد ئۈزۈپ، موغۇل ئابدۇلۋەھھابنى ئەۋەتىپ مېنى چاقىرتتى (ئابدۇلۋەھھاب بۇرۇن مېنىڭ يېنىمدا بولغان ۋە ئەندىجان مۇھاسىرىدە خوجا قازى بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشىپ، پىداكارلىق كۆرسەتكەنىدى). بىز خاراب ئەھۋالدا ئىدۇق. شۇڭا سۇلھ قىلىپ، سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىشقا تەييار ئىدۇق. دەرھال مىر موغۇلنى ئاخسىغا — جەھانگىر مىرزا قېشىغا (ب 77) بۇلجار① بىلەن ئەۋەتىپ، سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلماق بولدۇق. زۇلقەدە ئېيىدا سەمەرقەندكە چېرىك تارتىپ ئارىدا ئىككى قونۇپ، قۇباغا كېلىپ چۈشتۇق. نامازدىگەر مەزگىلىدە سۇلتان ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئىنىسى خەلىلنىڭ ئوش قورغىنىنى تۇيۇقسىز بېسىۋالغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى شۇكى، سۇلھ بولغاندا تەنبەلنىڭ ئىنىسى خەلىل باشلىق تۇتقۇنلارنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكى توغرۇلۇق يۇقىرىدا ئېيتىلغانىدى. تەنبەل خەلىلنى ئۆزگەندتىكى بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ كېتىش باھانىسى بىلەن ئۆزگەندكە كىرىۋېلىپ، بۇگۈن چىقىمەن، ئەتە چىقىمەن دەپ ۋاقىتنى سوزۇپ، چىقماي كېلىۋاتاتتى. بىز سەپەرگە ئاتلانغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بوش قالغان ئوش قورغىنىغا كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قورغاننى بېسىۋاپتۇ. بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ يەردە قېلىپ ئۇلار بىلەن ھەپىلىشىشنى بىرنەچچە جەھەتتىن مۇۋاپىق تاپماي، داۋاملىق سەمەرقەندكە مېڭىۋەردۇق.

---

① بۇلجار — قوشۇننىڭ يۈرۈشكە تويلىنىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن ئورۇن ۋە ۋاقىت؛ بىرەر ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن مۆھلەت؛ ئۇرۇشتا تۇرۇش، ئېلىش قوغداش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەر.

بىرىنچىدىن، بىزنىڭ سىپاھىيلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قورال-ياراغىنى
تەييارلاش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە تارقاپ، ھەر تەرەپكە كەتكەنىدى،
بىز سۈلھىگە ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھىيلە-خىيانەتلىرىدىن خەۋەرسىز
قالغانىدۇق؛ ئىككىنچىدىن، ئەلى دوست (78) ۋە قەنبەر ئەلىدەك
چوڭ بەگلىرىمىز يۈقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ھەرىكەتلەرنى سادىر
قىلىپ، ئىشەنچىمىزنى قويمىغانىدى؛ ئۈچىنچىدىن، سەمەرقەندنىڭ
مۇھەممەد مەزىد تارخان باشلىق ھەممە بەگلىرى مىنى چاقىرىپ
مىر موغۇلنى ئەۋەتكەنىدى. سەمەرقەندتەك پايتەخت تۇرغان
يەردە، ئەندىجاندەك يەر ئۈچۈن ئادەم ۋە ۋاقىت زايە قىلغۇلۇقمۇ!
قۇبادىن مەرغىنانغا كەلدۇق. مەرغىنان قۇچ بەگنىڭ ئاتىسى
سۇلتان ئەھمەد بەگكە بېرىلگەنىدى. سۇلتان ئەھمەد بەگ
بەزى مۇناسىۋەت ۋە توسالغۇلار سەۋەبىدىن ماڭا ئەگىشەلمەي،
مەرغىناندا قالدى. ئوغلى قۇچ بەگ بىر-ئىككى ئاغا-ئىنىسى
بىلەن ماڭا قوشۇلۇپ ماڭدى. ئىسفەرە يولى بىلەن مېڭىپ،
ئىسفەرەگە قاراشلىق مەھەن دېگەن يېزىغا كېلىپ چۈشتۇق.
بەختكە يارىشا، قاسىم بەگ ۋە ئەلى دوست ئۆز ئادەملىرى
بىلەن ھەم سەيىد قاسىم نۇرغۇن يىگىتلەر بىلەن شۇ ئاخشىمى
خۇددى بۇلجار قىلىنغىنىدەك كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. ئۇ يەردىن
ئاتلىنىپ دەشتى خەسبان ئارقىلىق مېڭىپ، چوپان كۆۋرۈكىدىن
ئۆتۈپ ئۆرەتېپەگە كەلدىم. قەنبەر ئەلى تەنبەلگە ئىشىنىپ،
چېرىك ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ئۆز
ۋىلايىتى خوجەندتىن ئاخسىغا كېلىدۇ. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن
كېيىن، تەنبەل ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ،
(ب 78) ئۇنىڭ ۋىلايەتلىرىگە يۈرۈش قىلىدۇ. بىر تۈركىي

ماقالىدا «ئىنانماغىل① دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا» دېگەنىكەن. يولدا كېتىۋاتقاندا، قەنبەر ئەلى ياياق قېچىپ، نۇرغۇن جاپالار بىلەن ئۆرەتېپەگە كەلدى. بىز ئۆرەتېپەدە بولغان چاغدا، شەيبانىخانىنىڭ دەبۇسى قەلئەسىدە باقى تارخاننى مەغلۇپ قىلىپ، بۇخاراغا يۈرۈش قىلغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. بىز ئۆرەتېپەدىن بۇركە يايلىقى يولى بىلەن سەنگزارغا كەلدۇق. سەنگزار دورغىسى قورغاننى بەردى. قەنبەر ئەلى ھەممىدىن ئايرىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى سەنگزاردا قويۇپ كەتتۇق. بىز خان يۇرتىغا كېلىپ چۈشكەندە، مۇھەممەد مەزىد تارخان باشلىق سەمەرقەند بەگلىرى كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. سەمەرقەندنى قانداق ئېلىش توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن مەسلىھەت قىلدۇق. ئۇلار: «خوجا يەھيامۇ پادىشاھنىڭ تايانچى، ئەگەر خوجا قولغا كەلتۈرۈلسە، سەمەرقەند جەڭ-جېدەلسىز، ئاسانلا قولغا كېلىدۇ» دېيىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرقانچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، خوجا يەھيا بىلەن سۆزلەشتۇق. خوجا يەھيا بىزنى سەمەرقەندكە كىرگۈزۈشنى جەزملەشتۈرۈپ جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۈمىدسىزلەنگۈدەك گەپمۇ قىلمىدى. بىز خان يۇرتىدىن كۆچۈپ، دەرغەم ياقىسىغا كەلدۇق، دەرغەم ياقىسىدىن خوجا يەھياغا خوجا مۇھەممەد ئەلى كىتابدارنى ئەۋەتتۇق. (79) ئۇ «كەلسۇن، شەھەرنى بېرىمىز» دېگەن خەۋەرنى كەلتۈردى. دەرغەمدىن كەچكە يېقىن ئاتلىنىپ شەھەرگە

① ئىنانماغىل — ئىشەنمىگىن.

يۇرۇش قىلدۇق. سۇلتان مۇھەممەد دولداي بىلەن سۇلتان مۇھەممەد دولداينىڭ ئاتىسى ئۇ قارارگاھتىن قېچىپ بېرىپ، بۇ كېلىشىمنى سەمەرقەندتىكىلەرگە ئېيتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئۇقۇپ قالغانلىقتىن، پىلانىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى. بىز قايتىپ دەرغەم ياقىسىغا چۈشتۇق. ئىبراھىم سارۇ مېڭلىغ مېنىڭ ئېتىبارلىق بېگىم ئىدى. ئۇنى ئەلى دوست تۇتقۇزۇپ-تالىتىپ قوغلىۋەتكەنىدى. مەن يار يايلاقتا كەلگەن چاغدا سەيىد يۇسۇف بەگنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇف بىلەن بىللە كېلىپ ماڭا مۇلازىمەت قىلدى. بىزنىڭ تەجرىبىلىك بەگلىرىمىز ۋە ئىچكىلىرىمىز ئەلى دوستنىڭ مۇخالىپى ئىدى. ئەلى دوست ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قوغلىغان، بەزىلىرىنى تالىغان، بەزىلىرىنى قولغا ئالغانىدى، ئۇلار بىر-بىرلەپ كېلىپ يىغىلدى. ئەلى دوست يېتىم بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ تەنبەلگە تايىنىپ، ماڭا ۋە مېنىڭ تەرەپدارلىرىمغا جاپا ۋە ئازابلارنى سالغانىدى. مېنىڭمۇ بۇ ئەبلەخ بىلەن خۇشۇم يوق ئىدى. ئۇ خىجىللىق ۋە ئەندىشە سەۋەبىدىن تۇرالماي رۇخسەت سورىدى. مەنمۇ شەپقەت قىلىپ رۇخسەت بەردىم. ئەلى دوست بىلەن مۇھەممەد دوست شۇ(پ 79) رۇخسەت ئالغىنى بىلەن تەنبەلنىڭ قېشىغا باردى. تەنبەلنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان بۇ ئاتا-بالا ئىككىسىدىن كۆپلىگەن دۈشمەنلىك ۋە يامانلىقلار سادىر بولدى. بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن ئەلى دوستنىڭ قولغا چىقان چىقىپ ئۆلدى. مۇھەممەد دوست ئۆزبېكلەرگە قوشۇلۇپ، ئەھۋالى يامان ئەمەس بولغانىدى. ئۇ يەردىنمۇ تۇزكورلۇق بىلەن قېچىپ، ئەندىجاننىڭ تاغ ئېتەكلىرىگە بېرىپ، دۈشمەنلىك ۋە پىتنىخورلۇقلار بىلەن شۇغۇللاندى، ئاخىر ئۆزبېكلەرنىڭ قولغا چۈشتى. ئۆزبېكلەر

ئۇنىڭ كۆزىنى كور قىلدى. «كۆزلىرىنى تۇز تۇتتى» نىڭ مەنىسى مۇشۇ ئىكەن. بۇلارنى يولغا سالغاندىن كېيىن، غۇرى بارلاسنى بىرقانچە يىگىتلەر بىلەن بۇخارا تەرەپتىن خەۋەر ئۇقۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدۇق. خەۋەر كەلدىكى، شەيبانىخان بۇخارانى ئېلىپ، سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپتۇ. بىز بۇ يەردە تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، كېش تەرەپكە ماڭدۇق. سەمەرقەند بەگلىرىدىن كۆپچىلىكنىڭ ئۆيۋاقى كېشتە ئىدى. كېشكە كېلىپ بىر-ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ سەمەرقەندنى شەيبانىخانغا بەرگەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. تەپسىلاتى مۇنداق ئىكەن: سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ ئانىسى زۆھرە بېگى ئاغا بىلمەسلىكى ۋە ئەقىلسىزلىقىدىن مەخپىي ھالدا شەيبانىخانغا كىشى ئەۋەتىپ، ئەگەر شەيبانىخان (80) ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالسا، ئوغلىنىڭ سەمەرقەندنى شەيبانىخانغا بېرىدىغانلىقىنى، لېكىن شەيبانىخان ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ۋىلايىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى سۇلتان ئەلى مىرزىغا بېرىشى لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. ئەبۇ يۇسۇف ئارغۇن بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىكەن، ھەتتا بۇ يولنى كۆرسەتكەنمۇ شۇ خائىن ئىكەن.

# توققۇز يۈز ئالتىنچى يىل① ۋەقەلىرى

شەيبانىخان شۇ خوتۇننىڭ ۋەدىسى بىلەن كىلىپ باغى مەيدانغا چۈشتى. چۈش ۋاقتىدا سۇلتان ئەلى مىرزا بەگلىرى ۋە يىگىتلىرىنىڭ ھىچقايسىسىغا خەۋەر قىلماي، ھىچكىم بىلەن كېڭەشمەي، يىنىدىكى بىرنەچچە كىچىك خىزمەتكارلىرى بىلەنلا چاررەھ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، باغى مەيدانغا — شەيبانىخان قېشىغا باردى. شەيبانىخان ئۇنى بەك قارشى ئېلىپمۇ كەتمىدى، كۆرۈشكەندىن كېيىن تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى. خوجا يەھيا مىرزىنىڭ شەيبانىخان قېشىغا چىققىنىنى بىلىپ قاتتىق پاراكەندە بولدى. ھىچ چارە تاپالماي ئۆزىمۇ چىقتى. شەيبانىخان قوپمايلا كۆرۈشتى ۋە شىكايەت تەرزىدە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. خوجا يەھيا قوپقاندا، شەيبانىخان ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قوپتى. خوجا ئەلى بەگنىڭ ئوغلى جان ئەلى رەباتى خوجىدا ئىدى. مىرزىنىڭ شەيبانىخان قېشىغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ شەيبانىخان قېشىغا كەلدى. بۇ بەتبەخت خوتۇن ئەقىلسىزلىقىدىن، ئەرگە تېگىش ھەۋىسى بىلەن ئوغلىنىڭ خانۇ-مانىنى بەربات قىلدى. شەيبانىخان ئۇنىڭغا زەررىچىمۇ پەرۋا قىلمىدى ھەم ئۇنى توقال، غۇنچىچى چاغلىقمۇ كۆرمىدى. سۇلتان ئەلى مىرزىمۇ

---

① مىلادىيە 1500 — 1501 ـ يىللار ئارىلىقى.

ئۆز ئىشىغا ھەيران بولۇپ، شەيبانىخان ئالدىغا چىقىنىغا پۇشايمان قىلدى. يېقىنلىرىدىن بىرقانچىسى ئەھۋالنى ئۇقۇپ، مىرزىنى ئېلىپ قاچماقچى بولدى. لېكىن مىرزا بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، ئەجىلى يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ تېمۇر سۇلتان بىلەن بىللە تۇراتتى. تۆت-بەش كۈندىن كېيىن ئۇنى قۇلبە ئوتلىقىدا ئۆلتۈردى. بۇ بەش كۈنلۈك ئۆلەرجان ئۈچۈن يامان نام بىلەن كەتتى. خوتۇن كىشىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۆزىنى ياخشى ناملىقلار دائىرىسىدىن چىقاردى. مۇنداق كىشىنىڭ ئەھۋالىنى مۇندىن ئارتۇق يېزىشقا بولمايدۇ، مۇنداق رەزىل قىلىقلارنى مۇندىن ئارتۇق ئاڭلاشقا بولمايدۇ. سۇلتان ئەلى مىرزىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جان ئەلىنىمۇ مىرزىسى قېشىغا ماڭدۇردى. شەيبانىخان خوجا يەھيادىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنى ئىككى ئوغلى — خوجا مۇھەممەد زىكرىيا ۋە خوجا باقى بىلەن بىللە خۇراسان تەرەپكە يولغا سالدى. كېيىن بىرنەچچە ئۆزبېك بېرىپ، خوجا ھەزرەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى يىگىت ئوغلىنى خوجا كاردزەن تەۋەسىدە شېھىت قىلدى. بۇ ھەقتە شەيبانىخان، بۇ ئىشنى (81) مەن قىلمىدىم، قەنبەر بى بىلەن كۆپەك بى قىلدى، دەيدىكەن. بۇ تېخىمۇ يامان ئىش. «ئۆزرەش بەتەر ئەز گۇناھ» (ئۆزرىسى گۇناھىدىن يامان) دېگەن بىر گەپ بار. مۇنداق ئىشلارنى بەگلەر ئۆز خان، ئۆز پادىشاھلىرىدىن بىسوراق ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلغىلى تۇرسا، خانلىق ۋە پادىشاھلىقنىڭ نېمە ئېتىبارى قالىدۇ!

ئۆزبېكلەر سەمەرقەندنى ئالغاندىن كېيىن، كېشتىن ھىسارغا قاراپ يول ئالدۇق. مۇھەممەد مەزىد تارخان باشلىق سەمەرقەند بەگلىرى ئادەملىرى بىلەن ئائىلىلىرىنى ئېلىپ بىز بىلەن بىللە

ماڭدى. چەغانىيانىڭ چىلتۇ (خىلتۇ) ئۇتلىقىغا چۈشكەندە، مۇھەممەد مەزىد تارخان باشلىق سەمەرقەند بەگلىرى بىزدىن ئايرىلىپ، خۇسرەۋ شاھقا نۆكەر بولدى. بىز شەھەر ۋە ۋىلايەتتىن مەھرۇم ئىدۇق، بارار، تۇرار يېرىمىز نامەلۇم ئىدى. گەرچە خۇسرەۋ شاھ بىزنىڭ خاندانىمىزغا بىرمۇنچە ئادالەتسىزلىكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئامال يوق، ئۇنىڭ ۋىلايىتىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتتۇق، قارا تېگىن ۋىلايىتى بىلەن ئۆتۈپ، كىچىك خان دادام ئالچە خانىنىڭ قېشىغا بارايلى، دېگەن ئويىمۇ كەلگەنىدىم، لېكىن مۇمكىن بولمىدى. كەمرۇدتىن يۇقىرىغا مېڭىپ، سىرەتاق (سەرۋ تاغ) داۋىنىدىن ئاشماقچى بولدۇق. نەۋەندەك تەۋەسىگە يەتكەندە خۇسرەۋ شاھنىڭ نۆكىرى بىر توققۇز ئات ۋە بىر توققۇز كىيىملىك كەلتۈردى. كەمرۇد ئېغىزىغا چۈشكەندە، شىر ئەلى (ب 81) چۆھرە قېچىپ ۋەلى خۇسرەۋ شاھ قېشىغا كەتتى، ئەتىسى قۇچ بەگ ئايرىلىپ ھىسارغا كەتتى. بىز كەمرۇد ئېغىزىدىن كىرىپ يۇقىرىغا ماڭدۇق. تار ۋە ھاڭلىق يوللاردا، تىك ئۆتكەللەردە نۇرغۇن ئات، تۆگە قالدى. ئارىدا ئۇچ-تۆت قونۇپ سىرەتاق ئۆتكىلىگە يەتتۇق. ئۆتكەل بولغاندىمۇ قانداق ئۆتكەل؟ مۇنداق ئېگىز، مۇنداق تار ئۆتكەل زادى كۆرۈلگەن ئەمەس ۋە ھېچ ۋاقىت مۇنداق تار ۋە ھاڭلىق يوللاردا يۈرۈلگەن ئەمەس. كۆپ تەشۋىش ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن خەتەرلىك يار ۋە ھاڭلاردىن ئۆتۈپ، مىڭ جايا ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن تەھلىكىلىك ئېگىز ۋە تار ئۆتكەللەردىن ئېشىپ فان تەۋەسىگە كەلدۇق. فان تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ بىر كۆل بار ئىكەن، ئايلانمىسى تەخمىنەن بىر شەرئى كېلىدىغان بۇ گۈزەل كۆل غارايىباتلاردىن خالىي بولمىسا كېرەك.

خەۋەر بولدىكى، ئىبراھىم تارخان شىراز قورغىنىنى بېكىتىپتۇ. قەنبەرئەلىمۇ يار يايلاق قورغانلىرىنى بېكىتىپتۇ. ئەبۇلقاسىم كۆھبەر خوجا دىداردا ئىدى، ئۆزبېكلەر سەمەرقەندنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ خوجا دىداردا تۇرالماي، يار يايلاققا كېلىپ تېخىمۇ تۆۋەندىكى قورغانلارنى بېكىتىپتۇ. بىز فاننى ئۇڭ قول تەرەپتە قالدۇرۇپ كەشتۇد تەرەپكە ماڭدۇق. فان ھاكىمى مەردلىك ۋە ساخاۋەتتە، خىزمەتكارلىق ۋە ئادەمگەرچىلىكتە مەشھۇر ئىدى. (82) سۇلتان ھۆسەين مىرزا ھىسار ئۈستىگە چېرىك تارتىپ كەلگەندە، سۇلتان مەسئۇد مىرزا سەمەرقەندگە — ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزا قېشىغا مۇشۇ يول بىلەن بارغانىدى، فان ھاكىمى يەتمىش-سەكسەن ئات ھەدىيە قىلدى، باشقا ئادەمگەرچىلىكلەرنىمۇ شۇ يوسۇنلۇق قىلدى. ماڭا بولسا بىر قوتۇر ئاتنى ئەۋەتىپ، ئۆزىمۇ كەلمىدى. بىزگە كەلگەندە، ساخاۋەت بىلەن مەشھۇر بولغانلار خەسىس بولۇپ قالىدىكەن، ئالىيجانابلىقى بىلەن مەلۇم بولغانلارنىڭ ئالىيجانابلىقى ئۇنتۇلىدىكەن. خۇسرەۋ شاھمۇ مەردلىك ۋە ساخاۋەت بىلەن مەشھۇر ئىدى. بەدىئۈززەمان مىرزىغا نى خىزمەتلەردە بولغانلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇلدى. باقى تارخان ۋە باشقا بەگلەرگىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئادەمگەرچىلىك ۋە ھەدىيەلەرنى قىلغانىدى. ئۇنىڭ ۋىلايىتىدىن ئىككى قېتىم ئۆتۈشىمىزگە توغرا كەلدى، ئۆز تەڭدىشىمنى دېمەي قويايكى، ھەتتا نۆكىرىمىزگە قىلغان ئادەمگەرچىلىكنى بىزگە قىلمىدى ۋە بىزنى نۆكىرىمىزچىلىكمۇ كۆزگە ئىلمىدى. (بېيت)

كىم كۆرۈپتۇر ئەي كۆڭۈل ئەھلى جەھاندىن ياخشىلىق،
كىم كى ئاندىن ياخشى يوق، كۆز تۇتمە ئاندىن ياخشىلىق.

(ئەي كۆڭۈل، بۇ جاھان ئەھلىدىن كىم ياخشىلىق كۆرگەن؛ ئەڭ

ياخشىسى شۇكى، سەن ئۇلاردىن ياخشىلىق تەمە قىلما) فاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، كەشتۇد قورغىنىدا ئۆزبېكلەر بار دەپ ئويلاپ، تېز سۈرئەتتە كەشتۇدقا يۈرۈش قىلدۇق. كەشتۇد قورغىنى بۇزۇلغان بولۇپ، بۇ يېقىندا ئادەم ئولتۇرمىغانىكەن. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ (ب 82) كۆھەك سۈيىنىڭ ياقىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. يارىغا ئۇدۇل جايغا كېلىپ، كۆھەك سۈيىدىن كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۆتتۇق. قاسىم بەگ باشلىق بەگلەرنى رەباتى خوجا قورغىنىنى تۇيۇقسىز بېسىۋېلىشقا ماڭدۇردۇق. ئۆزىمىز يارىدىن ئۆتۈپ، شۇنقارخانە تېغىنى ئېشىپ يار يايلاقىقا كەلدۇق. رەباتى خوجىغا بارغان بەگلەر قورغانغا شوتا قويىدىغان چاغدا قورغاندىكىلەر تۇيۇپ قېلىپ، چېكىندۇرگەنلىكتىن، قورغاننى ئالالماي قايتىپ كەلدى. قەنبەر ئەلى سەنگزاردا ئىدى، كېلىپ كۆرۈشتى. ئەبۇلقاسىم كۆھبەر ۋە ئىبراھىم تارخان ئوبدان كىشىلىرىنى مۇلازىمەتكە ئەۋەتىپ، قۇللۇق ۋە سادىقلىق ئىزھار قىلىشتى. يار يايلاق يېزىلىرىدىن ئەسفىدەك قورغىنىغا كەلدۇق. بۇ چاغدا، شەيبانىخان خوجا دىدار تەۋەسىدە تۇراتتى، يېنىدا ئۈچ-تۆت مىڭ ئۆزبېك بار ئىدى، يەرلىك سىپاھىيلاردىنمۇ شۇنچىلىك ئادەم يىغىلغانىدى. سەمەرقەند دورغىلىقى جان ۋەفا مىرزىغا بېرىلگەن بولۇپ، بەش-ئالتە يۈز كىشى بىلەن سەمەرقەند قورغىنىنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. ھەمزە سۇلتان بىلەن مەھدى سۇلتان ئۆز ئادەملىرى بىلەن سەمەرقەندكە يېقىن بۆدۇنە قورۇقىغا جايلاشقانىدى. بىزنىڭ ياخشى-يامان بولۇپ ئىككى يۈز (83) قىرىق كىشىمىز بار ئىدى. بارلىق بەگلەر ۋە يىگىتلەر بىلەن سۆزلىشىپ مۇنداق قارارغا كەلدۇق: «شەيبانىخان سەمەرقەندنى يېقىندا ئېلىپ، تېخى ئاھالە بىلەن چۈشىنىشىپ

كېتەلمىدى. ئەگەر بىر ئىش قىلماقچى بولساق، دەل مۇشۇ پۇرسەتتە قىلالايمىز. ئەگەر سەمەرقەندنى قورغىنىنى شوتا قويۇپ تۇيۇقسىز بېسىۋالساق، سەمەرقەند ئاھالىسى بىز بىلەن بىللە بولماي نېمە چارە قىلالايدۇ؟ ئۇلار بىزگە ياردەم قىلمىغان ھالەتتىمۇ، ئۆزبېكلەر ئۇچۇن ئۇرۇشۇپ بەرمەيدۇ. سەمەرقەند قولغا كىرگەندىن كېيىن تەڭرىنىڭ بۇيرۇغىنىنى كۆرەرمىز». مۇشۇ قارار بىلەن نامازپېشىندىن كېيىن يار يايلاقتىن ئاتلىنىپ، كېچىچە مېڭىپ، تۈن يېرىمىدا خان يۇرتىغا يەتتۇق. ئۇ ئاخشىمى ئۇلار بىلىپ قالدى، دەپ قورغانغا يېقىن بارماي، خان يۇرتىدىنلا قايتىپ كەلدۇق. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن رەباتى خوجىدىن تۆۋەنرەك كۆھەك سۇيىنى كېچىپ يەنە يار يايلاققا كەلدۇق.

بىر كۈنى ئەسفىدەك قورغىنىدا دوست ناسىر، نويان كۆكەلداش، خان قۇلى، كېرىمداد، شەيخ دەرۋىش، خۇسرەۋ كۆكەلداش ۋە مىرىم ناسىر قاتارلىق ئىچكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قېشىمدا بولۇپ، ئۇ يەر-بۇ يەردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. مەن: «قېنى دەپ باقايلى، (ب 83) تەڭرى بۇيرۇسا، سەمەرقەندنى قاچان ئالارمىز؟» دېدىم. بەزىلەر: «يازدا ئالىمىز» دېدى. بۇ كەچ كۈز مەزگىلى ئىدى. بەزىسى بىر ئايدا، بەزىسى قىرىق كۈندە، بەزىسى يىگىرمە كۈندە ئالىمىز دېيىشتى. نويان كۆكەلداش: «ئون تۆت كۈندە ئالىمىز» دېدى. تەڭرى راست كەلتۈردى، دەل ئون تۆت كۈندە سەمەرقەندنى ئالدۇق. شۇ مەزگىلدە ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈم: چۈشۈمدە خوجا ئۇبەيدۇللا ھەزرەتلىرى كېلىپتىمىش. مەن ئالدىغا چىقىپتىمىشمەن. خوجا كېلىپ ئولتۇرۇپتىمىش. خوجىنىڭ ئالدىغا تەكەللۇپسىزرەك داستىخان سېلىنىپتىمىش. بۇ

جەھەتتىن ھەزرەتنىڭ خاتىرىدىن بىرنەرسە كېچىپتىمىش. موللا بابا ماڭا قاراپ ئىشارەت قىلارمىش، مەنمۇ ئىشارەت بىلەن: «بۇ ئىش مەندىن ئەمەس، داستىخان سالغۇچى سەۋەنلىك قىلىپتۇ» دېگۈدەكمەن. خوجا بۇنى چۈشىنىپ، ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىپتىمىش. خوجا قوپۇپتۇ. مەن ئۇزىتىش ئۈچۈن چىقىپتىمەن. مۇشۇ ئۆينىڭ دالىنىدا ئوڭ قولۇمدىن ياكى سول قولۇمدىن تۇتۇپ شۇنداق كۆتۈرۈپتۇكى، بىر پۇتۇم يەردىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. داستىخاندىكىلەر: «شەيخ مەسلىھەت بەردى» دېيىشىپتۇ. مەن شۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا سەمەرقەندنى ئالدىم.

بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەسفىدەك قورغىنىدىن ۋەسمەند قورغىنىغا كەلدۇق. بىر قېتىم سەمەرقەند ئەتراپىغا بېرىپ، تۈيدۈرۈپ قويۇپ قايتىپ كەلگەن بولساقمۇ، (84) تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، شۇ نىيەت بىلەن ناماز پېشىندىن ئۆتكەن مەھەلدە ۋەسمەندتىن سەمەرقەندكە تېز يۈرۈش قىلدۇق. خوجا ئەبۇلمۇكارەممۇ ھەمراھ ئىدى. تۈن يېرىمىدا يول ئۈستىدىكى مەغەك كۆۋرۈكىگە يېتىپ بېرىپ، يەتمىش-سەكسەن ئوبدان يىگىتنى ئىلغار قىلىپ ئايرىدۇق ۋە ئۇلارغا غارى ئاشىقانىنىڭ ئۇدۇلىدىن شوتا قويۇپ چىقىپ، فىرۇزە دەرۋازىسىدىكىلەرنى تۇتۇپ، دەرۋازىنى ئىگىلەپ بىزگە ئادەم ئەۋەتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردۇق. بۇ يىگىتلەر بېرىپ، غارى ئاشىقان ئۇدۇلىدىن شوتا قويۇپ چىقىپتۇ. بۇنى ھېچكىم تۇيماپتۇ. ئاندىن فىرۇزە دەرۋازىسىغا كېلىپ فازىل تارخاننى تۇتۇپتۇ. فازىل تارخان بەگ تارخانلاردىن ئەمەس، بەلكى سودىگەر تارخانلاردىن بولۇپ، تۈركىستاندا شەيبانىخانغا خىزمەت قىلىپ، ئېتىبارغا ئېرىشكەندى. يىگىتلەر فازىل تارخاننى بىرقانچە نۆكىرى

بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، دەرۋازىنىڭ قۇلۇپىنى پالتا بىلەن چېقىپ دەرۋازىنى ئاچتى. شۇ پۇرسەتتە، مەن يېتىپ بېرىپلا فىرۇزە دەرۋازىسىدىن كىردىم. ئەبۇلقاسىم كۆھبەر ئۆزى كەلمەي، ئىنىسى ئەھمەد قاسىمنى ئوتتۇز-قىرىقچە نۆكىرى بىلەن ئەۋەتكەنىدى. ئىبراھىم تارخاننىڭ ئادەملىرىدىن ھېچكىم يوق ئىدى. شەھەرگە كىرىپ خانىقادا ئولتۇرغىنىمدا، ئەھمەد تارخان دېگەن ئىنىسى (ب 84) بىرنەچچە نۆكەر بىلەن كەلدى. شەھەر ئاھالىسى تېخى ئۇيقۇدا ئىدى. دۇكاندارلار دۇكانلىرىدىن قاراپ، مېنى تونۇپ دۇئا قىلاتتى. بىر ئازدىن كېيىن شەھەر ئاھالىسى خەۋەردار بولدى. بىزنىڭ ئادەملەر بىلەن شەھەر ئاھالىسى سۆيۈنچ ۋە شادلىققا چۆمۈلدى. ئۇلار ئۆزبېكلەرنى خۇددى تەلۋە ئىتلارنى ئۇرغاندەك، كوچىلاردا تاش، تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. تەخمىنەن تۆت-بەش يۈز ئۆزبېكنى مۇشۇ تەرىقىدە ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. شەھەر دورغىسى جان ۋەفا خوجا يەھيانىڭ ئۆيىدە ئىدى. قېچىپ چىقىپ، شەيباقخان ① نىڭ قېشىغا كەتتى.

دەرۋازىدىن كىرىپلا، مەدرىسە ۋە خانىقا تەرەپكە مېڭىپ، خانىقانىڭ تاقى ئۈستىدە ئولتۇردۇم. تاڭ ئاتقۇچە تۇشمۇ تۇشتىن سۈرەن ۋە غوۋغا ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. خەۋەر تاپقان بەزى ئەربابلار ۋە دۇكاندارلار كېلىپ، سۆيۈنچ ۋە خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشۈپ، تەييار تائاملارنى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىشتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئاھەنىن دەرۋازىسىدا ئۆزبېكلەرنىڭ ئىككى دەرۋازا ئارىسىنى بېكىتىۋېلىپ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. دەرھال

① شەيباقخان — شەيبانىخان.

ئاتلىنىپ ئاھەنىن دەرۋازىسىغا ماڭدىم، يېنىمدا ئون بەش-يىگىرمىچە كىشى بار ئىدى. شەھەر يېڭى قولغا كىرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لۈكچەكلەر ھەر تەرەپتە دۇنيا ئىزدەش بىلەن (85) مەشغۇل ئىدى. مەن يېتىپ بارغۇچە، ئاھەنىن دەرۋازىسىدىن ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شەيباقخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ، كۈن چىققان مەزگىلدە يۈز-يۈزئەللىك كىشى بىلەن ئاھەنىن دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. تازا پۇرسەت كەلگەنىدى. لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، يېنىمدا ئادەم بەك ئاز ئىدى. شەيباقخان ھېچ ئىش قىلالماسلىقىنى پەملەپ، دەرھال قايتتى. مەن ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ، ئەركتىكى بوستان سارىيىغا چۈشتۈم. كاتتىلار، ئېسىلزادىلەر ۋە شەھەر چوڭلىرى كېلىپ كۆرۈشۈپ، مېنى مۇبارەكلەشتى.

يۈز قىرىق يىلغا يېقىن سەمەرقەند پايتەختى بىزنىڭ خانىدانىدا بولۇپ كەلگەنىدى. نەدىكى بىر يات ۋە دۈشمەن ئۆزبېك كېلىپ ئىگىلىۋالغانىدى. قولدىن كەتكەن مەملىكەتنى تەڭرى قايتىدىن بەردى، تالان-تاراجغا ئۇچرىغان ۋىلايەت يەنە قولىمىزغا كىردى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىمۇ ھېرىنى مۇشۇنداق يول بىلەن تۇيۇقسىز ئالغانىكەن. لېكىن ئىش بىلەر كىشى ئالدىدا روشەن، ئىنساپ ئىگىسى نەزىرىدە ئېنىقكى، ئۇ ئېلىش بىلەن بۇ ئېلىش ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. بىرىنچىدىن، سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا كۆپ ئىش كۆرگەن، نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان چوڭ پادىشاھ ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ دۈشمىنى يادىگار مۇھەممەد ناسىر مىرزا بولۇپ، ئۇ تېخى ئون يەتتە-ئون سەككىز ياشلىق تەجرىبىسىز (ب 85) بىر ئوغلان ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، دۈشمىنىنىڭ ئىچىدىن

ھەممە ئەھۋالنى بلىدىغان مىرئەلى مىراخور چىقىپ مىرزىغا كىشلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تويدۇرماي دۇشمەن ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى؛ تۆتىنچىدىن، ئۇنىڭ دۇشمىنى قورغاندا ئەمەس بەلكى باغى زاغاندا بولۇپ، سۇلتان ھۆسەين مىرزا شەھەرنى ئالغان مەزگىلدە يادگار مىرزا ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئىچىشۋازلىق قىلىۋاتقان-كەن. ئۇ كېچىسى يادگار مۇھەممەد مىرزىنىڭ سارىيىدا ئۈچ كىشى قالغان بولۇپ، ئۇلارمۇ مەست ئىكەن؛ بەشىنچىدىن، ئۇ، دۇشمەن شۇ قەدەر غاپىللىقتا تۇرغاندا كەلدى-دە، شەھەرنى ئالدى. مەن سەمەرقەندنى ئالغاندا ئون توققۇز ياشتا بولۇپ، ھېچقانچە كۆپ ئىش كۆرمىگەن ۋە تەجرىبىسىز ئىدىم؛ ئىككىنچىدىن، مېنىڭ دۇشمىنىم شەيباقخاندەك تەجرىبىسى مول، كۆپ ئىش كۆرگەن چوڭ ياشلىق بىر كىشى ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، بىزگە سەمەرقەندتىن ھېچ كىشى كەلمىگەنىدى، گەرچە شەھەر ئاھالىسى مېنى خالىسىمۇ، لېكىن شەيباقخاندىن قورقۇپ، ھېچكىم بۇنداق ئويلىمايتتى؛ تۆتىنچىدىن، مېنىڭ دۇشمىنىم قورغاندا ئىدى، بىز قورغاننى ئېلىپ، دۇشمەننى قاچۇردۇق؛ بەشىنچىدىن، بىز بىر قېتىم سەمەرقەندنى ئېلىشقا كېلىپ، دۇشمەنگە تۇيدۇرۇپ قويغانلىقىمىزدىن، ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سەمەرقەندنى ئالدۇق. بۇلارنى دېيىشتىن غەرەز باشقىلارنى كەمسىتىش ئەمەس، (86) بەلكى يۈقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بولغان ئىشنى بايان قىلىش؛ بۇلارنى يېزىشتىن مەقسەت ئۆزۈمنى ئارتتۇرۇش ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا يېزىلغاندەك، راست ئىشنى دېيىش. بۇ غەلىبە ھەققىدە شائىرلار تارىخلار يېزىپتۇ. ئۇلاردىن مۇنۇ بېيت يادىمدا قېلىپتۇ:

بازگۇفتا خرەد كى تارىخەش،

فەتھى بابۇر بەھادىرەست، بىدان.

(ئەقىل يەنە، ئۇنىڭ تارىخنى «فتح بابر بهادراست» ① دەپ بىلگىن، دېدى)

سەمەرقەند ئېلىنغاندىن كېيىن، شاۋدار، سوغد ۋە تۇمەنلەرگە يېقىن قورغانلار كەينى-كەينىدىن ماڭا ئىتائەت قىلىشقا باشلىدى، بەزى قورغانلاردىن ئۆزبېك دورغىلار قورقۇپ قېچىپ چىقتى، بەزى قورغانلار ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، بىزگە ئىتائەت قىلدى. بەزىلىرى دورغىلىرىنى تۇتۇپ، قورغاننى بېكىتتى. شۇ مەزگىلدە شەيباقخاننىڭ ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆيۋاقى ۋە تۇغقانلىرى تۈركىستاندىن كەلدى. شەيباقخان خوجا دىدار ۋە ئەلى ئاباد تەۋەسىدە تۇراتتى. ئۇ قورغانلارنىڭ شۇ تەرىقىدە بىزگە ئۆتۈۋاتقانلىقى، ئاھالىنىڭ شۇ يوسۇندا بىزگە ئىتائەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرغان يېرىدىن بۇخارا تەرەپكە كۆچتى. تەڭرى ئىنايىتى بىلەن سوغد ۋە ميانكال قورغانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۈچ-تۆت ئاي ئىچىدە بىزگە قارىدى. باقى تارخانمۇ پۇرسەت تېپىپ كېلىپ قەرشى قورغانىغا كىردى. خوزار بىلەن قەرشىمۇ ئۆزبېكلەر ئىدارىسىدىن چىقتى. قارا كۆلنىمۇ مەرۋدىن ئەبۇلمۇھسىن (ب 86) مىرزىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ئالدى. ئىشىمىز غايەت تەرەققىي قىلدى.

مېنىڭ ئانىلىرىم، ئۆيۋاق ۋە تۇغقانلىرىم مەن ئەندجاندىن چىققاندىن كېيىن كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆرەتېپەگە كەلگەنىدى، كىشى ئەۋەتىپ سەمەرقەندكە كەلتۈردۇق. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ بىرىنچى رەپىقەم — سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ

① «بابۇر باھادىرنىڭ غەلبىسى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئىبارىنىڭ ئىملاسىدىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى بىلدۈرىدىغان 906 كېلىپ چىقىدۇ.

قىزى ئايشە سۇلتان بېگىمدىن بىر قىز تۇغۇلۇپ، ئىسمى فەخرۇننىسا قويۇلدى. بۇ مېنىڭ تۇنجى پەرزەنتىم ئىدى. ئۇ چاغدا مەن ئون توققۇز ياشتا ئىدىم. بىراق بۇ قىز بىر ئاي قىرىق كۈن ئىچىدىلا تەڭرى رەھمىتىگە باردى.

سەمەرقەند ئېلىنغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى خان، سۇلتان، ئەمىر ۋە چېگرىداشلارغا ياردەم سوراش يۈزىسىدىن كەينى-كەينىلەپ ئەلچى ۋە خەۋەرچىلەر ماڭدۇرۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەجرىبىلىك بولسىمۇ، بىپەرۋالىق قىلدى. بەزىلىرى بىزگە قارىتا بەزى ئەدەبسىزلىك ۋە ناچار ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئاقىۋەتتىدىن قورقۇپ، خۇپسەنلىك قىلدى. بەزىلىرى ياردەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ياردەم دېگىلى بولمايتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر.

سەمەرقەندنى ئىككىنچى قېتىم ئالغان ۋاقتىمدا ئەلىشىر بەگ (87) ھايات ئىدى. بىر قېتىم ماڭا مەكتۇپمۇ كەلگەنىدى، مەنمۇ بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغانىدىم. كەينىگە تۈركىي بېيىت يېزىپ ئەۋەتكەنىدىم، جاۋابى كەلگىچە تەپرىقە ۋە غوۋغالار چىقتى. شەيباقخان سەمەرقەندنى ئالغاندا، موللا بىنائىنى مۇلازىم قىلىپ، يېنىدا ئېلىپ يۈرگەنىكەن. سەمەرقەند ئېلىنىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەمەرقەندكە كەلدى. قاسىم بەگ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى شەھرى سەبز تەرەپكە ماڭدۇرغانىدى. پەزىلەتلىك كىشى بولغانلىقى ۋە باشقا گۇناھ سادىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىرقانچە كۈندىن كېيىن سەمەرقەندكە قايتۇرۇپ كەلدۇق. دائىم قەسىدە ۋە غەزەللەر يازاتتى. ناۋا كۈيىگە سېلىنغان بىر غەزىلىنى ماڭا بېغىشلىدى ۋە شۇ ئەسنادا بىر رۇبائىي توقۇپ ئوقۇدى:

نى غەللە مەراكىئەزئۇ تەۋانەم نۇشىد،
نى مۇھمەلنى غەللەتا تەۋانەم پۇشىد.
ئانراكى نەخۇردەنەستۇ نى پۇشىدەن،
دەر ئىلمۇ ھۇنەر كۇجا تەۋانەد كۇشىد.
(يەيدىغان يېمكىم يوق. كىيدىغان كىيمىم يوق. يەيدىغنى، كىيدىغنى يوق كىشى ئىلىم ۋە ھۇنەر يولىدا قانداق چېلىشسۇن)
ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ئانچە-مۇنچە بېيىتلارنى ئېيتىپ قوياتتىم، لېكىن غەزەل تاماملاپ باقمىغانىدىم. بىرلا تۈركىي رۇبائىي ئېيتىۋەتتىم:
ئىشلار بارى كۆڭلۈڭدىكىدەك بولغۇسىدۇر،
ئىنئامۇ ۋەزىفە بارى بۇيرۇلغۇسىدۇر.
ئول غەللە ۋە مۇھمەل كى دېب ئەردىڭ بىردىم،
مۇھمەلغە بويۇ غەللەدىن ئۆي تولغۇسىدۇر.
(ھەممە ئىش كۆڭلۈڭدىكىدەك بولىدۇ، ئىنئام ۋە مائاش بۇيرۇلىدۇ. سەن ئېيتقان يېمەك ۋە كىيمنى بەردىم، كىيمگە بويۇڭ، ئاشلىقتا ئۆيۈڭ تولىدۇ). موللابىنائى بۇ رۇبائىينىڭ (ب 87) ئاخىرقى مىسراسىنىڭ قاپىيىسىنى رادىف قىلىپ، باشقا قاپىيە بىلەن يەنە بىر رۇبائىي ئوقۇدى:
مىرزامكى شاھى بەھرۇبەر بولغۇسىدۇر،
ئالەمدە ھۇنەر بىرلە سەمەر بولغۇسىدۇر.
بىر مۇھمەل ئۇچۇن مۇنچە ئىنايەت بولدى،
مۇستەئمەل ئەگەر دېسەم نىلەر بولغۇسىدۇر.
(مىرزام يەر-دېڭىزنىڭ شاھى بولغۇسى، ھۇنەر بىلەن جاھاندا تونۇلغۇسى. بىر قۇرۇق گەپكە مۇنچە ئىنايەت بولدى، جايىدا سۆزلىسەم نېمىلەر بولغۇسى). شۇ ئەسنادا خوجا ئەبۇلبەرەكە

فىراقى شەھىرى سەبزەۋار سەمەرقەندكە كەلگەندى. ئۇ: «شۇ قاپىيدە ئېيتىش كېرەك ئىدى» دېدى-دە، مۇنۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

بۇ جەۋركى قىلدى دەۋر سورۇلغۇسىدۇر،
سۇلتان كەرەم بۇ ئۆزرنى قولغۇسىدۇر.
تۆكۈلگەن ئەگەرچە تولماس ئەي ساقى،
تۆكۈلگەنىمىز بۇ دەۋردە تولغۇسىدۇر.

(دەۋر قىلغان بۇ جاپا سورۇلغۇسى، سۇلتان كەرەم بۇ ئۆزرىنى قوبۇل قىلغۇسى، ئەي ساقىي، تۆكۈلگەن گەرچە تولمىسمۇ، تۆكۈلگىنىمىز بۇ دەۋردە تولغۇسى)

بۇ قىشتا بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئىنتايىن تەرەققىي قىلىپ، شەيباقخانىنىڭ ئىشى خاراب بولماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا بىر-ئىككى كۆڭۈلسىز ئىش يۈز بەردى. مەرۋدىن كېلىپ قارا كۆلدە تۇرغانلار پۇت دەسسەپ تۇرالمىدى، قارا كۆل يەنە ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. دەبۇسى قەلئەسىدە ئىبراھىم تارخاننىڭ ئەھمەد تارخان دېگەن ئىنىسى تۇراتتى. شەيباقخان كېلىپ مۇھاسىرە قىلدى، بىز چېرىك يىغىپ ياردەمگە بارغۇچە، زورلۇق بىلەن بېسۋېلىپ، ئاھالىسىنى تامامەن ئۆلتۈردى. مەن سەمەرقەندنى ئالغاندا ساناقلىق ئىككى يۈز قىرىق ئادىمىم (88) بار ئىدى. بەش-ئالتە ئاينىڭ ئىچىدە تەڭرى تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن شۇنچىلىك بولدىكى، شەيباقخاندەك ئادەم بىلەن سەرىپۇلدا مەيدان ئۇرۇشى قىلالىدىم، بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە مەلۇم بولغۇسىدۇر. ئەتراپتىكى بىز ياردەم سورىغانلارنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، خاندىن ئەييۇب بەگچىك، قاشقا مەھمۇد ۋە

بارىنلار تۆت-بەش يۈز كىشى بىلەن ياردەمگە كەلگەندى. جەھانگىر مىرزىدىن تەنبەلنىڭ ئىنىسى خەلىل بىر-ئىككى يۈز كىشى بىلەن ياردەمگە كەلگەندى. شەيباقخاننىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن بەك بىلىدىغان سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىدەك تەجرىبىلىك پادىشاھتىن بىر ئادەممۇ ياردەمگە كەلمىدى. بەدىئۈززەمان مىرزىدىنمۇ ئادەم كەلمىدى. خۇسرەۋ شاھ ئۆز ئاقۋىتىدىن قورقۇپ، ئادەم ئەۋەتمىدى، بىزنىڭ خانىدانىغا قارىتا ئۇنىڭدىن قانداق يامانلىقلار كەلگەنلىكى يۇقىرىدا مەلۇم بولدى، شۇڭا ئۇ بىزدىن بەك قورقاتتى.

شەۋۋال ئېيىدا شەيباقخان بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىدە سەپەر قىلىپ باغى نەۋغە چىقتىم. چېرىك يىغىش ۋە تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ باغى نەۋدە بەش-ئالتە كۈن تۇردۇق. باغى نەۋدىن ئاتلىنىپ، ئارىدا بىرنەچچە قونۇپ، سەرپۇلدىن ئۆتۈپ چۈشتۇق. ئوردۇ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قاشا ۋە (ب 88) خەندەكلەر بىلەن ئىهاتىلەشتۈرۈپ مۇستەھكەم قىلدۇق. شەيباقخان نېرىدىن كېلىپ خوجا كاردزەن تەۋەسىگە چۈشتى. ئارىلىقىمىز تەخمىنەن بىر يىغاچ كېلەتتى. بىز بۇ يەردە تۆت-بەش كۈن تۇردۇق. بىز تەرەپنىڭ ئادەملىرى بۇ ياقتىن بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئادەملىرى ئۇ ياقتىن كېلىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا ئېتىشىپ، ئۇرۇشۇپ تۇردى. بىر كۈنى دۈشمەن ئادەملىرى كۆپرەك كېلىپ خېلى ئۇرۇش بولدى، لېكىن ھېچقايسى تەرەپتە ئۇستۇنلۇك بولمىدى. بىزنىڭ بىر تۇغلۇق ئادىمىمىز تېزرەك چېكىنىپ خەندەككە كىرىۋاپتۇ. بەزىلەر ئۇلارنى سەيدى قارا بەگنىڭ تۇغى ئىدى دېيىشتى. سەيدى قارا گەرچە سۆزىدە تۇرىدىغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن قېلىچتا سەل ئاجىز ئىدى. شۇ

كۆنلەردە، بىر كېچىسى شەيياقخان ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، بىراق، ئوردۇنىڭ ئەتراپى قاشا ۋە خەندەكلەر بىلەن مۇستەھكەم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلالمىدى، خەندەكنىڭ سىرتىدىن سۈرەن سېلىپ، بىرمۇنچە ئوق ئېتىپ قويۇپ قايتتى.

مەن ئۆرۈش قىلىشقا قىزغىن ئىدىم، قەنبەرئەلىمۇ ئېتىلىپ تۇراتتى. باقى تارخان مىڭ-ئىككى مىڭ ياراغلىق ئادەم بىلەن كېشكە كەلگەن بولۇپ، ئىككى كۈن ئىچىدە بىزگە قوشۇلاتتى. خان دادام قېشىدىن ياردەمگە كەلگەن سەيىد مۇھەممەد مىرزا دۇغلاتمۇ مىڭ-مىڭ بەش يۈز كىشى بىلەن (89) دىيۇلغا كەلگەنىدى، بۇ يەرگە تۆت يىغاچ يول قالغان بولۇپ، ئەتىسى سەھەر بىزگە قوشۇلاتتى. مۇشۇنداق چاغدا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، ئۆرۈشتۇق. (بېيىت)

بەتۇندى سەبۇك دەست بۇررەد بەتىغ،

بەدەندان گەزەد پۇشتى دەستى دەرىغ.

(غەزەپ بىلەن دەرھال قولىنى قىلىچقا ئۇزاتقانلار پۇشايمان بىلەن قولىنىڭ كەينىنى چىشلەيدۇ). مېنىڭ ئالدىرىشىمدىكى سەۋەب، ئۆرۈش كۈنى زۆھرە يۇلتۇزى ئارىلىقتا ئىدى. ئەگەر ئۇ كۈن ئۆتسە، ئون ئۈچ-ئون تۆت كۈنگىچە زۆھرە يۇلتۇزى دۈشمەننىڭ كەينى تەرىپىدە بولاتتى. لېكىن بۇ مۇلاھىزىلەر ئورۇنسىز بولۇپ، بىكار ئالدىراپتىمىز.

سەھەردە ئۆرۈشۇش نىيىتى بىلەن قوراللىنىپ، ئاتلارغا كېجىم① يېپىپ، چېرىكنى ئوڭ قانات، سول قانات، غول ۋە

---

① كېجىم — جەڭ ئاتلىرىغا يېپىلىدىغان ئوقتىن قوغدىنىش يوپۇرقى.

ئالدىنقى قىسىم تۈرلىرى بويىچە تەشكىللەپ، سەپ تارتىپ چىقتۇق. ئوڭ قاناتقا ئىبراھىم سارۇ، ئىبراھىم جانى، ئەبۇلقاسىم كۆھبەر ۋە باشقا بەزى بەگلەر بۆلۈندى. سول قاناتقا مۇھەممەد مەزىد خان، ئىبراھىم تارخان، سەمەرقەند بەگلىرىدىن سۇلتان ھۆسەيىن ئارغۇن، قارا بارلاس، پىرئەھمەد، خوجا ھۆسەيىنلەر بۆلۈندى. غولغا قاسىم بەگ ۋە بەزى يېقىن ئىچكىيلەر بەلگىلەندى، ئالدىنقى قىسىمغا قەنبەر ئەلى سەللاخ، بەندە ئەلى، خوجا ئەلى، مىرشاھ قەۋچىن، سەيىد قاسىم ئىشىك ئاغا، بەندە ئەلىنىڭ ئىنىسى خالدار، ھەيدەر قاسىم بەگنىڭ ئوغلى قوچ بەگلەر بۆلۈندى. ياخشى يىگىتلەر ۋە ئىچكىيلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى قىسىمغا كىرگۈزۈلدى. بىز سەپ تارتىپ چىققاندىن كېيىن، دۈشمەنمۇ ئۇدۇلدىن (ب 89) سەپ تارتىپ كەلدى. ئوڭ قاناتتا مەھمۇد سۇلتان، جانىبەگ سۇلتان ۋە تىمۇر سۇلتانلار، سول قاناتتا ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان ۋە باشقا بەزى سۇلتانلار تۇرغانىدى. ئىككى تەرەپ يېقىنلاشقاندىن كېيىن، دۈشمەنىنىڭ ئوڭ قانىتىنىڭ بىر ئۇچى بىزنىڭ كەينىمىز تەرەپكە ماڭدى، مەنمۇ يۈزۈمنى ئۇلار تەرەپكە قىلدىم. بىزنىڭ ئالدىنقى قىسىمدىكىلىرىمىز — بۇ قىسىمغا تەجرىبىلىك ۋە قىلىچۋاز يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى بۆلۈنگەنىدى — نېمە ئۈچۈندۇر، ئوڭ قول تەرەپتە قېلىپ ئالدىمىزدا ھېچكىم قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىلگىرى كەلگەنلەرنى ئۇرۇپ چېكىندۇرۇپ غولغا تىقتۇق. ئىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، شەيباقخاننىڭ بەزى چوڭ ياشلىق بەگلىرى ئۇنىڭغا: «ماڭماق كېرەك، تۇرماقنىڭ ۋاقتى ئۆتتى»

دېگەنىكەن. لېكىن ئۇ ئۆز ئورنىدا تۇرىۋېرىپتۇ. دۈشمەننىڭ ئوڭ قانات قىسمى بىزنىڭ سول قانات قىسمىمىزنى يېڭىپ، ئارقىمىزغا سۈرۈلدى. بىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىمىز ئوڭ قول تەرەپتە قېلىپ، ئالدىمىز ئوچۇق قالدى. دۈشمەن ئالدىمىزدىن ھەم كەينىمىزدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئوق ئاتقىلى تۇردى. ياردەمگە كەلگەن موغۇل چېرىكىنىڭ ئۇرۇشۇشقا ھېچ تاۋى يوق ئىدى، ئۇلار دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى بۇلاپ، ئاتتىن يىقىتىشقا باشلىدى. بۇ يالغۇز بۇ يەردىلا بولغان ئىش ئەمەس، بەتبەخت موغۇلنىڭ ئادىتى (90) مۇشۇنداق ئىدي، يەڭسىمۇ ئولجا ئالاتتى، يېڭىلسىمۇ ئۆز ئادەملىرىنى تالاپ ئولجا ئالاتتى. ئالدىمىزدىكىلەرنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردۇق. دۈشمەن ئالدىمىزدىن ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىللە، كەينىمىزگە سۈرۈلگەنلەرمۇ بىزنىڭ تۇغقا ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئالدىمىزدىنمۇ، كەينىمىزدىنمۇ بولۇۋاتقان ھۇجۇم ئالدىدا بىزنىڭكىلەر تەۋرەپ قالدى. ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇرۇشتىكى چوڭ بىر ھۈنىرى مۇشۇنداق تولغىما① ئۇسۇلىدۇر، ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئۇرۇشى تولغىمىسىز بولمايدۇ. يەنە بىر ھۈنىرى شۇكى، ئالدىدىن، كەينىدىن بەگ ۋە نۆكەر ھەممىسى ئوق ئېتىپ، تەشكىللىك كېلىدۇ، يانغاندىمۇ چېچىلماستىن تەشكىللىك يانىدۇ.

مېنىڭ يېنىمدا ئون-ئون ئىككى ئادەم قالغانىدى، كۆھەك دەرياسى يېقىن بولۇپ، ئوڭ قانات قىسمىنىڭ ئۇچى دەرياغا تاقالغانىدى. بىزمۇ دەريا تەرەپكە ماڭدۇق. كۆھەك دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلغان

① تولغىما — قاپساش، قورشاش.

مەزگىل ئىدى. دەريا بويىغا يېتىپ بېرىپلا، قوراللىق، ساۋۇتلۇق سۇغا كىردۇق. دەريانىڭ تەگدىن تولىسىنى كېچىپ ماڭدۇق. ئۇنىڭدىن نېرىسى چوڭقۇر ئىدى. بىر ئوق ئېتىمى يەردىن قوراللىق، ساۋۇتلۇق ئات ئۈزدۈرۈپ ئۆتتۇق. سۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن ساۋۇتلارنى تاشلىدۇق. سۇنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈش بىلەنلا دۈشمەندىن (ب 90) ئاجراشتۇق، لېكىن شۇم موغۇللار بۇ يەردىمۇ سەپتىن ئايرىلىپ قالغان ئادەملىرىمىزنى ئاتتىن يىقىتىپ بۇلاپ تۇردى. ئىبراھىم تارخاننى ۋە بىرمۇنچە ئوبدان-ئوبدان يىگىتلەرنى موغۇللار تالاپ، ئاتتىن يىقىتىپ نابۇت قىلدى. كۆھەك دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن قۇلبە تەۋەسىگە كېلىپ كۆھەك سۈيىدىن ئۆتتۇق. پېشىن بىلەن دىگەر ئارىلىقىدا شەيخزادە دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ئەرككە كەلدىم.

چوڭ-چوڭ بەگلەر ۋە ياخشى-ياخشى يىگىتلەردىن نۇرغۇن كىشى بۇ ئۇرۇشتا نابۇت بولدى. شۇنىسى ئاجايىپكى، بۇ ئۇرۇشتا ئىبراھىم تارخان، ئىبراھىم سارۇ ۋە ئىبراھىمجاندىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر ئىبراھىم ئاتلىق چوڭ بەگ چىقىم بولدى. بۇ ئۇرۇشتا چىقىم بولغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە ھەيدەر قاسىم بەگنىڭ چوڭ ئوغلى ئەبۇلقاسىم كۆھبەر، خودابەردى تۇغچى، سۇلتان ئەھمەد تەنبەلنىڭ يۇقىرىدا بىرقانچە قېتىم ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىنىسى خەلىللار بار ئىدى. يەنە بەزىلەر ھەر تەرەپكە قاچتى. جۈملىدىن مۇھەممەد مەزىد تارخان خۇسرەۋ شاھنى دەپ ھىسار ۋە قۇندۇز تەرەپكە كەتتى. شۇنچە زور ئېتىبارىمىزغا ئېرىشكەن قەنبەر ئەلى سەللاخ موغۇلمۇ مۇشۇنداق چاغدا ھەمدەم بولماي، سەمەرقەندتىن بالا-چاقىسىنى ئېلىپ، خۇسرەۋ شاھنىڭ قېشىغا

كەتتى. (91) ئېچكىلەر ۋە يىگىتلەردىن كەرىمداد، خۇدايداد تۈركمەن، جانىكە كۆكەلداش، موللا بابا پەشاغەرىي قاتارلىقلار ئۆرەتېپە تەرەپكە كەتتى. ئۇ چاغدا موللا بابا نۆكەر ئەمەس، مېھمان قاتارىدا ئىدى. يەنە بەزىلەر، مەسىلەن شىرىم تاغايى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى مېنىڭ بىللە سەمەرقەندكە كىردى. مەسلىھەت قىلىشىپ، باشقا كەلگەننى سەمەرقەند قورغىنىنىڭ ئىچىدە كۆرۈپ، قورغاننى بېكىتمەكچى بولدۇق. ئانام قورغاندا تۇرۇپ، ھەممە بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە كىشى-قارىلىرىنى ئۆرەتېپەگە كەتكۈزۈۋەتتى. ئۆزى يالغۇز بىرنەچچە كىشى — قارىسى بىلەن قورغاندا تۇردى. يالغۇز بۇ قېتىملا ئەمەس، ھەر دائىم باشقا ئېغىر ئىشلار چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق يەكگىللىك ۋە ھەمدەمسىزلىكلەر سادىر بولۇپ كەلدى.

ئەتىسى خوجا ئەبۇلمۇكارەم، قاسىم بەگ باشلىق ھەممە بەگ ۋە ئېچكىلەرنى ھەم مەسلىھەتكە يارايدىغان يىگىتلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت ئۆتكۈزدۇم. مەسلىھەت ئارقىلىق قورغاننى بېكىتىپ، باشقا كەلگەننى قورغان ئىچىدە كۆرۈش قارارىغا كەلدۇق. مەن، قاسىم بەگ ۋە مېنىڭ يېقىندىكى ئېچكىلەر بىلەن يىگىتلەر زاپاس قىسىم بولدۇق. مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلۇغبەگ مىرزا مەدرىسىسى تېمىنىڭ ئۈستىگە (ب 91) ئاق ئۆي تىكىپ، شۇ يەردە ئولتۇردۇم. باشقا بەگلەر ۋە يىگىتلەر دەرۋازىلارغا، ئەتراپلارغا ۋە سېپىل ئۈستىگە تەقسىم قىلىندى. ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن شەيباقخان كېلىپ قورغاندىن يىراقراق يەرگە چۈشتى. مەھەللە ۋە كوچىلاردىكى لۈكچەك ۋە يېتىمچىلەر توپ-توپ بولۇپ، سەلەۋات سېلىپ مەدرىس ئالدىغا كېلەتتى ۋە ئۇرۇشقا چىقاتتى.

شەيباقخان ئۇرۇشقا ئاتلىناتتى، لېكىن قورغاننىڭ يېنىغىمۇ كېلەلمەيتتى. بىرنەچچە كۈن مۇشۇ ھالەتتە ئۆتتى. ئوق، قىلىچنىڭ يارىسىنى ۋە جەڭ مەيدانىدىكى ئىتىش-چېپىشلارنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ لۈكچەك ۋە يېتىمچىلەر بۇ ھالدىن تېخىمۇ دادىللىشىپ، تېخىمۇ يىراقلارغا بارىدىغان بولدى. تەجرىبىلىك يىگىتلەر ئۇلارنى مۇنداق پايدىسىز ھەرىكەتتىن توسسا، مازاق قىلىپ كۈلەتتى.

بىر كۈنى شەيباقخان ئاھەنىن دەرۋازىسى تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى. دادىللاشقان يېتىمچىلەر دائىمقىدەك جۈرئەت بىلەن ئۇنىڭغا قارشى يىراقتا چىقتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بەزى يىگىتلەرنى ئاتلىق چىقاردۇق. ئۇشتۇرگەردەن تەرىپىدە كۆكەلداش ۋە يېقىن ئىچكىيلەردىن نويان كۆكەلداش، قۇل نەزەر تاغايى، مەزىد ۋە باشقىلار چىققانىدى. شۇ ئارىدا بىرنەچچە ئۆزبېك (92) بۇلارغا ئات سالدى ۋە قۇل نەزەر بىلەن قىلىچلاشتى. ئۆزبېكلەر ئاتتىن چۈشۈپ ھۇجۇم قىلىپ، يېتىمچىلەرنى سۈرۈپ ئاھەنىن دەرۋازىسىغا تىقتى. قۇچ بەگ بىلەن مىرشاھ قەۋچىن خوجا خىزىر مەسچىتىنىڭ قېشىدا چۈشۈپ قالدى. ياياقلارنى قوغلىغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى ئاتلىقلىرى خوجا خىزىر مەسچىتكە يېقىلىپ كەلدى، قۇچ بەگ چىقىپ، مۇشۇ ئالدىغا كەلگەن ئۆزبېكلەر بىلەن ئوبدان قىلىچلىشىپ، كۆرۈنەرلىك ئىش قىلدى. خالايىقنىڭ ھەممىسى ئەتراپتا قاراپ تۇراتتى. ئاياغدىكى قاچقانلار قېچىش بىلەنلا بولدى، ئوق ئېتىش ۋە توختاپ ئۇرۇشۇش ۋاقتى ئۆتكەنىدى. مەن دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىن ئوقيا ئېتىۋاتاتتىم. يېنىمدىكىلەردىن بەزىلىرىمۇ ئوق ئاتماقتا ئىدى. دۈشمەن يۇقىرىدىن ئېتىلغان ئوقنىڭ زەربىسى بىلەن خوجا خىزىر مەسچىتىدىن ئۆتەلمەي، شۇ يەردىنلا ياندى.

مۇھاسىرە داۋامىدا ھەر كېچىسى سېپىلنىڭ ئۈستى بىلەن قورغاننى ئايلىناتتۇق. بەزىدە مەن چىقاتتىم، بەزىدە قاسىم بەگ، بەزىدە باشقا بەگلەر ۋە ئىچكىيلەر چىقاتتى. فىرۇزە دەرۋازىسىدىن شەيخزادە دەرۋازىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا سېپىل ئۈستىدىن ئات بىلەن مېڭىشقا بولاتتى. باشقا يەرلەردە ياياق (ب 92) مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بەزىلەر پۈتۈن قورغاننى ياياق ئايلىنىپ چىقاتتى. بىر ئايلانغىچە تاڭ ئاتاتتى.

بىر كۈنى شەيباقخان ئاھەنىن دەرۋازىسى بىلەن شەيخزادە دەرۋازىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش چىقاردى. مەن زاپاستا بولغىنىم ئۈچۈن مۇشۇ ئۇرۇش بولغان يەرگە كەلدىم. گازۇرىستان دەرۋازىسى بىلەن سۇزەنگەران دەرۋازىسى تەرەپكە پەرۋا قىلمىدۇق. ئۇ كۈنى شەيخزادە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىن ئوقيا ئېتىپ بىر يۈز بېشىنىڭ ئېتىنى ئوق بىلەن يىقىتتىم، ئۇ ئات شۇ زامان ئۆلدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇلار شۇنداق قاتتىق ھۇجۇم قىلدىكى، ئۇشتۇرگەردەن تەرىپىدىن سېپىلنىڭ تۈۋىگىچە كەلدى. بىز بۇ تەرەپتە جەڭ بىلەن بولۇپ، ئۇ تەرەپتىن تامامەن غاپىل بولۇپتىمىز. دۈشمەن يىگىرمە بەش-يىگىرمە ئالتە شوتا تەييارلىغانىكەن، ھەر بىر شوتىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ ئادەم قاتارلىشىپ چىقالايدىغان دەرىجىدە ئىكەن. شەيباقخان يەتتە-سەككىز يۈز ياراملىق يىگىتنى بۇ شوتىلار بىلەن گازۇرىستان دەرۋازىسى بىلەن سۇزەنگەران دەرۋازىسى ئارىلىقىغا ئۇدۇل يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى بۇ يەرگە كېلىپ ئۇرۇش چىقارغانىكەن. چېرىكنىڭ ھەممىسى بۇ تەرەپتە ئۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇ تەرەپتىكى بۆلجارلار بوش قالغان چاغدا، ئۇلار يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ (93) ئىلدام كېلىپ، بۇ شوتىلارنى

ئىككى دەرۋازىنىڭ ئارىلىقىغا ھەم مۇھەممەد مەزىد تارخاننىڭ ھويلىسىنىڭ تېمىغا قويۇپتۇ. بۇ يەر مۇھەممەد قۇلى قەۋچىن باشلىق بىر بۆلۈك بەگلەرنىڭ بۇلجارى ئىدى. بۇ يىگىتلەر بۇ چاغدا مۇھەممەد مەزىدە تارخاننىڭ ھويلىسىدا ئىكەن. سۈزەنگەران دەرۋازىسى قاراً بارلاسنىڭ بۇلجارى ئىدى، گازۇرستان دەرۋازىسى شىرىم تاغايىنىڭ بۇلجارى ئىدى. ئۇرۇش ئۇ تەرەپتە بولغىنى ئۈچۈن بۇلجاردىكىلەر غاپىل بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ۋە بازارغا تارقاپ كېتىپ، بۇلجار بەگلىرى بىر-ئىككى يىتىمچە بىلەن قالغانىكەن. بۇلجار بەگلىرىدىن قۇچ بەگ، مۇھەممەد قۇلى قەۋچىن، شاھ سۇخى ۋە يەنە بىر يىگىت دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، جاسارەت كۆرسەتتى. سىپىل ئۈستىگە دۈشمەن ئادەملىرىدىن بەزىلىرى يېتىپ چىققانىدى، بەزىلىرى چىقماقتا ئىدى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ، دۈشمەن بىلەن قىلىچلىشىپ، ئۇلارنى شوتىدىن يىقىتىپ قاچۇردى. قۇچ بەگ ھەممىسىدىن ياخشىراق جەڭ قىلدى، ئۇنىڭ يارامىلىق ۋە نامايان بىر ئىشى مۇشۇ ئىدى. بۇ مۇھاسىرىدە ئىككى قېتىم ياخشى نەتىجە كۆرسەتتى. قارا بارلاسمۇ سۈزەنگەران دەرۋازىسى بۇلجارىدا (ب 93) يالغۇز قالغان بولۇپ، ئوبدان چىداشلىق بەردى. قۇتلۇق خوجا كۆكەلداش، قۇل نەزەر مىرزىلارمۇ ئۆز بۇلجارى گازۇرستان دەرۋازىسىدا ئاز ئادەم بىلەن قاتتىق تۇرۇپ، سىپىل ئۈستىدىن دۈشمەننى كېلىشتۈرۈپ ئوققا تۇتتى. بىر قېتىم، قاسىم بەگ يىگىتلەرنى باشلاپ، سۈزەنگەران دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئۆزبېكلەرنى خوجا كەفشىرگىچە قوغلاپ بېرىپ، بىرنەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپ باشلىرىنى كېسىپ كەلدى.

ئاشلىق ئەمدى پىشقان چاغ ئىدى. لېكىن ھېچكىم تېخى يېڭى ئاشلىقنى يىغمىغانىدى، مۇھاسىرە مۇددىتى ئۇزاردى، ئاھالە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، پىقىر-مىسكىنلەر ئىت-ئىشەكلەرنىڭ گۆشىنى يېيىشكە باشلىدى، ئاتلار بوغۇزسىز قېلىپ، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى بېرىدىغان بولدى. شۇ چاغدا بىر تەجرىبە بولدىكى، ھەممە يوپۇرماقلار ئىچىدە ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن قارىياغاچ يوپۇرمىقى ئاتقا بەكرەك ياقىدىكەن. بەزىلەر قۇرۇق ياغاچلارنى رەندىلەپ، شۇنىڭ قىرىندىسىنى سۇدا ئىۋىتىپ ئاتقا بېرەتتى.

ئۈچ-تۆت ئايغىچە، شەيباقخان قورغانغا يېقىن كەلمەي، قورغان ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆچۈپ يۈردى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىزدىن فىروزە دەرۋازىسى تەرەپكە كېلىپ، دۇمباقلارنى دۇمبۇرلىتىپ، سۈرەن سالدى. مەن مەدرىستە (94) ئىدىم. كۆپ پەلىپەتىشچىلىك بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر كېچىسى كېلىپ دۇمباق چېلىپ، سۈرەن سېلىپ، غوۋغا قىلىدىغان بولدى.

بىرنەچچە قېتىم ئەتراپلارغا ئەلچىلەر ۋە ئادەملەر ئەۋەتتىم، ھېچكىمدىن ياردەم كەلمىدى. قۇۋۋىتىمىز زور ھەم ھېچقانداق نوقسانىمىز يوق چاغلاردا ياردەم بەرمىگەنلەر مۇنداق بىر ئەھۋالدا بىزگە قانداق ياردەم بەرسۇن! ئۇلارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، بۇ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. كونىلار: قورغاننى بېكىتمەك ئۈچۈن باش كېرەك، ئىككى قول كېرەك، ئىككى پۇت كېرەك، دېگەنىكەن. باش دېمەك سەردار دېمەكتۇر؛ ئىككى قول دېگىنى ئىككى تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككى پۇت دېگىنى بولسا، سۇ بىلەن ئاشلىقنى كۆرسىتىدۇ. سىز

بۇ ئەتراپتىكىلەردىن ياردەم كۈتكىنىمىز بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى باشقا-باشقا خىياللاردا ئىدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىدەك مەردانە ۋە تەجرىبىلىك پادىشاھ بىزگە ياردەم بەرمىدى ۋە كۆڭۈل ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ئەلچى ئەۋەتىپ قويمىدى. لېكىن ئۇ مۇھاسىرە جەريانىدا چايباقخانىغا كەمالىددىن ھۈسەيىن گازۇر گاھىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

تەنبەل ئەندىجاندىن پىسكېت تەۋەسىگە كەلدى. خانىمۇ ئەھمەد بەگ ۋە يېنىدىكىلەرنى تەنبەلگە قارشى چىقاردى، لەكلەكان ۋە تۇرەك (ب 94) چارىبىغى تەۋەسىدە ئىككى تەرەپ روبىرو بولۇشتى، لېكىن ئۇلار ئۇرۇشمايلا قايتىشتى. سۇلتان مەھمۇد خان ئۇرۇش قىلالايدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى، سىپاھىيلىقتىن خەۋەرسىز ئىدى. روبىرو بولغاندا خاندىن تەشۋىشلىك سۆز ۋە ھەرىكەتلەر سادىر بولۇپتۇ. ئەھمەد بەگ تۈزۈك ئادەم ئىدى. لېكىن مەردانە ھەم سادىق ئىدى. بۇ يەردە ئىنتايىن قوپاللىق بىلەن: «شۇنچە ھودۇقۇپ، بۇ تەنبەل قانچىلىك ئادەم ئىدى! ئەگەر كۆزىڭىز قورقسا، كۆزىڭىزنى تېڭىپ قويۇپ، بېرىپ ئۇرۇشايلى» دەپتۇ.

# توققۇز يۈز يەتتىنچى يىل① ۋەقەلىرى

مۇھاسىرە مۇددىتى ئۇزىرىپ كەتتى. ھېچ تەرەپتىن ئوزۇق-تۈلۈك ياكى ياردەمچى چېرىك كەلمىدى. سىپاھىي ۋە پۇقرا نائۇمىد بولۇپ، بىرلەپ-ئىككىلەپ سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قېچىشقا باشلىدى. شەيباقخان قورغاندىكىلەرنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ، غارى ئاشقان تەۋەسگە كېلىپ چۈشتى. مەنمۇ شەيباقخانغا روبىرو ھالدا كويى پاياندىكى مەلىك مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. شۇ كۈنلەردە، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، جەھانگىر مىرزىنىڭ بىز بىلەن دۈشمەنلىشىشىگە ۋە بىزنىڭ ئاۋۋالقى قېتىم سەمەرقەندتىن چىقىپ كېتىشىمىزگە سەۋەب بولغان ئۇزۇن ھەسەن خوجا ھۈسەيىن (95) ئون-ئون بەش نۆكىرىنى ئېلىپ كېلىپ قورغانغا كىردى، ئۇنىڭ بۇ كىرىشى ئىنتايىن مەردانە كىرىش ئىدى.

سىپاھىي ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ قىينچىلىقى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. يېقىن كىشىلەر ۋە مۆتىۋەر كىشىلەر سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قېچىشقا باشلىدى. بەگ ۋە ئاتاقلىقلاردىن ۋەيس شەيخ بىلەن ۋەيس لاغەرى تۈھپىكارلىرىمىزدىن ئىدى. ئۇلارمۇ قاچتى. ئەتراپ-تىكىلەرنىڭ ياردىمىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد قالمىدى. ئوزۇق-تۈلۈك تۈگىگەن بولۇپ، ھېچ تەرەپتىن ئوزۇق-تۈلۈك كەلمىدى. مۇشۇنداق

① مىلادىيە 1501 — 1502-يىللار ئارىلىقى.

ئەھۋالدا، شەيباقخان سۇلھ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەگەر بىر تەرەپتىن ئۈمىد بولسا ياكى ئۇزۇق-تۈلۈك بولسا سۇلھ سۆزىگە كىم قۇلاق سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇلھ قىلىپ، كېچىدىن ئىككى پەھەر ئۆتۈشكە ئاز قالغاندا شەيخزادە دەرۋازىسىدىن چىقتىم، ۋالىدەم خانىمنى بىللە ئېلىپ ماڭدىم، يەنە ئىككى خوتۇن بىللە چىقتى، بۇلارنىڭ بىرى بىچكە خەلىفە، بىرى مېڭلىك كۆكەلداش ئىدى. مېنىڭ ئېگىچەم خانزادە بېگىم مۇشۇ قېتىم چىققاندا شەيباقخاننىڭ قولىغا چۈشتى. قاراڭغۇ كېچىدە سوغدنىڭ چوڭ ئۆستەڭلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ مېڭىپ، مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن تاڭ ئاتقاندا خوجا دىداردىن ئۆتۈپ، سۇننەت ۋاقتىدا (ب 95) قارىبۇغ ئېدىرىغا ياماشتۇق. قارىبۇغ ئېدىرىنىڭ شىمالىدىن خۇدەك يېزىسىنىڭ ئايغى بىلەن يىلان ئوتىغا قاراپ ماڭدۇق. يولدا كېتىۋېتىپ، قاسىم بەگ بىلەن ئات چېپىشتۇق. مېنىڭ ئېتىم ئۆزۈپ كەتتى، مەن كەينىمدە قالغان قاسىم بەگكە قارايمەن دەپ قايرىلدىم، ئۇلاڭ بوشاپ قالغانلىقتىن، ئېگەر سىيرىلىپ كەتتى، مەن بېشىم بىلەن يەرگە يىقىلدىم، دەرھال قوپۇپ ئېتىمنى مىنۋالغان بولساممۇ، لېكىن كەچكىچە ئېسىمگە كېلەلمىدىم. بۇ ئالەمدە ئۆتكەن ئىشلار خۇددى چۈش ۋە خىيالدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتەتتى. نامازدىگەر مەزگىلىدە يىلان ئوتىغا كېلىپ چۈشۈپ، ئات ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدۇق ۋە ئاتلارنى بىردەم بېقىپ، يەنە ئاتلاندۇق. تاڭدىن بۇرۇنراق، خەلىليە يېزىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. خەلىليەدىن دىزەككە كەلدۇق. ئۇ چاغدا دىزەكتە ھافىز مۇھەممەد بەگ دولداينىڭ ئوغلى تاھىر دولداي تۇراتتى. سېمىز گۆشلەر، مەززىلىك نانلار، تاتلىق قوغۇنلار، ياخشى ئۈزۈملەر قويۇلدى. ئانداق قىيىنچىلىقتىن

مۇنداق مولچىلىقتا، ئانداق پالاكەتتىن مۇنداق ئامانلىققا يېتىشتۇق.
(بېيت)

ۋەھمۇ ئۇسرەتتىن ئامانىنى تاپتۇق،
ياڭى جان تازە جەھانىنى تاپتۇق.

(ۋەھىمە ۋە قىينىچىلىقتىن قۇتۇلۇپ راھەتكە ئېرىشتۇق، يېڭى ھايات ۋە يېڭى جاھانغا ئېرىشتۇق).

ئۆلۈم دەھشىتى كۆڭۈلدىن چىقتى، ئاچلىق شىددىتى بېشىمىزدىن كەتتى. ئۆمرىمىزدە مۇنچىلىك ھوزۇرلىنىپ باقمىغانىدۇق. ئەمنىلىك ۋە مولچىلىق قەدرىنى مۇنچىلىك بىلمىگەنىدۇق. جاپادىن كېيىنكى راھەت، مۇشەققەتتىن كېيىنكى پاراغەت تېخىمۇ لەززەتلىك، تېخىمۇ ياخشى تۇيۇلىدىكەن، تۆت-بەش قېتىم مۇشۇنداق شىددەتتىن راھەتكە، مۇشەققەتتىن پاراغەتكە ئېرىشتىم، بۇنىڭ بىرىنچىسى مۇشۇ قېتىملىقى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن بالاسىدىن ۋە ئاچلىق ئاپىتىدىن خالاس بولۇپ، ئامانلىق راھىتىگە، مولچىلىق پاراغىتىگە يېتىشتۇق. ئۈچ-تۆت كۈن دىزەكتە دەم ئالغاندىن كېيىن، ئۆرەتېپەگە قاراپ سەپەر قىلدۇق.

پەشاغەر يولىنىڭ بىر ئاز چېتىدە ئىدى. مەن ئۇ يەردە بىر مۇددەت تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، يولدىن ئۆتۈشتە بىرىپ ئۇ يەرنى ئارىلىدىم. پەشاغەر قورغىنىدا ئۇزۇن مۇددەت مېنىڭ ئانام خانىمنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئاتۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇلاغ بولمىغانلىقتىن، ئۇ سەمەرقەندتە قالغانىدى. كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىدىم. سەمەرقەندتىن بۇ يەرگە ياياق كېلىپتۇ. ئانام خانىمنىڭ سىڭلىسى خوب نىگار خانىم پانىي دۇنيا بىلەن خوشلاشقانىكەن، ئۆرەتېپەدە خانىمغا ۋە ماڭا ئاڭلاتتى، ئاتامنىڭ ئانىسىمۇ ئەندىجاندا (ب 96)

ۋاپات بولغانىكەن، بۇنىمۇ شۇ يەردە ئاڭلاتتى. خانىم خان تاغام ۋاپات بولغاندىن بۇيان ئانىسى شاھ بېگىم، ئىنىسى سۇلتان مەھمۇد خان، سىڭلىسى سۇلتان نىگار خانىم ۋە دەۋلەت سۇلتان خانىملارنى كۆرمىگەنىدى ھەم ئايرىلغىنىغا ئون ئۈچ-ئون تۆت يىل بولغانىدى، بۇ تۇغقانلارنى يوقلاش ئۈچۈن تاشكەندكە ماڭدى. مەن مۇھەممەد ھۆسەيىن مىرزا بىلەن سۆزلىشىپ، ئۆرەتيپەنىڭ يېزىلىرىدىن دەخكەت دېگەن يېزىدا قىشلىماقچى بولدۇم. بېرىپ، تۇغقانلارنى دەخكەتتە قويۇپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شاھ بېگىمنى، خان دادامنى ۋە باشقا تۇغقانلارنى يوقلاش ئۈچۈن مەنمۇ تاشكەندكە سەپەر قىلدىم. بېرىپ، شاھ بېگىم بىلەن خان دادامغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردۇم، ئانامنىڭ بىر تۇغقان ئىنىچىسى مېھرنىگارخانىممۇ سەمەرقەندتىن كەلدى. ئانام خانىم كېسەل بولۇپ قالدى، كېسىلى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ناھايىتى قورقۇتتى. خوجەگا خوجا ھەزرەتلىرى سەمەرقەندتىن كېلىپ فەركەتتە تۇرۇپ قالغانىدى. فەركەتكە بېرىپ خوجا بىلەن كۆرۈشتۇم.

خان دادام ئىلتىپات قىلىپ، ماڭا بىر ۋىلايەت ياكى بىر كەنت بېرەر دەپ ئۈمىد كۈتەتتىم. ئۆرەتيپەنى ۋەدە قىلدى، لېكىن مۇھەممەد ھۆسەيىن مىرزا (97) بەرمىدى. ئۆزلۈكىدىن بەرمىدىمۇ ياكى يۇقىرىدىن ئىشارەت بولدىمۇ بۇنىسى نامەلۇم، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دەخكەتكە كەلدۇق. دەخكەت ئۆرەتيپەنىڭ تاغ باغرىدىكى يېزىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، چوڭ بىر تاغنىڭ تۈۋىگە جايلاشقان. بۇ تاغدىن ئۆتۈلسە، مەسىھا ۋىلايىتى باشلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى سارت ھەم يېزىلىق بولسىمۇ، لېكىن تۈركلەردەكلا چارۋىچىلاردۇر. دەخكەتنىڭ قويى قىرىق مىڭ مۆلچەرلىنەتتى. بۇ

يېزىدا پۇقرانىڭ ئۆيلىرىگە چۈشتۇق. مەن يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم. ئاتمىش-يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغان قېرى ئادەم ئىدى، بىراق ئانىسى تېخى ھايات ئىدى، بۇ ئىنتايىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن خوتۇن بولۇپ، يۈز ئون بىر ياشقا كىرگەنىدى. تېمۇر بەگ ھىندىستانغا كىرگەندە، ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى شۇ چېرىكنىڭ تەركىبىدە بارغانىكەن، بۇ ئىشلار تېخى ئۇنىڭ ئېسىدە بولۇپ، ھېكايە قىلىپ بېرەلەيتتى. بىر دەرەخكە تەتە مۇشۇ خوتۇندىن بولغان باللار، نەۋرىلەر، نەۋرىلەرنىڭ نەۋرىلىرى بولۇپ توقسان ئالتە كىشى ھايات ئىدى، ئۆلگەنلىرىنى قوشقاندا، ھەممىسى ئىككى يۈز مۆلچەرلىنەتتى. نەۋرىسىنىڭ نەۋرىسى بولغان بىر يىگىت يىگىرمە بەش-يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، قاپقارا ساقىلى بار ئىدى.

دەرەخكەتتە تۇرغىنىمدا، دەرەخكەت ئەتراپىدىكى تاغلارنى ھەمىشە ياياق يۈرۈپ سەيلە قىلاتتىم. كۆپىنچە يالڭاياغ (ب 97) ماڭاتتىم. يالڭاياغ يۈرۈۋېرىپ، تاپانلىرىم تاغ ۋە تاشلارنىمۇ سەزمەس بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى نامازدىگەر بىلەن نامازشام ئارىلىقىدا بىر ئادەمنىڭ تار بىر يولدىن بىر ئۇي بىلەن چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن: «بۇ يول قاياققا بارىدىكىن» دېدىم. ئۇ: «ئۇيغا كۆز سېلىڭ، ئۇينى يىتتۈرمىسىڭىز، يولنىڭ نەگە بارىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ» دېدى. خوجا ئەسەدۇللا: «ئەگەر ئۇي يىتىۋالسا، قانداق قىلىمىز» دەپ چاقچاق قىلدى.

بۇ قىشتا سىپاھىيلاردىن بەزىلىرى بۇ قازاقلىقتا بىز بىلەن بىللە يۈرەلمەي، ئەندىجانغا كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. قاسىم

بەگ زورۇقۇپ تەكلىپ بېرىپ: «بۇ كىشىلەر كېتىۋاتىدۇ، جەھانگىر مىرزىغا ئۆز كىيگىنىڭىزدىن ئەۋەتىڭ» دېدى. بىر ئاس تۇمقىمنى ئەۋەتتىم. قاسىم بەگ يەنە زورۇقۇپ: «تەنبەلگىمۇ بىرنەرسە ئەۋەتسىڭىز بولاتتى» دېدى. گەرچە رازى بولمىسامىمۇ، قاسىم بەگ بەك كۆچەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، نويان كۆكەلداشنىڭ سەمەرقەندتە ئۆزى ئۈچۈن ياساتقان كەڭ بىسلىق بىر قىلىچنى تەنبەلگە ئەۋەتتىم. دەل مۇشۇ قىلىچنىڭ ئۆزى مېنىڭ بېشىمغا تەگدى. تەپسىلاتى كېيىنكى يىلنىڭ ۋەقەلىرى بايانىدا مەلۇم بولغۇسىدۇر.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مېنىڭ چوڭ ئانام ئىسەن دەۋلەت (98) بېگىم سەمەرقەندتە قالغان بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بىللە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىز سەمەرقەندتىن چىققاندا، شۇ يەردە قالغانىدى.

شۇ قىش ئوتتۇرىسىدا، شەيباقخان خوجەند سۇيىدىن مۇز ئارقىلىق ئۆتۈپ، شاھرۇخىيە ۋە پىسكېت تەۋەسىنى چاپقۇن قىلدى، ئادىمىمىزنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندۇق. خوجەندنىڭ ئايغىدىكى يېزىلاردىن ھەشتيەككە ئۇدۇل ماڭدۇق. قاتتىق سوغۇق ئىدى. بۇ تەرەپتە ھادەرۋىش شاملى ئۆكسۈمەيتتى ھەم دائىم بوران چىقاتتى. سوغۇق شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، مۇشۇ ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە شۇ ئارىدا ئىككى-ئۈچ ئادەم توڭلاپ ئۆلگەنىدى. ماڭا غۇسۇل قىلىشقا توغرا كەلدى. بىر ئېرىقنىڭ ئىككى ياقىسى توڭلاپ، ئوتتۇرىسى سۇنىڭ تېزلىكىدىن توڭلىماپتۇ، مەن شۇ سۇغا چۈشۈپ غۇسۇل قىلدىم، ئالتە قېتىم سۇغا چۆكتۈم. سۇنىڭ سوغۇقى قاتتىق تەسىر قىلدى. ئەتىسى خوجەند سۇيىنىڭ خاسلارغا ئۇدۇل يېرىدىن

مۇز ئارقىلىق ئۆتۈپ، تۈن يېرىمدا پىسكېتكە كەلدۇق. شەيياقخان شاھرۇخىيە تەۋەسىنى چاپقۇن قىلىپ يانغانىدى. ئۇ چاغدا پىسكېت موللا ھەيدەرنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەننانىنىڭ قولىدا ئىدى. موللا ھەيدەرنىڭ ئابدۇلمەنناندىن كىچىك مۆمىن ئاتلىق بىر يارىماس ھەم پەرىشان ئوغلى مەن سەمەرقەندتە ۋاقتىمدا مېنىڭ قېشىمغا كېلىۋېدى، ياخشى ئېتىبار قىلغانىدىم. بىلمەيمەن، نويان كۆكەلداش سەمەرقەندتە (ب 98) ئۇنىڭغا قانداق يامانلىق قىلدىكىن، بۇ خۇمسى ئاداۋەت ساقلىغانىكەن. ئۆزبېك چاپقۇنچىلىرىنىڭ قايتقانلىق خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن خان قېشىغا ئادەم ماڭدۇرۇپ، پىسكېتتىن كۆچۈپ، ئاھەنگەران يېزىلىرىدا ئۈچ-تۆت كۈن تۇرۇپ قالدۇق. موللا ھەيدەرنىڭ ئوغلى مۆمىن سەمەرقەندتىكى تونۇشلۇق يۈزىسىدىن نويان كۆكەلداش بىلەن ئەھمەد قاسىمنى ۋە يەنە بەزىلەرنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. مەن پىسكېتتىن كۆچكەندە، ئۇلار شۇ يەردە قالغانىدى. ئۇلارغا بىر يار ياقىسىدا زىياپەت بېرىپتۇ. بىز ئاھەنگەران-نىڭ سامسىرەك دېگەن يېزىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. ئەتىسى خەۋەر كەلدىكى، نويان كۆكەلداش مەستلىكتە ياردىن يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. نويانىنىڭ ئۆز تاغىسى بولغان ھەقنەزەرنى بىرنەچچە ئادەم بىلەن ئەۋەتتىم. ئۇلار بېرىپ نويان يىقىلغان يەرنى تەكشۈرۈپ، نويانىنى پىسكېتتە يەرلىككە قويۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار نويانىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇلار زىياپەتتە ئولتۇرغان يەرگە بىر ئوق ئېتىمى كېلىدىغان ئېگىز بىر يارنىڭ ئاستىدىن تېپىپتۇ. بەزىلەر، مۆمىن سەمەرقەندتىكى ئاداۋىتى ئۈچۈن نويانغا قەست قىلغان، دەپ گۇمان قىلدى. زادى قانداق بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ناھايىتى ئاز كىشىنىڭ ئۆلۈمى ماڭا مۇنچىلىك تەسىر

كۆرسەتكەن. بىر ھەپتە-ئون كۈنگىچە دائىم (99) يىغلاپ يۈردۈم. ئۆلۈم تارىخى ئۈچۈن «فوت شد نويان» ① ئىبارىسى تېپىلدى. نەچچە كۈندىن كېيىن دەخكەتكە قايتىپ كەلدىم.

ياز كېلىشىگە شەيياقخانىنىڭ ئۆرەتېپەگە چېرىك تارتىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر بولدى. دەخكەت تۈزلەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئابۇردەن داۋىنى ئارقىلىق مەسچا تاغلىرىغا چىقتۇق. مەسچانىڭ ئاياغدىكى يېزىسى ئابۇردەندۇر. ئابۇردەنىنىڭ تۆۋىنىدە بىر بۇلاق بار. بۇلاق بېشىدا مازار بار. بۇ بۇلاقنىڭ يۇقىرى تەرىپى مەسچاغا، تۆۋەن تەرىپى پەلغەرگە تەۋە. مۇشۇ بۇلاق بېشىدا، بۇلاق بويىدىكى تاشقا مۇنۇ ئۈچ بېيىتنى ئويۇپ قويدۇم:

شۇنىدەم كى جەمشىدى فەررۇخ سىرىشت،
بۇ سەرچەشمەئى بەرسەنگى نەۋىشت:
بەرىن چەشمە چۇن مابەسى دەم زەدەند،
بىرەفتەند تا چەشم بەرھەم زەدەند.
گىرىفتىم ئالەم بەمەردىيۇ زور،
ۋەلىكىن نەبۇردىم باخۇد بەگۇر

(ئاڭلىدىمكى، قۇتلۇق تەبىئەتلىك جەمشىد بىر بۇلاق بېشىدا تاش ئۈستىگە شۇنداق دەپ يېزىپتۇ: «بۇ بۇلاق بويىدا بىزدەك نۇرغۇن ئادەم دەم ئالغان، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەممىسى كېتىشتى. مەردلىك ۋە كۈچ بىلەن بۇ دۇنيانى ئالدۇق، لېكىن ئۆزىمىز بىلەن بىللە گۆرگە ئېلىپ كېتەلمىدۇق). بۇ تاغدا تاشقا بېيىت ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئويۇپ قويۇش ئادىتى بار. مەسچادا ۋاقتىمدا، شائىر

① «نويان ۋابات بولدى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئىبارىدىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى كۆرسىتىدىغان 907 كېلىپ چىقىدۇ.

موللا ھىجرى ھىسار تەرەپتىن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. مۇنۇ باشلانما بېيىتنى شۇ كۈنلەردە ئېيىتقانىدىم:

تەكەللۇف ھەر نېچە سۇرەت تۇتۇلسا ئاندىن ئارتۇقسىن،
سېنى جان دېرلەر ئەمما بى تەكەللۇف جاندىن ئارتۇقسىن.

(سۇرەت ھەرقانچە ئەجىر بىلەن سىزىلسىمۇ، سەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. سېنى جان دەيدۇ، لېكىن تۈزۈتسىز سەن جاندىن ئارتۇق).

شەيباقخان ئۆرەتېپە ئەتراپى ۋە ئۆرەتېپە تەۋەسىدە بىرمۇنچە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قايتتى. شەيباقخان ئۆرەتېپە (ب 99) ئۈستىدە چاغدا ئائىلىنى مەسىھادا قويۇپ، ئادىمىمىزنىڭ ئازلىقى ۋە ساۋۇتسىزلىقىغا قارىماي، ئابىبۇردەن داۋىنىدىن ئېشىپ، دەخكەت تەۋەسىگە كەلدۇق، مەقسەت ئەتىسى-ئاخشىمى يېقىندا بولۇپ، يۈرۈش تىنى كەتكۈزۈپ قويماسلىق ئىدى. لېكىن شەيباقخان تېزلا قايتىپ كەتتى. بىز يەنە داۋان ئېشىپ مەسىھاغا كەلدۇق. مەن: «ئېشىمىز يوق، يېرىمىز يوق، ۋىلايىتىمىز يوق، مۇنداق تاغدىن تاغقا مېڭىپ يۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق. تاشكەندكە — خان قېشىغىلا كېتەيلى» دەپ ئويلىدىم. قاسىم بەگ ئۇ يەرگە بېرىشقا رازى بولمىدى. ئۇنىڭ قارابۇلاقتا ئۈچ-تۆت موغۇلنى ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. بەلكىم شۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن. ھەرقانچە زورلىساقمۇ بولمىدى، ئاخىر ئاغا-ئىنى ۋە بالا-چاقىسىنى ئېلىپ ھىسارغا ماڭدى. بىز ئابىبۇردەن داۋىنىدىن ئېشىپ، خان قېشىغا — تاشكەندكە سەپەر قىلدۇق. شۇ كۈنلەردە تەنبەل چېرىك تارتىپ ئاھەنگەرەن ۋادىسىغا كەلدى. يۈرۈش ئۈستىدە مۇھەممەد ھىسارىي نامى بىلەن مەشھۇر مۇھەممەد دوغلات، ئىنىسى سۇلتان ھۆسەين دوغلات

ۋە قەنبەر ئەلى سەللاخ بىرلىشىپ تەنبەلگە قەست قىلدۇ، تەنبەل بۇنى تۇيۇپ قېلىپ، ئۇ يەردە تۇرالماي خان قېشىغا قېچىپ كېلىدۇ. بىز شاھرۇخىيەگە يەتكەندە قۇربان ھېيت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، توختىماي ئۆتۈپ خان قېشىغا باردىم.

بىر رۇبائىي توقۇغاندىم، مەئمۇل قاپىيىسىدە ئەندىشەم بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا شېئىر (100) سەنئىتىنى ئانچە تەتقىق قىلمىغاندىم. خان سەنئەت ئەھلى ئىدى. گەرچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان غەزىلى كەم بولسىمۇ، شېئىر يازاتتى. بۇ رۇبائىينى خانغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۆز ئەندىشەمنى ئېيتتىم، لېكىن كۆڭلۈمدىكىدەك جاۋاب ئالالمىدىم. ھەر ھالدا شېئىر سەنئىتىنى ئاز تەتقىق قىلغان بولسا كېرەك. ئۇ رۇبائىي مۇنۇ ئىدى:

ياد ئېتمەس ئېمىش كىشىنى مېھنەتتە كىشى،
شاد ئېتمەس ئېمىش كۆڭۈلنى غۇربەتتە كىشى.
كۆڭلۈم بۇ غەرىبلىقتا شاد ئولمادى ھېچ،
غۇربەتتە سېۋۈنمەس ئېمىش ئەلبەتتە كىشى.

كېيىن مەلۇم بولدىكى، تۈركىي تىلدا، كەلگەن يېرىگە قاراپ، ت-د، غ-ق ۋە ك-گ تاۋۇشلىرى بىر-بىرى بىلەن مۇبەددەل بولىدىكەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، تەنبەل ئۆرەتىپپەگە چېرىك تارتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، خان تاشكەندتىن چېرىك تارتىپ چىقتى. پىسكېت بىلەن سامسىيرەك ئارىلىقىدا ئوڭ قانات ۋە سول قانات قىسىملىرى بويىچە سەپ تۈزۈپ، دىم كۆردى①.

① دىم كۆرمەك — قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرمەك، چېرىكنىڭ سانىنى ئالماق دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك.

موغۇل دەستۇرى بويىچە تۇغ ئاچتى. خان ئاتتىن چۈشتى. توققۇز تۇغنى خاننىڭ ئالدىغا تىكتى، بىر موغۇل بىر ئۆينىڭ ئالدى پاچىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن بىر ئاق رەختنى باغلاپ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تۇردى. يەنە ئۈچ پارچە رەختنى ئۈچ تۇغنىڭ توتقۇچىنىڭ تۆۋەنرەكىدىن باغلاپ، تۇغ ياغىچىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ كەلدى. بىر پارچە رەختنىڭ ئۇچىنى خان بېسىپ تۇردى، يەنە بىر تۇغقا باغلانغان رەختنىڭ ئۇچىنى مەن بېسىپ تۇردۇم، يەنە بىر پارچە رەختنىڭ ئۇچىنى سۇلتان مۇھەممەد خانكە بېسىپ تۇردى. (ب 100) ھېلىقى موغۇل رەخت باغلانغان ئۆينىڭ ئالدى پاچىقىنى قولىغا ئېلىپ، موغۇلچە بىرنېمىلەر دەپ تۇغقا قاراپ ئىشارەت قىلدى، خان ۋە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تۇغ تەرەپكە قىمىز چاچتى. ھەممە كاناي، دۇمباقلارنى تەڭ ياڭرىتىپ، سەپتە تۇرغان چېرىكنىڭ ھەممىسى بىردەك سۈرەن سالدى. ئۈچ قېتىم مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئاتلىنىپ سۈرەن سالغىنىچە ئات چاپتۇرۇپ مەيداننى ئايلاندى. موغۇللار ئارىسىدا چىڭگىزخاننىڭ تۈزۈكى① ھازىرغىچە چىڭگىزخان تۈزۈپ بەرگەن پېتى ساقلانماقتا. ئوڭ قانات قىسىم، سول قانات قىسىم، غول قىسىملارنىڭ ھەرقايسىسى ئاتا-بوۋىلىرى زامانىدىكىدەك بەلگىلەنگەن يېرىدە تۇراتتى. ئوڭ قانات قىسىم بىلەن سول قانات قىسىمدا كىمنىڭ ئېتىبارى يۇقىرىراق بولسا، باش تەرەپتە تۇراتتى. ئوڭ قانات قىسىمدا چىراس قەبىلىسى بىلەن بەگچىك قەبىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە باش تەرەپتە تۇرۇش غوۋغاسى بولۇپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا چىراسلارنىڭ تۈمەن بېگى

① تۈزۈك — قانۇن، تەرتىپ، ئىنتىزام.

قاشقا مەھمۇد ئىدى، ناھايىتى مەردانە يىگىت ئىدى. تۈمەن دەپلا ئاتىلىدىغان بەگچىك تۈمەننىڭ تۈمەن بېگى ئەييۇب ياقۇب ئىدى. باش تەرەپكە چېقىشنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىر-بىرىگە قىلىچ سوغۇرۇشتى. ئاخىرىدا، بىرى قورشىما ئوۋدا ئالدىدا تۇرغان بولسا، يەنە بىرى سەپتە باش تەرەپتە تۇرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئەتىسى سامسىيرەك تەۋەسىدە قورشىما ئوۋ قىلدى. ئۇ يەردىن كېلىپ، تۇراك چارىبېغىغا چۈشتۇق. (101)

دەسلەپكى غەزىلىمنى شۇ كۈنى شۇ قونالغۇدا پۈتكۈزدۇم. بۇ پۈتكەن غەزەل مۇنۇ:

جانىمدىن ئۆزگە يارۇ ۋەفادار تاپمادىم،

كۆڭلۈمدىن ئۆزگە مەھرەمى ئەسرار تاپمادىم.

(جېنىمدىن باشقا ۋاپادار يار تاپالمىدىم، كۆڭلۈمدىن باشقا سىرداش مەھرەم تاپالمىدىم).

بۇ غەزەل ئالتە بېيىتتىن تۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈزۈلگەن ھەربىر غەزەل شۇ تەرتىپتە يېزىلدى.

بۇ يەردىن كۆچە-كۆچە خوجەند دەرياسىنىڭ ياقىسىغا كەلدۇق. بىر كۈنى سەيلە تەرىقىسىدە سۇدىن ئۆتۈپ، ئاش پىشۇرۇپ، يىگىتلەرنى ۋە چۆھرىلەرنى ئويۇنغا سالدۇق. شۇ كۈنى مېنىڭ كەمىرىمنىڭ ئالتۇن ئىلغۇچىنى ئوغرى ئالدى. ئەتىسىلا خانقۇلى بەيانقۇلى بىلەن سۇلتان مۇھەممەد ۋەيس قېچىپ، تەنبەلنىڭ قېشىغا كەتتى. ھەممەيلەن گەرچە تەھقىق ئېيتالمىسىمۇ، بۇ ئىشنى شۇلاردىن كۆردى. ئەھمەد قاسىم كۆھبەرمۇ ئىجازەت سوراپ ئۆرەتېپەگە كەتتى ۋە شۇ كەتكىنىچە كەلمەي، تەنبەل قېشىغا بېرىۋالدى.

# توققۇز يۈز سەككىزىنچى يىل① ۋەقەلىرى

خاننىڭ بۇ يۈرۈشى پۈتۈنلەي پايدىسىز بىر يۈرۈش بولدى. باردى، كەلدى، نە قورغان ئالالمىدى، نە دۈشمەنگە زەربە بېرەلمىدى. تاشكەندتە بولغان كۈنلىرىمدە كۆپ ئازاب ۋە خارلىقلارنى تارتتىم. ۋىلايەت يوق، ۋىلايەتتىن ئۈمىدمۇ يوق. نۆكىرىمنىڭ كۆپچىلىكى تارقىدى، ئاز ساندىكىلىرى قالغان بولسىمۇ، لېكىن قىيىنچىلىق دەستىدىن مېنىڭ بىلەن يۈرەلمەيتتى. خان دادامنىڭ ئىشىكىگە بارسام، گاھى بىر ئادەم بىلەن گاھى ئىككى ئادەم بىلەن باراتتىم. لېكىن ياخشى يېرى شۇ ئىدىكى، يات ئەمەس، تۇغقان ئىدى، (ب 101) خان دادامغا كۆرۈنۈش قىلىپ، شاھبېگىم قېشىغا كېلەتتىم، ئۆز ئۆيۈمدەك باش يالاڭ، ئاياغ يالاڭ كىرىۋېرەتتىم.

ئاخىر مۇنداق سەرگەردانلىقتىن ۋە بۇ خىل بىخانۇمانلىقتىن جاق تويدۇم. «مۇنداق دىشۋارچىلىق بىلەن ياشىغۇچە، بېشىمنى ئېلىپ كەتكىنىم ياخشى. مۇنداق خارلىق ۋە زارلىق بىلەن كىشىلەرگە دوقۇرۇپ يۈرگىچە، ئايىغىم يەتكەن يەرگە كەتكىنىم ياخشى» دېگەن يەرگە كەلدىم. خىتايغا بېرىشنى جەزم قىلىپ، بېشىمنى ئېلىپ چىقماقچى بولدۇم، كىچىكىمدىن بېرى خىتاي تەرەپكە بېرىشقا ھەۋىسىم بار ئىدى، پەقەتلا سەلتەنەت ۋە تۇغقانلىرىم سەۋەبىدىن

① مىلادىيە 1502 ـ 1503 ـ يىللار ئارىلىقى.

ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالمىغانىدىم. ئەمدى سەلتەنەت كەتتى، ئانام ئانىلىرى ۋە ئىنىلىرىغا قوشۇلدى. ساياھەت توساقلىرى ئېلىندى ۋە بۇرۇنقى غايىلەرمۇ قالمىدى. خوجا ئەبۇلمۇكارىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇنداق پىكرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: «شەيباقخاندەك بىر دۈشمەن پەيدا بولدى، ئۇنىڭ زىيىنى تۈرك بىلەن موغۇلغا ئوخشاش. ئۇ خەلققە تامامەن ھاكىمۇتلەق بولۇۋېلىشتىن ۋە بەك زورىيىپ كېتىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىش زۆرۈر. چۈنكى مۇنداق دېگەن بىر گەپ بار:

ئىمرۇز بىكۇش چۇ مىتەۋان كۇشت،
ئاتەش چۇ بەلەند شۇد جەھان سۇخت.
مەگزار كى زىھ كۇنەد كەمانرا،
دۈشمەن چۇ بە تىر مىتەۋان دۇخت.

(قولۇڭدىن كەلسە، ئوتنى بۈگۈن ئۆچۈر؛ ناۋادا ئوت ئۇلغىيىپ كەتسە، جاھاننى كۆيدۈرىدۇ. دۈشمەننى بىر ئوق بىلەن مىخلاپ قويۇش مۇمكىن ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆز ياسىنى كېرىشكە ئىمكان بەرمە) چوڭ خان دادام بىلەن كىچىك خان دادامنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە يىگىرمە تۆت-يىگىرمە بەش يىل بولۇپتۇ. مەنمۇ كىچىك خان دادامنى كۆرمىگەن. ئەجەبا، مېنىڭ بېرىپ كىچىك خان دادام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىغا ۋاستە ۋە تۈرتكە بولۇشۇمنىڭ ئىمكانىيىتى يوقمۇ؟ مېنىڭ غەرىزىم مۇشۇ باھانە بىلەن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئىدى. (102)موغۇلىستان ۋە تۇرفانغا بارسام، ھەممە توسالغۇ ۋە ئەندىشىلەر تۈگەپ، ئۆز تىزگىنىم ئۆز قولۇمدا بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ بۇ خىيالىمنى ھېچكىم بىلمەيتتى ھەم ئۇنى بىركىمگە بىلدۈرۈشكىمۇ بولمايتتى. ئانامغا

مۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مېنىڭ ئەتراپىمدا يۈرگەن ۋە باشقا ئۈمىدلەر بىلەن ماڭا ئەگىشىپ سەرگەردانلىق دەردىنى تارتىۋاتقان بىرقانچە چوڭ-كىچىكلەرگىمۇ مۇنداق سۆزلەر خۇش ياقمايتتى. خوجا ئەبۇلمۇكارىم بۇ سۆزنى شاھ بېگىم بىلەن خان دادامغا ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ رازى بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بىراق، ئۇلار مېنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىش-مىگەنلىكىمدىن كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىمنى بىلگەندى، شۇڭا بۇنىڭدىن نومۇس قىلىپ، رۇخسەت بېرىشنى سەل كېچىكتۈردى.

شۇ ئەسنادا، كىچىك خان دادامدىن بىر كىشى كېلىپ، كىچىك خان دادامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىيالمۇ يوق بولدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ، كىچىك خاننىڭ يېقىن كەلگىنىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، شاھ بېگىم، كىچىك خان دادامنىڭ سىڭىللىرىدىن سۇلتان نىگارخانىم بىلەن دەۋلەت سۇلتان خانىم، مەن، سۇلتان مۇھەممەد خانىكە ۋە مىرزىخان ھەممىمىز كىچىك خان دادامنىڭ ئالدىغا چىقتۇق.

تاشكەند بىلەن سايرام ئارىلىقىدا ياغا دېگەن بىر يېزا ۋە بىرقانچە قىشلاقلار بار، ئىبراھىم ئاتا ۋە ئىسھاق ئاتىنىڭ قەبرىلىرى شۇ يەردە. بىز شۇ يېزىلارغىچە باردۇق، كىچىك خان دادامنىڭ قاچان يېتىپ كېلىشى (ب 102) ئېنىق بولمىغانلىقتىن، خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئېتىمنى مىنىپ چاپتۇردۇم. بىردىنلا خان ئالدىمدىن چىقىپ قالدى. ئالدىغا ماڭدىم، مەن ئاتتىن چۈشكەندىلا كىچىك خان دادام ۋاقىپ بولۇپ، كۆپ ئوڭايسىزلاندى. بىر يەرگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ تەزىم بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن يېقىنلىشىپ ئاتتىن چۈشكىنىمدە يەر ئەپ كەلمەي، يۈكۈنۈش

ئىمكانىيىتىمۇ بولمىدى، پۈكۈلۈپ بېرىپ كۆرۈشتۈم، خان ئوڭايسىزلىنىپ، دەرھال سۇلتان سەئىدخان بىلەن بابا خان سۇلتاننى ئاتتىن چۈشۈپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرۇدى. خاننىڭ ئوغۇللىرىدىن شۇ ئىككى سۇلتانلا كەلگەنىدى، ئۇلار ئون ئۈچ-ئون تۆت ياشلاردا بار ئىدى. بۇ سۇلتانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاتلىنىپ شاھ بېگىم قېشىغا كەلدۇق. ئۇلار ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن-كەچكەن ئەھۋاللاردىن يېرىم كېچىگىچە پاراڭلاشتى.

ئەتىسى، كىچىك خان دادام ماڭا موغۇل رەسمى بويىچە باشتىن ئاياغ كىيىم بىلەن ئۆز كەمرىنى ۋە ئېگەرلىك خاس ئېتىنى ئىنايەت قىلدى. كىيىملەرنىڭ ئىچىدە كالۋۇتۇنلۇق موغۇلچە بۆك، كەشتىلىك خىتاي ئەتلىسىدىن تىكىلگەن تون ۋە خىتايچە كەمەرلەر بار ئىدى. كەمەر كونىچە ئىشلەنگەن بولۇپ، سول تەرىپىگە خوتۇنلار بويىنغا ئاسىدىغان ئەنبەردان ۋە تۇماردەك ئۈچ-تۆت نەرسە ئېسىلغان، ئوڭ تەرىپىگىمۇ شۇنداق ئۈچ-تۆت نەرسە ئېسىلغانىدى. بىز ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، تاشكەندكە قاراپ ماڭدۇق. (103)

چوڭ خان دادام تاشكەندتىن ئۈچ-تۆت يىغاچ يەرگە ئالدىغا چىقىپ بىر يەرگە چېدىر تىكىپ ئولتۇرغانىدى. كىچىك خان ئۇدۇلدىن كەلدى. يېقىن بارغاندىن كېيىن خاننىڭ سول قول تەرىپى بىلەن كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، خاننىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ، كۆرۈشىدىغان يەرگە يەتكەندە توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ كېلىپ كۆرۈشتى، چوڭ خانمۇ كىچىك خان يېقىن كەلگەندىن كېيىن قوپۇپ كۆرۈشتى. بىرئاز ۋاقىت قۇچاقلىشىپ تۇردى. يانغاندىمۇ كىچىك خان توققۇز قېتىم يۈكۈندى، تارتۇق تارتقاندىمۇ كۆپ يۈكۈندى. ئاندىن كېيىن كېلىپ ئولتۇردى. كىچىك خاننىڭ ئادەملىرى پۈتۈنلەي موغۇل

رەسىمدە كىيىنگەندى. موغۇلچە بۆكلەر، كەشتىلىك خىتاي ئەتلىسىدىن تىكىلگەن تونلار، موغۇلچە يېشىل چەمدىن ئىشلەنگەن ساداقلار ۋە ئېگەرلەر ھەم موغۇل ئاتلىرى بىلەن ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنۈشتە ئىدى. كىچىك خان ئازلا ئادەم بىلەن كەلگەن بولۇپ، مىڭدىن كۆپرەك، ئىككى مىڭغا يەتمەيدىغان ساندا ئىدى. كىچىك خان دادام ئاجايىپ مىجەزى بار ئادەم ئىدى، قىلىچقا ھۆكۈمران ھەم جەسۇر ئىدى. ھەممە قوراللار ئىچىدە قىلىچقا بەكرەك ئېتىبار بېرەتتى. «نەيزە، پالتا قاتارلىق قوراللار تەگسە، بىر يەرنى يارا قىلىدۇ، ئەگەر قىلىچ تەگسە، باشتىن ئاياغ كېسىپ چۈشىدۇ» دەيتتى. قىلىچنى ھەرگىز يېنىدىن ئايرىمايتتى، يا بېلىدە بولاتتى يا (ب 103) قولىدا بولاتتى. چەت يەرلەردە چوڭ بولغىنى ئۈچۈن بىر ئاز سەھرا مىجەز ئىدى، سۆزلىرىمۇ بىرئاز قوپال ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك موغۇلچە دەبدەبە ئىچىدە، كىچىك خان دادام بىلەن بىللە كەلدىم. خوجا ئەبۇلمۇكارىم چوڭ خان دادام بىلەن بىللە ئىدى. كىچىك خان دادام مېنى تونۇماي «بۇ قايسى سۇلتان» دەپ سوراپتۇ. ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن تونۇپتۇ.

خانلار تاشكەندكە كېلىپلا سۇلتان ئەھمەد تەنبەلگە قارشى ئەنجانغا چېرىك تارتىپ، كەندەرلىك داۋىنى يولى بىلەن يۈرۈش قىلدى. ئاھەنگەرران تۈزلىڭگە يەتكەندىن كېيىن كىچىك خان بىلەن مېنى ئالدىدا ماڭدۇردى. داۋاندىن ئېشىپ، زىرقان ۋە كەرنان تەۋەسىدە بىر كۈن دىم كۆردى. چېرىكنىڭ سانى 30 مىڭ مۆلچەرلەندى. ئالدى تەرەپتىن خەۋەر كېلىشكە باشلىدىكى، تەنبەلمۇ چېرىكنى يىغىپ، ئاخسىدا تۇرۇپتۇ. خانلار مەسلىھەت قىلىپ، مۇنداق قارارغا كەلدى: مەن بىر بۆلۈك چېرىك بىلەن

خوجەند سۈيىدىن ئۆتۈپ، ئۇش ۋە ئۆزگەند تەرەپكە بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئۆتىدىغان بولدۇم. شۇ قارارغا ئاساسەن، ئەيىۋب بەگچىكنى تۈمەنى بىلەن، جان ھەسەن نارىننى نارىنلىرى بىلەن، مۇھەممەد ھىسارىي دوغلات، سۇلتان ھۈسەيىن دوغلات ۋە سۇلتان ئەھمەد دوغلاتلارنىڭ ئۆزلىرىنى (چۈنكى دوغلات تۈمەنى بۇلاردا ئەمەس ئىدى) ۋە چېرىك دورغىسى سۈيۈندە قەنبەر ئەلى بىلەن سارىغباش مىرزا ئىتارچىنى ماڭا قوشتى.

كەرناندا خانلاردىن ئايرىلىپ، سەكان تەۋەسىدە خوجەند سۈيىدىن سال بىلەن ئۆتتۇق ۋە قوقان (104) ئورچىنى بىلەن ئۆتۈپ، قۇبانى ئىشغال قىلىپ، ئالايلۇق ئورچىن بىلەن ئۇشقا تېز يۈرۈش قىلدۇق. سەھەر ۋاقتى ئۇش قورغىنىغا تۇيدۇرماي يېتىپ باردۇق. ئۇشتىكىلەر چارە قىلالماي، ئۇشنى تاپشۇردى. شۈبھىسىزكى، ۋىلايەت ئاھالىسى بىزگە بەك مايىل ئىدى; تەنبەل ۋەھىمە سىلىپ تۇرغانلىقى ۋە بىز يىراقتا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن چارە قىلالمايتتى. بىز ئۇشنى ئالغاندىن كېيىن ئەندىجاننىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى تاغ ۋە تۈزلەڭدە ياشىغۇچى ئەل ۋە ئۇلۇس پۈتۈنلەي بىز تەرەپكە ئۆتتى. ئۆزگەند ئاھالىسىمۇ بىزگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئادەم ئەۋەتتى ھەم مەن تەرەپكە ئۆتتى. ئۆزگەند بۇرۇن فەرغانىنىڭ پايتەختى بولغانىكەن. چېگرىسىدا ياخشى قورغىنى بار. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مەرغىنانلىقلارمۇ دورغىسىنى ئۇر-ئۇر بىلەن قوغلاپ چىقىرىپ مەن تەرەپكە ئۆتتى. خوجەند سۈيىنىڭ ئەندجان تەرىپىدىكى قورغانلارنىڭ بىر ئەندجاندىن باشقىسى تامامەن مەن تەرەپكە ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە شۇنداق ئىسيانلار يۈز بەرسىمۇ، تەنبەل تېخى تەن بەرمەي، ئاخسى بىلەن

كەرنان ئارىلىقىدا ئاتلىق ۋە ياياق چېرىكى بىلەن خانلارغا روبرو بولۇپ، ئۇردۇسىنى قاشا ۋە خەندەكلەر بىلەن ئىھاتىلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ تەرەپتە بىرقانچە قېتىم كىچىك كۆلەملىك ئۇرۇشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر تەرەپنىڭ غالىب ياكى مەغلۇپ بولغانلىقى مەلۇم بولمىغانىدى.

ئەندىجان تەرەپتىكى ئاھالە، (ب 104) قورغان ۋە ۋىلايەتلەر مەن تەرەپكە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەندىجان ئاھالىسىمۇ تەبئىي مېنى خالايتتى، لېكىن چارىسىنى قىلالمايتتى. «بىر كېچىسى ئەندىجانغا يېقىن بېرىپ، ئادەم كىرگۈزۈپ خوجا ۋە ئەربابلىرى بىلەن سۆزلەشسەك، بىزنى بىر تەرەپتىن كىرگۈزۈۋېتىشى مۇمكىن» دېگەن بىر ئوي كۆڭلۈمگە كەلدى. مۇشۇ ئوي بىلەن ئوشتىن ئاتلىنىپ، يېرىم كېچىدە ئەندىجانغا بىر كۇرۇھ كېلىدىغان چىلدۇختەراننىڭ ئۇدۇلىغا كەلدۇق. قەنبەر ئەلى بەگ باشلىق بەزى بەگلەرنى ئالدىنغىراق بېرىپ، قورغانغا ئادەم كىرگۈزۈپ، خوجا ۋە ئەربابلار بىلەن سۆزلىششكە ئەۋەتتۇق. بىز بۇ كەتكەن بەگلەرنى كۈتۈپ، ئات ئۈستىدىلا تۇراتتۇق، بەزىلەر ئۈيقۇغا كەتكەن، بەزىلەرنى قاتتىق ئۈيقۇ باسقانىدى. كېچىنىڭ ئۈچ پەھەرى ① بولغانىدى. توساتتىن دۇمباق چېلىنىپ، چوقان كۆتۈرۈلدى. دۈشمەننىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى بىلمەي، خەۋەرسىز ھەم ئۈيقۇلۇق تۇرغان چېرىك بىردىنلا بىر-بىرىگە باقماي دۈرۈلدەپ قېچىشقا باشلىدى. مەن چېرىكنى توپلاشقا پۇرسەت قالمىغانلىقتىن، دۈشمەن تەرەپكىلا ئات سالدىم. مىرشاھ قەۋچىن، باباشىرزاد ۋە دوست ناسىر مېنىڭ

① كېچىنىڭ $\frac{3}{4}$ قىسمى.

بىلەن بىللە ماڭدى. بىز تۆتەيلەندىن باشقا، ھەممە چېرىك قېچىش بىلەنلا بولدى. بىز ئازراق ئىلگىرىلەپ بېرىشىمىزغا، ئۇلار ئوق ئېتىپ، سۇرەن سالغىنىچە يېتىپ كەلدى. قاشقا ئاتلىق بىرى ماڭا يېقىنلاپ كەلدى، ئېتىغا ئوق ئاتقانىدىم. دۇملاپ چۈشتى. بىر نەرسە كەينىگە يانغاندەك (105) بولدى. يېنىمدىكى ئۈچەيلەن: قاراڭغۇ كېچىدە دۈشمەننىڭ ئاز-كۆپلۈكىمۇ مەلۇم ئەمەس. چېرىكنىڭ ھەممىسى كەتتى، بىز تۆت كىشى دۈشمەنگە قانچىلىك زەربە بېرەلەيمىز؟ بېرىپ پىتىرىغان چېرىكنى يىغىپ ئاندىن ئۇرۇشايلى» دېدى. ئات چاپتۇرۇپ چېرىككە يېتىشتۇق. لېكىن ئۇلارنى ئۇرۇپ، قامچىلاپمۇ توختىتالمىدۇق. بىز تۆتىمىز يەنە كەينىمىزگە قايتىپ ئوق ئاتتۇق. ئۇلار بىرئاز توختىدى. ئۇلار بىر-ئىككى قېتىم بىزنىڭ تۆت ئادەمدىن ئارتۇق ئەمەسلىكىمىزنى كۆرۈپ قېلىپ، يەنە قوغلاپ قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇندى. مۇشۇ سۇرەتتە ئۈچ-تۆت قېتىم چېرىكىمىزگە يېتىشىپ بېرىپ، ئۇلارنى توستۇم، لېكىن ئۇلار توختىمىغانلىقتىن، يەنە شۇ ئۈچ كىشى بىلەن قايتىپ بېرىپ ئوق ئېتىپ، قوغلىغانلارنى چېكىندۈردۈم. ئىككى-ئۈچ كىشى بىر كۇرۇھ يەرگىچە چېرىكنى قوغلاپ، خەرابۇك ۋە بىشامۇن ئۇدۇلىدىكى ئېدىرغىچە كەلدى. ئېدىرغا يەتكەن چاغدا، مۇھەممەد ئەلى مۇبەششىر ئۇچرىدى. «بۇ ئاز كىشى، قايتىپ ئات سالايلى» دېدىم. بىز قايتىپ ئات سالدۇق. ئۇلار توختاپ قالدى. تىرىپىرەن بولغان چېرىك ئۇ تەرەپتىن-بۇ تەرەپتىن يىغىلىپ كەلدى. بەزى ئوبدان-ئوبدان يىگىتلەر شۇ قاچقىنىچە ئوشقا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش مۇنداق بولغانىكەن: ئەييۇب بەگچىكنىڭ تۇمەنىدىن بىرنەچچە موغۇل ئوشتا بىزدىن ئايرىلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەندىجاننىڭ

چېتىگە كەلگەنىكەن. ئۇلار بىزنىڭ چېرىكنىڭ غوۋغاسىنى ئاڭلاپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن ئىلگىرىرەك كېلىپ ئۇران ① سورىشىپتۇ. بۇ ئۇران ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. (ب 105) بىر تۈرى ھەر قەبىلىنىڭ ئۆز ئۇرانىدۇر. مەسلەن، بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئۇرانى «دۇردانە»، بەزىلەرنىڭ «توقتاي»، بەزىلەرنىڭ «لۇلۇ» بولىدۇ. يەنە بىر تۈرى پۈتۈن چېرىككە خاس بولۇپ، ئىش ۋاقتىدا قوللىنىش ئۈچۈن ئىككى سۆزنى ئۇران قىلىدۇ، ئىش ۋاقتىدا ئۇچراشقاندا، بىرى بىر سۆزنى ئېيتسا، يەنە بىرى شۇنىڭغا جور قىلىنغان سۆزنى ئېيتىدۇ. شۇ يوسۇندا دوست بىلەن دۈشمەن ئايرىلىدۇ. ئۆز بىلەن يات پەرق قىلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە بەلگىلەنگەن ئۇران سۆزى «تاشكەند» بىلەن «سايرام» ئىدى. «تاشكەند» دېسە، «سايرام» دەپ جاۋاب بېرىلىشى، «سايرام» دېسە، «تاشكەند» دەپ جاۋاب بېرىلىشى شەرت ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرانلىشىشتا، خوجا مۇھەممەد ئەلى ئالدىدىراق ماڭغانىكەن، موغۇللار «تاشكەند، تاشكەند» دەپ كېلىپتۇ، خوجا مۇھەممەد ئەلى سارت ئىدى. ھودۇقۇپ كېتىپ ئۇمۇ «تاشكەند، تاشكەند» دەپتۇ. موغۇللار ئۇلارنى دۈشمەن ھېسابلاپ، سۈرەن سېلىپ، دۇمباق چېلىپ، ئوق ئېتىپتۇ. شۇنداق بىر ئۇقۇشماسلىقتىن بولغان غوۋغا بىلەن تىرىپىرەن بولدۇق. نەتىجىدە قىلغان پىلانىمىزمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى، يەنە قايتىپ ئوشقا كەلدۇق.

بەش-ئالتە كۈندىن كېيىن، تەنبەل ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تاغ، تۈزلەڭ ۋە قورغانلارنىڭ قايتا مېنىڭ قولۇمغا كىرگەنلىكىدىن ساراسىمىگە چۈشتى. چېرىكى ۋە ئادەملىرى ئۈچتىن-تۆتتىن تاغ

① ئۇران — پارول.

ۋە تۇزلەڭگە قاچقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كەلگەن بەزىلەر:
«تەنبەلنىڭ ئىشى بەربات بولۇشقا باشلىدى. مۇشۇ ئۈچ-تۆت
كۈن ئىچىدە جەزمەن بەربات بولۇپ چىقىدۇ» دېيىشتى. بۇ
خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن، ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدۇق. ئەندىجان
قورغىنىدا تەنبەلنىڭ كىچىك ئىنىسى سۇلتان مۇھەممەد كەلپۈك
تۇرتتى. تۇتلۇق يولى بىلەن كېلىپ، ئەندىجاننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى
خاكانغا (106) ناماز پىشىن بىلەن چاپقۇن قويدۇق. ئۆزۈممۇ
چاپقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، پۇشتە ئى ئەيشنىڭ خاكان
تەرىپىدىن ئېتىكىگە كەلدىم. قاراۋۇلدىن سۇلتان مۇھەممەد
كەلپۈكنىڭ بارلىق ئادىمى بىلەن مەھەللە ۋە باغلاردىن ئۆتۈپ،
پۇشتە ئى ئەيشنىڭ ئېتىكىگە كەلگەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى.
چاپقۇنغا كەتكەنلەر تېخى يىغىلمىغانىدى، ئۇلارنىڭ يىغىلىشىنى
كۈتمەيلا، دەرھال دۈشمەن تەرەپكە ماڭدىم. كەلپۈكنىڭ ئادىمى
بەش يۈزدىن ئاشاتتى. بىزنىڭ ئادىمىمىز ئۇنىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ،
لېكىن چاپقۇنغا تارقىغانىدى. روبرو بولغان چاغدا بىزنىڭ سانىمىزمۇ
شۇنچىلىكلا بار ئىدى. سەپ ۋە تەرتىپنى ئويلىمايلا، ئاتلارنى
بولۇشىغا چاپتۇرۇپ دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلدۇق، يېقىنلاپ بارغانىمىزدا
دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمىدى. بىر-ئىككى قېتىم قىلىچ ئۇرۇشقۇدەكمۇ
بولالماي، قېچىشقا باشلىدى. ئادەملىرىنى تاكى خاكان دەرۋازىسىنىڭ
قېشىغا بارغۇچە ئاتلىرىدىن يىقىتا-يىقىتا قوغلاپ باردۇق.

دۈشمەننى تارمار قىلىپ، مەھەللىنىڭ چېتى بولغان خوجا
كەتتەگە يەتكەندە، نامازشام بولغانىدى. تېزدىن دەرۋازىغىچە
يېتىپ بېرىش خىيالىم بار ئىدى. چوڭ ياشلىق ۋە تەجرىبىلىك
بەگلەردىن ناسىربەگ دوست بەگنىڭ ئاتىسى ۋە قەنبەر ئەلى

بەگلەر: «كەچ بولۇپ كەتتى، قاراڭغۇدا قورغانغا يېقىن بېرىش خەتەرلىك. بىر ئاز كەينىمىزگە قايتىپ قونايلى. ئەتە قورغاننى بەرمەي نېمە چارە قىلالايدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. بۇ تەجرىبىلىك بەگلەرنىڭ سۆزىگە كىرىپ، مەھەللىلەرنىڭ چېتىدىنلا (ب 106) ياندۇق. ئەگەر دەرۋازىغىچە بارغان بولساق، قورغان شۈبھىسىز قولغا كىرگەن بولاتتى.

ناماز خۇپتەن مەزگىلىدە كېلىپ، خاكان ئېرىقىدىن ئۆتۈپ، رەباتى رۇزەق يېزىسىنىڭ يېنىغا چۈشتۇق. تەنبەلنىڭ ۋەيران بولۇپ ئەندجانغا چېكىنىپ كېلىدىغانلىق خەۋىرى بولغان بولسىمۇ، تەجرىبىسىزلىكتىن سەۋەنلىك ئۆتتى. خاكان ئېرىقىدەك مۇستەھكەم ئېرىق بويىغا ئىھاتىلىنىپ چۈشمەي، ئېرىقتىن ئۆتۈپ رەباتى رۇزەق يېنىدىكى تۈپتۈز يەرگە چۈشتۇق. قاراۋۇل يوق، چاغداۋۇل ① يوق، غاپىل ياتقاندۇق، تاڭ سۈزۈلگەندە، ھەممەيلەن تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى. قەنبەر ئەلى بەگ يۈگۈرۈپ كېلىپ، «دۈشمەن كەلدى، قوپۇڭلار» دەپ ۋارقىرىغىنىچە توختىماي ئۆتۈپ كەتتى. مەن تىنىچ ۋاقىتلاردىمۇ كىيىمىنى سالماي ياتاتتىم. قوپۇپلا قىلىچ-ساداقنى باغلاپ، دەرھال ئاتلاندىم، تۇغچى تۇغ باغلاشقا ئۈلگۈرەلمەي، تۇغنى قولغا ئېلىپلا ئاتلاندى. بىز دۈشمەن كېلىۋاتقان تەرەپكە ماڭدۇق. بۇ چاغدا ماڭا ئون-ئون بەش ئادەم ھەمراھ ئىدى. بىر ئوق ئېتىمى يەرگە بارغاندا، دۈشمەننىڭ چاپقۇنچىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. بۇ ھالەتتە مېنىڭ بىلەن ئوندەك ئادەم بار ئىدى. ئىلدام مېڭىپ بېرىپ، ئوق ئېتىپ، ئالدىدىكى ئادەملىرىنى

① چاغداۋۇل — قوشۇننى كەينىدىن قوغدىغۇچى قىسىم.

يىقىتىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. يەنە بىر ئوق ئېتىمى يەرگە قوغلاپ بېرىپ، غول قىسمى بىلەن ئۇچراشتۇق. سۇلتان ئەھمەد تەنبەل يۈزدەك ئادەم بىلەن (107) توختاپ تۇرۇپتۇ، تەنبەلنىڭ ئۆزى يەنە بىر ئادەم بىلەن سەپنىڭ ئالدىدىراق تۇرۇپ «ئۇر-ئۇر» دەۋىتىپتۇ. لېكىن ئادەملىرىنىڭ كۆپچىلىكى چەتكە چىقىپ، «قاچامدۇق، قاچمامدۇق» دېگەندەك تەرزدە تۇرۇشاتتى. شۇ مەزگىلدە يېنىمدا ئۈچ ئادەم قالغان بولۇپ، بۇلار دوست ناسىر، مىرزا ئەلى كۆكەلداش، كەرىمداد خۇدايداد تۈركمەنلەر ئىدى. يايىمنىڭ كىرىچىدىكى بىر ئوقنى تەنبەلنىڭ دۇبۇلغىسىغا ئاتتىم. ساداقتا يەنە قولۇمنى سالدىم، خان دادام يېشىل بوياقلىق بىر ئوق بەرگەنىدى، شۇ قولۇمغا چىقتى. بۇنى ئاتقۇم كەلمىدى، ئۇنى يەنە سادادقا سالغۇچە، ئىككى ئوق ئاتقۇدەك ۋاقىت ئۆتتى. كىرىچكە يەنە بىر ئوقنى بېسىپ، بىرئاز ئالدىغىراق باردىم، يېنىمدىكى ئۈچ ئادەم كەينىدىرەك قالدى، ئۇدۇلۇمدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرى تەنبەل ئىكەن. ئۇمۇ ئالدىغىراق ماڭدى، ئارىمىزدا بىر يول بار ئىدى، مەن بۇ تەرەپتىن، ئۇ، ئۇ تەرەپتىن يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، روبىرو بولۇشتۇق، مېنىڭ ئوڭ قولۇم دۈشمەن تەرەپكە، تەنبەلنىڭ ئوڭ قولى بىز تەرەپكە قارىتىلدى. تەنبەلنىڭ بىر ساۋۇتتىن باشقا ھەممە قورال-جابدۇقى تەل ئىدى. مەندە ساداق بىلەن قىلىچتىن باشقا قورال-جابدۇق يوق ئىدى. قولۇمدىكى ئوقنى ئېتىپ، ئۇنىڭ قالقىنىنى سادىقىغا چاپلاشتۇرۇپ قويدۇم. شۇ ھالەتتە ئوڭ پۇتۇمغا يا ئوقى كېلىپ تەگدى. بېشىمدا دۇبۇلغا بار ئىدى. تەنبەل بېشىمغا قىلىچ چاپتى. بېشىم قىلىچ زەربىدىن (ب 107) ئايلىنىپ كەتتى. دۇبۇلغىنىڭ بىر تال سىمىمۇ

كېسىلمىگەن بولسىمۇ؛ لېكىن بېشىم خېلىلا يارىلاندى. قىلىچىم قىنىدا بولۇپ، سوغۇرۇشقا پۇرسەت بولمىدى. نۇرغۇن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا ياپيالغۇز قالدىم. بۇ يەردە تۇرۇشقا بولمايتتى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى بۇرىدىم. ئوقلىرىمغىمۇ بىر قىلىچ تېگىپتۇ، يەتتە-سەككىز قەدەم يانغانىدىم، ياياق ئۈچ ئادەم ماڭا قوشۇلدى. تەنبەل مېنىڭدىن كېيىن دوست ناسىرغىمۇ قىلىچ چېپىپتۇ. ئۇلار بىر ئوق ئېتىمى يەرگىچە كەينىمىزدىن كەلدى. خاكان ئېرىقىنىڭ سۈيى ئۇلۇغ بولۇپ، ناھايىتى تېز ئاقىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنگەن يېرىدىن كېچىشكە بولمايدۇ. تەڭرى ئىشىمىزنى ئوڭ قىلدى، ئېرىقىنىڭ كېچىككە ئۇدۇل چىقىپ قالدۇق. دوست ناسىرنىڭ ئېتى ئاجىز ئىدى، ئېرىقتىن ئۆتۈپلا يىقىلىپ قالدى. توختاپ، ئۇنى ئاتلاندۇردۇق، ئاندىن خەرابۇك بىلەن فەرغانە ئارىلىقىدىكى ئېدىر ئارقىلىق ئوش تەرەپكە ماڭدۇق. ئېدىرغا چىققان ۋاقتىمىزدا مەزىد تاغايى كېلىپ قوشۇلدى. ئۇنىڭمۇ ئوڭ پۇتىنىڭ تىزىدىن تۆۋەنرەكىگە ئوق تېگىپتۇ. گەرچە تېشىپ چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوشقا كەلگۈچە بەك قىينالدى. بۇ توقۇنۇشتا مېنىڭ ئوبدان ئادەملىرىمنى يىقىتتى. ناسىر بەگ، مۇھەممەد ئەلى مۇبەششىر، خوجا مۇھەممەد ئەلى، خۇسرەۋ كۆكەلداش ۋە نۇئمان چۆھرە مۇشۇ يەردە يىقىلدى. يىگىتلەردىنمۇ نۇرغۇن ئادەم يىقىلدى.

خانلار تەنبەلگە سوڭدىشىپ كېلىپ، ئەندىجان تەۋەسىگە چۈشتى. چوڭ خان قورۇقنىڭ بېشىغا (108) — مېنىڭ ئانام ئىسەن دەۋلەت بېگىمنىڭ قوش تىگىرمەن ناملىق باغچىسىغا چۈشتى. كىچىك خان خوجا تەۋەككۈل لەنگىرىگە يېقىن يەرگە چۈشتى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئوشتىن كەلدىم. قوش تىگىرمەندە چوڭ خان بىلەن

كۆرۈشتۇم. خان مېنى كۆرگەن زامان، مېنىڭ قولۇمغا كىرگەن
يەرلەرنى كىچىك خانغا بەردى. خان ماڭا ئۆزرە ئېيتىپ:
«شەيباقخادەك بىر دۈشمەن سەمەرقەنددەك شەھەرنى ئېلىپ،
زورىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇ سەۋەب بىلەن كىچىك خان شۇنچە
يىراق يەردىن كەلتۈرۈلدى. بۇ يەردە باندىغان يېرى يوق.
ئۆزىنىڭ ۋىلايىتى بولسا، يىراقتا. خوجەند دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى
ئەندىجان قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى كىچىك خانغا بېرىش كېرەك، بۇ
يەرلەر ئۇنىڭ يۇرتى بولسۇن» دېدى ۋە خوجەند دەرياسىنىڭ
شىمالىدىكى ئاخسى قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى ماڭا ۋەدە قىلدى،
يەنە بۇ يەرنىڭ ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، سەمەرقەندكە
يۈرۈش قىلىپ، سەمەرقەندنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ماڭا
بېرىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا فەرغانە پۈتۈنلەي كىچىك خاننىڭ
بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ سۆزلەر پەقەتلا مېنى بەزلەش ئۈچۈن
ئېيتىلغان بولۇپ، ئىش ۋۇجۇدقا چىققاندا قانداق بولۇشى نامەلۇم
ئىدى. ئامالسىزلىقتىن خالار-خالىماس رازى بولدۇم.

چوڭ خان ھۇزۇرىدىن چىقىپ، ئېتىمنى مىنىپ، كىچىك خان بىلەن
كۆرۈشۈشكە كېتىۋاتقىنىمدا، سەللاخ دەپ نامى بار قەنبەر ئەلى
بەگ ماڭا يېقىنلىشىپ: «كۆردىڭىزمۇ، قولغا كىرگەن ۋىلايەتلەرنى
دەرھال ئېلىۋالدى. بۇلار بىلەن سىزنىڭ ئىشىڭىز ئىلگىرى باسمايدۇ.
(ب 108) ئوش، مەرغىنان، ئۆزگەند ۋە بويسۇنغان ۋىلايەت ۋە
ئاھالە ھازىرمۇ قولىڭىزدا، دەرھال بېرىپ، ئوشقا كىرىپ قورغاننى
بېكىتىڭ ۋە سۇلتان ئەھمەد تەنبەلگە ئادەم ئەۋەتىپ يارىشىپ،
موغۇللارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ۋىلايەتلەرنى ئىنىڭىز بىلەن بۆلۈشۈڭ»
دېدى مەن ئۇنىڭغا: «ئىمكان يوق، خانلار مېنىڭ تۇغقىنىم. مېنىڭ

بۇلارغا نۆكەرلىك قىلغىنىم تەنبەلگە پادىشاھلىق قىلغىنىمدىنمۇ ئارتۇق» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ ماڭا تەسىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، پۇشايمان قىلىپ ياندى. مەن بېرىپ كىچىك خان دادام بىلەن كۆرۈشتۈم. بۇرۇن كۆرۈشكەندە، تۇيۇقسىز بارغىنىم ئۈچۈن كىچىك خان ئاتتىن چۈشۈشكە پۇرسەت بولماي، بىتەزىمراق كۆرۈشكەنىدى. بۇ قېتىم يېقىنلاپ بارغىنىمدا چېدىر تانابلىرىنىڭ قېشىغىچە يۈگۈرۈپ چىقتى. پۇتۇمدا ئوق يارىسى بولغانلىقتىن، ھاسا بىلەن قىينىلىپ ماڭاتتىم. كېلىپ كۆرۈشۈپ: «ئىنىم، باتۇر ئىكەنسىز» دېدى ۋە بىلىكىمدىن تۇتۇپ چېدىرغا ئېلىپ كىردى. چېدىر كىچىك ئىدى. چەت جايلاردا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن چېدىر ۋە ئولتۇرىدىغان يەرلىرى بىتەكەللۇپ ۋە كۆچمەنلەرچە ئىدى، قوغۇن، ئۈزۈم ۋە ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزى تۇرىدىغان چېدىردا ئىدى.

كىچىك خان قېشىدىن چىقىپ، ئۆزۈمنىڭ قارارگاھىغا كەلدىم. خان يارامنى داۋالاشقا ئەتىكە باخشى دېگەن موغۇل جەرراھنى ئەۋەتىپتۇ. موغۇللار ئۇستا جەرراھنىمۇ باخشى دەيدۇ. ئۇ جەرراھلىقتا ئىنتايىن ماھىر ئىدى. ئادەمنىڭ مېڭىسى چىقسا، (109) دورا بېرەتتى. ھەر خىل يارىلار بولسا، گىياھ يىلتىزلىرى بىلەن ئاسانلا ساقايتىۋېتەتتى. بەزى جاراھەتلەرگە مەلھەم دورىلارنى سۈرەتتى. بەزىلىرىگە يەيدىغان دورا بېرەتتى. مېنىڭ پۇتۇمنىڭ يارىسىغا پوچاق يېقىشنى بۇيرۇدى، فەتىلە① قويمىدى، يىلتىزدەك بىر نېمىنى بىر قېتىم يېگۈزدى. ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، بىر قېتىم بىرسىنىڭ پاچىقى سۇنۇپ، تۆت ئېلىكچە يېرى پارچە-پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ يەرنىڭ ئېتىنى يېرىپ،

① قەتىلە — يارىلارغا قويۇلىدىغان سۈمۈرگۈچ پاختا ياكى لاتا.

پارچىلانغان سۆڭەكلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، سۆڭەكنىڭ ئورنىغا ئۇن قىلىنغان دورىنى قويۇپتۇ. بۇ دورا سۆڭەككە ئوخشاش قېتىپ، ئۇنى ساقايتىپتۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلىرى بەك كۆپ، ۋىلايەت جەرراھلىرى مۇنداق ھۈنەرلەرگە ئاجىز.

ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن، قەنبەرئەلى ھېلىقى سۆزنى دەپ قويغانلىقىدىن قورقۇپ، ئەندىجانغا قېچىپ كىرىۋالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خانلار مەسلىھەت قىلىپ، ئەييۇب بەگچىكنى تۈمەنى بىلەن، جان ھەسەن نارىننى نارىن تۈمەنى بىلەن، سارىغباش مىرزىنى چېرىك بېگى سۈپىتىدە مىڭ-ئىككى مىڭچە كىشى بىلەن ماڭا قوشۇپ ئاخسى تەرەپكە ئەۋەتتى. ئاخسىدا تەنبەلنىڭ ئىنىسى شەيخ بايەزىد تۇراتتى، كاساندا شەھباز قارلۇق تۇراتتى. ئۇ چاغدا شەھباز كېلىپ نەۋكەند قورغىنىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشقانىدى. بىز بىچراتا ئالدىدىن خوجەند دەرياسىنى كېچىپ، نەۋكەندكە — شەھبازغا قارشى تېز يۈرۈش قىلدۇق. تاڭدىن بۇرۇنراق، نەۋكەندكە يېقىنلاشقان (ب 109) چاغدا، بەگلەر: «بۇ كىشى جەزمەن تۇيۇپ قېلىپتۇ. سەپنى بۇزماي، يورۇقتىراق يېتىپ بارغىنىمىز ياخشى» دېگەن مەسلىھەتنى بەردى. يۈرۈشنى ئاستىلاتتۇق. ئەمەلدە شەھباز تۇيمىغانىكەن. بىز نەۋكەندكە يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدا تۇيۇپ تاشقىرىدىن قورغانغا قېچىپ كىرىپتۇ. مۇشۇنداق ئىشلار كۆپ يۈز بېرىدۇ. دۈشمەن تۇيۇپ قالدى، دېگەن غەلەت چۈشەنچە بىلەن پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ. تەجرىبە مانا مۇشۇنداق نەرسىلەر. دېمەكچىمەنكى، ئىش ئېپىگە كەلگەندە، غەيرەتنى بوشاشتۇرماسلىق ۋە بىپەرۋالىق قىلماسلىق كېرەك. ئىشتىن كېيىن بۇشايمان قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، قورغان

ئەتراپىدا ئازراق ئۇرۇش بولدى. ئارتۇق ئۇرۇش چىقارمىدۇق. نەۋكەندتىن تاغسىرى بىشخاران تەرەپكە چاپقۇنغا باردۇق. شەھباز قارلۇق پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، نەۋكەندنى تاشلاپ كاسانغا قېچىپ كەتتى. بىز يېنىپ كېلىپ، نەۋكەندكە ئورۇنلاشتۇق. بۇ كۈنلەردە چېرىك بىرقانچە قېتىم بېرىپ ئەتراپنى چاپقۇن قىلدى. بىر قېتىم ئاخسىنىڭ يېزىلىرىنى چاپقۇن قىلدى. بىر قېتىم كاساننى چاپقۇن قىلدى. ئۇزۇن ھەسەننىڭ مىرىم ئىسىملىك بېقىۋالغان ئوغلى بىلەن شەھباز چىقىپ ئۇرۇشۇپ يېڭىلدى. مىرىم شۇ يەردە ئۆلدى.

ئاخسىنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىدىن بىرى باب قورغىنىدۇر. بابىلىقلار قورغاننى بېكىتىپ، بىزگە ئادەم ئەۋەتتى. سەيىد قاسىمنى بىرقانچە يىگىتلەر بىلەن شۇ يەرگە ماڭدۇردۇق. (110) ئۇلار ئاخسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى يېزىلارغا ئۇدۇل يەردە دەريادىن ئۆتۈپ، باب قورغىنىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، باشقىچە بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئۇ چاغدا ئىبراھىم چاپۇق تاغايى، ئەھمەد قاسىم كوھبەر ۋە قاسىم خەتكە ئارغۇنلار شەيخ بايەزىد بىلەن بىللە ئاخسىدا تۇراتتى. تەنبەل يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ كىشىلەرنى ئىككى يۈزچە ئوبدان يىگىت بىلەن تۇيدۇرماستىن باب قورغىنىنى ئېلىشقا ئەۋەتىدۇ. سەيىد قاسىم ھېچقانداق ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆرمەي، بىخۇدۇك ياتقانىكەن. ئۇلار قورغانغا شوتا قويۇپ چىقىپ، دەرۋازىنى قولغا ئالىدۇ ۋە خەندەك كۆۋرۈكىنى چۈشۈرىدۇ، ياخشى قوراللانغان يەتمىش-سەكسەن يىگىت قورغانغا كىرىدۇ، شۇ چاغدا سەيىد قاسىمغا خەۋەر يېتىدۇ. سەيىد قاسىم ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئېچىپ، كۆڭلەكچان ھالدا بەش-ئالتە كىشى بىلەن ئوق ئېتىپ، ئۇرۇشا-ئۇرۇشا بۇ كىرگەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

ئۇ بىرمۇنچە باشلارنى كېسىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭ شۇقەدەر بىخۇدلۇق قىلىشى سەردارلىقتا چوڭ ئەيىب بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئازلا ئادەم بىلەن شۇنچە كۆپ ياراملىق يىگىتلەرنى زەربە بىلەن قوغلاپ چىقىرىشى زور جاسارەتنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بۇ كۈنلەردە خانلار ئەندىجان قورغىنىنىڭ مۇھاسىرىسى بىلەن مەشغۇل ئىدى، قورغان قوغدىغۇچىلىرى ئۇلارنى قورغانغا يېقىن كەلگىلى قويمايتتى، يىگىتلەر ئاتلىق چىقىپ، تاشقىرىدا ئېتىشاتتى. ئاخىسىدىن شەيخ بايەزىد ساداقەت ئىزھار قىلىپ كىشى ئەۋەتىشكە باشلىدى. بىزنى كۆپ تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپ قىلىشتىن مەقسەت ھىيلە بىلەن مېنى خانلاردىن ئايرىش ئىدى، (ب 110) چۈنكى مەن ئايرىلغاندىن كېيىن خانلار بۇ يەردە تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى ئاغىسى تەنبەلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بولغان ئىش ئىكەن. بىزنىڭ خانلاردىن ئايرىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى خانلارغا ئۇقتۇردۇق. خانلار: «بولۇپتۇ بارسۇن، بىر ئامال قىلىپ شەيخ بايەزىدنى تۇتسۇن» دەپتۇ. بۇ خىل ھىيلىگەرلىك بىزنىڭ ئادىتىمىز ۋە ئۇسۇلىمىز ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، ئارىدا بىر ئەھدە تۈزۈلسە، ئۇ ئەھدىنى قانداق بۇزغىلى بولىدۇ. لېكىن، كۆڭۈلگە شۇ كەچتىكى، قانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئۆزىمىزنى ئاخسىغا يەتكۈزۈۋالساق، يا شەيخ بايەزىد تەنبەلدىن ئايرىلىپ بىز تەرەپكە ئۆتىدۇ، يا بىزدىن يۈز ئۆرۈيدۇ-دە، بىزگە مۇناسىپ بىر پۇرسەت چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئادەم ئەۋەتتۇق، ئەھدە-شەرت قىلىپ بىزنى ئاخسىغا تەكلىپ قىلدى، باردۇق. ئالدىمىزغا چىقىپ ھەم ئىنىم ناسىر مىرزىنىمۇ كەلتۈرۈپ، بىزنى ئاخسى قورغىنىغا ئېلىپ باردى. ئاتامنىڭ تاش قورغاندىكى

ئىمارەتلىرىدە ماڭا ئۆي تەييارلاپتۇ. بېرىپ شۇ يەرگە چۈشتۇم.

تەنبەل شەيباقخاننىڭ قېشىغا ئاغىسى بەگ تىلبەنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئىنائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى چاقىرغانىدى. شۇ كۈنلەردە شەيباقخاننىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يازغان مەكتۇپىنى ئالدى. بۇ خەۋەر خانلارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خانلار ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئەندىجاندىن چېكىندى. كىچىك خان ئادىللىق ۋە مۇسۇلمانلىقتا مەشھۇر ئىدى، لېكىن ئوش، مەرغىنان قاتارلىق ئۇنىڭ ئىدارىسىگە ئۆتكەن قورغانلاردا قويغان موغۇللىرى ئاھالىنى مۇھاپىزەت قىلماي، ئەكسىچە ئاھالىغا زۇلۇم سېلىپ، يامان مۇئامىلىدە بولۇشقا (111) باشلىدى. خانلار ئەندىجاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئوش ۋە مەرغىنان ئاھالىسى ھۇجۇم قىلىپ قورغاندىكى موغۇللارنى تۇتۇپ-تالاپ، ئۇرۇپ قوغلاپ چىقاردى. خانلار خوجەند دەرياسىدىن ئۆتمەي، مەرغىنان ۋە كەندبادام يولى بىلەن قايتىپ، خوجەندتە دەريادىن ئۆتتى. تەنبەل خانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مەرغىنانغا كەلدى. بۇ ھالەتتە، بىز دېلىغۇل بولۇپ قالدۇق. تۇرايلى دېسەك، ئۇلارغا ئىشىنىپ بولمايتتى. سەۋەبسىزلا كېتىپ قالساق، بۇمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى.

بىر ئەتىگەنلىكى، جەھانگىر مىرزا تەنبەلدىن ئايرىلىپ، مەرغىناندىن قېچىپ كەلدى. مەن ھاممامدا ئىدىم، مىرزا شۇ يەرگە كەلدى، كۆرۈشتۇم. دەل شۇ چاغدا شەيخ بايەزىدمۇ ھولۇقۇپ يېتىپ كەلدى، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى. مىرزا بىلەن ئىبراھىم بەگ: «شەيخ بايەزىدنى تۇتۇش كېرەك، ئەركىنى ئىگىلەش كېرەك» دېدى. ھەقىقەتەنمۇ ئىشنىڭ توغرىسى شۇ ئىدى. مەن: «ئەھدە قىلىشقانىدۇق،

ئۇنى قانداق بۇزىمىز؟» دېدىم. شەيخ بايەزىد ئەرككە كەتتى. كۆۋرۈككە ئادەم قويۇش كېرەك ئىدى، ئۇنىمۇ قىلمىدۇق. تەجرىبىسىزلىكتىن مۇشۇنداق بىخەستىلىكلەر بولدى. تاڭ يورىغان مەزگىلدە، تەنبەل ئىككى-ئۈچ مىڭ قورالىق كىشى بىلەن كېلىپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئەرككە كىردى. مېنىڭ ئەسلىدە ئادىمىم ئاز ئىدى. ئاخسىغا كەلگەندىن كېيىن يەنە بەزىلىرى قورغانلارغا، بەزىلىرى دورغىلىق ۋە باجگىرلىككە تەيىنلىنىپ ھەر تەرەپكە كەتكەندى. مېنىڭ بىلەن ئاخسىدا (ب 111) يۈزدىن كۆپرەك كىشى قالغانىدى، بار كىشى بىلەن ئاتلىنىپ، كوچا باشلىرىغا يىگىتلەرنى تەيىنلەش ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن بولۇۋاتقىنىمىزدا، شەيخ بايەزىد، قەنبەرئەلى، مۇھەممەد دوستلار تەنبەل قېشىدىن سۈلھ ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇرۇشقا تەيىنلەنگەنلەرنى ئۆز ئورۇنلىرىغا تۇرغۇزۇپ بولدۇق. ئاندىن مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ئاتامنىڭ مەقبەرىسىگە كەلدىم. جەھانگىر مىرزىنىمۇ چاقىرتىپ كەلدىم. مۇھەممەد دوست قايتتى، شەيخ بايەزىد بىلەن قەنبەر ئەلى بەگ كەلدى. مەقبەرىنىڭ جەنۇبىي ئايۋىنىدا مەسلىھەتكە ئولتۇردۇق. جەھانگىر مىرزا بىلەن ئىبراھىم چاپۇق بۇلارنى تۇتۇشقا كېلىشىپ قويغانىكەن. جەھانگىر مىرزا مېنىڭ قۇلۇقۇمغا: «بۇلارنى تۇتۇش كېرەك» دېدى. مەن: «ھولۇقماڭ، ئۇلارنى تۇتۇش ۋاقتى ئۆتتى. قارايلى، بەلكىم سۈلھ يولى بىلەن بىر ئىش قىلغىلى بولار» دېدىم، چۈنكى ئۇلار بەك كۆپ، بىز بولساق بەك ئاز ئىدۇق. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار شۇ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئەركتە، بىز بولساق،

شۇ ئاجىزلىقىمىز بىلەن تاش قورغاندا ئىدۇق. شەيخ بايەزىد بىلەن قەنبەر ئەلىمۇ بۇ كېڭەشتە ھازىر ئىدى. جەھانگىر مىرزا ئىبراھىمبەگكە قاراپ، بۇ ئىشنى قىلماسلىق مەنىسىدە ئىشارەت قىلدى. بىلمەيمەن، ئۇ خاتا چۈشەندىمۇ ياكى خۇپسەنلىك قىلدىمۇ، ئىش قىلىپ، دەرھال شەيخ بايەزىدنى تۇتتى. تۇرغان يىگىتلەر تۇشمۇ (112) تۇشتىن يامىشىپ، بۇ ئىككىسىنى قولغا ئالدى. سۇلھ ئىمكانى قالمىدى. بۇ ئىككىسىنى ئادەملەرگە تاپشۇرۇپ، ئۇرۇشقا ئاتلاندۇق.

شەھەرنىڭ بىر تەرىپىگە جەھانگىر مىرزا مەسئۇل قىلىندى. ئۇنىڭ ئادىمى ئاز ئىدى. شۇڭا ئۆز ئادەملىرىمنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ بەردىم. ئاۋۋال ئۇ تەرەپكە بېرىپ، ئادەملەرنى ھەرقايسى جايلارغا تەيىنلەپ بولغاندىن كېيىن، بۇ تەرەپكە كەلدىم. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزرەڭ بىر يەر بار ئىدى، ئۇ يەرگە بىر قىسىم يىگىتلەرنى قويغاندۇق. ئۇلارنى نۇرغۇن ئاتلىق ۋە ياياقلار كېلىپ، بۇ يەردىن سۈرۈپ، كوچىغا كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. دەل شۇ ھالەتتە مەن يېتىپ كەلدىم. مەن كېلىپلا دۈشمەن ئۈستىگە ئات سالدىم، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەي، دۈركىرەپ قاچقىلى تۇردى. ئۇلارنى قوغلاپ تۈز يەرگە چىقىرىپ، قىلىچ چېپىشقا تەمشەلگىنىمدە، ئېتىمنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ مۈدۈرۈپ كەتتى، مەن دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىغا دومىلاپ چۈشتۈم. دەرھال قوپۇپ بىر ئوق ئاتتىم. ساھىبقەدەم كامىلنىڭ ناچار بىر ئېتى بار ئىدى، چۈشۈپ ئېتىنى يېنىمغا تارتتى، مىندىم. بۇ يەرگە ئادەم تەيىنلەپ قويۇپ، يەنە بىر كوچا بېشىغا ماڭدىم. سۇلتان مۇھەممەد ۋەيس ئېتىمنىڭ ناچارلىقىنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى ماڭا

بەردى. مەن بۇ ئاتقا مىندىم. شۇ ئەسنادا قاسىم بەگنىڭ ئوغلى قەنبەر ئەلى يارىلىنىپ جەھانگىر مىرزا قېشىدىن كەلدى ۋە «خېلى ۋاقىت بولدى، جەھانگىر مىرزىنى (ب 112) كۆچلۈك ھۇجۇم بىلەن چېكىندۈردى، جەھانگىر مىرزا شەھەردىن چىقىپ كەتتى» دېدى. بىز ھەيران بولدۇق. شۇ ئەسنادا باب قورغىنىدىكى سەيىد قاسىم يېتىپ كەلدى. بۇ ئىنتايىن بىمەھەل كېلىش ئىدى. مۇنداق چاغدا ئانداق مۇستەھكەم قورغان قولدا بولسا بەك ياخشى بولاتتى. مەن ئىبراھىم بەگدىن: «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك» دەپ سورىدىم. ئۇ ئازراق يارىلانغانىدى، شۇ سەۋەبتىنمۇ، ياكى ھودۇققىنىدىنمۇ تۈزۈك جاۋاب بېرەلمىدى. مەن شۇ چاغ «كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەندجان تەرەپكە ماڭمايمىزمۇ» دەپ ئويلىدىم. بابا شىرزاد بۇ يەردە ياخشى جەڭ قىلغانىدى. ئۇ: «قاتتىق ھۇجۇم قىلساق دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىمىز» دېدى. بىز بابا شىرزادنىڭ سۆزى بىلەن دەرۋازا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق. خوجا مىرمىرانمۇ شۇ ھالەتتە مەردانە سۆزلەرنى قىلدى. كوچىدا كېلىۋاتساق، سەيىد قاسىم ۋە دوست ناسىر ئىككىسى باقى خىز بىلەن قىلىچلىشىۋېتىپتۇ. مەن، ئىبراھىم بەگ ۋە مىرزا قۇلى كۆكەلداش ئۈچىمىز ئالدىدىراق ئىدۇق، دەرۋازىغا روبرو بولۇشىمىز بىلەنلا، شەيخ بايەزىدنىڭ كۆڭلەك ئۈستىدىن پاختىلىق چاپان كىيىپ، ئۈچ-تۆت ئاتلىق بىلەن دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. يايىمنىڭ كىرىچىدىكى ئوقنى تولدۇرۇپ ئاتتىم، ئوق ئۇنىڭ بويىنىغا تەگدى. بۇ ئوقنى ناھايىتى ياخشى ئاتتىم. ئۇ تەسلىكتە دەرۋازىدىن كىرىپ، ئوڭ قول تەرەپكە كەتكەن كوچا بىلەن قاچتى. بىزمۇ

ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. مىرزا كۆكەلداش بىر ياياق چېرىككە (113) نەيزە تىقتى. يەنە بىر ياياق چېرىك مىرزا قولى ئۆتكەندىن كېيىن ئىبراھىم بەگكە ئوقيا بەتلىدى، ئىبراھىم بەگ «ھەي، ھەي» دەپ ئۆتۈۋەرگەندىن كېيىن، ئىشىك بىلەن تور ئارىلىقىدىكى يەردىن مېنىڭ قولتۇقۇمغا ئوق ئاتتى. قالماقچە ساۋۇتۇمنىڭ ئىككى ياپرىقىنى چۇشۇرۇپتۇ. ئۇ قاچتى، مەن دۇمبىسىگە ئاتتىم. شۇ ھالەتتە بىر يایاق چېرىك سېپىلنىڭ ئۈستىدىن قېچىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بۆكىنى سېپىلنىڭ كۆنگۈرىسىگە ئۇدۇل كەلتۈرۈپ ئاتقانىدىم بۆكى كۆنگۈرىگە مىخلىنىپ قالدى، سەللىسى چۇۋۇلۇپ قولىغا چۈشتى. يەنە بىر ئاتلىق مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ، شەيخ بايەزىد قاچقان كوچا تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتىدۇ. قىلىچنى بېشىغا سانجىغانىدىم، ئېگىلىپ كوچا تېمىغا تايىنىۋالدى، يىقىلماي تەسلىكتە قېچىپ قۇتۇلدى.

ئاتلىق ۋە يایاقنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈپ، دەرۋازىنى ئالدۇق. ئارتۇق تەدبىر كۆرۈشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنىدى. چۈنكى، دۈشمەننىڭ ئىككى-ئۈچ مىڭ قوراللىق ئادىمى ئەركتە ئىدى، بىز ئاران بىر-ئىككى يۈز كىشى بولۇپ، تاشقورغاندا ئىدۇق، جەھانگىر مىرزىنى بىر سۈت پىشمى بۇرۇنراق قوغلاپ چىقارغان بولۇپ، ئادىمىمىزنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ بىللە ئىدى. بىز تەجرىبىسىزلىكتىن مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدۇق. مەن دەرۋازىدا تۇرۇپ، جەھانگىر مىرزىغا ئادەم ئەۋەتتىم: «يېقىن بولسا كەلسۇن، ماڭايلى» دېدىم. لېكىن ئۇنداق قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنىدى. ئىبراھىم بەگ ئېتى ئاجىز بولغانلىقتىنمۇ ياكى يارىدار بولغانلىقتىنمۇ، ماڭا قاراپ: «ئېتىمنىڭ ھالى خاراب» دېدى. مۇھەممەد ئەلى مۇبەششىرنىڭ

سۇلەيمان ئاتلىق (ب 113) بىر نۆكىرى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھېچكىم تەكلىپ قىلمىسىمۇ، ئېتىدىن چۈشۈپ، ئېتىنى ئىبراھىم بەگكە بەردى. ئۇ ناھايىتى مەردانە ئىش قىلدى. شۇ دەرۋازىدا تۇرغاندا كۆلى گۈل شىقدارى① كىچىك ئەلى مەردانىلىق كۆرسەتتى، ئۇ چاغدا سۇلتان مۇھەممەد ۋەيسنىڭ نۆكىرى بولۇپ، ئۇشتىمۇ ئىككى قېتىم ياخشى جەڭ قىلغانىدى. مىرزا قېشىغا كەتكەن كىشى كەلگۈچە دەرۋازىدا تۇردۇق. ئۇ بارغان كىشى قايتىپ كېلىپ، جەھانگىر مىرزىنىڭ خېلى بۇرۇنلا چىقىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنىدى، شۇڭا بىزمۇ قوزغالدۇق. شۇنچە تۇرغىنىمىز بىكار بولدى. بىز بىلەن يىگىرمە-ئوتتۇزچە ئادەم قالغانىدى. بىز قوزغىلىشىمىزغا، نۇرغۇن ساۋۇتلۇق ئادەملەر يېتىپ كەلدى. بىز خەندەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۆۋرۈكنىڭ شەھەر تەرىپىدە دۈشمەن ئادەملىرى پەيدا بولدى. قاسىم بەگنىڭ ئوغلى ھەمزىنىڭ ئانىسىنىڭ ئاتىسى بەندە ئەلى بەگ ئىبراھىم بەگكە ۋارقىراپ: «دائىم جاھىللىقىڭ بار ئىدى. توختا، قىلىچلىشايلى» دېدى. ئىبراھىم بەگ مېنىڭ قېشىمدا ئىدى. ئۇ، «ماڭ، نېمە مەنىسى بار؟» دېدى. ھاماقەت كىشى مۇشۇنداق مەغلۇپ بولغان چاغدا جاھىللىق قىلىدۇ. بۇ جاھىللىق قىلىدىغان ۋاقىتمۇ. بۇ توختاش ۋە ئىككىلىنىش ۋاقتى ئەمەس ئىدى. بىز تېز يۈرۈپ كەتتۇق. دۈشمەن ئادەملىرى كەينىمىزدىن ئات چاپتۇرۇپ، ئادەملىرىمىزنى يىقىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئاخسىدىن بىر شەرئى كېلىدىغان يەردە كۈنبەزى دېچمەن دېگەن بىر يەر

① شىقدار — ۋاكالەتەن باشقۇرغۇچى، ۋالى.

بار، شۇ يەردىن ئۆتكەندە ئىبراھىم بەگ مېنى چاقىردى، كەينىمگە قارىسام، (114) شەيخ بايەزىدنىڭ بىر چۆھرىسى ئىبراھىم بەگكە ئوق تەگكۈزۈپتۇ. دەرھال ئېتىمنىڭ بېشىنى بۇرىدىم. خان قۇلى بەيانقۇلى قېشىمدا ئىدى، ئۇ: «ھازىر يېنىش ۋاقتى ئەمەس» دېدى-دە، ئېتىمنىڭ تىزگىنىنى ئېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىدى. سەھەرگە يەتكۈچە ئادىمىمىزنىڭ كۆپىنى يىقىتتى. سەھەر بىلەن ئاخسى ئارىلىقى ئىككى شەرئى كېلىدۇ. سەھەردىن ئۆتكەندىن كېيىن دۈشمەن ئادەملىرى كۆرۈنمىدى. بىز سەھەر سۇيىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ماڭدۇق.

بۇ چاغدا سەككىز ئادەم قالغانىدۇق: دوست ناسىر، قەنبەر ئەلى قاسىم بەگ، خان قۇلى بەيانقۇلى، مىرزا قۇلى كۆكەلداش، شاھىم ناسىر، ئابدۇلقۇددۇس سەيدى قارا، خوجاخەسى ۋە سەككىزىنچىسى مەن. بۇ سۇنىڭ يۇقىرىسىدا ناھايىتى ياخشى يول ئۇچرىدى. بۇ يول جىلغىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، چوڭ يولدىن يىراق ھەم خىلۋەت ئىدى. جىلغىنىڭ يۇقىرىسىغا مېڭىپ، سۇنى ئوڭ قولدا قالدۇرۇپ، يەنە بىر قۇرۇق جىلغىغا كىردۇق. نامازدىگەر ۋاقتى بولاي دېگەندە، جىلغىدىن تۈزلەڭگە چىقتۇق. تۈزلەڭدە يىراقتىن بىر قارا كۆرۈندى. يېنىمدىكىلەرنى بىر دالدا يەرگە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ياياق بىر دۆڭگە چىقىپ، قاراۋۇللۇق قىلىۋاتاتتىم، نۇرغۇن ئاتلىق ئادەم ئارقىمىزدىن كېلىپ، بىر دۆڭگە تېز چىقىشتى. ئۇلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى تەھقىقلىگىلى بولمىدۇق، دەرھال ئاتلىنىپ مېڭىپ كەتتۇق. ئەسلىدە بۇ قوغلاپ كەلگەنلەر يىگىرمە-يىگىرمە بەش ئادەم ئىكەن، بىز بولساق، يۇقىرىدا مەلۇم بولغىنىدەك سەككىز كىشى ئىدۇق. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك ئادەم

ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن بولساق، ئۇلار بىلەن ئوبدان ئۇرۇشاتتۇق. لېكىن، ئۇلارنىڭ قوغلىغۇچى ئىكەنلىكىنى (ب 114) ۋە كەينىدە يەنە ئادەم بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، كېتىۋەردۇق. قاچقان دۈشمەن كۆپ بولسىمۇ، ئاز قوغلىغۇچىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى «سەفى مەغلۇبرا ھويى بەسەندەست» (مەغلۇپ بولغان سەپكە بىر ھەي دېگەن ئاۋازمۇ كۇپايە) دېگەن بىر گەپ بار. خان قۇلى: «مۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ھەممىمىزنى تۇتقۇن قىلىدۇ. ياخشى ئاتتىن ئىككىنى تاللاپ ئېلىپ، مىرزا قۇلى كۆكەلداش بىلەن ئات قوشلاپ ئىلدام مېڭىڭ، بەلكىم قۇتۇلۇپ قالارسىز» دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى يامان دېگىلى بولمايتتى، ئۇرۇش ئىشى بولمىغىنى ئۈچۈن، بەلكىم مۇشۇ يول بىلەن قۇتۇلۇش ئىمكانى بولۇپ قالاتتى. بىراق، بىركىمنى دۈشمەن ئارىسىدا ئاتسىز قويۇشقا كۆڭۈل چىدىمايتتى. ئاخىردا يەنىلا بىرلەپ-بىرلەپ ھەممىسى قالدى. مېنىڭ مىنگەن ئېتىم ناچارراق ئىدى، خانقۇلى ئېتىدىن چۈشۈپ، ئېتىنى ماڭا بەردى، مەن ئاتتىن سەكرەپلا ئۇ ئاتقا مىندىم، خانقۇلى مېنىڭ ئېتىمنى مىندى. مۇشۇ مەزگىلدە، كەينىمىزدە قالغان شاھىم ناسىر بىلەن ئابدۇلقۇددۇس سەيدى قارىنى دۈشمەن يىقىتتى. خانقۇلىمۇ كېيىن قالدى. ھىمايە قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ئىمكانى يوق ئىدى. ئاتلار ئەڭ ئاستا سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى. ئېتى ماڭالمىغانلار كېيىن قالاتتى. دوست بەگنىڭ ئېتىمۇ بولمىدى، كېيىن قالدى. مېنىڭ ئېتىممۇ سۇسلۇق قىلىشقا باشلىغانىدى، قەنبەر ئەلى ئېتىنى ماڭا بېرىپ، مېنىڭ ئېتىمنى مىندى ۋە ئۇمۇ كېيىن قالدى. خوجاخەسى توكۇر ئىدى. ئېدىرلار ئىچىگە ئۆزىنى ئالدى. مىرزا قۇلى كۆكەلداش بىلەن ئىككىمىز قالدۇق. ئاتلارنىڭ

چاپقىدەك مادارى (115) قالمىغانىدى. قېتىرقىپلا كېتىۋاتاتتۇق. مىرزا قولىنىڭ ئېتى سۇسلۇق قىلىشقا باشلىدى. مەن: «سېنى تاشلاپ نەگە باراي، بىللە مېڭىپ، ئۆلسەكمۇ، تىرىلسەكمۇ بىللە بولايلى» دېدىم ۋە بىر مەزگىل ئۇنىڭ مېڭىشىغا بېقىپ ماڭدىم، ئاخىر مىرزا قولى: «مېنىڭ ئېتىم بولالمىدى، مېنى دەپ سىزمۇ تۇتقۇن بولماڭ. ماڭىۋېرىڭ، بەلكىم قۇتۇلۇپ كېتەرسىز» دېدى. كۆڭلۈم بەك بۇزۇلدى. شۇنداق قىلىپ، مىرزا قولىمۇ كېيىن قالدى. ئۆزۈم يالغۇزلا قالدىم. دۈشمەنىنىڭ ئىككى ئادىمى پەيدا بولدى. بىرى باباسەيرامى، يەنە بىرى بەندەئەلى ئىدى. ئۇلار ماڭا يېقىنلاپ كەلدى. ئېتىم ھالسىرىغانىدى، تاغقا يېتىشكىمۇ بىر كۇرۇھچە يول بار ئىدى. ئالدىمدا بىر تاش دۆۋىسى كۆرۈندى. بىر تۇرۇپ، «ئېتىم ھاردى، تاغمۇ تېخى يىراق. نەگە باراي؟ سادىقىمدا يىگىرمە تال ئوق بار، ئاتتىن چۈشۈپ، مۇشۇ تاش دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتىۋېلىپ، ئوقۇم تۈگىگىچە ئېتىشاي» دەپمۇ ئويلىدىم. بىراق يەنە «تاغقا يېتىۋېلىشىم مۇمكىن، تاغقا يەتكەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئوقنى بېلىمگە قىستۇرۇپ، تاغقا يامىشاي» دېگەن پىكىرگە كەلدىم. تاغقا چەبدەسلىكىمگە ئىشەنچىم بار ئىدى. شۇ خىيال بىلەن ماڭىۋەردىم. ئېتىمنىڭ تېز ماڭغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. ئۇلارمۇ ئوق يېتەر يەرگە كەلدى. مەنمۇ ئوقۇمنى ئاياپ ئاتمىدىم، (ب 115) ئۇلارمۇ ئېھتىيات قىلىپ، بەك يېقىن كېلەلمىدى. ئۇلار مۇشۇ يوسۇندا ئەگىشىپ ماڭدى.

كۈن ئولتۇرغان مەزگىلدە تاغقا يېقىن باردىم. ئۇلار بىردىنلا: «مۇنداق قىلىپ نەگىمۇ بارسىز، جەھانگىر مىرزىنى تۇتۇپ كېلىشتى. ناسىر مىرزا بۇرۇنلار ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى» دېدى. بۇ سۆزدىن

بەك چۆچۇدۇم، چۈنكى مىرزىلار ھەممىمىز ئۇلارنىڭ قولىدا بولساق، خەتەر ئېھتىمالى كۆپ بولاتتى. مەن جاۋاب بەرمەي تاغ تەرەپكە ماڭغۇەردىم. يەنە بىرمۇنچە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە گەپ قىلغىلى تۇردى. بۇ قېتىم بالدۇرقىدىن مۇلايىمراق سۆزلىدى، ھەتتا ئاتتىن چۈشۈپ سۆزلەشكە باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ماڭغۇەردىم. جىلغىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ، خۇپتەنگىچە ماڭدىم. ئاخىردا ئۆيدەك يوغان بىر تاشنىڭ قېشىغا كەلدىم ۋە شۇ يەردىن بۇرالدىم، تىك يارلارغا كەلدۇق، ئات ماڭالمىدى، ئۇلارمۇ ئاتتىن چۈشتى ۋە ھۆرمەت-تەزىم بىلەن تېخىمۇ مۇلايىم سۆزلىگىلى تۇردى. «قاراڭغۇ كېچە، يول يوق، مۇنداق قىلىپ نەگە بارالايسىز؟ قەسەم قىلىمىزكى، سۇلتان ئەھمەد بەگ سىزنى پادىشاھ قىلىدۇ» دېدى. مەن ئۇلارغا: «مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سىلەرنىڭ ئۆز لايىقىدا خىزمەت كۆرسىتىش خىيالىڭلار بولسا، (116) يىللار بويىمۇ تېپىلمايدىغان بىر خىزمەت كۆرسىتىش پۇرستى شۇكى، مېنى خانلار قېشىغا ئېلىپ بارىدىغان يولغا باشلاڭلار، مەن سىلەرگە كۆتكىنىڭلاردىن ئارتۇق ئېتىبار ۋە شەپقەت قىلاي. ئەگەر بۇنى خالىمساڭلار، كەلگەن يولۇڭلار بىلەن قايتىڭلار، مەن نېمە بولسا شۇنى كۆرەي. بۇمۇ بىر ياخشى خىزمەت» دېدىم. ئۇلار: «كەلمىگەن بولساق مەيلىدى، كەلگەن ئىكەنمىز، سىزنى بۇ ھالدا قويۇپ قانداق قايتىمىز. ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمايدىكەنسىز، سىز نەگە بارسىڭىز خىزمىتىڭىزدە بولىمىز» دېدى. مەن: «ئانداق بولسا، سۆزۈڭلەرنىڭ راستلىقى ئۈچۈن قەسەم قىلىڭلار» دېدىم. ئۇلار قۇرئاننى ئېغىزغا ئېلىپ قەسەم بەردى. مەن

دەرھال بۇنىڭغا ئىشەندىم، مەن ئۇلارغا: مۇشۇ جىلغىغا يېقىن يەردە كەڭ جىلغا يولى بارلىقىنى ئېيتىشقانىدى، شۇ يولغا باشلاڭلار» دېدىم. ئۇلار قەسەم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا ئىشەنچىم كامىل ئەمەس ئىدى. مەن ئۇلارنى ئالدىمدا ماڭدۇرۇپ، ئۆزۈم كەينىدىن ماڭدىم. بىر-ئىككى كۇرۇھ يول ماڭغاندىن كېيىن بىر ئېرىققا كەلدۇق. مەن: «كەڭ جىلغا يولى شۇغۇ دەيمەن» دېدىم. ئۇلار ئىنكار قىلىپ، «ئۇ يول كۆپ ئالدىمىزدا» دېدى. ئەسلىدە كەڭ جىلغا يولى مۇشۇ ئىكەن. ئۇلار ماڭا خىيانەت قىلىپ، مەندىن يوشۇرۇپتۇ. يېرىم كېچىگىچە مېڭىپ، يەنە بىر سۇغا يەتتۇق. ئۇلار بۇ چاغدا: «بىز بىلمەي قېلىپتىمىز، كەڭ جىلغا يولى كەينىمىزدە قېلىپتۇ» دېدى. مەن «ئانداق بولسا، قانداق قىلىش كېرەك؟» دېدىم. ئۇلار: «ئالدىمىزدا غەۋا يولى يېقىن، ئۇ يول بىلەن فەرقەتكە (ب 116) بارغىلى بولىدۇ» دەپ، شۇ يولغا باشلىدى. كېچىنىڭ ئۈچ پاسىغىچە ① يول مېڭىپ، غەۋادىن ئۆتۈپ كەرنان سېيىغا يەتتۇق. بابا سەيرامى: «سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن غەۋا يولىنى ئېنىقلاپ كېلەي» دەپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن كېلىپ: «بۇركە باشلىق بىرقانچە ئادەم بۇ يولغا كېلىپتۇ. ئۇ يەردىن ئۆتكىلى بولمايدۇ» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشتۇم. ۋىلايەت ئىچىدە ئىدۇق، تاڭ يېقىن، مەنزىل يىراق ئىدى. مەن: «بىر يەرگە باشلاڭلار، كۈندۈزى

① پاس — «بەھەر» بىلەن ئۆلچىنىدىغان مەلۇم ۋاقىت مىقدارى بولۇپ، بىر پاس بىر كېچە-كۈندۈزنىڭ $\frac{1}{8}$ ىگە توغرا كېلىدۇ. «كېچىنىڭ ئۈچ پاسى» دېگەن ئىبارە كېچىنىڭ $\frac{3}{4}$ ى دېگەن مەنىدە.

شۇ يەرگە مۆكۈپ تۇرۇپ كەچ كىرگەندىن كېيىن ئات بىلەن خوجەند سۈيىدىن ئۆتۈپ، شۇ ياق بىلەن خوجەند تەرەپكە بارايلى» دېدىم. ئۇلار: «مۇشۇ يەردە بىر ئېدىر بار، شۇ يەرگە مۆكۈنۈشكە بولىدۇ» دېدى. كەرنان دورغىسى بەندە ئەلى ئىدى. ئۇ: «ئاتلىرىمىزغا ۋە ئۆزىمىزگە ئوزۇق تاپمىساق بولمايدۇ. مەن كەرنانغا بېرىپ، نېمە تاپسام ئېلىپ كېلەي» دېدى. بىز ئۇ يەردىن قايتىپ، كەرنانغا يۈزلەندۇق. كەرنانغا بىر كۇرۇھ قالغان يەردە تۇرۇپ تۇردۇق. بەندە ئەلى كېتىپ، خېلى كېچىكتى، تاڭ يورۇپ قالدى، ھېچ خەۋەر يوق. بەك تەقەززا بولدۇم. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، بەندە ئەلى يۈگۈرۈپ كەلدى، ئاتلارغا بوغۇز ئەكەلمەپتۇ، ئۈچ نان ئېلىپ كېلىپتۇ. بىرىمىز بىردىن ناننى قويۇنغا سېلىپ، دەككە-دۈككىدە قايتىپ، مۆكىدىغان ئېدىرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. ئاتلارنى بىر جىلغىغا باغلاپ، ھەر بىرىمىز ھەر تەرەپتە بىر ئېگىز يەرگە چىقىپ، قاراۋۇللۇق قىلىپ ئولتۇردۇق. (117)

چۈشكە يېقىن قالغاندا، ئەھمەد قۇشچىنىڭ تۆت ئاتلىق ئادەم بىلەن بىللە غەۋادىن ئاخسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق، بىر تۇرۇپ، ئەھمەد قۇشچىنى چاقىرىپ، ۋەدىلەر بېرىپ ئاتلىرىنى ئالايلىمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. چۈنكى ئاتلىرىمىز بىر كېچە-كۈندۈز جەڭدە ھەم مۇشكۈل سەپەردە بولۇپ، بوغۇزمۇ يېمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەك خارابلاشقانىدى. بىر تۇرۇپ يەنە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، ئۇلارغا ئىشەنچ قىلالمىدىم، يېنىمىزدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «بۈگۈن ئاخشام ئۇلار كەرناندا قونىدۇ، كېچىدە ئاۋايلاپ كىرىپ، ئاتلىرىنى ئالايلى-دە ئۆزىمىزنى بىر يەرگە يەتكۈزىۋالايلى»

دېگەن قارارغا كەلدۇق. چۈش مەزگىلى ئىدى، كۆز يېتەر يەردە بىر نەرسىنىڭ ئات ئۈستىدە يالترىغانلىقى كۆرۈندى. ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. ئەسلىدە ئۇ مۇھەممەد باقىر ئىكەن. ئۇ ئاخسىدا بىز بىلەن بىللە ئىدى. ئاخسىدىن چىققاندىن كېيىن ھەر كىم ھەر تەرەپكە كەتتى. مۇھەممەد باقىر بەگ بۇ تەرەپكە كېلىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنىكەن. بەندە ئەلى بىلەن بابا سايرامى: «ئاتلار ئىككى كۈندىن بۇيان بوغۇز يېمىدى، ئوتلاققا چۈشۈپ، ئاتلارنى ئوتقا قويايلى» دېدى. ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، ئوتلاققا چۈشۈپ، ئاتلارنى ئوتقا قويدۇق. نامازدىگەر مەزگىلىدە بىر ئاتلىق كىشىنىڭ بىز يوشۇرۇنغان ئېدىرغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۇم. مەن تونۇدۇمكى، بۇ غەۋانىڭ چوڭى قادىر بەردى ئىدى. مەن يېنىمدىكىلەرگە: «قادىر بەردىنى چاقىرىڭلار» دېدىم، ئۇلار چاقىرغانىدى، كەلدى. كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سورىشىپ، ئۇنىڭغا ئىنايەت ۋە شەپقەتلەردىن ۋەدىلەر بېرىپ، ئۇنى ئارغامچا، ئورغاق، پالتا، دەريادىن ئۆتۈشتە كېرەك بولىدىغان نەرسىلەر، ئات بوغۇزى، يېمەك (ب 117) ۋە بولسا ئات ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم، ناماز خۇپتەندە مۇشۇ يەرگە كېلىدىغان قىلىپ توختاشتۇق.

نامازشام مەزگىلىدە بىر ئاتلىق ئادەم كەرنان تەرەپتىن غەۋا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، «كىمسەن» دەپ سورىدۇق. ئۇ جاۋاب بەردى: ئەسلىدە، ئۇ مۇھەممەد باقىر بەگ بولۇپ، بايا چۈشتە كۆرۈشكەن يەردىن باشقا بىر يەرگە يوشۇرۇنغىلى ماڭغانىكەن. لېكىن ئۇ جاۋاب بەرگەندە ئاۋازىنى شۇنداق ئۆزگەرتكەندىكى، نەچچە يىلدىن مېنىڭ بىلەن بىللە بولغىنىغا قارىماي، زادىلا تونىيالمىدىم. ئەگەر تونۇپ ئۆزىمىزگە قوشۇۋالغان

بولساق ياخشى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىدىن بەك ئەندىشىدە بولۇپ، قادىر بەردى غەۋايى بىلەن ۋەدىلەشكەن يەردە تۇرالمىدۇق، بەندە ئەلى: «كەرنانىنىڭ مەھەللىلىرىدە خىلۋەت باغچىلار بار، ئۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ، شۇ يەرگە بېرىپ، قادىر بەردىگە ئادەم ئەۋەتەيلى، شۇ يەرگە كەلسۇن» دېدى. شۇ خىيال بىلەن ئاتلىنىپ، كەرنانىنىڭ مەھەللىسىگە كەلدىم. قىش ۋاقتى بولۇپ، ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. بىر ئەسكى جۇۋا تېپىپ كەلدى، كىيىۋالدىم، بىر قاچا يوبدان تېپىپ كەلدى، ئىچىپ ئىنتايىن ھۇزۇرلاندىم. بەندە ئەلىدىن: «قادىر بەردىگە ئادەم ئەۋەتتىڭمۇ» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئەۋەتتىم» دېدى. ئەسلىدە، بۇ بەتبەخت مۇناپىقلار كېلىشىپ، ئۇ ئادەمنى ئاخسىغا — تەنبەل قىشىغا ئەۋەتكەنىكەن. بىر ئۆيگە كىرىپ، ئوت قالاپ، بىردەم كۆزۈم ئۇيقۇغا باردى. بۇ مۇناپىقلار ماڭا خۇشامەت قىلىپ يەنە: «قادىر بەردىدىن خەۋەر ئالمىغۇچە بۇ يەردىن كېتىشكە بولمايدۇ. بۇ يەر مەھەللىلەرنىڭ ئوتتۇرىسى. چەتتە خالىي باغلار بار، شۇ يەرگە (118) كەتسەك ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ» دېدى. يېرىم كېچىدە ئاتلىنىپ چەتتىكى باغقا باردىم، بابا سەيرامى تام ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۇيان-بۇيان قارايتتى. چۈشكە يېقىن تامدىن چۈشۈپ، قېشىمغا كېلىپ: «يۇسۇف دورغا كېلىۋاتىدۇ» دېدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. «ئۇقۇپ كىرگىن، مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلىپ كەلگەنمۇ-قانداق» دېدىم. ئۇ چىقىپ سۆزلىشىپ كىردى ۋە: «يۇسۇف دورغىنىڭ دېيىشىچە، ئاخسى دەرۋازىسىدا بىر ياياق چېرىكنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ چېرىك، پادىشاھ كەرناندا پالانى بەردە، دەپتۇ. ئۇ ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي، بۇ چېرىكنى سوقۇشتا ئەسىر

ئالغان ۋەلى خەزانچى بىلەن بىر يەرگە سولاپ قويۇپ، ئۆزى سىزنىڭ قېشىڭىزغا چىپىپ كېلىپتۇ. بەگلىرىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىكەن» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: «سەن قانداق ئويلايسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ھەممىسى سىزنىڭ نۆكىرىڭىز، نېمە چارىسى بار، بېرىش كېرەك، سىزنى پادىشاھ قىلدۇ» دېدى. مەن: «شۇنچە غوۋغا ۋە ئۇرۇشلار بولدى، مەن ئۇ يەرگە قانداق بارالايمەن؟» دېدىم. بىز شۇنداق سۆزلىشىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، يۇسۇف ئالدىمدا تىزلىنىپ: «نېمىسىنى يوشۇراي، بۇ ئىشتىن سۇلتان ئەھمەد بەگنىڭ خەۋىرى يوق. شەيخ بايەزىد سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى ئېلىپ، مېنى ئەۋەتتى» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ بىر ھالەت يۈز بەردى. ئالەمدە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن يامان نەرسە يوق ئىكەن! مەن ئۇنىڭغا: «راستىنى ئېيت، ئەگەر ئىش باشقىچە بولغىدەك بولسا، دەرھال تەرەت ئېلىۋالاي» دېدىم. يۇسۇف قەسەم قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ قەسىمىگە كىم ئىشىنىسۇن! (ب 118)

ئۆزۈمنىڭ بىتاقەت بولۇۋاتقىنىمنى ھېس قىلدىم. ئورنۇمدىن قوپۇپ باغنىڭ بۇرجىكىگە باردىم. «ئىنسان يۈز يىل، مىڭ يىل ياشىسۇن، ئاخىر ئۆلىدۇ» دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە.

ئەگەر سەد سال مانى ۋەر يەكى روز،
بىبايەد رەفت ئەزىن كاھى دىلەفروز.

(مەيلى يۈز يىل، مەيلى بىر كۈن تۇر، كۆڭۈل ئاچقۇچى بۇ قەسىرنى تەرك ئېتەرسەن)

ئۆلۈمنى قوبۇل قىلدىم. بۇ باغدىن بىر ئېرىق سۇ ئاقىدىكەن، تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدۇم. بېشىمنى رۇكۇغا قويۇپ

تىلەك تىلەۋاتقىنىمدا كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كۆرۈپتىمەنكى، خوجا يەھيانىڭ ئوغلى خوجا ئۇبەيدۇللا ھەزرەتلىرىنىڭ نەۋرىسى خوجا ياقۇب تاغىل ئات مىنىپ بىر توپ جامائەت بىلەن ئالدىمدىن چىقىپ كېلىپتىمىش ۋە: «غەم يېمەڭ، خوجا ئەھرار مېنى سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئەۋەتتى ۋە: بىز ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۇنى پادىشاھلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزغان، بىر يەردە مۇشكۇللۈككە دۇچ كەلسە، بىزنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ياد ئەتسۇن، بىز شۇ يەردە ھازىر بولىمىز، دېدى. مۇشۇ سائەتتە غەلبە سىزنىڭ، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، ئويغىنىڭ» دەپتىمىش. مۇشۇ ھالدا خۇشال بولۇپ ئويغاندىم. يۇسۇف دورغا ھەمراھلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ: «باھانە تېپىپ ھايال قىلىۋاتىدۇ. تۇتۇپ باغلاش كېرەك» دەۋاتىدۇ. مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «سىلەر شۇنداق دەۋاتىسلەر، قېنى كۆرەي، قايسىڭلار مېنىڭ قېشىمغا كېلەلەيسلەر» دېدىم. شۇ سۆزلەرنى دەۋاتقىنىمدا باغ تېمىنىڭ سىرتىدىن نۇرغۇن ئاتلىق ئادەمنىڭ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. (119) يۇسۇف دورغا: «ئەگەر بىز سىزنى تۇتۇپ تەنبەل قېشىغا ئېلىپ بارساق، ئىشىمىز دۆڭ بولاتتى، مانا ئەمدى سىزنى تۇتقىلى نۇرغۇن ئادەم ئەۋەتىپتۇ» دېدى. ئۇ بۇ ئاۋازنى تەنبەل ئەۋەتكەن ئادەملەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازى دەپ چۈشەندى. مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تېخىمۇ چۆچۈدۈم ھەم نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم.

شۇ ئاندا بۇ ئاتلىقلار باغنىڭ ئىشىكىنى ئىزدەپ يۈرمەي، باغ تېمىنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى ئېچىپلا ئىچىگە كىردى. قارىسام، ماڭا جانلىرى بىلەن باغلانغان نۆكەرلىرىمدىن قۇتلۇق مۇھەممەد بارلاس بىلەن بابائى پەرغەرى ئون بەش-يىگىرمە ئادەم بىلەن يېتىپ

كېلىپتۇ. ئۇلار يېقىن كېلىپ، ئۆزلىرىنى ئاتتىن ئېتىپ، يىراقتىنلا يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ، ئايىغىمغا يىقىلدى. گويا خۇدا ماڭا يېڭىباشتىن جان بەرگەندەك بىر خىل ھېسسىياتقا كەلدىم. مەن ئۇلارغا: «ئاۋۇ يۇسۇف دورغىنى ھەم مۇنۇ تۇرغان مۇناپىقلارنى تۇتۇپ باغلاڭلار» دېدىم. بۇ مۇناپىقلار قاچقاندى، ھەر بىرىنى بىر يەردىن تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇلاردىن: «سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟ قانداق خەۋەر تاپتىڭلار؟» دەپ سورىدىم. قۇتلۇق مۇھەممەد بارلاس: «ئاخسىدىن چىققاندا سىزدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئەندىجانغا كەلدىم، خانلارمۇ ئەندىجانغا كەلگەنىكەن. مەن چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە خوجا ئەبەيدۇللا: بابۇر شاھ كەرنان (ب 119) دېگەن يېزىدا، بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، پادىشاھلىق ئورنى ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولدى، دېدى. مەن بۇ چۈشۈمدىن خۇشال بولۇپ، چوڭ خان بىلەن كىچىك خانغا مەلۇم قىلدىم ۋە مېنىڭ بەش-ئالتە ئىنى ۋە ئوغلۇم بار، يەنە بىرنەچچە يىگىت قوشۇپ بېرىلسە، كەرنان تەرەپكە بېرىپ خەۋىرىنى ئالاي، دېدىم. خانلار: بىز ھەم شۇ تەرەپكە بارغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان، دەپ ئون كىشى قوشۇپ بەردى ۋە: شۇ تەرەپكە بېرىپ ئوبدان ئىزدەپ تېپىپ كېلىڭ، ھېچ بولمىغاندا ئېنىق بىر خەۋىرىنى ئۇقۇپ كېلىڭ، دېدى. شۇنداق سۆزلىشىۋاتقىنىمىزدا، بابائى پەرغەرى: مەنمۇ بېرىپ ئىزدەيمەن، دېدى ۋە ئىككى ئىنىسى بىلەن بىزگە قوشۇلدى. ئاتلىنىپ چىققىنىمىزغا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئەلھەمدۇلىللا سىزنى تاپتۇق» دېدى. يەنە: «يۈرۈڭ، ئاتلىنىڭ، بۇ باغلىغانلارنىمۇ ئېلىپ ماڭايلى، بۇ يەردە ھايال بولۇش ياخشى ئەمەس، تەنبەل سىزنىڭ بۇ يەرگە

كەلگىنىڭىزدىن خەۋەر تېپىپتۇ. قانداق قىلىپ بولسۇن، بېرىپ خانلارغا قوشۇلايلى» دېدى. شۇ زامان ئاتلىنىپ، ئەندىجان تەرەپكە يول ئالدۇق، ئىككى كۈندىن بۇيان ھېچ تائام يېمىگەنىدىم، ناماز پېشىن بولغاندا، قوي تېپىپ كېلىپ، بىر يەرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىلدى، شۇ كاۋاپتىن تويغىچە يېدىم، ئاندىن كېيىن ئاتلىنىپ، بەش كۈنلۈك يولنى ئىككى كېچە-كۈندۈزدە بېسىپ ئەندىجانغا كىردۇق. چوڭ خان دادام بىلەن كىچىك دادامغا كۆرۈنۈش قىلىپ، ئۆتكەن كۈنلەرنى تولۇق بايان قىلدىم. خانلار بىلەن تۆت ئاي بىللە بولدۇم. ھەر تەرەپكە (120) تارقىغان نۆكەرلىرىم يىغىلدى. ئۈچ يۈزدىن كۆپرەك ئادەم بولدى. «بۇ فەرغانە ۋىلايىتىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگىچە، باشقا بىر تەرەپكە كەتمەيمەنمۇ» دەپ ئويلىدىم-دە، مۇھەررەم ئېيىدا فەرغانە ۋىلايىتىدىن خۇراسانغا كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىقتىم.

# 2. کابُول

# توققۇز يۈز ئونىنچى يىل① ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىدا خۇراسانغا بېرىش ئۈچۈن فەرغانە ۋىلايىتىدىن چىقىپ، ھىسار ۋىلايىتىنىڭ يايلاقلىرىدىن بولغان ئىلەك يايلىقىغا كېلىپ چۈشتۈم. مۇشۇ قارارگاھتا يىگىرمە ئۈچ ياشقا قەدەم قويۇپ، يۈزۈمگە ئۇستىرا سالدىم. ئۈمىد كۈتۈپ ماڭا ئەگىشىپ يۈرگەنلەر چوڭ-كىچىك بولۇپ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق، ئۈچ يۈزگە يەتمەس ئادەم ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ياياق بولۇپ، قولىدا تاياق، پۇتىدا چورۇق، ئۇچىسىدا چاپاندىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. قىيىنچىلىق شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، بىزدە پەقەت ئىككىلا چېدىر بولۇپ، مېنىڭ چېدىرىم ئانامغا بېرىلەتتى، ماڭا بولسا، ھەر چۈشكەن يەردە بىر ئالچۇق ياساپ بېرەتتى، شۇ ئالچۇقتا تۇراتتىم. بىز بۇ قېتىم خۇراسانغا سەپەر قىلغان بولساقمۇ، لېكىن مۇشۇ ھالەتتە بۇ ۋىلايەتتىن ۋە خۇسرەۋ شاھنىڭ نۆكەرلىرىدىن ئۈمىد كۈتەتتۇق. بىرنەچچە كۈندە بىر بىرەر ئادەم كېلىپ، ۋىلايەتتىن ۋە خەلقتىن خەۋەر يەتكۈزەتتى. بۇنىڭدىن بىز تېخىمۇ ئۈمىدۋار بولاتتۇق. شۇ مەزگىلدە مەن خۇسرەۋ شاھقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن موللا بابا پەشاغەرىي قايتىپ كەلدى. ئۇ خۇسرەۋ شاھتىن كۆڭۈلگە ياققۇدەك خەۋەر كەلتۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقتىن ياخشى خەۋەر (ب 120) كەلتۈردى.

① مىلادىيە — 1504 — 1505-يىللار ئارىلىقى.

ئىلەكتىن چىقىپ ئۈچ-تۆت قونۇپ، ھىسارنىڭ خوجا ئىماد دېگەن
يېرىگە كېلىپ چۈشتۇق. شۇ يەردە تۇرغىنىمىزدا موھىب ئەلى
قۇرچى خۇسرەۋ شاھ قېشىدىن ئەلچىلىككە كەلدى. خۇسرەۋ شاھ
كەرەم ۋە ساخاۋەت بىلەن مەشھۇر ئىدى، لېكىن بىز ئىككى قېتىم
ئۇنىڭ ۋىلايىتىدىن ئۆتكەن بولساقمۇ، باشقىلارغا قىلغان ئادەمگەرچىلىكنى
بىزگە قىلمىغانىدى. بىز ئاھالىدىن ۋە ۋىلايەتتىن ئۈمىدۋار بولغىنىمىز
ئۈچۈن ھەر مەنزىلدە كۆپىرەك تۇرۇپ قالاتتۇق. شىرىم تاغايى ئۇ
چاغدا بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئادىمىمىز ئىدى. ئۇ خۇراسانغا بېرىشنى
خالىماي، بىزدىن ئايرىلىش نىيىتىدە ئىدى. سەرپۇلدا مەغلۇپ
بولۇپ، سەمەرقەندكە كەلگەندە، ئۇمۇ ئۆيۋاقىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ،
ئۆزى يالغۇز قورغان مۇداپىئەسىگە قاتناشقانىدى. بەك نامەرد ئادەم
ئىدى، نەچچە قېتىم مۇشۇنداق ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلدى.
قابادىيانغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا، خۇسرەۋ شاھنىڭ ئىنىسى باقى
چاغانىيانى خەتىب قەرشىنى ئەۋەتىپ، ساداقەت ئىزھار قىلىپ،
بىزگە قوشۇلماقچى بولدى، بۇ چاغدا چاغانىيان، شەھرى سەفا
ۋە تەرمىز ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ ئامۇ دەرياسىنى ئۆياچ كېچىكىدىن
كەچكەن ۋاقتىمىزدا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. باقىنىڭ تەلىپىگە
ئاساسەن تەرمىزنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆيۋاقىنى
ئامۇدىن ئۆتكۈزۈپ بىزنىڭكىلەرگە قوشقاندىن كېيىن، خۇسرەۋ
شاھنىڭ جىيەنى، باقىنىڭ ئوغلى ئەھمەد قاسىمنىڭ ئىگىلىكىدىكى
كاھمەرد ۋە باميان تەرەپكە يول ئالدۇق. نىيىتىمىز كاھمەردنىڭ
ئەجەر دېگەن قورغىنىغا ئۆيۋاق ۋە ئادەملىرىمىزنى (121)
ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىخەتەر قىلىش ۋە ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ بىر
ئىش قىلىش ئىدى. ئەيبەككە يەتكەن ۋاقتىمىزدا، بۇرۇن مېنىڭ

قېشمدا بولۇپ ياخشى قىلچۋازلىق قىلغان ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشلەردە مەندىن ئايرىلىپ خۇسرەۋ شاھ قېشىغا كەلگەن يار ئەلى بىلال بىرقانچە يىگىتلەر بىلەن قېچىپ كەلدى ۋە خۇسرەۋ شاھ قېشىدىكى موغۇللارنىڭ ساداقەت ئىزھار قىلغان سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. دەرەئى زىندانغا يەتكەن ۋاقتىمىزدا سەللاخ دەپمۇ ئاتىلىدىغان قەنبەر ئەلى بەگمۇ قېچىپ كەلدى. ئارىدا ئۈچ-تۆت قونۇپ كاھمەردكە كېلىپ، ئۆيۋاق ۋە ئادەملەرنى ئەجەر قورغىنىغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

ئەجەردە تۇرغاندا، سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ خانزادە بېگىمدىن بولغان قىزى بىلەن جەھانگىر مىرزىنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى. بۇ توي ئىشى مىرزىلار ھايات ۋاقتىدىلا توختىتىشىپ قويۇلغانىدى. بۇ مەزگىلدە باقى بەگ ماڭا: «بىر ۋىلايەتكە ئىككى پادىشاھ ۋە بىر چېرىككە ئىككى سەردارنىڭ بولۇشى بۆلۈنۈش ۋە ۋەيرانلىققا ئېلىپ بارىدۇ، پىتنە ۋە پەرىشانلىققا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى:

دەھ دەرۋىش دەرگىلىمى بىخۇسبەند،
دۇ پادىشاھ دەر ئىقلىمى نە گۇنجەند.
نىم نانى گەر خۇرەد مەردى خۇداي،
بەزلى دەرۋىشان كۇنەد نىمى دىگەر.
مۇلكى ئىقلىمى بىگەرەد پادشاھ،
ھەمچۇنان دەر بەندى ئىقلىمى دىگەر.

(ئون دەرۋىش بىر پالاسقا سىغىدۇ، لېكىن ئىككى پادىشاھ بىر ئىقلىمغا سىغمايدۇ. بىر تەقۋادار بىر ناننىڭ يېرىمىنى ئۆزى يېسە، يېرىمىنى نامراتلارغا بېرىدۇ. بىر ئىقلىمنى ئىگىلىگەن بىر پادىشاھ باشقىلىرىنىمۇ ئىگىلىسەم دەيدۇ) دېگەنىكەن. ئۈمىد شۇنداقكى،

بۇگۈن-ئەتە خۇسرەۋ شاھنىڭ ھەممە نۆكىرى كېلىپ پادىشاھ خىزمىتىگە كىرگۈسىدۇر، لېكىن ئۇ يەردە ئەيۇبنىڭ ئوغۇللىرى ۋە بەزىلەرگە ئوخشاش (ب 121) بىرمۇنچە ئارا بۇزغۇچىلار باركى، بىزنىڭ مىرزىلار ئوتتۇرىسىدىكى يامانلىق ۋە پىتنىلەرنىڭ سەۋەبچىسى ۋە دەيدەيچىسى شۇلار ئىدى. ھازىرقى مۇشۇ پۇرسەتتە جەھانگىر مىرزىنىڭ خۇراسانغا كېتىشىگە چىرايلىق رۇخسەت بېرىلسە، ئەتە بەش كۈندە نادامەت ۋە پۇشايمانغا ئورۇن قالمايدۇ» دەپ تەكرار ئېيتاتتى.

ئاغا-ئىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقاندىن بىرەر يامانلىق سادىر بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش كويىدا بولۇش مېنىڭ تەبىئىتىمدە يوق ئىدى. جەھانگىر مىرزا بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بۇرۇن مەملىكەت ۋە نۆكەرلەر يۈزىسىدىن نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك ۋە جېدەللەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ ۋىلايەتتىن مېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى، تۇغقانلىق ۋە خىزمەتكارلىق مەيدانىدا ئىدى ۋە بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدىن كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەپ بولىدىغان ھېچقانداق ئىش كۆرۈلمىگەنىدى. ئۇ قايتا-قايتا كىشى قويۇپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، قوبۇل قىلمىدىم. ئاخىر باقى بەگ ئېيتقاندەك، ئاشۇ يۇسۇف ئەيۇب، بەھلۇل ئەيۇبتەك ئارا بۇزغۇچىلار مېنىڭ قېشىمدىن جەھانگىر مىرزا قېشىغا قېچىپ بېرىپ، يامانلىق ۋە پىتنە بىلەن شۇغۇللاندى ۋە جەھانگىر مىرزىنى مەندىن ئايرىپ خۇراسانغا ئېلىپ كەتتى.

مۇشۇ مەزگىلدە سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىدىن بەدىئۇززەمان مىرزىغا، ماڭا، خۇسرەۋ شاھقا ۋە زۇننۇنغا ئوخشاش مەزمۇندا (122) ئۇزۇن-ئۇزۇن خەتلەر كەلدى. بۇ خەتلەر ھازىرغىچە مېنىڭ

قولۇمدا بار. خەتلەردە: «سۇلتان ئەھمەد مرزا، سۇلتان مەھمۇد مرزا، ئۇلۇغبەگ مرزا ۋە ئۇ ئاغا-ئىنىلار برلشپ ماڭا قارشى يۈرۈش قلغاندا، مەن مۇرغاب ياقسىنى بېكىتكەندىم، مرزىلار يېقىنلىشىپ، ھېچ ئىش قىلالماي يانغاندى، ھازىرمۇ ئەگەر ئۆزبېكلەر كەلسە، مەن مۇرغاب ياقسىنى بېكىتەي، بەدىئۇززەمان مىرزا بەلخ، شەبۇرغان ۋە ئەندەخۇد قورغانلىرىغا كۈچلۈك ئادەملىرىنى قويۇپ، ئۆزى گۇرزىۋان، دەرەئى زەڭ ۋە شۇ تاغلىق يەرلەرنى بېكىتسۇن» دېگەندى ۋە مېنىڭ بۇ تەرەپكە كەلگىنىمدىن خەۋەر تېپىپ، ماڭىمۇ: «سەن كاھمەرد، ئەجەر ۋە شۇ تەرەپتىكى تاغ باغرىلىرىنى بېكىت، خۇسرەۋ شاھ ھسار ۋە قۇندۇز قورغانلىرىدا ئىشەنچلىك كىشلەرنى قويۇپ، ئۆزى ۋە ئىنىسى ۋەلى بەدەخشان ۋە خەتلان تاغلىرىنى بېكىتسۇن. ئۆزبېكلەر ھېچ نەرسە قىلالماي يانىدۇ» دەپ يازغانىدى.

سۇلتان ھۆسەين مىرزىنىڭ بۇ خەتلىرى ئۈمىدسىزلىككە سەۋەب بولدى. چۈنكى تېمۇر بەگنىڭ يۇرتىدا ئۇ زاماندا ياش قۇرام، ۋىلايەت ۋە چېرىك جەھەتتىن ئۇنىڭغا يېتىدىغان چوڭ پادىشاھ يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۇستى-ئۇستىگە ئەلچى ۋە ئالاقچىلار كېلىپ: «تەرمىز، كىلىف ۋە كەركى (ب 122) كېچىكلىرىدە مۇنچە كېمە ياسىتىڭلار، مۇنچە مىقداردا كۆۋرۈك ئەسۋابلىرى تەييار قىلىڭلار، يۇقىرى توققۇز ئۆلۈم كېچىكلىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىڭلار» دېگەندەك مەزمۇندىكى كەسكىن بۇيرۇقلارنى يەتكۈزۈشى، بۇنىڭ بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزبېكلەر تەپرىقىسىدىن دىلى يارا بولغان خەلق غەيرەتلىنىپ ئۈمىدۋار بولۇشى لازىم ئىدى. سۇلتان ھۆسەين مىرزىدەك تېمۇر بەگ ئورنىغا ئولتۇرغان چوڭ پادىشاھ

دۈشمەنگە قارشى يۈرۈش قىلىش ئۈستىدە سۆزلىمەي، يەرلەرنى بېكىتىش ئۈستىدە سۆزلىسە، خەلقتە نېمە ئۈمىدۋارلىق قالسۇن!

بىز بىلەن كەلگەنلەرنىڭ ئۆيۋاقىنى، باقى چاغانىيانى ۋە ئوغلى مۇھەممەد قاسىمنىڭ ھەم ھەممە سىپاھىي ۋە ئەيماقلىرىنىڭ ئۆيۋاقى ۋە ماللىرىنى ئەجەردە قويۇپ، چېرىكنى ئېلىپ چىقتۇق. خۇسرەۋ شاھنىڭ موغۇللىرىدىن: «پادىشاھ تەرەپكە ئۆتۈش نىيتى بىلەن بارلىق موغۇل ئۇلۇسى تايخان (تالقان نامى بىلەن مەشھۇر)دىن كۆچۈپ، ئىشكەمش ۋە خۇلۇل تەرەپكە ماڭدۇق، پادىشاھ غەيرەت قىلىپ تېز يېتىپ كەلسۇن، خۇسرەۋ شاھنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىسيان كۆتۈرۈپ، پادىشاھ خىزمىتىگە كەلگۈسىدۇر» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ، كىشىلەر كېلىشكە باشلىدى.

شۇ ئەسنادا، شەيباقخاننىڭ ئەندىجاننى ئېلىپ، ھىسار ۋە قۇندۇزغا چېرىك تارتقانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇسرەۋ شاھ قۇندۇزدا تۇرالماي، ھەممە ئادىمىنى كۆچۈرۈپ (123) كابۇلغا سەپەر قىلدى. خۇسرەۋ شاھ قۇندۇزدىن كۆچۈپ چىقىشىغا، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ۋە تۆھپىكار ئادىمى بولغان موللا مۇھەممەد تۈركىستانىي قۇندۇزنى شەيباقخان تەرەپ بولۇپ بېكىتتى. بىز سەمتۇ يولى بىلەن قىزىلسۇ تەرىپىگە چۈشكەن ۋاقتىمىزدا، ھىسار ۋە قۇندۇزدىكى خۇسرەۋ شاھقا تەۋە موغۇل ئۇلۇسى ئۆيۋاقى بىلەن كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. يۇقىرىدا تەكرار گېپى بولۇپ ئۆتكەن قەنبەر ئەلى موغۇل گېپى چۇۋالچاق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى باقى بەگكە ياقمىدى. باقى بەگنىڭ خاتىرىنى قىلىپ، قەنبەر ئەلىغا رۇخسەت بېرىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇشۇكۇر شۇنىڭدىن بېرى جەھانگىر مىرزىنىڭ مۇلازىمى بولۇپ قالدى.

خۇسرەۋ شاھ موغۇل ئۇلۇسىنىڭ بىزگە قوشۇلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالاقزادە بولۇپ، ھېچ چارە قىلالماي، كۆيئوغلى ياقۇپ ئەييۇبنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، قۇللۇق ۋە ساداقەت ئىزھار قىلدى ۋە ئەھدە قىلساق، خىزمىتىمىزگە كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باقى چاغانىيانى ئىختىيار ئىدى، ئۇ ماڭا ھەرقانچە ساداقەت بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئاغىسىنىڭ تەرىپىنىمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن مۇنداق ئەھدە بولدى: ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈلمەيدۇ. مېلىغىمۇ ئۆزى خالىغىنىچە ئىگە بولىدۇ، بۇ جەھەتتە بېسىم ئىشلىتىلمەيدۇ. ياقۇبنى يولغا سالغاندىن كېيىن، قىزىلسۇنىڭ تۆۋىنىگە كۆچۈپ، ئەندەراب سۈيىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرىگە يېقىن (ب 123) يەرگە چۈشتۇق.

ئەتىسى، رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۆلەك ئادەم بىلەن ئەندەراب سۈيىدىن ئۆتۈپ، دۇشى تەۋەسىدىكى بىر يوغان چىنارنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردۇم. ئۇ تەرەپتىن خۇسرەۋ شاھ دەبدەبە بىلەن نۇرغۇن كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلدى. قائىدە-يوسۇن بويىچە يىراقتا ئاتتىن چۈشۈپ كەلدى. كۆرۈشكەندە ئۈچ قېتىم يۈكۈنۈپ، قايتقاندىمۇ ئۈچ قېتىم يۈكۈندى. ئەھۋال سورىغاندا ۋە تارتۇق تارتقاندىمۇ بىردىن يۈكۈندى. جەھانگىر مىرزا بىلەن مىرزا خانغىمۇ شۇ يوسۇندا يۈكۈندى. قېرى ئەبلەخ قانچە يىللاردىن خالىغىنىچە ئىش قىلىپ، سەلتەنەتتىن پەقەت ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتمىغىنىلا قالغانىدى. يىگىرمە بەش-يىگىرمە ئالتە قېتىم يۈكۈندى. بىردەم ئۇ يانغا، بىردەم بۇ يانغا مېڭىپ يۈرۈپ، چارچاپ يىقىلىشقا ئاز قالدى، نەچچە يىل قىلغان بەگلىكى ۋە سەلتەنىتى پۈتۈنلەي بۇرنىدىن چىقتى. كۆرۈشۈپ، تارتۇق تارتقاندىن كېيىن، ئولتۇرۇشقا

بۇيرۇدۇم، ئۇلتۇردى. بىردەم، يېرىم دەم ئۇ ياندىن-بۇ ياندىن سۆز بولدى. نامەردلىك ۋە نانكورلۇقىغا يارىشا سۆزلىرىمۇ پۇچەك ھەم لاۋزا ئىكەن. ئۇنىڭ ئىشەنگەن ۋە ئېتىبار قىلغان نۆكەرلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا توپ-توپ كېلىپ ماڭا نۆكەر بولدى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، پادىشاھلىق قىلىپ يۈرگەن بۇ ئەبلەخ مانا مۇشۇنداق خار-زارلىقتا خالار-خالىماس كېلىپ، مانا مۇشۇنداق سۈرەتتە مەن بىلەن كۆرۈشتى. (124) شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ ئىككى ئېغىز سۆز چىقتى. ئۇنىڭ بىرى شۇكى، نۆكەرلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغانلىقى يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىلگەندە، «بۇ نۆكەر تۆت قېتىم مەندىن ئايرىلىپ، يەنە كەلگەن» دېدى. يەنە بىرى شۇكى، ئۇنىڭ ئىنىسى ۋەلى توغرۇلۇق، «ئۇ قاچان كېلىدۇ؟ ئامۇ دەرياسىدىن قايسى كېچىك بىلەن ئۆتىدۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، «ئەگەر كېچىك تېپىلسا، تېزلا كېلىدۇ، لېكىن سۇ ئۇلغايغانسېرى كېچىك ئۆزگىرىدۇ. ئان گۇزەررا ئاب بۇرد (ئۇ كېچىكنى سۇ ئالدى) دېگەن بىرگەپ بار» دېدى. ئۇنىڭ دۆلىتى ۋە نۆكىرىنىڭ يۆتكەلگەنلىكىگە قارىتىلغان بۇ سۆزنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭرى سالدى.

بىردەمدىن كېيىن ئاتلىنىپ ئوردۇغا كەلدىم. ئۇمۇ چۈشكەن يېرىگە كەتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ چوڭ-كىچىك، ياخشى-يامان بەگ ۋە يىگىتلىرى توپ-توپى بىلەن ئۆيۋاق ۋە ماللىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، بىزگە كېلىشكە باشلىدى. ئەتىسى ناماز پېشىنغىچە، ئۇنىڭ قېشىدا ھېچكىم قالمىدى. (ئايەت) «قل اللهم مالك الملك تؤتى الملك من تشاء وتنزع الملك ممن تشاء وتعز من تشاء وتذل من تشاء بيدك الخيرانك على كل شيء

قدير» (ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللا! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن. خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن).

تەڭرى نېمىدېگەن قۇدرەتلىك! يىگىرمە-ئوتتۇزمىڭ نۆكەرنىڭ ئىگىسى بولغان، دەربەندى ئاھەنىن دەپمۇ ئاتىلىدىغان قەھلۇغەدىن ھىندۇكۇش تېغىغىچە سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا تەئەللۇق ۋىلايەتلەرنى تامامەن ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالغان، (ب 124) ھەسەن بارلاس ناملىق بىر ئەبلەخ باجگىرى ئىلەكتىن ئۇياچقە قەدەر ئۆكتەملىك بىلەن باجگىرلىك قىلىپ، بىزنى كۆچۈرىدىغان بىر ئادەمنى بىر يېرىم كۈننىڭ ئىچىدە ئۇرۇشسىز-تالاشسىزلا بىزدەك نامرات ۋە مەغلۇپ بولغان ئىككى يۈز-ئىككى يۈز ئەللىك ئادەمنىڭ قېشىدا شۇنچە خار، چۈشكۈن ۋە ئاجىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىكى، ئۇنىڭ نە ئۆز نۆكىرىگە، نە مېلىغا، نە جېنىغا ئىگە بولغۇدەك ئىقتىدارى بولسۇن!

خۇسرەۋ شاھ بىلەن كۆرۈشۈپ يانغان ئاخشىمى مىرزاخان مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئاغىلىرىنىڭ قېنىنى دەۋا قىلدى. ئارىمىزدىكىلەردىن بەزىلەرمۇ شۇ پىكىردە ئىدى. دەرۋەقە، شەرىئەت ۋە ئادەت بويىچىمۇ مۇنداق ئادەملەر جازاسىنى تارتىشقا تېگىشلىك ئىدى. بىراق، ئەھدە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، خۇسرەۋ شاھنىڭ ئۆزى ئېلىپ كېتەلىگۈدەك نەرسىسىنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىشكە بۇيرۇق قىلىپ پەرمان چىقاردۇق. ئۇ ئۈچ-تۆت قاتار قېچىر ۋە تۆگىگە بارلىق گۆھەر، ئالتۇن-كۈمۈش، نەپىس نەرسىلىرىنى يۈكلەپ ماڭدى.

شىرىم تاغايىنى خۇسرەۋ شاھقا قوشۇپ، ئۇنى غۇرى ۋە دەھانە يولى بىلەن خۇراسان تەرەپكە ماڭدۇرغاندىن كېيىن، كاھمەردكە بېرىپ، ئۆيۋاقىمىزنى كەينىمىزدىن كابۇلغا ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتۇق.

ئۇ قارارگاھتىن كابۇل سەپىرى بىلەن كۆچۈپ، خوجا زەيدكە كېلىپ چۈشتۇق. شۇ كۈنى ھەمزەبى مەڭغىت ئۆزبېك چاپقۇنچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، دۈشمەن تەۋەسىنى چاپقۇن قىلدى. سەيد قاسىم ئىشىك ئاغا بىلەن ئەھمەد قاسىم كۆھبەرنى (125) بىر قىسىم يىگىتلەر بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار بېرىپ، باسقۇنچىلارغا كېلىشتۈرۈپ زەربە بېرىپ، بىر قانچىسىنىڭ بېشىنى كېسىپ كەلدى. مۇشۇ قارارگاھتا خۇسرەۋ شاھنىڭ قورال-ياراغ ئامبىرىدىكى قورال-ياراغلارنى ئۈلەشتۈردۇق. يەتتە-سەككىز يۈزچە ساۋۇت ۋە ئېگەر چىقتى. خۇسرەۋ شاھتىن قالغان نەرسە شۇ ئىدى. يەنە بىرمۇنچە قاچا-قۇچىلار بار ئىكەن، باشقا كۆزگە كۆرۈنگىدەك بىر نەرسە يوق ئىدى.

خوجا زەيدتىن چىقىپ ئارىدا تۆت-بەش قونۇپ، غۇربەندكە كەلدۇق. ئۇشتۇر شەھرىگە چۈشكەندە، مۇقىمنىڭ ئىختىيار بېگى شىرەك (شىكە) ئارغۇننىڭ بىزدىن بىخەۋەر، چېرىك بىلەن كېلىپ باران ياقىسىغا چۈشكەنلىكىنى ۋە پەنچھىر يولى بىلەن ئۆتكەن كىشىلەرنى شۇ چاغدا كابۇلدىن قېچىپ بېرىپ، لەمغان تەۋەسىدىكى تەركلانىي ئافغانلار① ئارىسىدا تۇرغان ئابدۇررەززاق مىرزا قېشىغا بارغىلى قويمايۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پېشىن بىلەن دىگەر ئارىلىقىدا ئۇ يەردىن

---

① تەركلانىي ئافغانلار — كابۇل ۋىلايىتىنىڭ لەمغان تەۋەسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئافغانلارنىڭ بىر قەبىلىسى.

كۆچۈپ، كېچىچە يول مېڭىپ، تاڭ ۋاقتىدا ھۇبيان ئۆتكىلىدىن ئاشتۇق، سۇھەيل① يۇلتۇزىنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. تاغقا چىقىشىمىز بىلەنلا جەنۇب تەرەپتە تۆۋەنرەك بىر يورۇق يۇلتۇز كۆرۈندى. مەن: «بۇ سۇھەيل بولمىسۇن» دېدىم، «ئۇ سۇھەيل» دېيىشتى. باقى چاغانىيانى مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تۇ سۇھەيلى تاكۇجا تابىيۇ كۇجا تالى شەۋى،

چەشمى تۇ بەر ھەركى مىيەفتەد نىشانى دەۋلەت ئەست.

(سەن سۇھەيل يۇلتۇزىسەن، قايەردە تاۋلىنىپ، قايەردىن چىقساڭ ۋە كۆزۈڭ كىمگە چۈشسە، شۇ دۆلەت نىشانىسىدۇر).

كۈن نەيزە بويى بولغاندا، سىنجىد دەرەنىڭ ئايىغىغا كېلىپ چۈشتۇق. بىزنىڭ ئالدىمىزدا (ب 125) ماڭغان قاراۋۇل يىگىتلەر ۋە باشقا بىر قىسىم يىگىتلەر قارا باغنىڭ ئايىغىدىكى ئېگرىيار تەۋەسىگە يېتىپ بېرىپلا شىرەك بىلەن تۇتۇشىدۇ ۋە ئۇرۇشا-ئۇرۇشماي-لا، ئۇلارنى يېڭىدۇ. يىگىتلىرىمىز شىركنى ھەم يەتمىش-سەكسەن، يۈزگە يېقىن ئوبدان يىگىتنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. شىرەكنىڭ قېنىدىن كېچىپ ئۇنى مۇلازىم قىلدۇق.

خۇسرەۋ شاھ ئۆز ئېلىگە باقماي، كابۇل سەپىرى بىلەن قۇندۇزدىن چىققاندا، ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئەل ۋە ئۇلۇس بەش-ئالتە بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ بەدەخشاندىكى بىر بۆلىكى سەيدىم ئەلى دەربان باشچىلىقىدا رۇستا ئېتىكىدە تۇراتتى. ئۇلار پەنچھىر يولى بىلەن ئېشىپ كېلىپ مۇشۇ قارارگاھتا بىزگە مۇلازىمەت قىلدى. يۇسۇف ئەييۇب ۋە بەھلۇل ئەييۇب باشچىلىقىدىكى بىر بۆلىكىمۇ مۇشۇ قارارگاھتا مۇلازىمىتىمىزگە كەلدى. بىر بۆلىكى خۇسرەۋ

① سۇھەيل — بىر يورۇق يۇلتۇز، ئۆمۈر يۇلتۇزى.

شاھنىڭ ئىنىسى ۋەلى باشچىلىقىدا خەتلاندا ئىدى، بىر بۆلىكى بولسا يىلانچىق، نەكدەرىي، قاقشال ۋە قۇندۇز ۋىلايىتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەيماقلار ئىدى. ھەر ئىككى بۆلەك ئەندەراب ۋە سەراب بىلەن كېلىپ پەنچھىردىن ئېشىپ ئۆتۈش خىيالىدا ئىدى. ئەيماقلار بۇرۇنراق سەرابقا كەلگەندە، كەينىدىن ۋەلى يېتىپ كەلدى، ئەيماقلار ئۇنى توسۇپ ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ قىلدى. ۋەلى قېچىپ بېرىپ ئۆز بېكلەرگە قوشۇلدى. شەيباقخان سەمەرقەند رەستىسىدە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدۇردى. ئۇنىڭ نۆكەرلىرى بۇلىنىپ-تالىنىپ، ئەيماقلار بىلەن بىللە مۇشۇ قارارگاھتا مۇلازىمىتىمىزگە كەلدى. سەيىد يۇسۇف بەگ ئوغلاقچىمۇ (126) ئەيماقلار بىلەن بىللە كەلدى.

بۇ قونالغۇدىن كۆچۈپ، قاراباغ يېنىدىكى ئاق ساراي ئوتلىقىغا كېلىپ چۈشتۇق. خۇسرەۋ شاھنىڭ ئادەملىرى زۇلۇم ۋە باشباشتاقلىقتا ئۆگىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاھالىغا زۇلۇم سېلىشقا باشلىدى. ئاخىر سەيدىم ئەلى دەربانىنىڭ بىر ئوبدان نۆكىرى بىرسىنىڭ بىر كوزا يېغىنى تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئەكەلدۈرۈپ تاياق بىلەن ئۇرغۇزدۇم، ئۇنىڭ تاياق ئاستىدىلا جېنى چىقتى. بۇ ھەيۋە بىلەن ھەممىسى بېسىلدى.

مۇشۇ قونالغۇدا بولغان ۋاقتىمىزدا كابۇلغا دەرھال ھۇجۇم قىلىش-قىلماسلىق توغرۇلۇق كېڭەش ئۆتكۈزدۇق. سەيىد يۇسۇف ۋە باشقا بەزى كىشىلەر: «قىش يېقىنلاپ قالدى، دەرھال لەمغانغا بارايلى ۋە شۇ يەردە قانداق قىلىش زۆرۈر بولسا، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلايلى» دېگەن پىكىردە بولدى. باقى چاغانىيانى ۋە باشقا بەزى كىشىلەر كابۇلغا ھۇجۇم قىلىش تەرەپدارى بولدى. ئاخىردا

كابۇلغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدۇق ۋە بۇ يەردىن كۆچۈپ ئابا قورۇقىغا كېلىپ چۈشتۇق. مۇشۇ قارارگاھتا تۇرغان ۋاقتىمىزدا مېنىڭ ئانام باشلىق كاھمەردتە قالغان تۇغقانلار كۆپ مۇشەققەت ۋە خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىزگە كېلىپ قوشۇلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: بىز شىرىم تاغايىنى خۇسرەۋ شاھقا قوشۇپ، خۇسرەۋ شاھنى خۇراسانغا ئۆزىتىپ قويغاندىن كېيىن، بېرىپ تۇغقانلارنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدۇق. دەھانىگە بارغاندا شىرىم ھوقۇقسىز بولۇپ قالدۇ، خۇسرەۋ شاھ شىرىم بىلەن بىللە كاھمەردكە باردۇ. ئۇنىڭ جىيەنى ئەھمەد قاسىم كاھمەردتە ئىدى. خۇسرەۋ شاھ (ب 126) ئەھمەد قاسىمنى ئۆزىگە تارتىپ، مېنىڭ تۇغقانلىرىمغا يامانلىق قىلىش كويىدا بولدۇ. باقى چاغانىيانىنىڭ نۇرغۇن موغۇللىرى تۇغقانلار بىلەن بىللە كاھمەردتە ئىدى. ئۇلار يوشۇرۇنچە شىرىم بىلەن كېلىشىپ خۇسرەۋ شاھ بىلەن ئەھمەد قاسىمنى تۇتماقچى بولدۇ. خۇسرەۋ شاھ بىلەن ئەھمەد قاسىم ئەجەر ئېغىزىنىڭ يېنىدىكى يول بىلەن قېچىپ خۇراسانغا كېتىدۇ. موغۇللارنىڭ بۇ تەرەپدارلىقتىن غەرىزى ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن ئايرىش ئىكەن. تۇغقانلار بىللە بولغانلار خۇسرەۋ شاھنىڭ تەھلىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەجەردىن چىقىپ، كاھمەردكە يەتكەندە، ئىسقانچى قەبىلىسى① دۈشمەنلىشىپ ئۇلارنىڭ يولىنى توسايدۇ. تۇغقانلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ۋە باقى بەگكە تەئەللۇق ئەل-ئۇلۇسنى تۇتۇپ تالايدۇ. قۇل بايەزىدنىڭ ئوغلى تىزەك تېخى كىچىك ئىدى، شۇ يەردە ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۈچ-تۆت يىلدىن كېيىن كابۇلغا

① ئىسقانچى قەبىلىسى — كابۇل ۋىلايىتىنىڭ كاھمەرد تەۋەسىدە ئولتۇرۇشلۇق قەبىلىلەردىن.

كەلدى. تۇغقانلار بۆلىنىپ-تالىنىپ، بىز ئۆتكەن قىپچاق يولى بىلەن ئېشىپ ئۆتۈپ ئابا قورۇقىدا بىزگە كېلىپ قوشۇلدى.

ئۇ يەردىن كۆچۈپ، ئارىدا بىر قونۇپ چالاك ئۇتلىقىغا كەلدۇق. بۇ يەردە كېڭىشىپ، كابۇلنى مۇھاسىرە قىلىش قارارىغا كەلدۇق. مەن ئۆزۈمنىڭ غولىغا ئايرىلغان ھەممە ئادىمىم بىلەن ھەيدەر تەقىنىڭ بېغى بىلەن قۇل بايەزىد بەكاۋۇلنىڭ مەقبەرىسى ئارىلىقىغا چۈشتۇم؛ جەھانگىر مىرزا ئوڭ قانات قىسىم ئادەملىرى بىلەن بىزنىڭ چوڭ چارباغقا چۈشتى؛ ناسىر مىرزا سول قانات قىسىم ئادەملىرى بىلەن قۇتلۇق قەدەم مەقبەرىسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئوتلاقا چۈشتى. (127) ئادەملىرىمىز كەينى-كەيندىن بېرىپ مۇقىم بىلەن سۆزلىشىپ تۇردى، ئۇ گاھى ئۆزرە ئېيتىپ، گاھى يۇمشاق سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇ ئاتىسى بىلەن ئاغىسىغا ئادەم چاپتۇرغان بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق قىلىپ ۋاقىتنى سوزماقتا ئىدى. بىر كۈنى، غول قىسىم، ئوڭ قانات قىسىم ۋە سول قانات قىسىمدىكىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ساۋۇت كىيىپ، ئاتلىرىغىمۇ كېجىم تاقاپ قورغانغا يېقىنراق بېرىپ، بىر تەرەپتىن ياراغ كۆرستىشى، يەنە بىر تەرەپتىن قورغان ئىچىدىكىلەرگە ھەيۋە قىلىشى توغرۇلۇق پەرمان بېرىلدى. جەھانگىر مىرزا ئوڭ قانات قىسىم تۇرغان يەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچە باغ يولى بىلەن ئىلگىرىلىدى. غول قىسىم تۇرغان يەرنىڭ ئالدىدا سۇ بار ئىدى. شۇڭا مەن غول قىسىمنى ئېلىپ، قۇتلۇق قەدەم مەقبەرىسى تەرىپىدىن كېلىپ، ئېدىرنىڭ ئالدىدىكى دۆڭ ئۈستىگە چىقتىم. ئالدىنقى قىسىمدىكىلەر قۇتلۇق قەدەم كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ باردى. ئۇ چاغدا كۆۋرۈك يوق ئىدى، يىگىتلەر شوخلۇق قىلىپ،

جەرمگەران دەرۋازىسىغىچە چېپىپ باردى. قورغاندىن چىققان ئازغىنە ئادەم ئۇرۇشمۇ قىلماي، قاچقىنىچە قورغانغا كىرىپ كەتتى. ئەرك سېپىلىنىڭ تۆۋى ئېگىز ئىدى. نۇرغۇن كابۇل ئاھالىسى سەيلىگە چىققانىكەن، چىرىكنىڭ قېچىشى بىلەن ئۇلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ تۆۋەنگە چۈشتى. كۆۋرۈك بىلەن دەرۋازىنىڭ ئارىسىدىكى دۆڭدە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا نۇرغۇن ئورىلارنى قېزىپ، (ب 127) ئۈستىنى بوش قىلىپ يېپىپ قويۇشقانىكەن، سۇلتان قۇلى چاناق ۋە باشقا بەزى يىگىتلەر چېپىپ كېتىۋېتىپ ئورىغا چۈشۈپ كەتتى. ئوڭ قانات قىسمىدىن بىر-ئىككى يىگىت كوچە باغ ئارىسىدا قورغاندىن چىققانلار بىلەن بىر-ئىككى قىلىچ چېپىشتى. ئۇرۇشۇشقا پەرمان بولمىغىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك قىلىپ قويۇپلا ياندى. قورغان ئىچىدىكىلەر ساراسىمىگە چۈشتى. مۇقىم بەگلەرنى ئارىغا سېلىپ، قۇللۇققا كېلىپ، كابۇلنى تاپشۇرماقچى بولدى ۋە باقى بەگ چاغانىيانىنىڭ ۋاستىچىلىك قىلىشى بىلەن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى، بىزمۇ ئىنايەت ۋە شەپقەت ئىپادىسىدە بولۇپ، ئۇنى ۋەھىمە ۋە ئەندىشىلەردىن خالاس قىلدۇق. ئۇ ئەتىسى ئادەملىرى بىلەن مال دۇنياسىنى ئېلىپ چىقىپ، قورغاننى تاپشۇرماقچى بولدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ ئادەملىرى باشباشتاقلىقتا ۋە بۇلاڭچىلىقتا ئۆگىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇقىمنى ئۆزىگە تەئەللۇق ئادەملىرى ۋە مال-دۇنياسى بىلەن كابۇلدىن چىقىرىشقا جەھانگىر مىرزا، ناسىر مىرزا باشلىق چوڭ بەگلەرنى ۋە ئىچكىيلەرنى بەلگىلىدۇق. تىبەنى مۇقىمنىڭ تۇرىدىغان يۇرتى قىلىپ بەلگىلىدۇق. ئەتىسى سەھەر مىرزىلار ۋە بەگلەر دەرۋازىلارغا بېرىپ، خەلقنىڭ ھۇجۇم ۋە غوۋغاسىنى كۆرۈپ، «سىز كەلمىسىڭىز، بۇ خەلقنى توسىغىلى بولمايدىكەن» دەپ ماڭا ئادەم ئەۋەتتى.

ئاخىر ئۆزۈم ئاتلاندىم. تۆت-بەش ئادەمنى ئېتىپ (128) بىر-ئىككى ئادەمنى چاپقۇزدۇم، شۇنىڭ بىلەن غوۋغا بېسىلدى. مۇقىم ئۆز ئادەملىرى بىلەن ساق-سالامەت تىبەگە بېرىپ چۈشتى. رەبىيەلئەۋ-ۋەل ئېيىنىڭ ئاخىرىدا تەڭرى تەئالانىڭ فەزلى-كەرەمى بىلەن كابۇل ۋە غەزنى ۋىلايىتى جەڭ-جېدەلسىز مېنىڭ قولۇمغا كىردى.

كابۇل ۋىلايىتى تۆتىنچى ئىقلىمدىن بولۇپ، ئاۋات جايلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. شەرق تەرىپى لەمغانات، پەرشاۋەر ۋە باشقا ھىند ۋىلايەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ غەرب تەرىپى گەرىۋ (كەرنۇد) ۋە غۇر جايلاشقان تاغلار بىلەن تۇتىشىدۇ، ھازىر بۇ تاغلار ھەزارە ۋە نەكدەرى قوۋملىرىنىڭ ماكانىدۇر؛ شىمال تەرىپى قۇندۇز ۋە ئەندەراب ۋىلايەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، ھىندۇكۇش تېغى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا؛ جەنۇب تەرىپى فەرمۇل، نەگار، بەننۇ ۋە ئافغانىستان بىلەن تۇتىشىدۇ. كىچىك، لېكىن ئۆزۈن ۋىلايەتتۇر، ئۇزۇنلۇقى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان. ئەتراپى پۈتۈنلەي تاغ. قەلئەسى تاغقا يانداشىپ تۇرىدۇ. قەلئەنىڭ غەرب تەرىپىدە تاغنىڭ ئۈستىگە شاھ كابۇل بىر سارايى سالدۇرغىنى ئۈچۈن، بۇ تاغنى شاھ كابۇل دەپ ئاتايدۇ. بۇ تاغ دىۋرىن ئېغىزىدىن باشلىنىپ، ياقۇب ئېغىزىدا ئاخىرلىشىدۇ، چۆرىسى ئىككى شەرئى كېلىدۇ. بۇ تاغنىڭ ئېتىكى پۈتۈنلەي باغ. مېنىڭ چوڭ ئاتام ئۇلۇغبەگ مىرزا زامانىدا، مىرزىنىڭ ئەتكىسى ۋەيس ئەتكە بۇ تاغنىڭ ئېتىكىگە بىر ئېرىق چاپتۇرغانىكەن. تاغ ئېتىكىدىكى باغلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئېرىقتىن سۇ ئىچىدۇ. سۇ بويىدا گۈلكىنە دېيىلىدىغان ئىنتايىن خىلۋەت بىر مەھەللە بار. ئۇ يەردە كەيپ-ساپا، پاھىشە ئىشلىرى بولۇپ ئۆتكەن بولسا كېرەك، گاھىدا

چاقچاق ئۇچۇن (ب 128) خوجا ھافىزنىڭ بېيىتىنى ئۆزگەرتىپ ئوقۇشاتتى:

ئەي خۇش ئان ۋەقتى كى بى پاۋۇ سەر ئەييامى چەند،
ساكىنى گۇلكىنە بۇدىم بەبەدنامى چەند.

(ئۇ نېمدېگەن خۇش چاغلار ئىدى؛ ئەركىن يايراپ، بىرقانچە كۈن گۇلكىنەدە بىرنەچچە يامان ئاتلىق بىلەن بىللە تۇرغانىدۇق)

قەلئەنىڭ جەنۇب تەرىپى، شاھ كابۇلنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر چوڭ كۆل بار، چۆرۈلمىسى بىر شەرئىگە يېقىن كېلىدۇ. شاھ كابۇلدىن كابۇلغا ئۇدۇل كىچىكرەك ئۈچ بۇلاق بار، ئۇنىڭ ئىككىسى گۇلكىنە تەۋەسىدە، بىر بۇلاقنىڭ بېشىدا خوجاشەمۇ ناملىق بىر مازار بار. يەنە بىرىنىڭ بېشىدا خوجا خىزرنىڭ قەدەمگاھى بار. بۇ ئىككى يەر كابۇل ئاھالىسىنىڭ سەيلىگاھىدۇر. يەنە بىر بۇلاق خوجا رۇشنايى دېيىلىدىغان خوجا ئابدۇسەمەدنىڭ ئۇدۇلىدا. شاھ كابۇل تېغىدىن ئوقابەين دېيىلىدىغان بىر تۇمشۇق ئايرىلىپ چىققان. ئوقابەيندىن باشقا يەنە ئايرىم بىر كىچىك تاغ بار، كابۇل قەلئەسىنىڭ ئەركى شۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن. چوڭ قورغان ئەركىنىڭ شىمال تەرىپىدە. بۇ ئەرك ئىنتايىن ئېگىز ھەم ھاۋالىق يەرگە سېلىنغان. چوڭ كۆل بىلەن سىيەھسەڭ، سوڭ قورغان، چالاك دېگەن ئۈچ ئوتلاق ئاستى تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئوتلاقلار كۆك چىققان مەزگىللەردە ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. يازلىقى كابۇلدا پەرۋان شامىلى دەيدىغان شىمال شامىلى ئۆكسۈمەيدۇ. ئەركىنىڭ پەنجىرىسى شىمالغا قارىتىلغان ئۆيلىرى ئىنتايىن خۇش ھاۋادۇر. موللا مۇھەممەد تالىب مۇئەممائىي كابۇل ئەركىنى (129) تەسۋىرلىگەن بىر بېيىتنى بەدىئۇززەمان مىرزىغا بېغىشلاپ ئوقۇيدۇ:

بىخۇر دەر ئەركى كابۇل مەي، بىگەردان كاسە پەيدەرپەي،
كى ھەم كۇھەستۇ ھەم دەريا يۇ ھەم شەھرەستۇ ھەم سەھرا.
(كابۇل ئەركىدە شاراب ئىچ، قەدەھنى ئارقا-ئارقىدىن ئايلاندۇر؛
بۇ يەر ھەم تاغ، ھەم دەريا ھەم شەھەر، ھەمدە سەھرا)

ئەرەبلەر ئەرەبتىن باشقىسىنى ئەجەم دېگىنىگە ئوخشاش، ھىندىستانلىقلارمۇ ئۆزلىرىدىن باشقىسىنى خۇراسان دەيدۇ. ھىندىستان بىلەن خۇراسان ئارىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولىدا ئىككى سودا مەركىزى بولۇپ، بىرى كابۇل، يەنە بىرى قەندەھاردۇر. فەرغانە، تۈركىستان، سەمەرقەند، بۇخارا، بەلخ، ھىسار ۋە بەدەخشاندىن كابۇلغا كارۋانلار كېلىدۇ. خۇراساندىن قەندەھارغا كارۋانلار كېلىدۇ، ھىندىستان بىلەن خۇراساننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بۇ ۋىلايەت ئىنتايىن ياخشى سودا ئورنىدۇر. سودىگەرلەر خىتايغا، رۇمغا بارسىمۇ مۇشۇ يەردىكىچىلىكلا سودا قىلالايدۇ. كابۇلغا ھەر يىلى يەتتە-سەككىز مىڭ، ئون مىڭ ئات كېلىدۇ؛ تۆۋەنكى ھىندىستاندىن ئون-ئون بەش مىڭ، يىگىرمە مىڭ كارۋان كېلىدۇ. ھىندىستاندىن ئاق رەخت، قەنت، شېكەر، خۇش بۇي نەرسىلەر ئېلىپ كېلىنىدۇ. نۇرغۇن سودىگەرلەر ئونغا ئوتتۇز-ئونغا قىرىق پايدىغا رازى بولمايدۇ. كابۇلدىن خوراسان، ئىراق، رۇم ۋە چىن رەختلىرى تېپىلىدۇ. بۇ يەر ھىندىستاننىڭ ياخشى بازىرىدۇر.

كابۇلنىڭ ئىسسىق يەرلىرى بىلەن سوغۇق يەرلىرى يېقىن. كابۇلدىن بىر كۈندە مۇتلەق قار ياغمايدىغان يەرگە، نۇجۇمىي ئىككى سائەتتە مەڭگۈ قار ئۆكسۈمەيدىغان يەرگە يەتكىلى بولىدۇ. پەقەت ئاندا-ساندىلا يازلىقى (ب 129) قار تۈگىشى مۇمكىن.

ئىسسىق ئىقلىم ۋە سوغۇق ئىقلىم مېۋىلىرى كابۇل تەۋەسىدە كۆپ ھەم يېقىن. كابۇلدىن ھەم يېزىلىرىدىن ئۈزۈم، ئانار، ئۆرۈك، ئالما، بېھى، نەشپۈت، شاپتۇل، ئالۇچا، جىگدە، بادام، ياڭاق كۆپ چىقىدۇ. مەن جىنەستە كۆچىتى ئالدۇرۇپ تىكتۇردۇم، ياخشى بولدى، ھازىرغىچە كېڭىيىۋاتىدۇ. ئىسسىق ئىقلىم مېۋىلىرى، مەسىلەن، نارەنج ①، تۇرۇنج ②، ئەملۈك ③، شېكەر قومۇچىشى لەمغاناتتىن كەلتۈرىلىدۇ. شېكەر قومۇشىنى ئەكەلدۈرۈپ تېرىتقانىدىم. چىلغۇزەنى ④ نىجراۋدىن ئېلىپ كېلىدۇ. كابۇل ئەتراپىدىكى تاغلاردىن ھەسەل بەك كۆپ كېلىدۇ. ھەممىسىنىڭ ھەرە باقىدىغان ئورۇنلىرى بار، يالغۇز غەزنى تەرىپىدىكى تاغلاردىنلا ھەسەل چىقمايدۇ. كابۇلنىڭ لارىۋاجى ⑤ ياخشى بولىدۇ، بېھىسى بىلەن ئالۇچىسىمۇ ياخشى، شۇنىڭدەك بادرەنگمۇ، ياخشى بولىدۇ. ئابىئەنگۇر دەيدىغان بىر خىل ئۈزۈمى بار، بەك ياخشى ئۈزۈم. قۇۋۋەتلىك شارابلىرى بار. خوجا خاۋەسەئىد تاغ باغرىنىڭ شارابى كۈچلۈكلۈكى بىلەن مەشھۇر، بىراق يەنىلا تەقلىد يۈزىسىدىن «لەززەتى مەي مەست دانەد، ھۇشيارانرا چى ھەز» (شاراب لەززىتىنى مەست بىلەر، ھوشيارغا نېمە زوق بېرەر) دەپ تەرىپلىنىدۇ. تېرىلغۇسى ياخشى بولمايدۇ، ئوخشىغان زىرائەت ئون تۆت-ئون بەش ھەسسە ھوسۇل بېرىدۇ. قوغۇنىمۇ ياخشى ئەمەس. ئەگەر خۇراسان ئۇرۇقى بولسا،

① نارەنج — ئاپېلسىن.
② تۇرۇنج — لىموننىڭ بىرخىلى.
③ ئەملۈك — تۈركىي تىلدا «قارا يېمىش» دېيىلىدىغان بىرخىل مېۋە.
④ چىلغۇزە — بىرخىل قۇرۇق يېمىش.
⑤ لارىۋاج — «رەۋەند» مۇ دېيىلىدىغان بىرخىل دورا ئۆسۈملۈك.
⑥ بادرەنگ — لىموننىڭ بىر خىلى.

هەرھالدا يامان بولماس ئىدى.

هاۋاسى بەك ئېسل. دۇنيادا كابۇلنىڭكىدەك ياخشى هاۋاسى بار يەرنىڭ بارلىقى مەلۇم ئەمەس. يازلىقى كېچىدە يېپىنچا يېپىنماي ياتقىلى بولمايدۇ. قىشلىقى ئومۇمەن قار قېلىن ياغسمۇ، لېكىن قاتتىق سوغۇقى يوق. سەمەرقەند ۋە تەبرىزمۇ خۇش هاۋاسى (130) بلەن مەشھۇر، براق ئۇ يەرلەرنىڭ قاتتىق سوغۇقى بار.

كابۇل ئەتراپىدا تۆت ئېسل ئوتلاق بار. شەرقىي شىمال تەرىپىدە سوك قورغان ئوتلىقى بار، كابۇلدىن ئىككى كۇرۇھ كېلىدۇ، ئۆزى ياخشى ئوتلاق، ئوتى ئاتقا بەك ياقىدۇ، چىۋىنى ئاز. غەربىي شىمال تەرىپىدە چالاك ئوتلىقى بار، كابۇلدىن بىر كۇرۇھ كېلىدۇ، ئۆزى كەڭ ئوتلاق. يازلىقى چىۋىنى ئاتقا جاپا سالىدۇ. غەرب تەرىپىدە دىۋارىن ئوتلىقى بار، بۇ يەردە ئىككى ئوتلاق بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلىسى بىر دۆڭدە. يەنە قۇش نادىر ئوتلىقى بار. بۇ ھېساب بلەن بەش ئوتلاق بولغان بولىدۇ، ھەر ئىككى ئوتلاقتىن كابۇلغا بىر شەرئى كېلىدۇ، كىچىك ئوتلاقلاردۇر. لېكىن ئوتى ئاتقا بەك ياقىدۇ. چىۋىنى يوق. كابۇل ئوتلاقلىرى ئىچىدە بۇلارغا يېتىدىغان ئوتلاق يوق. كابۇلنىڭ شەرق تەرىپىدە سياھ سەڭ ئوتلىقى بار. چەرمگەران دەرۋازىسى بلەن بۇ ئوتلاق ئوتتۇرىسىدا قۇتلۇق قەدەمنىڭ مەقبەرىسى بار. يازلىقى چىۋىن بەك كۆپ بولىدۇ، شۇڭا بۇ ئوتلاقنى قورىيدىغانلار ئاز. بۇ ئوتلاققا تۇتاش كەمەرىي ئوتلىقىمۇ بار. بۇ ئېتىبار بلەن كابۇل ئەتراپىدا ئالتە ئوتلاق بار، لېكىن مەشھۇر بولغىنى يۇقىرىدىكى تۆت ئوتلاق.

كابۇل ۋىلايىتى مۇستەھكەم ۋىلايەت. دۈشمەنىنىڭ بۇ ۋىلايەتكە كىرمىكى مۇشكۇل. بەلخ، قۇندۇز ۋە بەدەخشان بلەن كابۇل ئوتتۇرىسىدا ھىندۇكۇش تېغى بار. بۇ تاغدىن ئاشىدىغان يەتتە يول بار، ئۈچ يول

پەنچھەردە. يۇقىرىدا جەۋەك ئۆتكىلى، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكتە تۇل ئۆتكىلى، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكتە بازارەك ئۆتكىلى بار. بۇ ئۈچ ئۆتكەلدىن (ب 130) ياخشىراقى تۇل ئۆتكىلىدۇر، بىراق يولى بىر ئاز ئۇزۇنراق، شۇڭا «تۇل» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك. ئۇدۇلراقى بازارەك ئۆتكىلىدۇر. تۇل ۋە بازارەك يولى سەرابقا چۈشىدۇ. بازارەك يولى سەرابنىڭ پارەندى دېگەن يېزىسىغا چۈشىدىغانلىقى ئۈچۈن، سەرابلىقلار بازارەك ئۆتكىلىنى پارەندى ئۆتكىلى دەيدۇ. يەنە بىرى پەرۋان يولىدۇر. چوڭ ئۆتكەل بىلەن پەرۋان ئارىسىدا يەنە يەتتە ئۆتكەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەفت بەچە دەپ ئاتايدۇ. ئەندەراب تەرەپتىن ئىككى يول كېلىپ، چوڭ ئۆتكەلدە قوشۇلۇپ، ھەفت بەچە بىلەن پەرۋانغا كېلىدۇ. ئىنتايىن مۈشكۈل يول. يەنە ئۈچ يول غۆربەندتە. پەرۋان يولىغا يېقىنراقى ياگى يول ئۆتكىلى بولۇپ، ۋەلىيان بىلەن خىنجانغا چۈشىدۇ. يەنە بىر يول قىپچاق ئۆتكىلى بولۇپ، ئەندەراب سۈيى بىلەن قىزىل سۇنىڭ قوشۇلغان يېرىگە چۈشىدۇ، بۇ يولمۇ ياخشى يول. يەنە بىر يول شىبەرتو ئۆتكىلى بولۇپ، يازلىقى سۇ ئۇلغايسا، شىبەرتۇ ئۆتكىلىدىن ئېشىپ، باميان ۋە سايغان بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. قىشلىقى ئابدەرە بىلەن ماڭىدۇ. قىشلىقى تۆت-بەش ئاي شىبەرتۇ يولىدىن باشقا ھەممە يول ئېتىلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئۆتكەلدىن ئېشىپ ئابدەرە بىلەن ماڭىدۇ. يازلىقى سۇ تاشقان مەزگىللەردىمۇ بۇ يوللار قىشتىكىدەك بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى، سۇ بويىدىكى يوللارنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكتىن ئۆتكىلى بولمايدۇ. بۇ يوللار بىلەن ماڭماي، تاغ بىلەن ماڭماقچى بولسا، ئۆتمەك بەك قىيىن. بۇ ئۆتكەللەردىن قار ئازايغان، سۇ (131) تارتىلغان ئۈچ-تۆت ئاي ئىچىدىلا ئۆتكىلى بولىدۇ. تاغلاردا ۋە تاغ ئېغىزلىرىدا يول توسىغۇچى كاپىرلار ئاز ئەمەس. خۇراساندىن كەلگەن يول قەندەھاردىن ئۆتىدۇ.

بۇ يول تۆپتۈز بولۇپ، ئۆتكەللىرى يوق. ھىندىستان تەرەپتىن چىقىدىغان تۆت يول بار. بىرى لەمغاناتتىن ئۆتىدۇ، بۇ يولنىڭ خەيبەر تاغلىرىدىن ئۆتىدىغان قىسمىدا ئازراق ئۆتكەل بار. بىرى بەنگەش ئارقىلىق كېلىدۇ، بىرى نەغەر ئارقىلىق، يەنە بىرى فەرمۇل ئارقىلىق كېلىدۇ، بۇ يوللاردىمۇ ئازراق ئۆتكەل بار. بۇ يوللار بىلەن ماڭغانلار سىند سۈيىنىڭ ئۈچ كېچىكىدىن ئۆتىدۇ. نىلاب كېچىكىدىن ئۆتكەنلەر لەمغانات ئارقىلىق كېلىدۇ. قىشلىقى كابۇل سۈيى بىلەن سىند سۈيى قوشۇلغان يەرنىڭ سەل يۇقىرىسىدىن ھەر ئىككى دەريا كېچىكىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەن ھىندىستانغا چېرىك تارتقان ۋاقىتلىرىمدا، كۆپىنچە شۇ كېچىكلەردىن ئۆتتۈم، بىر قېتىم، سۇلتان ئىبراھىمنى مەغلۇپ قىلىپ، ھىندىستاننى ئالغىنىمدا نىلاب كېچىكىدىن كېمە بىلەن ئۆتتۈم. مۇشۇ يەردىن باشقا، سىند سۈيىنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن كېمىسىز ئۆتكىلى بولمايدۇ. دىنكۇت كېچىكىدىن ئۆتكەنلەر بەنگەش ئارقىلىق كېلىدۇ. چۇپارە كېچىكىدىن ئۆتكەنلەر ئەگەر فەرمۇل ئارقىلىق ماڭسا، غەزنىگە، دەشت ئارقىلىق ماڭسا، قەندەھارغا بارىدۇ.

كابۇل ۋىلايىتىدە ھەرخىل قوۋملەر بار. تۈزلەڭلىرىدە تۈركىيلەر، ئەيماقلار ۋە ئەرەبلەر بار. شەھىرىدە ۋە بەزى يېزىلىرىدا سارتلار بار، بەزى (ب 131) يېزىلىرىدا ۋە ۋىلايەتلىرىدە پەشاي، پەراچى، تاجىك، بەرەكى ۋە ئافغانلار بار. غەزنى تاغلىرىدا ھەزارە ۋە نەكدەرلەر بار. ھەزارە ۋە نەكدەرلەرنىڭ ئىچىدە بەزى قەبىلىلەر موغۇل تىلىدا سۆزلىشىدۇ. شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى كەتتۇر، گەبرەك قاتارلىق تاغلىق يەرلەر كافىرستان، جەنۇبىي بولسا ئافغانىستاندۇر.

كابۇل ۋىلايىتىدە ئەرەبچە، پارسچە، تۈركىيچە، موغۇلچە، ھىندىچە، ئافغانچە، پەشايچە، پەراجىچە، گەبەرىچە، بەرەكىچە، لەمغانچە بولۇپ، ئون بىر-ئون ئىككى خىل تىل قوللىنىلىدۇ. ھېچقانداق بىر ۋىلايەتتە مۇنداق خىلمۇ خىل قوۋم ۋە پەرقلىق تىللارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

كابۇل ۋىلايىتى ئون تۆت تۈمەنگە بۆلۈنىدۇ. سەمەرقەند، بۇخارا تەرەپلىرىدە بىر چوڭ ۋىلايەتكە قارايدىغان كىچىك ۋىلايەتلەرنى «تۈمەن» دەيدۇ، ئەندىجان، كاشغەر تەرەپلىرىدە ئورچىن دەيدۇ، ھىندىستاندا بولسا، «پەرگەنە» دەيدۇ. بۇرۇن بەجۇر، سەۋاد، پەرشاۋۇر ۋە ھەشنەغەرلەرمۇ كابۇلغا تەۋە بولغانىكەن. ھازىر ئافغان قوۋمى تەرىپىدىن بەزىسى بۇزۇلۇپ، بەزىسى ئافغان تەۋەسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ۋىلايەتلىكى قالماپتۇ. كابۇلنىڭ شەرق تەرىپى لەمغاناتتۇر. بۇ ۋىلايەت بەش تۈمەن ۋە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. لەمغان تۈمەنلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى نىگەنھاردۇر. بۇ يەرنى بەزى تارىخ كىتابلىرىدا «نىگەرھار» دەپ يازىدۇ، مەركىزى ئەدىنەپۇردۇر. كابۇلنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى ئون ئۈچ يىغاچ كېلىدۇ. نىگەنھار بىلەن كابۇل ئوتتۇرىسىدىكى يول ئىنتايىن يامان. ئۈچ-تۆت يەردە كىچىك-كىچىك (132) ئۆتكەللەر بار، ئىككى-ئۈچ يەردە تاغ بوغىزى بار. خىرلجى ۋە بارلىق قاراقچى ئافغانلار دەستىدىن بۇ يول تىنچ ئەمەس ئىدى. بۇ ئارىلىقتا ئۆي-مەھەللە يوق ئىدى. قۇرۇق سايىنىڭ ئايىغىدىكى قاراتۇنى مەن ئاۋات قىلدۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن يولمۇ تىنچلاندى.

ئىسسىق ئىقلىم بىلەن سوغۇق ئىقلىمنىڭ پاسىلى بادام چەشمە ئۆتكىلىدۇر. بۇ ئۆتكەلنىڭ كابۇل تەرىپىدە قار ياغىدۇ، قۇرۇق ساي

ۋە لەمغانات تەرىپىدە بولسا، قار ياغمايدۇ. ئادەم بۇ ئۆتكەلدىن چۈشكەندىن كېيىن باشقىچە بىر دۇنياغا كىرگەندەك بولىدۇ: باشقىچە دەل-دەرەخ، باشقىچە ئوت-چۆپ، باشقىچە جانىۋار، باشقىچە ئۆرپ-ئادەتتىكى ئادەملەرنى كۆرىدۇ. نىگەنھاردا توققۇز ئېقىن بار. شال ۋە بۇغداي ئوخشايدۇ. نارەنج، تۇرۇنج ۋە ئانىرى مول ھەم ياخشى. ئەدىنەپۇر قورغىنىنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتە 914-يىلى① «باغى ۋەفا» ناملىق بىر چارباغ ياساتتىم. چارباغ بىلەن قورغان ئارىلىقىدا دەريا بولۇپ، چارباغ شۇ دەرياغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. ئىچىدە نارەنج، تۇرۇنج، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ. بەھارخانىنى يېڭىپ، لاھور ۋە دىپالپۇرنى ئالغان يىلى بانان ئالدۇرۇپ تىكتۈردۈم، ئوبدان كۆكلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى يىلى شېكەر قومۇشى تىرىلغانىدى، ئوبدان بولدى. ئۇنىڭدىن بەدەخشان ۋە بۇخارالارغىمۇ ئەۋەتىلدى. چارباغنىڭ ئورنى ئېگىز يەردە، ئېقىن سۈيى ئۆكسۈمەيدۇ، قىشلىقى ھاۋاسى مۆتىدىل. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىكرەك (ب 132) بىر دۆڭلۈك بار. بىر تاشلىق سۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھەم باغنىڭ ئىچىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدىن ئېقىپ تۇرىدۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ چىمەنزار مۇشۇ دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە. باغنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بىر كۆلچەك بولۇپ، ئەتراپىنى نارەنج دەرەخلىرى ئوراپ تۇرىدۇ، ئانار دەرەخلىرىمۇ بار. كۆلچەكنىڭ چۆرىسى پۈتۈنلەي بۆك-باراقسان بولۇپ، باغنىڭ ئەڭ گۈزەل يېرى ھېسابلىنىدۇ. نارەنجلەر سارغايغان چاغلاردا ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. باغ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل.

كۇھى سەفىد تېغى نىگەنھارنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ،

① مىلادىيە — 1508 — 1509-يىللار ئارىلىقى.

بەنگەش بىلەن نىگەنھارنى مۇشۇ تاغ ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىن ئاتلىق ئادەم ماڭالمايدۇ. توققۇز ئېقىن مۇشۇ تاغدىن باشلىنىدۇ. بۇ تاغدا ھەرگىز قار ئۆكسۈمەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن «كۇھى سەفىد» (ئاق تاغ) دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى تۈزلەڭدە ھەرگىز قار ياغمايدۇ. بۇ ئىككى يەرنىڭ ئارىلىقى پەقەت يېرىم كۈنلۈك يول. بۇ تاغنىڭ باغرىدا ياخشى ھاۋالىق يەرلەر بار. سۇلىرى شۇنداق سوغۇقكى، مۇزغا ئېھتىياج چۈشمەيدۇ.

ئەدىنەپۇر قورغىنىنىڭ جەنۇب تەرىپى سۇرۇخ دەرياسىدۇر. قورغان ئېگىزگە سېلىنغان. ئۇنىڭ دەريا تەرىپى قىرىق-ئەللىك قارى ئېگىزلىكتىكى تىك تاغ. شىمال تەرىپىدە ئايرىم بىر تاغ بار. قورغان ئىنتايىن مۇستەھكەم. بۇ تاغ نىگەنھار بىلەن لەمغاناتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ھەرقاچان كابۇلدا قار ياغسا، بۇ تاغنىڭ چوققىسىغا قار ياغىدۇ. لەمغانلىقلار شۇنىڭغا قاراپلا (133) كابۇلدا قار ياغقانلىقىنى بىلىدۇ. كابۇلدىن لەمغاناتقا كېلىشتە، ئەگەر قۇرۇق ساي بىلەن ماڭسا، دىرى ئۆتكىلىدىن ئېشىپ، بۇلاندا باران سۈيىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن لەمغانات تەرەپكە ئۆتىدۇ ياكى قۇرۇق ساينىڭ تۆۋىنىدىكى قۇراتۇدىن ئۆتۈپ لەمغانغا بارىدۇ؛ ئەگەر نىجرەۋ بىلەن ماڭسا، بەدرەۋدىن ۋە قاراڭرىقتىن ئۆتۈپ، بادىچ ئۆتكىلىگە بارىدۇ.

گەرچە نىگەنھار تۈمەنى لەمغانغا قاراشلىق بەش تۈمەنىنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن، لەمغانات دېگەن نام ئۈچ تۈمەنگە قارىتىلىدۇ: بىرى ئەلشەڭ تۈمەنىدۇر. ئۇنىڭ شىمالىدا ھىندۇكۇش تېغىغا تۇتاش زور قارلىق تاغ بار. بۇ تاغنىڭ ھەممىسى كافىرستاندۇر. كافىرستاننىڭ ئەلشەڭگە يېقىنراق بولغان قىسمى مىلدۇر. ئەلشەڭ دەرياسى

مىلادىن باشلىنىدۇ، ھەزرىتى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى مەھتەرلامنىڭ قەبرىسى ئەلشەك تۇمەنىدە. بەزى تارىخ كىتابلىرىدا مەھتەرلامنى لەمەك ۋە لەمكانىمۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ بەزىدە «ك» ئورنىغا «غ» تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. بەلكىم، بۇ ۋىلايەتنى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «لەمغان» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك.

يەنە بىرى ئەلىنگار تۇمەنىدۇر. كافىرىستانىنىڭ ئەلىنگارغا ئەڭ يېقىن قىسمى گەۋاردۇر. ئەلىنگار دەرياسى گەۋاردىن باشلىنىدۇ. بۇ ئىككى دەريا ئەلشەك بىلەن ئەلىنگاردىن ئۆتۈپ، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، تۇمەنلەردىن يەنە بىرى بولغان مەندراۋەرنىڭ (ب 133) تۆۋەنرەكىدە باران سۈيىگە قوشۇلىدۇ.

ئىككى بۆلەكنىڭ بىرى دەرەئى نۇر بۆلەكى بولۇپ، تەڭدىشى تېپىلمايدىغان بىر يەردۇر، ئورنى تاغ ئېغىزىنىڭ ئالدىدا بولۇپ، قورغىنى ئىككى ئېقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۇمشۇقنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان. شاللىقلىرى ئىنتايىن كەڭ، يول يوق يەرلەردە ماڭغىلى بولمايدۇ. نارەنج ۋە تۇرۇنج قاتارلىق ئىسسىق ئىقلىم مېۋىلىرى بار، خورما دەرىخىمۇ ئانچە-مۇنچە بار. قورغانىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېقىن بويلىرى پۈتۈنلەي دەرەخلىك بولۇپ، كۆپى ئەملۈك دەرىخىدۇر. بۇ خىل مېۋىنى بەزى تۈركىيلەر قارا يېمىش دەپ ئاتايدۇ. بۇ دەرەئى نۇردا ئىنتايىن كۆپ. باشقا يەردە بۇ خىل مېۋە كۆرۈلمىدى. ئۈزۈمى ئاز. ئۈزۈمى پۈتۈنلەي دەرەخ ئۈستىدە بولىدۇ. لەمغاناتتا دەرەئى نۇر شارابى مەشھۇر. ئەررەتاشى ۋە سۇھان تاشى دېگەن ئىككى خىل شارابى بار. ئەررەتاشى سارغۇچ بولىدۇ، سۇھان تاشى قىپقىزىل بولۇپ، ئىنتايىن رەڭدار. ئىككىلىسىنىڭ

قۇۋۋىتى شۆھرىتىچە بولمىسمۇ، لېكىن ئەررەتاشى قۇۋۋەتلىكرەك. يۇقىرىسىدىكى تاغ ئارىلىرىدا لىمون بولىدۇ، ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى ھىندىستان تەرەپلىرىدىمۇ لىمون بولىدۇ. بۇ يەردىن يۇقىرى تەرەپلەردە لىمون بولمايدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇرۇن توڭگۇز باقاتتى. بىزنىڭ زامانىمىزدا بۇنى يوقاتتى.

تۇمەنلەرنىڭ يەنە بىرى كۇنەر ۋە نۇرگىل تۇمەنىدۇر. بۇ تۇمەن لەمغاناتتىن باشقىچەرەك بولۇپ، كافىرىستاننىڭ ئىچىگە ۋە ۋىلايەتنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان. گەرچە چوڭلۇقى لەمغان تۇمەنلىرىدەك بولىسمۇ، لېكىن ھوسۇلى كەم بولغانلىقتىن (134) سىلىقنى ئازراق بېرىدۇ. چەغان (چىغان) سەراي سۈيى شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كافىرىستاننىڭ ئىچى بىلەن كېلىپ، بۇ ۋىلايەتنىڭ ئارىسى بىلەن ئۆتۈپ، كامە بۆلىكىدە باران سۈيىگە قوشۇلۇپ شەرققە ئاقىدۇ. نۇرگىل بۇ سۇنىڭ غەرب تەرىپى، كۇنەر بولسا شەرق تەرىپىدۇر. مىرسەيىدئەلى ھەمەدانى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ساياھەت بىلەن كېلىپ كۇنەرنىڭ بىر شەرئى يۇقىرىسىدا ۋاپات بولغان ۋە مۇرىتلىرى ئۇنى خەتلانغا ئېلىپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ ۋاپات بولغان يېرى ھازىر مازار ئىكەن. 925-يىلى① كېلىپ چەغان سەراينى ئېلىپ، ئۇ مازارنى تاۋاپ قىلدىم. نارەنج، تۇرۇنج ۋە يۇمغاقسۇت بەك بولىدۇ. ئۆتكۈر شارابلىرى كافىرىستاندىن كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ يەردىكىلەر ئاجايىپ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىدى، بۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىسمۇ، لېكىن كۆپ قېتىم ئىشىتىلدى. بۇ تۇمەنىنىڭ تۆۋەن قىسمىنى لەمەتە (مۇلتە) كەندى دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى يەرلەر دەرەئى نۇر ۋە ئەتەرگە تەۋەدۇر. بۇ لەمەتە

① مىلادىيە 1519-يىلى.

كەندىنىڭ يۇقىرىسىدىكى كۇنەر، نۇرگىل، بەجۇر، سەۋاد ۋە شۇ تەۋەدىن ئىبارەت ھەممە تاغلىق جايلاردا شۇنداق بىر ئادەت بار ئىكەن: ھەرقانداق بىر خوتۇن كىشى ئۆلسە، ئۇنى بىر تاختىغا سېلىپ، تۆت تەرىپىدىن تۇتۇپ كۆتۈرىدىكەن. ئەگەر ئۇ خوتۇن يامان ئىش قىلمىغان بولسا، تاختىنى كۆتۈرگەنلەر ھەرقانچە ئاۋايلاپ، ئۇنى چۇشۇرمەسلىككە ھەرىكەت قىلسىمۇ ئۇ تاختىدىن چۇشۇپ كېتىدىكەن، ئەگەر يامان ئىش قىلغان بولسا، جىم ياتىدىكەن. مۇنداق ئىش يالغۇز بۇ خەلقىنىلا ئىشىتىلمىدى. بەجۇر، سەۋاد ۋە پۈتۈن تاغ خەلقى بىردەك (ب 134) شۇنداق دېيىشتى. ھەيدەر ئەلى بەجۇرىي بەجۇرنىڭ سۇلتانى بولۇپ، ئۇ ۋىلايەتتە ياخشى تەرتىپ ئورناتقانىدى، ئۇ يەردە ئانىسى ئۆلگەندە يىغلىمايدى-كەن، ھازا تۇتمايدىكەن، قارىلىق باغلىمايدىكەن، «ئاپىرىپ تاختىغا سېلىڭلار، ئەگەر قىمىرلىمىسا كۆيدۈرىمەن» دەيدىكەن، تاختىغا سالىدىكەن، ئۇنىڭدىن شۇنداق بىر ھەرىكەت كۆرۈلىدىكەن، بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن قارا باغلاپ، ھازا تۇتىدىكەن.

ئىككى بۆلەكنىڭ يەنە بىرى چەغان سەرايدۇر. ئۇ كافىرىستانىنىڭ ئېغىزىدىكى كىچىك بىر يېزا. ئاھالىسى كاپىرلار بىلەن ئارىلاش بولغىنى ئۈچۈن، گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ، لېكىن كاپىرلار ئادىتى بويىچە ئىش قىلىدۇ. چەغان سەراي سۈيى دەپ ئاتىلىدىغان ئۇلۇغ بىر ئېقىن چەغان سەرايىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى ۋە بەجۇرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدۇ. غەرب تەرىپىدىن كىچىكرەك يەنە بىر ئېقىن كېلىپ بۇ سۇغا قوشۇلىدۇ. بۇ ئېقىن پىخ (پىچ)ناملىق كافىرىستاندىن كېلىدۇ. چەغان سەرايىنىڭ سارغۇچ رەڭلىك ئۆتكۈر شارابلىرى

بولۇپ، ئۇنى دەرەئى نۇر شارابلىرىغا تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۈزۈمى ۋە بېغى يوق. ئۈزۈمنى سۇ يۇقىرىسىدىكى كافىرىستاندىن ياكى پىخ كافىرىستاندىن كەلتۈرىدۇ. مەن چەغان سەرايىنى ئالغاندا، پىخ كاپىرلىرى بۇ خەلققە ياردەمگە كەلگەندى. شاراب ئۇ تەرەپتە شۇنداق ئومۇملاشقانكى، ھەربىر كاپىرنىڭ بويىندا بىر تۇلۇم شارابى بولۇپ، سۇ ئورنىدا شاراب ئىچىدىكەن.

كامە گەرچە ئايرىم يەر ئەمەس، بەلكى نېگەنھار تەۋەسىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىمۇ بىر بۆلەك دەيدۇ.

تۈمەنلەرنىڭ يەنە بىرى (135) نىجراۋ تۈمەنىدۇر. كابۇلنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى تاغلىقتا جايلاشقان. ئارقىسىدىكى تاغلارنىڭ ھەممىسى كافىرىستاندۇر. ياقا بىر يۇرت. ئۈزۈم ۋە مېۋىسى ئىنتايىن مول، شارابلىرىمۇ كۆپ. لېكىن شارابنى قاينىتىدۇ. قىشلىقى توخۇنى كۆپ باقىدۇ. ئاھالىسى شارابخور، بىناماز، قورقماس ھەم كاپىر مىجەز خەلقتۇر. تاغلىرىدا قارىغاي، چىلغۇزە، كاۋچۇك ۋە سېغىز دەرەخلىرى كۆپ. قارىغاي، چىلغۇزە، سېغىز دەرەخلىرى ئۇنىڭ تۆۋىنىدىمۇ بولىدۇ، لېكىن نىجراۋنىڭ يۇقىرىسىدا پەقەتلا بولمايدۇ. بۇلار ھىندىستان دەرەخلىرىدىندۇر. چىراغلىرى تامامەن چىلغۇزە ياغىچىدىن بولۇپ، خۇددى شامدەك يانىدۇ. غارايىپ نەرسىلىرى كۆپ. نىجراۋ تاغلىرىدا رۇبەئى پەرران بار. رۇبەئى پەرران بىر خىل جانىۋار، جۈغى مۈشۈكتىن چوڭراق، ئىككى قولى بىلەن ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدا خۇددى شەپەرەڭنىڭ قانىتىدەك پەردىسى بار. دائىم ئېلىپ كېلىشەتتى. دەرەختىن-دەرەخقە تۆۋەنگە بىر ئوق ئېتىمى ئۇچارمىش. مەن ئۇنىڭ ئۇچقىنىنى كۆرمىدىم. دەرەخقە قويغاندۇق، تېز يامىشىپ چىقتى، ئۇ يەردىن ھەيدىۋىدى، قاناتلىرىنى

كېرىپ ئۇچقاندەك قىلىپ، بىئازار يەرگە چۈشتى. بۇ تاغلاردا لۇچە قۇشمۇ بار. بۇ قۇشنى بۇقەلەمۇن دەيدۇ. بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە بەش-ئالتە خىل رەڭگى بار. خۇددى كەپتەرنىڭ بويىندەك پارقىراق. چوڭلۇقى كەكلىكچىلىك بار، بەلكى ھىندىستان كەكلىكى بولسا كېرەك. بۇ قۇش ھەققىدە بىر قىزىق گەپ قىلىشتى: ئۇ قىشلىقى تاغ باغىرلىرىغا چۈشىدىكەن، (ب 135) ئۇنى ئۇچۇرسا، ئۇزۇم بېغىدىن ئۆتسىلا ئۇچالمايدىكەن، ئاندىن ئۇنى تۇتىدىكەن. ئىجراۋدا بىر خىل چاشقان بولۇپ، ئۇنى مۇشى مۇشكىن دەيمىش، ئۇنىڭدىن مۇشك① ھىدى كېلەرمىش. مەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىدىم.

تۇمەنلەرنىڭ يەنە بىرى پەنجھىر تۇمەنىدۇر. پەنجھىر يولىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. كافىرستانغا ناھايىتى يېقىن. قاراقچى كاپىرلارنىڭ يولى پەنجھىردىن ئۆتىدۇ. كاپىرلارغا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يەردىنمۇ سېلىق ئالىدۇ. مەن بۇ نۆۋەت كېلىپ ھىندىستانىنى ئالغاندا، كاپىرلار كېلىپ پەنجھىردە نۇرغۇن كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، كۆپ بۇزغۇنچىلىق قىلىپتۇ.

تۇمەنلەردىن يەنە بىرى غۇربەند تۇمەنىدۇر. ئۇ ۋىلايەتلەردە ئۆتكەلنى «بەند» دەيدۇ. غۇر تەرەپكە مۇشۇ ئۆتكەل ئارقىلىق بارىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «غۇربەند» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. ئېقىن باشلىرىنى ھەزارەلەر ئىشغال قىلغان بولۇپ، بىرنەچچە يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەھسۇلاتى ئاز يەردۇر. غۇربەند تاغلىرىدا كۈمۈش ۋە لاجۇۋەرد كانلىرى بارلىقىنى ئېيتىشىدۇ. تاغ ئېتىكىنىڭ يۇقىرىسىدا مىتەكەجە ۋە پەرۋان، ئاياغدا دۇرنامە بولۇپ، ئون ئىككى-ئون ئۈچ يېزا بار. ھەممىسى مېۋىلىك يېزىلاردۇر.

① مۇشك — بىرخىل قارا رەڭلىك خۇش بۇي ماددا.

شارابلىرى ھەممە يەرنىڭكىدىن ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ يېزىلار پۈتۈنلەي تاغدا ۋە تاغ ئېتىكىدە بولغىنى ئۈچۈن، گەرچە باج-سېلىق تۆلىسىمۇ، لېكىن تېگىشلىكىنى تولۇق تۆلىمەيدۇ. بۇ يېزىلارنىڭ تۆۋىنىدە، تاغ بىلەن باران سۈيىنىڭ ئارىلىقىدا كۆررەئى تازىيان ۋە دەشتى شەيخ دېگەن ئىككى پارچە تۈزلەڭ بار. يازلىقى چېكىن تالا ئوتى (136) بەك ياخشى بولىدۇ. ئەيماق، تۈركىيلەر يازلىقى بۇ يەرگە كېلىدۇ. تاغ ئېتىكىدە رەڭمۇ رەڭ، خىلمۇخىل لالە گۈللەر ئېچىلىدۇ. بىر قېتىم سانىسىپ باقتىم: ئوتتۇز ئىككى-ئوتتۇز ئۈچ خىل لالە گۈل چىقتى. بۇلارنىڭ بىر خىلىدىن ئازراق قىزىلگۈل ھىدى چىقىدىكەن، بىز بۇنى «لالەئى گۈلبۇي» دەپ ئاتايتتۇق. بۇ گۈل دەشتى شەيختىكى بىر پارچە يەردىلا بولىدۇ، باشقا يەردە بولمايدۇ. مۇشۇ تاغ ئېتىكىدىكى پەرۋاندىن بىر ئاز پەستە «سەدبەرگ» (يۈز بەرگ) دېيىلىدىغان بىر خىل لالە گۈل ئۆسىدۇ. بۇمۇ بىرلا پارچە يەردە — غۇربەند بوغۇزىنىڭ ئايغىدا ئۆسىدۇ. بۇ ئىككى تۈزلەڭنىڭ ئارىسىدا كىچىكرەك بىر تاغ بار. بۇ تاغدا تاغنىڭ بېشىدىن تۆۋەنگىچە يېيىلغان بىر پارچە قۇملۇق بار، بۇنى «خوجا رىگرەۋان» دەپ ئاتايدۇ. يازلىقى بۇ قۇملۇقتىن ناغرا-دۇمباق ئاۋازلىرى ئاڭلىنارمىش.

بۇلاردىن باشقا، كابۇلغا قاراشلىق بىرمۇنچە يېزىلار بار. كابۇلنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە چوڭ بىر قارلىق تاغ بار. بۇ تاغدا قار بۇ يىلدىن ئۇ يىلغا ئۇلىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلىشالمايدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. كابۇلدا مۇز ئورىلىرىدىكى مۇز تۈگىسە، مۇشۇ تاغدىن قار ئېلىپ كېلىپ، سۇ مۇزلىتىپ ئىچىدۇ. بۇ تاغ بىلەن كابۇلنىڭ ئارىلىقى ئۈچ شەرئى كېلىدۇ. بۇ تاغ بىلەن باميان تېغى ئىنتايىن

تىك تاغلاردۇر. ھەزمەند، سىند، دۇغابە ۋە بەلخاب دەريالىرى بۇ تاغدىن باشلىنىدۇ، بۇ دەريالار شۇنچە يېقىنكى، بىر كۈندە بۇ تۆت دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىشكە بولىدۇ. كابۇلغا قاراشلىق يېزىلارنىڭ تولىسى مۇشۇ تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان، باغلىرىدا ئۈزۈم ۋە باشقا ھەر خىل مېۋىلەر ناھايىتى مول. بۇ يېزىلار ئىچىدە ئىستالىف بىلەن ئىستەرغەچقە يېتىدىغان يېزا يوق. ئۇلۇغبەگ مىرزا بۇ يېزىلارنى (ب 136) خۇراسان ۋە سەمەرقەند دەپ ئاتىغانىكەن. لەمغانمۇ بۇ يېزىلار قاتارىدا تۇرىدۇ. گەرچە ئۈزۈم ۋە مېۋىلەر جەھەتتە ئۇ يېزىلارغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ھاۋا جەھەتتە ھېچ تەڭدىشى يوقتۇر. قارلىق تاغ لەمغان تېغىدۇر. نۇرغۇن جايلاردا ئىستالىفتەك بىر يېزىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولمىدى. ئۇلۇغ بىر ئېقىن يېزىنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي باغ. باغلار بۈك-باراقسان. سۈيى شۇنداق سوغۇقكى، مۇز سۈيىگە ئېھتىياج چۈشمەيدۇ، سۇ ناھايىتى ساپ. بۇ يېزىدا ئۇلۇغبەگ مىرزا تارتىۋالغان باغى كەلان ناملىق بىر باغ بار ئىدى. مەن ئىگىلىرىگە پۇل بېرىپ بۇ باغنى ئالدىم. باغنىڭ سىرتىدا يوغان چىنار دەرەخلىرى بار. چىنارلارنىڭ تۈۋى كۆكۆلمەيدان، سايە-ساپالىق ئورۇندۇر. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر تاشلىق سۇ ھەر دائىم ئېقىپ تۇرىدۇ. ئېرىق ياقىسىدا چىنار دەرەخلىرى بار. بۇرۇن بۇ ئېرىق ئەگرى-بۈگرى، سىياقسىز ئىكەن. مەن ئۇنى تۈز قىلدۇرۇپ، سىياقلىق ھالەتكە كەلتۈرگۈزدۈم. ئىنتايىن گۈزەل بىر جايغا ئايلاندى.

بۇ يېزىلارنىڭ تۆۋەنرەكىدە، تۈزلەڭنىڭ بىر كۈرۈھ — بىر يېرىم كۈرۈھ يۇقىرىسىدىكى تاغ ئېتىكىدە خوجا سەياران ناملىق

بىر بۇلاق بار. بۇ بۇلاقتا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ خىل دەرەخ بار. بۇلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن چىنار دەرەخلىرى بولۇپ، ئىنتايىن بەلەن سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇلاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە، تاغ تۈۋىدىكى ئېدىرلاردا قېلىن كاۋچۇك دەرەخلىرى بار. مۇشۇ (137) ئىككى پارچە كاۋچۇكزاردىن باشقا، كابۇلنىڭ غەربىدىكى تاغلاردا كاۋچۇك دەرىخى زادى بولمايدۇ. بۇلاقنىڭ ئالدىدا — تۈزلەڭ تەرىپىدە قېلىن ئەرغۇۋانزار ① بار. بۇ ۋىلايەتتە مۇشۇ ئەرغۇۋانزاردىن باشقا ئەرغۇۋانزار يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئۈچ تۈرلۈك دەرەخ ئۈچ ئەزىزنىڭ كارامىتى ئىمىش. بۇ يەرنىڭ سەياران دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇمىش. مەن بۇلاقنىڭ چۆرىسىنى تاش بىلەن قىرلاتقۇزۇپ، بۇلاقنىڭ ئىچىنى گەج بىلەن سۇۋاتتىم. بۇلاق ئەتراپى سىياقلىق ۋە راۋۇرۇس بىر جاي بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئەرغۇۋانزار ئەرغۇۋان چېچەكلىرى بىلەن پۈركەنگەندە، مۇنداق يەرنى ئالەمدىن تاپقىلى بولمايدۇ، سېرىق چېچەكلىك ئەرغۇۋانمۇ ناھايىتى كۆپ. سېرىق ئەرغۇۋان بىلەن قىزىل ئەرغۇۋان تاغ باغرىدا تەڭلا چېچەكلەيدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى غولدىن ھەر دائىم يېرىم تاشلىق سۇ كېلىپ تۇرىدۇ. مەن ئېرىق چاپتۇرۇپ، بۇ سۇنى سەيارانىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى دۆڭنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرگۈزدۈم. دۆڭنىڭ ئۈستىگە زور چۆرۈلمە سۇپا ياساتتىم. ئۇنىڭ ئەتراپىغا دەل-دەرەخلەر تىكىلدى. ناھايىتى ياخشى بىر ئورۇن بولدى.

① ئەرغۇۋان — چېچەكى گۈزەل بىرخىل زىننەت دەرىخى.

بۇ سۇيىدىن سەل يۇقرى، دۆڭنىڭ يېنىغا بىر ئۈزۈم بېغى بىنا قىلدۇردۇم. بۇ ئېرىقنىڭ تارىخى «جوي خوش» ① بېكىتىلدى.

تۇمەنلىرىنىڭ يەنە بىرى لۇھۇگەر تۇمەنىدۇر. ئۇنىڭ چوڭ يېزىسى چەرختۇر. موللا ياقۇپ ھەزرەتلىرى مۇشۇ چەرختىندۇر. موللازادە موللا ئوسمانمۇ (ب 137) چەرختىندۇر. سەجاۋەند يېزىسىمۇ لۇھۇگەر يېزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، خوجا ئەھمەد بىلەن خوجا يۇنۇس مۇشۇ سەجاۋەند يېزىسىدىن بولىدۇ. چەرخنىڭ بېغى ناھايىتى كۆپ. لۇھۇگەرنىڭ باشقا يېزىلىرىدا باغ يوق. ئاھالىسى ئەسلىدە ئاۋغان شىئار دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك، كېيىن ئاۋغانشال بولۇپ قالغان. بۇ سۆز كابۇلدا ناھايىتى ئومۇمىي.

يەنە بىرى غەزنى ۋىلايىتىدۇر. بۇ ۋىلايەتنى بەزىدە تۇمەن دەپمۇ ئاتايدۇ. سەبۇكتىگىن بىلەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ پايتەختى غەزنى بولغانىكەن. بەزىلەر «غەزنىن» دەپمۇ يازىدۇ. سۇلتان شەھابىددىننىڭ پايتەختىمۇ مۇشۇ يەردە بولغانىكەن. بۇ سۇلتان شەھابىددىننى «تەبأقاتى ناسىرىي»دا ۋە بەزى ھىند تارىخلىرىدا مۇئىززىددىن دەپ يازغان. ئۈچىنچى ئىقلىمدىندۇر. زابىل دەپمۇ ئاتايدۇ، زابىلستان مۇشۇ ۋىلايەتدۇر. بەزىدە قەندەھارمۇ زابىلستان دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. كابۇلنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى ئون تۆت يىغاچ كېلىدۇ. بۇ يولدا ماڭغانلار تاڭ يورىغاندا غەزنىدىن قوزغىلىپ، پېشىن بىلەن دىگەر ئارىلىقىدا ياكى دىگەر ۋاقتىدا كابۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. كابۇلدىن ئادىنەپۇرغا ئون ئۈچ يىغاچ كېلىدۇ، لېكىن يولنىڭ يامانلىقىدىن

① «گۈزەل ئېرىق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئىبارىدىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى بىلدۈرىدىغان 926 كېلىپ چىقىدۇ.

ھەرگىز بىر كۈندە كەلگىلى بولمايدۇ. ئۆزى كىچىك ۋىلايەت. دەرياسىدا تۆت-بەش تاشلىق سۇ بار. غەزنى شەھرى ۋە تۆت-بەش يېزىسى مۇشۇ سۇ بىلەن كۆكىرىدۇ. يەنە ئۈچ-تۆت يېزىسى كارىز سۈيى ئىچىدۇ. كابۇل ئۈزۈمىدىن غەزنى ئۈزۈمى ياخشىراق بولىدۇ. قوغۇنمۇ كابۇلنىڭكىدىن ياخشى. ئالمىسىمۇ ياخشى بولىدۇ ۋە ھىندىستانغا تارتىلىدۇ. تېرىقچىلىق ناھايىتى (138) مۇشكۈل. يېرىگە ھەر يىلى يېڭى توپا تۆكۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن مەھسۇلاتى كابۇلنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولىدۇ. بوياق خۇرۇچىنى تېرىلىپ، ھەممىسى ھىندىستانغا تارتىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ياخشى مەھسۇلاتى بوياق خۇرۇچىدۇر. سەھرا ئاھالىسى ھەزارەلەر بىلەن ئافغانلاردۇر. غەزنى كابۇلغا قارىغاندا دائىم ئەرزانچىلىق. ئاھالىسى ھەنەفىي مەزھەبىدىكى پاكىز ئېتىقادلىق مۇسۇلمان خەلقتۇر. ئۈچ ئاي روزا تۇتىدىغانلار خېلى بار. ئاياللىرى ئىنتايىن مەستۇرە كېلىدۇ. ئابدۇرەھمان غەزنىي مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇپ، ئالىم كىشى ئىدى ۋە دائىم دەرس بېرەتتى. ئىنتايىن تەقۋادار ۋە پەرھىزكار ئىدى. ناسىر مىرزا ئۆلگەن يىلى ۋاپات بولدى.

سۇلتان مەھمۇدنىڭ قەبرىسى غەزنىدىكى مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە بولۇپ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ مەھەللە رەۋزە دەپ ئاتىلىدۇ. ياخشى ئۈزۈم رەۋزىدىن چىقىدۇ. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەۋلادى سۇلتان مەسئۇد بىلەن سۇلتان ئىبراھىمنىڭ قەبرىسىمۇ غەزنىدە. مۇنداق مۇبارەك مازارلار غەزنىدە كۆپ. كابۇل بىلەن غەزنىنى ئالغان يىلى كۆھەت، بەننۇ تۈزلىڭى ۋە ئافغانىستاننى چاپقۇن قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنى قىرىپ، دۇكى ئارقىلىق ئۆتۈپ، ئابى ئىستادەنىڭ يېنى بىلەن غەزنىگە كەلدىم. غەزنى

يېزىلىرىنىڭ بىرىدە بىر مازار بولۇپ، سەلەۋات ئوقۇلسا، قەبرىنىڭ تەۋرەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بېرىپ كۆرۈپ باقتىم، قەبرە تەۋرىگەندەك (ب 138) تۇيۇلدى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ شەيخلەرنىڭ ھىيلىسى ئىكەن. ئۇلار قەبرىنىڭ ئۈستىگە بىر جازا ياساپ قويۇپتۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار جازىغا تېگىپ قويسا، جازا تەۋرەيدىكەن، جازا تەۋرىگەندىن كېيىن كىشىگە خۇددى قەبرە تەۋرىگەندەك تۇيۇلىدىكەن. بۇ خۇددى كېمىگە چۈشۈپ باقمىغان كىشى كېمىگە چۈشسە، ئۇنىڭغا قىرغاق تەۋرىگەندەك سېزىلگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش. مەن شەيخلارنى جازىدىن نېرى تۇرۇشقا بۇيرۇدۇم. بىرقانچە قېتىم سەلەۋات ئوقۇلدى، لېكىن قەبرىنىڭ تەۋرىگىنى سېزىلمىدى. جازىنى بۇزۇپ تاشلاپ، قەبرىنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ياساشقا بۇيرۇق بەردىم. شەيخلەرنىڭ مۇنداق قىلىشى تەھدىت بىلەن مەنئى قىلىندى.

غەزنى ئىنتايىن كىچىك يەر. ھىندىستان، خۇراسانلارنى ئۆز تەختىگە قارىتىپ تۇرغان پادىشاھلارنىڭ، بولۇپمۇ خۇراسانلىقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق كىچىك يەرنى پايتەخت قىلغانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. سۇلتان (مەھمۇد) زامانىدا ئۈچ-تۆت بەند① بولغانىكەن. بۇ بەندلەرنىڭ بىرى مۇشۇ غەزنى سۈيىنىڭ يۇقىرىسىدا — غەزنىنىڭ ئۈچ يىغاچ شىمالىدا بولۇپ، سۇلتان بۇ يەرگە ئېگىزلىكى قىرىق-ئەللىك قارى، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ يۈز قارى كېلىدىغان چوڭ بەند ياساتقانىكەن. سۇنى شۇ يەرگە توپلاپ، ئېھتىياجغا قاراپ، زىرائەتكە قويغانىكەن. ئەلائىددىن جەھانسۇز غۇرىي بۇ ۋىلايەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا بۇ بەندنى

① بەند — سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى، چوڭ توغان.

بۇزۇۋېتىپتۇ. سۇلتاننىڭ ۋە ئەۋلادىنىڭ قەبرىلىرىنى كۆيدۈرۈپتۇ. غەزنى شەھىرىنى بۇزۇپتۇ، كۆيدۈرۈپتۇ. ئاھالىسىنى تالاپتۇ، ئۆلتۈرۈپتۇ. قىرغىنچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق (139) بىلەن كۆزگە كۆرۈنگىدەك ھېچ نەرسىنى قويماپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بۇ بەند بۇزۇق ئىكەن. مەن ھىندىستاننى ئالغان يىلى بۇ بەندنى ياساش ئۈچۈن خوجا كالاندىن پۇل ئەۋەتتىم. ئۈمىد باركى، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن بۇ بەند ئوبدان بولغۇسى. بەندلەرنىڭ يەنە بىرى سىخەن بەندىدۇر. بۇ بەند غەزنىنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىلىقىمۇ ئىككى-ئۈچ يىغاچ كېلىدۇ. بۇ بەندمۇ ئۇزۇندىن بۇيان خاراب ھالەتتە بولۇپ، ياسىغۇچىلىكىمۇ يوق ئىكەن. بەندلەرنىڭ يەنە بىرى سەردىھ بەندىدۇر. بۇ بەند ھازىرمۇ ئىشلەيدۇ. كىتابلاردا يېزىلىشىچە، غەزنىدە بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭغا نىجاسەت ۋە ئەخلەتلەرنى سالسا، شۇ زامان دولقۇن، تاشقىن، يامغۇر ۋە چاپقۇنلار يۈز بېرەرمىش. بىر تارىخ كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھىندى پادىشاھلىرىدىن بىرى سەبۇك تېگىننى غەزنىدە مۇھاسىرە قىلغان چاغدا، سەبۇك تېگىن شۇ بۇلاققا نىجاسەت ۋە ئەخلەت تاشلاشقا ئەمر بېرىپتۇ. دولقۇن، تاشقىن، يامغۇر، چاپقۇنلار يۈز بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى چېكىندۈرۈپتۇ. مەن غەزنىدە كۆپ سۈرۈشتە قىلدىم، لېكىن ھېچكىم بۇ بۇلاق توغرۇلۇق مەلۇمات بېرەلمىدى.

ئىراقەيىن ۋە ئازەربەيجاندا سۇلتانىيە بىلەن تەبرىز سوغۇقلۇقى بىلەن مەشھۇر بولغىنىدەك، بۇ ۋىلايەتلەردە غەزنى بىلەن خارەزممۇ سوغۇقلۇقى بىلەن مەشھۇر.

تۈمەنلەرنىڭ يەنە بىرى زۇرمەت تۈمەنىدۇر. كابۇلنىڭ جەنۇب

تەرىپىگە، غەزنىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، كابۇلدىن ئون ئىككى-ئون ئۈچ يىغاچ، غەزنىدىن يەتتە-سەككىز يىغاچ كېلىدۇ. سەككىز يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركىزى گەردىزدۇر. گەردىز قورغىنىنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ تولىسى ئۈچ قەۋەتلىك ياكى تۆت قەۋەتلىك. (ب 139) گەردىز ئىنتايىن مۇستەھكەم يەر. ناسىر مىرزا بىلەن دۈشمەنلىشىپ، مىرزىغا خېلى جاپا سالدى. زۇرمەت ئاھالىسى ئاۋغان شال بولۇپ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دەرەخ ۋە باغلىرى يوق. بۇ تۇمەننىڭ جەنۇبىدا بەرەكىستان دېيىلىدىغان بىر تاغ بار. بۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر ئېگىزلىكتە بىر بۇلاق بار. شەيخ مۇھەممەد مۇسۇلماننىڭ قەبرىسى شۇ يەردە.

تۇمەنلەرنىڭ يەنە بىرى فەرمۇل تۇمەنىدۇر. كىچىك بىر يەر. ئالمىسى يامان ئەمەس، مۇلتان ۋە ھىندىستانغا تارتىلىدۇ. ھىندىستاندا ئافغانلار زامانىدا ئېتىبار تاپقان شەيخ مۇھەممەد مۇسۇلماننىڭ ئەۋلادى — شەيخزادىلەر فەرمۇلدىندۇر.

تۇمەنلەرنىڭ يەنە بىرى بەنگەش تۇمەنىدۇر. بۇ تۇمەننىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قاراقچى ئافغانلار ئىگىلىگەن. خۇگىيانى، خىرىلچى، تۇرى ۋە لەندەرلەر چەتتە بولغىنى ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن سېلىق تۆلىمەيدۇ. مەن قەندەھار، بەلخ ۋە ھىندىستانى ئېلىشتەك چوڭ ئىشلار بىلەن بەند بولغانلىقىم ئۈچۈن، بەنگەشنى ئېلىشقا پۇرسەت چىقىرالمىدىم. ئەگەر ئىشىمنى ئوڭ قىلسا، پۇرسەت تېپىپ، بەنگەش قاراقچىلىرىنى ۋە شەھىرىنى بويسۇندۇرۇش نىيىتىدىمەن.

كابۇلنىڭ بۆلەكلىرىدىن بىرى ئەلەساي بۆلىكىدۇر. نىجراۋدىن

ئىككى-ئۈچ شەرئى كېلىدۇ. يول نىجراۋدىن شەرققە قاراپ تۆپتۈز كېلىدۇ ۋە كۆرە دېگەن يەرگە كېلىپلا ئەلەساي تەرەپكە قاراپ كىچىك بىر ئۆتكەلدىن ئاشىدۇ. بۇ تەرەپنىڭ ئىسسىق ئىقلىمى بىلەن سوغۇق ئىقلىمنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل مۇشۇ كۆرە ئۆتكىلى. بۇ ئۆتكەل ئەتىيازلىقى قۇشلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان بىر ماكاندۇر. نىجراۋ تەۋەسىدىكى پىچگان ئاھالىسى بۇ ئۆتكەلدە نۇرغۇن (140) قۇش تۇتىدۇ. ئۆتكەلنىڭ ئايىغىدا بىرمۇنچە يەرگە تاشتىن دالدىلار ياسالغان. قۇش تۇتقۇچىلار شۇ دالدىلاردا ئولتۇرىدۇ. ئۇلار تورنىڭ بىر ئۇچىنى بەش-ئالتە قارى يىراق يەرگە بېكىتىدۇ، تورنىڭ بىر تەرىپىنى تاش بىلەن يەرگە باستۇرۇپ قويىدۇ، يەنە بىر تەرىپىگە ئۇنىڭ يېرىمىغىچە ئۈچ-تۆت قارى ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ياغاچنى باغلاپ، ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇپ تۇرىدۇ ۋە دالدا قىلىنغان تاشلارنىڭ يوچۇقلىرىدىن قاراپ تۇرۇپ، قۇشلار يېقىن كېلىشكە تورنى كۆتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇشلار تورغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار بۇ ئۇسۇل بىلەن قۇشنى شۇنچىلىك كۆپ تۇتۇدىكى، بۇغۇزلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئۇ ۋىلايەتتە ئەلەساي ئانىرىغا يېتىدىغان ئانار يوق. بۇ يەرنىڭ ئانىرى پۈتۈنلەي ھىندىستانغا تارتىلىدۇ. ئۈزۈمىمۇ يامان ئەمەس. ئەلەساي شارابى نىجراۋ شارابلىرىدىن كۈچلۈك ھەم رەڭدار.

بۆلەكلەردىن يەنە بىرى بەدراۋ بۆلىكىدۇر. بۇ بۆلەك ئەلەساينىڭ يېنىدا. بۇ يەردە مېۋە بولمايدۇ. ئاھالىسى كاپىر بولۇپ، ئاشلىق تېرىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ. خۇددى خۇراسان ۋە سەمەرقەندنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىرى تۈركىيلەر ۋە ئەيماقلار بولغىنىدەك، بۇ ۋىلايەتنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىرى ھەزارە ۋە

ئافغانلاردۇر. ھەزارەلەرنىڭ ئىچىدە ساندا كۆپ بولغىنى سۇلتان مەسئۇدىي ھەزارەلىرىدۇر. ئافغانلارنىڭ ئىچىدە ساندا كۆپ بولغىنى مەھمەند ئافغانلىرىدۇر. كابۇلنىڭ ئومۇمىي كىرىمى ۋىلايەتتىن، تامغا بېجىدىن① ۋە چارۋىچىلاردىن كىرگەن كىرىم بىلەن سەككىز لەك② شاھرۇخى③ بولدى. (ب 140)

كابۇل ۋىلايىتىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغلىرىمۇ غەرب تەرەپتىكى تاغلىرىمۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئەندەراب، خاست ۋە بەدەخشانات تاغلىرى پۈتۈنلەي ئارچىلىق، كۆپ بۇلاقلىق، يۇمشاق ئېدىرلىق تاغلاردۇر. ئوتى تاغدىمۇ، ئېدىردىمۇ، تۈزدىمۇ ئوخشاشلا بولىدۇ ھەم ياخشى بولىدۇ. ئاساسەن بۆتەكە ئوتى ئۆسىدۇ. بۇ ئوت ئاتقا بەك ياقىدۇ. ئەندجان ۋىلايىتىدە بۇ ئوتنى بۆتەكە ئوتى دەيدۇ. بىراق، نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېيىلىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى. بۇ ۋىلايەتلەردە مەلۇم بولدىكى، بۇ ئوت توپ-توپ (بۆتە-بۆتە) ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن بۆتەكە دەيدىكەن. ھىسار، خەتلان، سەمەرقەند، فەرغانە ۋە موغۇلستاننىڭ يايلاقلىرى پۈتۈنلەي مۇشۇ تىپتىكى يايلاقلاردۇر. فەرغانە بىلەن موغۇلستاننىڭ يايلاقلىرىنى بۇ يايلاقلارغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى بىر تىپتىكى تاغلار ۋە يايلاقلاردۇر. نىجراۋ، لەمغانات، بەجۇر ۋە سەۋاد تاغلىرى بولسا، قوُيۇق قارىغاي، چىلغۇزە، كاۋچۇك، زەيتۇن ۋە سېغىز دەرەخلىرى ئۆسىدىغان تاغلاردۇر. ئوتى ئۇ تاغلارنىڭ ئوتىغا ئوخشىمايدۇ، قويۇق ھەم ئېگىز ئۆسىدۇ، بىراق پايدىلىق ئەمەس، ئات بىلەن قويغا ياقمايدۇ. بۇ تاغلار گەرچە ئۇ تاغلاردەك

① تامغا بېجى — تىجارەت بېجى، تاموژنا.
② لەك — يۈزمىڭ.
③ شاھرۇخى — بىرخىل مىتال پۇل.

ئېگىز بولمىسىمۇ ھەم كۆزگە كىچىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن چىڭ تاغلاردۇر. ئۇستى تەكشىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئېدىر ۋە تاغلىرىنىڭ ھەممىسى تاش، ھېچ يېرىدىن ئات بىلەن ماڭغىلى بولمايدۇ. بۇ تاغلاردا ھىندىستان قۇشلىرى ۋە ھىندىستان جانىۋارلىرى (141) ناھايىتى كۆپ. تۇتى، شارەك①، توز، لۇچە، مايمۇن، نىلەگاۋ②، كۇتەھپاي③ ۋە بۇلاردىن باشقا خىلمۇخىل قۇش ھەم جانىۋارلار باركى، ھىندىستاندىمۇ ئانداق جانىۋارلارنىڭ بارلىقى مەلۇم بولمىدى. غەرب تەرىپىدىكى تاغلاردىن دەرەئى زىندان، دەرەئى سۇف، گەرزەۋان ۋە غەرجىستان تاغلىرىمۇ مۇشۇ تىپتىكى تاغلاردۇر. ئوتلاقلىرى ئاساسەن تۈزلەڭلىرىدە بولىدۇ. ئۇ تاغلاردىكىدەك تاغ ۋە ئېدىرلارنىڭ ھەممە يېرىدە ئوت بولىۋەرمەيدۇ ھەم دەرەخ ۋە ئارچىلىرىمۇ ئۇ تاغلاردىكىدەك قويۇق ئەمەس. لېكىن ئوتى ئات ۋە قويغا بەك ياقىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ ئۇستى پۈتۈنلەي ئات چاپقىدەك تەكشى. زىرائەتلىرى پۈتۈنلەي شۇنداق يەرلەردە. بۇ تاغلاردا كېيىك بەك كۆپ، پەقەتلا سۇلىرى تىك جىلغىلاردا بولىدۇ. يەرلىرى ئاساسەن قىيالىق. كۆرۈنگەن يېرىدىن چۈشكىلى بولمايدۇ. شۇنىسى ئاجايىپكى، ھەممە تاغلارنىڭ تىك يەرلىرى ئېگىزدە بولسا، بۇ تاغلارنىڭ تىك يەرلىرى پەستە. غۇر، گەزىۋ ۋە ھەزارە تاغلىرىمۇ مۇشۇ تىپتىكى تاغلار بولۇپ، ئوتلىقى تۈزلىڭىدە بولىدۇ، دەرىخى ئاز، ئارچا يوق دېيەرلىك. ئوتى ئات ۋە قويغا ياقىدۇ، كېيىكى كۆپ بولىدۇ. بىراق بۇ تاغلارنىڭ تىك يەرلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تاغلارنىڭكىدەك پەستە ئەمەس. خوجا ئىسمايىل، دەشت، دۇككى

① شارەك — بىرخىل قۇش. ئەسلىي تېكىست بويىچە (ب278) - بەتتە.
② نىلەگاۋ — بىرخىل ھايۋان. ئەسلىي تېكىست بويىچە (276) - بەتتە.
③ كۇتەھپاي — بىرخىل ھايۋان. ئەسلىي تېكىست بويىچە (276) - بەتتە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ۋە ئافغانىستان تاغلىرى مۇنداق تاغلار: ھەممىسى پەس-پەس، ئوتى ئاز، سۈيى قىس، دەرەخسىز، كۆرۈنۈشى سەت ھەم يارىماس. (ب 141) بۇ تاغلار ئۆز ئاھالىسىگە ماس كەلگەن. «تەڭ بولمىغۇچە تۇش بولماس» دېگەن بىر گەپ بار. ئالەمدە مۇنداق يارىماس تاغلار ئاز بولسا كېرەك.

كابۇلدا قىشلىقى قار قاتتىق ياغقىنى بىلەن ئوتۇنى ياخشى ھەم يېقىن. بىر كۈندە بېرىپ، ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ. ئوتۇنى دېۋىرقاي دەرىخى، دۇپ دەرىخى، ئاچچىق بادام دەرىخى ۋە قەرقەند دەرەخلىرىدۇر. بۇلاردىن ئەڭ ياخشىسى دېۋىرقاي دەرىخىدۇر. يورۇق كۆيىدۇ. ئىسسىنىڭ ھىدى ياخشى، چوغىمۇ ئۇزۇن تۇرىدۇ، ھۆلىمۇ كۆيىدۇ. كاۋچۇكىمۇ ياخشى ئوتۇن، سەل ئاستا كۆيىسىمۇ، لېكىن ئوتىنىڭ تاۋى بار، چوغى كۆپ. كاۋچۇك ياغىچىنىڭ بىر ئاجايىپ خۇسۇسىيىتى شۇكى، يېشىل يوپۇرمىقى بار شاخلىرىنى قالسىمۇ چاراسلاپ كۆيىدۇ، بېشىدىن ئايىغىغىچە تەڭلا ئوت تۇتىشىدۇ. بۇ ياغاچنىڭ كۆيۈشى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. ئاچچىق بادام ھەممىدىن كۆپ ۋە ئومۇمىيدۇر، بىراق چوغى تۇرمايدۇ. قەرقەندنىڭ قىسقا-قىسقا تىكىنى بار. ھۆلىمۇ، قۇرۇقىمۇ تەڭلا كۆيىدۇ. پۈتۈن غەزنىلىكنىڭ ئوتۇنى شۇ.

كابۇل ۋىلايىتى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان. تاغلار خۇددى بېدە دۆۋىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تاغ ئارىلىرىدا تۈزلەڭلەر بار. ئاۋات يەرلىرى شۇ ئارىلىقلاردا. كېيىكى ۋە گۈۋى كۆپ ئەمەس. كۈز ۋە ئەتىيازدا قىزىل كېيىك يەنى ئارقار غۇلچە قىشلاق ياكى يايلاققا ماڭغاندا بەلگىلىك بوغازلاردىن ئۆتىدۇ. ھەۋەسكار ۋە ئىتى بار يىگىتلەر بېرىپ، شۇ بوغازلارنى (142) توسۇپ،

كېپىك ئۇۋلايدۇ. خورد كابۇل ۋە سۇرخاب تەرەپلىرىدە قۇلانمۇ بار، لېكىن ئاق كېپىك زادى يوق. غەزنىدە ئاق كېپىكمۇ بار، قۇلانمۇ بار. غەزنىنىڭ ئاق كېپىكىدەك سېمىز كېپىك ئاز يەردە بولىدۇ. ئەتىيازدا كابۇلنىڭ قۇش ئۇۋلايدىغان يەرلىرى كۆپ. قۇشلار ئاساسەن باران ياقىسىدىن ئۆتىدۇ. چۈنكى كابۇلنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرى تاغلىقتۇر. باران ياقىسىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ ھىندۇكۇش ئۆتكىلىلا باركى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتكەل يوق. شۇ سەۋەبتىن قۇشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتىدۇ. ئەگەر شامال بولسا ياكى ھىندۇكۇش ئۆتكىلى ئۈستىدە بۇلۇت بولسا، قۇشلار ئۆتەلمەي، ھەممىسى باران تۈزلەڭگە چۈشىدۇ. شۇ چاغدا شۇ تەۋەدىكى كىشلەر قۇشنى كۆپ ئۇۋلايدۇ. باران ياقىسىغا قىشنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆردەك كۆپ كېلىدۇ ھەم ئىنتايىن سېمىز بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرنا، قاقىرا قاتارلىق چوڭ قۇشلارمۇ ھەددى-ھېسابسىز. باران ياقىسىدا تۇرنىنى شوينا ئېتىش يولى بىلەن كۆپ تۇتىدۇ. ئۇقار، قاقىرا ۋە ساقا قۇشلارنىمۇ شوينا بىلەن كۆپلەپ تۇتىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن قۇش تۇتۇش پەقەت مۇشۇ يەرگىلا خاس. شوينا بىلەن قۇش تۇتۇشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئۇزۇنلۇقى بىر ئوق ئېتىمى كېلىدىغان بىر تال شوينا ئېشىدۇ، شويننىڭ بىر ئۇچىغا ئوق باغلايدۇ. يەنە بىر ئۇچىغا چىۋىقتىن ياسالغان بىر چەمبەرنى باغلايدۇ. يوغانلىقى بىلەكتەك، (ب 142) ئۇزۇنلىقى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر ياغاچ تەييارلاپ، شويننى ئوق باغلانغان ئۇچىدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە شۇ ياغاچقا يۆگەيدۇ. شوينا يۆگىلىپ بولغاندىن كېيىن، چەمبەرنى باغلايدۇ. ئاندىن ھېلىقى بىلەكتەك ياغاچنى شويننىڭ ئىچىدىن

چىقىرىۋالدۇ-دە، يۆگەلگەن شوينىنىڭ ئوتتۇرىسى تۆشۈك قالدۇ. ئاندىن چەمبەرنى قولغا ئېلىپ، ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قۇشنىڭ ئالدىغا ئوقنى ئاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شوينا قۇشنىڭ قانىتىغا ياكى بوينىغا چىرمىلىپ، قۇش يەرگە يىقىلىدۇ. بارانلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن نۇرغۇن قۇش تۇتىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇل بىلەن قۇش تۇتۇشنىڭ خېلى مۇشەققىتى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن يامغۇر ياغقان قاراڭغۇ كېچىدە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنداق كېچىلەردە بۇ قۇشلار يىرتقۇچ ھايۋانلار سەۋەبىدىن تاڭ ئاتقىچە تىنماي ئۇچىدۇ ۋە پەس ئۇچىدۇ. قاراڭغۇ كېچىدە قۇشلار ئېقىن سۇ يولى بويىچە ئۇچىدۇ، چۈنكى قاراڭغۇدا سۇ ئاقىرىپ كۆرۈنىدۇ. قورققان قۇشلار تاڭ ئاتقۇچە سۇنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇچۇپ كېلىپ يۈرىدۇ. شويىنىنى مانا مۇشۇنداق چاغدا ئاتىدۇ. مەنمۇ بىر قېتىم شوينا ئېتىپ باقتىم. شوينا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، قۇشمۇ تېپىلمىدى. ئەتىسى قۇشنى ئۈزۈلگەن شوينا بىلەن بىللە تېپىپ ئېلىپ كېلىشتى. بارانلىقلار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن نۇرغۇن ئۇقار تۇتىدۇ. چاچ ئوتاغىسى① ئۇقار پەيلىرىدىن ياسىلىدۇ. كابۇلدىن ئىراق ۋە خۇراسانغا بارىدىغان ماللاردىن بىرى مۇشۇ چاچ ئوتاغىسىدۇر. بۇ يەردە جەمئىي ئىككى يۈز-ئۈچ يۈز ئۆيلۈك ئۇۋچى بولۇپ، ئۇلارنى تېمۇر بەگنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى مولتان تەۋەسىدىن (143) مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى قۇش ئوۋلاشتۇر. ئۇلار كۆللەرنى

① ئوتاغا — باش كىيىمگە ياكى چاچقا تاقىلىدىغان بېزەك، تاج، پۆپۈك.

ياساپ، نۇرغۇن دەرەخلەرنى تىكىپ، كۆل ئوتتۇرىسىغا تورلارنى قويۇپ، ھەرخىل قۇشلارنى تۇتىدۇ. يالغۇز ئۇۋچىلارلا ئەمەس، باراندا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ ھەممىسى شوينا ئېتىپ، تۇزاق قويۇپ، ھەرخىل يوللار بىلەن نۇرغۇن ھەم خىلمۇخىل قۇشلارنى تۇتىدۇ.

بۇ مەۋسۇم باران سۇيىدىن بېلىق ئۆتىدىغان مەزگىل. كىشلەر تور سېلىش، ئۆتكەرمە باغلاش ئۇسۇللىرى بىلەن نۇرغۇن بېلىق تۇتىدۇ. كۈز مەزگىللىرىدە قۇلان قۇيرۇقى ئوتىدىن ئون-ئون ئىككى كۆتۈرۈم، كۆك شىۋاق ئوتىدىن يىگىرمە-ئوتتۇز كۆتۈرۈم سۇ بويىغا ئېلىپ كېلىپ، يەنجىپ سۇغا سالىدۇ ۋە شۇ زامان سۇغا كىرىپ مەست بولغان بېلىقلارنى تۇتۇشقا باشلايدۇ. سۇنىڭ سەل ئايىغىدىن مۇۋاپىق بىر يەرنى تېپىپ ئۆتكەمە باغلايدۇ. ئۆتكەمە باغلاش ئۇسۇلى مۇنداق: بارماقتەك، بارماقتەك نوتىلارنى بورا قىلىپ ئۆرىدۇ ۋە بۇ بورىنى سۇ شارقىراپ چۈشىدىغان بىر يەرگە ئورنىتىپ، ئەتراپىغا تاش قىرلاپ قويىدۇ. سۇ بورا ئۈستىگە چۈشۈپ، تۆۋەنگە ئېقىپ كېتىدۇ، بېلىق بولسا، بورىنىڭ ئۈستىدە قالىدۇ. مەست بولغان بېلىقلارنى يۇقىرىدىن تۇتا-تۇتا كېلىپ، كۆپىنى بۇ ئۆتكەمىدىن ئېلىۋالىدۇ. گۈلبەھار، پەرۋان ۋە ئىتالىق سۇلىرىدا بېلىقنى شۇ ئۇسۇلدا تۇتىدۇ. قىشلىقى لەمغاناتتا باشقىچە بىر خىل ئۇسۇلدا (ب 143) بېلىق تۇتىدۇ. سۇنىڭ شارقىراپ چۈشىدىغان يېرىگە ئۆي ئورنىدەك — ئۆي ئورنىدەك يەرلەرنى ئورا قىلىپ قازىدۇ. ئۇچاق

تۈۋىدەك چوڭلۇقتىكى تاشلارنى بۇ ئورىغا قويۇپ ئۈستىگە تاش قىرلايدۇ. بۇ يەرگە سۇ تۆۋىنىدىن بىر ئېشىك قويىدۇ. تاشلار شۇنداق قىرلىنىدۇكى، مۇشۇ بىر ئېشىكتىن باشقا ھېچقانداق يەردىن بېلىق كىرىپ چىقالمايدۇ. بۇ قويۇلغان تاشنىڭ ئۈستىدىن سۇ ئاقىدۇ. بۇ ئورىلار بېلىق ئورىسى رولىنى ئوينايدۇ. قىشتا قاچان بېلىق كېرەك بولسا، بۇ ئورىلارنىڭ بىرىنى ئېچىپ، قىرىق-ئەللىك تال بېلىقنى بىراقلا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئورىلارنى مۇنداق ئۇسۇلدا ئاچىدۇ: بۇ ئورىلارنى بەلگىلىك بىر يەرگە ياسايدۇ. ئورىنىڭ بىر ئېشىكىدىن باشقا ھەممە تەرىپىگە پاخال قويۇپ، ئۈستىگە تاش قويىدۇ. ئېشىكىگە چىۋىقتىن توقۇلغان بورىدەك بىر نەرسىنى تارتىپ، ئىككى تەرىپىنى بىر يەرگە قوشۇپ باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە بىر چىۋىق بورىدەك بىر نەرسىنى تارتىپ بېكىتىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىزى بۇ بورا بىلەن تەڭ بولىدۇ. لېكىن ئۇزۇنلۇقى ئاۋۋالقى بورىنىڭ يېرىمىچە بولىدۇ. ئىچكىرىكى ئېغىزى تار بولىدۇ. بۇ ئىچكىرىكى ئېغىزىدىن كىرگەن بېلىقلار چوڭ بورىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چوڭ بورىنىڭ ئاستىنقى ئېغىزىنى شۇنداق قىلىدۇكى، يۇقىرىقى ئېغىزىدىن كىرگەن بېلىق ئىچكىرىكى (144) ئېغىزدىن بىر-بىرلەپ ئۆتىدۇ. بۇ ئىچكىرىكى ئېغىزىنىڭ ياغاچلىرىنىڭ ئۇچى بىرلەشتۈرۈلىدۇ. بېلىقلار بۇ ئېغىزدىن ئۆتۈپ، چوڭ بورىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چىقىدىغان ئاغزى بېكىتىلگەنلىكتىن بېلىق چىقىپ كېتەلمەيدۇ. كەينىگە يانسا، كىچىك بورىنىڭ ئىچكىرىكى ئېغىزىدا توسۇق

بولغانلىقتىن ئۆتەلمەيدۇ. بۇ چۆۋىق بورىنى شۇ قويغان ئىشككە بېكىتىدۇ. ئاچقاندا، ئورىنىڭ ئۈستىنى ئاچىدۇ، ئەتراپى پاخال بىلەن ئېتىلگەن ھالەتتە تۇرىدۇ. بېلىقنى شۇ ئورىنىڭ ئىچىدە تۇتىدۇ. بېلىق قاچسا، ئىشىك بىرلا بولغانلىقتىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان بورىغا چۈشىدۇ، شۇ يەردىن تۇتۇۋالىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا بېلىق تۇتۇش باشقا يەردە كۆرۈلمىگەن.

كابۇل ئېلىنىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مۇقىم قەندەھارغا كېتىشكە رۇخسەت سورىدى. ئەھدە-شەرت بىلەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەممە ئادىمى ۋە مال-دۇنياسى بىلەن ساق-سالامەت ئاتا ۋە ئاغىلىرى تەرەپكە كېتىشكە رۇخسەت بېرىلدى. مۇقىمنى يولغا سالغاندىن كېيىن، كابۇل ۋىلايىتى مىرزىلارغا ۋە ھەممە مېھمان بەگلەرگىلا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. غەزنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەر جەھانگىر مىرزىغا بېرىلدى. نىگەنھار، تۈمەنى، مەندراۋىر، دەرەئى نۇر، نۇرگىل ۋە چەغانساراي ناسىر مىرزىغا بېرىلدى. قازاقلىقلاردا مېنىڭ بىلەن بىللە بولغان بەگلەر ۋە يىگىتلەرنىڭ بەزىسىگە (ب 144) يېزا ۋە قورۇق قاتارلىقلارلا بېرىلدى. ھېچقايسىسىغا ۋىلايەت بېرىلمىدى. يالغۇز بۇ يەردىلا ئەمەس، تەگرى دۆلەت بەرسىلا، مېھمان ۋە مۇساپىر بەگ ۋە يىگىتلەرنى ئۆز تۆھپىكارلىرىمدىن ھەم ئەندىجانلىقلاردىن ئارتۇق كۆرۈپ كەلدىم. شۇنىڭغا قارىماي، بەزىلەر يەنە، توھپىكار ۋە ئەندىجانلىقلاردىن باشقىسىغا ئېتىبار قىلمايدۇ، دەپ غەيۋىتىمنى قىلىدىكەن. زادى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىش. «دۈشمەن نېمە دېمەس، چۈشكە نېمە كىرمەس» دېگەن بىر گەپ بار.

دەرۋازەئى شەھررا تەۋان بەست،
نەتۋان دەھەنى مۇخالىفان بەست.

(شەھەر دەرۋازىسىنى ئەتكىلى بولىدۇ، لېكىن مۇخالىپلارنىڭ ئاغزىنى ئەتكىلى بولمايدۇ).

سەمەرقەند، ھىسار ۋە قۇندۇزدىن نۇرغۇن كىشى كابۇل ۋىلايىتىگە كەلگەندى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەت قىلىپ، «كابۇل كىچىك بىر يەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلەمدىن كۆرە كۆپرەك ئەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ. ھەممەيلەنگە تەمىنات يېتىشتۈرۈپ بېرىشكە ئىمكان يوق. بۇ كىشىلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە بىر ئاز ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىپ، چېرىك چاپقۇنغا ئاتلىنىشى لازىم» دېگەن قارارغا كەلدۇق. مۇشۇ قارارغا ئاساسەن كابۇل ۋە غەزنى ۋىلايىتى ھەم ئۇلارنىڭ تەۋەسىگە ئوتتۇزمىڭ ئېشەك ئاشلىق سېلىقى سېلىندى. كابۇلنىڭ كىرىمى ۋە ھوسۇلىنى بىلمەيلا مۇشۇنداق سېلىق سېلىنغانلىقتىن، ۋىلايەت بەك ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. مۇشۇ مەزگىللەردە «بابۇرىي» خېتىنى① ئىجاد قىلدىم. سۇلتان مەسئۇدى ھەزارىسىگە نۇرغۇن قوي ۋە ئات سېلىقى سېلىنىپ، سېلىق يىغقۇچىلار ئەۋەتىلگەندى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سېلىق يىغقۇچىلاردىن خەۋەر كەلدى: ھەزارىلەر سېلىقنى (145) بەرمەي، باشباشتاقلىق قىلىپتۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىرقانچە قېتىم گەردىز ۋە غەزنى يوللىرىنى باسقۇن قىلغانىدى. شۇڭا، سۇلتان مەسئۇدى ھەزارىسىنى چاپقۇن

---

① بابۇر ئىجاد قىلغان بۇ ئېلىپبەنىڭ نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. ئۇنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات يوق. ھەر ھالدا شۇ چاغدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يېزىقلار بىلەن بىردائىرىدىكى ئېلىپبە بولسا كېرەك.

قىلىشقا ئاتلاندۇق. مەيدان يولى بىلەن كېلىپ، نىرھ ئۆتكىلىدىن كېچىلەپ ئۆتۈپ، بامدات ۋاقتىدا چەتۈ تەۋەسىدىكى ھەزارەلەرنى چاپقۇن قىلدۇق. چاپقۇن كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئۇ يەردىن سەنگسۇراخ يولى بىلەن قايتىپ، جەھانگىر مىرزىنى غەزنىگە يولىغا سالدۇق. كابۇلغا چۈشكەندە، دەريا خاننىڭ ئوغلى يار ھۆسەيىن بىھرە تەرەپتىن كېلىپ قۇللۇق ئىزھار قىلدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، چېرىك سەپەرۋەر قىلدۇق ۋە ئەتراپتىكى يۇرتلارنى بىلىدىغان كىشىلەرنى چاقىرىپ، ئەتراپنى مۇھاكىمە قىلدۇق. بەزىلەر دەشتكە يۈرۈشنى تەۋسىيە قىلدى، بەزىلەر بەنگەشنى مۇناسىپ كۆردى، بەزىلەر ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئاخىر ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشقا قارار قىلدۇق. شەبان ئېيىدا — قۇياش دەلۋ بۇرجىدا تۇرغاندا ① كابۇلدىن ھىندىستان سەپىرىگە ئاتلاندۇق. بادام چەشمە ۋە جىگدەلىك يولى بىلەن ئارىدا ئالتە قونۇپ ئەدىنەپۇرغا كەلدۇق.

ئىسسىق ئىقلىم ۋىلايەتلىرىنى ۋە ھىندىستان تەۋەسىنى شۇ چاغقىچە كۆرۈپ باقمىغانىدىم. نىگەنھارغا يەتكەندىن كېيىن، كۆز ئالدىمىزدا باشقىچە بىر ئالەم نامايان بولدى. باشقىچە گىياھلارنى، باشقىچە دەرەخلەرنى، باشقىچە ھايۋانلارنى، باشقىچە قۇشلارنى، باشقىچە خەلق ۋە ئۇلۇسنىڭ (ب 145) ئۆرپ-ئادەتلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇق. ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىدى.

بىر ئاز بۇرۇن ۋىلايىتىگە كەلگەن ناسىر مىرزا ئەدىنەپۇرغا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇ تەرەپتىن كەلگەن ئەيماق ۋە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قىشنى ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن كۆچۈپ لەمغاناتقا

① كونا شەمسىيە كالېندارى بويىچە 11-ئايدا.

كەلگەندى. ئۇلارنىڭ چىرىكلىرىنى ۋە كېيىن قالغان چىرىكلەرنى ئۆزىمىزگە قوشۇش ئۈچۈن ئۇ يەردە بىر-ئىككى كۈن تۇرۇپ، ئۇلار قوشۇلغاندىن كېيىن كېلىپ جۇھى شاھىدىن ئۆتۈپ، قوش گۇمبەزگە چۈشتۇق. ناسىر مىرزا نۆكەرلىرىگە ۋىلايىتىدىن بىر نەرسىلەر ئالدۇرۇش ئۈچۈن بىر-ئىككى كۈن كېيىن كەينىمىزدىن يېتىشقا رۇخسەت سوراپ شۇ يەردە قالدى.

قوش گۇمبەزدىن كۆچۈپ، گەرم چەشمىگە چۈشكەندە، كاكيانىنىڭ چوڭلىرىدىن بولغان بىر پىخلنى ئېلىپ كېلىشتى، ئۇ كارۋانلار بىلەن كېتىۋاتقانىكەن: يول ۋە يەرلەرنى بىلىشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىۋالدۇق. ئارىدا بىر-ئىككى قونۇپ، خەيبەردىن ئۆتۈپ جامغا چۈشتۇق. كۆرەكەترىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغانىدىم. جوگى ۋە ھىندۇلارنىڭ بىر مەبۇدى شۇ ئىمىش. ئۇزاق يەرلەردىن كېلىپ كۆرەكەترىدە چاچ-ساقاللىرىنى قىرقارمىش. جامغا يەتكەندىن كېيىن بەكرامنى ئارىلاشقا باردىم. يوغان بىر دەرەخنى كۆرۈپ، بەكرام تەۋەسىنى ئايلاندىم. يول باشلىغۇچى مەلىك بۇ سەئىد كەمەرى ئىدى. كۆرەكەترىنى بىرنەچچە قېتىم سورىدۇق. ئېيتمىدى. قايتىپ ئوردۇغا (146) يەتكەندە، خوجا مۇھەممەد ئىمىنغا: «كۆرە كەترى بەكرامنىڭ قېشىدا ئىدى. تار بىر غار ھەم خەتەرلىك يەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئېيتمىدىم» دەپتۇ. خوجا ئۇنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى دەرھال ماڭا يەتكۈزدى. كۈن كەچ بولغانىدى، يولمۇ يىراق ئىدى. بارالمىدۇق.

بۇ قارارگاھتا سىند دەرياسىدىن قانداق ئۆتۈش ۋە قايسى تەرەپكە مېڭىش مەسىلىسىنى مەسلىھەت قىلدۇق. باقى چاغانىيانى: دەريادىن ئۆتمەي، بۇ يەردىن بىر قونۇپ يېتىدىغان كوھەت

دېگەن يەرگە بارايلى، ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى كۆپ ھەم باي ئىمىش، دېگەن پىكرنى بىلدۈردى ۋە ئۆزىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدىغان بىرنەچچە كابۇللۇقنى باشلاپ كىردى. بۇ يەرلەرنى بۇرۇن ھېچ ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. چوڭ ھوقۇقلۇق بىر ئادەم كۆھەت تەرەپكە بېرىشنى مۇناسىپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن گۇۋاھچىلارنىمۇ ئېلىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، دەريادىن ئۆتۈش ۋە ھىندىستانغا يۈرۈش پىكرىدىن ۋاز كېچىپ، جامدىن كۆچۈپ، بارە سۇيىدىن ئۆتۈپ، مۇھەممەد پىخ داۋىنىغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. ئۇ چاغدا پەرشاۋەردىكى كاكىيانىي ئافغانلىرى چېرىك ۋەھىمىسى بىلەن بۇ تاغنىڭ ئېتىكىگە كەلگەنىدى. كاكىيانىينىڭ چوڭلىرىدىن بولغان خۇسرەۋ كاكىيانىي مۇشۇ قارارگاھقا كېلىپ ماڭا مۇلازىمەت قىلدى. ئۇنىمۇ يول ۋە يەرلەرنى (ب 146) بىلىشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىۋالدۇق.

بۇ قونالغۇدىن يېرىم كېچىدە قوزغىلىپ، كۆن چىققان مەزگىلدە مۇھەممەد پىختىن ئۆتتۇق. چاشگاھ مەزگىلدە كۆھەت چاپقۇن قىلىندى. نۇرغۇن كالا قولغا چۈشتى. ئافغانلاردىنمۇ نۇرغۇن ئەسىر ئېلىندى. ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى ئازاد قىلىندى. خەقنىڭ ئۆيلىرىدە ئاشلىق ناھايىتى كۆپ ئىكەن. چاپقۇنچىلار سىند دەرياسى بويىغىچە چاپقۇن قىلىپ بېرىپ، ئەتىسى كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. چېرىكنىڭ قولىغا باقى چاغانىيانى ئېيتقاندەك نەرسىلەر چۈشمىدى، بۇنىڭ بىلەن باقى بەگنىڭ خېلىلا يۈزى چۈشتى.

كۆھەتتە ئىككى كېچە قونۇپ، چاپقۇنچىلىرىمىز يىغىلغاندىن كېيىن، قايسى تەرەپكە مېڭىش توغرۇلۇق كېڭەش ئۆتكۈزدۇق ۋە بەنگەش بىلەن بەنۇ تەرەپلىرىدىكى ئافغانلارنى چاپقۇن قىلىپ، نەغەر

ياكى فەرمۇل يولى بىلەن قايتىش قارارىغا كەلدۇق. كابۇلدا ۋاقتىمىزدا كېلىپ مۇلازىمەت قىلغان دەريا خاننىڭ ئوغلى يار ھۆسەين: «دىلەزاك، يۇسۇفزەيى ۋە كاكىيانىيلارغا① ئۇلارنىڭ مېنىڭ سۆزۈمدىن چىقماسلىقى، سىند دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە مېنىڭ پادىشاھ قىلىچىنى تۇتۇشۇم ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈلسە» دېگەن تەلەپنى قويدى. تەلەپ قىلغىنىدەك پەرمانلارنى بېرىپ، ئۇنىڭ كۆھەتتىن كېتىشىگە رۇخسەت قىلدۇق.

كۆھەتتىن كۆچۈپ، ھەنگۇ يولى بىلەن يۇقىرى بەنگەش تەرىپىگە ماڭدۇق. كۆھەت بىلەن (147) ھەنگۇ ئارىلىقىدا بىر جىلغا بار، جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى تاغ بولۇپ، يول شۇ جىلغىنىڭ ئىچىدىن كېتىدۇ. بىز جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە شۇ تەۋەدىكى ئافغانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، ئىككى تەرەپتىكى تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، سۈرەن سېلىپ، غوۋغا قىلىشقا باشلىدى. مەلىك بۇسەئىد كەمەرى پۈتۈن ئافغانىستاننى ياخشى بىلەتتى، بۇ يۈرۈشتە بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز ئىدى. ئۇ ئالدى تەرەپتە يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئايرىم بىر تاغ بارلىقىنى، ئەگەر بۇ ئافغانلار شۇ تاغقا ئۆتسە، ئۇ ئايرىم تاغ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى قورشىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تەڭرى ئىشىمىزنى ئوڭ قىلدى. ئافغانلار ئەگىشىپ كېلىپ، شۇ ئايرىم تاغقا چىقتى. بىر قىسىم يىگىتلەرنى تاغ ئارىسىدىكى تار يەرنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتۇق. قالغان چېرىككە ئۇ تەرەپتىن-بۇ تەرەپتىن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. چېرىكنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئۇرۇشۇشقىمۇ ئىمكان تاپالمىدى. بىزنىڭ چېرىك بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يۈز-يۈز

① دىلەزاك، يۇسۇفزەيى، كاكىيانىي — ئافغان قەبىلىلىرىنىڭ نامى.

ئەللىك ئافغاننى قولغا چۈشۈرۈپ، بەزىسىنى تىرىك ئېلىپ كەلدى، كۆپچىلىكىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئافغانلار جەڭدە ئاجىز كېلىپ قالسا، دۈشمىنىنىڭ ئالدىغا ئوت چىشلەپ كېلىدىكەن. بۇ «مەن سېنىڭ كالاڭمەن» دېگەنلىك بولىدىكەن. بۇ ئادەتنى ئۇ يەردە (ب 147) كۆردۇق. ئاجىز كەلگەن ئافغانلار ئوت چىشلەپ كەلدى. تىرىك كەلتۈرۈلگەنلەرنىڭمۇ كاللىسى ئالدۇرۇلۇپ، چۈشكەن يېرىمىزدە كاللىدىن مۇنار قوپۇرۇلدى.

ئەتىسى بۇ يەردىن كۆچۈپ، ھەنگۈگە چۈشتۇق. بۇ تەۋەدىكى ئافغانلار بىر كىچىك تاغنى سەنگەر قىلىپتۇ. «سەنگەر» دېگەن سۆزنى كابۇلغا كەلگەندىن كېيىن بىلدۇق. بۇ يەردىكىلەر تاغنى بېكىتىشنى① «سەنگەر» دەيدىكەن. بىزنىڭ چېرىك سەنگەرنى بۇزۇپ، يۈز-ئىككى يۈز ئاسىي ئافغاننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردىمۇ كاللىدىن مۇنار قوپۇرۇلدى.

ھەنگۈدىن كۆچۈپ، ئارىدا بىر قونۇپ، يۇقىرى بەنگەشنىڭ ئايىغىدىكى تىل دېگەن يەرگە چۈشتۇق. بۇ يەردىمۇ چېرىكلەر ئەتراپتىكى ئافغانلارنى چاپقۇن قىلىشقا بارغانىدى، بىر سەنگەردىن بەزى چاپقۇنچىلار ئاز تاپاۋەت بىلەن قايتتى. بۇ يەردىن كۆچۈپ،

يول يوق يەرلەر بىلەن ماڭدۇق، ئارىدا بىر قونۇپ، ئەتىسى ئەتىگەن تېپتىك بىر چۈشمىدىن چۈشۈپ، ئۇزۇن بىر تار جىلغىدىن ئۆتۈپ، بەننۇغا چۈشتۇق. چېرىكلەر، تۆگىلەر، ئاتلار بۇ چۈشمىدە ھەم تار جىلغىدا بەك جاپا تارتتى. قولغا چۈشۈرۈلگەن ئۇلجىلار، كاللىلارنىڭ تولىسى شۇ يەرلەردە قالدى. ئەسلىدە چوڭ يول ئوڭ قول تەرىپىمىزدە — بىر-ئىككى كۈرۈھ كېلىدىغان يەردە ئىكەن.

① تاغنى بېكىتىش — تاغقا بېكىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش.

بۇ يول ئاتلىقلار ماڭىدىغان يول ئەمەس، بەلكى قويچى ۋە پادىچىلار بەزىدە قوي-پادىلىرىنى ھەيدەپ ئۆتىدىغان يول ئىكەن (148) شۇڭا بۇ يولنى گۇسفەند لىيار (قوي يولى) دەپ ئاتايدىكەن. ئافغان تىلىدا يولنى «لىيار» دەيدۇ. يول باشلىغۇچىمىز مەلىك بۇسەئىد كەمەرى ئىدى. چىرىكنىڭ كۆپچىلىكى يولنىڭ چەپ كەلگەنلىكىنى مەلىك بۇسەئىدتىن كۆردى.

بەنگەش ۋە نەغەر تاغلىرىدىن ئۆتۈپلا، تۆپتۈز يەرگە جايلاشقان بەنۇغا يەتتۇق. بەنۇنىڭ شىمال تەرىپى بەنگەش ۋە نەغەر تاغلىرىدۇر، بەنگەش دەرياسى بەنۇغا چىقىدۇ، بەنۇ شۇ سۇ بىلەن كۆكىرىدۇ. جەنۇب تەرىپى جۇپارە ۋە سىند دەريالىرىدۇر. شەرق تەرىپى دىنكۇت، غەرب تەرىپى بازار ۋە تاك دەپمۇ ئاتىلىدىغان دەشتتۇر. ئافغان قەبىلىرىدىن كۇرانى، كىۋى، سۇر، ئىساخەيل ۋە نىيازىيلار مۇشۇ ۋىلايەتتە تىرىقچىلىق قىلىدۇ. بەنۇغا چۈشكەندىن كېيىن، تۆزلەڭدىكى قەبىلەرنىڭ شىمالدىكى تاغلاردا سەنگەر قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. جەھانگىر مىرزىنى چىرىك بىلەن ئەۋەتتىم. سەنگەر قىلغانلار كىۋىلار ئىكەن. چىرىك بېرىپ ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇلارنى يېڭىپ، چاپ-چاپ قىلىپ، نۇرغۇن باشلارنى كېسىپ كەلدى. چىرىك نۇرغۇن ئاق رەخت غەنىيمەت ئالدى. بەنۇدىمۇ كالىلىدىن مۇنار قوپۇرۇلدى. بۇ سەنگەر ئېلىنغاندىن كېيىن، كىۋىنىڭ كاتتىلىرىدىن شاد خان ئىسىملىك بىرى ئوت چىشلەپ كېلىپ، مۇلازىمەت قىلدى. ئەسىرلەرنى كەچۈرۈم قىلدۇق.

كوھەتنى چاپقۇن قىلغاندا، بەنگەش ۋە بەنۇ تەۋەسىدىكى ئافغانلارنى چاپقۇن قىلغاندىن كېيىن، نەغەر يولى بىلەن ياكى فەرمۇل يولى بىلەن (ب 148) قايتىشنى قارار قىلغاندۇق. بەنۇنى

چاپقۇن قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئەتراپنى بىلىدىغان ئادەملەر: دەشت يېقىن، ئاھالىسىمۇ كۆپ، يولى ياخشى، ئۇ يولمۇ فەرمۇلغا چىقىدۇ، دېگەن پىكىرنى بىلدۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن دەشتنى چاپقۇن قىلىپ، شۇ يول بىلەن چىقىش قارارىغا كەلدۇق. ئەتىسى ئۇ يەردىن كۆچۈپ، مۇشۇ دەريانىڭ ياقىسىدىكى ئىساخەيل يېزىسىغا چۈشتۇق. ئىساخەيللەر خەۋەر تېپىپ، جۇپارە تاغلىرىغا چىقىۋاپتۇ. ئىساخەيل يېزىسىدىن كۆچۈپ، جۇپارە تاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ چۈشتۇق. چاپقۇنچىلار تاغلارغا بېرىپ، ئىساخەيللەرنىڭ بىر سەنگەرنى بىتچىت قىلىپ، قوي، كالا ۋە رەختلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇ كېچىسى ئىساخەيل ئافغانلىرى كېچىلىك ھۇجۇم ياسىدى. بۇ يۇرۇشتە نۇرغۇن ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى يولغا قويغانىدۇق. شۇڭا ھېچ نەرسە قىلالمىدى. بىزنىڭ ئېھتىيات تەدبىرلىرىمىز مۇنداق ئىدى: قونالغۇدا ئوڭ قانات، سول قانات، غول ۋە ئالدىنقى قىسىملارنىڭ ھەرقايىسىسى ئۆز ئورنى بويىچە ئورۇنلىشاتتى، ھەر قىسىم ئۆزىنىڭ چۈشكەن يېرىدىن قوراللىنىپ ئوردۇنىڭ ئەتراپىغا چېدىرلاردىن بىر ئوق ئېتىمى يىراقلىقتا پىيادە چىقىپ كېچىچە كۆزەت قىلاتتى. ھەر كېچىسى مۇشۇ شەكىلدە چېرىك چىقىرىلاتتى. ھەر ئاخشىمى ئىچكىلەردىن ئۈچ-تۆت كىشى نۆۋەت بىلەن مەشئەل كۆتۈرۈپ چىقىپ ئايلىنىپ كېلەتتى، مەنمۇ بىرەر قېتىم ئايلىنىپ كېلەتتىم. نۆۋەتتە چىقمىغانلارنىڭ بۇرنىنى تېشىپ (149) چېرىك ئىچىدە ئايلاندۇراتتۇق. جەھانگىر مىرزا، باقى چاغانىيانى، شىرىم تاغايى، سەييد ھۆسەيىن ئەكبەر ۋە باشقا بەزى بەگلەر ئوڭ قاناتتا ئىدى. مىرزىخان، ئابدۇرەززاق مىرزا، قاسىم بەگ ۋە باشقا بەزى بەگلەر سول قاناتتا ئىدى. غولدا پۈتۈنلەي ئىچكى بەگلەر

بولۇپ، چوڭ بەگلەردىن يوق ئىدى. ئالدىنقى قىسمدا سەيىد قاسىم ئىشىك ئاغا، بابا ئوغلى، ئاللا قۇلى بىرەن ۋە باشقا بەزى بەگلەر بار ئىدى. چېرىك ئالتە بۆلەك قىلىپ تەشكىللەنگەنىدى. ھەر بۆلەك بىر كىچە-كۈندۈزدىن چاغداۋۇللۇق قىلاتتى.

بۇ تاغ ئېتىكىدىن كۆچۈپ، غەربكە قاراپ مېڭىپ، دەشت بىلەن بەنئۇننىڭ ئارىلىقىدىكى بىر سۇسىز غولغا چۈشتۇق. چېرىكلەر ساينى قېزىپ، ئۆزلىرىگە ۋە كالا-قارىلىرىغا سۇ چىقاردى. بۇ ساينى بىر قارى-بىر يېرىم قارى قازسا سۇ چىقىدىكەن. يالغۇز بۇ ساينىڭلا ئەمەس، ھىندىستاننىڭ ھەممە سايلىرىنىڭ مۇشۇنداق خۇسۇسىيىتى بار، بىر قارى-بىر يېرىم قارى قازسىلا جەزمەن سۇ چىقىدۇ. بۇ، خۇدانىڭ ئاجايىپ بىر قۇدرىتى. ھىندىستاندا دەريادىن باشقا ئېقىن سۇ يوق. سايلىرى سۇغا شۇ قەدەر يېقىن بولىدىكەن. بۇ قۇرۇق سايدىن سەھەردە يولغا چىقىپ، نامازدىگەر مەزگىلدە ئاتلىق قىسىملار دەشتنىڭ يېزىلىرىغا يېتىپ باردى. چاپقۇنچىلار بىرقانچە يېزىنى چاپقۇن قىلىپ، كالا، رەخت ۋە سودا ئاتلىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ كىچىسى تاڭ ئاتقۇچە، ئەتىسى چۈشكىچە كەينىمىزدە قالغان يۈكلۈك كالا ۋە تۆگىلەر ھەم ياياقلار (ب 149) يېتىشىپ كەلدى. بۇ كۈننىمۇ شۇ يەردە ئۆتكۈزدۇق. چاپقۇنچىلار بېرىپ، دەشتنىڭ يېزىلىرىدىن نۇرغۇن كالا ۋە قوي ئېلىپ كەلدى. ئافغانلارنىڭ سودىگەرلىرىنى ئۇچرىتىپ، نۇرغۇن ئاق رەخت، خۇش بۇي دورا، قەنت، ناۋات، نەسىللىك ئات ۋە سودا ئاتلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئافغانلار ئىچىدىكى مەشھۇر ۋە مۆتىۋەر سودىگەرلەردىن بولغان خوجا خىزىر نۇھانىينى ھىند موغۇل قولغا چۈشۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ كەلدى. شىرىم تاغايى چاپقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن بارغانىدى، بىر

ياياق ئافغان روبرو كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىگىز قولىنى چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ.

ئەتىسى كۆچۈپ، دەشت يېزىلىرىغا يېقىن بىر يەرگە چۈشتۇق، ئۇ يەردىن كۆچۈپ، گۇمەل سۈيىنىڭ بويىغا چۈشتۇق. دەشتتىن غەزنىگە ئىككى يول بارىدىكەن، بىرى سەنگسۇراخ يولى بولۇپ، بەركتىن ئۆتۈپ، فەرمۇلغا كېلىدىكەن. يەنە بىرى گۇمەل دەرياسىنى ياقىلاپ، بەرككە يەتمەيلا فەرمۇلغا كېلىدىكەن، بەزىلەر گۇمەل يولىنى ياقتۇردى. بىز دەشتتە ۋاقتىمىزدا ئىككى-ئۈچ كۈن تىنماي يامغۇر ياغقانلىقتىن گۇمەل سۈيى كۆپ ئۇلغايغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن كۆپ جاپالار بىلەن ئۆتتۇق. يول بىلىدىغان كىشىلەر: «گۇمەل يولىدا ماڭساق، بۇ دەريادىن بىرنەچچە قېتىم ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەگەر سۇ مۇنداق ئۇلۇغ بولسا، بەك مۇشكۇل بولىدۇ.» دېگەن پىكىرنى بىلدۈردى. بۇ يول بىلەن مېڭىشىمۇ ئارىسالدى بولۇپ، تېخى بىر قارارغا كەلمىگەنىدۇق. ئەتىسى كۆچۈش دۇمبىقىنى چالدۇرۇپ، ئات ئۈستىدىلا (150) سۆزلىشىپ، قايسى يول بىلەن مېڭىشنى قارار قىلماقچى ئىدىم. روزى ھېيت ئىدى. مەن ھېيتلىق غۇسۇل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم. جەھانگىر مىرزا بەگلەر بىلەن سۆزلىشىپتۇ. بەزىلەر: «دەشتنىڭ غەرب تەرىپىدە مەھتەر سۇلايمان تېغى دەيدىغان بىر تاغ بار، بۇ تاغ دەشت بىلەن دۇكى ئارىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تۇمشۇقىدىن ئايلانسىلا تۈز يولغا چىققىلى بولىدۇ. بىراق، بىر-ئىككى كۈن كۆپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ» دەپتۇ. كىشىلەر مۇشۇ يولنى خالاپ، يولغا چۈشۈپتۇ، مەن غۇسۇل قىلىپ بولغۇچە، پۈتۈن چېرىك تۇمشۇق يولغا چۈشۈپ كۆپچىلىكى گۇمەل دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولۇپتۇ. مېڭىپ كۆرۈلگەن يول ئەمەس

ئىدى، شۇڭا يولنىڭ يىراق-يېقىنلىقىدىن بىخەۋەرلا مىش-مىش سۆز بىلەن بۇ يولغا كىردۇق. ھېيت نامىزىنى گۈمەل دەرياسىنىڭ بويىدا ئوقۇدۇق. نورۇز بۇ ھېيتقا يېقىن بولۇپ، بىر-ئىككى كۈنلا قالغانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇنۇ غەزەلنى ئېيتقانىدىم:

ياڭى ئاي يار يۈزى بىرلە كۆرۈپ ئېل شاد بايرەملەر،
ماڭا يۈزۈ قاشىڭدىن ئايرۇ بايرەم ئايىدا غەملەر.

..........................................

يۈزى نەۋرۇزى ۋەسلى ئەيدىنى بابۇر غەنىمەت تۇت،
كى مۇندىن ياخشى بولماس بولسە يۈز نەۋرۇز بەيرەملەر.

(كىشىلەر يېڭى ئاينى يار يۈزى بىللە كۆرۈپ خوشال بايرام قىلدۇ، يۈز ۋە قېشىڭدىن ئايرىلغىنىم ئۈچۈن مېنى بايرام ئېيىدا غەم باسماقتا... ئەي بابۇر نورۇز بىلەن بىللە كەلگەن ھېيت ۋەسلىنى غەنىيمەت بىل، يۈز نورۇز كەلسمۇ بۇنىڭدىن ياخشى بولمايدۇ)

گۈمەل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبقا قاراپ تاغ باغرى بىلەن ماڭدۇق. بىر-ئىككى كۇرۇھ يول يۈرۈلگەنىدى، (ب 150) تاغ ئېتىكىدىكى ئېدىرلاردا قېنى تۇتۇلغان ئافغانلاردىن بىر مۇنچىسى پەيدا بولدى. ئاتلارنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، ئۇلار تەرەپكە ئېتىلدۇق. كۆپچىلىكى قاچتى، بەزىلىرى ئېسىنى يوقىتىپ، تاغ باغرىدىكى ئېدىرلارغا ۋە تاغ بەللىرىگە مۆكۈندى. بىر ئافغان بىر كىچىك تاغنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. روشەنكى، ئۇنىڭ كەينى تەرىپى تىك يار بولۇپ، قاچار يېرىمۇ يوق ئىدى. سۇلتان قۇلى چاناق ساۋۇتلۇق چىقىپ قىلىچلىشىپ ئۇنى قولغا چۈشۈردى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا قىلغان بىر ئىشى مۇشۇ ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئىشى يۈزىسىدىن ئېتىبارغا

ئىگە بولدى ۋە ئۆستى. بىر تاغ بىلدە قۇتلۇق قەدەم بىر ئافغان بىلەن ئېلىشىپ، ئون-ئون ئىككى قارى ئېگىزلىكتىن ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشقان پېتى دومىلاپ چۈشتى ۋە ئاخىر ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەلدى. كەپە بىر تاغنىڭ ئۈستىدە بىر ئافغان بىلەن ياقىمۇياقا ئېلىشىپ تاغ ئۈستىدىن تاغنىڭ يېرىمىغىچە دومىلاپ چۈشتى ۋە ئۇنىڭمۇ بېشىنى كېسىپ كەلتۈردى. بۇ ئافغانلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلىرىمۇ كۆپ بولدى، ھەممىسى ئازاد قىلىندى.

دەشتتىن كۆچۈپ، مەھتەر سۇلايمان تېغىنىڭ باغرىنى بويلاپ جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ، ئارىدا ئۈچ قونۇپ، سىند سۈيىنىڭ ياقىسىدىكى مولتانغا تەۋە يېزىلاردىن بىلە دېگەن يېزىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى كېمىگە چۈشۈپ سۇدىن ئۆتتى، بەزىلىرى سۇ ئۈزۈپ ئۆتتى. مۇشۇ يېزىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ئارال بار ئىكەن، (151) ئاھالىنىڭ كېيىن قالغانلىرى شۇ ئارالدا كۆرۈندى. چېرىكنىڭ كۆپچىلىكى ئات ۋە ياراغ بىلەن سۇغا كىرىپ ئۆتتى. بىرنەچچە كىشى سۇغا غەرق بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ نۆكەرلىرىمدىن قۇل ئارۇق بىلەن مىھتەر فەرراش، جەھانگىر مىرزىنىڭ نۆكەرلىرىدىن قايماس تۈركمەنلەر بار. بۇ ئارالدا رەخت ۋە كىيىم-كېچەككە ئوخشاش نەرسىلەر چېرىكنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى كېمىلەرگە چۈشۈپ، سىند دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. مەزكۇر ئارالنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ بىر قىسمى سۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا تايىنىپ، قىلىچلىرىنى ئېلىپ، قىلىچۋازلىق قىلىپ، چېرىكنى ئەخمەق قىلىشقا باشلىدى. ئارالغا ئۆتكەنلەردىن قۇل بايەزىد بەكاۋۇل يالغۇز ياۋىداق ئات بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىن سۇغا كىردى. ئارالنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سۇ بۇ تەرىپىدىكىگە

قارىغاندا ئىككى-ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىدى. ئۇ ئېتىنى ئۇزدۇرۇپ، ئۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ئوق ئېتىمى كېلىدىغان يەردە سۇنىڭ تېيىز يېرىگە چىقتى. سۇ ئاتنىڭ بىقىنىغا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە بىر سۇت پىشمى تۇرۇپ قالدى، بىر نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. كەينىدىن ھېچبىر ياردەم كەلمىدى. ياردەم كېلىش ئېھتىمالىمۇ يوق ئىدى. شۇ يەردىن ئۇدۇلدىكىلەرگە قارشى تېز يۈرۈپ كەتتى. بىر-ئىككى ئوق ئاتقاندى، ئۇدۇلدىكىلەر تۇرالماي قاچتى. ئۇ ھېچبىر ياردەم بولمىغان ئەھۋالدا يالغۇز ئات بىلەن سىند دەرياسىدەك دەريادىن ئات ئۇزدۇرۇپ ئۆتۈپ، دۈشمەننى قاچۇرۇپ، ئورنىنى ئالدى. ئۇ ئىنتايىن چوڭ باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئۇ دۈشمەننى قاچۇرغاندىن كېيىن، (ب 151) چېرىك ئۆتۈپ، رەخت ۋە كالا-قارىلارنى ئولجا ئېلىپ كەلتۈردى. ئۇ بۇندىن بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق مەردانىلىقلارنى نامايان قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىپ، ئۇنى ئاشپەزلىك مەرتىۋىسىدىن بەكاۋۇللۇققا ئۆستۈرگەنىدىم. بۇ قېتىمقى ئىشى ئۈچۈنمۇ زور ئىنايەتلەر قىلدىم، تەپسىلاتى كېيىن مەلۇم بولغۇسىدۇر. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەقىقەتەن ئىنايەتكە لايىق ئىدى.

يەنە ئىككى-ئۈچ مەنزىل سىند دەرياسىنى بويلاپ، سۇ تۆۋىنىگە كۆچتۇق. چېرىك چاپقۇنغا چىقىۋېرىپ ئاتلىرىنى خاراب قىلدى. ئالغان ئولجىسىمۇ چاپقۇننىڭ لايىقىدا ئەمەس، ساپلا كالا ئىدى. دەشتتىكى چاغدا قوي ۋە بەزى يەردە رەخت قاتارلىق نەرسىلەر چېرىك قولىغا چۈشكەنىدى. دەشتتىن ئۆتكەندىن كېيىن كالىدىن باشقا نەرسە چۈشمىدى. سىند دەرياسى بويىدىكى مەنزىللەردە شۇ

دەرىجىگە يەتتىكى، بىر قوللۇقچى ئۈچ يۈز-تۆت يۈز كالا ئېلىپ كېلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەر بىر مەنزىلدە يەنە شۇنچىلىك كالا قېلىپ قالاتتى.

سىند دەرياسىنى بويلاپ ئۈچ مەنزىل ماڭدۇق. ئۈچ مەنزىلدىن كېيىن، پىركانۇ مازىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سىند دەرياسىدىن ئايرىلىپ، پىركانۇ مازىرىغا كېلىپ چۈشتۇق. چېرىكلەردىن بەزىلىرى مازار شەيخلىرىغا ئازار بېرىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن بىرىنى چاپتۇردۇم. بۇ مازار ھىندىستاندا (152) ئىنتايىن مۆتىۋەر مازار بولۇپ، مەھتەر سۇلايمان تېغىغا تۇتاش تاغلار ئېتىكىگە جايلاشقان. بۇ مازاردىن كۆچۈپ، داۋان ئۈستىگە چۈشتۇق. ئۇ يەردىن كۆچۈپ، دۇكى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى دەريا بويىغا چۈشتۇق. بۇ يەردىن كۆچكەندە، شاھ بەگنىڭ نۆكىرى ۋە سىۋىنىڭ دورغىسى بولغان فازىل كۆكەلداشنىڭ قاراۋۇللۇققا كەلگەن يىگىرمىچە ئادىمىنى تۇتۇپ كەلتۈرۈشتى. ئۇ چاغدا ئارىمىزدا دۈشمەنلىك بولمىغىنى ئۈچۈن ئات ۋە ياراغلىرى بىلەنلا قويۇۋەتتۇق.

ئەتىسى دۇكى يېزىلىرىدىن چۇتالى دېگەن يېزىغا يېقىن يەرگە چۈشتۇق. سىند دەرياسىنىڭ ياقىسىدا ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردا چېرىك دائىم چاپقۇنغا چىقىپ تۇرسىمۇ، ئات بوغۇزى ۋە ئوت مول بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتلار ھالىدىن كەتمەيتتى. سىند دەرياسىدىن پىركانۇ تەرەپكە چىقىش بىلەنلا ئوت تېپىلمايدىغان بولدى، ئىككى-ئۈچ كۆچكەندە بىرەر قېتىم ئاز-تولا ئوت-چۆپ تېپىلسىمۇ، بوغۇز زادىلا تېپىلمايدىغان بولدى، نەتىجىدە مۇشۇ مەنزىللەردە چېرىكنىڭ ئاتلىرى قېلىشقا باشلىدى. چۇتالىدىن ئۆتۈپ چۈشكەن مەنزىلدە ئۇلاغسىزلىقتىن مېنىڭ چېدىرىممۇ قالدى. مۇشۇ مەنزىلدە ۋاقتىمىزدا كېچىسى يامغۇر

شۇنداق ياغدىكى، چېدىرنىڭ ئىچىدە سۇ ئوشۇقۇمنىڭ يۇقىرىسىغا چىقتى. گىلەملەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئېگىز قىلىپ، شۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. بۇ كېچە مۇشۇنداق قىيىنچىلىق بىلەن ئۆتتى.

ئىككى مەنزىلدىن كېيىن، جەھانگىر مىرزا كېلىپ، قولىقىمغا (ب 152) بىر مەخپىي سۆز بارلىقىنى ئېيتتى. يالغۇز قالدۇق. ئۇ: «باقى چاغانىيانى مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، پادىشاھنى سەككىز-ئون كىشى بىلەن سىند دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ كەتكۈزۈۋېتىپ، سىزنى پادىشاھ قىلساق، دېگەن گەپنى قىلدى» دېدى. مەن: «بۇ كېڭەشتە يەنە كىم بار ئىكەن؟» دېدىم. ئۇ: «ماڭا ھېلى باقى بەگ ئېيتتى، باشقىلىرىنى بىلمىدىم» دېدى. مەن: «باشقىلىرى بولسا، ئۇلارنىمۇ ئېنىقلاڭ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەيىد ھۆسەيىن ئەكبەر، سۇلتان ئەلى چۆھرە ۋە خۇسرەۋ شاھنىڭ باشقا بەگ-بېگتلىرىدىن بەزىلەر بولۇشى مۇمكىن» دېدىم. ھەقىقەتتە، بۇ قېتىم جەھانگىر مىرزىنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولدى، تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزدى. جەھانگىر مىرزىنىڭ مۇنداق قىلىشى مېنىڭ كاھمەردتە ئۇنىڭ يەنە مۇشۇ بەتبەخت مۇناپىقلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغىنىدا ئۇنىڭغا قىلغىنىمنىڭ جاۋابى ئىدى.

بۇ مەنزىلدىن كۆچۈپ، يەنە بىر مەنزىلگە چۈشكەندە، چېرىكنىڭ ئىچىدىكى ئېتى بارلارنى جەھانگىر مىرزىغا بېرىپ، ئۇنى شۇ تەۋەدىكى ئافغانلارنى چاپقۇن قىلىشقا ئەۋەتتىم. مۇشۇ مەنزىللەردە چېرىكنىڭ ئاتلىرى كۆپ يىقىلىشقا باشلىغانىدى. ھەر كۈنى ئىككى يۈز-ئۈچ يۈز ئات يىقىلاتتى. ئوبدان-ئوبدان كىشىلەر ياياق قالدى. مېنىڭ ياخشى ئىچكىيلىرىمدىن بولغان مەھمۇد ئوغلاقچىمۇ ئېتى يىقىلىپ ياياق كەلدى.

غەزنىگىچە چىرىكنىڭ ئېتى مۇشۇ ھالەتتە بولۇپ كەلدى. ئۈچ-تۆت مەنزىلدىن كېيىن جەھانگىر مىرزا بىر قىسىم (153) ئافغانلارنى چاپقۇن قىلىپ بىر توپ قوي ئېلىپ كەلدى. بىر-ئىككى مەنزىلدىن كېيىن ئابى ئىستادەگە يەتتۇق. ئاجايىپ چوڭ سۇ كۆرۈندى، سۇنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى دەشتلەر زادى كۆرۈنمەيدۇ. سۇ ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندۇ. سەيرابىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ-ئېدىرلار قانداق مۇئەللەق كۆرۈنسە، سۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ-ئېدىرلارمۇ يەر بىلەن كۆكنىڭ ئارىلىقىدا مۇئەللەق كۆرۈندۇ. بۇ يەرگە يىغىلغان سۇ كەتتەۋاز ۋادىسىنىڭ، زۇرمەت تۈزلىكىنىڭ، غەزنى دەرياسىنىڭ، قارا باغ ئۇتلىقىنىڭ باھار يامغۇرلىرىدىن بولغان كەلكۈنلىرى ۋە يازلىقى سۇ ئۇلغايغاندا زىرائەتتىن ئاشقان سۇلار ئىكەن. ئابى ئىسستادەگە بىر كۇرۇھ قالغاندا، ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆردۇق: بۇ سۇ بىلەن ئاسماننىڭ ئارىلىقىدا خۇددى شەپەقتەك قىپقىزىل بىرنەرسە كۆرۈنۈپ، يەنە يوقاپ كېتەتتى، يەنە كۆرۈنۈپ، يەنە يوقاپ كېتەتتى. بۇ ھال بىز يېقىن بارغۇچە داۋاملاشتى. يېقىن بارغاندا مەلۇم بولدىكى، بۇ باغلان غاز ئىكەن. ئون مىڭ، يىگىرمە مىڭ ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ باغلان غاز ئىكەن. ئۇلار توپلىشىپ ئۇچۇپ، قانات يايغاندا ئۇلارنىڭ قىزىل پەيلىرى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي تۇرىدىكەن. يالغۇز بۇ خىل قۇشلا ئەمەس، خىلمۇخىل قوشلار ھەددى-ھېسابسىز ئىكەن. سۇ ياقىسىدا قۇش تۇخۇمى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. بۇ يەردە قۇش تۇخۇمى (ب 153) ئالغىلى كەلگەن ئىككى ئافغان بىزنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى. بىرنەچچە كىشى يېرىم كۇرۇھچە يەرگە بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كەلدى. ئۇلار سۇ ئىچىدە شۇنچىلىك يەرگە بارغۇچە سۇنىڭ تىرەنلىكى بىر قېلىپتا بولۇپ، ئاتنىڭ قورسىقىغىچە

كەلدى. تۈز يەر بولغنى ئۈچۈن سۇنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. كەتتەۋاز دەشتىنىڭ ئابى ئىستادەگە كېلىدىغان دەرياسى بويىغا كېلىپ چۈشتۇق. بۇ دەريا قۇرۇق بولۇپ، زادى سۇ ئاقمايتتى. بىز قانچە قېتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ، بۇ دەريادا سۇ ئاقىقىنىنى كۆرمىگەنىدۇق. بۇ قېتىم ياز يېغىنلىرى سەۋەبىدىن دەرياغا شۇنداق ئۇلۇغ سۇ كېلىپتۇكى، ھېچ يەردىن كېچىك تاپالمىدۇق. ئېقىن ئانچە كەڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بەك تىرەنىدى. يۈتۈنلەي ئات-تۆگىنى ئۈزدۈرۈپ ئۆتتۇق. ئەشيالارنىڭ بىر قىسمىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ نېرىقى تەرەپتىن تارتىپ ئۆتكۈزدۇق. بۇ سۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۆھنە نانى يولى بىلەن سەردىھ بەندىدىن ئۆتۈپ غەزنىگە كەلدۇق. جەھانگىر مىرزا بىر-ئىككى كۈن مېھمان قىلىپ، زىياپەت بېرىپ، تارتۇقلار تارتتى. ئۇ يىلى دەريالارنىڭ تولىسىدا سۇ ئۇلۇغ ئىدى، شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، دىھ يەئقۇب دەرياسىدىن كېچىك تاپقىلى بولمايتتى. مەن بىر كۆلدە ياساتقان كېمىنى ئالدۇرۇپ، كەمەرگە ئۇدۇل يەردىن دىھ يەئقۇب سۇيىگە سالدۇردۇم. چېرىك كېمە بىلەن ئۆتتى. بۇ يەردىن مېڭىپ، سەجاۋەند ئۆتكىلىدىن ئېشىپ، كەمەرىدىن كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، زۇلھەججە ① ئېيىدا (154) كابۇلغا كەلدىم.

سەيىد يۇسۇف بەگ بىرقانچە كۈن بۇرۇن قولۇنچ كېسىلى بىلەن تەگرى رەھمىتىگە كېتىپتۇ. ناسىر مىرزا نۆكەرلىرىگە ۋىلايەتلىرىدىن بەزى نەرسىلەر ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ كۈن كېچىكىپ بېرىشقا رۇخسەت سوراپ قوش گۇمبەزدە قالغانىدى. بىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دەرەئى نۇردىكىلەر بىرنەچچە قېتىم

① زۇلھەججە — قەمەرىيە 12-ئاينىڭ نامى.

باشباشتاقلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن چېرىكنى دەرەئى نۇرغا ئەۋەتىپتۇ. دەرەئى نۇر قورغىنىنىڭ مۇستەھكەملىكى، يەرلىرىنىڭ شاللىق بولۇشى سەۋەبىدىن ئوي-دوڭغۇل ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ چېرىكنىڭ سەردارى بولغان فەزلى ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆرمەي، چېرىكنى مۇشۇنداق خەتەرلىك يول ۋە ئوي-دوڭغۇل يەردە تارقاق ھالدا چاپقۇنغا قويۇپتۇ. دەرەئى نۇردىكىلەر چىقىپ، تارقاق ھالدىكى چاپقۇنچىلارنى چېكىندۇرۇشكە، باشقىلىرىمۇ تۇرالماي قېچىپتۇ. دەرەئى نۇردىكىلەر بىر تۇركۇم كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن ئات ۋە ياراغ غەنىيمەت ئېلىپتۇ. فەزلىدەك ئادەم سەردار .بولغان چېرىكنىڭ ھالى جەزمەن مۇشۇنداق بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى قانداقتۇر يامان نىيىتى بارلىقىدىنمۇ، ناسىر مىرزا بىزنىڭ كەينىمىزدىن كەلمىدى. يەنە، ئەييۇبنىڭ ئوغۇللىرىدىن يۇسۇف ۋە بەھلۇلدەك بۇزۇق، پىتنىچى، ئەخمەق ۋە تەكەببۇر ئادەملەرنى تېپىش تەس بولسا كېرەك. ئەلنىگارنى يۇسۇفكە، ئەلىشەڭنى بەھلۇلغا بەرگەنىدۇق. (ب 154) ئۇلارمۇ ۋىلايەتلىرىدىن بىرئاز بىر نەرسىلەر ئېلىپ، ناسىر مىرزا بىلەن بىللە كەلمەكچى ئىدى. ناسىر مىرزا كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلارمۇ كەلمىدى. بۇ قىشتا ناسىر مىرزىنىڭ شاراب ئۇلپەتلىرى ۋە ھەمسۆھبەتلىرى مۇشۇلار بولدى. بۇ قىشتا بىر قېتىم بېرىپ، تەركلانىي ئافغانلىرىنى چاپقۇن قىلدى، ياز كېلىشكە نىگەنھار ۋە لەمغاناتقا كەلگەن بارلىق ئەيماق، تاشقى ئەل ۋە ئۇلۇسنىڭ ئۆي ۋە ماللىرىنى كۆچۈرۈپ-سۈرۈپ باران ياقىسىغا كەلدى.

ناسىر مىرزا باران تەۋەسىدە تۇرغاندا، بەدەخشانلىقلارنىڭ ئۆزبېكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزبېكلەر بىلەن

دۈشمەنلەشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر كەلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى: شەيبانىخان قۇندۇزنى قەمبەرگە بېرىپ، ئۆزى خارەزمگە باردى. قەمبەر بەدەخشان ئاھالىسىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن مۇھەممەد مەخدۇمنىڭ مەھمۇد ئاتلىق ئوغلىنى بەدەخشانغا ئەۋەتتى. ئاتلىرى بەدەخشان شاھلىرىنىڭ بېگى بولغان مۇبارەك شاھ باش كۆتۈرۈپ، مەخدۇمنىڭ ئوغلىنىڭ ۋە بىرقانچە ئۆزبېكنىڭ بېشىنى كەستى. بۇرۇن شاف تەنۇر دەپ مەشھۇر بولغان قەلئەنى زەفەرنى قورغان قىلىپ بېكىنتى. قەلئەي زەفەر دېگەن نامنىمۇ ئۇ قويدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ باتۇرلىرىدىن بولغان مۇھەممەد قۇرچى ئۇ چاغدا خەملەنگاننى ئىگىلەپ تۇراتتى. ئۇ رۇستاقتا شەيبانىخان قويغان باشلىقنى بىرنەچچە ئۆزبېك بىلەن بىللە ئۇلتۇرۇپ، خەملەنگاننى مۇستەھكەملىدى. (155) ئاتلىرى شاھلارنىڭ بەگلىرىدىن بولغان بىر راغلىقمۇ راغدار ئۆزبېكلەر بىلەن دۈشمەنلەشتى. ۋەلى خۇسرەۋ شاھنىڭ نۆكىرى جەھانگىر تۈركمەن بۇ مالىمانچىلىقتا بېگىدىن ئايرىلىپ، قاچقان ۋە قالغان سىپاھىي ۋە ئەيماقتىن بىر قانچىنى يىغىپ ئۆزىنى مۇداپىئەگە ئالدى. ناسىر مىرزا بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەدەخشاننى قولغا كىرگۈزۈش نىيىتىدە بىرقانچە ئەخمەق ۋە كالتە پەمنىڭ تەشۋىق ۋە ئىغۋاسى بىلەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەلگەن ھەممە تاشقى

كىشىلەرنىڭ ئۆي ماللىرىنى كۆچۈرۈپ-سۈرۈپ، شەبەرتۇ ۋە ئابدەرە يولى بىلەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى.

خۇسرەۋ شاھ ئەھمەد قاسىم بىلەن ئەجەردىن قېچىپ خۇراسان تەرەپكە باردى. يولدا بەدىئۇززەمان مىرزا بىلەن زۇنۇن بەگكە يولۇقۇپ، ھەممىسى بىللە ھىرىغا بېرىپ، سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىغا مۇلازىمەت قىلدى. بۇلار قانچە يىللاردىن مىرزا بىلەن دۈشمەنلىشىپ، خىلمۇخىل بىئەدەبلىكلەرنى قىلغانىدى. بۇلاردىن مىرزىنىڭ كۆڭلىگە قانداق داغلار چۈشمىگەنىدى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سەۋەبىمدىن شۇنداق خار-زارلىق بىلەن بېرىپ مىرزىنى كۆردى. خۇسرەۋ شاھنى نۆكەرلىرىدىن ئايرىپ شۇنداق ئاجىزلاشتۇرمىغان بولسام، كابۇلنى زۇنۇننىڭ ئوغلى مۇقىمدىن ئالمىغان بولسام، ئۇلارنىڭ مىرزا ئالدىغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەدىئۇززەمان مىرزا بۇلارنىڭ (ب 155) قولىدا خۇددى بىر خېمىر ئىدى، ئۇلارنىڭ سۆزىدىن چىقالمايتتى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ھەممىسىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، يامانلىقلىرىنى يۈزىگە سالمىدى، ئىنئاملارنىمۇ بەردى.

خۇسرەۋ شاھ بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۆز ۋىلايىتىگە رۇخسەت سوراپ، «مەن بارسام، ئۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالالاي-مەن» دېدى. ئۇنىڭ قورال-ياراغسىز ھەم ياخشى ھېسابلاشماي كەلگەنلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، بىر باھانە بىلەن رۇخسەت بېرىلمىدى. باھانە كۆرسىتىلگەنچە، رۇخسەت سوراشنى تەكرارلاۋەردى. بەك كاجلىق قىلغانلىقتىن، مۇھەممەد بۇرۇندۇق ئوبدان جاۋاب بەردى. ئۇ: «ئوتتۇز مىڭ نۆكىرىڭ ۋە پۈتۈن ۋىلايەتلىرىڭ قولۇڭدا چاغدا نېمە قىلالىدىڭ؟ ئەمدى بەش يۈز ئادىمىڭ بىلەن ئۆزبېكنىڭ قولىدىكى ۋىلايەتلەرنى نېمە

قىلالايتتىڭ؟» دېدى. ئۇ بىرقانچە قېتىم نەسىھەت قىلىپ، ياخشى گەپلەرنى قىلدى، لېكىن خۇسرەۋ شاھنىڭ ئەجىلى يەتكەندى. شۇڭا ئۇ سۆزلەر تەسىر قىلمىدى. بەك تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاخىر رۇخسەت بېرىلدى. خۇسرەۋ شاھ ئۈچ-تۆت يۈز ئادىمى بىلەن دەھانە تەۋەسىگە كىرىپ كەلدى. دەل شۇ مەزگىلدە ناسىر مىرزا شۇ تەرەپكە ئۆتكەندى. خۇسرەۋ شاھ كېلىپ، دەھانە تەۋەسىدە ناسىر مىرزا بىلەن كۆرۈشتى. بەدەخشان سەردارلىرى ناسىر مىرزىنىڭ يالغۇز بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى، خۇسرەۋ شاھنى قارشى ئالمايتتى. ناسىر مىرزا ھەرقانچە سايى قىلسىمۇ، خۇسرەۋ شاھ چۈشەنمەي، تاغ ئارىسىغا بېرىشقا ئۇنىمىدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ نىيىتى ناسىر مىرزىنى بىر ۋاستە سۈپىتىدە (156) ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، ۋىلايەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئىدى. ئاخىر كېلىشەلمەي، ئىشكەمىش تەۋەسىدە ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشۈپ، ساۋۇتلار كىيىشىپ، ئۇرۇشۇشقا تاس قالدى. كېيىن ئايرىلىپ، ناسىر مىرزا بەدەخشان تەرەپكە ماڭدى، خۇسرەۋ شاھ بىر بۆلەك لۈكچەكلەر-نى يىغىپ، ياخشى-يامان مىڭدەك ئادەم بىلەن قۇندۇزنى قورشاش مەقسىتىدە كېلىپ، شەھەردىن بىر-ئىككى يىغاچ يىراقلىقتىكى خوجا چارتاققا چۈشتى.

مۇھەممەد شەيبانىخان ئەندىجاندا سۇلتان ئەھمەد تەنبەلنى يېڭىپ، ھىسارغا يۈرۈش قىلغاندا، بۇ يەردىكىلەر ئۇرۇشسىز-تالاشسىز-لا ۋىلايەتلەرنى تاشلاپ چىققاندى. شەيبانىخان ھىسارغا كەلدى. ھىساردا شېرىم چۆھرە باشلىق بىر بۆلەك ئوبدان يىگىتلەر بار ئىدى، ئۇلار گەرچە بەگلىرى ۋىلايەتنى تاشلاپ

كەتكەن بولسمۇ، هسار قورغىننى بەرمەي، قورغاننى چىڭ بىكىتتى. شەيبانىخان هىسار مۇھاسىرىسىنى ھەمزە سۇلتان بىلەن مەھدى سۇلتانغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى قۇندۇزغا كېلىپ، قۇندۇز ۋىلايىتىنى ئىنىسى مەھمۇد سۇلتانغا بېرىپ، ئۇ يەردە تۇرمايلا خارەزمگە — چىن سوفى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. تېخى سەمەرقەندكە يەتمەيلا، ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان قۇندۇزدا ئۆلدى، ئاندىن قۇندۇزنى قەمبەربىغا بەردى. خۇسرەۋ شاھ كەلگەن چاغدا قۇندۇز قەنبەربىنىڭ قولىدا ئىدى. قەنبەربى ھەمزە سۇلتانغا ۋە باشقا سۇلتانلارغا كەينى-كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، (ب 156) ئۇلارنى چاقىردى. ھەمزە سۇلتان ئامۇ ياقىسىدا سارايىغا كېلىپ، چىرىكىنى ئوغۇللىرىنىڭ بەگلىرىگە باشلىتىپ قۇندۇزغا ئەۋەتتى. ئۇلار كېلىشكە خۇسرەۋ شاھ ئۇلارغا روبرو چىقتى، لېكىن ئۇرۇشالمىدى، سېپىز ئوغرى قېچىپمۇ كېتەلمىدى. شۇ زامان ئۇنى ھەمزە سۇلتاننىڭ ئادەملىرى قولغا چۈشۈردى. ئۇنىڭ جىيەنى ئەھمەد قاسىمنى، شىرىم چۆھرىنى ۋە بەزى ئوبدان يىگىتلەرنى ئۆلتۈردى. خۇسرەۋ شاھنى قۇندۇزغا ئېلىپ كېلىپ چاپتى ۋە كاللىسىنى خارەزمگە — شەيبانىخانغا ئەۋەتىپ بەردى. خۇسرەۋ شاھ ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ قۇندۇزغا كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ مېنىڭ قېشىمدىكى نۆكەرلىرىنىڭ پەيلى باشقىچىرەك بولغان ۋە كۆپچىلىكى كۆچۈپ، خوجا رىۋاج تەرىپىگە ئۆزلىرىنى ئالغانىدى. مېنىڭ قېشىمدىكىلەرنىڭ كۆپرەكى ئۇنىڭ نۆكىرى ئىدى. موغۇللارنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولدى. ماڭا قارشى بىرلىك مۇقامىدا بولغانلار بۇ خەۋەرنىڭ كېلىشى بىلەن خۇددى ئوتقا سۇ قۇيغاندەك بېسىلىپلا قالدى.

# توققۇز يۈز ئون بىرىنچى ① يىل ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىدا ئانام قۇتلۇق نىگارخانىم ھەسبە ② كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. قان ئېلىپ باقتى، تەسىر قىلمىدى. سەيىد ئېسىملىك بىر خۇراسانلىق تېۋىپ بار ئىدى، خۇراسان ئادىتى بويىچە تاۋۇز بەردى. ئەجەل يەتكەنىكەن، ئالتە كۈندىن كېيىن شەنبە (157) كۈنى تەڭرى رەھمىتىگە باردى. ئۇلۇغ بەگ مىرزا تاغ باغىدا باغى نەۋرۇز ناملىق بىر باغ بىنا قىلدۇرغانىكەن. ۋارىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن يەكشەنبە كۈنى مۇشۇ باغقا ئېلىپ كېلىپ، قاسىم كۆكەلداش بىلەن ئىككىمىز يەرلىككە قويدۇق. بۇ ھازىدا كىچىك خان دادام ئالچە خان بىلەن چوڭ ئانام ئىسەن دەۋلەت بېگىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنىمۇ ماڭا يەتكۈزدى. خانىمنىڭ قىرىقى يېقىنلاشقاندا، خانلارنىڭ ئانىسى شاھ بېگىم، مېنىڭ ھامام، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھەرىمى مېھرنىگارخانىم ۋە مۇھەمەد ھۇسەيىن كوراگان دوغلاتلار خۇراساندىن كەلدى. يەنە ھازا ئېچىلىپ، پىراق ئوتلىرى چەكسىز بولدى. ھازا رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن پېقىر مىسكىنلەرگە ئاش تائام تارتىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھى ئۈچۈن دۇئا ئوقۇتقۇزۇپ، كوكۈللەرنى ئېلىپ، قارىلارنى يەشتۇق.

---

① مىلادىيە 1505 — 1506-يىللار ئارىلىقى.

② ھەسەبە — بەدەندە ئۇششاق تاشما پەيدا قىلىدىغان بىر كېسەللىك.

بۇ مۇھىم ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، باقى چاغانىيانىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەندەھارغا چېرىك تارتتۇق. سەپەر قىلىپ قوش نادىر ئوتلىقىغا چۈشكىنىمدە، بىردىنلا قىزىتمام ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ئاجايىپ بىر خىل كېسەللىك ئىدى، ھەرقانچە ئويغىتىپ تۇرسىمۇ، كۆزۈم دەرھال ئۇيقۇغا كېتەتتى. بەش-ئالتە كۈندىن كېيىن بىرئاز ياخشى بولدۇم. شۇ ئەسنادا شۇنداق يەر تەۋرەش بولدىكى، قورغاننىڭ سېپىللىرى ۋە باغ تاملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆرۈلدى. شەھەردە ۋە يېزىلاردا كۆپ ئۆيلەر يىقىلىپ، ئۆي ۋە تام ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەنلەر ناھايىتى كۆپ (ب 157) بولدى. پەمغان يېزىسىنىڭ ئۆيلىرى تامامەن يىقىلدى. يەتمىش-سەكسەن ئوبدان ئادەم تام ئاستىدا قېلىپ ئۆلدى. پەمغان بىلەن بېكتوت ئارىلىقىدا كەڭلىكى بىر تاش ئېتىمى كېلىدىغان بىر پارچە يەر ئوچۇپ بىر ئوق ئېتىمى تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ. ئوچقان يەرنىڭ ئورنىدىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقتى. ئىستەرغىچتىن مەيدانغىچە بولغان تەخمىنەن ئالتە-يەتتە يىغاچ ئۇزۇنلۇقتىكى يەر شۇنداق يېرىلغان ئىدىكى، بەزى تەرەپلىرى بەلگىچە ئېگىزلەپ، بەزى تەرەپلىرى بەلگىچە چۆكۈپ كەتكەنىدى، بەزى يەرلىرىگە ئادەم سىغاتتى. يەر تەۋرىگەن زامان ھەممە تاغنىڭ بېشىنى چاڭ-توزان قاپلىدى. نۇرۇللا تەنبۇرچى قېشىمدا ساز چېلىۋاتاتتى، يېنىدا يەنە بىر سازمۇ بار ئىدى. ئۇ، شۇ زامان ھەر ئىككى سازنى قولىغا ئالدى، ئۇ شۇنداق ئۆزىنى تۇتالماي قالدىكى، ئىككى ساز بىر-بىرىگە سوقۇلدى. جەھانگىر مىرزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۇلۇغ بەگ مىرزا سالدۇرغان بىر ئىمارەتنىڭ بالىخانىسىدا ئىكەن. يەر تەۋرىگەندە ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتۇ، ھېچ نەرسە بولماپتۇ. جەھانگىر مىرزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى شۇ

بالىخانىدا ئىكەن، بالىخانىنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىگە بىسىپ چۈشۈپتۇ، تەگرى ساقلاپ ھىچ يېرى زەخىم بولماپتۇ. ئۈستىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپى تۈپتۈز بولدى. شۇ كۈنى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم يەر تەۋرىدى. بىر ئايغىچە ھەر كۈنى ۋە كېچىسى ئىككى-ئۈچ قېتىمدىن تەۋرەپ تۇردى. بەگلەر ۋە سىپاھىيلارغا قورغانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ياساش توغرۇلۇق پەرمان چىقىرىلدى. (158) يىگىرمە كۈن-بىر ئاي جىددىي ئىشلەپ، قورغانىنىڭ ئۆرۈلگەن ۋە بۇزۇلغان يەرلىرىنى ياساپ پۈتكۈزۈۋالدۇق.

قەندەھار تەرەپكە قىلغان سەپىرىمىز ساقسىزلىق ۋە يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن كېچىككەندى. كېسىلىم ساقىيىپ، قورغانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرى ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ سەپەرنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق. بىز تېخى قەندەھارغا بېرىشنى ياكى چاپقۇن قىلىش ئۈچۈن تاغ ۋە تۈزلەڭلەرنى ئاختۇرۇشنى قارارلاشتۇرمىغانىدۇق. شەنىزنىڭ ئايىغىغا چۈشكەندە جەھانگىر مىرزىنى ۋە بەگلەرنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدۈم. قالاتقا يۈرۈش قىلىش قارار قىلىندى. جەھانگىر مىرزا بىلەن باقى چاغانىيانى بۇ يۈرۈشنى كۆپرەك تەشەببۇس قىلدى. يولنىڭ يېرىمىغا يەتكەندە، شىر ئەلى چۆھرە، كىچىك باقى دىۋانە ۋە باشقا بىرنەچچە كىشىنىڭ قېچىش خىيالىدا يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇلارنى قولغا ئالدۇق. شىر ئەلى چۆھرە مەيلى مېنىڭ قېشىمدا تۇرغاندا بولسۇن، مەيلى باشقىلارنىڭ قېشىدا تۇرغاندا بولسۇن، بۇ ۋىلايەتتە بولسۇن ياكى ئۇ ۋىلايەتتە بولسۇن ماڭا قارىتا نۇرغۇن پىتنە ۋە يامانلىقلارنى قىلغانىدى، شۇڭا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، باشقىلىرىنى ئات ۋە قورال-يارىغىدىن ئايىردۇق.

قالاتقا يېتىپ بېرىپ، ئالاھىدە ئەسۋابلارنى تەييارلىمايلا، ھەر تەرەپتىن تېگىش قىلدۇق. قاتتىق ئۇرۇش بولدى. خوجا كەلاننىڭ ئاغىسى كىچىك بەگ ناھايىتى مەردانە يىگىت ئىدى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مېنىڭ ئالدىمدا بىرقانچە قېتىم قىلىچۋازلىق قىلغانىدى. ئۇ قورغاننىڭ (ب 158) غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى بۇرجىكىدىن يامىشىپ چىقىۋاتقاندا، ئۈستىدىكىلەر كۆزىگە نەيزە سانجىۋەتتى، بىر-ئىككى كۈن ئۆتۈپ، قالات ئېلىنغاندىن كېيىن شۇ يارا بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. كىچىك باقى دىۋانە شىر ئەلى بىلەن قاچماقچى بولغاندا قولغا ئېلىنغانىدى، ئۇ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن دەرۋازا قېشىدا سېپىلنىڭ تۈۋىگە بارغاندا تاشنىڭ زەخمى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر ئىككى كىشى ئۆلدى. نامازدىگەرگىچە مۇشۇنداق ئۇرۇش بولدى. يىگىتلەر بىر پەس كۆچەپ ئۇرۇشۇپ، سۇسلىششقا باشلىغاندا قورغان ئىچىدىكىلەر قېنىنى تىلەپ، قورغاننى تاپشۇردى. قالاتنى زۇنۇن ئارغۇن مۇقىمغا بەرگەن بولۇپ، بۇ يەردە مۇقىمنىڭ نۆكەرلىرىدىن فەررۇخ ئارغۇن بىلەن قارا بولۇت تۇرغانىدى. ئۇلار ساداق، قىلىچلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ چىقتى. گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدۇق. بۇ تەبىقىگە زەخىم يەتكۈزۈش نىيىتىدە ئەمەس ئىدىم. چۈنكى ئۆزبېكتەك دۈشمەن يېنىمىزدا تۇرغاندا، ئۆز ئىچىمىزدە مۇنداق ئىشلار بولسا، يىراق-يېقىندىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار نېمە دەيدۇ؟ بۇ يۈرۈش جەھانگىر مىرزىنىڭ ۋە باقى بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بولغىنى ئۈچۈن، قالاتنى ساقلاشنى جەھانگىر مىرزىغا تەۋسىيە قىلدۇق، قوبۇل قىلمىدى، باقىمۇ بۇ باپتا ياخشى جاۋاب تاپالمىدى. قالاتنى شۇنچە ئۇرۇش بىلەن كۆچەپ ئالغىنىمىزنىڭ پايدىسى بولمىدى.

قالاتتىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، ساۋاسەڭ، ئالاتاغ (159) ۋە شۇ تەرەپلەردىكى ئافغانلارنى چاپقۇن قىلىپ، كابۇلغا كەلدۇق. كابۇلغا چۈشكەن ئاخشىمى مەن قورغانغا باردىم. چېدىر ۋە ئاتلار چارباغدا ئىدى. خىرلىجى ئوغرىسى كېلىپ، مېنىڭ كىچىملىك جەڭ ئېتىم بىلەن خاس خەنجىرىمنى چارباغدىن ئېلىپ كەتتى.

باقى چاغانىيانى ئامۇ ياقىسىدا بىزگە قوشۇلغاندىن بۇيان، يېنىمىزدا ئۇنىڭدىن ئېتىبارلىق ۋە ھوقۇقلۇق ئادەم يوق ئىدى. ھەر سۆز ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رايى ھۆكۈمران ئىدى. ئۆز لايىقىدا بىرەر خىزمەت ياكى ئادەمگەرچىلىك ئۇنىڭدىن كۆرۈلۈپ باقمىدى، ئەكسىچە خىلمۇخىل ئەدەبسىزلىك ۋە يامانلىقلار يۈز بېرىپ تۇردى. خەسىس، پەس، ھەسەتخور، نىيىتى يامان، نەزىرى تار، ئەخلاقسىز ئادەم ئىدى. خەسىسلىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇ تىرمىزنى تاشلاپ، ئۆي-مېلى بىلەن بىزگە قوشۇلغاندا، ئۆزىگە خاس ئوتتۇز-قىرىق مىڭ قويى بار ئىدى. ھەر مەنزىلدە قوتان-قوتان قويلىرى بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتەتتى، بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز ئاچلىقتىن ئازاب چېكىۋاتسىمۇ بىر قوي بەرمەيتتى. ئاخىر كاھمەردكە بارغاندا ئەللىك قوي بەردى. مېنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ناغرىسىنى ئۆزىنىڭ ئىشىكىدە چالدۇراتتى. ھېچكىم بىلەن دوست ئەمەس ئىدى، ھېچكىمنى كۆرەلمەيتتى. كابۇلنىڭ پۈتۈن كىرىمى تامغا بېجىدىن كىرەتتى. تامغا بېجى، كابۇلنىڭ دورغىلىقى، (ب 159) پەنجھىر، كەدىي ھەزارە، كۆشكەك ۋە ئىشىك ئىختىيارلىقى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنچە ئېتىبارغا ئېرىشىپمۇ يەنە رازى ۋە مىننەتدار بولمايتتى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، شۇ قەدەر يامان نىيەتلەردە بولغان بولسىمۇ، ئۆزىمىزگە ئالماي ۋە

يۈزىگە سالماي كەلدۇق. يەنە دائىم ناز قىلىپ كېتىشكە رۇخسەت سورايتتى، نازىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزرىخاھلىقلار بىلەن رەت قىلاتتۇق، بىر-ئىككى كۈن بېسىلىپ يەنە رۇخسەت سورايتتى. ئاخىرى نازى ۋە رۇخسەت سورىشى ھەددىدىن ئاشتى، بىزمۇ ئۇنىڭ ئەخلاق ۋە قىلىقلىرىدىن تويدۇق ۋە رۇخسەت بەردۇق. ئۆزى رۇخسەت سورىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. تىپىرلاپ باقتى، پايدىسى بولمىدى. ماڭا كىشى قويۇپ: «توققۇز گۇناھ سادىر قىلمىغۇچە سوراققا تارتىلماسلىقىمغا ۋەدە قىلغان» دەپتۇ. موللا بابانى ئەۋەتىپ، ئۇن بىر گۇناھىنى بىر-بىرلەپ ساناپ كۆرسىتىپ بەردىم. قايىل بولدى. ئۆي ۋە مېلى بىلەن ھىندىستان تەرەپكە رۇخسەت بېرىلدى. ئۆزىنىڭ بىرقانچە نۆكىرى خەيبەردىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. باقى كاكىيانى كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، نىلاب دەرياسىدىن ئۆتتى. ئۇ چاغدا يار ھۆسەين دەرياخان كەچەكۈتتا ئىدى. كۈھەتتىن ئېلىپ بارغان پەرمانلارنى ئاساس قىلىپ، دىلەزاك بىلەن يۇسۇف زەيدىن بىر بۆلەك ئافغانلارنى ۋە بىر بۆلەك جەد-گۇجۇرنى ئۆزىگە نۆكەر قىلىپ بۇلاڭچىلىق ۋە قاراقچىلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. باقىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ (160)، ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، باقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانلارنى پۈتۈنلەي تۇتتى. باقىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئۆزى ئالدى. بىز باقىغا ھېچ يامانلىق قىلماي قويۇۋەتكەن بولساقمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ يامانلىقى ئاخىرى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى.

تۇ بەد كۇنەندەن خۇدرا بەروزگار سۇپار،
كى روزگار تۇرا چاكەرست كىنە گۇزار.

(ساڭا يامانلىق قىلغاننى تەقدىرگە تاپشۇر، چۈنكى تەقدىر سېنىڭ ئىنتىقام ئالغۇچى خىزمەتكارىڭدۇر)

بۇ قىشتا بىر ئىككى قېتىم قار ياغقۇچىلا چارباغدىن كۆچمىدۇق. بىز كابۇلغا كەلگەندىن بۇيان تۈركمەن ھەزارەسى ھەر خىل ئەدەبسىزلىك ۋە قاراقچىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنى چاپقۇن قىلىش نىيىتى بىلەن شەھەرگە — ئۇلۇغبەگ مىرزا سالدۇرغان بوستان سەراي ناملىق بىناغا كۆچۈپ كىردۇق. شەبان ئېيىدا تۈركمەن ھەزارەسىنى چاپقۇن قىلىشقا ئاتلاندۇق. دەرەئى خوش ئېغىزىدا، جەڭلەكتە چاپقۇن قىلدۇق، ئاز بىر قىسىم ھەزارەلەر چاپقۇنغا ئۇچرىدى. دەرەئى خوشنىڭ قېشىدا بىر غارغا بىر بۆلەك ھەزارەلەر يوشۇرۇلغانىكەن. قازاقلىق كۆنلەرنىڭ تولىسىدا مېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، كەلگەن شەيخ دەرۋىش كۆكەلداش قۇر بېگىلىك① مەنسىپىدە ئىدى، يانى بولۇشىغا تارتىپ، ئوقنى ياخشى ئاتاتتى. ئۇ ئۇقماستىن غارنىڭ ئاغزىغا بارغاندا، ئىچىدىن بىر ھەزارە ئوق ئېتىپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە تەگكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ كۈنىلا ئۆلدى. ھەزارىلەرنىڭ كۆپچىلىكى دەرەئى خۇشتا قىشلىغانىكەن. بىز شۇلارنى كۆزلەپ ماڭدۇق. دەرەئى خۇش ياخشى جىلغا ئىكەن. جىلغىنىڭ ئاغزىدا پىرىم كۈرۈھ كېلىدىغان بىر تارچۇق بار ئىكەن. يول تاغنىڭ (ب 160) بېلىدە ئىكەن، يولنىڭ تۆۋەن تەرىپىمۇ، يۇقىرى تەرىپىمۇ ئەللىك-ئاتمىش قارى كېلىدىغان تىك قىيا ئىكەن. يول ئىنتايىن تار بولۇپ، ئاتلىق ئادەم بىردىن-بىردىن

---

① قۇربېگى — مۇھاپىزەتچىلەر بېگى.

مېڭىشقىلا بولىدىكەن. بىز شۇ تارچۇقتىن ئۆتۈپ، شۇ كۈنى نامازدىگەرگىچە مېڭىپ، ئەل بار يەرگە يېتەلمەي، بىر يەردە قوندۇق. ھەزارەلەرنىڭ بىر سېمىز تۆگىسىنى تېپىپ كېلىشتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنىڭ بىر قىسمىنى كاۋاپ قىلدۇق، بىر قىسمىنى ئاپتۇۋىدا پىشۇرۇپ يېدۇق. مۇنداق لەززەتلىك تۆگە گۆشىنى زادى يەپ باقمىغان. بەزىلەر ئۇنى قوي گۆشىدىن پەرقلەندۈرەلمىدى. ئۇ يەردىن ئەتىسى كۆچۈپ، ھەزارەلەرنىڭ قىشلىغان يۇرتىغا قاراپ ماڭدۇق. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئالدىمىزدىن كىشى كەلدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەزارەلەر بىر تارچۇقتا سۇ كېچىكنى شاخلار بىلەن بېكىتىپ، ئۆتكەنلەرنى توساپ ئورۇشۇۋېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ مېڭىشنى تېزلەتتۇق. بىرمەھەل ماڭغاندىن كېيىن، ھەزارەلەر توساپ ئورۇشىدىغان يەرگە يېتىپ باردۇق. ئۇ قىشلىقى قار ناھايىتى قېلىن ياغقانىدى، يول يوق يەردىن مېڭىش مۈشكۈل ئىدى. سۇ قىرغاقلىرىنى پۈتۈنلەي مۇز قاپلاپ كەتكەنىدى. شۇڭا يول بىلەن ماڭماي، سۇدىن ئۆتكىلى بولمايتتى. سۇدىن ئۆتىدىغان يەرگە نۇرغۇن شاخلارنى بېسىۋەتكەنىدى. ئۆزلىرى ئېرىق ئەتراپىدا ئاتلىق، (161) پىيادە يۈرۈپ ئوق ئاتاتتى. مۇھەممەد مۇبەششىر مېنىڭ يېڭى مۇكاپاتلىغان بەگلىرىمدىن ئىدى، ناھايىتى مەردانە، مۇكاپاتقا لايىق ياخشى يىگىت ئىدى. ساۋۇتسىز ئىلگىرىلەپ، شاخ باسقان يەرگە يېقىن بارغاندا بىقىنىغا ئوق تېگىپ، شۇ زامان جان بەردى. ئالدىراش كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، كۆپچىلىكىمىز ساۋۇتسىز ئىدۇق. بىر-ئىككى ئوق يېنىمىزدىن ئۆتۈپ يەرگە قادالدى. ئەھمەد يۈسۈف بەگ ئەنسىرەپ: «يالىڭاچلا كىرىپ كېتىۋاتىسىز، ئىككى-ئۈچ ئوق

بېشىڭىزدىن ئۆتۈپ كەتتى» دېدى. مەن: «باتۇر بولۇڭ، مېنىڭ بېشىمدىن مۇنداقلار كۆپ ئۆتكەن» دېدىم. شۇ ئەسنادا، ئوڭ قول تەرەپتىن قاسىم بەگ ساۋۇتلۇق هالدا سۇدىن كېچىك تېپىپ ئۆتۈپ، هەزارەلەر ئۈستىگە ئات سالدى. هەزارەلەر تۇرالماي قېچىشقا باشلىدى، قاسىم بەگ قارشى كەلگەنلىرىنى يىقىتا، يىقىتا قوغلاپ ماڭدى، قاسىم بەگكە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بەنگەش مۇكاپات قىلىندى. هاتەم قۇربېگىمۇ بۇ يۈرۈشتە يامان ئەمەس جەڭ قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭغا شەيخ دەرۋىش كۆكەلداشنىڭ زىممىسىدىكى قۇر بېگىلىك مەرتىۋىسى ئىنايەت قىلىندى. كىپەك قولى بابامۇ بۇ يۈرۈشتە ياخشى جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر يېزا ئىنايەت قىلدۇق.

سۇلتان قۇلى چاناق هەزارەلەرنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. قار قېلىن بولغانلىقتىن، يولدىن چىقىپ بولمايتتى. مەنمۇ مۇشۇ يىگىتلەر بىلەن بىللە كەلدىم. (ب 161) هەزارەلەرنىڭ قىشلاقلىرىغا يېقىن يەردىكى قوي ۋە يىلقىلىرى بار يەرگە يېتىپ باردۇق. مەن ئۆزۈم بەش يۈزچە قوي ۋە يىگىرمە بەش ئات يىغدىم. سۇلتان قۇلى بىلەن يەنە ئىككى-ئۈچ كىشى ماڭا يېقىن يەردە ئىدى. بۆلۈشۋالدۇق. ئۆزۈم بىۋاستە چاپقۇنغا قاتناشقىنىم ئىككى قېتىم بولدى. بىرى مۇشۇ قېتىم. يەنە بىر قېتىم يەنە مۇشۇ تۇركمەن هەزارەلىرى خۇراساندىن كېلىۋاتقاندا چاپقۇنچىلىرىمىز بېرىپ نۇرغۇن قوي ۋە ئات ئېلىپ كەلگەنىدى. هەزارەلەرنىڭ ئائىلە ۋە بالا-چاقىلىرى ياياق مېڭىپ قارلىق ئېدىرلارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. بىزنىڭ هەرىكىتىمىز تېز بولماي قالدى. كۈنمۇ كەچ بولۇپ قالغانىدى. قايتىپ هەزارەلەرنىڭ ئۆيلىرىگىلا چۈشتۇق. بۇ قىشلىقى قار ناهايىتى

قىلىن ياغقانىدى، يولنىڭ چېتىدە قار ئاتنىڭ قورسىقىغا چىقاتتى.
كېچىسى مۇھاپىزەتكە چىققانلار قارنىڭ قېلىنلىقىدىن ئات ئۈستىدىلا تاڭ ئاتتۇردى. ئەتىسى قايتىپ، دەرەئىي خۇشنىڭ ئىچىدە هەزارەلەرنىڭ قىشلىقىدا قوندۇق، ئۇ يەردىن كۆچۈپ، جەڭگەلەككە چۈشتۇق. يارەك تاغايى قاتارلىق بىرنەچچە يىلەن كېيىنرەك كەلگەنىدى، ئۇلارنى شەيخ دەرۋىشكە ئوق ئاتقان هەزارەلەرنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق. قېنى تۇتۇلغان بۇ بەتبەختلەر غارغا كىرۋالغانىكەن، بېرىپ ئىس قويۇپ يەتمىش-سەكسەن هازارەنى تۇتۇپ كەلدى. كۆپچىلىكنىڭ كاللىسى ئېلىندى.

هەزارە يۇرۇشىدىن يېنىپ، نىجراۋدىن سېلىق يىغىش نىيىتى بىلەن، باراننىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئاي تۇغدى تەۋەسىگە كەلدۇق. جەهانگىر مىرزا (162) ئاي تۇغدى تەۋەسىدە تۇرغىنىمىزدا غەزنىدىن مۇلازىمەتكە كەلدى. شۇ ئەسنادا، رامىزان ئېيىنىڭ ئون ئۈچىدە ئىنتايىن ئېغىر بەل ئاغرىقىغا گىرىپتار بولدۇم. ئاغرىق شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، قىرىق كۈنگىچە بىركىم ئۆرۈپ قويمىسا، ئۆرۈلەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. نىجراۋ جىلغىلىرىدىن بولغان پىچغان جىلغىسى، بولۇپمۇ بۇ جىلغىدىكى غەيىن يېزىسىنىڭ باشلىقى هۆسەيىن غەينىي ۋە ئۇنىڭ ئاغا-ئىنىلىرى ئىتائەتسىزلىكى ۋە يەرۋاسىزلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. چېرىكنى جەهانگىر مىرزىغا باشلىتىپ ماڭدۇردۇم. قاسىم بەگمۇ بىللە باردى. چېرىك بېرىپ، ئېگىزگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ قوغدانغان يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىغا هەيۋە كۆرسىتىش يۈزىسىدىن ئۆلۈم جازاسى بەردى؛

بەل ئاغرىقى سەۋەبىدىن تەختىراۋانغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە ياساپ، باران ياقىسىدىن شەھەرگىچە مېنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ، بوستان سەرايغا چۈشۈردى. پەقەت شۇ قىشتىلا بوستان سەرايدا بىرنەچچە كۈن تۇردۇم. بۇ كېسىلىم تېخى ساقايمايلا ئوڭ يۈزۈمگە چىقان چىقتى. ئۇنىڭغا نەشتەر سالدى ۋە بۇ يارا ئۈچۈن سۈرگىمۇ ئىچتىم. ساقايغاندىن كېيىن چارباغقا چىقىپ كەتتىم.

جەھانگىر مىرزا مۇلازىمەتكە كەلدى. ئەييۇبنىڭ ئوغۇللىرى — يۈسۈف بىلەن بەھلۇل جەھانگىر مىرزا قېشىغا بارغاندىن بۇيان پىتنە-پاسات بىلەن شۇغۇللانماقتا ئىدى. بۇ قېتىم جەھانگىر مىرزا بۇرۇنقىدەك بولمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تۆپىدىن كۆچۈپ، قوراللىنىپ تېزدىن غەزنىگە باردى. نانى قورغىنىنى ئېلىپ، بىرنەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاھالىسىنى تالىدى، ئاندىن ھەممە ئادەمنى (ب 162) ئېلىپ، ھەزارەلەر ئارىسى بىلەن باميان تەرەپكە يۈزلەندى. تەڭرى بىلىدۇكى، مەندىن ياكى ماڭا تەئەللۇق ئادەملەردىن مۇنچىلىك يامانلاشقا ئەرزىيدىغان ھېچقانداق ئىش ۋە سۆز ئۆتمىگەنىدى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ كېتىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە شۇ ئىمىش: جەھانگىر مىرزا غەزنىدىن كەلگەندە، قاسىم بەگ باشلىق بەگلەر ئالدىغا بارغانىدى. مىرزا بۆدۈنىگە قۇش قويغانىكەن، قۇش بۆدۈنىگە چاڭگال سالىدىغان چاغدا بۆدۈنە ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپتۇ. كىشىلەر: «ئالدىمۇ، ئالدىمۇ؟» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. قاسىم بەگ: «دۈشمەننى شۇنچە ئاجىزلاشتۇرغاندا ئالماي قويامدۇ؟» دەپتۇ. بۇ سۆزدىن ئۇلار رەنجىپتۇ، كەتكىنىنىڭ بىر سەۋەبى شۇ ئىكەن. سەۋەبىنىڭ يەنە بىرىگە بۇنىڭدىنمۇ كىچىك ۋە ئەھمىيەتسىز بىر ئىشنى كۆرسىتىپتۇ.

ئۇلار غەزىنىنى يۇقىرىقىدەك ھالەتكە چۈشۈرگەندىن كېيىن، ھەزارەلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئەيماقلارغا باردى. ئۇ چاغدا ئەيماقلار ناسىر مىرزىدىن ئايرىلغانىدى، بىراق ئۆزبېكلەرگىمۇ قوشۇلمىغان بولۇپ، ياي، ئەستەر ئاب ۋە شۇ تەرەپلەرنىڭ يايلاقلىرىدا ئىدى.

شۇ مەھەلدە، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا مۇھەممەد شەيبانىخانغا قارشى جەڭ قىلىشقا قەتئىي بەل باغلاپ، ھەممە ئوغۇللىرىنى چاقىرتقانىدى. شۇ قاتاردا مېنىمۇ چاقىرتىپ، سەيىد سۇلتان ئەلى خابىبىنىڭ ئوغلى سەيىد ئەفزەلنى ئەۋەتكەنىدى. خۇراسان تەرەپكە بارماق بىز ئۈچۈن مۇنۇ جەھەتلەردىن زۆرۈر ئىدى. بىرىنچىدىن، تېمۇربەگنىڭ (163) ئورنىغا ئولتۇرغان سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىدەك چوڭ پادىشاھ ئەتراپتىكى ئوغۇللىرىنى ۋە بەگلەرنى يىغىپ، شەيبانىخاندەك دۈشمەنگە قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا، باشقىلار ئاياغ بىلەن بارسا، بىزنىڭ باش بىلەن بېرىشىمىزغا، باشقىلار تاياق بىلەن بارسا، بىزنىڭ تاش بىلەن بېرىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. ئىككىنچىدىن، جەھانگىر مىرزا شۇنداق غەزەب ۋە يامانلىق بىلەن كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يا ئۇنىڭ غەزىبىنى قايتۇرۇشىمىزغا ياكى زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى.

بۇ يىلى شەيبانىخان خارەزمدە چىن سۇفىنى ئون ئاي مۇھاسىرە قىلىپ، ئاندىن ئالدى. بۇ مۇھاسىرە جەريانىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى. خارەزم يىگىتلىرى ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى، ئۇلاردىن ھېچقانداق قۇسۇر كۆرۈلمىدى. ئوق ئېتىشتا شۇنداق ماھارەت كۆرسەتتىكى، ئوقلىرى قالقانلاردىن، ساۋۇتلاردىن ھەتتا ئىككى قەۋەت ساۋۇتلاردىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئون ئاي قورغان مۇداپىئەسىدە

تۇردى، ھېچنەدىن ئۇمىدۋارلىق بولمىدى. بەزى يىگىتلىرى جۇرئەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزبېكلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنى قورغانغا چىقاردى. چىن سۇفى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزى شەخسەن كېلىپ، قورغانغا چىققانلارنى ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۆزىنىڭ ئادىمى كەينىدىن ئاتقان ئوق بىلەن ئۆلدى. جەڭ قىلغۇدەك ئادەم قالمىغاندىن كېيىن دۈشمەن قورغاننى ئالدى. رەھمەتلىك چىن سۇفى مەردانىلىك بىلەن (ب 163) ئۆلۈشتىن قىلچە ئىككىلەنمىدى. شەيبانىخان خارەزمنى كۆپەك بىگە بېرىپ، ئۆزى سەمەرقەندكە كەلدى.

بۇ يىلنىڭ ئاخىرى، زۇلھەججە ئېيىدا سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا شەيبانىخانغا قارشى چېرىك تارتىپ بابا ئىلاھىغا كەلگەندە تەگرى رەھمىتىگە باردى.

**تۇغۇلۇشى ۋە نەسەبى.** 842-يىلى① ھىرىدا شاھرۇخ مىرزا زامانىدا توغۇلغان. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئىبنى مەنسۇر ئىبنى بايقارا ئىبنى ئۆمەر شەيخ ئىبنى ئەمىر تېمۇر. مەنسۇر مىرزا بىلەن بايقارا مىرزا پادىشاھلىق قىلمىغان. ئانىسى تېمۇر بەگنىڭ نەۋرىسى فىرۇزە بېگىم ئىدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا مىرانشاھ مىرزىنىڭمۇ نەۋرىسىدۇر. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئانا ۋە ئاتا تەرەپتىن ئېسىل پادىشاھ ئىدى. بىر تۇغقان ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز بولۇپ، بىرى بايقارا مىرزا، بىرى سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا، بىرى ئەكە بېگىم، بىرى ئەھمەد خانغا ياتلىق قىلىنغان بۆدەكە بېگىم ئىدى. بايقارا مىرزا سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىدىن چوڭ ئىدى ھەم ئۇنىڭ نۆكىرى ئىدى، بىراق دىۋانغا كەلمەيتتى، دىۋاندىن باشقا يەردە ئۇنىڭ

① مىلادىيە 1438-يىلى.

بلەن بىر تۆشەكتە ئۇلتۇراتتى. ئىنىسى ئۇنىڭغا بەلخ ۋىلايىتىنى بەرگەندى. بىرنەچچە يىل بەلختە ھۆكۈمەت ئۇستىدە بولدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، بىرى سۇلتان مۇھەممەد مىرزا، بىرى سۇلتان ۋەيس مىرزا، بىرى ئىسكەندەر مىرزا ئىدى. ئەكە بېگىم (164) ھۆسەيىن مىرزىنىڭ ئېگىچىسى ئىدى. ئۇنى مىرانشاھ مىرزىنىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالغان بولۇپ، كىچىك مىرزا ئاتلىق بىر ئوغلى بولغانىدى، ئۇ بۇرۇن تاغىسىغا مۇلازىمەت قىلاتتى، كېيىن سىپاھىيلىقنى تەرك قىلىپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالىم بولغانىكەن. شېئىرىيەتتىمۇ بار ئىكەندۇق. مۇنۇ رۇبائىي ئۇنىڭ:

ئۇمرى بەسەلاھ مستۇدەم خۇدرا،
دەرشۇۋەئى زوھد منە مۇدەم خۇدرا.
چۇن ئىشق ئامەد كەدام زۇھدۇ چى سەلاھ،
ئەلمىننەتۇ لىللاھ ئازمۇدەم خۇدرا.

(ئۆمۈر بويى ئۆزۈمنى ياخشىلىق بىلەن ماختاپ، زاھىد سۈپەت كۆرسەتتىم. ئىشق كەلگەندە، زاھىدلىق نەدە قالدى ۋە ياخشىلىق نېمە بولدى؟ خۇداغا شۇكۈر، ئۆزۈمنى سىنىدىم) بۇ رۇبائىي موللانىڭ رۇبائىيسى بىلەن مەنداش بولۇپ چىقىپتۇ. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ھەج تاۋاپ قىلىپمۇ كەلدى. بۆدەكە بېگىممۇ ھۆسەيىن مىرزىنىڭ ئېگىچىسى ئىدى. قازاقلىقلىرىدا ئەھمەدخان ھاجى تارخانغا بەرگەندى، ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل كۆردى. ئۇلار ھىرىغا كېلىپ ئۇزۇن مۇددەت مىرزىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولدى.

**چىراي-تۇرقى.** قىيىق كۆزلۈك، شىر بويلۇق ئادەم ئىدى، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئىنچىكە ئىدى. ياشىنىپ، ئاق ساقال بولغان

بولسمۇ، رەڭداز قىزىل، يېشىل يىپەك كىيىملەرنى كىيەتتى، بېشىغا قارا كۆرپە تۇماق ياكى قالپاق كىيەتتى. ھېيتلاردا كىچىك ئۈچ قات سەللىنى ياپىپىسى ۋە كۆرۈمسىز چىرماپ، قارقىرا پېيىدىن ئوتاغا تاقاپ نامازغا باراتتى.

**ئەخلاق ۋە يۈرۈش-تۇرۇشى.** تەختكە چىققان ۋاقتىدا ئون ئىككى ئىمامنى خۇتبىدە (ب 164) ئوقۇتۇش خىيالىدا بولغانىكەن. ئەلشىر بەگ ۋە بەزىلەر توسۇپ قويۇپتۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەممە ئىش-ھەرىكىتى ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەت مەزھىبىگە مۇۋاپىق ئىدى. مەفاسىل① كېسەللىكى سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇيالمايتتى، روزىمۇ تۇتمايتتى. چاقچاقچى ۋە خۇش پېئىل ئادەم ئىدى، مىجەزى بىرئاز ئىتتىكرەك ئىدى، سۆزىمۇ مىجەزىگە يارىشا ئىدى. بەزى مۇئامىلىلەردە شەرىئەتكە بەك رىئايە قىلاتتى. بىر قېتىم بىر ئوغلى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى قان دەۋاگەرلىرىگە تاپشۇرۇپ، قازىخانىغا ئەۋەتىپ بەردى. تەختكە چىققان ۋاقتىدا ئالتە-يەتتە يىل ئۆزىنى تۇتتى. كېيىن ئىچىملىككە بېرىلدى، خۇراساندا قىرىق يىلغا يېقىن پادىشاھ بولۇپ، پېشىندىن كېيىن ئىچمىگەن كۈنى يوق ئىدى. لېكىن ئەتىگەنلىكى زادى ئىچمەيتتى. ئوغۇللىرى، بەگلىرى ۋە شەھەر ئاھالىسىمۇ مۇشۇنداق ھالەتتە ئىدى، ھەددىدىن ئارتۇق ئىشرەت ۋە پاسىقلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. شىجائەتلىك، جەسۇر ئادەم ئىدى. دائىم شەخسەن ئۆزى قىلىچۋازلىق قىلىدىكەن، ھەتتا ھەر جەڭدە بىرقانچە قېتىم قىلىچۋازلىق قىلىدىكەن. تېمۇر بەگ نەسلىدىن سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىدەك قىلىچ چاپىدىغان ئادەمنىڭ چىققانلىقى مەلۇم ئەمەس.

---

① مەفاسىل — رېماتىزىم.

شائىرلىقى بار ئىدى. دىۋانىمۇ تۈزگەنىدى، تۈركىي تىلدا يازاتتى، تەخەللۇسى ھۆسەينىي ئىدى. بەزى بېيىتلىرى يامان ئەمەس. بىراق دىۋانىنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋەزىندە يېزىلغان. ياش لېكىن سەلتەنەت ئېتىبارى بىلەن چوڭ پادىشاھ بولغىنىغا قارىماي، كىچىكلەرگە (165) ئوخشاش قوچقار باقاتتى، كەپتەر ئويناتتى، خورازمۇ سوقۇشتۇراتتى.

**مەيدان جەڭلىرى ۋە باشقا ئۇرۇشلىرى.** قازاقلىقلىرىدا بىر قېتىم گۇرگان دەرياسىدىن ئات ئۈزدۈرۈپ ئۆتۈپ، بىر بۆلەك ئۆزبېكلەرنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. يەنە بىر قېتىم سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا مۇھەممەد ئەلى باخشى باشلىق ئۈچ مىڭ كىشىنى ئىلغار قىلىپ ئەۋەتكەنىدى، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئاتمىش يىگىت بىلەن كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەغلۇپ قىلدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ ياخشى ۋە كۆرۈنەرلىك ئىشلىرىدىن بىرى مۇشۇ ئىدى. يەنە بىر قېتىم ئاستراباتتا سۇلتان مەھمۇد مىرزا بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ قىلدى. بىر قېتىم يەنە ئاستراباتتا سوغدلۇق سەئىد بىننى ھۆسەيىن تۈركمەننى مەغلۇپ قىلدى. تەختكە چىققاندىن كېيىن چىناررانىدا يادىگار مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. بىر قېتىم مۇرغاب كۆۋرۈكىدىن تېز يۈرۈپ كېلىپ، باغى زاغاندا مەست ياتقان يادىگار مۇھەممەد مىرزىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن خۇراساننى تىنجىتتى. بىر قېتىم ئەندخۇد ۋە شابۇرغان تەۋەسىدىكى چىكمەندە سۇلتان مەھمۇد مىرزا بىلەن ئۇرۇشۇپ غالىب بولدى. بىر قېتىم ئەبابەكر مىرزا ئىراقتىن كەلگەن قارا قويلۇق تۈركمەنلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ نەكانە ۋە خۇماردا ئۇلۇغبەگ مىرزىنى مەغلۇپ قىلىپ كابۇلنى ئالدى. كېيىن ئىراقنى ئېلىش ئۈچۈن

كابۇلنى تاشلاپ، خەيبەردىن ئېشىپ، خۇشاب بىلەن مولتان تەۋەسىدىن ئۆتۈپ سىۋىگە چىقتى ۋە ئۇ يەردىن كېلىپ كەرماننى ئالدى، بىراق ئۇ يەردە تۇرالماي (ب 165) خۇراسان ۋىلايىتىگە كىرگەندە سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا تېز سۈرئەت بىلەن كېلىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈردى. بىر قېتىم پۇلچىراغدا ئوغلى بەدىئۇززەمان مىرزىنى مەغلۇپ قىلدى. بىر قېتىم ھەلۋە چەشمىدە ئىككى ئوغلىنى — ئەبۇلمۇھسىن مىرزا بىلەن كىپەك مىرزىنى مەغلۇپ قىلدى. بىر قېتىم چېرىك تارتىپ كېلىپ، قۇندۇزنى مۇھاسىرە قىلىپ، ئالالماي ياندى. بىر قېتىم ھىسارنىمۇ مۇھاسىرە قىلىپ، ئالالماي ياندى. بىر قېتىم زۇنۇننىڭ ۋىلايىتىنى ئېلىشقا كەلدى. بۇست دورغىسى بۇستنى بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمىدى، كېيىن بۇستنىمۇ تاشلاپ ياندى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىدەك جەسۇر ھەم بۈيۈك پادىشاھ بۇ ئىككى-ئۈچ يۈرۈشتە ئۆزىنىڭ شاھانە ئارزۇسىنى بەجا كەلتۈرەلمەي ھەم ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي ياندى. بىر قېتىم نىشىن ئوتلىقىدا زۇنۇننىڭ ئوغلى شاھ بەگ بىلەن كەلگەن ئوغلى بەدىئۇززەمان مىرزا بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ يەردە ئاجايىپ بىر تاسادىپىيلىق يۈز بېرىدۇ: سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئازلا چېرىك بىلەن بارغان بولۇپ، چېرىكنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاسترابادقا ئەۋەتكەنىكەن، شۇ ئۇرۇش بولغان كۈنى ئاسترابادقا كەتكەن بۇ چېرىك كېلىپ مىرزىغا قوشۇلىدۇ؛ بۇ تەرەپتىن ھىسارنى بايسۇنغۇر مىرزىغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا قېشىغا كېتىۋاتقان سۇلتان مەسئۇد مىرزىمۇ دەل شۇ كۈنى يېتىپ باردى.

**ۋىلايىتى.** خۇراسان ۋىلايىتى ئىدى. شەرقىي بەلخ بىلەن، غەربى بىستام (166) ۋە دامغان بىلەن، شىمالى خارەزم بىلەن،

جەنۇبى قەندەھار بىلەن تۇتىشاتتى. ھىرىدەك بىر شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، كېچە-كۈندۈز ئەيش-ئىشرەت ۋە پاسىقلىقتىن ئۆزگە ئىشى يوق ئىدى. ئەتراپىدا ۋە قول ئاستىدا بولغانلاردىنمۇ ئىشرەت ۋە پاسىقلىق قىلمايدىغىنى يوق ئىدى. جاھانگىرلىك ۋە لەشكەر باشقۇرۇش جاپاسىنى تارتمىغانلىقى ئۈچۈن، نۆكەر ۋە ۋىلايىتى بارغانسېرى ئازىيىپ باردى.

**ئەۋلادى.** ئون تۆت ئوغۇل، ئون بىر قىز قالدى. ئوغۇللىرىنىڭ ئەڭ چوڭى **بەدىئۈززەمان مىرزا** ئىدى، ئانىسى سەنجەر مىرزا مەرۋىينىڭ قىزى ئىدى.

**شاھ غەرىب مىرزا** — نۆكىرى ئىدى. ئۆزى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، تەبىئىتى ياخشى ئىدى. تېنى ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن سۆزى گۈزەل ئىدى. تەخەللۇسى غەرىبي ئىدى. دىۋانىمۇ تۈزگەنىدى. شېئىرنى تۈركىي تىل بىلەنمۇ، پارسىي تىل بىلەنمۇ يازاتتى. مۇنۇ بېيىت ئۇنىڭ:

دەر گۈزەر دىدەم پەرى روييىشۇدەم دىۋانە ئەش،
چىست نامى ئۇ كۇجا باشەد نەدانەم خانە ئەش.

(كېتىۋېتىپ بىر پەرى يۈزلۈكنى كۆردۈم، دىۋانە بولدۇم، ئۇنىڭ ئېتى نېمىدۇر، ئۆيى نەدىدۇر، بىلمەيمەن). سۇلتان ھۈسەين مىرزا ھىرى ھۆكۈمىتىنى بىر مۇددەت ئۇنىڭغا بەرگەنىدى. ئاتىسى ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن پەرزەنت قالمىدى.

**مۇزەففەر مىرزا** — سۇلتان ھۈسەين مىرزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئىدى، بىراق ئۇنىڭدا سۆيۈملۈك بولۇشقا ئەرزىگۈدەك خىسلەت يوق ئىدى. مىرزا ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئوغۇللىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشتى. بۇ ئىككى ئوغلىنىڭ ئانىسى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ غۇنچىچىسى (ب 166) بولغان

خەدىچە بېگىم ئىدى. مىرزىنىڭ ئۇنىڭدىن ئاق بېگىم ئاتلىق بىر قىزىمۇ بولغانىدى.

**ئەبۇلمۇھسىن مىرزا** ۋە ئەسلى ئېتى مۇھەممەد مۇھسىن بولغان **كېپەك مىرزا** — بۇ ئىككىسىنىڭ ئانىسى لەتىق سۇلتان ئاغەچە ئىدى.

**ئەبۇ تۇراب مىرزا** — بۇرۇن ئۇنىڭ ناھايىتى پەزىلەتلىك بولغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئاتىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا، باشقىچە خەۋەر ئاڭلاپ قېلىپ، ئىنىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا بىلەن قېچىپ ئىراققا كەتتى. ئىراقتا سىپاھىيلىقنى تەرك قىلىپ، دەرۋىشلىك يولىغا كىرىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭدىن خەۋەر بولمىدى.

**سۇھراب مىرزا** — مەن ھەمزە سۇلتان بىلەن مەھدى سۇلتان باشلىق سۇلتانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ھىسارنى ئالغان ۋاقىتىمدا مېنىڭ يېنىمدا ئىدى، بىر كۆزى كور ئىدى. ئىنتايىن كۆرۈمسىز ئىدى، ئەخلاقىمۇ چىرايىغا يارىشا ئىدى. بىر ئىشتا شاللاقلىق قىلىپ قويۇپ، تۇرالماي كېتىپ قالدى. ئاستراباد تەۋەسىدە شاللاقلىق قىلغانلىقتىن، نەجىم سانى ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈردى.

**مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا** — ئىراقتا شاھ ئىسمائىل بىلەن بىر يەرگە قامىلىپ، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا مۇرىت بولغانىكەن. كېيىن ئۇچىغا چىققان رافىزىيلاردىن ① بولغانىكەن. ئاتىسى، ئاغا-ئىنىسى ھەممىسى سۈننىي بولغان ھالدا، ئۇ شۇنداق رافىزى بولۇپ قالدى. ئاستراباد تا مۇشۇنداق خاتا يولدا يۈرۈپ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىنتايىن جەسۇر ۋە قەھرىمان بولغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. بىراق ئۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بىر ئىش كۆرۈلگىنى يوق. شائىرلىقى بار ئىكەندۇق.

---

① رافىزىي — دىندىن چىققان، دىن خائىنى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاساسەن سۈننىي مەزھىبىدىن شىئە مەزھىبىگە ئۆتكەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇنۇ بېيت ئۇنىڭ:

ئالۇدەئى گەردى زى پەئى سەيدكى گەشتى،
غەرقى ئەرەقى دەردىلى گەرم كى گۇزەشتى.
(چاڭغا بۇلىنىپسەن، كىمنى ئۇۋلاش ئۈچۈن كېزىپ يۈردۈڭ،
تەرگە پېتىپسەن، كىمنىڭ ئوتلۇق دىلىدىن ئۆتتۈڭ)

**فەرىدۇن** (167) **ھۆسەيىن مىرزا** — يانى بولۇشىغا تارتىپ، ئوقنى ئوبدان ئاتاتتى. كامالەك ئەگمىسىنىڭ قىرىق پاتمان (قۇۋۋىتىدە) ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ئۆزى ئىنتايىن جەسۇر ئىدى. لېكىن جەڭدىن تەلىيى يوق ئىدى. ئۇرۇشقانلىكى يەردە مەغلۇپ بولدى. رەباتى دۇدەزدە فەرىدۇن ھۆسەيىن مىرزا، ئىنىسى ئىبن ھۆسەيىن مىرزا، تېمۇر سۇلتان ۋە ئۇبەيد سۇلتانلار بىلەن بىرلىكتە شەيبانىخانىنىڭ ئىلغار قىسمى بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. شۇ چاغدا فەرىدۇن ھۆسەيىن مىرزا ناھايىتى ياخشى جەڭ قىلغانىكەن. دامغاندا فەرىدۇن ھۆسەيىن مىرزا بىلەن مۇھەممەد زەمان مىرزا شەيبانىخانىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرمەي قويۇپ بەردى. كېيىن شاھ مۇھەممەد قالاتنى بېكىتكەندە شۇ يەرگە بارغانىدى، قالاتنى ئۆزبېكلەر ئالغاندا قولىغا چۈشۈۋىدى، ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئۈچى مىرزىنىڭ بى ئاغەچە ئاتلىق ئۆزبېك غۇنچىچىسىدىن تۇغۇلغانىدى.

**ھەيدەر مىرزا** — ئانىسى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قىزى پايەندە سۇلتان بېگىم ئىدى. ئاتىسىنىڭ زامانىدا مەشھەد ۋە بەلختە بىر مەزگىل ھۆكۈمەت ئۈستىدە بولدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ھىسارنى مۇھاسىرە قىلغاندا، سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ خانزادە بېگىمدىن بولغان قىزىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىپ مۇھاسىرىنى

بوشاتقانىدى. شادبېگىم ئاتلىق بىرلا قىزى قالدى، كېيىنكى كۈنلەردە كابۇلغا كەلگەنىدى، ئادىل سۇلتانغا ئېلىپ بېرىلدى. ھەيدەر مىرزا ئاتىسى ھايات (ب 167) چاغدىلا ۋاپات بولغانىدى.

**مۇھەممەد مەئسۇم مىرزا** — ئاتىسى قەندەھارنى ئۇنىڭغا بەرگەنىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ بىر قىزىنى بۇ ئوغلىغا توختاشقانىدى. ئۇنى ھىرىغا كەلتۈرگەندە چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ، ئېسىل چېدىر باغلىدى. قەندەھارنى ئۇنىڭغا بەرگەن بىلەن ئاق قىلسىمۇ، قارا قىلسىمۇ شاھ بەگ ئارغۇن قىلاتتى. بۇ مىرزىنىڭ ھېچبىر ھوقۇق ۋە ئېتىبارى يوق ئىدى. شۇڭا قەندەھاردا تۇرماي، خۇراسانغا كەتتى. ئاتىسى ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولدى.

**فەررۇخ ھۈسەيىن مىرزا** — ئۇنىڭغا كۆپ ئۆمۈر نېسىپ بولمىدى. ئىنىسى ئىبراھىم ھۈسەيىن مىرزىدىن خېلى بۇرۇن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

**ئىبراھىم ھۈسەيىن مىرزا** — تەبىئىتى يامان ئەمەس ئىكەندۇق. ھىرى شارابىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىچكەنلىكتىن، ئاتىسى ھايات ۋاقتىدىلا ئۆلدى.

**ئىبن ھۈسەيىن مىرزا** بىلەن **مۇھەممەد قاسىم مىرزا** — بۇلار توغرۇلۇق كېيىن توختىلىمىز. كېيىنكى بەش مىرزىنىڭ ئانىسى غۇنچىچىلاردىن پاپا ئاغاچە ئىدى.

**سۇلتانىم بېگىم** — قىزلارنىڭ چوڭى ئىدى. ئانىسى چۈلى بېگىم بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز بالىسى ئىدى. چۈلى بېگىم ئازاق بەگلىرىنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتانىم بېگىم سۆزنى كۆپ بىلەتتى، ئەركىن سۆزلىشەتتى. ئاغىسى ئۇنى بايقارا مىرزىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى سۇلتان ۋەيس مىرزىغا ياتلىق قىلغانىدى. بىر قىز، بىر

ئوغۇل كۆردى. قىزنى شەيبان سۇلتانلىرىدىن يىلبارىس سۇلتاننىڭ ئىنىسى ئىسەن قۇلى سۇلتانغا بەرگەنىدى. ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان مىرزا بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭغا قەنۇج ۋىلايىتىنى بېرىپتۇ. سۇلتانىم بېگىم كابۇلدىن مۇشۇ (168) تارىختا نەۋرىسىنى ئېلىپ ھىندىستانغا كېلىۋاتقاندا، نىلابتا ۋاپات بولۇپتۇ. جەسىتىنى ئادەملىرى ئېلىپ قايتتى، نەۋرىسى مېنىڭ قېشىمغا كەلدى.

پايەندە سۇلتان بېگىمدىن تۇغۇلغان قىزلارنىڭ چوڭى **ئاق بېگىم** ئىدى، ئۇنى بابۇر مىرزىنىڭ سىڭلىسى بىكە بېگىمنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد قاسىم ئارلاتقا بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن قاراكۆز بېگىم ئاتلىق بىرلا قىزى بولۇپ، ئۇنى ناسىر مىرزا ئالغانىدى. ئىككىنچى قىزى **كىچىك بېگىم** ئىدى. سۇلتان مەسئۇد مىرزا ئۇنىڭغا بەك مايىل ئىدى. شۇنچە تەلەپ قىلىپ باققان بولسىمۇ، پايەندە سۇلتان بېگىم كەم ئەقىللىق قىلىپ بەرمىدى. كېيىن، سەييد ئاتانىڭ نەسلىدىن موللا خوجىغا بەرگەن ئىدى. ئۈچىنچى قىزى **بىكە بېگىمنى** ۋە تۆتىنچى قىزى **ئاغا بېگىمنى** سىڭلىسى رابىئە سۇلتان بېگىمنىڭ ئوغۇللىرى — بابۇرمىرزا بىلەن سۇلتان مۇراد مىرزىغا بەرگەنىدى.

مېڭلى بى ئاغاچەدىن ئىككى قىز تۇغۇلغانىدى. چوڭىنىڭ ئېتى **بەيرام سۇلتان** ئىدى. ئۇنى ئەندخۇد سەييدلىرىدىن ۋە بايقارا مىرزىنىڭ نەۋرىسى سەييد ئابدۇللا مىرزىغا بەرگەنىدى، ئۇنىڭدىن سەييد بەركە ئاتلىق بىر ئوغلى بولدى. مەن سەمەرقەندنى ئالغاندا بۇ بالا مېنىڭ خىزمىتىمدە بولغانىدى. كېيىن ئۆرگەنچ تەرەپكە بېرىپ، سەلتەنەت دەۋاسى قىلدى ۋە ئاستراباتتا قىزىل

باشلار تەرپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يەنە بىر قىزىنىڭ ئىتى **فاتىمە سۇلتان** ئىدى. تىمۇر بەگ نەسلىدىن يادگار مىرزىغا بەرگەندى.

پاپا ئاغەچەدىن ئۈچ قىز تۇغۇلغانىدى. چوڭى **سۇلتان نەژاد بېگىم** ئىدى. سۇلتان ھۈسەين مىرزىنىڭ ئاغىسىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىسكەندەر مىرزىغا بەرگەندى. ئىككىنچى قىزى **بېگىم سۇلتان** ئىدى. سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ كۆزى (ب 168) مېيىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەرگەندى. ئۇنىڭدىن بىر قىز، بىر ئوغۇل تۇغدى. قىزىنى سۇلتان ھۈسەين مىرزىنىڭ ھەرىمى ئاپاق بېگىم باققانىدى. ھىرىدىن كابۇلغا كەلدى. سەيىد مىرزا ئاپاققا ئېلىپ بېرىلدى. بېگىم سۇلتان سۇلتان مەسئۇد مىرزىنى ئۆزبېكلەر ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئوغلىنى ئېلىپ كەئبە تەرەپكە كەتتى. خەۋەر كەلدىكى، ئۇلار ھازىر مەككىدە ئىكەن. ئوغلى چوپچوڭ بولۇپ قاپتۇ. ئۈچىنچى قىزىنى ئەندخۇد سەيىدلىرىدىن سەيىد مىرزا دەپ مەشھۇر بولغان بىرىگە بەرگەندى.

بىر غۇنچىچىسىدىن **ئايشە سۇلتان** ئاتلىق بىر قىزى بولغان ئىدى. ئانىسى ھەسەن شەيخ تىمۇرنىڭ نەۋرىسى زۇبەيدە ئاغا ئىدى. شەيبان سۇلتانلىرىدىن قاسىم سۇلتانغا بەرگەندى. ئۇنىڭدىن قاسىم ھۈسەين سۇلتان ئاتلىق بىر ئوغلى بولغانىدى. ھىندىستاندا مېنىڭ مۇلازىمىتىمدە بولدى، راناسەنگا ئۇرۇشىدا بار ئىدى. بەدائۇن ئۇنىڭغا بېرىلدى. قاسىم سۇلتاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن بۇران سۇلتان ئالدى. ئۇنىڭدىن ئابدۇللا سۇلتان ئاتلىق بىر ئوغلى بولدى. ئۇ ھازىر مېنىڭ خىزمىتىمدە. يېشى كىچىك بولسىمۇ، خىزمىتى يامان ئەمەس.

**خوتۇن ۋە غۇنچىچىلىرى.** دەسلەپ ئالغان خوتۇنى سەنجەر

مرزا مەرۋىنىڭ قىزى **بىكە سۇلتان بېگىم** ئىدى. بەدىئۇززەمان مىرزا ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان. مىجەزى بەك تەتۈر بولۇپ، سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنى بەك خاپا قىلاتتى. ئۇنىڭ تەتۈر مىجەزىدىن جاق تويغان مىرزا ئاخىر ئۇنى قويۇپ بېرىپ قۇتۇلدى. قانداق (169) قىلسۇن، ھەق مىرزا تەرەپتە ئىدى.

زەنى بەد دەر سەرايى مەردى نەكۇ،
ھەم دەر ئىن ئالەم ئەست دوزەخى ئۇ.

(ياخشى ئەرنىڭ ئۆيىدە يامان خوتۇن بولسا، ئۇ ئەرنىڭ دوزىخى بۇ دۇنيادا دېمەكتۇر). تەڭرى ھېچبىر مۇسۇلماننى بۇ بالاغا سالمىسۇن، ئىلاھىم، يامان خۇيلۇق، تەتۈر مىجەز خوتۇن بۇ دۇنيادا قالمىسۇن.

**چۆلى بېگىم** — ئازاق بەگلىرىنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتانىم بېگىم ئۇنىڭدىن تۇغۇلغانىدى.

**شەھربانۇ بېگىم** — سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قىزى ئىدى. تەختكە چىققاندىن كېيىن ئالغانىدى. چېكمەن ئۇرۇشىدا، مىرزىنىڭ ھەممە خوتۇنلىرى مەپىدىن چۈشۈپ ئاتقا مىنگەندە، ئۇ ئىنىسىغا ئىشىنىپ، مەپىدىن چۈشمىدى ھەم ئاتقىمۇ مىنمىدى. بۇ ئىشنى مىرزىغا يەتكۈزۈشتى. مۇشۇ سەۋەبتىن مىرزا ئۇنى قويۇۋېتىپ، سىڭلىسى **پايەندە بېگىمنى** ئالدى. ئۆزبېكلەر خۇراساننى ئالغاندىن كېيىن، پايەندە بېگىم ئىراققا كېتىپ، شۇ يەردە غېرىبانە ياشاپ ۋاپات بولدى.

**خەدىچە بېگىم** — ئەسلى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ غۇنچىچىسى ئىدى. مىرزىدىن ئاق بېگىم ئاتلىق بىر قىزى بولغانىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئىراقتا شىكەست تاپقاندىن

كېيىن، خەدىچە بېگىم ھىرىغا كەلدى، ئاندىن ئۇنى سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئالدى. مىرزا ئۇنىڭغا بەك كۆيگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى غۇنچىچىلىق دەرىجىسىدىن بېگىملىك دەرىجىسىگە كۆتۈردى. كېيىنكى كۈنلەردە ئالاھىدە ھوقۇق ئىگىسى بولۇۋالغانىدى. مۇھەممەد مۆمىن مىرزا ئۇنىڭ رايى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئاتىسى بىلەن دۈشمەنلىشىشىگە ئاساسەن شۇ سەۋەبچى بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئاقىلە سانايتتى، لېكىن ئەقىلسىز، ۋات-ۋات بىر خوتۇن ئىدى، تېخى رافىزىي ئىكەنمىش. شاھ غەرىب مىرزا بىلەن مۇزەففەر ھۆسەيىن مىرزا (ب 169) ئۇنىڭدىن توغۇلغانىدى.

**ئاپاق بېگىم** — ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرمىدى. مىرزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى پاپا ئاغچەنىڭ كۆكەلدىشى ئىدى. ئۆزىنىڭ بالىسى بولمىغانلىقتىن پاپا ئاغاچەنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆز ئوغلىدەك باقاتتى. مىرزا كېسەل ياتقان چاغلىرىدا ياخشى خىزمەت قىلغانىدى، مىرزىنىڭ ھەرەملىرىدىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭچىلىك خىزمەت قىلالمايتتى. مەن ھىندىستانغا كېلىدىغان يىلى ھىرىدىن كەلدى. مەنمۇ قولۇمدىن كەلگىنىچە ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملار بىلدۈردۈم. چەندىرىنى مۇھاسىرە قىلغان ۋاقتىمدا، كابۇلدا ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى.

كىچىك خوتۇنلىرىدىن بىرى چارشەنبەھىلەردىن بولغان **لەتىف سۇلتان ئاغاچە** ئىدى. ئەبولمۇھسىن مىرزا بىلەن كىپەك مىرزا ئۇنىڭدىن توغۇلغانىدى. يەنە بىرى **مېڭلى بى ئاغاچە** ئىدى، ئۆزبېك بولۇپ، شەھرىبانۇ بېگىمنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئىدى. ئەبۇتۇراب مىرزا، مۇھەممەد ھۆسەيىن مىرزا ۋە فەرىدۇن ھۆسەيىن مىرزىنىڭ ئانىسى ئىدى. يەنە ئىككى قىزىمۇ بار ئىدى. يەنە

بىرى **پاپا ئاغاچە** ئىدى. ئاپاق بېگىمنىڭ كۆكەلدىشى ئىدى. مىرزا كۆرۈپ، ئاشىق بولۇپ ئالغانىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغانىدەك، بەش ئوغۇل، تۆت قىزنىڭ ئانىسى ئىدى، يەنە بىرى **بېگى سۇلتان ئاغاچە** ئىدى. ئۇنىڭدىن پەرزەنت بولمىدى.

بۇلاردىن باشقا توقال خوتۇن، غۇنچىچىلىرى كۆپ ئىدى. خوتۇنلىرى ۋە توقال خوتۇنلىرىنىڭ ئىچىدە مۆتىۋەر بولغانلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردۇر.

شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك ئىدىكى، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئۆزى بىر بۈيۈك پادىشاھ يەنە كېلىپ ھىرىدەك ئىسلام شەھىرىنىڭ پادىشاھى بولغان ھالدا ئۇنىڭ ئون تۆت ئوغلىدىن ئۈچىلا ھارامدىن ئەمەس ئىدى. پاسىقلىق ئۇنىڭ ئۆزىدە، (170) ئوغۇللىرىدا ۋە ئەل-ئۇلۇسى ئىچىدە ئىنتايىن ئەۋج ئالغانىدى. مۇشۇلارنىڭ كاساپىتى بىلەن شۇنداق چوڭ ئائىلىدىن يەتتە-سەككىز يىل ئىچىدە يالغۇز مۇھەممەد زەمان مىرزىدىن باشقا ھېچقانداق ئەسەر ۋە نىشان قالمىدى.

**بەگلىرى. مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس** — چاكۇ بارلاس نەسلىدىندۇر. مۇھەممەد بۇرۇندۇق ئىبنى ئەلى ئىبنى بۇرۇندۇق ئىبنى جەھانشاھ ئىبنى چاكۇ بارلاستۇر. بابۇر مىرزىنىڭ قېشىدا بەگ ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىمۇ ئېتىبار قىلىپ، جەھانگىر بارلاس بىلەن ئىككىسىگە كابۇلنى بېرىپ، ئۇنى ئۇلۇغبەگ مىرزىغا ئەتكە قىلدى. ئۇلۇغبەگ مىرزا بارلاسلارغا قەست قىلماقچى بولدى. بارلاسلار بۇنى تۇيۇپ قېلىپ، مىرزىنى قولغا ئېلىپ، ئەل-ئۇلۇسنى كۆچۈرۈپ، قۇندۇز تەرەپكە كۆچتى. ھىندۇكۇش ئۇستىدىن مىرزىنى ئازارسىز كابۇل

تەرەپكە ماگدۇرۇپ، ئۆزلىرى خۇراسانغا — سۇلتان ھۆسەين مىرزا قېشىغا باردى. مىرزىمۇ ئۇلارغا ياخشى ئېتىبار بەردى. مۇھەممەد بۇرۇندۇق ئىنتايىن بىلىملىك، ئىنتايىن سەردار كىشىدۇر. قۇشقا مەھلىيا ئىدى. شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، بىر قۇشى ئۆلسە ياكى يۈتۈپ كەتسە، ئوغۇللىرىنىڭ ئېتىنى ئاتاپ، بۇ قۇش ئۆلگۈچە ياكى يۈتكىچە پالانى ئۆلسە بولمامدۇ ياكى پالانىنىڭ بوينى ئۈزۈلسە بولمامدۇ، دەيدىكەندۇق.

**مۇزەففەر بارلاس** — مىرزىنىڭ قازاقلىقلىرىدا بىللە ئىدى. ئۇنىڭ قايسى بىر ئىشى مىرزىغا ياراپ كېتىپ، مىرزىنىڭ ئۇنىڭغا شۇقەدەر زور ئېتىبار قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ئېتىبارى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، مىرزىنىڭ قازاقلىقتا ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈشكەن توختامى بويىچە، ھەرقانداق ۋىلايەت ئېلىنسا، ئۇنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى مىرزىنىڭ، (ب 170) ئۈچتىن بىرى ئۇنىڭ بولىدىكەن. بۇ بىر غەلىتە توختام. ئادەتتىكى بىر ئادەمنى ئۆزى بىلەن شېرىك قىلىش پادىشاھلىقتا قانداق مۇۋاپىق كېلىدۇ؟ بەگ بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىنىسى ياكى ئوغلى بىلەنمۇ مۇنداق توختام تۈزۈشكە بولمايدۇ. مىرزا تەختنى ئالغاندىن كېيىن بۇ توختامدىن پۇشايمان قىلدى، لېكىن پايدا بولمىدى. بۇ بىلىمسىز بەتبەخت شۇنچە ئېتىبارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، مىرزىغا ناھايىتى ھۆرمەتسىزلىك قىلاتتى، مىرزىنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلمايتتى.

**ئەلىشىر بەگ ناۋايى** — بېگى ئەمەس، دوستى ئىدى. كىچىك ۋاقتىدا مەكتەپداش بولۇپ، ئىنتايىن يېقىن ئۆتكەنىكەن. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئۇنى نېمە گۇناھ بىلەن ھىرىدىن سۈرگۈن قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. سەمەرقەندكە باردى، ئۇ يەردە تۇرغان

بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئەھمەد ھاجىبەگ ئۇنىڭغا مۇرەببى ۋە ھامىي بولدى. ئەلىشىر بەگ نازۇك مىجەزلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. كىشىلەر ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنى دۆلىتىنىڭ غۇرۇرىدىن بولغان دەپ بىلىشەتتى. لېكىن ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ تۇغما سۈپىتى ئىكەن. سەمەرقەندتە تۇرغان ۋاقتىدىمۇ شۇنداق نازۇك مىجەز ئىكەن. ئەلىشىر بەگ تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى. تۈركىي تىلدا شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپتۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس. ئالتە مەسنەۋى كىتاب نەزم قىلىپتۇ، بەشى «خەمسە» تەقلىدىدە تۈزۈلۈپتۇ، بىرى «مەنتىقۇتتەير» ۋەزنىدە تۈزۈلۈپ «لىسانۇتتەير» دەپ ئاتىلىپتۇ. «غەرائىبۇسسىغەر»، «نەۋادىرۇششەباب»، «بەدائىئۇلۋەسەت» ۋە «فەۋائىدۇلكىبەر» ناملىرىدا تۆت غەزەلىيات دىۋانى تۈزۈپتۇ. ياخشى رۇبائىياتىمۇ بار. بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى ئەسەرلىرى بار، لېكىن ئۇلار بۇ ئېيتىلغانلارغا (171) قارىغاندا تۆۋەنرەك ۋە سۇسراق يېزىلىپتۇ. ئەسەرلىرىنى مەۋلانا جامىغا تەقلىد قىلىپ توپلاپتۇ. قىسقىسى، ھەركىمگە ھەر خىل ئىشلار ئۈچۈن يازغان خەتلىرىنى يىغىپتۇ. يەنە «مىزانۇلئەۋزان» ناملىق ئارۇز يېزىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ تەنقىدكە تېگىشلىك تەرىپى كۆپ، يىگىرمە تۆت رۇبائىي ۋەزنىدىن تۆت ۋەزنىدە خاتا قىلىپتۇ. بەزى بەھرلەرنىڭ ۋەزنىلىرىدىمۇ پېڭىلىشىپتۇ. بۇلار ئارۇز بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا مەلۇم بولغۇسىدۇر. پارسىي دىۋانىمۇ تۈزۈپتۇ، پارسىي نەزمدە «فانى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپتۇ. بەزى بېيىتلىرى يامان ئەمەس، لېكىن كۆپچىلىكى سۇس ھەم تۆۋەندۇر. مۇزىكىدا ياخشى نەرسىلەرنى يارىتىپتۇ. ياخشى ناخشا ۋە ياخشى پەشرەۋلىرى بار. ئىلىم ۋە ھۈنەر ئەھلى ئۈچۈن

ئەلشر بەگكە يېتىدىغان مۇرەببى ۋە هامىينىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەستۇر. سازدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستاد قۇل مۇھەممەد، شەيخى ۋە هۆسەيىن ئۇدىلار ئەلشر بەگنىڭ تەربىيسى ۋە هىمايىسى ئاستىدا شۇ قەدەر يۈكسىلىپ، شۆھرەت قازاندى. ئۇستاد بەھزاد ۋە شەيخ موزەففەر ئەلشر بەگنىڭ غەيرىتى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا رەسسىمدە شۇ قەدەر مەشھۇر بولدى. ئۇ قىلغانچىلىك خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا مۇۋەپپەق بولغان بولۇشى مۇمكىن. پەرزەنتسىز، ئايالسىز، بۇ ئالەمدىن يالغۇز-يېگانە ئۆتتى. دەسلەپتە مۆھۇردار بولدى، ئارىلىقتا بەگ بولۇپ، ئاسترابادتا بىرقانچە ۋاقىت هۆكۈمەت ئۈستىدە بولدى. ئاخىردا سىپاھىيلىقنى تەرك قىلدى. مىرزىدىن ھېچ نەرسە ئالمايتتى. بەلكى ھەر يىلى مىرزىغا نۇرغۇن مىقداردا مەبلەغ ھەدىيە قىلاتتى. (ب 171) سۇلتان هۆسەيىن مىرزا ئاستراباد يۈرۈشىدىن يانغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، مىرزا بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرماقچى بولغاندا، بىرخىل ھالەت يۈز بەردى-دە، تۇرالماي قالدى. كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىشتى. تېۋىپلەر بۇ كېسەلگە ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. ئەتىسى تەڭرى رەھمىتىگە باردى. مۇنۇ بېيىت ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇندۇر:

بۇ دەرد بىلەكى ئۆلەرمەن مەرەزچۇ زاھىر ئېمەس،
تەبىبلەر بۇ بەلاغە نى چارە قىلغايلەر.

(زاھىر بولمىغان بۇ دەرد بىلەن ئۆلمەن، تېۋىپلار بۇ بالاغا چارە قىلالمايدۇ.)

**ئەھمەد تەۋەككۇل بارلاس** — بۇرۇن بىر مۇددەت قەندەھار هۆكۈمىتى ئۇنىڭ قولىدا بولغانىدى.

**ۋەلى بەگ** — هاجى سەيفىددىن بەگنىڭ نەسلىدىن ئىدى. نۆكەر ئىدى. مىرزىنىڭ چوڭ بېگى ئىدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىدى، تېزلا ئۆلۈپ كەتتى. مۇسۇلمان، نامازخان، ساددا، سادىق ئادەم ئىدى.

**ھەسەن شەيخ تېمۇر** — ئۇنىڭغا بابۇر مىرزا ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى بەگلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرگەنىكەن.

**نويان بەگ** — ئاتىسى تەرمىز سەيىدلىرىدىن ئىدى. ئانا تەرەپتىن ھەم سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا، ھەم سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىغا تۇغقانىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىمۇ ئېتىبار بەرگەنىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا قېشىدىمۇ چوڭ ئېتىبار تاپقانىدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا قېشىغىمۇ باردى ۋە ياخشى رىئايەت تاپتى. ئىشقۋاز، ئوچۇق، مەيخور ئادەم ئىدى. ھەسەن ياقۇپنىڭ خىزمىتىدىمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەسەن نويان دەپمۇ ئاتايتتى.

**جەھانگىر بارلاس** — كابۇلدا بىر مۇددەت مۇھەممەد بۇرۇندۇق بىلەن ھۆكۈمەت ئۈستىدە بولغانىدى. (172) كېيىن سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا قېشىغا باردى ۋە ياخشى ئېتىبار تاپتى. يۈرۈش-تۇرۇشتا سىپايە، خۇش مۇئامىلە كىشى ئىدى. ئوۋ قىلىش ۋە قۇش سېلىشنىڭ يوللىرىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا مۇنداق ئىشلارغا كۆپىنچە ئۇنى بۇيرۇيتتى. بەدىئۇززەمان مىرزىنىڭ دوستى ئىدى. مىرزا دوسلۇقنى ئەسلەپ، تەرىپىنى قىلاتتى.

**مىرزا ئەھمەد ئەلى فارسىي بارلاس** — گەرچە شېئىر يازمىسىمۇ لېكىن زوقى بار، شېئىرشۇناس، سىپايە ۋە يېتىمچە كىشى ئىدى.

**ئابدۇلخالىق بەگ** — شاھرۇخ مىرزىنىڭ زور ئېتىبارىغا ئېرىشكەن

بەگلەردىن فىروز شاھ بەگ ئۇنىڭ بوۋىسىدۇر. شۇڭا ئۇنى ئابدۇلخالىق فىروز شاھ دەيدۇ. خارەزىم بىر مۇددەت ئۇنىڭ قولىدا بولغانىدى.

**ئىبراھىم دولداي** — ئىش ھېسابىنى ۋە دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرىنى ياخشى بىلەتتى. مۇھەممەد بۇرۇندۇقنىڭ ھەمراھى ئىدى.

**زۇننۇن ئارغۇن** — جەسۇر ئادەم ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا قېشىدا ياش ۋاقتىدا ياخشى قىلىچۋازلىق قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر يەردە قولى ئىشقا يېتىشكەن. جەسۇرلۇقىدا سۆز يوق ئىدى. بىرئاز تەلۋىرەك ئادەم ئىدى. بىزنىڭ مىرزىلارنىڭ قېشىدىن سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا قېشىغا باردى. مىرزا ئۇنىڭغا غۇر بىلەن نەكدىرىنى بەردى. يەتمىش-سەكسەن كىشى بىلەن ئۇ تەۋەدە ياخشى قىلىچۋازلىق قىلدى. ئازغىنە كىشى بىلەن (ب. 172) نۇرغۇن ساندىكى ھەزارە، نەكدىرىيلەرنى كېلىشتۈرۈپ مەغلۇپ قىلدى. ھەزارە ۋە نەكدەرىيلەرنى ئۇنچىلىك ئادەم بىلەن بويسۇندۇرغان ئادەم چىقمىغان. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن، زەمىنى داۋەرنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى. ئوغلى شاھ شۇجائى ئارغۇننىمۇ كىچىكىدىنلا ئاتىسى بىلەن بىللە يۈرۈپ قىلىچ چاپتى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئاتىسىنىڭ رايىغا باقماي، ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ، ئاتىسىغا شېرىك قىلغان ھالدا قەندەھارنى ئۇنىڭغا بەردى. كېيىن بۇ ئىش ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىغا دۈشمەنلىك سېلىپ، پىتنىلەر پەيدا قىلدى. ئاخىردا مەن خۇسرەۋ شاھنى نۆكەرلىرىدىن ئايرىپ، كابۇلنى زۇننۇننىڭ كىچىك ئوغلى مۇقىمدىن ئالغان يىلى زۇننۇن بىلەن خۇسرەۋ شاھ مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئامالسىز قېلىپ، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئالدىغا باردى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىدىن كېيىن، زۇننۇن يەنە ئۆستى.

ئۇنىڭغا ھىرىنىڭ تاغ ئېتىكىدىكى ۋىلايەتلىرىدىن ئەۋبە ۋە چەخچەراننى بېرىشتى. بەدىئۈززەمان مىرزا بىلەن مۇزەففەر مىرزا شىرىك پادىشاھ بولغاندا، ئۇ بەدىئۈززەمان مىرزا ئىشىكىدە ئىختىيارلىق بەگ بولدى. مۇزەففەر مىرزا ئىشىكىدە بولسا، مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ئىختىيارلىق بەگ بولدى. زۇنۇن جەسۇر بولغىنى بىلەن بىر ئاز تەلۋە ھەم گول ئادەم ئىدى. ئۇنداق بولمىسا، خۇشامەتكە ئۇچۇپ، ئۆزىنى شۇنچە رەسۋا قىلامتى؟ بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئۇ شۇنداق ئېتىبار تېپىپ، ھوقۇقدار بولغاندىن كېيىن، بىرقانچە شەيخ ۋە موللىلار كېلىپ: «قۇتۇپ بىز بىلەن مۇناسىۋەت قىلىۋاتىدۇ، ساڭا <ھىزەبرۇللاھ> (ئاللانىڭ شىرى) دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. ئۆزبېكلەرنى يېڭىسەن» دەپتۇ. ئۇ بۇ خۇشامەتكە ئىشىنىپ، بوينىغا پوتا ئېسىپ، ئاللاغا شۈكۈر ئېيتىپتۇ. بادغىس تەۋەسىدە (173) شەيبانىخان مىرزىلارغا قارشى كېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇشىغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەي، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، زۇنۇن ھېلىقى سۆزگە ئىشىنىپ يۈز-يۈز ئەللىك ئادەم بىلەن قاراراباتتا شەيبانىخانغا روبرو كېلىپ تۇردى. نۇرغۇن چېرىك يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئۇلارنى بىتچىت قىلدى ۋە زۇنۇننى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. پاك مەزھەپلىك كىشى ئىدى، نامازنى تەرك قىلمايتتى، ئاشۇرما نامازلارنىمۇ ئوقۇيتتى. شاھماتقا بەك قىزىقاتتى. باشقىلار بىر قولى بىلەن ئوينىسا، ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئوينايتتى ۋە كۆڭلى خالىغىنىچە ئوينايتتى. تەبىئىتىدە خەسىسلىك غالىب ئىدى.

**دەرۋىش ئەلى بەگ** — ئەلشىر بەگنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىدى. بەلخ ھۆكۈمىتى بىر مەزگىل ئۇنىڭ قولىدا بولدى. ياخشى ئىشلىدى. قابىلىيەتسىزراق ئادەم ئىدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئاۋۋال قۇندۇز ۋە ھىسار ئۈستىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى سەۋەبىدىن مەقسەتكە يېتەلمىدى. ئۇمۇ بەلخ ھۆكۈمىتىدىن بوشىتىلدى. 916-يىلى ① مەن قۇندۇزغا كەلگەندە، مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. ئىنتايىن ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى. بەگلىك قابىلىيىتى ۋە ئىچكىلىك سالاھىيىتىدىن يىراق ئىدى. بۇرۇن ئەلشىر بەگنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن شۇنچە ئېتىبار تاپقان بولسا كېرەك.

**موغۇل بەگ** — ھىرى ھۆكۈمىتى بىر مۇددەت ئۇنىڭ قولىدا بولدى. كېيىن ئۇنىڭغا ئاستىرابادنى بېرىشتى. ئاستىرابادتىن ئىراققا — ياقۇپ بەگ قېشىغا قېچىپ باردى. يېتىمچە كىشى ئىدى. ھەمىشە قىمار ئوينايتتى.

**سەيىد بەدر** — ئىنتايىن بەقۇۋۋەت، لېكىن ھەرىكىتى سىلىق ئادەم (ب 173) ئىدى. ئۇستا ئۇسسۇلچى بولۇپ، ئۇسسۇلنى قالتىس كېلىشتۈرۈپ ئوينايتتى، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق ئىدى. ھەر ھالدا ئوينىغان ئۇسسۇللىرى ئۆزىنىڭ ئىجادى بولسا كېرەك. دائىم مىرزىنىڭ ئۇلپىتى ۋە ھەمسۆھبىتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى.

**ئىسلىم بارلاس** — تۈرك ئادەم ئىدى. قۇشچىلىقنى ياخشى بىلەتتى. بەزى ئىشلارنى ناھايىتى جايىدا قىلاتتى. ئوتتۇز-قىرىق پاتمانلىق قۇۋۋەتتىكى يانى تارتىپ، ئوقنى تاختايدىن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. قارىغا ئېتىش مەيدانىدا مەيدانىنىڭ بىر بېشىدىن ئات چاپتۇرۇپ، يانى قولىغا

① مىلادىيە 1510-يىلى.

ئېلىپ، ئوقنى ھەممە نىشانغا تەگكۈزەتتى. بىر ھالقىنى بىر قارى-بىر يېرىم قارى تانىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ، تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى بىر ياغاچقا باغلاپ، ھالقىنى ئېسىپ قويۇپ، ھالقا ئايلىنىپ تۇرغان ئەھۋالدا ئوقنى ئېتىپ شۇ ھالقىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. مۇنداق ئاجايىپ ئىشلىرى كۆپ ئىدى. دائىم مىرزا مۇلازىمىتىدە بولۇپ، ھەر سۆھبەتكە قاتنىشاتتى.

**سۇلتان جونەيد بارلاس** — كېيىنكى چاغلاردا سۇلتان ئەھمەد مىرزا قېشىغا كەلگەنىدى. ھازىر جۇنەپۇر ھۆكۈمىتىنى ئاتىسى بىلەن بىللە باشقۇرىدۇ.

**شەيخ ئەبۇسەئىد خان دەرمىيان** — بىر ئۇرۇشتا مىرزىغا ئات ئەكىلىپ بەرگەنمۇ ياكى مىرزىنىڭ جېنىغا قەست قىلغان دۈشمەننى يوقاتقانمۇ، ئىشقىلىپ، مۇشۇنداق بىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭغا بۇ ئۇنۋان بېرىلگەنىكەن.

**بېھبۇد بەگ** — بۇرۇن ياساۋۇللار قىسمىدا خىزمەت قىلاتتى. مىرزىنىڭ قازاقلىقلىرىدا (174) كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن تامغا ۋە پۇلدا ئۇنىڭ نامى بولۇشنى ئۇنىڭغا ئىنايەت قىلغانىكەن.

**شەيخىم بەگ** — تەخەللۇسى سۇھەيلى بولغىنى ئۈچۈن شەيخىم سۇھەيلى دەپ ئاتىشاتتى. شېئىرلىرىدا كىشىنى قورقىتىدىغان سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىناتتى. ئۇنىڭ بېيىتلىرىدىن بىرى مۇنداق ئىدى:

شەبى غەم گىرد-بادى ئاھەم ئەزجا بۇرد گەردۇنرا،
فۇرو بۇرد ئەژدەھايى سەيلى ئەشكەم رۇبئى مەسكۇنرا.

(غەم كېچىسىدە ئاھلىرىمنىڭ قۇيۇنى كۆكنى ئورنىدىن قوزغىۋەتتى،

يېشىم سىپلىنىڭ ئەجدىھاسى پۈتۈن ئىقلىمنى يۇتۇۋەتتى.) شۇ ئىش مەشھۇركى، بىر قېتىم مۇشۇ بېيتنى مەۋلانا ئابدۇراھمان جامى ھۇزۇرىدا ئوقۇغاندا، جامى: «مىرزا، سىز شېئىر ئوقۇۋاتامسىز ياكى ئادەم قورقۇتۇۋاتامسىز» دېگەنىكەن. دېۋان تۈزگەنىدى، مەسنەۋىلىرىمۇ بار ئىدى.

**مۇھەممەد ۋەلى بەگ** — يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋەلى بەگنىڭ ئوغلى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە مىرزا قېشىدا كاتتا بەگ بولغانىدى. كاتتا بەگ بولسىمۇ، خىزمىتىنى ھەرگىز تەرك قىلمايتتى، كېچە-كۈندۈز سارايدىن كەتمەيتتى، ھەتتا ئاش-زىياپەتلىرىمۇ سارايدا تارتىلاتتى. مۇشۇنداق مۇلازىمەتتە بولغان ئادەم مۇقەررەر يوسۇندا شۇنداق ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ. بۇ زاماندا بىرى بەگ بولۇپ، كەينىگە بەش-ئالتە توك-توكنى سالسىلا، ئۇنى سارايغا چىللاپ ئېلىپ كېلىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل مۇلازىمەت قانداقتۇر ئۇلارنىڭ بەدەۋلەتلىكمىش. بۇ نېمىدېگەن ئەيىب بىر ئىش. مۇھەممەد ۋەلى بەگنىڭ ئاش-زىياپىتى ياخشى ئىدى. نۆكەرلىرىنى تەڭ كۆرەتتى، پېقىر-مىسكىنگە (ب 174) ئۆز قولى بىلەن كۆپلەپ خەير-سەدىقە بېرەتتى. ئاغزى يامان ئادەم ئىدى. 917-يىلى① سەمەرقەندنى ئالغىنىمدا مۇھەممەد ۋەلى بەگ بىلەن دەرۋىش ئەلى كىتابدار مېنىڭ قېشىمدا ئىدى. پالەچ بولۇپ قالغانىدى. سۆزىمۇ، ئۆزىمۇ مەززىسىز بولۇپ، ئۇ دەرىجىدە ئېتىبار تېپىش لاياقىتى يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ خىزمىتى ئۇنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزگەن بولسا كېرەك.

---

① مىلادىيە 1511-يىلى.

**بابا ئەلى ئىشك ئاغا**— بۇرۇن ئەلىشر بەگ ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى بەگلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزگەنىدى. ھازىر مىنىڭ يېنىمدا ئىچكىيلەردىن بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئالدىمىزدا تەكرار تىلغا ئېلىنىدىغان يۇسۇف ئەلى ئۇنىڭ ئوغلىدۇر.

**بەدرىددىن.** بۇرۇن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سەدرى مىرەك ئابدۇرەھىمنىڭ قېشىدا ئىدى. ئىنتايىن چەبدەس ئىكەندۇق. يەتتە ئاتنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتكەن دېيىشىدۇ. بابا ئەلى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتەتتى.

**ھەسەن ئەلى جەلايىر**— ئەسلىي ئېتى ھۆسەيىن جالايىردۇر. ئىراق ھەسەن ئەلى نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەلى جەلايىرنى بابۇر مىرزا ئەتىۋارلاپ بەگ قىلغان. كېيىن، مۇھەممەد يادكار مىرزا ھىرىنى ئالغاندا، ئەلى جەلايىردىن كاتتا كىشى يوق ئىدى. ھەسەن ئەلى جەلايىر سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا قېشىدا قۇشبېگى ئىدى. ئۆزى شائىر بولۇپ، تەخەللۇسى «تۇفەيلى» ئىدى. قەسىدىنى ئىنتايىن ياخشى يازاتتى. ئۆز زامانىسىدا قەسىدىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. 917-يىلى① سەمەرقەندنى ئالغىنىمدا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، بەش-ئالتە يىل مېنىڭ بىلەن بىللە بولدى. مېنىڭ نامىمغىمۇ ياخشى قەسىدىلەر يازدى. قورقماس، بەتخەج (175) ئادەم ئىدى. چۆھرە ساقلايتتى، ھەمىشە نەرد ئوينايتتى، قىمارمۇ ئوينايتتى.

**خوجا ئابدۇللا مەرۋارىي**— بۇرۇن سەدىر ئىدى، كېيىن ئىچكىي مەھرەم ۋە بەگ بولغانىدى. ناھايىتى بىلىملىك ئادەم ئىدى. قالۇننى② ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك چالالمايتتى. قالۇندا گىرىفت قىلىش ئۇنىڭ ئىجادىدۇر.

① مىلادىيە 1511-يىلى.
② بىر خىل چالغۇ.

غەيرىي شەكىللىك خەتلەرنى ياخشى يازاتتى. تەئلىق ① خېتىنى تېخىمۇ ياخشى يازاتتى. قەلىمى ياخشى ئىدى، خۇش سۆھبەت ئادەم ئىدى، شېئىر يازاتتى، «بەيانىي» تەخەللۇسىنى قوللىناتتى. شېئىردىكى قابىلىيىتى باشقا قابىلىيەتلىرىگە قارىغاندا تۆۋەن، بىراق شېئىرنى چۈشىنىشى ياخشى. پاسىق ۋە قورقماس ئادەم ئىدى. پاسىقلىق سەۋەبىدىن جىنسىي كېسەللىگە گىرىپتار بولدى، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ، قانچە يىللار ئازاب تارتىپ، شۇ پالاكەت بىلەن دۇنيانى تەرك قىلدى.

**مۇھەممەد سەيىد ئۇرۇس** — سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا تەختكە چىققاندا ئۇنىڭ كاتتا ھەم ئىختىيارلىق بېگى بولغان ئۇرۇس ئارغۇننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ زاماندا ئوقنى ياخشى ئاتىدىغان يىگىتلەر بولغانىدى، ئۇ ئەشۇ يىگىتلەرنىڭ ئالدىنقىلىرىدىن بولۇپ، قاتتىق يا بىلەن ئوقنى يىراققا ۋە ياخشى ئاتىدىكەنمىش. ئەندخۇد ھۆكۈمىتى بىر مەزگىل ئۇنىڭ قولىدا بولدى.

**مىرئەلى مىراخور** — بۇ — سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى يادىكار مۇھەممەد مىرزىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدۇرغان كىشىدۇر.

**سەيىد ھەسەن ئوغلاقچى** — سەيىد ئوغلاقچىنىڭ ئوغلى ۋە سەيىد يۇسۇف بەگنىڭ ئىنىسى ئىدى. مىرزا فەررۇخ ئاتلىق تالانتلىق ۋە قابىلىيەتلىك بىر ئوغلى (ب 175) بار ئىدى. 917-يىلى سەمەرقەندنى ئالغىنىمدا مېنىڭ قېشىمغا كەلگەنىدى. شېئىرنى ئاز يازسىمۇ، ياخشى يازاتتى. ئىلمى نۇجۇمنى ياخشى بىلەتتى.

---

① ھۆسنىخەتنىڭ بىر خىلى.

سۆھبىتى ۋە مۇئامىلىسى ياخشى ئىدى. بىرئاز سەت مەست بولاتتى. غەجدەۋان ئۇرۇشىدا ئۆلدى.

**تەڭرى بەردى سامانچى** — تۈرك، جەسۇر ۋە قىلىچۋاز بەگ ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بەلخ ئىشىكىدە خۇسرەۋ شاھنىڭ نەزەر بەھادىر ئاتلىق زور نۆكىرىنى قىلىچۋازلىق بىلەن يەڭگەنىدى.

بۇلاردىن باشقا، مىرزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېتىبار تاپقان بىرقانچە تۈركمەن بەگلىرىمۇ بار ئىدى. دەسلەپ كەلگەنلىرىدىن بىرى **ئەلى خان بايەندۇر**، بىرى **ئەسەد بەگ**، بىرى **تەھەمتەن بەگ** ئىدى، كېيىنكى ئىككىسى ئاغا-ئىنى ئىدى. تەھەمتەن بەگنىڭ قىزىنى بەدىئۇززەمان مىرزا ئالغان بولۇپ، مۇھەممەد زەمان مىرزا شۇنىڭدىن تۇغۇلغانىدى. يەنە بىرى **ئىبراھىم چاغاتاي** ئىدى، يەنە بىرى **ئەمىر ئۆمەر بەگ** بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەدىئۇززەمان مىرزا قېشىدا بولغانىدى. مەردانە، تۈرك ھەم ياخشى ئادەم ئىدى. ئەبۇلفەتھ ئاتلىق بىر ئوغلى ئىراقتىن مېنىڭ قېشىمغا كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ بار، ئىنتايىن چېچىلاڭغۇ، جۇرئەتسىز ھەم بولۇمسىز بىر ئادەم. شۇنداق ئاتىدىنمۇ مۇشۇنداق ئوغۇل بولىدىكەن. كېيىن كەلگەنلىرى ئىسمائىل شاھ ئىراق ۋە ئازەربەيجانغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، شۇ يەردىن خۇراسانغا كەلگەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ بىرى **ئابدۇلباقى مىرزا** بولۇپ، تېمۇر بەگ نەسلىدىن — مىرانشاھىيلاردىندۇر. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇ ۋىلايەتلەرگە بېرىپ، سەلتەنەت دەۋاسىنى كاللىسىدىن چىقىرىپ، (176) شۇ پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىپ ئېتىبار تېپىپ كەلگەنىكەن. بۇ ئابدۇلباقى مىرزىنىڭ چوڭ ئاتىسى تېمۇر ئوسمان، ياقۇپ بەگ قېشىدا كاتتا بەگ ئىكەنىدۇق. بىر قېتىم ئۇنى نۇرغۇن چېرىك بىلەن خۇراسان

ئۈستىگە ئەۋەتمەكچى بولغانىكەن. ئابدۇلباقى مىرزا كەلگەندىن كېيىن، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئۇنى ياخشى ئەتىۋارلاپ مۇھەممەد سۇلتان مىرزىنىڭ ئانىسى سۇلتانىم بېگىمنى بېرىپ، ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالغانىدى. كېيىن كەلگەنلەرنىڭ يەنە بىرى **مۇراد بەگ** بايەندۇرىي ئىدى.

**سەدرلىرى. مىر سەربەرەھنە** — ئەندىجاننىڭ يېزىلىرىدىن بولىدۇ، ھەقىقىي سەيدلەردىن بولمىسا كېرەك. ئىنتايىن خۇش سۆھبەت، خۇش تەبىئەت، شېرىن سۆز ئادەم ئىدى. خۇراساننىڭ ئالىم ۋە شائىرلىرى قېشىدا ئۇنىڭ سۆزى مۆتىۋەر ھەم ئىناۋەتلىك ئىدى. ئەمىر ھەمزە قەسسىدىسى ئۇچۇن ۋاقىتنى زايە قىلىپ ئۇزۇن بىر ئويدۇرما قىسسە يېزىپتۇ. بۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان بىر ئىش.

**كەمالىددىن ھۆسەيىن كازۇرگاھى** — سوپى بولمىسىمۇ، تەسەۋۋۇپچى ئىدى. ئەلىشىر بەگ قېشىغا مۇشۇنداق تەسەۋۋۇپچىلار توپلىنىپ سەما قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇسسۇلى ھەممىسىنىڭكىدىن ياخشى ئىكەنمىش. ئۇنىڭ ئېتىبار تېپىشى شۇ ئۇسسۇلىدىن بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا ئېغىزغا ئالغۇدەك بىر قابىلىيىتى يوق. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىغا بېغىشلانغان «مەجالىسۇل ئۇششاق» ناملىق بىر ئەسىرى بار. ئىنتايىن سۇس، كۆپ قىسمى ئويدۇرما؛ يەنە كېلىپ، تېتىقسىز ئويدۇرما (ب 176) ھەم بىئەدەب سۆزلەر بىلەن تولغان. شۇ دەرىجىدە بولغانكى، بەزىلىرىنى كۇپۇرلۇقتا ئەيىبلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن بىرمۇنچە ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارنى مەجازى ئاشىق قىلىپ، ھەر بىرىگە بىر مەشۇق ۋە مەھبۇب يارىتىپ بېرىپتۇ، يەنە بىر ئەخمەقانىلىك شۇكى، مۇقەددىمىدە سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ ئۆز تەھرىر ۋە تەسنىفى بىلەن بولغانلىقى يېزىلىپتۇ. كىتاب ئارىسىدا

كەلتۈرۈلگەن كەمالىددىن ھۆسەيىن شېئىر-غەزەللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا «لىمۇھەررىرىھى» (مۇھەررىر تەرىپىدىن) دېگەن سۆز يېزىلىپتۇ. دەل مۇشۇ كەمالىددىن ھۆسەيىننىڭ خۇشامىتى بىلەن زۇنۇن ئارغۇن «ھىزەبرۇللاھ» (ئاللانىڭ شىرى) ئۇنۋانىنى ئالغانىدى.

**ۋەزىرلىرى. مەجددىن مۇھەممەد** — شاھرۇخ مىرزىنىڭ دىۋانبېگى① بولغان خوجا پىر ئەھمەدخانىنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇرۇن سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا دىۋانىدا② كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرتىپ-ئىنتىزام يوق ئىدى. بۇزۇپ-چېچىش، ئىسراپچىلىق ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. نە خەلقتە پاراۋانلىق بولسۇن، نە سىپاھىيدا مەمنۇنىيەت. ئۇ چاغدا مەجددىن مۇھەممەد پەرۋانچى بولۇپ، «مىرەك» دەپ ئاتىشاتتى. مىرزىغا ئازراق پۇل كېرەك بولۇپ، دىۋاندىكىلەردىن سورىغاندا، دىۋاندىكىلەر: «پۇل يوق، كىرىم يوق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. مەجددىن مۇھەممەدمۇ بۇ سورۇندا بار ئىدى، ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى. مىرزا سەۋەبىنى سورىغاندا، مىرزىنى بىر خىلۋەتكە تارتىپ، ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ: «مىرزا ماڭا ھوقۇق بېرىپ، مەمۇرلارنىڭ مېنىڭ سۆزۈمدىن چىقمايدىغان بولۇشىنى ئەھدە قىلسا، ئازلا ۋاقىت ئىچىدە ۋىلايەت (177) مەمۇر، خەلق مەمنۇن، خەزىنە تولۇق، سىپاھىي باياشات بولغۇسىدۇر» دېدى. مىرزا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئەھدە-شەرت قىلىپ، پۈتۈن خۇراسان مەملىكىتىدە ئۇنى ھوقۇقدار

① دىۋانبېگى — مالىيە ۋە ئىگىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگ.

② دىۋان — بۇ يەردە مالىيە ۋە ئىگىلىك ئىشلىرى ئىدارىسى مەنىسىدە كەلگەن.

قىلىپ، بارلىق مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىگە بەردى. ئۇمۇ ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە تىرىشىپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە سىپاھىي ۋە خەلقنى رازى قىلدى، خەزىنىگىمۇ نۇرغۇن پۇل كىرگۈزدى، ۋىلايەتنى مەمۇر قىلدى. لېكىن ئەلشىر بەگ باشلىق بارلىق بەگلەر ۋە مەنسەپ ئىگىلىرى بىلەن زىت مۇئامىلىدە بولدى. شۇ سەۋەبتىن ھەممىسى ئۇنى يامان كۆردى. ئۇلار ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈپ ئۇنى قولغا ئالدۇردى. ئۇنىڭ ئورنىغا نىزامۇلمۇلك دىۋان① بولدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن نىزامۇلمۇلكنىمۇ قولغا ئالدۇرۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئىراقتىن خوجە ئەفزەلنى ئالدۇرۇپ دىۋان قىلدى. مەن كابۇلغا كەلگەندە، خوجە ئەفزەلنى بەگ قىلغانىدى، لېكىن ئۇ دىۋاندىمۇ مۆھۈر باساتتى.

**خوجا ئەتا** — يۇقىرىقىلاردەك مەنسەپ ئىگىسى ۋە دىۋان بولمىسىمۇ، لېكىن پۈتۈن خۇراساندا ھەر قانداق مۇھىم قارار خوجا ئەتانىڭ مەسلىھەتىسىز بولمايتتى. نامازخان ۋە دىندار ئادەم ئىدى، دۆلەت ئىشلىرى بىلەنمۇ مەشغۇل بولاتتى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردۇر. سۇلتان ھۆسەيىن (ب 177) مىرزىنىڭ زامانى ئاجايىپ بىر زامان ئىدى. خۇراسان، بولۇپمۇ ھىرى شەھىرى ئالىم ۋە تەڭداشسىز كىشىلەرنىڭ توپلانغان جايى ئىدى. بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان ھەر بىر كىشى شۇ ئىشنى كامالغا يەتكۈزۈشنى ئىستەيتتى. بۇ ئەرزىمەس سەھىپىلەردە پەقەت تەۋەررۇك ئۈچۈن

① دىۋانبېگى.

ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىلا ئاتاپ، ئازراق سۈپەتلەپ ئۆتۈشنى ئويلىدىم:

**مەۋلانا ئابدۇراھمان جامى** — زاھىرىيە ① ۋە باتىنىيە ② ئىلىملىرىدە ئۇ زاماندا ئۇنىڭغا يېتىدىغان ئادەم يوق ئىدى.

شېئىرلىرى بولسا ھەممىگە مەلۇمدۇر. موللىنىڭ زاتى تەرىپكە موھتاج بولمىغان دەرىجىدە يۈكسەكتۇر.

**شەيخۇلئىسلام سەيفىددىن ئەھمەد** — مەۋلانا سەئىدىددىن تەفتازانىينىڭ نەسلىدىندۇر. شۇ زاماندىن بېرى خۇراسان مەملىكىتىدە شەيخۇلئىسلام بولۇپ كەلگەندۇر. ئىنتايىن ئالىم ئادەم ئىدى. ئەرەبىيە ۋە نەقلىيە ئىلىملىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئىنتايىن تەقۋادار ۋە دىندار ئادەم ئىدى. ئۆزى شافىئىي مەزھىپىدە بولسىمۇ، لېكىن باشقا مەزھەپلەرگىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەتمىش يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى تەرك قىلمىغانىكەن. شاھ ئىسمائىل ھىرىنى ئالغاندا ئۇنى شەھىد قىلدى، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ئادەم قالمىدى.

**مەۋلانا شەيخ ھۆسەيىن** — موللا شەيخ ھۆسەيىننىڭ نامايان بولۇشى ۋە يۈكسىلىشى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا زامانىدا بولغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا زامانىدىمۇ بار بولغانلىقى ئۈچۈن (178) بۇ يەردە بايان قىلىندى. ھىكمىيات، ئەقلىيات ۋە كەلام ئىلىملىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنىنى ئىپادىلەش، سۆزنى جايىدا قوللىنىش ئۇنىڭ ئىجادىدۇر.

---

① زاھىرىيە — قانۇنلارنى قۇرئاننىڭ خەت يۈزىدىكى مەنىسى بويىچە شەرھلەش.

② باتىنىيە — قۇرئاندىكى ۋە باشقا مۇقەددەس كىتابلاردىكى يوشۇرۇن مەنىلەرنى شەرھلەش.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا زامانىدا ئۇنىڭغا بەك يېقىن ھەم ھوقۇقلۇق ئىدى. دۆلەتنىڭ پۈتۈن مۇھىم ئىشلىرىدا ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى بار ئىدى. تەكشۈرۈش-ھېساب ئېلىش ئىشلىرىنى ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشلىگەن ئادەم يوق ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا زامانىدا مۇشۇنداق تەڭداشسىز كىشىگە ئاھانەتلەر قىلىشتى.

**موللازادەئى موللا ئوسمان** — كابۇل تۈمەنلىرىدىن بولغان لەھۇگەر تۈمەنىنىڭ چەرخ ناملىق يېزىسىدىندۇر. ئۇلۇغبەگ مىرزا زامانىدا ئون تۆت يېشىدا دەرس بەرگەنلىكى ئۈچۈن «موللا مادەر زاد» (ئانىدىن تۇغما موللا) دەپ ئاتىغانىكەن. سەمەرقەندتىن بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ھېرىغا كەلگەندە سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا كەتكۈزمەي يېنىدا ئېلىپ قالغانىكەن. يېتىلگەن ئالىم كىشى ئىدى. ئۇ زاماندا ئۇنىڭغا يېتىدىغان ئالىم يوق ئىدى. ئىجتىھاد① دەرىجىسىگە يەتكەنىكەن، لېكىن ئۇنىۋان بېرىلمىگەنىكەن. ئۇنىڭ: «كىشى بىر نەرسىنى ئىشىتكەن بولسا، ئۇنى يەنە قانداق ئۇنتار» دېگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ئېسىدە تۇتۇش ئىقتىدارى بەك يۇقىرى ئىكەن.

**مىر مۇرتاز** — ھېكەمىيات ۋە مەئقۇلاتنى② ياخشى بىلەتتى. روزىنى بەك كۆپ تۇتقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق لەقەم قويۇلغانىكەن. (ب 178) شاھماتقا ئامراق ئىكەنمىش، شۇ دەرىجىدە ئىكەنمىشكى، ئەگەر ئىككى شاھماتچى ئۇچرىسا، بىرى بىلەن ئويناپ، يەنە بىرىنى كېتىپ قالمىسۇن دەپ پېشىدىن تۇتۇپ تۇرار ئىكەن.

**موللا مەسئۇد شىرۋانى.**

---

① ئالىي ئىلمىي دەرىجە.

② مەئقۇلات — ئەقلىي بىلىملىك.

**موللا ئابدۇلغەفۇر لارىي** — مەۋلانا ئابدۇراھمان جامىنىڭ ھەم مۇرىتى ھەم شاگىرتى ئىدى. موللىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭ قېشىدا ئوقۇپ چىققانىدى. «نەفەھات»كە شەرھە تەرزىدە بىر نەرسە يېزىپتۇ. زاھىرىيە ئىلمىگە پۇختا ئىدى. باتىنىيە ئىلمىنىمۇ بىلەتتى، شۆھرەت تەمەسى يوق، بىتەكەللۇپ ئادەم ئىدى. موللام نامىنى ئالغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئالدىدا ئىلمىي مۇنازىرە ئېچىشتىن يانمايتتى. ھەرقانداق بىر يەردە بىر دەرۋىشنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرسە، شۇ دەرۋىشنىڭ قېشىغا بارمىغۇچە كۆڭلى تىنمايتتى. مەن خۇراسانغا بارغاندا، ئابدۇلغەفۇر موللا كېسەل ئىكەن. موللىنىڭ (جامىنىڭ) قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، ئابدۇلغەفۇر موللىنىمۇ زىيارەت قىلغانىدىم. موللىنىڭ مەدرىسىسىدە ئىكەندۇق، نەچچە كۈندىن كېيىن شۇ كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

**مىرجەمالىددىن مۇھەددىس** — خۇراساندا ھەدىس ئىلمىنى ئۇنىڭچىلىك بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئادەم، ھازىرمۇ ھايات.

**مىر ئەتائۇللاھ مەشھەدىي** — ئەدەبىيات ئىلمىنى ياخشى بىلەتتى. قاپىيە توغرىسىدا پارسچە بىر رىسالە يازغان. كەمچىلىكى شۇكى، مىساللارغا پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ بېيىتلىرىنى (179) كەلتۈرگەن ۋە ھەربىر بېيىتنىڭ ئالدىغا «بەندىگىزنىڭ بۇ بېيىتىدە بولغىنىدەك» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان. قاپىيە رىسالىسى ھەققىدە بەزى قارشى پىكىردىكىلەر تازا مۇۋاپىق ھالدا بەزى مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزۈپتۇ. يەنە شېئىر سەنئەتلىرى ھەققىدە «بەدائىئۇسسەنايىئ» ناملىق بىر رىسالە يېزىپتۇ. بۇ رىسالىنى ناھايىتى ياخشى يېزىپتۇ. مەزھىپىدە خىلاپلىق بار ئىكەنمىش.

**قازى ئىختىيار** — قازىلىقنى ياخشى قىلدى. ئىسلام قانۇنى ھەققىدە ياخشى بىر پارىچە رىسالە يېزىپتۇ. نەقىل قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن، كالام ئايەتلىرىنى مەزمۇنى بويىچە توپلام قىلىپتۇ. مۇرغابتا مىرزىلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمدا قازى ئىختىيار مۇھەممەد مىر يۇسۇف بىلەن كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشتى. سۆز ئارىسىدا بابۇرى خېتى توغرۇلۇق سۆز بولدى. ئايرىم-ئايرىم ھەرپلىرىنى سورىدى، يېزىپ بەردىم، شۇ سورۇندىلا بۇلارنى ئوقۇپ، قائىدىلىرىنى ئىسپاتلاپ بەزى نەرسىلەرنى يازدى.

**مىر مۇھەممەد يۇسۇف** — شەيخۇلئىسلامنىڭ شاگىرتى ئىدى. كېيىن شەيخۇلئىسلام ئورنىغا ئۇنى بەلگىلىدى. بەزى سورۇنلاردا شەيخۇلئىسلام قازى ئىختىيار، بەزى سورۇنلاردا ئۇ يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇراتتى. كېيىن سىپاھىيلىق بىلەن سەردارلىق ئىشىغا شۇنداق مەپتۇن بولدىكى، بۇ ئىككى ئىشتىن باشقا، سۆزدە ئىلىمدىن، كالامدا مەنىدىن ئەسەر قالمىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى ئىشنىڭمۇ ئۆز ئەھلى ئەمەس ئىدى. ئاخىر مۇشۇ ھېرىسلىق سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ مال-جېنىنى ۋە خانۇمانىنى بەربات قىلدى. ئۆزى شىئىي مەزھىبىدە ئىكەندۇق.

**شائىرلار:** بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان كاتتىسى (ب 179) **مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى** ئىدى. يەنە **شەيخىم سۇھەيلى** ۋە **ھۇسەين ئەلى تۇفەيلىي جالايىر** بولۇپ، بۇلارنى سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ بەگلىرى ۋە ئىچكىيلىرى قاتارىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

**ئاسەفىي** — ئۆزى ۋەزىرزادە بولغانلىقى ئۈچۈن «ئاسەفىي» تەخەللۇسىنى قوللىنىپتۇ. ئۆزى ئىشق مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولسىمۇ، لېكىن شېئىرى رەڭسىز ھەم ھېسسىياتسىز ئەمەس ئىدى. ئۆزى، مەن زادىلا غەزەللىرىمنى توپلام قىلىش كويىدا بولمىدىم دەيدىكەن،

ھەر ھالدا، بۇ بىر تەكەللۇپ بولسا كېرەك. غەزەللىرى ئىنىسى ياكى يېقىنلىرى تەرىپىدىن توپلام قىلىنىپتۇ. غەزەلدىن باشقا شېئىر تۈرىنى ئاز يېزىپتۇ. مەن خۇراسانغا بارغاندا مۇلازىمەت قىلغانىدى.

**بىنائى** — ھىرىلىقتۇر. ئاتىسى باش بىناكار (سەربەننا) بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇ تەخەللۇسنى قوللىنىپتۇ. غەزەللىرىدە رەڭ ھەم ھېسسىيات بار. دىۋان تۈزۈپتۇ. مەسنەۋىلىرىمۇ بار. مېۋىلەر توغرىسىدا مۇتەقارىب بەھرى بىلەن بىر مەسنەۋي يېزىپتۇ، قىممىتى يوق، بىكار بىرنەرسە بولۇپتۇ. يەنە خەفىف بەھرىدە يېزىلغان قىسقا بىر مەسنەۋىيسى بار. چوڭراق يەنە بىر مەسنەۋىيسى بولۇپ، ئۇمۇ خەفىف بەھرىدە يېزىلغان. ئۇنى كېيىنكى كۈنلەردە تۈگىتىپتۇ. بۇرۇن مۇزىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەن ھەم بۇ جەھەتتىن ئەلىشىر بەگ تەنە قىلار ئىكەندۇق. بىر يىلى مىرزا مەرۋگە قىشلىغىلى بارغاندا، ئەلىشىر بەگمۇ بىللە كېتىپ، بىنائى ھىرىدا قالغانىكەن. شۇ قىشتا مۇزىكىنى مەشىق قىلىپ، يازغىچە كۆي ئىجاد قىلغۇدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ. يازلىقى مىرزا ھىرىغا (180) كەلگەندە مۇزىكا چېلىپ ناخشا ئوقۇپ بېرىپتۇ. ئەلىشىر بەگ ھەيران قېلىپ، ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. مۇزىكىدا ياخشى كۈيلەر يارىتىپتۇ. بۇلاردىن بىرى «نۇھ رەڭ» ناملىق ناخشىدۇر، توققۇز رەڭنىڭ ئاخىرى ۋە ناخشىنىڭ مۇقامى «راست»تە بولغان. ئەلىشىر بەگكە كۆپ ھۇجۇم قىلار ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن كۆپ جاپالار چەكتى، ئاخىر تۇرالماي، ئىراق ۋە ئازەربەيجانغا — ياقۇپ بەگ قېشىغا باردى. ياقۇپ بەگ قېشىدا ئەھۋالى يامان ئەمەس بولدى، ئۇنىڭ ئۆلپىتى ئىدى. ياقۇپ بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ۋىلايەتلەردە تۇرماي ھىرىغا كەلدى. يەنىلا تەنە ۋە ھۇجۇم قىلىشنى قويمىغانىدى. بىر مىسالى شۇكى، بىر

شاھمات ئۇلتۇرۇشىدا ئەلشىر بەگ پۇتىنى ئۇزاتقانىكەن، بىنائىنىڭ ساغرىسىغا تېگىپ كېتىپتۇ. ئەلشىر بەگ چاقچاق قىلىپ: «بۇ نېمە بالا، ھىرىدا پۇتۇڭنى ئۇزاتساڭلا، چوقۇم بىر شائىرنىڭ ئارقىسىغا تېگىدىغان بولدى» دەپتۇ. بىنائى جاۋابەن: «ئەگەر يىغساڭ، يەنە بىر شائىرنىڭ ئارقىسىغا تېگىدۇ» دەپتۇ. ئاخىر بۇ تەنىلەر سەۋەبى بىلەن يەنە ھىرىدىن سەمەرقەندكە كەتتى. ئەلشىر بەگ نۇرغۇن نەرسىلەر ئىجاد قىلغانىدى ۋە ياخشى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلغانىدى. بىر كىشى ھەرقانداق بىر ئىشتا بىرنەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارسا، ئۇنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن، ئۇنى «ئەلشىرى» دەيتتى. بەزىلەر تەنە قىلىپ ئەلشىر بەگكە باغلايتتى. بىر قېتىم ئەلشىر بەگ قۇلىقى ئاغرىپ قىلىپ قولىقىنى ياغلىق بىلەن باغلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، خوتۇنلارنىڭ كۆك ياغلىقنى قىيسىق باغلىشىغا «نازى ئەلشىرى» دەپ ئات قويدى. شۇ جۈملىدىن، بىنائى ھىرىدىن كېتىدىغان (ب 180) چاغدا ئېشىكىگە غەيرىي بىر خىل ئۈچلۇق تىكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا «ئەلشىرى» نامىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ «ئەلشىر پالانى» (ئەلشىر ئۈچلۇقى) دەپ ئاتالدى.

**سەيفى بۇخارىي** — ئاز-تولا موللىلىقى بار ئىدى. ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ تەپسىلىي تىزىملىكىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ موللىلىقىنى ئىسپاتلايتتى. دىۋان تۈزۈپتۇ. ھەممە كەسىپ ئىگىلىرى توغرۇلۇق تۈزگەن يەنە بىر دىۋانىمۇ بار. مەسەلنى كۆپ يېزىپتۇ. مەسنەۋىيسى يوق. بۇنىڭغا مۇنۇ قىتئەسى گۇۋاھلىق بېرىدۇ:

مەسنەۋى گەرچى سۈننەتى شىئىر ئەست،
مەن غەزەل فەرزى ئەين مىدانەم.

پەنچ بەيتكى دىلپەزىر بۇۋەد،
بەھتەرەز خەمسەتەين مىدانەم.

(ئەگەر مەسنەۋىي شېئىرنىڭ سۈننىتى بولسا، مەن غەزەلنى ئەينى پەرز دەپ بىلمەن. دىلنى مەھلىيا قىلىدىغان بەش بېيت، مېنىڭچە ئىككى خەمسىدىن ئەلا)، ئارۇز توغرىسىدا پارسچە بىر رىسالىسمۇ بار. بۇ رىسالە بىر تەرەپتىن بەك قىسقا، بىر تەرەپتىن بەك ئۇزۇن. قىسقا دېيىشىمنىڭ سەۋەبى زۆرۈر مەزمۇنلار ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىگەن. ئۇزۇن دېيىشىمنىڭ سەۋەبى روشەن، چۈشىنىشلىك سۆزلەرنى چېكىت، قوشۇمچىلىرىغىچە يېزىپ كەتكەن. شارابنى يامان ئىچەر ئىكەن ھەم سەت مەست بولار ئىكەن. مۇشتى ناھايىتى قاتتىق ئىكەنمىش.

**ئابدۇللا مەسنەۋىيگۇي** — جاملىق بولۇپ، موللا (جامى) نىڭ جىيەنى ئىدى. تەخەللۇسى «ھاتىفى» ئىدى. «خەمسە» تەقلىدىدە مەسنەۋىيلەر يېزىپتۇ. «ھەفت پەيكەر» ① تەقلىدىدە يازغان مەسنەۋىيسىگە «ھەفت مەنزەر» (يەتتە سۈرەت) دەپ نام بېرىپتۇ. «ئىسكەندەرنامە» تەقلىدىدە «تېمۇرنامە»نى يېزىپتۇ. مەسنەۋىيلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى «لەيلى ۋە مەجنۇن»دۇر، لېكىن لاتاپىتى شۆھرىتىچە يوق.

**مىر ھۆسەين مۇئەممائى** — ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك مۇئەمما يازمىغان بولسا كېرەك. پۈتۈن ۋاقتىنى مۇئەمما يېزىشقا سەرپ قىلىدىكەن. ئىنتايىن پېقىر، نامرات ۋە زىيانسىز كىشى ئىكەن. (181)

**موللا مۇھەممەد بەدەخشي** — ئىشكەمىشلىقتۇر. ئىشكەمىش بەدەخشان دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ «بەدەخشي» تەخەللۇسنى

① ئىران شائىرى ئەشرەفنىڭ ئەسىرى. ھەفت پەيكەر — يەتتە گۈزەل.

قوللانغانلقى ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش. شېئىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان شائىرلارنىڭكىگە يەتمەيتتى، مۇئەمما ھەققىدە رىسالە يېزىپتۇ. مۇئەمماسىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس. خۇش سۆھبەت ئادەم ئىدى. سەمەرقەندتە ماڭا مۇلازىمەت قىلغانىدى.

**يۇسۇپ بەدىئى** — فەرغانە ۋىلايىتىدىندۇر. قەسىدىنى ياخشى يازاتتى.

**ئاھى** — غەزەلنى ياخشى يازاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىبن ھۆسەيىن مىرزىنىڭ قېشىدا بولغانىدى. دىۋانى بار ئىدى.

**مۇھەممەد سالىھ** — لەتىپ غەزەللىرى بار. لېكىن راۋانلىقى لەتىپلىكىچە يوق. تۈركىي شېئىرلىرىمۇ بار ھەم يامان يازمىغان. كېيىنكى كۈنلەردە شەيبانىخان قېشىغا كېلىپ، خېلى ئېتىبارغا ئېرىشكەنىدى. شەيبانىخان نامىغا تۈركىي مەسنەۋىي يېزىپتۇ. سۇبھە ۋەزنى بولغان رەمەلى مۇسەددەسى مەخبۇن ۋەزنىدە يېزىلىپتۇ. قىلچىمۇ مەززىسى يوق، ئۇنى ئوقۇغان كىشى مۇھەممەد سالىھنىڭ شائىرلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. مۇنداق ياخشى بىر بېيتى بار:

بولدى تەنبەلغە ۋەتەن فەرغانە،
قىلدى فەرغانەنى تەنبەلخانە.

ئەندىجان ۋىلايىتىنى تەنبەلخانە دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇ مەسنەۋىيدە مۇشۇنچىلىك بىر بېيتىنىڭ بارلىقى مەلۇم ئەمەس. قەبىھ، زالىم، رەھىمسىز ئادەم ئىدى.

**شاھ ھۆسەيىن كامىي** — بۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ يامان ئەمەس. غەزەل يازاتتى. بىر دىۋانىمۇ بار بولسا كېرەك.

**ھىلالىي** — ھازىرمۇ بار. غەزەللىرى راۋان، رەڭدار، كەم قۇسۇردۇر. دىۋانى بار. خەفىف بەھرىدە (ب 181) يېزىلغان «شاھ ۋە دەرۋىش» ناملىق بىر مەسنەۋىيسى بار. بەزى

بېيتلىرى ياخشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسنەۋىينىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلۇشى ئىنتايىن كاۋاك ھەم خارابتۇر. بۇرۇنقى شائىرلار ئىشق ۋە ئاشىقلىق توغرىسىدا مەسنەۋي يازغاندا، ئاشىقلىقنى ئەرگە، مەشۇقلۇقنى خوتۇنغا نىسبەت قىلغان. ھىلالى بولسا دەرۋىشنى ئاشىق، پادىشاھنى مەشۇق قىلغان. پادىشاھنىڭ ھەرىكەت-ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن بېيتلاردا شاھنى بىر كوچا خوتۇنى ۋە پاھىشە قىلىپ قويۇپتۇ. ئۆز مەسنەۋىيسىنىڭ تەلپى بىلەن بىر يىگىتنى، يەنە كېلىپ شاھ بولغان يىگىتنى كوچا خوتۇنلىرى ۋە پاھىشلاردەك تەسۋىرلەش بەكمۇ ھاقارەت قىلغانلىقتۇر. ئېسىدە تۇتۇش قابىلىيتى ناھايىتى يۇقىرى ئىمىش، ئوتتۇز-قىرىق مىڭ بېيتنى ياد بىلەرمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خەمسەتەيىن بېيتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يادىدا بارمىش. ئارۇز، قاپىيە ۋە شېئىرىيەت ئىلمىنى بىلەتتى.

**ئەھلىي** — ئاددىي پۇقرا ئىدى. شېئىرلىرى يامان ئەمەس ئىدى. بىر دىۋانىمۇ بار ئىدى.

**خەتتاتلار** كۆپ ئىدى. نەسخ ۋە تەئلىق خەتلىرىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلاردىن بىرى **سۇلتان ئەلى مەشھەدى** ئىدى. مىرزا ئۈچۈن ھەم ئەلىشىر بەگ ئۈچۈن نۇرغۇن كىتاب كۆچۈرۈپ بەردى. ھەر كۈنى مىرزا ئۈچۈن ئوتتۇز بېيت، ئەلىشىر بەگ ئۈچۈن يىگىرمە بېيت كۆچۈرەتتى.

**رەسساملاردىن** بىرى **بەھزاد** ئىدى. رەسساملىق ئىشىنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ قىلاتتى. لېكىن ساقالسىزلارنىڭ يۈزىنى ناچار سىزىپ قوياتتى، ئېڭىكىنى بەك چوڭ قىلىۋېتەتتى. ساقاللىق ئادەمنى ياخشى

سىزاتتى، يۈزىنى كۆركەم چىقىراتتى.

**شاھ مۇزەففەر** — رەسىمنى ناھايىتى تۆجۈپلەپ سىزاتتى (182)، بولۇپمۇ چاچنى بەك نەپىس چىقىراتتى. ئۆمرى ئۇزۇن بولمىدى، تازا ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە ئالەمدىن ئۆتتى.

**نەغمە ئەھلىدىن** قالۇننى **خوجا ئابدۇللاھ مەرۋارىيدەك** چالىدىغان ئادەم يوق ئىدى. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق.

**قۇل مۇھەممەد ئۇدىي** — غىجەكنى بەك ياخشى چالاتتى. ئۇ غىجەككە ئۈچ تار قوشتى. نەغمىچى ۋە سازچىلاردىن ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى پەشرەۋ ئىجاد قىلغان ئەمەس. پەشرەۋدىن باشقا ئاھاڭلىرى ئانچە ياخشى ئەمەس.

**شەيخى نايىي** — ئۇدنى ھەم غىجەكنى ياخشى چالىدىكەن. ئون ئىككى-ئون ئۈچ يېشىدىن بېرى نەينى ياخشى چېلىپ كەلگەنىكەن. بىر قېتىم بەدىئۇززەمان مىرزىنىڭ سۆھبىتىدە نەينى بىر كۈيگە ناھايىتى ياخشى كەلتۈرۈپتۇ. قۇل مۇھەممەد غىجەكنى ئۇ كۈيگە كەلتۈرەلمەپتۇ ۋە: «غىجەك نۇقسانلىق ساز» دەپتۇ. شەيخى دەرھال قۇل مۇھەممەدنىڭ قولىدىن غىجەكنى ئېلىپ ھېلىقى كۈيگە ناھايىتى ياخشى كەلتۈرۈپتۇ. شەيخى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ نەغمىگە شۇ قەدەر پۇختا ئىكەنكى، بىر كۈينى ئاڭلىغان ھامان «بۇ پالانىنىڭ پالان پەدىسى، مۇنداق ئاھاڭ» دەپ بېرەلەيدىكەن. بىراق ئۆزى كۆپ كۈي ئىجاد قىلمىغانىكەن، پەقەت بىر-ئىككىلا ناخشىسى بارلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

**شاھ قۇلى غىجەكىي** — ئىراقلىقتۇر. خۇراسانغا كېلىپ، ساز مەشق

قىلىپ ناھايىتى ئۇستى. نۇرغۇن ناخشا، پەشرەۋ ۋە ئاھاڭلار ئىجاد قىلىپتۇ.

**ھۈسەيىن ئۇدىي** — ئۇدنى زوقى بىلەن چالاتتى ھەم زوقى بىلەن ئېيتاتتى. ئۇدنىڭ تارلىرىنى يەككە قىلىپ چالغان كىشى مۇشۇ ئىدى. ئەيىبى شۇ ئىدىكى، بەك ناز بىلەن چالاتتى. (ب 182) شەيبانىخان بىر قېتىم ئۇنى ساز چېلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ تەكەللۇپ قىلىپ ياخشى چالماپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ سازىنى ئېلىپ كەلمەي، يارىماس بىر سازنى ئېلىپ كەلگەنىكەن، شەيبانىخان تۇيۇپ قېلىپ، شۇ سورۇندىلا گەدىنىگە راسا ئۇرغۇزۇپتۇ. شەيبانىخان ئالەمدە مۇشۇ بىر ئىشنى ياخشى قىلغان، بۇ ھەقىقەتەن يارايدىغان ئىش، مۇنداق نازۇك بەتبەختلەرنى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جازالاش كېرەك.

**مۇزىكا ئىجادچىلىرىدىن** بىرى **غۇلام شادى** بولۇپ، شادى خاندەنىڭ ئوغلى ئىدى. ساز چالىسىمۇ، سازەندىلەر ئىچىدە چالمايتتى. ياخشى كۈيلىرى، يېقىملىق ناخشىلىرى بار ئىدى. ئۇ زاماندا كۈي، ناخشا ئىجاد قىلىشتا ئۇنىڭغا يېتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئاخىرىدا شەيبانىخان ئۇنى قازان خانى مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن خەۋىرى كەلمىدى.

**مىر ئەزۇ** — ساز چالمايتتى. پەقەتلا كۈي ئىجاد قىلاتتى. ئاز ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن زوقلۇق كۈيلىرى بار.

بىنائىمۇ مۇزىكا ئىجادچىسى ئىدى. ياخشى كۈي ۋە ناخشىلىرى بار.

مۇزىكا ئىجادچىلىرىدىن باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان بىرى **پالۋان مۇھەممەد بۇسەئىد** ئىدى. پالۋانلىقتا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. شېئىر يازاتتى. كۈي-ناخشىلارمۇ ئىجاد قىلاتتى. چارگاھتىن ياخشى

بىر ناخشىسى بار. خۇش سۆھبەت ئادەم ئىدى. پالۋانلىق بىلەن مۇنچە خىسلەتلەرنى بىر يەرگە جەم قىلماق ئاجايىپ بىر ئىش.

سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا ئالەمدىن ئۆتكەندە مىرزىلاردىن بەدىئۇززامان مىرزا بىلەن مۇزەففەر ھۆسەيىن مىرزا ھازىر ئىدى. مۇزەففەر ھۆسەيىن مىرزا مىرزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلى بولغىنى، مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ھوقۇقدار بەگ ۋە ئۇنىڭ ئەتكىسى بولغىنى، ئانىسى خەدىچە بېگىم (183) مىرزىنىڭ ئېتىبارلىق خوتۇنى بولغىنى ھەم مىرزا قول ئاستىدىكىلەر مۇزەففەر مىرزىغا مايىل بولغىنى ئۈچۈن، بەدىئۇززامان مىرزا ئەندىشە قىلىپ، كەلمەسلىك خىيالىدا بولدى. مۇزەففەر مىرزا بىلەن مۇھەممەد بەگ ئۆزلىرى ئاتلىنىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلدى. سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنى ھېرىغا ئېلىپ كېلىپ، شاھانە رەسىم-قائىدىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ مەدرىسىگە دەپنە قىلدى. بۇ چاغدا زۇننۇن بەگمۇ ھازىر بولدى. مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس، زۇننۇن بەگ ھەم سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىدىن قالغان ۋە بۇ مىرزىلار بىلەن بىللە بولغان بەگلەر كېڭەش قىلىپ، بەدىئۇززامان مىرزا بىلەن مۇزەففەر ھۆسەيىن مىرزىنى ھېرى تەختىگە شېرىك پادىشاھ قىلدى. بەدىئۇززامان مىرزا ئىشىكىدە ئىختىيارلىق بەگ زۇننۇن بەگ ئىدى. مۇزەففەر ھۆسەيىن مىرزا ئىشىكىدە ئىختىيارلىق بەگ مۇھەممەد بۇرۇندۇق بەگ ئىدى. شەھەر دورغىلىقىغا بەدىئۇززامان مىرزا تەرىپىدىن شەيخ ئەلى تاغايى، مۇزەففەر مىرزا تەرىپىدىن يۈسۈف ئەلى كۆكەلداش قويۇلدى. بۇ ئاجايىپ

بىر ئىش ئىدى. پادىشاھلىقتا شېرىك بولۇش ھەرگىز ئىشتىلگەن ئەمەس. بۇ يەردە شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»دىكى مۇنۇ سۆزىنىڭ ئەكسى بولدى:

دەھ دەرۋىش دەر گىلىمى بىخۇسبەند،
ۋەدۇ پادشاھ دەر ئىقلىمى نەگۇنجەند.

(ئون دەرۋىش بىر پالاستا ئۇخلايدۇ، ۋەھالانكى، ئىككى پادىشاھ بىر ئىقلىمغا سىغمايدۇ)

# توققۇز يۈز ئون ئىككىنچى يىل① ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىدا، ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن (ب 183) خۇراسان سەپىرىگە ئاتلىنىپ، غۇربەند ۋە شىبەرتۇ يولى بىلەن مېڭىپ كەتتۇق. جەھانگىر مىرزا ئۇ ۋىلايەتتىن رەنجىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەيماقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالسا، بەزى بۇزۇق ۋە پىتنىچىلەرنىڭ يەنە غوۋغا چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇلارنى تېزرەك قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ساراي يۈكنى② ۋە ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋەلى خازدىن بىلەن دۆلەت قەدەم قاراۋۇلنى ئۇشتۇر شەھەردە قويۇپ، ئۇ يەردىن يەڭگىل قۇراللار بىلەن تېز يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇ كۈنى زەھھاك قەلئەسىگە كەلدۇق. ئۇ يەردىن كۈنبەزەك ئۆتكىلى بىلەن ئۆتۈپ، سايقاننى بېسىپ، دەندان شىكەن ئۆتكىلىدىن ئېشىپ، كاھمەرد ئوتلىقىغا چۈشتۇق. كابۇلدىن چىققانلىق ئەھۋالىمىزنى سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن سەيىد ئەفزەل خابىن بىلەن سۇلتان مۇھەممەد دولداينى ماڭدۇردۇق. جەھانگىر مىرزا كېيىنرەك قالغانىكەن. باميان ئۇدۇلىغا يەتكەندە، يىگىرمە-ئوتتۇز ئادىمى بىلەن باميان تەرەپكە كېلىۋېتىپ، باميانغا يېقىن قالغاندا، بىزنىڭ كېيىن قالغان ساراي يۈكى چېدىرلىرىنى

① مىلادىيە 1506 — 1507-يىللار ئارىلىقى.

② ساراي يۈكى — ھۆكۈمدار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سەپەر لازىملىقلىرى.

كۆرۈپ، بىزنى شۇ يەردە ئىكەن دەپ ئويلايدۇ-دە، دەرھال قايتىدۇ. ئوردۇغا بېرىپلا، ھېچنېمىگە باقماي كۆچىدۇ ۋە ئارقىمىزدىن قارىماي يەكە ئوتلىقى تەۋەسىگە ماڭىدۇ.

شەيبانىخان بەلخنى مۇھاسىرە قىلغانىدى. بەلختە سۇلتان قۇلىچاق تۇراتتى. شەيبانىخان ئىككى-ئۈچ سۇلتاننى ئۈچ-تۆت مىڭ كىشى بىلەن بەدەخشاننى چاپقۇن قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ مەزگىلدە مۇبارەك شاھ بىلەن زۇبەير كېلىپ ناسىر مىرزىغا قوشۇلغانىدى. (184) گەرچە مۇندىن بۇرۇن ئوتتۇرىدا بەزى ئۇقۇشۇلماسلىق ۋە ئاداۋەتلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇلار كىشمىنىڭ ئايغىدىكى شاخدا ندا كىشم سۇيىنىڭ شەرق تەرىپىگە چېرىكنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۆزبېكلەر تاڭ سەھەردە چاپقۇنغا كېلىپ، كىشم سۇيىدىن ئۆتۈپ ناسىر مىرزىغا قارشى ماڭدى. ناسىر مىرزا دەرھال ئېدىرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى ۋە ئادەملىرىنى توپلاپ، دۇمباق چالدۇرۇپ، ئېدىردىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزبېكلەرگە زەربە بېرىشى بىلەنلا، ئۆزبېكلەرنىڭ سېپى بۇزۇلدى. كىشم سۇيى ئۇلۇغ ئىدى، ئۇلار شۇ سۇدىن ئۆتۈپ كەلگەنىدى، نۇرغۇن ئادىمى ئوق بىلەن، قىلىچ بىلەن ئۆلدى، نۇرغۇن ئادىمى قولغا چۈشتى، سۇدىمۇ نۇرغۇن ئادىمى ئۆلدى. مۇبارەك شاھ بىلەن زۇبەير ناسىر مىرزىدىن بىر ئاز يۇقىرىراق، كىشم تەرىپىدە ئىدى، ئۇلار تەرەپكە ئايرىلغان ئۆزبېكلەر ئۇلارنى ئېدىرغا قاچۇرغانىدى. ناسىر مىرزا دۈشمەننى قاچۇرغاندا، ئۇلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ بىر توپ ئۆزبېكلەرگە ھۇجۇم قىلدى، يۇقىرىدىن كوھىستان بەگلىرىمۇ ئاتلىق-- ياياقلىرىنى يىغىپ ھۇجۇم قىلدى، ئۆزبېكلەر بەرداشلىق بېرەلمەي قاچتى. بۇ بىر قىسىم ئۆزبېكلەردىنمۇ نۇرغۇن كىشى قولغا چۈشتى. بىرمۇنچىسى ئوقتا، قىلىچتا ۋە سۇدا ئۆلدى. بۇ قېتىم مىڭ-مىڭ بەش

يۈز ئۆزبېك ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ناسىر مىرزىنىڭ ياخشى بىر غەلىبىسى ئىدى. بۇ خەۋەرنى بىز كاھمەرد تۈزلىڭىدە تۇرغىنىمىزدا ناسىر مىرزىنىڭ ئادەملىرى بىزگە يەتكۈزدى.

بۇ يەردە تۇرغىنىمىزدا، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز غۇرى ۋە دەھانە تەرەپلىرىگە بېرىپ ئاشلىق ئېلىپ كەلدى. (ب 184) بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمىزدا خۇراسانغا ئەۋەتىلگەن سەيىد ئەفزەل بىلەن سۇلتان مۇھەممەد دۇلدايدىن خەت كەلدى. بۇ سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئىدى. بۇ خاندانىنىڭ نومۇسىنى قارىماي، خۇراسان تەرەپكە يۈرۈشنى داۋام قىلدۇق. ئەلۋەتتە بۇ يۈرۈشتە باشقا غەرەزلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەجەر جىلغىسىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۈپ، تۇپ، مەنداغان ۋە بەلھاب يولى بىلەن چۈشۈپ كۈھى سافقا چىقتۇق. ئۆزبېكلەرنىڭ سان ۋە چەھارىيەكنى چاپقۇن قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ، قاسىم بەگكە چېرىكنى باشلىتىپ چاپقۇنچىلارغا قارشى ماڭدۇردۇق. ئۇلار بېرىپ، چاپقۇنچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن باش كېسىپ كەلدى.

جەھانگىر مىرزىغا ۋە ئەيماقلارغا ئادەم ماڭدۇردۇق. ئۇلاردىن خەۋەر كەلگۈچە، كۈھى يىساۋ يايلىقىدا بىرنەچچە كۈن تۇردۇق. بۇ يەردە كېيىك ناھايىتى-كۆپ. بىر قېتىم ئوۋلىدۇق. بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن پۈتۈن ئەيماقلار كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. جەھانگىر مىرزا ئەيماقلارغا كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتكەنىدى، بىر قېتىم ئىمادەدىن مەسئۇدنىمۇ ئەۋەتتى، ئەيماقلار بارمىدى، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. ئاخىر بىز كۈھى سافتىن دەرەئى بايغا چۈشكەندە، جەھانگىر مىرزا كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. بىز خۇراسان مالىمىنى بىلەن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، مىرزىغا قارىماي،

ئەيماقلارغىمۇ پەرۋا قىلماي، گەرزەۋان، ئەلمار، قەيسار ۋە چىچەكتۇ بىلەن يۈرۈپ، فەخرىددىن ئۆلۈمىدىن① ئۆتۈپ، بادغىس تەۋەسىدىن دەرەئى بام دېگەن يەرگە كەلدۇق. (185) ھەركىم قول ئۇزىتىپ ۋىلايەتتىن ۋە ئاھالىدىن نەرسە ئالىدىغان بۆلۈنمىلىك بىر ئالەم بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزمۇ بىر تەرەپتىن شۇ تەۋەدىكى ئەيماق ۋە تۈركلەرگە سېلىق سېلىپ بىر نەرسىلەر ئېلىشقا كىرىشتۇق. بۇ بىر-ئىككى ئاينىڭ ئىچىدە ئۈچ يۈز تۈمەن كىپەكى② ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

بىزدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، ئۆزبېك چاپقۇنچىلىرىنى خۇراسان چېرىكىنىڭ ئىلغار قىسمى بولغان زۇنۇن بەگنىڭ ئادەملىرى پەندىھ ۋە مەرۋچاقتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، نۇرغۇن ئۆزبېكنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بەدىئۇززەمان مىرزا، مۇزەففەر مىرزا، بۇرۇندۇق مۇھەممەد بارلاس، زۇنۇن ئوغلى شاھ بەگلەر بەلختا سۇلتان قۇلىچاقنى مۇھاسىرە قىلغان شەيبانىخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىپ، سۇلتان ھۆسەين مىرزىنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى چاقىردى ھەم مۇشۇ يۈرۈش ئۈچۈن ھىرىدىن چىقتى. ئۇلار بادغىسقا كەلگەندە، چىھل دۇختەراندا ئەبۇلمۇھسىن مىرزا مەرۋدىن كېلىپ قوشۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىبن ھۆسەين مىرزىمۇ تۇن ۋە قايىندىن كەلدى. كىپەك مىرزا مەشھەدتە ئىدى، بىرقانچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىسمۇ، بولمىغۇر گەپلەر بىلەن نامەردلىك قىلىپ كەلگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ مۇزەففەر مىرزىغا قايىل ئەمەس ئىدى. «ئۇ پادىشاھ بولغاندا، مەن قانداقسىگە ئۇنىڭ قېشىغا بارغۇدەكمەن»

① جاي ئىسمى.

② كىپەكى — بىرخىل مىس پۇل.

دەيدىكەن. ئاغا-ئىنى يىغلىپ، (ب 185) ئىتتىپاق بولۇپ، شەيبانىخاندەك دۈشمەنگە قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە تېتىقسىز بىر غۇرۇرنى پەش قىلىپ كەلمىدى. ئۇ بۇ كەلمەسلىكىنى غۇرۇردىن دېسىمۇ، لېكىن ھەممە ئادەم ئۇنى نامەردلىكتىن دەپ بىلدۇ. ئەگەر غەرەز بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق نەرسىنى قالدۇرۇش بولسا، ئەقلى بار كىشى نېمشقا ئۆزىدىن كېيىن كىشىلەر يامان دەيدىغان شۇنداق بىر ھەرىكەتكە قەدەم قويىدۇ! ئەس-ھوشى بار بىر ئادەم نېمشقا قىلغاندىن كېيىن كىشىلەر ياخشى دەيدىغان ئىشنى قىلىشقا تىرىشمايدۇ؟! ھېكىملەر ئۆز نامىنىڭ زىكىر قىلىنىشىنى ئىككىنچى ئۆمرى ھېسابلارمىش.

ماگىمۇ ئەلچىلەر كەلدى. كېيىن مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ئۆزى كەلدى. مەن نەگە باراتتىم، بىر-ئىككى يۈز يىغاچ يولنى مۇشۇ مەقسەتتە بېسىپ كەلدىمغۇ! مۇھەممەد بەگ بىلەنلا يولغا چىقتىم. ئۇ چاغدا مىرزىلار مۇرغابقا كەلگەنىدى. دۈشەنبە كۈنى — جەمادىيەلئاخىر ① ئېيىنىڭ سەككىزىدە مىرزىلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئەبۇلمۇھسىن مىرزا يېرىم كۇرۇھ يەرگە ئالدىمغا كەلدى، يېقىنلاشقاندا مەن بۇ تەرەپتىن ئاتتىن چۈشتۈم، ئەبۇلمۇھسىن مىرزا ئۇ تەرەپتىن ئاتتىن چۈشتى. مېڭىپ كېلىپ كۆرۈشۈپ، يەنە ئاتقا مىندۇق. بىرئاز ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن، ئوردۇغا يېقىن قالغاندا مۇزەففەر مىرزا بىلەن ئىبنى ھۈسەيىن مىرزا كەلدى. بۇلار ئەبۇلمۇھسىن مىرزىدىن ياشتا كىچىك ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق ئالدىمغا كېلىشى كېرەك ئىدى. ھەر ھالدا بۇ كېچىكىش (186) ۋە بۇ كەمچىلىك تەكەببۇرلۇقتىن ياكى مېنى كەمسىتكەنلىكتىن

① جەمادىيەلئاخىر — قەمەرىيە 6-ئاينىڭ نامى.

ئەمەس، بەلكى مەستلىك ۋە ئەيش-ئىشرەت سەۋەبىدىن بولغان بولسا كېرەك. مۇزەففەر مىرزا تەكەللۇپ قىلدى، ئات ئۈستىدىلا كۆرۈشتۇق، ئىبن ھۆسەين مىرزا بىلەنمۇ شۇ تەرىقىدە كۆرۈشۈلدى. كېلىپ بەدىئۈززەمان مىرزىنىڭ ئىشىكىگە چۈشتۇق. زور بىر توپ ئادەم توپلانغانىدى. بۇ توپ شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، قىستا-قىستاڭدا بەزىلەرنىڭ ئۈچ-تۆت قەدەم يەرگىچە ئايىغى يەرگە تەگمەي قالاتتى. بەزىلەر بىر ئىش ئۈچۈن يانماق بولسا، ئىختىيارسىز تۆت-بەش قەدەم كەينىگە كېتىپ قالاتتى. بەدىئۈززامان مىرزىنىڭ دىۋانخانە ئۆيىگە يەتتۇق. بەلگىلىمە بويىچە، مەن ئۆيگە كىرىپلا يۈكۈنۈشۈم، بەدىئۈززەمان مىرزا ئورنىدىن قوپۇپ يەرگە چۈشۈشى ۋە شۇ يەردە كۆرۈشۈشىمىز كېرەك ئىدى. مەن ئۆيگە كىرىپلا بىر يۈكۈندۈم ۋە توختىمايلا ماڭدىم. بەدىئۈززەمان مىرزا ئاستا قوپۇپ، ئالدىرىماي ماڭدى. قاسىم بەگ مېنىڭ سادىق ئادىمىم بولۇپ، مېنىڭ نومۇسۇمنى ئۆزىنىڭ نومۇسى دەپ بىلەتتى. بەلبېغىمدىن بىر تارتتى، چۈشىنىپ ئاستا ماڭدىم ۋە بەلگىلەنگەن يەردە كۆرۈشتۇق. بۇ زور ئاق ئۆيگە تۆت تۆشەك سېلىنغانىدى. بەدىئۈززەمان مىرزىنىڭ ئاق ئۆيلىرى ئەلۋەتتە يان ئىشىكلىك بولاتتى ۋە مىرزا دائىم بۇ ئىشىكنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. بىر تۆشەك بۇ ئىشىكنىڭ يېنىغا سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بەدىئۈززەمان مىرزا بىلەن (ب 186) مۇزەففەر مىرزا ئولتۇردى. بىر تۆشەك ئوڭ تۆرىگە سېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئەبۇلمۇھسىن مىرزا بىلەن ئىككىمىز ئولتۇردۇق. بەدىئۈززەمان مىرزىنىڭ تۆشكىنىڭ تۆۋىنىگە — سول تەرەپكە بىر تۆشەك سېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆزبېك شەيبان سۇلتانلىرىدىن مىرزىنىڭ كۈيئوغلى ۋە قاسىم ھۆسەين سۇلتاننىڭ

ئاتىسى قاسىم سۇلتان بىلەن ئىبن ھۆسەيىن مىرزا ئۆلتۈردى. ماڭا سالغان تۆشەكتىن تۆۋەن، مېنىڭ ئوڭ تەرىپىمگە بىر تۆشەك سېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا جەھانگىر مىرزا بىلەن ئابدۇرەززاق مىرزا ئولتۇردى. مۇھەممەد بۇرۇندۇق بەگ، زۇنۇن بەگ ۋە قاسىم بەگ ئوڭ ياندا — قاسىم سۇلتان بىلەن ئىبن ھۆسەيىن مىرزىدىن كۆپ تۆۋەندە ئولتۇردى.

ئاش تارتىلدى. سۆھبەت يوق ئىدى. ئاش تارتىلدىغان يەرگە شىرە قويۇلۇپ، ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلارنى شىرە ئۈستىگە تىزدى. بۇرۇنلاردا بىزنىڭ ئاتا-ئاغىلىرىمىز چىڭگىز ئادىتىگە قاتتىق رىئايە قىلاتتى. يىغىلىش دىۋان، توي، زىياپەت، ئولتۇرۇش-قوپۇشلاردا ئادەتكە خىلاپ ئىش قىلمايتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئادەتلىرى ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان قەتئىي بىر قانۇن ئەمەس. لېكىن بىركىمدىن ياخشى بىر قائىدە قالغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك. ئەگەر ئاتا يامان ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ياخشى ئىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك. ئاشتىن كېيىن ئېتىمنى مىنىپ چۈشكەن يېرىمگە قايتىپ كەلدىم. بىزنىڭ ئوردۇ بىلەن (187) مىرزىلارنىڭ ئوزدۇسىنىڭ ئارىلىقى بىر شەرئىي كېلەتتى.

ئىككىنچى نۆۋەت كەلگەندە، بەدىئۇززەمان مىرزا ئاۋۋالقىدەك تەزىم قىلمىدى. مۇھەممەد بۇرۇندۇق بەگ ۋە زۇنۇن بەگ ئارقىلىق سۆزۈمنى ئېيتىپ: «يېشىم كىچىك بولسىمۇ، ئورنۇم يۇقىرى. ئاتا تەختى بولغان سەمەرقەند تەختىنى ئىككى قېتىم جەڭ بىلەن ئېلىپ ئولتۇردۇم. بۇ خاندان ئۈچۈن يات دۈشمەنگە قارشى كىم مەنچىلىك جەڭ قىلىپتۇ. ماڭا تېگىشلىك تەزىمنىڭ بېجىرىلمەسلىكى مۇۋاپىق ئەمەس» دېدىم. مېنىڭ بۇ ھەققانىي سۆزۈم يەتكۈزۈلگەندىن

كېيىن، ئېتراپ قىلىپ، چىن دىلىدىن تەزىم قىلىدىغان بولدى.

يەنە بىر قېتىم بەدىئۈززەمان مىرزا قېشىغا بارغاندا، ناماز پېشىندىن كېيىن شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. مەن ئۇ چاغلاردا شاراب ئىچمەيتتىم. ھەممە تىلىك ئولتۇرۇش ئىدى. داستىخانلارغا ھەر خىل يېمەكلىكلەر قويۇلغانىدى. توخۇ كاۋىپى. غاز كاۋىپى ۋە خىلمۇخىل تائاملار تارتىلدى. بەدىئۈززەمان مىرزىنىڭ ئولتۇرۇشىنى بەك تەرىپلىشەتتى، ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ۋە راھەت ئولتۇرۇش بولدى. مۇرغاب ياقىسىدا تۇرغاندا، ئىككى-ئۈچ قېتىم مىرزىنىڭ شاراب ئولتۇرۇشىدا بولدۇم. ئىچمەيدىغانلىقىمنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، مېنى شارابقا تەكلىپ قىلىشمىدى. مۇزەففەر مىرزىنىڭ ئولتۇرۇشىغىمۇ بىر قېتىم باردىم. ھۈسەيىن ئەلى جەلايىر بىلەن مىر بەدىر مۇزەففەر مىرزىنىڭ قېشىدا بولۇپ (ب 187)، شۇ ئولتۇرۇشتا بار ئىدى. ئولتۇرۇش قىزىغان چاغدا، مىربەدىر ئۇسسۇل ئوينىدى، ياخشى ئوينىدى. ئۇ ئۇسسۇل ئۇنىڭ ئىجادى بولسا كېرەك.

مىرزىلار ھىرىدىن چىقىپ، ئىتتىپاق بولۇپ يىغىلىپ مۇرغابقا كەلگۈچە ئۈچ-تۆت ئاي ۋاقىت ئۆتتى. سۇلتان قۇلچاق قىينىلىپ كېتىپ بەلخ قەلئەسىنى ئۆزبېكلەرگە بەردى. ئۆزبېكلەر بەلخنى ئالغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ، سەمەرقەندكە قاراپ ماڭدى. بۇ مىرزىلار سۆھبەت-ئولتۇرۇشلاردا ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىدا چاققان بولسىمۇ، لېكىن سىپاھىيلىقتىكى ھىيلە-رەڭلەردىن ۋە جاسارەت بىلەن قىلىنىدىغان جەڭلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. مۇرغابتا تۇرغان ۋاقتىمىزدا ھەقنەزەر چىپانىنىڭ تۆت-بەش يۈز ئادەم بىلەن كېلىپ چىچەكتۇ تەۋەسىنى چاپقۇن قىلغانلىق خەۋىرى كەلدى. ھەممە مىرزىلار ھازىر بولۇپ تۇرۇپ، ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ چاپقۇنچىلارغا

قارشى ئىلغار ئەۋەتەلمىدى. مۇرغاب بىلەن چىچەكتۇ ئارىلىقى ئون يىغاچ يول ئىدى، مەن بېرىشنى تەلەپ قىلساممۇ، نومۇس قىلىپ رۇخسەت بەرمىدى.

شەباقخان قايتقانلىقى ۋە يىلمۇ خېلى ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قىشتا مىرزىلارنىڭ ھەرقايىسسى مۇناسىپ بىر جايدا قىشلاپ، ئەتىياز كېلىشكە بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىش قارار قىلىندى. مېنىمۇ خۇراسان تەۋەسىدە قىشلاشقا تەكلىپ قىلدى. كابۇل بىلەن غەزنى دۈشمەنلىك كۆپ ھەم مالىمانچىلىق ئېچىدىكى يەرلەر بولغانلىقى، تۈرك ۋە موغۇل، ئەيماق ۋە ئاخشام، ئافغان ۋە ھەشارەلەردىن خىلمۇخىل خەلق ۋە قەبىلىلەر (188) ئۇ يەرگە توپلانغانلىقى، ئاندىن خۇراسان بىلەن كابۇل ئارىلىقى ئەڭ قىسقا بولغان تاغ يولى بىلەن مېڭىلسا، قار ۋە مۇزلارنىڭ توسالغۇسى بولمىغان ئەھۋالدا بىر ئايلىقچە، ئەگەر تۈز بىلەن مېڭىلسا، قىرىق-ئەللىك كۈنلۈك يول بولغانلىقى، ۋىلايەتمۇ تېخى ياخشى كۆڭۈل باغلاپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، تەرەپدارلىرىمدىن ھېچكىم بۇ يەردە قىشلىشىمىزنى ماقۇل كۆرمىدى. مىرزىلارغا ئۆزرە ئېيتتۇق، قوبۇل قىلمىدى. تېخىمۇ كۈچەپ تەكلىپ قىلدى، بىز قانچە ئۆزرە ئېيتقانسېرى، ئۇلار شۇنچە كۈچەپ تەكلىپ قىلغىلى تۇردى. ئاخىرىدا بەدىئۇززەمان مىرزا، ئەبۇلمۇھسىن مىرزا ۋە مۇزەففەر مىرزا ئاتلىق مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ قىشچە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مىرزىلارنىڭ يۈزىنى قىلىپ ياق دېيەلمىدۇق. پادىشاھلارنىڭ شەخسەن ئۆزلىرى كېلىپ تەكلىپ قىلىۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن يەر يۈزىدە تەڭدىشى بولمىغان ۋە سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا زامانىدا مىرزىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن گۈزەللىكى ئون ھەسسە، ھەتتا يىگىرمە ھەسسە

ئاشقان ھىرىنى كۆرۈش ئارزۇيىمىزمۇ كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا تۇرۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدۇق. ئەبۇلمۇھسىن مىرزا ئۆز ۋىلايىتى مەرۋىگە كەتتى. ئىبن ھۆسەيىن مىرزىمۇ تۇن ۋە قايىنغا كەتتى. بەدىئۇززەمان مىرزا بىلەن مۇزەففەر مىرزا ھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئىككى ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەنمۇ چىھل دۇختەران ۋە تاش رەبات يولى بىلەن ھىرىگە قاراپ ماڭدىم.

ھەممە بېگىملەر – پايەندە سۇلتان بېگىم، مېنىڭ ھامام خەدىچە بېگىم، ئاپاق بېگىم، سولتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ قىزلىرى – ھاما بېگىملەر ھەممىسى سۇلتان ھۆسەيىن مىرزىنىڭ مەدرىسىگە يىغىلدى. بارلىق بەگلەر (ب 188) مىرزىنىڭ مەقبەرىسىدە ئىدى. بېرىپ كۆرۈشتۈم. ئاۋۋال پايەندە سۇلتان بېگىم بىلەن يۈكۈنۈپ كۆرۈشتۈم، ئاندىن كېيىن ئاپاق بېگىم بىلەن يۈكۈنمەي كۆرۈشتۈم، ئاندىن كېيىن خەدىچە بېگىم بىلەن يۈكۈنۈپ كۆرۈشتۈم. بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ، قارىيلار قۇرئان ئوقۇغاندىن كېيىن، خەدىچە بېگىمنىڭ ئۆيى تىكىلگەن جەنۇبىي مەدرىسكە باردۇق. خەدىچە بېگىم تەرىپىدىن ئاش تارتىلدى. ئاشتىن كېيىن پايەندە سۇلتان بېگىمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ كېچىسى شۇ يەردە بولدۇم. ئالدىدا ماڭا باغى نەۋدىن ئورۇن تەييارلىغانىكەن، ئەتىسى كېلىپ باغى نەۋگە چۈشتۈم. ئۇ يەردە بىر كېچە بولدۇم. كېيىن ئۇ يەرنى مۇناسىپ كۆرمەي ئەلىشىر بەگنىڭ ئۆيىنى تايىن قىلدى، ھىرىدىن كەتكىچە ئەلىشىر بەگنىڭ ئۆيلىرىدە تۇردۇم. ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر باغى جەھانئاراغا بېرىپ، بەدىئۇززەمان مىرزىغا كۆرۈنۈش قىلاتتىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مۇزەففەر مىرزا ئۆيىگە چىللىدى. مۇزەففەر مىرزا باغى سەفىدتە ئولتۇراتتى. خەدىچە بېگىم شۇ

يەردە ئىدى. جەھانگىر مىرزا مېنىڭ بىلەن بىللە باردى. خەدىچە بېگىمنىڭ قېشىدا ئاش-تائام تارتىلغاندىن كېيىن، مۇزەففەر مىرزا بىزنى بابۇر مىرزا سالدۇرغان تەرەبخانە ناملىق ئىمارەتكە ئېلىپ باردى. تەرەبخانىدا شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. تەرەبخانە باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنىپتۇ. ئىككى قەۋەتلىك كىچىكرەك، لېكىن ناھايىتى يېقىملىق ئىمارەت ئىكەن. يۇقىرىقى قەۋەتكە كۆپرەك ھەشەمەت قىلىنىپتۇ. تۆت بۇرجىسىغا تۆت ھۇجرا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تۆت ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئارىلىرى پۈتۈنلەي بىر ئۆي دائىرىسىدە ئىكەن. بۇ تۆت ھۇجرىنىڭ ئارىلىقلىرىغا تۆت تەخت (189) شەكىللىك سۇپا ياسىلىپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ھەر تەرىپى رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن. بۇ ئىمارەتنى بابۇر مىرزا سالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رەسىملەرنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا بۇيرۇتۇپ سىزدۇرغانىكەن. مەيدان جەڭلىرى تەسۋىرلىنىپتۇ. شىمال تەرەپتىكى سۇپىغا بىر-بىرىگە روبىرو ئىككى تۆشەك سالدى. تۆشەكلەرنىڭ يان تەرىپى شىمالغا توغرىلانغانىدى. بىر تۆشەكتە مۇزەففەر مىرزا بىلەن ئىككىمىز ئولتۇردۇق. يەنە بىر تۆشەكتە سۇلتان مەسئۇد مىرزا بىلەن جەھانگىر مىرزا ئولتۇردى. مۇزەففەر مىرزىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغىنىمىز ئۈچۈن، مۇزەففەر مىرزا مېنى ئۆزىدىن يۇقىرى ئولتۇرغۇزدى. ساقىيلار ئىشرەت جاملىرىنى تولدۇرۇپ، سورۇندىكىلەرگە تۇتۇشقا باشلىدى. سورۇندىكىلەرمۇ بۇ ساپ شارابلارنى خۇددى ئېقىن سۇغا ئوخشاش سۈمۈرۈشكە باشلىدى. ئولتۇرۇش قىزىدى، شارابلار باشقا چىقتى. كىشىلەر ماڭىمۇ ئىچۈرۈپ، مېنىمۇ بۇ دائىرىگە كىرگۈزۈش خىيالىدا بولدى. مەن بۇچاغقىچە مەست بولغۇدەك شاراب ئىچىپ باقمىغانىدىم. مەستلىك، كەيپلىك ھالىتىنى زادىلا

بلمەيتتم. لېكن شاراب ئچشكە مەيلم بار ئدى، بۇ ۋادىنى كېزىپ بېقشنى كۆڭلۈم خالايتتى. كچكمدە شارابقا مەيلم يوق ئدى، كەيپلك هالتنى بلمەيتتم، ئاتام بەزىدە شارابقا تەكلپ قلسمۇ، ئۆزرە ئېيتىپ (ب 189) ئچمەيتتم. ئاتامدىن كېيىن خوجا قازىنىڭ مۇبارەك تەسرىدە زاهىد ۋە تەقۋا ئدىم. شاراب ئچىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، شۈبهلك تائاملاردىنمۇ ساقلناتتىم. كېيىن يگتلك هەۋسى ۋە نەپس تەقەززاسى بلەن شارابقا مەيلم تارتتى، لېكن تەكلپ قلدىغان ئادەم يوق ئدى، بەلكى شارابقا مەيلم بارلقنى بلدىغان ئادەم يوق ئدى. قلىپ باقمىغان مۇنداق ئشنى ئۆزلۈكمدىن قلشم مۇشكۈل ئدى. مەن: «شۇنچە تەكلپ بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستگە، پۈتۈن ئەيش-ئشرەت ئەسۋابى مۇكەممەل ۋە تەييار تۇرغان، هەممە تەكەللۇپ ۋە راهەت ۋاستلرى تەل بولغان هىرىدەك كاتتا شەهەرگە كېلپتمز، ئەمدى ئچمسەم قاچان ئچمەن» دەپ ئويلدىم-دە، ئچمەكچى بولدۇم ۋە بۇ ۋادىنى كېزىش قارارىغا كەلدىم. لېكن يەنە: «بەدىئۇززەمان مىرزا ئاغا بولىدۇ، ئۇنىڭ قولىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە ئچمەي، ئنسنىڭ قولىدىن ۋە ئنسنىڭ ئۆيىدە ئچسەم نېمىدەپ قالار» دەپ ئويلدىم-دە، بۇ ئەندىشەمنى ئېيتتىم. هەممەيلەن بۇ ئۆزرەمنى ماقۇل تېپىپ، بۇ ئۇلتۇرۇشتا شارابقا تەكلپ قلمىدى. قارار بويىچە، بەدىئۇززەمان مىرزا بلەن مۇزەففەر مىرزا بىر يەردە بولغاندا، هەر ئككى مىرزىنىڭ تەكلپى بلەن ئچمەكچى بولدۇم.

ئۇلتۇرۇشتا، نەغمىچلەردىن (190) هافىزهاجى بلەن جەلالىددىن مەهمۇد نايى بار ئدى. غۇلام شادىنىڭ ئنسى شادى بەچە

چاك چالاتتى. هافىزهاجى ناخشىنى ياخشى ئېيتاتتى. ھىرىلىقلار ناخشىنى پەس، نازۇك ھەم تۆز ئېيتاتتى. جەھانگىر مىرزىنىڭ مىرجان ئاتلىق بىر ناخشىچىسى بار ئىدى، سەمەرقەندلىك ئىدى. ناخشىنى ئۈنلۈك، قاتتىق ھەم يېقىمسىز ئوقۇيتتى. جەھانگىر مىرزا كەيپلىكتە ئۇنى ناخشا ئېيتىشقا بۇيرۇغانىدى، راسا ۋارقىراپ بىمەززە ئېيتىشقا باشلىدى. لاتاپەتتىن خالايدىغان خۇراسانلىقلارنىڭ بەزىلىرى قۇلىقىنى ئېتىۋالسا، بەزىلىرى چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈردى. لېكىن مىرزىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ھېچكىم چەكلىمىدى. شامدىن كېيىن تەرەبخانىدىن مۇزەففەر مىرزا سالدۇرغان يېڭى قىشلىق ئۆيگە كەلدۇق. شۇ ئۆيگە كەلگەندە ئېغىر كەيپ بولغان يۈسۈف ئەلى كۆكەلداش قوپۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى، ئۇسسۇلغا ئۇستا ئىدى، ياخشى ئوينىدى. بۇ ئۆيگە كەلگەندە سۆھبەت ناھايىتى قىزىدى. مۇزەففەر مىرزا ماڭا بىر كەمەرلىك شەمشەر، بىر كۆرپە جۇۋا ۋە بىر بوز نەسىللىك ئات بەردى. بۇ ئۆيگە كەلگەندە جانەك قوشاق ئېيتتى. مۇزەففەر مىرزىنىڭ كەتتە ماھ ۋە كىچىك ماھ ئاتلىق قىزىقچىلىرى بار ئىدى، مەستلىكتە بىردەم مەززىسىز مەسخىرىۋازلىقلارنى قىلدى. كەچكىچە قىزىق سۆھبەت بولدى. ئولتۇرۇش تارقىغاندىن كېيىن، مەن مۇشۇ ئۆيدىلا قوندۇم.

ماڭا شاراب ئىچۈرمەكچى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان قاسىم بەگ دەرھال زۇنۇن بەگكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. زۇنۇن بەگ مىرزىلارغا نەسىھەت تەرىقىسىدە قاتتىق-قاتتىق گەپ قىلىپ، ماڭا شاراب تەكلىپ قىلىشنى پۈتۈنلەي چەكلەپتۇ. (ب 190)

بەدىئۇززەمان مىرزا مۇزەففەر مىرزىنىڭ مېھماندارچىلىقىنى ئاڭلاپ، باغى جەھانئارادىكى مۇقەۋۋىخانىدا ئولتۇرۇش قىلىپ مېنى چاقىردى،

بىزنىڭ بەزى ئىچكىلەر بىلەن يىگىتلەرنىمۇ چاقىردى. مېنىڭ يېقىنىمدىكىلەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئىچەلمەيتتى. ئىچسىمۇ بىر ئاي-قىرىق كۈندە بىر قېتىم ئىشكىلەرنى تاقاپ، مىڭ ۋەھىمە بىلەن ئىچەتتى. مانا مۇشۇنداق كىشىلەرنى چاقىرغانىدى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپمۇ گاھى ماڭا كۆرسەتمەي، گاھى قوللىرىنى دالدا قىلىپ، كۆپ تەشۋىشلەر بىلەن ئىچەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئولتۇرۇش ئاتا-ئاغىمىزدەك ئادەمنىڭ ئولتۇرۇشى بولغىنى ئۈچۈن، مەن بۇ ئولتۇرۇشتىكىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك رۇخسەت قىلغان تەرزدە ئىدىم. مۇبەللهلەرنى كەلتۈرۈشتى چاچلىرىنىڭ تەبىئىي ياكى سۈنئىيلىكىنى بىلمىدىم، زەر يىپىنى① چاچلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئوخشاش ئىنچىكە كېسىپ، چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا قويۇۋاپتۇ. چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن. بۇ ئولتۇرۇشتا مېنىڭ ئالدىمغا غاز كاۋىپى قويدى. مەن مۇنداق قۇشلارنىڭ گۆشىنى پارچىلاپ توغراشنى بىلمەيتتىم، شۇڭا قول ئۇزاتمىدىم. بەدىئۇززەمان مىرزا: «نېمىشقا ئالمايسىز» دېدى. مەن: «توغراشقا ئاجىزلىق قىلمەن» دېدىم. بەدىئۇززەمان مىرزا دەرھال ئالدىمدىكى غازنى پارچىلاپ، توغراپ* ئالدىمدا قويدى. مۇنداق (191) ئىشلاردا بەدىئۇززەمان مىرزا تەڭداشسىز ئىدى. سۆھبەت ئاخىرىدا بەدىئۇززەمان مىرزا ماڭا بىر كەمەرلىك خەنجەر، بىر جۇۋا، بىر نەسىللىك ئات بەردى.

ھىرىدا تۇرغان يىگىرمە كۈن ئىچىدە، ھەر كۈنى ئاتلىق يۈرۈپ، كۆرمىگەن يەرلەرنى سەيلە قىلدىم. بۇ سەيلىلەردە يۇسۇف ئەلى كۆكەلداش بىللە بولدى. يۇسۇف ئەلى كۆكەلداش ھەر بىر سەيلىگاھقا چۈشكەندە بىر خىل تاماق تارتاتتى. بۇ يىگىرمە كۈن ئىچىدە مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن يالغۇز ھۆسەيىن مىرزا خانىقاسىدىن

① زەر يىپ — ئالتۇن رەڭلىك پارقىراق نەرسە.

باشقا كۆرمىگەن يېرىم قالمىدى دېيىشكە بولىدۇ. گازۇرگاھ، ئەلىشىر بەگنىڭ باغچىسى، جەۋاز كاغەز، تەختى ئاستانە، پۇلىگاھ، كەھدىستان، باغى نەزەرگاھ، نىمەتاباد، گازۇرگاھنىڭ خىيابانى، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھەزىرەسى، تەختى سەفەر، تەختى نەۋائى، تەختى بەرگەر، تەختى ھاجى بەگ، شەيخ بەھائىددىن ئۆمەر، شەيخ زەيىنددىن ۋە مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامىنىڭ مازار ۋە مەقبەرىلىرى، نامازگاھى مۇختار، ھەۋزى ماھىيان، ساقى سەلمان، ئەسلى ئەبۇلۋەلىد بولغان بەللۇرى، ئىمام فەخرە باغى خىيابان، مىرزىنىڭ مەدرىسلىرى ۋە مەقبەرىلىرى، گۆھەر شاد بېگىمنىڭ مەدرىسى، مەقبەرىسى ۋە مەسجىت جامئى، باغى زاغان، باغى نەۋ، باغى زۇبەيدە، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا سالدۇرغان ئىراق دەرۋازىسىنىڭ تېشىدىكى ئاق ساراي (ب 191)، پۇران، سۇففەئى تەرەندازان، چەرغالاك، ئەمىر ۋاھىد، پۇلى مالان، خوجا تاق، باغى سەفىد، تەرەبخانە، باغى جەھانئارا، كۆشك، مۇقەۋۋىخانە، سۇسەنخانە، دۇۋازدەھ بۇرج، جەھانئارانىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چوڭ كۆلچەك ۋە تۆت تەرىپىدىكى تۆت ئىمارەت، قەلئەنىڭ دەرۋازەئى مەلىك، دەرۋازەئى ئىراق، دەرۋازەئى فىرۇزاباد، دەرۋازەئى خۇش ۋە دەرۋازەئى قىپچاقتىن ئىبارەت بەش دەرۋازىسى، مەلىك بازىرى، چارسۇ، شەيخۇلئىسلامنىڭ مەدرىسى، مەلىكلەرنىڭ مەسجىت جامئى، باغى شەھەر، بەدىئۇززەمان مىرزىنىڭ جۇيى ئەنجىل ياقىسىدىكى مەدرىسى، ئەلىشىر بەگنىڭ ئۇنسىيە نامىلىق ئۆيلىرى، مەقبەرىسى، قۇدسىيە نامىلىق مەسجىدى جامئى، خەلاسىيە ۋە ئىخلاسىيە نامىلىق مەدرىسى ۋە خانىقاسى، سەفائىيە ۋە شىفائىيە نامىلىق ھاممام ۋە شىپاخانىسى— ھەممىسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئارىلاپ چىقتىم.

سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قىزى مەئسۇمە سۇلتان بېگىمنى ئانىسى ھەبىبە سۇلتان بېگىم بۇ ئۆزگىرىشلەردىن سەل بۇرۇنراق ئۆزى بىلەن بىللە خۇراسانغا ئېلىپ كەلگەنىكەن. بىر كۈنى مەن ئاكەمنى كۆرگىلى بارغاندا، ئانىسى بىلەن بىللە مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنى كۆرۈپلا مەيلىم چۈشۈپ قالدى. مەخپىي ھالدا كىشى ئەۋەتىپ، ئاكەم ۋە يەڭگەم بىلەن — پايەندە سۇلتان بېگىمنى (192) «ئاكە»، ھەبىبە سۇلتان بېگىمنى «يەڭگە» دەيتتىم — سۆزلىشىپ توختاشتۇق. يەڭگەم مېنىڭ كەينىمدىن قىزىنى ئېلىپ كابۇلغا كېلىدىغان بولدى.

مۇھەممەد بۇرۇندۇق بەگ بىلەن زۇنۇن بەگ بىزنى ھەدەپ قىشلاشقا سايە قىلاتتى، لېكىن قىشلايدىغان يەرنى بەلگىلەپ بەرمەيتتى ھەم قىشلاش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەرمەيتتى. قىش كەلدى. ئارىلىقتىكى تاغلارغا قار ياغدى. كابۇل تەرەپتىن كۆپرەك ئەندىشە قىلاتتۇق. بۇلار بولسا، قىشلايدىغان يەرنى تېخىچىلا ھەل قىلمىغانىدى. ئاخىر قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. سەۋەبىنى ئوچۇق ئېيتمايلا، قىشلاش باھانىسى بىلەن شەبان ئېيىنىڭ يەتتىسى ھىرىدىن چىقىپ، بادغىس تەۋەسىدە ۋىلايەتلەرگە سېلىق يىغىش ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن بارغانلار كېلىپ قوشۇلسۇن دەپ ھەر يەردە بىر كۈن، ئىككى كۈندىن توختاپ ماڭدۇق. شۇنداق ئاستا ماڭدۇقكى، لەنگەرى مىرغىياستىن ئىككى-ئۈچ مەنزىل ئۆتۈشمىزگە رامىزان ئېيى كۆرۈندى.

ۋىلايەتلەرگە ئىش بىلەن بارغان يىگىتلەردىن بەزىلىرى كېلىپ قوشۇلدى؛ بەزىلەر يىگىرمە كۈن-بىر ئايدىن كېيىن كابۇلغا كەلدى؛ بەزىلەر شۇ يەردە قېلىپ، مىرزىلارغا نۆكەر بولدى.

بۇلاردىن بىرى سەيدىم ئەلى دەربان ئىدى. ئۇ شۇ يەردە قىلىپ بەدىئۇززەمان مىرزىغا نۆكەر بولدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ نۆكەرلىرىدىن ھېچقايسىسىغا ئۇنىڭچىلىك ئېتىبار بەرمىگەنىدىم. جەھانگىر مىرزا غەزنىنى تاشلاپ چىققاندا، غەزنى سەيدىمگە بېرىلگەنىدى. ئۆزىنىڭ قېيىن ئىنىسى دوست (ب 192) ئەغۇ شەيخنى غەزنىدە قويۇپ، ئۆزى چېرىك بىلەن كەلگەنىدى. دەرۋەقە، خۇسرەۋ شاھنىڭ نۆكەرلىرى ئارىسىدا بۇ ئىككىسىدىن يەنى سەيدىم ئەلى دەربان بىلەن مۇھىب ئەلى قۇرچىدىن ياخشى ئادەم يوق ئىدى. سەيدىم ئەخلاق ۋە يۈرۈش-تۇرۇشى ياخشى ئادەم ئىدى، قىلىچۋازلىقتا ماھىر ئىدى. ئۆيىدىمۇ ئولتۇرۇش ۋە سۆھبەت ئۈزۈلمەيتتى، ناھايىتى مەرد ئىدى. ئىشلىرى ئىنتايىن رەتلىك، سەرەمجان ئىدى. ئىنتايىن سىپايە، سۆز-مۇئامىلىسى سىلىق، خۇش خۇلۇق، سۆزمەن ۋە چاقچاقچى ئادەم ئىدى. ئەيىبى شۇكى، پاسىق ۋە پوخۇر ئىدى، مەزھىبى توغرا ئەمەسمىش. بىر ئاز مۇناپىق تەبىئەت ئادەم ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ ساختىلىقىنى چاقچاق دېيىشەتتى. لېكىن ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. بەدىئۇززەمان مىرزا ھىرىنى شەيباققا تارتتۇرۇپ قويۇپ، شاھ بەگنىڭ قېشىغا كەلگەندە، مىرزا بىلەن شاھ بەگ ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك سۆزلىرىنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، مىرزا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، شىرمەند سۇيىگە تاشلىتىپتۇ. مۇھىب ئەلىنىڭ ھېكايىسى بۇ ۋەقەنىڭ ئاخىرىدا كەلگۈسىدۇر.

لەنگەرى مىرغىياستىن چىقىپ، غەرجىستاننىڭ ياقا يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ، چەھچەرانغا كەلدۇق. لەنگەردىن ئۆتۈپ غەرجىستانغا كەلگىنىمىزدە ھەممە يەرنى قار باسقانىدى، ئىلگىرىلىگەنسېرى قار قېلىنلىشاتتى. چەخچەران زۇنۇن بەگكە تەۋە ئىدى. ئۇ يەردە

ئۇنىڭ مىرەك جان ئېردى ئاتلىق نۆكىرى تۇراتتى. زۇنۇن بەگنىڭ ئاشلىقلىرىنى تامامەن ھەق بېرىپ سېتىۋالدۇق. چەخچەراندىن ئىككى-ئۈچ مەنزىل ئۆتكەندىن كېيىن قار ئىنتايىن قېلىنلىشىپ كەتتى، قار ئۆزەڭگىدىن ئېشىپ كېلەتتى (193)، بىرمۇنچە يەرلەردە ئاتنىڭ پۇتى يەرگە تەگمەي قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قار داۋاملىق ياغماقتا ئىدى. چەراغداندىن ئۆتكەندىن كېيىن قارنىڭ قېلىنلىقىدا يولنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. لەنگەرى مىرغىياس تەۋەسىدە ۋاقتىمىزدا كابۇلغا قايسى يول بىلەن كېتىشنى كېڭەشكەندۇق. مەن ۋە كۆپچىلىك بەگلەر بىردەك: «قىش ۋاقتى، تاغ يولىدا خەتەر كۆپ. قەندەھار يولى بىرئاز يىراق بولسىمۇ، خەتەرسىز كەتكىلى بولىدۇ» دېدۇق. لېكىن قاسىم بەگ: «ئۇ يول يىراق، مۇشۇ يول بىلەن ماڭايلى» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن بۇ يولدا ماڭغانىدۇق. پەشائىلەردىن سۇلتان ئاتلىق بىرى يول باشلىغۇچى ئىدى. ئۇ قېرىلىقىدىنمۇ، ھودۇققانلىقىدىنمۇ ياكى قار قېلىن بولغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ يولنى يوقىتىپ قويۇپ باشلىيالماي قالدى. بۇ يولغا قاسىم بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كىرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، قاسىم بەگ نومۇسقا چىدىماي ئۆزى ۋە ئوغۇللىرى بىرلىكتە قارنى يېرىپ يول تېپىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بىر كۈن قار بەك قېلىنلىشىپ كەتتى. يولمۇ تونۇغۇسىز ئىدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ماڭالمىدۇق. ئامالسىز كەينىمىزگە قايتىپ بىر ئوتۇنلۇق يەرگە چۈشتۇق. يەتمىش-سەكسەن ئوبدان يىگىتنى كەلگەن ئىزىمىز بىلەن يېنىپ بېرىپ، جىلغىنىڭ ئايىغىدا قىشلىغان ھەزارەلەردىن يول باشلىغۇچى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق. ئۇلار كەلگۈچە بۇ يەردە ئۈچ-تۆت كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بارغانلارمۇ

ياخشى يول باشلىغۇچى تېپىپ كېلەلمىدى. (ب 193) تەۋەككۇل قىلىپ، سۇلتان پىشائىنى ئالدىمىزغا سېلىپ، يول تاپالماي قايتىپ كەلگەن يولغا چۈشۈپ ماڭدۇق. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شۇنچە كۆپ تەشۋىش ۋە مۇشەققەتلەرنى چەكتۇقكى، ئۆمرۈمدە مۇنداق مۇشەققەتنى ناھايىتى ئاز كۆرگەنىدىم. مۇنۇ باشلانما بېيىتنى شۇ چاغدا ئېيتقانىدىم:

چەرخنىڭ مېن كۆرمەگەن جەۋرۇ جەفاسى قالدىمۇ،
خەستە كۆڭلۈم چەكمەگەن دەردۇ بەلاسى قالدىمۇ.

(بۇ دۇنيانىڭ مەن كۆرمىگەن جەبىر-جاپاسى قالدىمۇ؟ يارا كۆڭلۈم چەكمىگەن دەرد ۋە بالاسى قالدىمۇ؟)

بىر ھەپتىگە يېقىن قار يېرىپ ماڭدۇق. بىر كۈندە بىر ياكى بىر يېرىم شەرئىدىن ئارتۇق ماڭالمايتتۇق. قار يارىدىغانلاردىن بىرى مەن ئىدىم. ئون-ئون بەش ئىچكىي بىلەن قاسىم بەگ ياراتتى، قاسىم بەگنىڭ ئىككى ئوغلى — تەڭرى بەردى بىلەن قەنبەر ئەلى ۋە يەنە بىرنەچچە نۆكىرىمۇ بار ئىدى. مۇشۇ ئېيتىلغانلار ياياق يۈرۈپ قار يارار ئىدۇق. بىر ئادەم سەككىز-ئون قارى ئىلگىرى مېڭىپ قار ياراتتى، قەدەم باسقاندا قار ئادەمنىڭ بېلىگە، كۆكسىگە كېلەتتى. بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئالدىدىكى ئادەمنىڭ ھالى قالماي تۇرۇپ قالاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىكى ئادەم ئالدىغا ئۆتەتتى. بۇ ئون-يىگىرمە ئادەم ياياق مېڭىپ، قارنى يارغاندىن كېيىن، ئۇ يولدا بىر يۈكسىز ئاتنى يېتىلەپ مېڭىشقا بولاتتى. بۇ ئات ئۈزەڭگىچە، قاپتىلىغىچە قارغا پېتىپ ماڭاتتى، ئون-ئون بەش قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، بۇ بوش ئاتمۇ ھالسىزلىشاتتى. ئاندىن بۇ ئاتنى ياقىغا تارتىپ، يەنە بىر يۈكسىز

ئاتنى يېتىلەيتتى. مۇشۇ يوسۇندا بىز ئون-يىگىرمە (194) كىشىلا قار ياراتتۇق، پەقەت مۇشۇ ئون-يىگىرمە ئادەمنىڭ ئاتلىرىلا ئالدىغا يېتىلىنەتتى. باشقا ھەممە ئوبدان-ئوبدان يىگىتلەر ۋە بەگ ئاتالغانلار ئاتلىرىدىنمۇ چۈشمەي، تەييار ئېچىلغان يولغا چۈشۈپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ مېڭىشاتتى. باشقىلارنى تەكلىپ قىلىش ياكى زورلاش ۋاقتى ئەمەس ئىدى. ھىممەت ۋە غەيرەتتى بارلار مۇنداق ئىشلارنى ئۆزلۈكىدىن قىلىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە قار يېرىپ يول ئېچىپ، چۈشكەن يېرىمىزدىن ئۈچ-تۆت كۈندە زىرىرىن ئۆتكىلىنىڭ تۈۋىگە — خەۋالى قۇتى دېگەن غارغا كەلدۇق. شۇ كۈنى قار-شىۋىرغان شۇنداق بولدىكى، ھەممە ئادەم ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قالدى. ئۇ تەرەپنىڭ ئاھالىسى تاغدىكى غار — ئۆڭكۈرلەرنى «خەۋال» دەپ ئاتايدۇ. بۇ غارغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا شىۋىرغان ئەۋجىگە چىقتى. غارنىڭ قېشىغىلا چۈشتۇق. قار قېلىن، يول تار ئىدى، ئېچىلغان يولدىمۇ ئاتلار قىيىنلىپ ماڭاتتى. كۈن ئىنتايىن قىسقا بولغىنى ئۈچۈن، ئالدىدا ماڭغانلارلا كۈننىڭ يورۇقىدا غار ئالدىغا يېتىپ كەلدى، قالغانلار نامازشام، خۇپتەنگىچە كەلدى. ئاندىن ھەممە ئادەم توختىغان يېرىگىلا چۈشتى. نۇرغۇن ئادەم ئات ئۈستىدىلا تاڭ ئاتقۇزدى.

غار بىر ئاز تاردەك كۆرۈندى. مەن غارنىڭ ئاغزىدا كۆرەك بىلەن قارنى كۆرەپ، ئۆزۈمگە بىر ئورۇن تەييارلىدىم. قارنى كۆكسۈمگىچە قازساممۇ، (ب 194) يەرگە يەتمىدى. شامالنى توسقۇدەك بىر دالدا بولدى، شۇ يەردىلا ئولتۇردۇق. باشقىلار غارغا كىرىڭ دەپ كۆپ زورلىدى، كىرمىدىم. «ھەممە ئادەم قار-شىۋىرغان ئىچىدە تۇرغاندا، مەن ئىسسىق ئۆيدە دەم ئالسام، ھەممە جاپا-مۇشەققەت چېكىۋاتقاندا، مەن بۇ يەردە ئۇخلاپ راھەتلەنسەم، ئادەمگەرچىلىكتىن

يىراق، ھەممە پەسىلدە يات بىر ئىش بولىدۇ. ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەت بولسا كۆرەي، كىشىلەر چىدىغانغا مەنمۇ چىداي. پارسچە ماقالدا «مەرگ بايارانى سۇرەست» (دوستلار بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي)، دېگەنىكەن دەپ ئويلىدىم. شۇ شۇۋىرغاندا ئۆزۈم قېزىپ ياسىغان ئورەكتە ئولتۇردۇم. خۇپتەنگىچە قار راسا چاپقۇنلاپ ياغدى. مەن ئېگىشىپ ئولتۇرۇۋالغانىدىم. ئارقامغا، بېشىمغا، قۇلاقلىرىمغا تۆت ئىلىك قار قونۇپتۇ. شۇ كېچىسى قۇلىقىم ئۇششۇپ قالدى. ناماز خۇپتەن مەزگىلىدە غارنىڭ ئىچىنى كۆرۈپ چىققانلار: «غارنىڭ ئىچى ئىنتايىن چوڭ ئىكەن، ھەممىمىز سىغىدىكەنمىز» دەپ ۋارقىراشتى. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۈستۈمدىكى قارلارنى سىلكىۋېتىپ غارغا كىردىم. غارنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىتلەرنىمۇ چاقىردىم. قىرىق-ئەللىك كىشىگە كەڭتاشا ئورۇن چىقتى. ھەر كىم پىششىق گۆش، قورۇما گۆش قاتارلىق ئۆزىدە بار يېمەكلىكلەرنى چىقاردى. شۇنداق قار ۋە شۇۋىرغاندا، ئىنتايىن ئىسسىق، تىنچ ۋە راھەت يەرگە ئېرىشتۇق.

ئەتىسى قار-شۇۋىرغان توختىدى. سەھەر قوزغىلىپ، يەنە شۇ تەرىقىدە قار يېرىپ يول ئېچىپ (195) ئۆتكەل ئۈستىدە چىقتۇق. يول يەنە ئايلانما-ئايلانما بولۇپ، يۇقىرىغا چىقىپ كېتىدىكەن ۋە شۇ ئۆتكەلنى «كۆتەلى زەررىن» دەپ ئاتايدىكەن. بىز يۇقىرى چىقماي، جىلغىنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ چۈشۈپ كەتتۇق. ئۆتكەلنىڭ تۆۋىگە چۈشكىچە كۈن كەچ بولدى. جىلغىنىڭ ئېغىزىدا قوندۇق. ئۇ كېچىسى بەك سوغۇق بولدى. نۇرغۇن كىشىنىڭ پۇت-قوللىرى ئۇششۇدى. كەپەنىڭ پۇتى، سۇيۇندۇك تۇركمەننىڭ قولى ۋە ئەھىنىڭ پۇتى شۇ كېچىسى ئۇششۇدى. ئەتىسى جىلغىنىڭ تۆۋىنىگە

قاراپ ماڭدۇق. يولنىڭ بۇ يەردە ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، تەۋەككۈل قىلىپ جىلغا تۆۋىنىگە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. ئىنتايىن تىك ئۇچما يەرلەردىن چۈشتۇق. نامازشام مەزگىلىدە جىلغىنىڭ ئېغىزىغا چىقتۇق. قېرىلاردىن ھېچكىممۇ بۇ ئۆتكەلنى مۇنداق قېلىن قار بېسىپ تۇرغاندا، بۇ يەردىن بىر كىمنىڭ ئۆتۈپ باققانلىقىنى بىلمەيتتى، بۇ پەسىلدە بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. گەرچە بىرقانچە كۈن بۇ قېلىن قارنىڭ جاپاسىنى تارتقان بولساقمۇ، لېكىن دەل مۇشۇ قېلىن قارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىمىزنى مەنزىلگە يەتكۈزدۇق. ئەگەر مۇشۇنداق قېلىن قار بولمىسا، ئانداق يول يوق تىك ئۇچمىلاردىن كىم ئۆتەلەيتتى؟ (ب 195) ئەگەر مۇنداق قېلىن قار بولمىغان بولسا ئاۋۋالقى تىك ئۇچمىدىلا ھەممىيلەن ئات-تۆگىلىرىدىن ئايرىلغان بولاتتى.

ھەرنىكو بەردى كى دەر شومار ئەست،
تا دەر نىگەرى سەلاھى كار ئەست.

(يۈز بەرگەن ھەر بىر ياخشى-يامانلىق، تەكشۈرۈپ كۆرسەڭ، تۇرمۇش ئۈچۈن خەيرىيەتلىكتۇر)

ناماز خۇپتەن بىلەن يەكە ئوتلىقىغا كېلىپ چۈشتۇق. يەكە ئوتلىقىنىڭ ئاھالىسى بىز كېلىپ چۈشكەندىن كېيىنلا خەۋەر تاپتى. ئىسسىق ئۆيلەر، سېمىز قويلار، ئاتلارغا ئوت-سامان، قالاش ئۈچۈن ئوتۇن-تېزەك ھەممىسى تەييار ۋە مول ئىدى. شۇنداق سوغۇق ۋە قاردىن قۇتۇلۇپ، مۇنداق يېزا ۋە ئىسسىق ئۆيلەرنى تېپىپ، شۇنداق مۇشەققەت ۋە بالالاردىن خالاس بولۇپ، مۇنداق كۆپ نان ۋە سېمىز قويلارغا ئېرىشىپ، شۇنداق ھوزۇرلاندۇقكى، بۇنى پەقەت شۇنداق مۇشەققەتلەرنى كۆرگەنلەرلا بىلىدۇ؛ بۇ خىل

راھەتنى پەقەت شۇنداق بالالارنى باشتىن كەچۈرگەنلەرلا بىلىدۇ. يەكە ئۇتلىقىدا خاتىرجەم، كۆكۆل توق بىر كۈن تۇردۇق. يەكە ئۇتلىقىدىن ئىككى يىغاچ يول مېڭىپ يەنە چۈشتۇق. ئەتىسى روزى ھېيت بولدى. باميان بىلەن مېڭىپ شىبەرتۇ ئۆتكىلىدىن ئېشىپ، جىڭلەككە يەتمەيلا چۈشتۇق. تۈركمەن ھەزارەلىرى ئۆي ۋە ماللىرى بىلەن بىز ماڭغان يولنىڭ ئۈستىدىلا قىشلىغانىكەن. ئۇلار بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن زادىلا خەۋەر تاپمىغانىكەن، ئەتىسى مېڭىپ كېلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىل ۋە كەپىلىرىنىڭ ئارىسىغىلا چۈشتۇق. ئىككى-ئۈچ ئېغىل بۇلاندى، قالغانلىرى ئۆي ۋە نەرسىلىرىنى تاشلاپ، بالا-چاقىلىرىنى (196) ئېلىپ، تاغقا چىقىۋالدى. ئالدى تەرەپتىن بىرنەچچە ھەزارەنىڭ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ چۈشۈپ، ئوق ئېتىپ ئادەملىرىمىزنى ئۆتكىلى قويمايۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېز ئىلگىرىلىدىم. بېرىپ قارىسام، بۇ بىر تارچۇق يەرمۇ ئەمەس ئىكەن. بىرنەچچە ھەزارە بىر تاغنىڭ تۇمشۇقىدىن كېلىپ ئوق ئېتىۋاتاتتى. بىزنىڭكىلەر ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ تۇرۇپتۇ. ئوبدان-ئوبدان يىگىتلەر،

قاراسىن ياغىنىڭ كۆرۈپتۇرلەر،
دەڭۇ-ھەيران بولۇپ تۇرۇپتۇرلەر.
مېن يېتىپ تېز ئول سارى يۈرۈدۈم،
يۈرۈ-يۈرۈ دېپ ئىلگەرى يۈرۈدۈم.
غەرەزىم ئېلىنى تېز قىلماق ئېدى،
ياغى بىرلە سىتىزە قىلماق ئېدى.
تېز ئېتىپ ئېلنى تارىتىم ئۆزنى،
ھېچكىم ھەم ئەشتمەدى سۆزنى.

يوق ئىدى جىبەيۇ كېجىمۇ ياراق،
مېندە بار ئېدى لىك نىكى ئوقۇ ساداق.
يۈردۈم ئېرسە تامام ئېل تۇردى،
ياغى گويا بۇلارنى ئۆلتۈردى.
سېن نۆكەر كىم قىلۇرسىن ئانىڭ ئۈچۈن،
ياراغى بىر مەھەلدە جانىڭ ئۈچۈن.
يوقكى نۆكەر تۇرۇپ بېگى يۈرۈگەي،
نۆكەر ئاسۇدە ۋۇ بېگى چۆرۈگەي.
نۆكەر كىم بۇ تەۋردۇر نى ئىسىق،
نى ئىشىڭگە يارار نى ئاشقە قاتىق.
ئاخىر ئات سالدى، ئىلگەرى يۈرۈدۈم،
سۈرۈبان تاققە يوقارى يۈرۈدۈم. (ب 196)
مېنى كۆرۈپ يۈرۈدى ئېل داغى،
قالدى ئېلدىن كېينگە قورقاغى.
يېتىبان تېز تاققە تارماشتۇك،
ئوقىغا باقمايىن يۈرۈپ ئاشتۇك.
گاھى ئاتتىن چۈشۈپ، گاھى ئاتلىق،
يۈرۈبان ئىلگەرىگە جۈرئەتلىك.
ياغى ھە تاغدىن ئوق قويار ئېردى.
زور كۆرگەچ سالىپ يۈرۈ بېردى.
تاققە چىقتۇك ھەزارەنى قوۋلاپ،
قىر ۋە قولدە كىيىك كېبى ئوۋلاپ.
دارىغاننى كىيىكدېك ئاتقۇلاردۇك،
تاپىبان مالۇ قويىنى بۇلادۇك.

قىربان تۈركمەن ھەزارەسىنى،
ئەيلەدۈك بەند كىشى-قارەسىنى.
ئېر ئاتاغلىقنى دەستگىر ئېتتۈك،
ئەھل ۋە ئەۋلادىنى ئەسىر ئەتتۈك.

(دۈشمەنىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ، ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپتۇ.
مەن تېز يېتىپ بېرىپ ئۇ تەرەپكە يۈردۈم، ماڭ، ماڭ دەپ ئىلگىرى ماڭدىم. غەرىزىم ئۇلارنى تېز ماڭدۇرۇش ۋە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش ئىدى. ئۇلارغا رىغبەت بېرىپ ئالدىغا ئۆتتۈم، لېكىن سۆزگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. ساۋۇت، كېجىم ۋە ياراغ يوق ئىدى، لېكىن مەندە ئوق ۋە ساداق بار ئىدى. مەن ماڭسام، باشقىلار ھەممىسى تۇردى، ئۇلارنى گويا دۈشمەن ئۆلتۈردى. نۆكەرنى جىددى پەيتتە جېنىمغا ئەسقاتىدۇ دەپ قىلسەن. نۆكەر تۇرۇپ بەگ ماڭدىغان، نۆكەر تىنچ تۇرۇپ بەگ چاپىدىغان ئىش يوق. نۆكەر مۇنداق بولسا، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا، ئۇ ئىشقا ئەسقاتمايدۇ، ئاش يېتىقمۇ بولمايدۇ. ئاخىر ئات سېلىپ ئالدىغا يۈردۈم، ئاتنى چاپتۇرۇپ تاغ ئۈستىگە ماڭدىم. مېنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ماڭدى، قورقۇنچاقلىرى كەينىدە قالدى. يېتىپ بېرىپ تاغقا ياماشتۇق، ئوقلىرىغا قارىماي ئۈستىگە چىقتۇق. بەزىدە ياياق بولۇپ، بەزىدە ئاتلىق بولۇپ جۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىدۇق. دۈشمەن تاغدىن ئوق ئاتاتتى، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەي قاچتى. ھەزارەنى قوغلاپ تاغقا چىقتۇق، قىر ۋە جىلغىلاردا ئۇلارنى كېيىكتەك ئۇۋلىدۇق. توغرا كەلگىنىنى كېيىكتەك ئاتتۇق، مال ۋە قويلىرىنى تېپىپ بۆلدۇق. تۈركمەن ھەزارەسىنى قىرىپ، ئادەملىرىنى بەند قىلدۇق. ئەركەكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، خوتۇن-باللىرىنى ئەسىر قىلدۇق)

ھەزارەلەرنىڭ مېلىدىن مەنمۇ بىر توپ قوي تۇپلىغانىدىم، ئۇنى يارەك تاغايغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ئالدىغا ئۆتتۈم. دالا ۋە جىلغىلار بىلەن مېڭىپ، ھەزارەلەرنىڭ ئات ۋە قويلىرىنى سۈرۈپ تېمۇر بەگ لەڭگەرىگە چۈشتۇق. ھەزارە تۇپىلاڭچىلىرىدىن ۋە قاراقچىلار باشلىقلىرىدىن ئون تۆت-ئون بەشى قولغا چۈشكەنىدى. ئۇلارنى مۇشۇ چۈشكەن يەردە ھەر خىل ئازابلار بىلەن ئۆلتۈرۈپ، باشقا قاراقچى ۋە تۇپىلاڭچىلارغا ئىبرەت قىلىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق، يولدا قاسىم بەگ (197) ئۇلارنى يولۇقتۇرۇپ، بىھۇدە شەپقەت كۆرسىتىپ قويۇۋېتىپتۇ.

زەمىنى شورۇ سۇنبۇل بەر نەيارەد،
دەر ئۇ تۇخمى ئەمەل زايى مەگەردان.
نەكوي بابەدان كاردەن چۇنا نەست،
كى بەدكەردەن بەجان نىكمەردان.

(شور يەردە سۇنبۇل ئۈنمەيدۇ، ئەمگەك ۋە ئۇرۇقنى ئۇ يەرگە زايا قىلما. يامان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش بىلەن ئوخشاش). ئەسىرلەرگىمۇ رەھىم قىلىپ قويۇپ بېرىلدى.

بۇ تۈركمەن ھەزارەسىنى چاپقۇن قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مۇھەممەد ھۈسەين مىرزا دوغلات بىلەن سۇلتان سەنجەر بارلاسنىڭ كابۇلدا قالغان بارلىق موغۇل بەگلەرنى ئۆزلىرىگە قارىتىپ، مىرزاخاننى پادىشاھ قىلىپ، كابۇلنى قورشىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۇلار خەلق ئىچىگە «بەدىئۈززەمان ۋە مۇزەففەر مىرزا پادىشاھنى تۇتۇپ، ھىرىدىكى ئىختىيارىدىن قەلئەسىگە (ھازىرقى ئالا قورغانغا) چىقىرىپتۇ» دېگەن

گەپنى تارقىتىپتۇ. كابۇل قورغىنىدا باشلىقلاردىن موللا بابا پەشاغەرىي، خەلىفە، مۇھىب ئەلى قۇرچى، ئەھمەد يۇسۇپ، ئەھمەد قاسىملار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولدى. قورغاننى مەزمۇت ۋە مۇستەھكەم قىلىپ ئاسرىدى. تېمۇر بەگ لەڭگەرىدىن قاسىم بەگنىڭ نۆكىرى مۇھەممەد ئەندىجانى تۇغچى ئارقىلىق كابۇلدىكى بەگلەرگە خەت ئەۋەتىپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۇردۇق ھەم «بىز غۇربەند جىلغىسىدىن چىقىپ، ئۇلار ئۈستىگە تېز يۈرۈش قىلىمىز. مەنار تېغىدىن ئۆتۈپلا گۈلخان يېقىپ بەلگە بېرىمىز، سىلەرمۇ ئەركىتىكى كونا كۆشك (هازىرخەزىنە) نىڭ ئۈستىگە گۈلخان يېقىپ، (ب 197) بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى بىلگەنلىكىڭلاردىن بەلگە بېرىڭلار. بىز بۇ تەرەپتىن بېرىشىمىزغا، سىلەر ئىچكىرىدىن چىقىپ، قولۇڭلاردىن كەلگىنىنى ئايىماڭلار» دېگەن قارارىمىزنى ئۇقتۇردۇق. مۇھەممەد ئەندىجانىنى ماڭدۇرغاندىن كېيىن، ئەتىسى لەڭگەردىن ئاتلىنىپ، ئۇشتۇر شەھرىنىڭ ئۇدۇلىغا چۈشتۇق. ئەتىسى بۇ يەردىن ئاتلىنىپ، چۈشكە يېقىن غۇربەند جىلغىسىدىن چىقىپ، كۆۋرۈك بېشىغا چۈشتۇق. بۇ يەردە ئاتلارنى سۇغىرىپ، دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن، ناماز پېشىندا بۇ يەردىن ئاتلاندۇق. تۇتقاۋۇلغىچە قار يوق ئىدى. تۇتقاۋۇلدىن ئۆتۈپ، ماڭغانسېرى قار قېلىنلاشقا باشلىدى. زەممە ياخشى بىلەن مەنار ئارىسىدا شۇنداق قاتتىق سوغۇق بولدىكى، ئۆمرۈمدە مۇنداق سوغۇقنى ئاز كۆرگەنىدىم. ئەھمەد ياساۋۇل بىلەن قارا ئەھمەد يۈرتچىنى كابۇلدىكى بەگلەرگە «بىز ئۇقتۇرغان قارار بويىچە كەلدۇق، ۋاقىپ بولۇڭلار ۋە مەردانە بولۇڭلار»

دېگەن سۆزنى يەتكۈزۈشكە چاپتۇردۇق. مەنار تېغىدىن ئۆتۈپ، تاغ باغرىغا چۈشتۇق. سوغۇققا چىدىماي، گۈلخان يېقىپ ئىسسىندۇق. گەرچە ئوت يېقىش ۋاقتى بولمىسىمۇ، لېكىن سوغۇققا چىدىماي ياقتۇق. تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا، مەنار تېغىنىڭ ئېتىكىدىن يولغا چىقتۇق. مەنار بىلەن كابۇل ئارىسىدا قار ئاتنىڭ تىزىغا كېلەتتى. قار قېتىپ كەتكەن بولۇپ، يولدىن چەتكە چىققان كىشى قىينىلىپ ماڭاتتى. بۇ يولدا بىر ئادەمنىڭ كەينىدىن بىر ئادەم قاتار بولۇپ مېڭىشقا توغرا كەلدى، شۇڭا كابۇلغا (198) پەرز ۋاقتىدا ئاران يېتىپ كېلەلىدۇق. بىبى ماھرويىغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنراق ئەركتىن گۈلخان كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ خەۋەردار بولغانلىقىنى بىلدۇق.

سەيىد قاسىم كۆۋرۈكىگە يېقىنلاشقاندا، شىرىم تاغايى بىلەن ئوڭ قانات قىسمىنى موللا بابانىڭ كۆۋرۈكى تەرەپكە ماڭدۇردۇق. سول قانات قىسىم بىلەن غول قىسىم بابا لۇلى يولى بىلەن ماڭدۇق. ئۇ چاغدا خەلىفە بېغىنىڭ ئورنىدا ئۇلۇغبەگ مىرزا بىنا قىلدۇرغان لەڭگەرسىمان بىر كىچىك باغچە بار ئىدى، دەل-دەرەخلىرى قالمىغان بولسىمۇ، تاملىرى تېخى بار ئىدى. مىرزاخان شۇ يەردە ئولتۇراتتى. مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئۇلۇغبەگ مىرزا بىنا قىلدۇرغان باغى بېھىشتە ئىدى. مەن موللا بابانىڭ باغچىسىنىڭ كوچىسى تەرەپتىكى گۆرستانغا يەتكىنىمدە، چاپسانلىق قىلىپ ئىلگىرى بارغانلارنى زەربە بىلەن بىز تەرەپكە چېكىندۇردى. ئالدىدا بېرىپ، مىرزاخان بار ھويلىغا كىرگەنلەر سەيىد قاسىم ئىشىك ئاغا، قەنبەر ئەلى قاسىم بەگ، شىر قۇلى قاراۋۇل موغۇل ۋە شىر قۇلى جەمەتىدىن بولغان سۇلتان ئەھمەد موغۇل تۆتى ئىدى.

بۇ تۆت كىشى يېتىپ بېرىپلا مىرزاخان بار ھويلىغا كىرىپتۇ، ئۇ يەردە غوۋغا كۆتىرىلىپتۇ. مىرزاخان بىر ئاتنى مىنىپ قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇ چاغدا ئەبۇلھەسەن قۇربېگىنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ھۆسەينمۇ مىرزاخانغا (ب 198) نۆكەر بولغانىدى، ئۇ بۇ تۆت كىشىدىن شىر قۇلنى چېپىپ يىقىتىپتۇ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىدىغان چاغدا ئاران قۇتۇلۇپتۇ. بۇ تۆت كىشى قىلىچ يەپ، ئوق يەپ يارىدار بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەردە بىزگە كېلىپ قوشۇلدى. بىزنىڭ ئاتلىقلار تار كوچىغا تىقىلىپ يا ئالدىنغا، يا كەينىگە ماڭالماي قالدى. مەن يېنىمدىكى يىگىتلەرنى ئاتتىن چۈشۈپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدۇم. دوست ناسىر، خوجا مۇھەممەد ئەلى كىتابدار، بابا شىرزاد، شاھ مەھمۇد ۋە باشقا بىرقانچە يىگىتلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ياياق يۈرۈپ ئوق ئاتتى. دۈشمەن قاچقىلى تۇردى. قورغاندىكىلەرگە كۆز تىكتۇق، لېكىن ئۇلار ئۇرۇش مەزگىلىدە كېلەلمىدى. دۈشمەننى قاچۇرغاندىن كېيىن، بىردىن-ئىككىدىن چېپىشىپ كېلىشكە باشلىدى. مىرزاخان بار چارباغقا تېخى كىرمىگەنىدىم. قورغاندىكىلەردىن ئەھمەد يۈسۈف بىلەن سەيىد يۈسۈف كەلگەندىن كېيىن، بىللە مىرزاخان تۇرغان چارباغقا كىردۇق. مىرزاخان قېچىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال ياندىم. ئەھمەد يۈسۈپ كەينىمدىن كېلىۋاتاتتى. كابۇلدا ۋاقتىمدا جەسۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەتىۋارلاپ كۇتۋاللىق— ① مەنسىپىنى بېرىپ كابۇلدا قويغان دوست سەر پۈلى پىيادە چارباغنىڭ ئىشىكىدىن قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كىرىپ كەلدى-دە، ماڭا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. مەن ساۋۇت كىيگەنىدىم، لېكىن كەمەر باغلىمىغان (199) ۋە دۇبۇلغا كىيمىگەنىدىم. مەن «ھەي

① كۇتۋال — قەلئە قوغدىغۇچى بەگ.

دوست، ھەي دوست» دەپ نەچچە قېتىم قىچقاردىم، ئەھمەد يۈسۈفمۇ قىچقاردى. مەن سوغۇقتىن ھەم قاردىن قارىيىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن مېنى تونۇمىدىمۇ ياكى ئۇرۇشتا ھودۇقۇپ كەتتىمۇ — بىلمىدىم، ئۇدۇل كەلگىنىچە يالاڭ بىلىكىمگە قىلىچ سالدى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن قىلىچە تەسىر قىلمىدى.

ئەگەر تىغى ئالەم بجۇنبەد زى جاي،
نەبۇررەد رەگى تا نەخاھەد خۇداي.

(مەيلى ئالەم تىغى ئۆز جايىدىن قوزغالسۇن، خۇدا خالىمىسا، بىرەر تومۇرنىمۇ كېسەلمەيدۇ)

مەن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغانىدىم، شۇنىڭ خاسىيىتىدىن تەڭرى تائالا بۇ زەخمەتتىن خالىي قىلدى، تىكلىپ كەلگەن بۇ بالانى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ دۇئا مۇنۇ:

بسم الله الرحمن الرجيم اللهم انت ربى لااله الاانت عليك توكلت رب العرش العظيم وماشاءالله كان ومالم يشاء لم يكن ولاحول ولاقوة الابالله العلى العظيم واعلم ان الله على كل شىء قدير وان الله قد احاط بكل شىء علما واحصى كل شىء عددا اللهم انى اعوذ بك من شر نفسى وشر غيرى ومن شر كل ذى شر ومن شر كل دابة انت آخذ بناصيتها انك رب العرش العظيم. (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەنكى. ئى تەڭرى، سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ساڭا تەۋەككۈل قىلدىم، سەن بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىسەن. تەڭرى نېمىنى خالىسا، شۇ بولىدۇ، نېمىنى خالىمىسا شۇ بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر قۇدرەت ۋە قۇۋۋەت پەقەت ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك تەڭرى بىلەندۇر. بىلگىنكى، تەڭرى ھەممىگە قادىردۇر. تەڭرى ھەر شەيئىنى ئىلمى بىلەن

ئىھاتىلىگەن، ھەر شەيئىنى ئېدىتى بىلەن ساناپ قويغان. ئى تەڭرى، مەن ئۆزۈمنىڭ شەررىدىن، مەندىن باشقىلارنىڭ شەررىدىن ۋە يامانلىقى بار ھەر نەرسىنىڭ شەررىدىن، سەن تىرىكلىكنى ئاتا قىلغان ھايۋانلارنىڭ شەررىدىن ساڭا سىغىنىمەن، سەن بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىسەن)

ئۇ يەردىن چىقىپ، مۇھەممەد ھۈسەين مىرزا تۇرغان باغى بېھىشتكە كەلدىم. مۇھەممەد ھۈسەين مىرزا قېچىپ چىقىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. مۇھەممەد ھۈسەين مىرزا تۇرغان باغچىنىڭ يېنىدا ئوقيا تۇتقان يەتتى-سەككىز ئادەم تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئات سالدىم (ب 199)، ئۇلار تۇرالماي قېچىشقا باشلىدى، مەن يېتىشىپ بېرىپ بىرىگە قىلىچ چاپتىم. ئۇ شۇنداق دومىلىدىكى، كاللىسى ئۇچۇپ كەتتى، دەپ ئويلىدىم. مەن كېتىۋەردىم. ھېلىقى مەن قىلىچ چاپقان كىشى مىرزاخانىنىڭ كۆكەلدىشى تۆلەك كۆكەلداش ئىكەن. قىلىچ مۈرىسىگە چېپىلىپتۇ. مۇھەممەد ھۈسەين مىرزا تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە يەتكەندە بىر موغۇل ئۆگۈزىدە تۇرۇپ، يېقىنلا يەردىن ئوقياسىنى مېنىڭ يۈزۈمگە بەتلەپ يانى كەردى، بۇ مېنىڭ نۆكىرىم بولۇپ، مەن ئۇنى تونۇيتتىم. شۇ چاغ ھەر تەرەپتىن «ھەي، ھەي، بۇ پادشاھ» دەپ ۋارقىراشتى، موغۇل ئوقنى ياندۇرۇپ سىداقا سېلىپ قاچتى. ئوق ئېتىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەندى. مىرزىسى، سەردارلىرى قاچقان ياكى قولغا چۈشكەن چاغدا كىم ئۈچۈن ئوق ئاتاتتى. شۇ يەردە تۇرغىنىمىزدا سۇلتان سەنجەر بارلاسنى تۇتۇپ، بويىندىن باغلاپ ئېلىپ كېلىشتى. مەن ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ، نىگەنھار تۈمەنىنى ئىنايەت قىلغانىدىم، ئۇمۇ مۇشۇ توپىلاڭدا ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇ ئىزتىراپ بىلەن «مېنىڭ

نېمە گۇناھىم بار» دەپ ۋارقىرايتتى. «بۇ توپىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنى ئۇيۇشتۇرغانلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرسەن. بۇنىڭدىن ئارتۇق گۇناھ بولامدۇ؟» دېدىم. ئۇ خان دادامنىڭ ئانىسى شاھ بېگىمنىڭ جىيەنى ئىدى. شۇڭا: «ئۇنى سازايى قىلماي ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ» دېدىم. قورغاندىكى بەگلەردىن ئەھمەدقاسىم كۆھبەرنى (200) بىر بۆلەك يىگىتلەر بىلەن مىرزاخاننىڭ كەينىدىن ئەۋەتتىم.

مۇشۇ باغى بېھىشتنىڭ يېنىغا شاھ بېگىم ۋە خانىملار ئۆي سېلىپ ئولتۇرغانىدى. بۇ باغدىن چىقىپ، شاھ بېگىمنى ۋە خانىمنى يوقلاپ باردىم. شەھەر ئاھالىسى ۋە يېتىمچى-لۈكچەكلەر ھۇجۇم قىلىپ، كوچىلاردا ۋە چەتلەردە كىشىلەرنى تۇتۇپ، بولاڭ-تالاڭ قىلىشقا كىرىشكەنىدى. ئادەملەر قويۇلۇپ، ھەممىسى قوغلاپ چىقىرىلدى. شاھ بېگىم بىلەن خانىم بىر ئۆيدە ئىدى. ئادەتتىكىدەك ئارىلىقتا ئاتتىن چۈشۈپ، بۇرۇنقىدەك ھۆرمەت ۋە تەزىم بىلەن كېلىپ كۆرۈشتۈم. شاھ بېگىم بىلەن خانىم ئىنتايىن تەشۋىشلىك، سىقىلغان ۋە خىجىل بىر ھالەتتە ئىدى، نە تۈزۈكرەك بىر ئۆزرە ئېيتالمايتتى، نە ئۆز لايىقىدا ئەھۋال سورىيالمايتتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ توپىلاڭچىلار بىلەن بىر مەيداندا ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالىمايتتىم، لېكىن ئۇلار بېگىم بىلەن خانىمنىڭ سۆزىدىن چىقىدىغان ئادەملەر ئەمەس ئىدى. مىرزاخان شاھ بېگىمنىڭ ئۆز نەۋرىسى بولۇپ، كېچە-كۈندۈز بېگىمنىڭ قېشىدىن چىقمايتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرمىسە، مىرزا خاننى قويۇۋەتمەي، ئۆز يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

بىرقانچە قېتىم زاماننىڭ كاجلىقى ۋە دەۋرنىڭ تەتۈرلىكى بىلەن تەخت، مەملىكەت ۋە نۆكەرلەردىن ئايرىلىپ، ئۇلارغا (ب 200)

ئىلتىجا قىلدىم. ئانام ' باردى. لېكىن ھېچقانداق ئېتىبار ۋە شەپقەتكە ئېرىشەلمىدۇق. مېنىڭ ئىنىم مىرزاخاننىڭ ۋە ئانىسى سۇلتان نىگارخانىمنىڭ باي ۋە مەمۇر ۋىلايەتلىرى بار ئىدى. ئانام بىلەن ئىككىمىز بولساق، ۋىلايەت بۇياقتا تۇرسۇن، بىر يېزا، بىر نەچچە ئۆيگىمۇ ئىگە بولالمىدۇق. مېنىڭ ئانام يۇنۇسخاننىڭ قىزى، مەن ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئائىلىدىن ماڭا ئىلتىجا قىلغان ھەرقانداق كىشىگە قولۇمدىن كەلگىنىچە تۇغقانچىلىق ۋە ياخشىلىقنى بەجا كەلتۈرۈپ كەلدىم. ئېيتايلى، شاھ بېگىم كېلىۋېدى، كابۇلنىڭ ئەڭ ياخشى يەرلىرىدىن بولغان پەمغاننى ئۇنىڭغا بەردىم ۋە پەرزەنتلىك، خىزمەتكارلىق قائىدىلىرىنى قۇسۇرسىز ئورۇندىدىم. كاشغەرخانى سۇلتان سەئىدخان بەش-ئالتە ياياق ئادىمى بىلەن كېلىۋېدى، خۇددى تۇغقان ئىنىلىرىمدەك كۆرۈپ، لەمغان تۇمەنلىرىدىن مەندراۋەر تۇمەنىنى بەردىم. شاھ ئىسمائىل مەرۋتە شەيبانىخاننى قولغا چۈشۈرگەندە، مەن قۇندۇزغا ئۆتتۇم، ئەندىجان ۋىلايىتى مەن تەرەپ بولۇپ، بەزى دورغىلىرىنى قوغلاپ، بەزى يەرلىرىنى بېكىتىپ ماڭا ئادەم ئەۋەتتى. مەن سۇلتان سەئىدخانغا ھەممە نۆكىرىمنى تاپشۇرۇپ، ياردەمچى قوشۇپ، ئۆز ۋەتىنىم بولغان ئەندىجان ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ، ئۇنى خان قىلىپ ئەۋەتتىم. ئۇنىڭدىن بۇيانمۇ ئۇ ئائىلىدىن كىملا كەلسە، ئۆز تۇغقانلىرىمدىن باشقىچە كۆرمىدىم. مەسىلەن، چىن تېمۇر سۇلتان، ئىسەن تېمۇر سۇلتان، توختە بۇغا سۇلتان (201) ۋە بابا سۇلتانلار ھازىر مېنىڭ قېشىمدا. ھەممىسىنى ئۆز تۇغقانلىرىمدىن ياخشىراق كۆرۈپ، ئەتىۋارلىدىم ۋە شەپقەت كۆرسەتتىم. بۇلارنى يېزىشتىن غەرەز شىكايەت قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېيتىشتۇر. بۇلارنى ئېيتىپ

يۇرۇشتىن مەقسەت ئۆزۈمنى ماختاش ئەمەس، بەلكى بولغان ئىشنى بايان قىلىشتۇر. بۇ تارىخ ھەر سۆزنى راستى بىلەن، ھەر ئىشنى ئۆز ئەينى بويىچە بايان قىلىش بۇرچى بىلەن يېزىلغانلىقتىن، ئاتا-ئاغىلىرىمدىن ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق كۆرۈلگەن بولسا، ئۇلارنى سۆزلىدىم، توغقان ۋە ياتلاردىن قانداق ئەيىب ۋە ئارتۇقچىلىق كۆرۈلگەن بولسا، ئۇلارنى يازدىم. ئوقۇغانلار ئەپۇ قىلسۇن، ئاڭلىغانلار قارشىلىق مۇقامىدا بولمىسۇن.

ئۇ يەردىن قوزغىلىپ، مىرزاخان تۇرغان چارباغقا كېلىپ، ۋىلايەتلەرگە، **ئەيماق** ۋە قەبىلىلەرگە فەتىھنامىلەر ماڭدۇردۇق. ئاندىن كېيىن ئاتلىنىپ ئەرككە كەلدىم.

مۇھەممەد ھۆسەين مىرزا قورقۇپ كېتىپ، خانىمنىڭ تۆشەكخانىسىغا قېچىپ كىرىپ، تۆشەكنىڭ بوغچىمىسىغا ئۆزىنى باغلىتىپتۇ. قورغان-دىكىلەردىن مىرىم دىۋان باشلىق بىرقانچە يىلەننى ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ مۇھەممەد ھۆسەين مىرزىنى تېپىشقا بۇيرۇدۇق. ئۇلار خانىمنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، قاتتىق ھەم ئەدەبسىزەك (ب 201) گەپلەرنى قىلىپتۇ. ئاخىر مۇھەممەد ھۆسەين مىرزىنى خانىمنىڭ تۆشەكخانىسىدىن تېپىپ ئەرككە — مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلدى. مەن بۇرۇنقىدەكلا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنۇمدىن قوپتۇم ھەم بەك قاتتىقلىقمۇ قىلىپ كەتمىدىم. مۇشۇنداق ئېپلاس ۋە قەبىھ ئىشقا قەدەم قويغان، مۇشۇنداق پىتنە ۋە توپىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ مۇھەممەد ھۆسەين مىرزىنى پارە-پارە، قىلدۇرسام ئورۇنلۇق، تۈرلۈك ئازابلار بىلەن ئۆلتۈرسەم ھەقلىق ئىدى. لېكىن ئارىمىزدا تۇغقانچىلىق بار ئىدى، مېنىڭ هامام خۇبنىگار خانىمدىن ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرى بار ئىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەتنىڭ خاتىرىسىدىن مۇھەممەد

ھۆسەين مرزىنى ئازاد قلىپ، ئۇنىڭ خۇراسان تەرەپكە كېتىشىگە رۇخسەت قلدىم. بۇ ۋىجدانىسىز، نانكور ئادەم ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالغان ياخشىلىقىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، شەيباقخانىنىڭ قېشىدا مېنىڭ غەيۋەت-شىكايىتىمنى قىلىپتۇ. ئۇزۇن ۋاقت ئۆتمەيلا شەيباقخانىنىڭ ئۆزى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ جازاسىنى بەردى.

تۇ بەد كۇنەندەئى خۇدرا بە رۇزگار سۇپار،
كى رۇزگار تۇرا چەكارەست كىنە گۇزار.

(ساڭا يامانلىق قىلغاننى تەقدىرگە تاپشۇر، چۈنكى تەقدىر سېنىڭ ئىنتىقام ئالغۇچى خىزمەتكارىڭدۇر)

مىرزاخانىنىڭ كەينىدىن ئەۋەتىلگەن ئەھمەد قاسىم كوھبەر باشلىق بىرقانچە يىگىت قارغا بۇلاق ئېدىرلىرىدا مىرزاخانغا يېتىشىپتۇ. مىرزاخان نە قېچىپ كېتەلمەپتۇ، نە قول تەۋرىتىشكە كۈچ ۋە جۈرئىتى يار بەرمەپتۇ. ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. (202) مەن كونا دىۋانخانىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئايۋاندا ئولتۇراتتىم. مەن: «كەل، كۆرۈشەيلى» دېدىم. ھودۇقىنىدىن، ئېگىلىپ كەلگۈچە ئىككى قېتىم يىقىلدى. كۆرۈشكەندىن كېيىن يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ تەسەللى بەردىم. شەربەت كەلتۈردى، مىرزاخانىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن شەربەتنى ئاۋۋال ئۆزۈم ئىچىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا بەردىم. مىرزاخان تەرەپ بولغان سىپاھىي، رەئىيەت، موغۇل ۋە چاغاتايلار ۋەھىمە ۋە ئەندىشە ئىچىدە ئىدى. ئېھتىيات ئۈچۈن بىرنەچچە كۈن مىرزاخانىنىڭ ئۆز ئېگىچىسىنىڭ ئۆيىدە بولۇشىنى بۇيرۇدۇق. بۇ ئېيتىلغان ئەل ۋە ئۇلۇستا تېخىچىلا قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە بولغىنى ئۈچۈن، مىرزاخانىنىڭ كابۇلدا تۇرۇشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ خۇراسان تەرەپكە كېتىشىگە رۇخسەت قىلدۇق.

بۇلارغا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، باران، چاشتوبە ۋە گۈلبەھار ئېتىكى تەرەپلىرىگە باردۇق. باھار پەسلىدە باران يايلىقى، چاشتوبە دالىسى، گۈلبەھار ئېتەكلىرى ئىنتايىن گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. يېشىللىقى كابۇل ۋىلايىتىنىڭ باشقا يەرلىرىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى بولىدۇ، خىلمۇخىل لەيلى گۈللەر ئېچىلىپ كېتىدۇ. بىر قېتىم لەيلى گۈل تۈرلىرىنى ساناپ كۆرۈشنى بۇيرۇدۇم، ئوتتۇز تۆت خىل چىقتى. بۇ يەرنى تەرىپلەپ ئېيتىلغان بىر بېيت بار:

سەبزەيۇ گۈللەر بىلەن جەننەت بولۇر كابۇل بەھار،
خاسسە بۇ مەۋسۇمدە باران يازىسىيۇ گۈلبەھار.

(كابۇل، بولۇپمۇ باران يايلىقى بىلەن گۈلبەھار ئېتىكى باھار پەسلىدە يېشىللىق ۋە گۈللەر بىلەن جەننەت بولۇپ كېتىدۇ) مۇشۇ سەيلىگە كەلگەندە مۇنۇ غەزەلنى پۈتتۈردۇم:

مېنىڭ كۆڭلۈم كى گۈلنىڭ غۇنچەسىدېك (ب 202) تەھبەتەھ①قاندۇر،
ئەگەر يۈزمىڭ بەھار ئولسە ئاچىلماغى نى ئىمكاندۇر.

(مېنىڭ كۆڭلۈم خۇددى گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك قاتمۇقات قاندۇر، يۈزمىڭ باھار بولسىمۇ ئېچىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر)

ھەقىقەتەن، باھار پەسلىدە سەيلە قىلماق، قۇش سالماق ۋە قۇش ئاتماق ئۈچۈن، كابۇل ۋە غەزنى ۋىلايىتىنىڭ تەرىپىدە قىسقىچە ئېيتىلغىنى ۋە يېزىلغىنىدەك، بۇ يەرلەرگە يېتىدىغان ياخشى يەر ئاز تېپىلىدۇ.

بۇ يىلى ناسىر مىرزىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكىلىرىنىڭ مۇئامىلىسى ۋە ھەرىكەتلىرى سەۋەبى بىلەن بەدەخشان بەگلىرىدىن

---

① تەھبەتەھ — قاتمۇقات.

مۇھەممەد قۇرچى، مۇبارەكشاھ، زۇبەير ۋە جەھانگىرلەر رەنجىپ قالدى، ھەتتا ئۇنىڭغا دۈشمەن بولدى. ئۇلار ھەممىسى ئىتتىپاق بولۇپ، چىرىك تارتىپ، كۆكچە سۇيىنىڭ يەفتەل ۋە راغ تەرىپىدىكى ۋادىسىدا ئاتلىق ۋە ياياقلىرىنى يىغىپ، سەپ تۈزۈپ، ئېدىرلار ئارقىلىق خەمچانغا يېقىن يەرگە كەلدى. ناسىر مىرزا بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى تەجرىبىسىز يىگىتلەر ياخشى ئويلىنىپ مۇلاھىزە قىلمايلا، ئېدىرلار ئارىسىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. بۇ ئېدىرلىقتا ئۇلار پىيادىلەر توپىغا بىر-ئىككى قېتىم ئات سالىسىمۇ، بۇياقتىكىلەر قاچماستىن، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ. بەدەخشانلىقلار ناسىر مىرزىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھەممە تەئەللۇقاتىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. ناسىر مىرزا يېنىدىكىلەر بىلەن بىللە مەغلۇپ بولغان ۋە تالانغان ھالەتتە ئىشكەمىش ۋە نارىن ئارقىلىق كىلاگاھىغا كېلىپ، قىزىلسۇنىڭ يۇقىرىسىغا مېڭىپ، ئابدەرە يولىغا كىرىدۇ ۋە شىبەرتۇ داۋىنىدىن ئېشىپ، يەتمىش-سەكسەن تالانغان ئاچ-يالىڭاچ ئادىمى بىلەن كابۇلغا كېلىدۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ئاجايىپ. بۇندىن ئىككى-ئۈچ يىل بۇرۇن، ناسىر مىرزا بىز بىلەن دۈشمەنلەشكەن ھالدا پۈتۈن ئەل ۋە ئۇلۇسىنى كۆچۈرۈپ-سۈرۈپ كابۇلدىن چىقىپ، (203) بەدەخشانغا بېرىپ، جىلغا ۋە قورغانلارنى بېكىتىپ، قانداق خىياللارنى قىلغانىدى! ئەمدى بولسا، بۇرۇن قىلغانلىرىغا ئۆكۈنۈپ خىجىل بولغان ۋە بۇ مەغلۇبىيىتىدىن شەرمەندە بولغان بىر ھالدا تۇرۇپتۇ. مەنمۇ ھېچ نەرسىنى يۈزىگە سالمىدىم، ئۇبدان ھال-ئەھۋال سوراپ، ئۇنى قىيىن ھالەتتىن چىقاردىم.

# توققۇزيۈز ئون ئۈچىنچى يىل① ۋەقەلىرى

غىلجىلەرنى② چاپقۇن قىلىش مەقستى بىلەن كابۇلدىن ئاتلاندۇق. سەردىھكە چۈشكىنىمىزدە، ئارىلىقى سەردىھتىن بىر يىغاچ كېلىدىغان مەشت ۋە سىھكانەدە تۇرغۇن مەھمەندلەر③ نىڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز تۇرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. بەگ ۋە يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ مەھمەندلەرنى چاپقۇن قىلىش پىكرىدە بولدى. مەن: «مۇنداق قىلىشاق توغرا بولامدۇ؟ ئەسلى كۆزلىگەن مەقسەت بويىچە ئىش قىلماي، ئۆز خەلقىمىزنىلا چاپقۇن قىلىپ قايتىمىز دېسەكلار — بۇ مۇمكىن ئەمەس» دېدىم. سەردىھتىن ئاتلىنىپ، كەتتەۋاز تۈزلىڭىنى كېچىسى قاراڭغۇدا بېسىپ ئۆتتۇق. قاپقاراڭغۇ كېچە، تۆپتۈز يەر، نە تاغ، نە ئېدىر كۆرۈنمەيدۇ، نە يول ۋە ئىز مەلۇم ئەمەس. ھېچكىم باشلاپ ماڭالمىدى، ئاخىر ئۆزۈم باشلىدىم. بىر-ئىككى قېتىم بۇ ئەتراپقا كەلگەنىدىم. شۇ قىياس بىلەن قۇتۇپ يۇلتۇزىنى ئوڭ تەرىپىمگە كەلتۈرۈپ ماڭدىم. تەڭرى ئىشىمىزنى ئوڭ قىلدى، دەل خوجا ئىسمائىلغا تەۋە غىلجىلەر ئولتۇرغان قاياقتۇ ۋە ئۆلابەتۇ ئېقىنىغا كەلدۇق. بۇ ئېقىندىن بىر يول چىقىدۇ. شۇ ئېقىنغا چۈشۈپ، بىردەم ئۇخلاپ، ئۆزىمىزنى (ب 203) ۋە ئاتلىرىمىزنى

① مىلادىيە 1507—1508-يىللار ئارىلىقى.
② غىلجى — ئافغانلارنىڭ بىر بۆلىكى.
③ مەھمەند — كابۇل ۋىلايىتىدىكى كۆچمەن ئافغانلارنىڭ چوڭ بىر قەبىلىسى.

دەم ئالدۇرۇپ، تاڭ ئاتقاندا ئۇ يەردىن قوزغالدۇق. كۈن چىقتى. بۇ يەردىكى ئېدىر ۋە غوللاردىن تۆزلەڭگە چىقىشىمىز بىلەنلا غىلجىلارنىڭ قارىسى ياكى تۇتۇنلىرى كۆرۈندى. مەنپەئەتپەرەستلىكتىنمۇ ياكى ياشلىق ئوتىدىنمۇ چىرىك پۇتۇنلەي چاپقۇنغا چۈشتى. بىر-ئىككى كۈرۈھ يەرگىچە چاپقۇن قىلىپ، ئادەملەرنى ۋە ئاتلارنى ئوق بىلەن سۈردى. مەن: «مۇنداق چاپقۇن بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقان بەش-ئالتە مىڭ چىرىكنىڭ توختىمىقى بەك مۇشكۇل ئىش» دەپ ئويلىدىم. تەگرى ئىشىمنى ئوڭ كەلتۈردى، چىرىك توختىدى. بىر شەرئىگە يېقىن يول مېڭىپ، ئافغانلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ، چىرىك يەنە چاپقۇنغا چۈشتى. بۇ چاپقۇندا نۇرغۇن قوي چۈشتى، ھېچبىر چاپقۇندا مۇنچىلىك قوي چۈشمىگەنىدى. مالنى توپلاپ بىر يەرگە چۈشكەن ۋاقتىمىزدا، ئافغانلار ھەر تەرەپتىن بۆلەك-بۆلەك كېلىپ، تۈزلەڭگە چۈشۈپ، بىزگە بەس سالدى. بەزى بەگلەر ۋە ئىچكىلەر بىر بۆلەككە قارشى بېرىپ، ھەممىسىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ناسىر مىرزا يەنە بىر بۆلەككە قارشى بېرىپ، ھەممىسىنى قىردى. ئۆلگەن ئافغانلارنىڭ كاللىسىدىن مۇنار قوپۇرۇلدى. يۇقىرىدا نامى ئېيتىلغان دوست پىيادە كۇتۋالنىڭ ئايىغىغا بىر ئوق تېگىپ، كابۇلغا كېلىش بىلەنلا ئۆلدى.

خوجا ئىسمائىلدىن كۆچۈپ، ئۆلابەتۇغا كېلىپ چۈشتۇق. بىر قىسىم بەگلەر بىلەن ئىچكىلەرگە بىر ئامال قىلىپ، بۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردۇق. قاسىم بەگ ۋە بەزىلەرگە ئېتىبار قىلىپ، ئۇلاردىن بەشتىن بىرىنى ئالمىدۇق. (204) غەنىيمەتنىڭ دەپتەرگە چۈشكەن بۇ بەشتىن بىرى ئون ئالتە مىڭ قوي بولدى. بۇ، سەكسەن مىڭنىڭ بەشتىن بىرى ئىدى.

چىقىم بولغان ۋە ئېتىبار قىلىپ ئالمىغان سانىنى قوشقاندا، غەنىيمەتنىڭ يۈزمىڭ قوي ئىكەنلىكى شۈبھىسىز ئىدى.

ئەتىسى بۇ يەردىن ئاتلىنىپ، كەتتەۋاز تۈزلىڭىدە ئوۋ قورشاۋى تۈزدۇق. قورشاۋغا نۇرغۇن قۇلان ۋە كېيىك كىردى. نۇرغۇن قۇلان ۋە كېيىك ئۆلتۈرۈلدى. ئوۋ ئەسناسىدا بىر قۇلاننىڭ سوڭىغا بىر قىلىچ چاپتىم، يېقىنراق بېرىپ بىر ئوق تەگكۈزدۈم. يەنە بىر ئوق تەگكۈزدۈم، لېكىن بۇ زەخمىلەر ئۇنى يىقىلار ھالەتكە كەلتۈرەلمىدى. بىراق، بۇ ئىككى زەخمىنىڭ زەربىدىن يۈگۈرۈشى بۇرۇنقىدىن ئاستىلاشتى. ئېتىمنى دېۋىتىپ يېقىنلىشىپ بېرىپ، قىلىچىمنى قۇلىقىنىڭ كەينىدىكى چېكىسىگە چاپتىم، كېكىردىكىلا ئېلىنىپ، تىك موللاق چۈشتى، پۇتى ئۈزەڭگەمگە تەگكىلى تاس قالدى. قىلىچىم ناھايىتى ياخشى كەستى. ئاجايىپ سېمىز قۇلان ئىكەن، قېزىسىنىڭ قېلىنلىقى بىر غېرىشتىن ئازلا كەم ئىدى. شىرىم تاغايى ۋە باشقا بەزى موغۇلستان كېيىكىنى كۆرگەنلەر ھەيران قېلىپ: «بىز موغۇلستاندا مۇنداق سېمىز كېيىكنى① ئاز كۆرگەن» دېيىشتى. شۇ كۈنى يەنە بىر قۇلان ئاتتىم. بۇ ئوۋدا چۈشكەن قۇلان ۋە كېيىكنىڭ تولىسى سېمىز ئىدى، لېكىن ھېچ قايسىسى مەن ئۆلتۈرگەن قۇلاندەك سېمىز ئەمەس ئىدى. بۇ چاپقۇندىن يېنىپ، كابۇلغا كەلدۇق.

ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا، شەيباقخان خۇراساننى ئېلىش مەقسىتىدە سەمەرقەندتىن چېرىك تارتتى. (ب 204) ئەندخۇد ھېلىقى شاھ مەنسۇر باخشى دېگەن خۇمسى نانكورنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ شەيباقخانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى تېز ئاتلىنىشقا دەۋەت قىلىپتۇ ۋە ئۇلار ئەندخۇد تەۋەسىگە كەلگەندە، «ئۆزبېكلەرگە مەن

① ئەسلىي تېكىستە شۇنداق.

ئادەم ئەۋەتكەن» دەپ ئىشنىپ، ئۆزىنى ياساپ، بېشىغا ئۇكە سانجىپ، سوۋغا-تارتۇق ئېلىپ ئالدىغا چىقىپتۇ. يىگەنسىز ئۆزبېكلەر تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇم قىلىپ، بۇ مەلئۇننى سوۋغا-تارتۇقلىرى ۋە ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپتۇ.

بەدىئۇززەمان مىرزا، مۇزەففەر مىرزا، مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ۋە زۇننۇن ئارغۇنلار چېرىكلەر بىلەن باباخاكدا تۇراتتى. ئۇلار نە ئۇرۇشۇشقا، نە قورغان مۇداپىئەسىدە تۇرۇشقا تەييار ئەمەس ئىدى، ھېچبىر ئىشنى قارارلاشتۇرالماي، نېمە قىلارىنى ئېنىق بىلمەي ساراسىمە ئىچىدە تۇراتتى. مۇھەممەد بۇرۇندۇق بەگ ئىش بىلەر كىشى ئىدى. ئۇ: «مۇزەففەر مىرزا بىلەن ئىككىمىز ھىرى قورغىنىنى بېكىتەيلى، بەدىئۇززەمان مىرزا بىلەن زۇنۇن بەگ ھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلارغا بېرىپ، سىستانىدىن سۇلتان ئەلى ئارغۇننى، قەندەھار ۋە زەمىنى داۋەردىن شاھ بەگ بىلەن مۇقىمنى چېرىكلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە قوشسۇن، پۈتۈن ھەزارە ۋە نەكدەرى چېرىكلىرىنىمۇ يىغىپ تەخمۇتەخ تۇرسۇن. ئۇ چاغدا دۈشمەننىڭ تاغقا بېرىشى مۈشكۈللىشىدۇ ۋە تاشقىرىدىكى چېرىكلەرنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن قورغان ئۈستىگىمۇ كېلەلمەيدۇ» دەپتۇ. ئۇ ناھايىتى ياخشى ئېيتقان ۋە جايىدا بىر (205) تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تاپقانىدى. زۇنۇن ئارغۇن ناھايىتى جەسۇر بولسىمۇ، لېكىن بېخىل ۋە تەمەخور، پىكىر ۋە تەدبىردىن يىراق، گول ۋە تەلۋە ئادەم ئىدى. بۇ مەزگىلدە ھىرىدا ئاغا-ئىنى شېرىك پادىشاھ بولغان بولۇپ، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بەدىئۇززەمان مىرزا قېشىدا ئىختىيار ئىگىسى ئىدى. تەمەخورلۇق سەۋەبىدىن مۇھەممەد بۇرۇندۇقنىڭ شەھەردە تۇرۇشىغا رازى بولماي، ئۆزىنىڭ تۇرغۇسى كەلدى. لېكىن ئۇنىمۇ

ئوخشتالمدی. ئۇنىڭ گول ۋە تەلۋىلىكىگە بۇنىڭدىن ياخشى دەلىل يوقكى، بىر قىسىم ھىيلىگەرلەرنىڭ ئويدۇرما ۋە خۇشامەتلىرىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنى شەرمەندە ۋە رەسۋا قىلدى. تەپسىلاتى شۇكى، ئۇ ھىرىدا شۇنداق ئېتىبار تېپىپ ئىختىيار ئىگىسى بولغاندىن كېيىن، بىرقانچە شەيخ ۋە موللىلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «قۇتۇب بىز بىلەن مۇناسىۋەت قىلىۋاتىدۇ. ساڭا ھىزەبرۇللاھ (ئاللانىڭ شىرى) دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. ئۆزبېكلەرنى يېڭىسەن» دەپتۇ. ئۇ بۇ سۆزلەرگە ئىشىنىپ، بوينىغا پوتا ئېسىپ ئاللاغا شۈكۈر ئېيتىپتۇ. ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد بۇرۇندۇقنىڭ مۇۋاپىق پىكرى بويىچە ئىش قىلمىدى، قورغانىنىمۇ مۇستەھكەملىمىدى، ئۇرۇشقىمۇ تەييارلىق قىلمىدى، دۈشمەننىڭ كېلىش ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزىدىغان قاراۋۇل ۋە چاغداۋۇللارنىمۇ قويمىدى، دۈشمەن كەلسە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن سەپنى لايىقىدا تەشكىللەش ئىشلىرىنىمۇ قىلمىدى.

شەيباقخان مۇھەررەم ئېيىدا مۇرغابتىن ئۆتۈپ، سىركاي تەۋەسىگە (ب 205) يېقىنلاشقاندىلا مىرزىلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىدۇ ۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ ھېچ ئىش قىلالمايدۇ، ئادەملىرىنىمۇ يىغالمايدۇ ھەم سەپمۇ تۈزىيەلمەيدۇ. ھەركىم ئۆزى تۇرغان يېرىدىنلا قېچىشقا باشلايدۇ. زۇنۇن ئارغۇن ھېلىقى سۆزگە ئىشىنىپ، قىرىق-ئەللىك مىڭ ئۆزبېككە قارشى يۈز-يۈزئەللىك ئادەم بىلەن قارارەباتتا قالىدۇ. زور ئۆزبېك چېرىكى كېلىش بىلەنلا ئۇلارنى تارمار قىلىدۇ ۋە زۇنۇننى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىدۇ.

مىرزىلارنىڭ ئانىلىرى، ئېگىچە-سىڭىللىرى، خوتۇنلىرى ۋە خەزىنىسى تامامەن ئالا قورغان نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئىختىيارىددىن قەلئەسىدە

ئىدى. مىرزىلار كەچ شەھەرگە يېتىپ كېلىدۇ ۋە يېرىم كېچىگىچە ئۇخلاپ، ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، سەھەر ۋاقتىدا شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. قورغاننى بېكىتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. شۇنداق ۋاقىتتا ۋە شۇنداق ھىمايىسىز ئەھۋالدا، ئانىلىرىنى، ئېگىچە-سىڭىللىرىنى، خوتۇن-باللىرىنى بىللە ئېلىپ كەتمەي، ئۇلارنى ئۆزبېكلەرنىڭ ئەسىر قىلىشىغا تاشلاپ بېرىپ قاچىدۇ. پايەندە سۇلتان بېگىم، خەدىچە بېگىم باشلىق سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ھەرەملىرى، بەدىئۈززەمان مىرزىنىڭ ۋە مۇزەففەر مىرزىنىڭ ھەرەملىرى بىلەن باللىرى، مىرزىلارنىڭ پۈتۈن خەزىنە نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ ئالا قورغاندا ئىدى. قورغان كۆكۆلدىكىدەك مۇستەھكەم ۋە سەرامجان قىلىنمىغانىدى، قورغانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن يىگىتلەر تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. مەزىدبەگنىڭ ئىنىسى ئاشىق مۇھەممەد ئارغۇن ياياق چېرىكدىن قېچىپ كېلىپ قورغانغا (206) كىردى. ئۇنىڭدىن باشقا، قورغاندا ئەمىر ئۆمەر ئوغلى ئەلىخان، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇللا بەكاۋۇل، مىرزا بەگ كەيخۇسرەۋى ۋە مىرەك كوردىۋانلار بار ئىدى. شەيباقخان كېلىپ، ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن شەيخۇلئىسلام بىلەن چوڭلار ئەھدە-شەرتلەر قىلىشىپ، تاش قورغاننىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. قورغاننى ھېلىقى ئاشىق مۇھەممەد ئون ئالتە-ئون يەتتە كۈن قوغدىدى. (دۈشمەن) تاشقىرىدىن، ئات بازىرى تەرەپتىن لەخمە قېزىپ، ئوت يېقىپ، قورغاننىڭ بىر بۇرجىكىنى بۇزدى. قورغاندىكىلەر ھودۇقۇپ، قورغاننى قوغدىيالماي تەسلىم بولدى.

شەيباقخان ھىرىنى ئالغاندىن كېيىن پادىشاھلارنىڭ ئائىلىلىرىگە يامان مۇئامىلىدە بولدى. يالغۇز ئۇلارغىلا ئەمەس، پۈتۈن خەلققە شۇنداق مۇئامىلە قىلدى. ھېچ نەرسە كۆرۈپ باقمىغان بۇ

سەھرالىق بەش كۈنلۈك پانىي دۇنيا ئۆچۈن شۇنچە يامان ئاتاقلارغا قالدى. شەيباقخان ھىرىدا مۇنداق نامۇۋاپىق ئىش-ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلدى: بۇ چىرىك دۇنيا ئۈچۈن، خەدىچە بېگىمنى شاھ مەنسۇر باخشى دېگەن نومۇسسىزغا بېرىپ، تۈرلۈك-تۈرلۈك ئازابلارغا سالدى؛ شەيخ پۇرانىدەك ۋەلى ھەم ئەزىز كىشىنى موغۇل ئابدۇلۋەھھابنىڭ ئىختىيارىغا بەردى؛ ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەر بىرىنى ئايرىم-ئايرىم كىشلەرنىڭ ئىختىيارىغا بەردى؛ پۈتۈن شېئىر ئەھلى ۋە تالانت ئەھلىنى موللا بىنائىنىڭ ئىختىيارىغا بەردى؛ خۇراسان دانىشمەنلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئائىت مۇنۇ قىتئەسى مەشھۇر:

به جۆز ئابدۇللاھى كىرى خەر ئىمروز

نەدىدە ھىچ شائىر رويى زەررا،

بىنائى زەرتەمەنٔ دارەد زى شائىر،

مەگەر خاھەد گىرىفتەن كىرى خەررا. (ب 206)

(بۈگۈن ئېشەك ئالتى ئابدۇللادىن باشقا ھېچ شائىر ئالتۇن يۈزىنى كۆزمىدى. بىنائى شائىردىن ئالتۇن تەمە قىلدۇ، لېكىن ئېشەك ئالىتىنى تۇتۇپ قالدۇ، خالاس)

(شەيباقخان) ھىرىنى ئېلىش بىلەنلا مۇزەففەر مىرزىنىڭ خانزادە خانىم ئاتلىق ھەرىمىنى ئېدىتىنىڭ توشمىغىنىغا قارىماي نىكاھىغا ئالدى؛ ھىرىنىڭ مەشھۇر ۋە تالانتلىق مولللىرىدىن بولغان قازى ئىختىيار بىلەن مۇھەممەد مىرزا يۈسۈفكە ئۆزىنىڭ بىلمىسزلىكىگە قارىماي تەفسىردىن دەرس بەردى؛ موللا سۇلتان ئەلى مەشھەدىي بىلەن بەھزاد مەنسۇرنىڭ خەت ۋە رەسىملىرىگە قەلەم تەگكۈزۈپ تۈزىتىش كىرگۈزدى؛ بىرنەچچە كۈندە بىر مەززىسىز بىر بېيىت يېزىپ، ئۇنى مونبەرلەردە ئوقۇتۇپ، كوچىلارغا ئاستۇرۇپ، شەھەر خەلقىدىن مۇكاپات ئالاتتى.

گەرچە سەھەر قوپىدىغان، بەش ۋاقت نامازنى تەرك قىلمايدىغان، قىرائەت ئىلمىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق ساراڭلارچە، ئەخمەقلەرچە، تومپايلارچە ۋە كاپىرلارچە سۆز ۋە ئىشلار كۆپ سادىر بولدى.

شەيباقخان ھىرىنى ئېلىپ ئون-ئون بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كەھدىستاندىن يۇلسالارغا كېلىپ، ھەممە چېرىكنى تېمۇر سۇلتان بىلەن مۇھەممەد ئۇبەيد سۇلتانغا باشلىتىپ مەشھەدتە خەۋەرسىز تۇرغان ئەبۇلمۇھسىن مىرزا بىلەن كەپەك مىرزا ئۈستىگە ئەۋەتتى. مىرزىلار بىر قېتىم كەلات قەلئەسىنى بېكىتمەكچى بولغانىكەن، يەنە بىر قېتىم بۇ چېرىكنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، باشقا يول ئارقىلىق شەيباقخانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىكەن. بۇ ئىنتايىن ياخشى ئوي ئىكەن، لېكىن بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. شۇنداق تۇرغاندا، تېمۇر سۇلتان بىلەن ئۇبەيد سۇلتان چېرىكنى باشلاپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، مىرزىلارمۇ سەپ تارتىپ چىقىدۇ. ئەبۇلمۇھسىن (207) مىرزىنى تېزلا تارمار قىلىدۇ. كەپەك مىرزا ئازراق ئادىمى بىلەن ئاغىسىنىڭ دۈشمىنىگە تاشلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىمۇ تارمار قىلىدۇ، ئاغا-ئىنى ئىككىسىلا قولغا چۈشىدۇ. ئىككىسىنى بىر يەرگە ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ ۋىدالىشىدۇ. ئەبۇلمۇھسىن مىرزىدىن قورقۇنچاقلىق زاھىر بولىدۇ، كەپەك مىرزا بولسا قورققانلىقىنى ئانچە بىلىندۈرۈپ كەتمەيدۇ. شەيباقخان يۇلسالاردا چاغدا ھەر ئىككى مىرزىنىڭ بېشىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىدۇ.

شۇ كۈنلەردە شاھ بەگ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد مۇقىم شەيباقخاندىن ئەنسىرەپ كەينى-كەينىدىن ماڭا ئەلچى ۋە تەلەپنامىلار ئەۋەتىپ تەرەپدارلىق ۋە سادىقلىقلىرىنى ئىزھار قىلدى.

مۇقىم بىر تەلەپنامىدا ئېنىقلا مېنى چاقىردى. ئۆزبېكلەر ۋىلايەتنى مۇنداق شەكىلدە ئالغان بىرچاغدا بىزنىڭ قاراپ تۇرۇشىمىز مۇناسىپ كۆرۈنمىدى. شۇنچە ئەلچى ۋە تەلەپنامىلەرنى ئەۋەتىپ بىزنى چاقىرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېلىپ مۇلازىمەت قىلىشىدا شۇبھە ئاز قالدى. بارلىق بەگلەر ۋە تەدبىرلىك كىشىلەر بىرلىكتە كېڭىشىپ، چېرىك تارتىپ بېرىش ۋە بۇ ئارغۇن بەگلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن خۇراسانغا يۈرۈش قىلىش ياكى باشقا مەسلىھەت بولسا، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ئاندىن قارار چىقىرىش قارارىغا كەلدۇق. شۇ نىيەت بىلەن قەندەھار تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن مۇناسىۋەت بىلەن مەن «يەڭگە» دەپ ئاتايدىغان ھەبىبە سۇلتان بېگىم ھىرىدا توختاشقىنىمىز بويىچە قىزى مەسۇمە سۇلتان بېگىمنى ئېلىپ كەلدى. (ب 207) بىز ئۇلار بىلەن غەزنىدە ئۇچراشتۇق. خۇسرەۋ كۆكەلداش، سۇلتان قۇلى چاناق ۋە گەدايى بىلاللار ھىرىدىن قېچىپ ئىبنى ھۆسەيىن مىرزىنىڭ قېشىغا بارغانىدى. ئۇ يەردىن ئەبۇلمۇھسىن مىرزىنىڭ قېشىغا باردى، لېكىن ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي بىزنىڭ قىشىمىزغا ئۇلار بىلەن بىللە كەلدى. بىز ئۇلار بىلەن بىللە قالاتقا يەتكەن ۋاقتىمىزدا، قالاتتا سودا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن نۇرغۇن ھىندىستان سودىگەرلىرى بار ئىكەن، چېرىك ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا بېرىپ قالغانلىقتىن قاچالماي قالدى. يېنىمدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى: «مۇنداق ئۇرۇش مەزگىلىدە دۈشمەن ۋىلايىتىگە ماڭغانلارنى بۇلاش كېرەك» دېيىشتى. مەن رازى بولمىدىم ۋە: «سودىگەرنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ مۇنداق ئەرزىمەس پايدىدىن تەگرى ھەققىدە كەچسەك، تەگرى تائالا ئۇنىڭ مۇقابىلىسىدە بىزگە تېخىمۇ زور پايدا نېسىپ قىلغۇسىدۇر. مەسىلەن، مۇشۇ بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا غىلجىلارنى

چاپقۇن قىلىشقا ئاتلانغان چاغدا، مەھمەند ئافغانلىرىنىڭ قوي-ماللىرى ۋە بالا-چاقىلىرى بىلەن بىزدىن بىر يىغاچ يىراق يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆپچىلىكئلار ئۇلارنى چاپقۇن قىلىش تەرەپدارى بولدۇڭلار. مەن ھېلىقىدەك مۇلاھىزە بىلەن ئۇنداق قىلىشقا رازى بولمىدىم. ئەتىسلا تەگرى تائالا دۈشمىنىمىز غىلجى ئافغانلىرىنىڭ مېلىدىن چېرىككە شۇ قەدەر كۆپ نېسىپ قىلدىكى، شۇ چاغقىچە ھېچبىر چاپقۇندا ئۇنچىلىك كۆپ قوي قولغا چۈشكەن ئەمەس» دېدىم. قالاتتىن ئۆتۈپ چۈشتۇق ۋە سودىگەرلەردىن ھەدىيە ھېساۋىدا بىر ئاز مال ئالدۇق.

مەن كابۇلنى ئالغاندىن كېيىن خۇراسان تەرەپكە كېتىشكە رۇخسەت بەرگەن مىرزاخان بىلەن مەن خۇراسانغا (208) بېرىپ قايتقاندا شۇ يەردە قالغان ئابدۇرەزاق مىرزا قەندەھاردىن قېچىپ، بىز قالاتتىن ئۆتكەندە كەلدى. بەھار مىرزىنىڭ نەۋرىسى، جەھانگىر مىرزىنىڭ ئوغلى پىرمۇھەممەد مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مىرزىلار بىلەن بىللە كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى.

شاھ بەگ بىلەن مۇقىمغا: «سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار بويىچە بۇ يەرگە كەلدۇق. ئۆزبېكتەك يات دۈشمەن خۇراساننى ئالدى. كېلىڭلار، دۆلەت ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىللە مەسلىھەتلىشىپ قارار قىلايلى» دېگەن مەزمۇندا خەتلەر ئەۋەتىلدى. ئۇلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ خەتلەر يېزىپ بىزنى چاقىرغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، قوپال ۋە قاتتىق سۆزلەر بىلەن جاۋاپ بەردى. قوپاللىقنىڭ بىرى شۇكى، شاھ بەگ ماڭا يازغان خېتىدە مۆھرىنى بىر بەگنىڭ يەنە بەگكە، ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك بەگنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بەگكە يازغان خېتىگە ئوخشاش خەتنىڭ ئارقىسىغا ۋە قەغەزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىپ ئەۋەتىپتۇ. ئەگەر

مۇشۇنداق قوپال ھەرىكەتلەرنى قىلمىغان بولسا، مۇشۇنداق قاتتىق گەپلەرنى قىلمىغان بولسا، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتمىگەن بولاتتى، مۇنۇ سۆز بەكمۇ توغرا:

ستىزە بەجايى رەسانەد سۇخەن،
كى ۋەيران كۇنەد خانەدانى كۇھەن.

(نىزالىق سۆز شۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدۇكى، قەدىمكى خانىداننى ۋەيران قىلىدۇ). ئۇلار مۇشۇنداق نىزا ۋە قوپاللىقلىرى سەۋەبىدىن خانۇماننى ۋە ئوتتۇز-قىرىق يىل ئىچىدە قازانغانلىرىنى بەربات قىلدى.

شەھرى سەفا تەۋەسىدە تۇرغىنىمىزدا، بىر كۈنى ئوردۇ ئىچىدە ئۇقۇشۇلمىغان بىر غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ، چېرىكنىڭ ھەممىسى قوراللىنىپ ئاتلاندى. مەن غۇسۇل تاھارەت بىلەن مەشغۇل ئىدىم (ب 208)، بەگلەر ئىنتايىن جىددىيلەشتى. مەنمۇ ئىشىمنى تۈگىتىپ ئاتلاندىم، غوۋغا ئۇقۇشۇلماسلىقتىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئازدىن كېيىن بېسىلدى. ئۇ يەردىن مەنزىلمۇ مەنزىل مېڭىپ، گۈزەرگە كېلىپ چۈشتۇق. بۇ يەردىمۇ بىرقانچە قېتىم ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باقتۇق، لېكىن ئۇلار پەرۋا قىلماي، كاجلىق ۋە گەدەنكەشلىكتە تۇرىۋەردى. يەر-سۇ شارائىتىنى بىلىدىغان سادىق كىشىلىرىمىز: «قەندەھارغا كېلىدىغان ئېرىقلارنىڭ بېشى بابا ھۆسەيىن ئابدال ۋە خەلشەك تەرەپتە. شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، قەندەھارغا كېلىدىغان ئېرىقلارنىڭ ھەممىسىنى تىندۇرۇش كېرەك» دېگەن تەكلىپنى قويدى. شۇ قارارغا كېلىپ، ئەتىسى سەھەر قوراللىنىپ، ئوڭ قانات، سول قانات بويىچە سەپ تۈزۈپ، خەلشەك تەرەپكە يۈرۈش قىلدۇق.

شاھ بەگ بىلەن مۇقىم قەندەھار تېغىنىڭ مەن تاش ئىمارەت قازدۇرغان تۈمشۇقىنىڭ ئالدىدا چېدىر تىكىپ ئولتۇراتتى. مۇقىمنىڭ ئادەملىرى نوچىلىق قىلىپ، دەرەخلەرنىڭ ئارىسى بىلەن يېقىنلاپ كېلىدۇ. شەھرى سەفا تەۋەسىدە تۇرغىنىمىزدا قېچىپ كەلگەن تۇفان ئارغۇن ئۆزى يالغۇز ئارغۇنلارنىڭ سىپىگە يېقىنلىشىدۇ. شۇ ئەسنادا ئىشقۇللاھ دېگەن بىرى يەتتە-سەككىز ئادەم بىلەن ئىلگىرىلەپ كېلىدۇ ۋە يېنىدىكىلەردىن ئايرىلىپ ئالدىغىراق ئۆتىدۇ. تۇفان ئارغۇن ئۆزى يالغۇز ئۇنىڭ بىلەن روبىرولىشىپ قىلىچلىشىدۇ ۋە ئۇنى ئاتتىن يىقىتىدۇ. مەن سەنگى لەخشەك ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى. بىز بۇنى ياخشىلىقتىن بېشارەت دەپ بىلدۇق. بۇ يەر مەھەللە ئىچى ۋە دەرەخلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇرۇشۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، خەلىشەكنىڭ ئالدىدىكى ئېقىننىڭ قەندەھار تەرىپىدىكى ئوتلاقتىن يەر تاللاپ، شۇ يەرگە چۈشۈۋاتاتتۇق. (209) شۇ ئەسنادا شىر قۇلى قاراۋۇل ئالدىراپ كېلىپ، دۈشمەننىڭ سەپ تۈزۈپ كېلىپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

قالاتتىن ئۆتكەندىن بېرى ئادەملىرىمىز يېمەكتىن قىسىلىپ، كۆپ قىيىنچىلىق تارتتى. خەلىشەك تەۋەسىگە كەلگەندىن كېيىن، چېرىكنىڭ كۆپ قىسمى قوي، كالا، ئاشلىق ۋە ئوت-سامان ئۈچۈن خەلىشەكنىڭ يۇقىرى ۋادىسى تەرەپكە تارقاپ كەتكەندى. بىز چېرىكنىڭ يىغىلىشىنى كۈتمەيلا تېز ئاتلاندۇق. بىزنىڭ ئىككى مىڭدەك ئادىمىمىز بولسىمۇ، بۇ يەرگە چۈشكەندە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك چېرىكنىڭ خېلى قىسمى يۇقىرى ۋادىغا كېتىپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپكە قوشۇلالمىدى. تەخمىنەن مىڭدەك ئادىمىمىز ئۇرۇشقا ھازىر

ئىدى. ئادىمىمىز ئاز بولسىمۇ، لېكىن سەپنى ھازىرغىچە قىلىپ باقمىغان دەرىجىدە رەتلىك ھەم پۇختا تەشكىللىدىم. قولدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالاھىدە قىسىم قىلىپ تەشكىللىدىم. ھەممىسىنى ئوندىن-ئوندىن ھەم ئەللىكتىن-ئەللىكتىن قىلىپ بۆلۈپ، ئون بېشى ۋە ئەللىك باشلىرىنى بەلگىلىدىم. ھەر ئونلۇق ۋە ھەر ئەللىكلىك توپلار ئۆزلىرىنىڭ ئوڭ قول ياكى سول قولدا تۇرىدىغان يەرلىرىنى ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئېنىق بىلىپ تەييار بولالايتتى. ئوڭ قانات ۋە سول قانات، ئوڭ قول ۋە سول قول، ئوڭ يان ۋە سول يان، ئوڭ ۋە سول دېگەن سەپلەر بويىچە ئاسان ھەم خەۋەرچىلەرسىزلا راسلىنالايتتى. چېرىكىمىز قىسىملار بويىچە تۇرغان يېرىدىنلا ئاتلىنىپ يولغا چىقتى (ب 209).

ئوڭ قانات، ئوڭ قول، ئوڭ يان ۋە ئوڭ سۆزلىرى بىر مەنىدە بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەرقايسىسىغا ئايرىم-ئايرىم مەنە بەردىم. «غول» دېيىلىدىغان مەركەزنىڭ دائىرىسىگە كىرمەي، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سولىدا تۇرىدىغان سەپلەر ئوڭ قانات ۋە سول قانات دېيىلدى. غول ئۆزى ئايرىم بىر سەپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سولى ئوڭ قول ۋە سول قول دېيىلدى؛ غولدا يەنە بىر ئالاھىدە قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سولى ئوڭ يان ۋە سول يان دېيىلدى: ئالاھىدە قىسىمدا «بوي» دېگەن بىر توپ بار، تۈركىي تىلدا بويتاقنىمۇ «بوي» دەيدۇ، لېكىن بۇ يەردە بويتاق مەنىسى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى «يېقىن» دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سولى ئوڭ ۋە سول دەپ ئاتالدى.

ئوڭ قاناتتا مىرزاخان، شىرىم تاغايى، يارەك تاغايى ۋە ئۇنىڭ

ئاغا-ئىنىلىرى، چەلمە موغۇل، ئەييۇب بەگ، مۇھەممەد بەگ، ئىبراھىم بەگ، ئەلى سەيىد موغۇل، سۇلتان قۇلى چۆھرە، خۇدا بەخش، ئەبۇلھەسەن ۋە ئۇنىڭ ئاغا-ئىنىلىرى قويۇلدى؛ سول قاناتتا ئابدۇرەززاق مىرزا، قاسىم بەگ، تەڭرىبەردى، قەنبەر ئەلى، ئەھمەد ئىلچى بۇغا، غۇرى بارلاس، سەيىد ھۆسەيىن ئەكبەر ۋە مىرشاھ قەۋچىنلار قويۇلدى؛ ئالدىنقى قىسىمدا ناسىر مىرزا، سەيىد قاسىم ئىشىك ئاغا، مۇھىب ئەلى قۇرچى، پاپا ئوغلى ئاللاۋىرەن تۇركمەن، شىر قۇلى قاراۋۇل موغۇل ۋە ئۇنىڭ ئاغا ئىنىلىرى، مۇھەممەد ئەلىلەر قويۇلدى؛ غولدا مېنىڭ ئوڭ قولۇمدا قاسىم كۆكەلداش، خۇسرەۋ كۆكەلداش، سۇلتان مۇھەممەد دولداي، شاھ مۇھەممەد پەرۋانىچى، قۇلبايەزىد بەكاۋۇل، (210) كەمال شەربەتچى قويۇلدى؛ سول قولۇمدا خوجا مۇھەممەد ئەلى، دوست ناسىر، مىرىم ناسىر، باباشىرزاد، خان قۇلى، ۋەلى خەزانچى، قۇتلۇق قەدەم قاراۋۇل، مەقسۇد سۇچى ۋە بابا شەيخلەر قويۇلدى. غولدا پۈتۈنلەي ئىچكىلەر بولۇپ، چوڭ بەگلەردىن ھېچكىم يوق ئىدى، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسى بەگلىك مەرتىۋىسىگە يەتمەيتتى؛ بويدا شىر بەگ، ھاتەم قۇربېگى، كەپەك قۇلبابا، ئەبۇلھەسەن قۇرچى، موغۇللاردىن ئۇرۇس ئەلى سەيىد، دەرۋىش ئەلى سەيىد، خوش كېلدى چەلمە، دوست كېلدى چەلمە تاغچى، ئاماچى مەندى، تۇركمەنلەردىن مەنسۇر، رۇستەم ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئاغا-ئىنىسى، شاھنەزەر سۈيۈندۈكلەر قويۇلدى.

دۇشمەن چېرىكى ئىككى بۆلەككە بۆلۈندى. بىر بۆلىكى شاھ شۇجائ ئارغۇن (تۆۋەندە شاھ بەگ دەپلا ئاتايمىز) باشچىلىقىدا،

بىر بۆلىكى ئۇنىڭ ئىنىسى مۇقىم باشچىلىقىدا ئىدى. بۇ ئارغۇنلارنىڭ ئادىمىنى ئالتە-يەتتە مىڭ مۆلچەرلىشەتتى. تۆت-بەش مىڭ قورالىق ئادىمىنىڭ بارلىقى سۆزسىز ئىدى. شاھ بەگ ئۆزى غول ۋە ئوڭ قانات قىسمى بىلەن روبىرو كەلدى؛ مۇقىم سول قانات قىسمى بىلەن روبىرو كەلدى. مۇقىمنىڭ چېرىكى ئاغىسىنىڭكىگە قارىغاندا ئازراق ئىدى. بۇ قىسىم بىزنىڭ قاسىم بەگ باشچىلىقىدىكى سول قانات قىسمىمىزغا ئۇستۈن كەلدى. ئۇرۇش باشلانغىچە قاسىم بەگ ئىككى-ئۈچ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى. بىزنىڭ ئالدىمىزدىمۇ دۈشمەن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ياردەم ئاجرىتالمىدۇق. بىز تەخىر قىلماستىن دۈشمەنگە قارشى ماڭدۇق. بىز بىر ئوق ئېتىمى ئىلگىرىلىگەن ۋاقتىمىزدا، (ب 210) دۈشمەن دەسلەپكى ھۇجۇمى بىلەن بىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىمىزنى غولغا چېكىندۇردى. بىز ئوق ياغدۇرۇپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. بىر ئازدىن كېيىن دۈشمەن ئوق ئېتىشنى توختاتقاندەك قىلدى. مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا بىر ئادەم چېرىكنى چاقىرىپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئوق ئاتماقچى بولدى. بىز توختىماي مېڭىۋەرگەندۇق، ھېچ ئىش قىلالماي، ئاتلىنىپ كېتىپ قالدى. بۇ كىشى شاھ بەگنىڭ ئۆزى ئىكەندۇق. ئۇرۇش ئەسناسىدا پىرى بەگ تۈركمەن تۆت-بەش ئاغا-ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە سەللىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ، دۈشمەندىن يۈز ئۆرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتتى. بۇ پىرى بەگ دېگەن شاھ ئىسمائىل بايەندۇر سۇلتانلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىراق مەملىكىتىنى قولغا ئالغاندا، ئابدۇلباقى مىرزا ۋە مۇراد بەگ بايەندۇر باشچىلىقىدىكى تۈركمەن بەگلىرى بىلەن بىللە كەلگەن تۈركمەنلەردىن ئىدى.

ئوڭ قانات قىسمىمىز دۈشمەننى ئېخمۇ بۇرۇن يېڭىپ ئىلگىرىلىدى

ۋە ئۇچى مەن بىنا قىلدۇرغان باغقا سانجىلىپ باردى. سول قانات قىسمىمىز باباھەسەن ئەبدالنىڭ تۆۋىنىدىكى چوڭ ئېرىقلارغا ئۇدۇل باردى. سول قانات قىسمىمىز مۇقىمنىڭ روبىروسىدا بولۇپ، ئادىمى مۇقىمنىڭكىدىن كۆپ ئاز ئىدى. تەگرى ئىشىمىزنى ئوڭ قىلدى، قەندەرھارغا ۋە ئۇنىڭ يېزىلىرىغا بارىدىغان ئۈچ-تۆت چوڭ ئېرىق بىزنىڭ سول قانات قىسمىمىز بىلەن دۈشمەننى ئايرىپ تۇردى. بىزنىڭكىلەر كېچىك باشلىرىنى ئىگىلەپ دۈشمەننى ئۆتكىلى قويمىدى. سول قانات قىسمىمىزساندا ئاز بولسىمۇ، لېكىن چىڭ تۇرۇپ (211) مۇداپىئە قىلدى. ئارغۇنلار تەرەپتىن ھالۋاچى تارخان سۇ ئىچىدە قەنبەر ئەلى ۋە تەگرى بېردى بىلەن قىلىچلاشتى. قەنبەر ئەلى ياردار بولدى. قاسىم بەگنىڭ پېشانىسىگە ئوق تەگدى، غۇرى بارلاسنىڭ قېشىنىڭ ئۈستىگە ئوق تەگدى. شۇ ئەسنادا دۈشمەننى قاچۇرۇپ، بۇ ئېرىقلاردىن مۇرغان تېغىنىڭ تۇمشۇقى تەرەپكە ئۆتتۇق. ئېرىقلاردىن ئۆتۈۋاتقان ۋاقتىمىزدا بوز ئات مىنگەن بىر ئادەم تاغ ئېتىكىدە قاياققا مېڭىشنى بىلمەي بىر دەم تۇرۇپ، ئاخىر بىر تەرەپكە كەتتى. مەن ئۇنى شاھ بەگ دەپ ئويلىدىم. بەلكىم شۇ بولۇشى مۇمكىن. دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، چېرىكنىڭ ھەممىسى دۈشمەننى قوغلاپ ئادەم تۇتۇشقا كەتتى. يېنىمدا ئون بىر ئادەم قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئابدۇللا كىتابدار ئىدى. مۇقىم تېخىچىلا توختاپ ئۇرۇشماقتا ئىدى. ئادىمىمىزنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، تەگرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، دۈشمەن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق.

كۆپ-ئازغە تەگرىدۇر بىرگۈچى،

بۇ دەرگەھدا يوقتۇر كىشىنىڭ كۈچى.

(كۆپكمۇ، ئازغمۇ تەگرى بېرىدۇ، بۇ دەرگاھتا كشىنىڭ كۈچى يوقتۇر) «كم من فئةقليلةغلبت فئةكثيرة باذن الله» (ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن كىچىك قوشۇننىڭ زور قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى كۆپ بولغان). دۇمباق ساداسىنى ئىشىتىپ، بىزنىڭ كېلىۋاتقىنىمىزنى بىلگەن دۈشمەن چېرىكى توختاشنى ئېسىدىن چىقىرىپ، قېچىش يولىنى تۇتتى.

دۈشمەننى قاچۇرغاندىن كېيىن، قەندەھار تەرەپكە مېڭىپ، فەررۇخزاد بەگنىڭ چاربېغىغا (ب 211) كېلىپ چۈشتۇق (بۇ باغدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىدى). شاھ بەگ بىلەن مۇقىم قەندەھار قەلئەسىگە كىرەلمەي قاچتى. شاھ بەگ شال ۋە مەستۇڭ تەرەپكە چىقىپ كەتتى. مۇقىم بولسا، زەمىنى داۋەر تەرەپكە كەتتى. قورغاننى بېكىتىشكە ئادەم قويۇلمىغانىكەن. قورغاندا قۇلى بەگ ئارغۇننىڭ ئاغا-ئىنىلىرىدىن ئەھمەد ئەلى تارخان قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماڭا ئىخلاسمەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولغانىدى. ئۇلار مۇراجىئەت قىلىپ، ئاغا-ئىنىلىرىنىڭ ئامان قېلىشىنى تىلىدى. بۇ ئېيتىلغانلارغا ئىنايەت قىلىنىپ، تىلىگەنلىرى قوبۇل قىلىندى. قورغاننىڭ ماشۇر دەرۋازىسىنى ئاچتى. شەھەر-دىكىلەرنىڭ يۈگەنسىز ئىكەنلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ باشقا دەرۋازىلار ئېچىلمىدى. بۇ ئېچىلغان دەرۋازىغا شىرىم بەگ بىلەن يارەك بەگ قويۇلدى. ئۆزۈم بىرنەچچە ئىچكىيلەر بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ، يۈگەنسىزلەرگە قارشى بېرىپ، ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر-ئىككىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇم. ئالدى بىلەن تاشقى قورغاندىكى مۇقىمنىڭ خەزىنىسىگە باردىم. ئابدۇرەززاق مىرزا مېنىڭدىن بۇرۇنراق بۇ يەرگە كېلىپ چۈشكەنىكەن. ئۇنىڭغا خەزىنىدىن بىر قىسىم

نەرسلەرنى ئىنايەت قىلىپ، بۇ خەزىنىنى قوغداشقا دوست ناسىر بەگ، قۇل بايەزىد بەكاۋۇل ۋە باخشىلاردىن مۇھەممەد باخشىنى بەلگىلىدىم. ئۇ يەردىن ئەرككە باردىم. بۇ يەردىكى خەزىنىنى قوغداش ئۈچۈن شاھ بەگ، خوجا مۇھەممەد ئەلى شاھ مۇھەممەد ۋە باخشىلاردىن تاغايى شاھ باخشىنى بەلگىلىدىم. زۇننۇننىڭ دىۋانى بولغان مىرخان دېگەننىڭ ئۆيىگە مىرىم ناسىر بىلەن مەقسۇد سۇچى ئەۋەتىلدى ۋە ناسىر مىرزا ئىختىيارىغا بېرىلدى. شەيخ ئەبۇ سەئىد تارخان مىرزاخان ئىختىيارىغا بېرىلدى،... ئابدۇرەززاق (212) ئىختىيارىغا بېرىلدى. ئۇ ۋىلايەتلەردە بۇ قەدەر كۆپ ئاق تەڭگە زادى كۆرۈلگەن ئەمەس ئىدى. ھەتتا مۇنچە پۇل كۆرگەن ئادەملەرمۇ مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۇ كېچىسى ئەركتىلا بولدۇم. شاھ بەگنىڭ سۇنبۇل ئاتلىق قۇلىنى تۇتۇپ كەلتۈردى. ئۇ چاغدا ئۇ شاھ بەگنىڭ مەھرىمى بولسىمۇ، لېكىن ئانچە بەك ئېتىبار تېپىپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇنى بىرىگە تاپشۇرۇپ قويسام، ياخشى ئېھتىيات قىلماي قاچۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ئوردۇ چۈشكەن فەررۇھزادنىڭ چارباغىغا كەلدىم. قەندەھار ۋىلايىتىنى ناسىر مىرزىغا بەردىم. خەزىنىلەرنى مۇسادىرە قىلىپ يۈكلەپ، شەھەردىن چىقىرىش ۋاقتىدا ناسىر مىرزا ئەركتىكى خەزىنىدىن بىر قاتار تۆگىگە يۈك بولىدىغان تەڭگىنى ئېلىپ قېلىپتۇ. ئۇنى سورىمايلا ناسىر مىرزىغا ئىنايەت قىلدىم.

ئۇ يەردىن كۆچۈپ قۇشخانە ئوتلىقىغا چۈشتۇق. ئوردۇنى كۆچۈرۈپ، ئۆزۈم ئەتراپنى ئايلىنىپ، كەچرەك ئوردۇغا كەلدىم. ئوردۇ بۇرۇنقى ئوردۇ ئەمەس، تونۇغۇسىز بىر ھالەتتە ئىدى.

نەسىللىك ئاتلار، قاتار-قاتار تۆگىلەر، قېچىرلار، گەزلىملەر، ئات جابدۇقلىرى، موي ۋە مەخمەل چېدىرلار ۋە ئۆيلەر، چېدىرلاردا خەرۋار-خەرۋار① ساندۇقلار كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ ئاغا-ئىنى ئىككىيلەننىڭ مۈلكى ئايرىم-ئايرىم خەزىنە قىلىنغانىكەن. ھەر بىر خەزىنە ساندۇق-ساندۇق ۋە تاي-تاي گەزلىملەر، تېڭىق-تېڭىق ۋە قاپ-قاپ تەڭگىلەر بىلەن تولغانىكەن. ھەركىمنىڭ ئۆي ۋە چېدىرىدا ئۇلجا ئالغان نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. قويمۇ كۆپ ئىدى، لېكىن قويغا ھېچقانچە پەرۋا قىلىنمايتتى. (ب 212)

قاسىم بەگكە قالاتنىڭ ئىچىدىكى قۇچ ئارغۇن ۋە تاجىددىن مەھمۇد باشلىق مۇقىمنىڭ نۆكەرلىرىنى مال-مولكى بىلەن قوشۇپ ئىنايەت قىلدىم. قاسىم بەگ ئىش بىلەر ئادەم بولغىنى ئۈچۈن قەندەھار تەۋەسىدە كۆپ تۇرۇشمىزنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئېيتا-ئېيتا، چېرىكنى غەنىمەتلىرى بىلەن مەنزىلمۇ مەنزىل كۆچتۈردى. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، قەندەھارنى ناسىر مىرزىغا ئىنايەت قىلىپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن كابۇلغا راۋان بولدۇق. قەندەھار تەۋەسىدە خەزىنىنى بۆلۈشكۇدەك پۇرسەت بولمىغانىدى. قاراباغدا تۆت-بەش كۈن تۇرۇپ خەزىنىنى ئۈلەشتۈردۇق. تەڭگىنى ساناش مۈشكۈل بولغانلىقتىن، جىڭلاپ تەقسىم قىلدۇق. بەگلەر ۋە نۆكەرلەر خەرۋار-خەرۋار، قاپ-قاپ تەڭگىلەرنى ۋەجھ① ۋە مائاشلىرىغا ھېسابلاپ ئېلىپ ماڭدى. نۇرغۇن ئولجا ۋە زور ئابروي بىلەن كابۇلغا كەلدۇق.

سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قىزى مەسۇمە سۇلتان بېگىمنى

---

① خەرۋار — ئېغىرلىق ئۆلچىمى. بىر خەرۋار بىر ئېشەك يۈكى ئېغىرلىقىدا.
② ۋەجھ — خىراجەت ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن پۇل.

خۇراساندىن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرگەنىدىم. بۇ قېتىم كابۇلغا قايتقىنىمدىن كېيىن نىكاھىمغا ئالدىم. ئالتە-يەتتە كۈندىن كېيىن، ناسىر مىرزىنىڭ نۆكەرلىرىدىن بىر كىشى شەيباقخانىنىڭ قەندەھارنى قورشىغانلىق خەۋىرىنى كەلتۈردى. مۇقىمنىڭ زەمىنى داۋەر تەرەپكە قاچقانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتقانىدۇق. ئۇ بېرىپ شەيباقخان بىلەن كۆرۈشىدۇ. شاھ بەگدىنمۇ كەينى-كەينىلەپ ئادەملەر بارىدۇ. بۇلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن (213) شەيباقخان مېنى قەندەھاردا دەپ ئويلاپ، تاغ يولى بىلەن تېز يۈرۈپ قەندەھارغا يېتىپ كېلىدۇ. تەجرىبىلىك قاسىم بەگ دەل شۇنى ئويلاپ، بىزنىڭ قەندەھاردىن كۆچۈشىمىزگە ھەيدەكچىلىك قىلغانىدى.

ھەرچى دەر ئائىنە جەۋان بىنەد،

پىر دەر خىشت پۇختە ئان بىنەد.

(ياش كىشىنىڭ ئەينەككە قاراپ كۆرگىنىنى ياشانغان كىشى پىشىق خىشقا قاراپمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق كۆرىدۇ)

شەيباقخان كېلىپ، ناسىر مىرزىنى قەندەھاردا مۇھاسىرە قىلىدۇ. بۇ خەۋەر كەلگەندىن كېيىن بەگلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت قىلدۇق. مۇنداق پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئۆزبېك ۋە شەيبانىخاندەك يات بىر خەلق ۋە كونا دۈشمەن تېمۇر بەگ ئەۋلادىنىڭ ئىلكىدىكى بارلىق ۋىلايەتلەرنى قولغا كىرگۈزدى. تۈرك ۋە چاغاتايلاردىن بەزى بۇلۇڭ ۋە چەتلەردە قالغانلارمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياكى زورلۇق بىلەن ئۆزبېكلەرگە قوشۇلدى. يالغۇز مەنلا كابۇلدا قالغانىدىم. دۈشمەن ئىنتايىن كۈچلۈك، بىز بولساق بەك زەئىپ. سۈلھ قىلىش ئېھتىمالىمۇ يوق. قارشىلىق كۆرسىتىش ئىمكانىمۇ يوق. مۇنداق بىر كۈچ-قۇدرەت

ئالدىدا، بىز ئۆزىمىزگە بىر يەر تايىن قىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بىر پۇرسەت بار چاغدا بۇ كۈچلۈك دۈشمەندىن تېخىمۇ يىراققا كېتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يا بەدەخشان تەۋەسىگە ياكى ھىندىستان تەرەپكە كېتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. قاسىم بەگ بىلەن شېرىم بەگ ئۆز ئەتراپىدىكىلىرى بىلەن بىرلىكتە بەدەخشانغا كېتىش پىكرىدە ئىدى. ئۇ چاغدا بەدەخشاندا بىزگە قارشى باش كۆتۈرگەن بەدەخشانلىقلاردىن مۇبارەكشاھ ۋەزىر بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا جەھانگىر تۈركمەن بىلەن مۇھەممەد قۇرچى بار ئىدى. ئۇلار ناسىر مىرزىنى قوغلاپ چىقارغانىدى. لېكىن ئۆزبېكلەرگىمۇ (ب. 213) قوشۇلمىغانىدى. مەن ۋە بەزى ئىچكىيلەر ھىندىستان تەرەپكە كېتىشنى قۇۋۋەتلىدۇق ۋە لەمغانغا سەپەر قىلدۇق.

قەندەھارنى ئالغاندىن كېيىن، قالات ۋە تەرنۇك ۋىلايىتى ئابدۇرەززاق مىرزىغا ئىنايەت قىلىنىپ، ئابدۇرەززاق مىرزا قالاتتا قويۇلغانىدى. ئۆزبېكلەر قەندەھارنى مۇھاسىرە قىلغاندىن كېيىن ئابدۇرەززاق مىرزا قالاتتا تۇرالماي، قالاتنى تاشلاپ چىقىپ، بىز كابۇلدىن كۆچكەن چاغدا كابۇلغا كەلدى. كابۇلدا ئابدۇرەززاق قويۇلدى. بەدەخشاندا پادشاھ ۋە پادشاھزادىدىن ھېچكىم يوق ئىدى. شاھ بېگىمنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن ياكى تەشەببۇسى بىلەن مىرزاخان بەدەخشان تەرەپكە كېتىشنى ئىختىيار قىلدى، مىرزاخانغا بەدەخشانغا كېتىشكە رۇخسەت بېرىلدى. شاھ بېگىممۇ مىرزاخان بىلەن كەتتى. مېنىڭ ھامام مېھرنىگار خانىممۇ بەدەخشانغا كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ مېنىڭ بىللە بولۇش يولى كۆپرەك ئىدى. مەن تۇغقىنى ئىدىم.

ھەرقانچە توساپ باقسامۇ بولمىدى. ئۇلارمۇ يولغا چىقتى.

جەمادىيەلئەۋۋەل① ئېيىدا ھىندىستانغا بېرىش نىيىتى بىلەن كابۇلدىن قوزغالدۇق. خۇرد كابۇل بىلەن مېڭىپ سۇرخ رەبات ئارقىلىق قۇرۇق سايغا چۈشتۇق. كابۇل بىلەن لەمغان ئارىسىدىكى ئافغانلار تىنچ ۋاقىتلاردىمۇ ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مۇنداق ۋەقەلەر ئۇلار ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت ئىدى. ئۇلار مېنى كابۇلنى تاشلاپ ھىندىستانغا كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، يامانلىقلىرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى، ياخشىلىرىمۇ يامانلىققا يۈزلەندى. (214) شۇنىڭغا بېرىپ يەتتىكى، بىز جىگدىلىكتىن كۆچكەن سەھەردە بۇ يەردىكى خىزىر خەيل، خىرىلجى ۋە خۇگىيان② ئافغانلىرى جىگدىلىك ئۆتكىلىنى توسماقچى بولۇپ، شىمال تەرەپتىكى تاغقا سەپ تۈزۈپ كېلىپ، دۇمباقلىرىنى چېلىپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ئىغۋاگەرلىك قىلدى. ئاتلىنىش بىلەن چېرىككە تۇرغان يەرلىرىدىنلا تاغقا قاراپ ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى بەردىم. ھەرقايسى قىسىملار ئۆزلىرى تۇرغان يەردىن تاغقا ئات قويدى. ئافغانلار بىردەم توختاپ ئوق ئاتقۇچىلىكمۇ بولالماي قاچتى. ئافغانلارنى قوغلاپ تاغقا چىقتىم. بىر ئافغان مېنىڭ تۆۋەن تەرىپىمدىن قېچىپ كېتىۋاتاتتى، قولىنى نىشانلاپ ئوق ئاتتىم بۇ ئوق تەگكەن ئافغان بىلەن يەنە بىرنەچچە ئافغاننى تۇتۇپ كەلتۈردى. ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن بەزىلىرى قوزۇققا

---

① جەمادىيەلئەۋۋەل — قەمەرىيە 5-ئاينىڭ نامى. بۇ ۋاقىت مىلادىيە 1507-يىلى 9-ئايغا توغرا كېلىدۇ.

② خۇگىيان — كابۇلنىڭ بەنگەش تۈمەنىدە ئولتۇرۇشلۇق ئافغان قەبىلىلىرىدىن.

ئۇلتۇرغۇزۇلدى.

نىگەنھار تۇمەنىدىكى ئادىنەپۇر قورغىنىنىڭ ئالدىغا چۈشتۇق. مۇندىن بۇرۇن يىراقنى ئويلىماي، ھېچبىر يۇرتنىڭ كويىدا بولماي يۈردۇق. ھامان بىرىش ئۈچۈن مۇقەررەر بىر يەر، تۇرۇش ئۈچۈن تايىنلىق بىر يۇرت بولماي قالاتتى. ئەتراپتىن بىر خەۋەر ئېلىنسىلا كۆچۈشكە توغرا كېلەتتى. كەچ كۈز بولۇپ قالغانىدى. تۈزلەڭلەردە شال ئاساسەن يىغىۋېلىنغانىدى. يەر-سۇ بىلىدىغانلار ئەلىشەڭ تۇمەنى دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە شال كۆپ تېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردىن چېرىكنىڭ قىشلىق ئاشلىقىنى غەملىۋېلىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئېيتىشتى. نىگەنھار ۋادىسىدىن ئاتلىنىپ، تېز يۈرۈش قىلىپ، سايگىلدىن ئۆتۈپ، پۇرئامىن جىلغىسىغىچە (ب 214) باردۇق. چېرىك نۆرغۇن شالغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ شاللىقلىرى تاغ تۈۋىدە ئىكەن. ئادەملىرى قېچىپ تاغقا چىقىۋالدى. بىرنەچچە كاپىر ئۆلتۈرۈلدى. پۇرئامىن جىلغىسىنىڭ تۇمشۇقىدا بىرنەچچە يىگىتنى قاراۋۇللۇققا قويدۇق. يېنىش ۋاقتىدا كاپىرلار تاغ ئۈستىگە تېز يېتىپ كېلىپ ئوق ياغدۇردى. ئۇلار قاسىم بەگنىڭ كۈيئوغلى پۇرانغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى پالتا بىلەن چېپىپ، تۇتۇۋالىدىغان چاغدا بىزنىڭ يىگىتلەر قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن قاچۇرۇپ پۇرانىنى قۇتقۇزۇۋالدى. كاپىرلارنىڭ شاللىقىدا بىر كېچە قونۇپ، نۆرغۇن ئاشلىق بىلەن ئوردۇغا كەلدۇق.

مۇشۇ مەندراۋەر تۇمەنى تەۋەسىدە بولغان كۈنلەردە، تېخىچە شاھ ھەسەننىڭ نىكاھىدا تۇرغان مۇقىمنىڭ قىزى ماھچۈچۈكنى قاسىم كۆكەلداش ئۆز نىكاھىغا ئالدى. ھىندىستان تەرەپكە بېرىش مۇۋاپىق

تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، موللا بابا پىشاغەرىي بىرقانچە يىگىتلەر بىلەن بىرلىكتە كابۇلغا ماڭدۇرۇلدى. مەندراۋەر تەۋەسىدىن كۆچۈپ، ئەتەر ۋە سىۋەگە كەلدۇق. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردۇق. ئەتەردىن كۆنەر ۋە نۇرگىلگە بېرىپ سەيلى قىلدىم. كۆنەردىن سالغا ئولتۇرۇپ ئوردۇغا كەلدىم. مۇندىن بۇرۇن سالغا ئولتۇرۇپ باقمىغانىدىم. ناھايىتى خۇش ياقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سال ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

شۇ كۈنلەردە موللا مىرەك فەركەتى ناسىر مىرزا قېشىدىن كېلىپ، شەيباقخاننىڭ قەندەھارنىڭ تاشقى قورغىنىنى ئېلىپ، ئەركىنى ئالالماي قايتقانلىقىنى، شەيباقخان يانغاندىن كېيىن، بەزى سەۋەبلەر بىلەن ناسىر مىرزا قەندەھارنى تاشلاپ (215) غەزنىگە كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ۋە ئەھۋالنى بايان قىلدى: بىز قايتىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شەيباقخان تۇيۇقسىزدىن قەندەھار ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ، قورغان ئىچىدىكىلەر تاشقى قورغاننى بېكىتەلمەي ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ. دۈشمەن ئەركىنىڭ چۆرىسىدە بىرقانچە يەردىن لەخمە قازىدۇ ۋە بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. ناسىر مىرزىنىڭ بويىنىغا ئوق تېگىدۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە خوجا مۇھەممەد ئىمىن، خوجا دوست خاۋەند، مۇھەممەد ئەلى پىيادە ۋە شابىلار قورغاننى تاشلاپ قاچىدۇ. قورغاندىكىلەر ئۈمىدسىزلىنىپ، قورغاننى بېرىش ھالىتىگە يەتكەندە، شەيباقخان سۈلھ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قەندەھاردىن كېتىدۇ. ئۇنىڭ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: ئۇ قەندەھار ئۈستىگە كېلىشتە ئائىلىسىنى نىرەھتۇگە ئەۋەتكەنىكەن، نىرەھتۇدە بىر كىشى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ قورغاننى قولغا كىرگۈزۈپتۇ. شەيباقخان مانا مۇشۇ سەۋەبتىن سۈلھ تۈزگەندەك بىر نەرسە قىلىپ قويۇپ قايتىپتۇ.

قىش ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىرقانچە كۈندىن كېيىن بادىج يولى بىلەن كابۇلغا كەلدۇق. بادىجنىڭ ئۈستىدە بىر تاشقا بۇ يەردىن ئۆتكەنلىكىمىزنىڭ تارىخىنى ئويۇپ قويۇشنى بۇيرۇدۇم. ھافىز مىرەك يازدى، ئۇستاد شاھ مۇھەممەد ئويدى. ئالدىراشچىلىقتا ياخشى ئويۇلماي قالدى. غەزنىنى ناسىر مىرزىغا ئىنايەت قىلدىم. ئابدۇرەززاق مىرزىغا نىگەنھار تۈمەنى، مەندراۋەر، دەرەئى نۇر، كۈنەر ۋە نۇرگىللەرنى بەردىم. شۇ كۈنگىچە تېمۇر بەگنىڭ ئەۋلادىنى سەلتەنەت ئىگىسى بولغىنىغا قارىماي، مىرزا دەپ ئاتايتتى. مۇشۇ قېتىم مېنى پادىشاھ دەپ ئاتاش توغرۇلۇق پەرمان چىقاردىم.

شۇ يىلنىڭ ئاخىرى، زۇلقەدە ئېيىنىڭ (ب 215) تۆتى — سەيشەنبە كېچىسى قۇياش ھوت بۇرجىدا تۇرغاندا ①، كابۇلنىڭ ئەركىدە ھۇمايۇن تۇغۇلدى. تۇغۇلغان تارىخىنى شائىر مەۋلانا سەيدى «سۇلتان ھۇمايۇن خان» دەپ، كابۇلنىڭ شائىر چاقلىرىدىن بىرى «شاھى فىروزقەدر» ② دەپ تاپقانىدى. ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن «ھۇمايۇن» دېگەن ئات قويۇلدى. ھۇمايۇن تۇغۇلۇپ بەش-ئالتە كۈندىن كېيىن، چارباغدا ھۇمايۇننىڭ تۇغۇت تويى بولدى. بەگلەر، ئەمىرلەر، چوڭلار ۋە كىچىكلەر ھەممىسى سوۋغا ئېلىپ كېلىشتى، ئىنتايىن كۆپ تەڭگە توپلاندى، بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇنچىلىك نۇرغۇن كۆمۈش پۇل بىر يەردە كۆرۈلگەن ئەمەس. ئىنتايىن ياخشى توي بولدى.

① قۇياشنىڭ ھوت بۇرجىدا تۇرۇشى كونا شەمسىيە كالېندارى بويىچە 12-ئاينى كۆرسىتىدۇ.

② بۇ ئىبارىلەرنىڭ ئەسلىي ئىملاسى «سلطان همايون خان»، «شاه فيروز قدر» بولۇپ ھەر ئىككىسىدىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى كۆرسىتىدىغان 913 كېلىپ چىقىدۇ.

# توققۇز يۈز ئون تۆتىنچى يىل① ۋەقەلىرى

شۇ يازلىقى مۇقۇر تەۋەسىدىكى مەھمەند ئافغانلىرىنىڭ بىر قىسمى چاپقۇن قىلىندى. چاپقۇندىن قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قوچ بەگ، فەقىر ئەلى، كەرىمداد ۋە بابا چۆھرىلەر قاچماقچى بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتتۇق. ئۇلارنى ئىستەرغەچىنىڭ ئايىغىدىن تۇتۇپ كەلدى. جەھانگىر مىرزا ھايات ۋاقتىدىمۇ بۇلارنىڭ بەزى يامان سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى ماڭا ئېيتقانىدى. ھەممىسنى رەستە بېشىدا ياساققا يەتكۈزۈشنى بۇيرۇدۇم. دەرۋازا تۈۋىگە ئاپىرىپ بويۇنلىرىغا ئارغامچا باغلاپ تامغا ئاسىدىغان چاغدا، قاسىم بەگ خەلىفىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشۈمنى يالۋۇرۇپ تىلىدى. بەگنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ قېنىدىن كەچتىم ۋە زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇدۇم.

شۇ ئەسنادا خۇسرەۋ شاھنىڭ ھىسارلىق ۋە قۇندۇزلۇق نۆكەرلىرىدىن (216) ھەم موغۇللارنىڭ چوڭلىرىدىن چەلمە، ئەلى سەيد شەكمە، شىر قۇلى ئىكو سالىملار، خۇسرەۋ شاھنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن چاغاتاي نۆكەرلىرىدىن سۇلتان ئەلى چۆھرە بىلەن خۇدابەخش، تۈركمەنلەردىن سۈيۈندۈك ۋە شاھنەزەر باشلىق ئىككى-ئۈچ مىڭ ئوبدان يىگىت ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ يامان نىيەتكە كېلىشىپتۇ. بۇلار شۇ چاغدا خوجا رىۋاج ئالدىدىكى

① مىلادىيە 1508-يىلى.

سۇڭ قورغان ئوتلىقىدىن چالاڭ ئوتلىقىغىچە بولغان جايلاردا ئىدى. ئابدۇرەززاق مىرزا نىگەنھاردىن كېلىپ، دېھ ئافغانغا جايلاشقانىدى. مۇھىب ئەلى قۇرچى بۇلارنىڭ مۇنداق توپلانغانلىقىنى خەلىفە بىلەن موللا باباغا بىر ئىككى قېتىم ئېيتىدۇ. ماگىمۇ بۇ ئىشنى ئىما قىلغانىدى، ئىشەنگۈدەك بىر سۆز بولمىغانلىقى ئۈچۈن پەرۋا قىلىنمىغانىدى. بىر ئاخشىمى چارباغدا دىۋانخانىدا ئولتۇراتتىم، خۇپتەن ۋاقتىدا بىر ياندىن مۇسا خوجا يەنە بىر ئادەم بىلەن ئالدىراش كېلىپ، قۇلىقىمغا موغۇللارنىڭ جەزمەن دۈشمەنلەشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئابدۇرەززاق مىرزىنى ئۆزلىرىگە قوشۇش-قوشماسلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتۇق. ئۇلارنىڭ شۇ كېچىسى ھەرىكەت قىلىشىمۇ جەزمەن ئەمەس ئىدى. بىردەم پەرۋاسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەرەم تەرەپكە ماگدىم. ئۇ چاغدا ھەرەملەر باغى خىلۋەت بىلەن باغى يۇرۇنچقادا ئىدى. ھەرەمگە يېقىن يەتكىنىمدە ھەرەم خىزمەتكارلىرى ئۆز جايلىرىغا قايتتى. ئۇلار قايتقاندىن كېيىن (ب 216)، خىزمەتكارلار باشلىقى بىلەن بىللە شەھەر تەرەپكە ماگدىم. خەندەك يولى بىلەن ئاھەنىن دەرۋازىسىغا يەتكەنىدىم، ئالدى تەرىپىمدىن بازار يولى بىلەن خوجا مۇھەممەد ئەلى كەلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ھامامىنىڭ...

# توققۇز يۈز يىگىرمە بەشىنچى يىل① ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرى – دۈشەنبە كۈنى چەنداۋەل ۋادىسىنىڭ ئايىغىدا قاتتىق يەر تەۋرىدى ۋە تۈجۈمىي يېرىم سائەت داۋام قىلدى. ئەتىسى سەھەر بۇ يەردىن كۆچۈپ، بەجۈر قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتى بىلەن قورغانغا يېقىن يەرگە چۈشتۇق. دىلەزاك ئافغانلىرىدىن بىر مۆتىۋەر كىشىنى بەجۇر سۇلتانى بىلەن بەجۇر ئاھالىسىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىتائەت قىلىپ، قورغاننى بېرىشكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتتۇق. لېكىن بۇ بەتبەخت جاھىللار نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي، تايىنسىز جاۋابلارنى بەردى. چېرىككە قالقان، شوتا قاتارلىق قورغان ھۇجۇمىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشقا بۇيرۇق بېرىلدى ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن بۇ يەردە بىركۈن تەخىر قىلىندى. مۇھەررەم ئېيىنىڭ تۆتى – پەيشەنبە كۈنى چېرىكنىڭ ساۋۇت كىيىپ، قورال ئېلىپ ئاتلىنىشى، سول قانات قىسمىنىڭ ئىلگىرى مېڭىپ، بەجۇر قورغىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى سۇ تېيىز جايدا سۇدىن ئۆتۈپ، قورغاننىڭ شىمال تەرىپىگە چۈشۈشى، غول قىسمىنىڭ (217) قورغاننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە بېرىپ، سۇدىن ئۆتمەي، ئېگىز-پەس جايغا چۈشۈشى، ئوڭ قانات قىسمىنىڭ تۆۋەندىكى دەرۋازىنىڭ غەربىگە چۈشۈشى توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. دوست بەگ باشچىلىقىدىكى سول قانات بەگلىرى سۇدىن ئۆتۈپ، چۈشىدىغان مەزگىلدە قورغاندىن يۈز ئەللىكچە پىيادە چىقىپ

① مىلادىيە 1519-يىلى.

ئوق ياغدۇردى. بۇ بەگلەرمۇ ھۇجۇم بىلەن ئوق ئېتىپ، پىيادىلەرنى قورغانغا چېكىندۇرۇپ، سېپىل تۈۋىگە يەتكۈزدى. موللا ئابدۇلمەلىك خاستى ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە سېپىل تۈۋىگىچە باردى. ئەگەر شوتا ۋە قالقان تەييار بولسا ھەم كۈن كەچ بولۇپ قالمىغان بولسا، قورغان شۇ سائەتتە ئېلىنار ئىدى. موللا تۇرك ئەلى ۋە تەگرىبەردىنىڭ نۆكەرلىرى دۈشمەن بىلەن قىلىچلىشىپ، ئۇلارنى يېڭىپ باشلىرىنى كېسىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىغا مۇكاپات ۋەدە قىلىندى. بەجۇر ئاھالىسى تۆفەك① ئاۋازىغا پەرۋا قىلمىدى، بەلكى تۆفەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ مازاق قىلىپ سەت ھەرىكەتلەرنى قىلدى. شۇ كۈنى ئۇستاد ئەلىقۇلى بەش ئادەمنى تۆفەك بىلەن ئېتىپ يىقىتتى. ۋەلى خازىنمۇ ئىككى ئادەمنى تۆفەك بىلەن يىقىتتى. باشقا تۆفەكچىلەرمۇ تۆفەك ئېتىشتا ئالاھىدە ماھارەت كۆرسەتتى. ئاتقان ئوقلىرى دۈشمەننىڭ قالقان، ساۋۇت ۋە تېرە چاپانلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. كەچكىچە سەككىز-ئون بەجۇرلۇق تۆفەك ئوقى بىلەن (ب 217) يىقىلدى. كېيىن دۈشمەن تۆفەكنىڭ زەربىدىن باش چىقىرالمايدىغان ھالەتكە يەتتى. «كەچ بولدى، چېرىك كېرەكلىك ئەسۋابلارنى تەييار قىلىپ، ئەتە سەھەردە قورغانغا ياماشسۇن» دەپ بۇيرۇق چىقىرىلدى. مۇھەررەم ئېيىنىڭ بەشى — جۈمە كۈنى بامدات ۋاقتىدا جەڭ دۇمبىقىنى ياڭرىتىش، ھەرقايسى قىسىملار تۇرغان يېرىدىن قورغانغا يامىشىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. سول قانات قىسىم بىلەن غول قىسىم ئۆز جايلىرىدىن بىراقلا قوزغىلىپ، قورغانغا شوتا قويۇپ يامىشىشقا باشلىدى. خەلىفە، شاھ ھەسەن ئارغۇن ۋە ئەھمەد يۈسۈف باشلىق غول قىسىمنىڭ سول

① تۆفەك — قارا مىلتىق.

قولىدىكىلەرگە سول قاناتقا ياردەملىشىش توغرۇلۇق بۇيرۇق قىلىندى. دوست بەگنىڭ ئادەملىرى قورغاننىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىنىڭ تۈۋىگە كىرىپ قېزىش ۋە ئۆرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇستاد ئەلىقۇلىمۇ شۇيەردە ئىدى، بۇ كۈنىمۇ تۆفەڭنى ياخشى ئاتتى. ئىككى قېتىم فەرەنگىمۇ ئاتتى. ۋەلى خازىنىمۇ بىر ئادەمنى تۆفەڭ بىلەن يىقىتتى. غولنىڭ سول قولىدىن مەلىك ئەلى قەۋچىن ھەممىدىن بۇرۇن شوتىغا چىقىپ، بىر مۇددەت ئېلىشتى، غول بولجارىدىن مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ بىلەن ئىنىسى نەۋرۇز ھەرقايىسسى بىر شوتىغا چىقىپ، نەيزە ۋە قىلىچ ئويىنىتىپ جەڭ قىلدى. يەنە بىر شوتىغا بابا ياساۋۇل چىقىپ قورغان تېمىنى پالتا بىلەن بۇزۇشقا كىرىشتى. كۆپىنچە يىگىتلەر ياخشى جەڭ قىلدى، ئۇلار سېپىل ئۈستىگە ئوق ياغدۇرۇپ، (218) دۈشمەننى باش كۆتۈرگىلى قويمىدى. بىر قىسىم يىگىتلەر دۈشمەننىڭ زەربىسىگە پەرۋا قىلماي، ئوق ۋە تاشلىرىنى زەررىچە كۆزگە ئىلماي قورغاننى تېشىش ۋە بۇزۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ئاشۇۋاقتى مەزگىلىدە قورغاننىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىنى قېزىۋاتقان دوست بەگنىڭ ئادەملىرى ئىشنى تۈگىتىپ، دۈشمەننى قاچۇرۇپ بۇرج ئۈستىگە چىقتى. شۇ زامان غول قىسمىمۇ شوتا بىلەن قەلئە ئۈستىگە چىقتى، تەڭرىتەئالانىڭ لۇتفۇ ئىنايىتى بىلەن مۇشۇنداق مۇستەھكەم قورغان ئىككى-ئۈچ نۇجۇمىي سائەتتە ئېلىنىپ بولدى. يىگىتلەر ئۆزلىرىدىكى غەيرەت-جاسارەتنى تولۇق كۆرسەتتى ۋە باتۇرلۇق نامىنى ئالدى.

بەجۇر ئاھالىسى دۈشمەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئارىسىدا كاپىرلار ئادىتى يېيىلىپ، ئىسلام ئادىتى ئاياغ ئاستى قىلىنغانىدى.

شۇڭا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىپ، خوتۇن-بالىلىرى ئەسىرگە ئېلىندى. قەلئەنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۇرۇش بولمىغىنى ئۈچۈن ئازراق كىشى شەرق تەرەپتىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. تەخمىنەن ئۈچ مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. قورغان ئېلىنغاندىن كېيىن كىرىپ قورغاننى ئايلىنىپ چىقتىم. تاملار، ئۆيلەر، كوچىلار ئۆلۈك بىلەن تولغانىدى. كەلگەن-كەتكەنلەر ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىدىن ماڭاتتى. ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن، سۇلتانلارنىڭ (ب 218) ئۆيىگە چۈشۈپ، بەجۇر ۋىلايىتىنى خوجا كەلانغا ئىنايەت قىلدۇق. ئۇنىڭغا ياردەم ئۈچۈن ياخشى يىگىتلەردىن نۇرغۇن كىشىنى بەلگىلەپ بەرگەندىن كېيىن، نامازشام ۋاقتىدا ئوردۇغا قايتىپ كەلدۇق.

ئەتىسى بۇ يەردىن كۆچۈپ، بەجۇر ۋادىسىدىكى بابا قارا چەشمىسىگە چۈشتۇق. قالغان بىرنەچچە ئەسىر خوجا كەلاننىڭ شەپقىتى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىندى. قولغا چۈشكەن بەزى سۇلتانلار بىلەن ئىنتائەتسىزلەر ياساقتا يەتكۈزۈلۈپ، سۇلتانلارنىڭ باشلىرى بىلەن يەنە بىرقانچە باشلار بۇ غەلبىنىڭ خەۋىرى بىلەن بىللە كابۇلغا ئەۋەتىلدى. بەدەخشان، قۇندۇز ۋە بەلخقىمۇ فەتىھنامىلەر ① بىلەن باشلار ئەۋەتىلدى. يۈسۈف زەيىدىن كەلگەن شاھ مەنسۇر يۈسۈف زەيى بۇ غەلىبە ۋە قىرغىندا بار ئىدى. ئۇنىڭغا تون كىيدۈرۈلۈپ، قولىغا ھەيۋىلىك پەرمانلار يېزىپ بېرىلگەندىن كېيىن كېتىشكە رۇخسەت بېرىلدى.

بەجۇر قورغىنىغا ئائىت ئىشلارنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاينىڭ توققۇزى — سەيشەنبە كۈنى كۆچۈپ، بۇ يەردىن بىر كۇرۇھ

---

① فەتىھنامە — غەلىبە خەۋىرى

تۆۋەنلەپ يەنە شۇ بەجۇر ۋادىسىغا چۈشۈپ، بىر دۆڭگە كاللىدىن مۇنار قوپۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىلدى. مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونى — چارشەنبە كۈنى سەيلىگە ئاتلىنىپ بەجۇر قەلئەسىگە باردۇق. خوجا كەلاننىڭ ئۆيىدە شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. بەجۇر تەۋەسىدىكى كاپىرلار بىرقانچە تۇلۇمدا شاراب ئېلىپ كەلدى. بەجۇرنىڭ شارابى بىلەن مېۋىسى تامامەن ئۆز تەۋەسىدىكى كافىرستاندىن كېلىدۇ. (219) كېچىسى ئۇ يەردە بولۇپ، ئەتىسى سەھەر قورغاننىڭ بۇرج ۋە سېپىللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ يەنە ئوردۇغا قايتىپ كەلدىم.

ئەتىسى ئەتىگەن بۇ يەردىن كۆچۈپ، خوجا خىزىر دەرياسىنىڭ ياقىسىغا چۈشتۇق. ئۇ يەردىن كۆچۈپ، چەنداۋەل دەرياسىنىڭ ياقىسىغا چۈشتۇق. خوجا كەلانغا تۇغ ئىنايەت قىلىپ، ئۇنىڭ بەجۇر قورغىنىغا كېتىشىگە رۇخسەت بەردۇق. خوجا كەلانغا رۇخسەت بېرىپ، بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن تۆۋەندىكى قىتئە يادىمغا كەلدى، بۇ قىتئە پۈتتۈرۈلۈپ خوجا كەلانغا ئەۋەتىلدى:

> قەرارۇ ئەھد بەيار ئىنچۇنىن نەبۇد مەرا،
> گەزىد ھەجرۇ مەرا كەرد بى قەرار ئاخىر.
> بە ئىشۋەھان زەمانە چى چارە سازەد كەس،
> بەجۇر كەرد جۇدا ياررا زى يار ئاخىر.

(يار بىلەن قىلغان ئەھدە قارارىمىز مۇنداق ئەمەس ئىدى، ئاخىر ھىجران مېنى سوقتى ۋە بىقارار قىلدى، ئادەم زاماننىڭ نازىغا نېمە چارە قىلالىسۇن، ئاخىردا بەجۇر يارنى ياردىن ئايرىدى)

مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى — چارشەنبە كۈنى سۇلتان ۋەيس سەۋادىنىڭ رەقىبى سۇلتان ئەلائىددىن سەۋادى كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. پەيشەنبە كۈنى بەجۇر بىلەن چەنداۋەل

ئارىسىدىكى تاغدا ئۇۋ ئۇۋۇلىدۇق. بۇ تاغنىڭ بۇغا-ماراللىرى ئۆزى قاپقارا، قۇيرۇقى باشقا رەڭدە بولىدىكەن، بۇنىڭ تۆۋىنىدىكى ھىندىستاننىڭ بۇغا-ماراللىرىمۇ قاپقارا بولسا كېرەك. شۇ كۈنى بىر سېرىق قۇش تۇتۇلدى، ئۇمۇ كۆزىدىن تارتىپ پۈتۈنلەي قارا ئىكەن. بۇ كۈنى بۇركۇت بىر كېيىك ئالدى.

چېرىكنىڭ ئاشلىقى ئازايغانىدى. كەھراج جىلغىسىغا بېرىپ (ب 219) ئاشلىق ئالغاندىن كېيىن، يۇسۇف زەيى① ئافغانلىرىغا قارشى سەۋادقا يۈرۈش قىلىش نىيىتى بىلەن جۇمە كۈنى كۆچۈپ، چەنداۋەل سۈيى بىلەن بەجۇر سۈيىنىڭ قوشۇلغان يېرى بىلەن پەنج كۇرە سۈيىنىڭ ئارىلىقىغا چۈشتۇق. شاھ مەنسۇر يۇسۇف زەيى بىرنەچچە لەززەتلىك ھەم كەيپ قىلغۇچى كەمالى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى مەن يېدىم، بىر بۆلىكىنى گەدايى تاغايى، بىر بۆلىكىنى ئابدۇللا كىتابدار يېدى. قاتتىق كەيپ قىلدى. كەچتە بەگلەر يىغىلغاندا كېڭەشكىمۇ چىقالمىدىم. قىزىق ئىش، ھازىر شۇ خىل كەمالنىڭ بىرىنى پۈتۈن يېسەممۇ، شۇ قېتىمقىنىڭ يېرىمچىلىك كەيپ قىلالمايدۇ. ئۇ يەردىن كۆچۈپ، كەھراج جىلغىسى بىلەن پىشگرام جىلغىسىنىڭ ئېغىزىغا يېقىن بولغان پەنج كۇرەنىڭ ئالدىغا چۈشتۇق. مۇشۇ يەردە تۇرغىنىمىزدا ئوشۇقچا كەلگۈدەك قار ياغدى. بۇ يۇرتتا قار ناھايىتى كەم ياغىدىكەن. ئاھالە ھەيران قېلىشتى.

سۇلتان ۋەيس سەۋادىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، چېرىك ئېھتىياجى ئۈچۈن كەھراج ئاھالىسىگە تۆت مىڭ خەرۋار ئاشلىق سېلىندى. بۇ ئاشلىق سېلىقىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن سۇلتان ۋەيس ماكدۇرۇلدى. تاغلىق دېھقانلار ھېچقاچان مۇنچىلىك ئاشلىق سېلىقى تۆلەپ باقمىغانىكەن.

① يۇسۇف زەيى — ھىندىستاننىڭ سەۋاد تەۋەسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئافغانلار.

ئۇلار ئاشلىقنى بېرەلمەي بۇزۇلدى.

مۇھەررەم ئېيىنىڭ يىگىرمە ئۈچى — سەيشەنبە كۈنى چېرىك ھىندۇ بەگ باشچىلىقىدا پەنج كۈرەگە چاپقۇنغا ماڭدۇرۇلدى. (220) پەنج كۈرە تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىرئاز يۇقىرىراقتا ئىدى. پەنج كۈرە يېزىلىرىغا بېرىش ئۈچۈن بىر كۆرۈھقا يېقىن داۋاندىن چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ئاھالىسى قېچىپ كەتكەنىكەن. بىر قىسىم كالا-قارىلىرى بىلەن نۇرغۇن ئاشلىق ئېلىپ كەلدى. ئەتىسى چېرىك قۇچ بەگ باشچىلىقىدا چاپقۇنغا ماڭدۇرۇلدى. ئاينىڭ يىگىرمە بەشى — پەيشەنبە كۈنى چېرىك ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن كەھراج جىلغىسىنىڭ ئىچىگە، ماندىش يېزىلىرىغا چۈشتى.

ھۇمايۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىر قورساق بىرنەچچە پەرزەنت بولغان بولسىمۇ تۇرمىدى. ھىندال تېخى تۇغۇلمىغانىدى. بۇ جايلاردا يۈرگىنىمىزدە ماھىمدىن خەت كەلدى. خېتىدە «بۇ بالا مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، ئوخشاشلا مېنىڭ بەخت-تەلىيىمدۇر. بۇ بالا مېنىڭ بولسۇن، مەن ئۇنى ئۆز پەرزەنتىم سۈپىتىدە باقاي» دەپ يېزىپتۇ. ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىسى — جۈمە كۈنى مۇشۇ قونالغۇدا ۋاقتىمىزدا ھىندالنى ماھىمغا بېرىشنى ۋەدە قىلىپ خەت يېزىپ يۈسۈف ئەلى كىتابدارنى كابۇلغا ئەۋەتتىم. ھىندال تېخى تۇغۇلمىغانىدى.

[بۇ سۆزنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئۇنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئۇ چاغقىچە ئۇنىڭدىن كىچىك ۋە باشقىلىرىدىن چوڭ بىر ئوغۇل ۋە ئۈچ قىز بولغانىدى. لېكىن مىھرجاندىن باشقىلىرى كىچىكىدىلا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنى بولۇشىنى بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ مەزگىلدە دىلدار ئاغىچە ئېغىر بوي ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ۋالىدەم ھەزرەتلىرى:

«ئەگەر دىلدار ئاغىچە ئوغۇل تۇغسا، ئۇنى مەن بېقىۋالسام قانداق» دېدى. مەن: «تولىمۇ ياخشى» دېدىم. ئاياللار ئىچىدە بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى بىلىش ئۈچۈن پال سالىدىغان بىر ئادەت بار: ئىككى پارچە قەغەزنىڭ بىرىگە ئەلى ياكى ھەسەن، يەنە بىرىگە فاتىمە دەپ يېزىپ، بۇ ئىككى پارچە قەغەزنى ئىككى كۆمىلاچ لايىنىڭ ئىچىگە قويۇپ، بۇ ئىككى كۆمىلاچ لايىنى بىر قاچا سۇنىڭ ئىچىگە سالىدۇ ۋە قايسىسى بۇرۇن ئېچىلسا، شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ، يەنى ئوغۇلنىڭ بۇرۇن ئېچىلسا ئوغۇل، قىزنىڭ بۇرۇن ئېچىلسا قىز بولىدۇ، دەيدۇ. شۇ بويىچە پال سالغانىدى، ئوغۇل چىقتى. بۇ بىر خۇش خەۋەر بولغىنى ئۈچۈن، دەرھال خەت يېزىپ ئەۋەتتۇق. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تەڭرى بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. خەۋەر كېلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن، بالا تۇغۇلۇش بىلەنلا ئانىسىنىڭ رازى بولۇش-بولماسلىقىغا قارىماي، بالىنى ئۆيىمىزگە ئەكىلىۋاپتۇ. تۇغۇت خەۋىرى بىھرەنى ئالغان ۋاقتىمىزدا كەلدى. بىز بۇنى ياخشىلىقتىن بېشارەت دەپ بىلىپ، بالىنىڭ ئېتىنى ھىندال قويدۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ماڭا ھەم ئىنى ھەم پەرزەنت بولدۇ].①

بۇ قارارگاھتا تۇرغىنىمىزدا ماندىش ۋىلايىتىدە جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە بىر تاش سۇپا ياسالدى. ئۇ يەرگە ئاق ئۆي ئالدىخانىسى بىلەن سىغدى. بۇ سۇپىنىڭ تاشلىرىنى بارلىق ئىچكىيلەر ۋە سىپاھىيلار توشۇدى.

يۇسۇف زەيى ئافغانلىرىدىن مەلىك سۇلەيمان شاھنىڭ ئوغلى

① چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان بۇ پارچە ھەيدەراباد نۇسخىسىدا يوق. ئۇ، قازان نۇسخىسىدىن ئېلىپ كىرگۈزۈلدى.

مەلىك شاھ مەنسۇر كېلىپ ساداقەت (ب 220) كۆرسەتمەكتە ئىدى. يۇسۇف زەيى ئۇلۇسىنىڭ ئىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىزى سورالغانىدى. بۇ قارارگاھتا ۋاقتىمىزدا شاھ مەنسۇرنىڭ قىزى بىلەن يۇسۇف زەيىنىڭ مېلى كېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. نامازشام ۋاقتىدا شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئولتۇرۇشقا سۇلتان ئەلائىددىنمۇ تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇنىڭغا خاس تون ئىنايەت بولدى.

ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزى — يەكشەنبە كۈنى كۆچۈپ كەھراج جىلغىسىدىن چىقىپ چۈشتۇق. شاھ مەنسۇرنىڭ ئىنىسى تاۋۇس خان يۇقىرىدا ئېيتىلغان جىيەننى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. بىسۇت ئېلىنىڭ بەجۇر قورغىنى بىلەن مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن، ئۇلارنى كۆچۈرۈپ بەجۇر قورغىنىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۇسۇف ئەلى بەكاۋۇل ماڭدۇرۇلدى. كابۇلدا قالغان چېرىكنىڭ كېلىشى ئۈچۈن پەرمان ئەۋەتىلدى.

سەپەر① ئېيىنىڭ ئۈچى — جۈمە كۈنى پەنج كۇرە سۇيى بىلەن بەجۇر سۇيى قوشۇلغان يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. ئاينىڭ بەشى — يەكشەنبە كۈنى بۇ يەردىن بەجۇرغا بېرىپ، خوجا كەلاننىڭ ئۆيىدە شاراب ئولتۇرۇشى قىلدۇق. ئاينىڭ يەتتىسى — سەيشەنبە كۈنى بەگلەرنى ۋە دىلەزاك ئافغانلىرىنىڭ چوڭلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش قىلدۇق. كېڭەش نەتىجىسىدە «يىل ئاخىرلىشىپ ھوتقا② بىر-ئىككى كۈن قالدى، دالىدىكى ئاشلىقلار يىغىلىپ بولدى، مۇنداق چاغدا سەۋادقا بارساق، چېرىك ئاشلىق تاپالماي قىينىلىدۇ (221)، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنباھەر ۋە پانىيالى يولى بىلەن مېڭىپ ھەشنەغەرنىڭ

---

① سەپەر — قەمەرىيە 2-ئاينىڭ نامى.
② ھۇت — كونا شەمسىيە كالېندارى بويىچە 12-ئاي.

يۇقىرى تەرىپىدە سەۋاد سۇيىدىن ئۆتۈپ، يۇسۇف زەيگە تەۋە سەنگۇر ماھۇرا ئۇدۇلىدىكى تۇزلەڭدە تۇرۇشلۇق يۇسۇف زەيى ۋە مۇھەممەد زەيى ئافغانلىرىنى چاپقۇن قىلىش كېرەك، كېلەر يىلى ئاشلىق ۋاقتىدا بالدۇرراق كېلىپ، بۇ ئافغانلارنىڭ ئىشىنى تۈپتىن ھەل قىلىش كېرەك» دېگەن قارارغا كەلدۇق. ئەتىسى چارشەنبە كۈنى سۇلتان ۋەيس بىلەن سۇلتان ئەلائىددىنغا ئات ۋە تون ئىنايەت قىلىپ، ئۇلارنى ۋەدىلەر بىلەن يولغا سالدۇق، بۇ يەردىن كۆچۈپ، بەجۇر ئۇدۇلىغا كېلىپ چۈشتۇق. شاھ مەنسۇرنىڭ قىزى سەپەردىن قايتقانغا قەدەر بەجۇر قورغىنىدا قالدۇرۇپ قويۇلدى.

ئەتىسى كۆچۈپ، خوجا خىزىردىن ئۆتۈپ چۈشتۇق. خوجا كەلاننىڭ قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت بەردۇق. ساراي يۈكى بىلەن ئارتۇق ھەربىي لازىمەتلىكلەر ۋە ئېغىر يۈكلەر كونەر يولى ئارقىلىق لەمغانغا ماڭدۇرۇلدى. ئەتىسى سەھەر كۆچۈپ، ئېغىر يۈك ۋە تۆگىلەرنى خوجا مىرمىران باشچىلىقىدا جۇرغاتۇ دەرۋازە يولى ۋە قاراكۇبە ئۆتكىلى ئارقىلىق ماڭدۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىمىز يەڭگىل ھالدا ئاتلىق تېز يۈرۈپ، ئەنباھەر ئۆتكىلىدىن ئېشىپ نامازدىگەردىن بۇرۇنراق پانىيالغا كېلىپ چۈشتۇق. ئۇغانبىردى بىلەن بىرنەچچە ئادەم پىل تۇتۇش ئۈچۈن ئىلگىرىگە ماڭدۇرۇلدى. ئافغانلار بىلەن ئارىمىز يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەتىگەن كۆچمىدۇق. ئاشۋاقتى مەزگىلىدە ئۇغانبىردى كەلدى، بىر ئافغاننى قولغا چۈشۈرۈپ بېشىنى كېسىپتۇ. (ب 221) يولدا كېلىۋېتىپ باشنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. كۆڭۈلگە يارىغۇدەك بىر تەھقىق خەۋەر كەلتۈرەلمىدى. چۈش مەزگىلىدە كۆچۈپ سەۋاد سۇيىدىن ئۆتۈپ نامازدىگەردىن بۇرۇنراق چۈشتۇق. ناماز خۇپتەندە ئاتلىنىپ تېز يۈردۇق. ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە قاراۋۇللۇققا ئەۋەتىلگەن رۇستەم

تۇركمەنى خەۋەر كەلتۇردى: ئافغانلار خەۋەردار بولۇپ قوزغىلىپتۇ. بىر بۆلۈك ئافغانلار تاغ يولى بىلەن كېتىۋېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تېخمۇ تېز ماڭدۇق. چاپقۇنچىلارنى ئايرىپ ئالدىغا ماڭغۇزدۇق. ئۇلار بېرىپ بىرقانچە ئافغاننىڭ كاللىسىنى كېسىپ، بىرمۇنچە ئەسىر ۋە كاللىلارنى كەلتۈردى. دىلەزاك ئافغانلىرىمۇ بىرمۇنچە باشلارنى كېسىپ كەلدى.

ئۇ يەردىن قايتىپ كاتلەك تەۋەسىگە چۈشتۇق. خوجامىر مىران باشلاپ كېلىۋاتقان ساراي يۈكى ئالدىغا خەۋەرچى ئەۋەتىلىپ، ئۇلارنىڭ مەقامدا بىزگە قوشۇلۇشى ئۇقتۇرۇلدى. ئەتىسى سەھەر كۆچۈپ، كاتلەك بىلەن مەقام ئارىسىغا چۈشتۇق. شاھ مەنسۇرنىڭ ئادەملىرى كەلدى. خۇسرەۋ كۆكەلداش بىلەن ئەھمەدى پەرۋانەچى بىر قىسىم ئادەم بىلەن ساراي يۈكى ئالدىغا ئەۋەتىلدى. ئاينىڭ ئون تۆتى — سەيشەنبە كۈنى مەقامغا چۈشكەندە ساراي يۈكى كېلىپ قوشۇلدى.

مۇشۇ ئوتتۇز-قىرىق يىلدىن بۇيان بۇ يەردە شەھباز قەلەندەر ئاتلىق بىردىنسىز بولغانىكەن، يۇسۇف زەيىنىڭ بىر قىسمى بىلەن دىلەزاكلارنىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ قەلەندەر دىنسىز قىلغانىكەن. مەقام تېغىنىڭ تۇمشۇقىدا پەسرەك بىر تاغ (222) بولۇپ، پۈتۈن تۈزلەڭگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان مەنزىرىلىك بىر ئېگىزلىك ئىكەن. شەھباز قەلەندەرنىڭ قەبرىسى شۇ يەردە ئىكەن. سەيلە قىلىپ كېلىپ، كۆزدىن كەچۈردۈم. مۇنداق ھاۋالىق يەر بىلەن دىنسىز قەلەندەرنىڭ قەبرىسىنىڭ نېمە ئالاقىسى بار، دەپ ئويلىدىم-دە، بۇيرۇق بەردىم، ئۇنى بۇزۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلدى. بۇ ئىنتايىن مەنزىرىلىك ھەم ھاۋالىق يەر بولغىنى ئۈچۈن، مەجۇن يەپ، ئۇ يەردە بىردەم تۇردۇق.

بەجۇردىن بېھرەگە يۈرۈش قىلىش نىيىتى بىلەن قايتقانىدۇق. كابۇلغا كەلگەندىن بېرى ھەمىشە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش خىيالىدا بولدۇق، لېكىن بەزى توسالغۇلار تۈپەيلى مۇمكىن بولمىدى. ئۈچ-تۆت ئاي داۋام قىلغان بەجۇر يۈرۈشىدىن چېرىكنىڭ قولىغا تۈزۈك بىر نەرسە چۈشمىدى. ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئىچىدىكى بېھرە يېقىن بولغىنى ئۈچۈن «دەرھال يەڭگىل يۈك بىلەن كىرسەك، چېرىكنىڭ قولىغا بىر ئاز بىر نەرسە چۈشسە» دېگەن ئويغا كەلدىم. مۇشۇ خىيال بىلەن بېرىپ، ئافغانلارنى چاپقۇن قىلىپ مەقامغا چۈشكەندە، ماڭا سادىق بولغان بەزىلەر: «ھىندىستانغا كىرمەكچى بولساق، پۇختىلىنىپ كىرەيلى. چېرىكنىڭ بىر قىسمى كابۇلدا قالدى، بىر قىسىم ئوبدان يىگىتلەرنى بەجۇردا قالدۇرۇپ قويدۇق. ئاتلىرى ئورۇق بولغانلىقتىن نۇرغۇن چېرىك لەمغانغا ياندى، بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭمۇ ئاتلىرى شۇنداق خارابكى، تېز ماڭسا بىر كۈنگىمۇ چىدىمايدۇ» دېيىشتى. بۇ سۆزلەر ئورۇنلۇق بولسىمۇ، لېكىن يولغا چىقىپ بولغانىدۇق، شۇڭا بۇ ئەھۋاللارغا قارىماي، ئەتىسى سەھەر (ب 222) ئاتلىنىپ، سىند سۈيىنىڭ كېچىكى تەرەپكە ماڭدۇق. سىند سۈيىنىڭ كېچىكىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن، مىرمۇھەممەد جالەبان بىلەن ئۇنىڭ ئاغا-ئىنىسى ۋە يەنە بىرقانچە يىگىتلەر دەريانىڭ يۇقىرى-تۆۋەن تەرەپلىرىگە ئەۋەتىلدى. ئوردۇنى دەريا تەرەپكە ماڭدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزۈم كەرگخانە دەپمۇ ئاتىلىدىغان سەۋاتى تەرىپىگە كەرگىدان ① ئوۋلاش ئۈچۈن باردىم. بىرنەچچە كەرگىدان كۆرۈندى، لېكىن ئورمان بەك قويۇق بولۇپ، ئورماندىن

① كەرگىدان — بىرخىل زور ھايۋان. ئەسلىي تېكىست بويىچە 275-بەتتە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ.

چىقماي قويدى. بىر موزايلىق كەرگىدان تۈزگە چىقىپ قېچىشقا باشلىدى، نۇرغۇن ئوق ئېتىلدى، ئۇ ئۆزىنى يېقىندىكى بىر ئورمانغا ئاتتى. ئورمانغا ئوت قويۇشتى. لېكىن ئۇ كەرگىدان كۆرۈنمىدى. باشقا بىر كەرگىدان موزىيى ئوتتا كۆيۈپ تېپىچەكلەشكە باشلىدى، ئۇنى بوغۇزلاپ، ھەركىشى بىر پارچىدىن ئېلىشتى. سەۋاتىدىن يېنىپ ئەتراپنى بىرمۇنچە ئارىلىغاندىن كېيىن، ناماز خۇپتەن مەزگىلىدە ئوردۇغا كەلدۇق. كېچىك كۆرگىلى كەتكەنلەر كېچىكنى كۆرۈپ قايتىپ كېلىپتۇ.

ئەتىسى، ئاينىڭ ئون ئالتىسى — پەيشەنبە كۈنى ئات، تۆگە ۋە يۈكلەر بىلەن كېچىكتىن ئۆتتۇق. ئوردۇ بازىرىنى، ياياقلارنى ۋە ئېشەكلەرنى سال بىلەن ئۆتكۈزدۇق. شۇ كۈنى كېچىك بېشىدىكى ۋاقتىمىزدا نىلابىلار بىر كېچىملىك ئات ۋە ئۈچ يۈز شاھرۇخى سوۋغا قىلىپ كۆرۈشتى. ھەممىيلەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى ناماز پېشىن بىلەن كۆچۈپ، يېرىم كېچىگىچە مېڭىپ، كەچەكۇت سۈيىگە يېقىن بىر يەرگە چۈشتۇق. ئۇ يەردىن سەھەر كۆچۈپ، كەچەكۇت سۈيىدىن ئۆتۈپ، چۈشكە يېقىن سەنگدەكى ئۆتكىلىدىن ئېشىپ (223) چۈشتۇق. سەيىد قاسىم ئېشىك ئاغا چاغداۋۇل ئىدى، كەينىمىزدىن كەلگەن گوجۇرلەرنى تۇتۇپ، بىرمۇنچە باشلارنى كېسىپ كەلتۈردى. سەنگدەكدىن سەھەر كۆچۈپ، ناماز پېشىندىن كەچ سۇھان سۈيىدىن ئۆتۈپ چۈشتۇق. چېرىكنىڭ كەينى يېرىم كېچىدە كېلىپ بولدى. ئىنتايىن ئۇزۇن كۆچ ئىدى، ئاتلارنىڭ مادارسىزلىقى ۋە ئورۇقلۇقى ناھايىتى ئېغىر بولدى، نۇرغۇن ئات يولدا قالدى.

بېھرەنىڭ يەتتە كورۇھ شىمالىدا بىرتاغ بار، بۇ تاغنى

«زەفەرنامە»دە ۋە باشقا بەزى كىتابلاردا «كۇھى جۇد» دەپ ئاتىلغان. بۇ تاغقا نېمە ئۈچۈن بۇ نام بېرىلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى مەلۇم ئەمەس ئىدى. كېيىن مەلۇم بولدى: بۇ تاغدا بىر ئاتا نەسلىدىن بولغان ئىككى قىسىم خەلق بولۇپ، بىر قىسمى «جۇد» دەپ، يەنە بىر قىسمى «جەنجۇھە» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ تاغدىكى ۋە ئىلاب بىلەن بېھرە ئارىسىدىكى قەبىلىلەرگە بۇلار قەدىمدىن ھاكىم بولۇپ كەلگەنىكەن. لېكىن بۇ دوستانە ۋە بۇرادەرانە بىر ھۆكۈمەت بولۇپ، خەلقتىن خالىغىنىچە بىر نەرسە ئالمايدىكەن. قەدىمدىن سېلىق يوسۇنلۇق بىرنەرسە بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ بېرىشى شۇ بەلگىلىمىدىن ئارتۇق يا كەم بولمايدىكەن. بۇ بەلگىلىمە مۇنداق ئىكەن: ئۆي بېشىغا بىر شاھرۇخى، جەمەت بېشىغا يەتتە شاھرۇخى بېرىدىكەن، چېرىككىمۇ بارىدىكەن، جۇدلار بىلەن جەنجۇھەلەرنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرقانچە تارماقلارغا بۆلۈنىدىكەن. بېھرەدىن يەتتە كۇرۇھ كېلىدىغان بۇ تاغ — كەشمىر تاغلىرىدىن بولغان ھىندۇكۇش تېغى بۇ (ب 223) تاغلارغا تۇتىشىدۇ — ئايرىلىپ چىقىپ غەربىي جەنۇب تەرەپكە سوزۇلۇپ، دىنكۇتنىڭ ئايىغدا سىند دەرياسىغا تاقىلىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ تاغنىڭ يېرىمىدا جۇدلار، يېرىمىدا جەنجۇھەلەر ياشايدۇ. بۇ تاغنى جۇدلار بىلەن باغلاپ، كۇھى جۇد دەپ ئاتاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر مۆتىۋەر چوڭى «راي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى ياكى ئوغلى «مەلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. جەنجۇھەلەر لەنگەر خاننىڭ تاغىلىرى بولىدۇ. سۇھان سۈيى تەۋەسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھاكىمىنىڭ ئېتى مەلىك ھەست ئىدى، بۇ يەردىكى «ھەست» ئەسلىدە «ئەسەد» بولغان. ھىندىستانلىقلار مۇنداق سۆزلەردە

كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلارنى بەزىدە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مەسىلەن «خەبەر» نى «خەبر» ئوقۇيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش «ئەسەد» سۆزى «ئەسد» ئوقۇلغان ۋە بارا-بارا «ھەست» بولۇپ قالغان.

قونالغۇغا چۈشۈپلا لەنگەر خاننى مەلىك ھەست جەنجۈھە قېشىغا ئەۋەتتۇق، تېز بېرىپ، ئۇنى ئىنايەت ۋە شەپقىتىمىزدىن ئۈمىدۋار قىلىپ، ناماز خۇپتەندە ئېلىپ كەلدى. ئۇ كېچىلىك بىر ئات ئېلىپ كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. يىگىرمە ئىككى-يىگىرمە ئۈچ ياشلاردا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كالا-قارىلىرى ئوردۇ ئەتراپىدىكى جايلاردا ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھەمىشە ھىندىستاننى ئېلىش كۆيىدا بولغىنىمىز ئۈچۈن، نەچچە مەھەل تۈركلەر تەسەررۇپىدا بولغان بېھرە، خوشاب، چاناب ۋە چەنۇت قاتارلىق بۇ ۋىلايەتلەرنى خۇددى ئۆز مۈلكىمىزدەك تەسەۋۋۇر قىلاتتۇق. ئۇلارنى زورلۇق بىلەن ياكى سۈلھ بىلەن ئۆز قولىمىزغا كىرگۈزۈشىمىزگە ئەمىن ئىدۇق. شۇ جەھەتتىن بۇ تاغ خەلقى بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋاجىپ ۋە لازىم ئىدى. (224) شۇڭا: «ھېچكىم ئۇلارنىڭ كالا-قارىلىرىغا، ھەتتا يىپ ئۈچى-يىڭنە سۇنۇقىغىچە بولغان نەرسىلىرىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىسۇن» دەپ پەرمان چىقاردۇق.

بۇ يەردىن سەھەر كۆچۈپ، پېشىن ۋاقتىدا كەلدەكەھارغا كېلىپ چۈشتۇق. ئەتراپ قويۇق ئېكىنزار ئىدى. بۇ كەلدەكە — ھار ئىنتايىن گۈزەل بىر جايدۇر. بېھرەدىن ئون كۈرۈھ يىراقلىقتا، جۇد تېغىنىڭ ئارىسىدا بىر تۈزلەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر كۆل بار ئىكەن. بۇ كۆل ئەتراپىتىكى تاغلاردىن چۈشكەن يامغۇر سۇلىرىنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغانىكەن. ئايلانمىسى ئۈچ

كۆرۈشقا يېقىن كېلىدۇ. شىمال تەرىپىدە ياخشى بىر ئوتلاق بار ئىكەن. غەرب تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا بىر بۇلاق بار ئىكەن. بۇ بۇلاق سۈيى كۆلگە يۈزلەنگەن تۆپىلەردە ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرگە باغى سەفا ناملىق بىر تاغ بىنا قىلدۇردۇم. ئىنتايىن خۇش هاۋا ھەم گۈزەل بىر جاي بولدى. تەپسىلاتى تۆۋەندە كەلگۈسىدۇر.

كەلدەكەھاردىن سەھەر ئاتلاندۇق. ھەمماتۇ ئۆتكىلىنىڭ بېشىدا يەرلىك خەلقتىن بىرقانچە كىشى ئازغىنە سوۋغا بىلەن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئابدۇرەھىم شىغاۋۇل بۇ كەلگەن ئادەملەر بىلەن بىللە بېھرەگە ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭغا بېھرە خەلقىنى مايىل قىلىشقا تىرىشىپ: «بۇ ۋىلايەتلەر قەدىمدىن بېرى تۈركلەرگە تەئەللۇق بولۇپ كەلگەن، ھەرگىزمۇ قورقۇش ۋە ئەندىشىگە يول بېرىپ، خەلقنى بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارمىسۇن، بۇ ۋىلايەت خەلقى بىلەن يېقىنلىقىمىز بار، تالان-تاراج ئىشلىرى كۆرۈلمەيدۇ» دەپ ئېيتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. ئاشۋاقتى مەزگىلىدە ئۆتكەل تۆۋىگە چۈشۈپ، (ب 224) قۇربان چەرخى ۋە ئابدۇلمۇلۇك ھەستى باشلىق يەتتە-سەككىز ئادەمنى خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئىلگىرىگە ماڭدۇردۇق. ئىلگىرى بارغانلاردىن مىر مۇھەممەد مەھدى خوجا بىر ئادەمنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەسنادا ئافغانلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرقانچىسى سوۋغىلار بىلەن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. بۇلار لەنگەرخان بىلەن بىرلىكتە خەلقنى مايىل قىلىش ئۈچۈن بېھرە ئېلىگە ئەۋەتىلدى. ئۆتكەلدىن ئېشىپ، جاڭگالدىن چىقىپ، ئۇلۇك قانات، سول قانات ۋە غول قىسىملىرى بويىچە سەپ تۈزۈپ، بېھرەگە قاراپ ماڭدۇق. بېھرەگە يېقىن بارغان چاغدا دەۋلەت خان يۇسۇف خەيلىنىڭ ئوغلى

ئەلى خاننىڭ ئادەملىرىدىن دىۋەھىندۇ بىلەن سەكتۇنىڭ ئوغلى بىھرەنىڭ ئەربابلىرى بىلەن بىللە كېلىپ، بىر ئات ھەدىيە قىلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ناماز پېشىن مەزگىلىدە بىھرە ئاھالىسىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەستىن بىھرەنىڭ شەرق تەرىپىدە بەھەت سۈيىنىڭ بويىدىكى بىر ئوتلاقتا چۈشتۇق.

تېمۇر بەگ ھىندىستانغا كىرىپ چىققاندىن بۇيان، بىھرە، خوشاب، چاناب ۋە چەنۇت قاتارلىق بىرقانچە ۋىلايەت تېمۇر بەگ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىدارىسىدە بولۇپ كەلگەنىدى. شاھرۇخ مىرزىنىڭ نەۋرىسى سۇيۇرغاتمىش مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد مىرزا — كابۇل ۋە زابۇل ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمىتى ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدا بولغىنى ئۈچۈن سۇلتان مەسئۇد كابۇلى دەپ ئاتالغان — يېتىشتۈرگەن كىشلەردىن مىرئەلى بەگنىڭ ئوغۇللىرى بابا كابۇلى، دەرياخان (225) ۋە كېيىن غازى خان دەپ ئاتالغان ئاپاق خانلار سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ ئوغلى ئەلى ئەسغەر مىرزىدىن كېيىن كابۇل، زابۇل ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھىندىستان ۋىلايەتلىرى ۋە پەرگەنەلىرىگە زورلۇق بىلەن ئىگە بولغانىدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا زامانىدا كابۇل بىلەن غەزنى بۇلارنىڭ ئىدارىسىدىن چىقتى، لېكىن ھىندىستاندىكى ۋىلايەتلەر بۇلارنىڭ قولىدا قالدى. توققۇز يۈز ئونىنچى يىلى①، يەنى مەن كابۇلغا دەسلەپ كەلگەن يىلى ھىندىستانغا كىرىش نىيىتى بىلەن خەيبەردىن ئۆتۈپ، پەرشاۋەرگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا باقى چەغانىيانىنىڭ سايە قىلىشى بىلەن تۆۋەنكى بەنگەش تەرىپىدىكى كۆھەتكە يۈرۈش قىلىپ، ئافغانىستاننىڭ نۇرغۇن

① مىلادىيە 1504-يىلى.

يەرلىرىنى قىرىپ-چېپىپ، بەنىۇ ۋە دەشتنى بۇلاپ-تالاپ، دۆكى يولى بىلەن چىققانىدۇق. ئۇ چاغدا بېھرە، خوشاب ۋە چاناب ھۆكۈمىتى مىرزائەلىنىڭ نەۋرىسى غازى خاننىڭ ئوغلى سەيىد ئەلى خانغا تەئەللۇق ئىدى. ئۇ ئىسكەندەر بەھلۇل نامىغا خۇتبە ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. ئۇ شۇ قېتىمقى يۈرۈشىمىزدىن گۇمانلىنىپ، بېھرەنى تاشلاپ، بەھەت سۇيىدىن ئۆتۈپ، بېھرە يېزىلىرىدىن شىركوتقا ماكانلاشقانىدى. بىر-ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن سەيىدئەلى خان بىلەن ئافغانلار يامانلاشتى. ئۇ ھەم مۇشۇ سەۋەبتىن قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ، بۇ ۋىلايەتلەرنى شۇ چاغدا لاھۇر ھاكىمى بولغان دەۋلەت خان تاتارخان يۈسۈف خەيلگە (ب 225) تاپشۇردى، دەۋلەت خان بېھرەنى چوڭ ئوغلى ئەلىخانغا بەرگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا بېھرە ئەلىخاننىڭ ئىدارىسىدە ئىدى. دەۋلەتخاننىڭ ئاتىسى تاتارخان چىقىپ ھىندىستاننى ئالغاندىن كېيىن بەھلۇلنى پادىشاھ قىلغان ئالتە-يەتتە سەردارنىڭ بىرى ئىدى. سەتلۇچ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تاتار خاندا ئىدى. بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ كىرىمى ئۈچ كۇرۇردىن① كۆپرەك بولىدۇ. تاتارخان ئۆلگەندىن كېيىن، سۇلتان ئىسكەندەر پادىشاھلىقى بۇ ۋىلايەتلەرنى تاتارخاننىڭ ئەۋلادىدىن ئالغانىدى. مەن كابۇلغا كېلىشتىن بىر-ئىككى يىل بۇرۇن يالغۇز لاھۇرنى دەۋلەت خانغا بەگەرىدى.

ئەتىسى بەزى مۇناسىپ يەرلەرگە چاپقۇنچىلار ئەۋەتىلدى. شۇ كۈنى بېھرەنى ئارىلىدىم. سەنگۇرخان جەنجۇھە شۇ كۈنى

① كۇرۇر — ھىندىستاندا قوللىنىلىدىغان سان. بىر كۇرۇر = 100 لەك = 10000000

كېلىپ، ئات ھەدىيە قىلىپ مۇلازىمەتتە بولدى. ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى — چارشەنبە كۈنى بېھرەنىڭ كاتتىلىرى بىلەن سودىگەرلىرىنى چاقىرىپ، تۆت يۈزمىڭ شاھرۇخى مالى ئامان① ئېلىشنى قارارلاشتۇرۇپ، سېلىق يىغقۇچى بەگلەرنى بەلگىلىدۇق. يەنە ئاتلىنىپ سەيلە قىلدۇق ۋە كېمىگە چۈشۈپ مەجۇن يېدۇق. بېھرە ۋە خوشابتا ئولتۇرۇشلۇق بەلۇچلارغا ھەيدەر ئەلەمدار ئەۋەتىلگەنىدى. پەيشەنبە كۈنى سەھەردە ئۇلار بادام چېچەكى رەڭلىك بىر نەسىللىك ئاتنى ھەدىيە قىلىپ مۇلازىمەتتە بولدى. چېرىكنىڭ بېھرە ئاھالىسىگە يولسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى قاقتى-سوقتى قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئەرز قىلىشتى. (226) ئادەم ئەۋەتىپ، يولسىزلىق قىلغانلارنىڭ بەزىلىرىنى ياساقتا تارتقۇزدۇم، بەزىلىرىنى بۇرنىدىن تەشتۈرۈپ، ئوردۇدا سازايى قىلدۇردۇم. جۈمە كۈنى خوشاب ئاھالىسىدىن ئەرز كەلدى. شاھ شۇجائ ئارغۇننىڭ ئوغلى شاھ ھەسەن خوشابقا بېرىشقا بەلگىلەندى. ئاينىڭ يىگىرمە بەشى— شەنبە كۈنى شاھ ھەسەن خوشابقا ماڭدۇرۇلدى. يەكشەنبە كۈنى شۇنداق يامغۇر ياغدىكى، تۈز يەرلەرنىڭ ھەممىسى سۇ ئاستىدا قالدى، بېھرە بىلەن ئوردۇ چۈشكەن باغلار ئارىسىدا ئازغىنە سۇ بار ئىدى. پېشىن ۋاقتىغىچە ئۇنىڭ كەڭلىكى چوڭ بىردەرىيادەك بولدى. بېھرەگە يېقىن بىر ئوق ئېتىمچە يەردە كېچىك يوق بولۇپ، ئات ئۈزدۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. پېشىندىن كېيىن، يىغىلغان سۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئاتلاندىم. يېغىن ۋە چاپقۇن شۇنداق بولدىكى، ئوردۇغا قايتىپ كېلىش ۋەھىملىك بولۇپ قالدى. پېشىندىن كەچرەك شۇ يىغىلغان سۇدىن ئاتنى

① مالى ئامان — قۇتۇلۇش بەدىلى. ئامانلىق بەدىلى.

ئۈزدۈرۈپ ئۆتتۈم جەڭچىلەرنىمۇ قورقۇنچ باستى. كۆپچىلىكى چېدىر ۋە ئېغىر يۈكلىرىنى تاشلاپ، ساۋۇت ۋە ياراغلىرىنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ، ياۋىداق ئاتلارنى ئۈزدۈرۈپ ئۆتتى. تۈز يەرلەرنىڭ ھەممىسى سۇ ئاستىدا قالغانىدى. تاڭ سەھەردە كېمىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، چېرىكنىڭ كۆپچىلىكى چېدىر ۋە يۈكلىرىنى كېمە بىلەن ئۆتكۈزدى. چۈشكە يېقىن قۇچ بەگنىڭ ئادەملىرى سۇنىڭ بىر شەرئى يۇقىرىسىغا چىقىپ كېچىك تاپتى. قالغان چېرىك كېچىك بىلەن ئۆتتى.

جەھانىنەما دېيىلىدىغان بېھرە قورغىنىنىڭ ئىچىدە (ب 226) بىر كۈن تۇرۇپ، سەيشەنبە ئەتىگەنلىكى كۆچتۇق، يامغۇر ۋە سەلنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن بېھرەنىڭ شىمال تەرىپىدىكى دۆڭلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشتۇق.

ۋەدە قىلىنغان پۇلنى بېرىشتە پەرۋاسىزلىق كۆرۈلدى. ۋىلايەتنى تۆت قىسىمغا ئايرىپ، بەگلەرگە بۇ پۇلنى تىرىشىپ پۈتكۈزۈش بۇيرۇقى بېرىلدى. بىر قىسمىغا خەلىفە، بىر قىسمىغا قۇچ، بىر قىسمىغا ناسىر، بىر قىسمىغا سەيىد قاسىم بىلەن مۇھىب ئەلى مەسئۇل قىلىندى. تۈركلەر ئولتۇرۇشلۇق ۋىلايەتلەرنى ئۆزىمىزنىڭ دەپ ھېسابلىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇ يەرلەر تالان-تاراج قىلىنمىدى.

كىشىلەر ئىچىدە، ئەگەر سۇلھ بىلەن ئەلچى ئەۋەتىلسە، تۈركلەرگە تەئەللۇق ۋىلايەتلەرنى بېرىشنى رەت قىلمايدۇ، دېگەن گەپلەر بار ئىدى. رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ تۇنجى پەيشەنبە كۈنى موللا مۇرشىدنى ئاتىسى سۇلتان ئىسكەندەر مۇندىن بەش-ئالتە ئاي بۇرۇن ئۆلۈپ، ھىندىستان سەلتەنىتىنى قولىغا ئالغان سۇلتان ئىبراھىم قېشىغا ئەلچىلىككە بېرىشقا تەيىنلەپ، ئۇنىڭدىن بىر قارچىغا ئەۋەتىپ، قەدىمدىن تۈركلەرگە تەئەللۇق بولۇپ كەلگەن

ۋىلايەتلەرنى تەلەپ قىلدۇق. دەۋلەت خانغا ۋە سۇلتان ئىبراھىمغا يېزىلغان خەتلەرنى تاپشۇرۇپ، ئاغزاكى سۆزلەرنىمۇ ئېيتىپ، موللا مۇرشىدنى يولغا سالدۇق.

بۇ ھىندىستان ئېلى، بولۇپمۇ ئافغانلار تولىمۇ ئەخمەق ۋە راي-تەدبىرسىز كېلىدىكەن. ئۇلار دۈشمەنلىك كويىدا بولۇشنىمۇ، دوستلۇق يولىنى (227) تۇتۇشنىمۇ بىلەلمىدى. بارغان كىشىمىزنى دەۋلەت خان بىرقانچە كۈن لاھۇردا ساقلىتىپ، ئۆزىمۇ كۆرۈشمىدى، ئىبراھىمنىڭ قېشىغىمۇ ئېلىپ بارمىدى. بارغان كىشىمىز ھېچ جاۋاب ئالالماي، نەچچە ئايدىن كېيىن كابۇلغا كەلدى.

ئاينىڭ سەككىزى — جۈمە كۈنى تېخىچە تۆفەك ئاتقۇچى بولۇپ كېلىۋاتقان شەيىاق پىيادە بىلەن دەرۋىش ئەلى پىيادە كابۇلدىن ئەرز-ھال خەتلىرى كەلتۈرۈپ، ھىندالنىڭ تۇغۇلغان خەۋىرىنىمۇ يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر ھىندىنىڭ ئېلىنىشى ۋاقتىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى خاسىيەتلىك بىلىپ، بالىنىڭ ئېتىنى «ھىندال» قويدۇم. قەنبەر بەگمۇ بەلختىن مۇھەممەد زامان مىرزىنىڭ ئەرز-ھال خېتىنى ئېلىپ كەلدى.

ئەتىسى دىۋان تارقىغاندىن كېيىن، سەيلە قىلىشقا ماڭدۇق ۋە بىر كېمىگە چۈشۈپ ھاراق ئىچتۇق. بۇ ئولتۇرۇشتا خوجا دوست خاۋەند، خۇسرەۋ مىرىم، مىرزا قۇلى، مۇھەممەدى، ئەھمەد، گەدايى، نۇئمان، لەنگەرخان، رۇھدەم، قاسىم ئەلى تىرياكى، يۇسۇف ئەلى ۋە تەڭرى قۇللار بار ئىدى. كېمىنىڭ باش تەرىپىگە بىر تالار① ياسالغان بولۇپ، ئۈستى تەكشى ئىدى. مەن بىرقانچە كىشى بىلەن مۇشۇ يەردە

① تالار — خانا، زال، شىپاڭ.

ئولتۇردۇم. بىرقانچە كىشى تالارنىڭ ئاستىدا ئولتۇردى. كېيىنىڭ قويرۇق تەرىپىدىمۇ ئولتۇرىدىغان يەر بار ئىدى. مۇھەممەدى، گەدايى، نۇئمانلار شۇ يەردە ئولتۇردى. نامازدىگەرگىچە هاراق ئىچتۇق. هاراقنىڭ ناچارلىقىدىن بىزار بولۇپ، بۇ تەرەپتىكىلەر مەسلىھەت بىلەن مەجۇن يېيىشكە كۆچتۇق. كېيىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكىلەر بىزنىڭ مەجۇن يېگىنىمىزنى (ب 227) بىلمەي، هاراق ئىچىش بىلەنلا بولدى. كېيىن ناماز خۇپتەندە ئاتلىنىپ، كەچ ئوردۇغا كەلدۇق. مۇھەممەدى بىلەن گەدايى مېنى هاراق ئىچكۈسى بار، دەپ ئويلاپ، ياخشى بىر خىزمەت كۆرسەتكۈلىرى كېلىپ، هاراق كوزىسىنى ئات ئۈستىدە نۆۋەت بىلەن كۆتۈرۈشۈپ ئەكىلىپتۇ، ئۇلار خۇشاللىق بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە: «مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە كوزىنى ئۆزىمىز نۆۋەت بىلەن كۆتۈرۈپ كەلدۇق» دېدى. كېيىن سۆھبەت ۋە كەيپنىڭ باشقا-باشقا بولىدىغانلىقىنى ئوقتۇردى. بىر تەرەپتە مەجۇن يېيىلدى، يەنە بىر تەرەپتە ئىچىملىك ئىچىلدى. مەجۇن سۆھبىتى بىلەن شاراب سۆھبىتى هەرگىز بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدۇ، شۇڭا كەيپىيات ناهايىتى كۆڭۈلسىز بولدى. مەن: «سۆھبەتنى بۇزماڭلار، مەجۇننى خالىغانلار مەجۇن يېسۇن، هاراقنى خالىغانلار هاراق ئىچسۇن، ھېچكىم باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلمىسۇن» دېدىم. بەزىلەر هاراق ئىچتى، بەزىلەر مەجۇن يېدى. سۆھبەت بىر مەزگىل تەكەللۇپ بىلەن داۋام قىلدى. باباجان قەنبۇزى سۆھبەتتە يوق ئىدى. ئاق ئۆيگە كەلگىنىمىزدە ئۇنى چاقىرتىۋالدۇق. ئۇنىڭ هاراققا كۆڭلى تارتتى. تۇردى مۇھەممەد قىپچاقنىمۇ چاقىرىپ مەستلەر بىلەن هەمسۆھبەت

قىلدۇق. مەجۇن سۆھبىتى بىلەن ھاراق ياكى شاراب سۆھبىتى ھەرگىز بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىن يامان گەپلەر چىقىشقا باشلىدى. ھۇجۇم كۆپرەك مەجۇنگە ۋە مەجۇن يېگۈچىلەرگە قارىتىلدى. باباجانمۇ مەست بولۇپ، نۇرغۇن يامان گەپلەرنى قىلدى. تۇردى مۇھەممەدنىمۇ مەستلەر كەينى-كەينىلەپ قەدەھ تۇتۇپ، بىردەمدە مەست قىلدى، ھەرقانچە سايە قىلىپ باقساقمۇ (228) پايدا بەرمىدى. كەيپىيات بەك ناچارلاشتى، ئولتۇرۇشنىڭ مەززىسى قالمىدى، ئاخىر كىشىلەر ھەر تەرەپكە تارقاشتى.

ئاينىڭ بەشى — شەنبە كۈنى بېھرەنى ھىندۇ بەگكە بەردۇق. سەيشەنبە كۈنى چاناب ۋىلايىتىنى ھۆسەيىن ئىكرەككە ئىنايەت قىلىپ، ئۇنى چانابقا ماڭدۇردۇق. بۇ ئەسنادا سەيىد ئەلى خاننىڭ مىنۇچېھر دېگەن ئوغلى كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇ ھىندىستاندىن يۇقىرىقى يول بىلەن بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىۋاتقاندا تاتار كەكەرگە يولۇقىدۇ. تاتار كەكەر ئۇنى ماڭدۇرماي، قىزىنى بېرىپ ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شۇ تاتار كەكەرنىڭ قېشىدا ئىدى.

نىلاب بىلەن بېھرە تاغلىرى ئارىسىدا جۇد ۋە جەنجۇھە قەبىلىلىرىدىن باشقا، ئۇنىڭ كەشمىر تاغلىرىغا تۇتاش يەرلىرىدە جەت، گۈجۈر تائىپىلىرىگە مەنسۇپ نۇرغۇن خەلقلەر بار. ئۇلار جىلغىلاردا ۋە ئېگىزلىكلەردە مەھەللە بولۇپ ئولتۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھاكىم ۋە چوڭلىرى كەكەر قەبىلىسىدۇر. بۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىمۇ جۇد ۋە جەنجۇھەلەرنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئوخشايدۇ. بۇ تاغ ئېتەكلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئۇ چاغدا بىر ئاتىدىن بولغان تاتار كەكەر

بىلەن ھاتى كەكەرنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلار بىر نەۋرە ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم يەرلىرى يار ۋە قىيالىقلاردۇر. تاتارنىڭ تۇرىدىغان يېرىنىڭ ئېتى پىرالە بولۇپ، قارلىق تاغدىن كۆپ تۆۋەندە ئىدى. ھاتىنىڭ ۋىلايىتى تاغقا تۇتاش ئىدى ۋە بابۇخان (ب 228) بىسۇتقا تەئەللۇق بولغان كالەنجەرنىمۇ ھاتى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋالغانىدى. تاتار كەكەر دەۋلەت خانىنىڭ ئالدىغا باراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغاندەك تەرزدە ئىدى. ھاتى بولسا بارمايتتى ۋە پىتنە-پاساتلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. تاتار ھىندىستان بەگلىرىنىڭ سۆزى ۋە ئىتتىپاقى بىلەن كېلىپ، ھاتىنى يىراقتىن مۇھاسىرە قىلغاندەك بىر ھالەتتە تۇرغانىدى. بىز بېھرەدە تۇرغان مەزگىلدە، ھاتى ئوۋ قىلىش باھانىسى بىلەن تۇيۇقسىز تاتارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ۋىلايىتىنى ھەم خۇتۇنلىرىنى قولغا چۈشۈردى.

ناماز پېشىن مەزگىلدە سەيلىگە ئاتلىنىپ، بىر كېمىگە چۈشۈپ ھاراق ئىچتۇق. بۇ ئولتۇرۇشقا دوست بەگ، مىرزا قۇلى، ئەھمەدى، گەدايى، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ ئەسەس، ئۇغانبېردى موغۇل ۋە نەغمىچىلەردىن روھدەم، باباجان، قاسىم ئەلى، يۈسۈف ئەلى، تەڭرى قۇلى، ئەبۇلقاسىم ۋە رەمزان لۇلىلار قاتناشتى. ناماز خۇپتەنگىچە كېمىدە ئىچىپ مەست بولۇپ، خۇپتەن مەزگىلدە كېمىدىن چۈشۈپ، ئاتقا مىنىپ، قولۇمغا مەشئەل ئېلىپ، دەريا ياقىلاپ ئوردۇغىچە بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇ ياققا قىڭغىيىپ ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىپتىمەن. قاتتىق مەست ئىكەنمەن، قولۇمغا مەشئەل ئېلىپ، ئوردۇغىچە ئات چاپتۇرۇپ كەلگىنىمنى ئەتىسى سۆزلەپ بېرىشتى، پەقەتلا ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن كۆپ ياندۇرۇپتىمەن.

جۇمە كۈنى سەيلىگە ئاتلىنىپ، كېمە بىلەن سۇدىن ئۆتتۇق.
ئۇ تەرەپتىكى باغلارنى، گۈللۈكلەرنى ۋە شېكەر قومۇشى تېرىلغان
يەرلەرنى سەيلە قىلدۇق، سوغا ۋە چاقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ،
سۇنىڭ قانداق تارتىپ چىقىرىلىدىغانلىقىنى سورىدۇق (229) ۋە
ئۆزىمىزمۇ سۇ تارتىپ باقتۇق. سەيلە جەريانىدا مەجۇن يېيىشتۇق،
ئۇ يەردىن قايتىپ كېمىگە چۈشتۇق. مىنۇچىھر خانىمۇ مەجۇن
بېرىلگەنىدى، ئۇنىڭغا مەجۇن شۇنداق تەسىر قىلدىكى، ئىككى
كىشى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا لەڭگەر
تاشلاپ بىردەم تۇردۇق. ئاندىن سۇنىڭ تۆۋىنىگە باردۇق. بىر
ئازدىن كېيىن كېمىنى يەنە سۇ يۇقىرىسىغا تارتتۇردۇق. ئۇ كېچىسى
كېمىدىلا ئۇخلاپ سەھەرگە يېقىن ئوردۇغا كەلدۇق. رەبىيەلئەۋۋەل
ئېيىنىڭ ئونى — شەنبە كۈنى قۇياش ھەمەل بۇرجىغا كىردى①.
بۇ كۈنى پېشىن ۋاقتىدا سەيلىگە ئاتلىنىپ، كېمىگە چۈشۈپ ھاراق
ئىچتۇق. ئولتۇرۇشقا خوجا دوست خاۋەند، دوست بەگ، مىرىم،
مىرزا قۇلى، مۇھەممەدى، ئەھمەدى، يۇنۇس ئەلى، مۇھەممەد
ئەلى جەڭ-جەڭ، گەدايى تاغايى، مىرخۇرد ئەسەس ۋە
نەغمىچىلەردىن رۇھدەم، باباجان، قاسىم، يۇسۇف ئەلى، تەڭرى
قۇلى، رەمەزانلار قاتناشتى. دەريانىڭ بىر تارمىقىغا كىرىپ، بىر
مەزگىل سۇ تۆۋىنىگە ماڭغاندىن كېيىن قىرغاققا چىقىپ، كەچ ئوردۇغا
كەلدۇق. شۇ كۈنى شاھ ھەسەن (ھۆسەين) خوشابتىن كەلدى.
ئەلچى ئەۋەتىپ، قەدىمدىن تۈركلەرگە تەئەللۇق بولۇپ كەلگەن
ۋىلايەتلەرنى تەلەپ قىلىپ، يارىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمىز

① قۇياشنىڭ ھەمەل بۇرجىغا كىرىشى كونا شەمسىيە كالېندارى بويىچە 1-ئاينى كۆرسىتىدۇ.

ئۇچۇن، سېلىق قىلىپ بەلگىلەنگەن پۇلمۇ قولىمىزغا تەگدى.

ئىسسىق يېقىنلاشتى. ھىندۇبەگكە ياردەمچى قىلىپ شاھ مۇھەممەد مۆھۈردار بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى دوست مۆھۈردارنى ۋە بەزى مۇناسىۋەتلىك يىگىتلەرنى ئايرىپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا (ب 229) يەر ۋە ۋەجىھنى بەلگىلەپ بەردۇق. بۇ يۈرۈشكە تەشەببۇسكار بولغان لەڭگەرخانغا خوشابنى ئىنايەت قىلىپ تۇغ بەردۇق ۋە ئۇنىمۇ ھىندۇبەگنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ بەلگىلىدۇق. بېھرەدىكى تۈرك ۋە يەرلىك سىپاھىيلارنىڭمۇ ۋەجھ ۋە مائاشلىرىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىمۇ ھىندۇبەگكە ياردەمچى قىلدۇق. بۇلارنىڭ بىرى يۇقىرىدا نامى ئېيتىلغان مىنۇچىھرخان ئىدى، يەنە بىرى نەزەر ئەلى تۈرك بولۇپ، مىنۇچىھرخاننىڭ تۇغقىنى ئىدى، يەنە بىرى مەلىك ھەست جەنجۇھە ئىدى.

ۋىلايەت ئىشىنى يارىشىش ئۈمىدى بىلەن شۇنداق بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون بىرى — يەكشەنبە كۈنى بېھرەدىن چىقىپ كابۇلغا قاراپ ماڭدۇق. كەلدەكە ھارغا كېلىپ چۈشتۇق. ئۇ كۈنىمۇ قاتتىق يامغۇر ياغدى. يامغۇرلۇقى بارلار بىلەن يامغۇرلۇقى يوقلارنىڭ پەرقى قالمىدى. ئوردۇنىڭ كەينى خۇپتەندە كېلىپ بولدى. بۇ يەر ۋە بۇ مەملىكەتنىڭ يەر-سۇ ئەھۋالىنى بىلىدىغانلار، بولۇپمۇ كەكەرلەرنىڭ قەدىمىي دۈشمىنى بولغان جەنجۇھەلەر ئەرز قىلىپ: «بۇ يەردىكى يامان ئادەملەرنىڭ بىرى ھاتى كەكەردۇر، يولنى توسايدىغىنىمۇ شۇ، ئەلنى بۇزىدىغىنىمۇ شۇ. شۇنداق قىلىش كېرەككى، ئۇ، ئۇ يەردىن كەتسۇن ياكى ئوبدان بىر ئەدىبىنى يېسۇن» دېيىشتى. ئەتىسى مۇشۇ مەسلىھەتكە بىنائەن خوجا مىر مىران بىلەن مىرىم ناسىرنى

ئوردۇدا قىلىشقا بەلگىلىدۇق، ئۆزىمىز چاشگاھ بىلەن ئوردۇدىن ئايرىلىپ، مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە تاتارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ۋىلايىتى پىرالەنى ئالغان ۋە ئۇ يەردە يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلىۋاتقان ھاتى كەكەرگە قارشى (230) تېز يۈرۈش قىلدۇق. نامازدىگەردە بىر يەرگە چۈشۈپ، ئاتلارغا بوغۇز بېرىپ، ناماز خۇپتەندە ئۇ يەردىن قوزغالدۇق. مەلىك ھەسجىتنىڭ گۇجۇرلۇك سۇرپا دېگەن بىر نۆكىرى بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز ئىدى. كېچىدە يولدىن ئېزىپ قېلىپ، سەھەرگە يېقىن بىر يەرگە چۈشتۇق. مۇھەممەد موغۇلنى ئوردۇغا قايتۇردۇق. كۈن يورىغاندا يەنە ئاتلاندۇق. چاشگاھ مەزگىلىدە ساۋۇت كىيىپ، يۈرۈشنى تېزلەتتۇق. بىر شەرئى قالغاندا پىرالەنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئىلگىرىگە چاپقۇنچىلار ماڭدۇرۇلدى. ئوڭ قانات قىسمىدىكى قۇچ بەگ پىرالەنىڭ شەرق تەرىپىگە باردى. ئوڭ قانات قىسمىنىڭ كەينىدىن ياردەمچىلەر ماڭدۇرۇلدى. سول قانات قىسىم بىلەن غول قىسىم ئادەملىرى پىرالەنىڭ ئۈستىگىلا بېسىپ باردى. دوست بەگ پىرالەگە ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ كەينىدىن ياردەمگە ئەۋەتىلدى.

پىرالە تىك يارلارنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەرگە بارىدىغان ئىككى يول بار. بىرى بىز كەلگەن يول بولۇپ، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن كېلىدۇ. بۇ يول ئىككى تەرىپى ھاڭ بولغان تىك يار ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. بۇ يولنىڭ پىرالە دەرۋازىسىغىچە بولغان يېرىم كۇرۇھ قىسمىنىڭ تۆت-بەش يېرىدە يول پەقەت بىردىن-بىردىنلا مېڭىشقا بولىدىغان دەرىجىدە تارلىشىپ كېتىدۇ ۋە بىر ئوق ئېتىمى كېلىدىغان يەرگىچە ئايلىنىپ-ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر يولى غەربىي شىمال تەرەپتىن كېلىدۇ، بۇ يول كەڭ بىر جىلغا

ئىچى بىلەن كېلىپ پىرالەگە چىقىدۇ. بۇ يولمۇ بىردىن-بىردىن ئۆتۈشكىلا بولىدىغان دەرىجىدە تار. بۇ ئىككى يولدىن باشقا ھېچبىر تەرەپتىن كېلىدىغان يول يوق. سېپىل ۋە كۈنگۈرىلىرى① بولمىسىمۇ، لېكىن بۆسۈپ كىرگۈدەك يېرىمۇ يوق ئىدى. ئەتراپى يەتتە سەككىز ياكى ئون قارى كېلىدىغان (ب 230) تىك يار ئىدى.

ئالدى بىلەن سول قانات قىسىم تارچۇقلاردىن ئۆتۈپ دەرۋازىغا تاقىلىپ باردى. ھاتى ئوتتۇز-قىرىققىچە ساۋۇتلۇق ئاتلىقلىرى ۋە نۇرغۇن ياياقلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ چاپقۇنچىلارنى چېكىندۇردى. چاپقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن ياردەمگە بارغان دوست بەگ يېتىپ بېرىپ، ياخشى ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى يىقىتىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ھاتى كەكەر ئۇ تەرەپتە باتۇرلۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ھەرقانچە كۈچەپمۇ تەڭ كېلەلمەي ئاخىر قاچتى. ئۇ، بۇ تارچۇقلاردا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قورغىنىغا يېتىپ بېرىپ ئۇنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى، چاپقۇنچىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇلىشىپلا قورغانغا كىردى ۋە پىرالە قورغىنىنىڭ تارچۇق ۋە ھاڭلىرىدىن غەربىي شىمال تەرەپكە چاپتى. ھاتى يالغۇز قېچىپ چىقتى. دوست بەگ بۇ يەردىمۇ ناھايىتى ياخشى جەڭ قىلدى. شۇڭا باتۇرلۇق ئۇلۇشى دوست بەگكە بېرىلدى. مەن دەرھال پىرالە قورغىنىغا كىرىپ تاتارنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشتۈم. چاپقۇنچىلار چاپقۇنغا ماڭغاندا، مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەردىن-مۇ بەزىلەر چاپقۇنغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلاردىن ئەمىن مۇھەممەد تارخان ئارغۇن بىلەن قاراچە مۇشۇ سەۋەبتىن سۇرپا ئاتلىق گۈجۈرلۈك يولباشلىغۇچى بىلەن بىللە ئوردۇنىڭ ئالدىغا

① كۈنگۈرە — سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى ئوق ئاتىدىغان تۆشۈكلەر.

بىرىش ئۈچۈن كېيىمسىز ھالدا چۆلگە ماڭدۇرۇلدى.

ئەتىسى غەربىي شىمال تەرەپتىكى يارلاردىن ئۆتۈپ ئېكىنزارغا چۈشتۇق. ۋەلى خەزانەچى بىرقانچە ئوبدان يىگىتلەر بىلەن بىرلىكتە ئوردۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلدى. ئايىنىڭ ئون بەشى — پەيشەنبە كۈنى ئۇ يەردىن كۆچۈپ سۇھان سۇيىنىڭ ياقىسىدىكى ئەندەرابەگە چۈشتۇق. (231). بۇ ئەندەرابە قورغىنى قەدىمدىن بېرى مەلىك ھەستىنىڭ ئاتىسىغا تەئەللۇق بولۇپ كەلگەنىكەن. ھاتى كەكەر ھەستىنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن خاراب بولۇپتۇ. شۇ چاغدىمۇ بىر خارابە ئىدى. كەلدەكە ھاردا قالغان ئوردۇ شۇ كۈنى ناماز خۇپتەندە كېلىپ قوشۇلدى. ھاتى بىز تاتارنى ئالغان چاغدا پەرپەت ئاتلىق بىر تۇغقىنىنى بىر كېچىملىك ئات ۋە باشقا سوۋغىلار بىلەن مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتكەنىكەن، ئۇ بىزنى ئۇچرىتالماي، كەينىمىزدە قالغان ئوردۇغا يولۇقۇپ، ساراي يۈكى بىلەن بىللە كەلدى ۋە سوۋغىلىرىنى تەقدىم قىلىپ مۇلازىمەتتە بولدى. لەڭگەرخانمۇ بەزى مۇھىم ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بېھرەدىن ساراي يۈكى بىلەن بىللە كەلگەنىدى. بۇ ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بەزى يەرلىك كىشلەر بىلەن بىرلىكتە بېھرەگە كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلدى. ئۇ يەردىن كۆچۈپ سۇھان سۇيىدىن ئۆتۈپ بىر ئېگىزلىككە چۈشتۇق. ھاتىنىڭ توغقىنى پەرپەتكە تون كىيدۇرۇپ، ھاتىغا قارىتا جەلپ قىلىش پەرمانلىرىنى يېزىپ، ئۇنى مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭنىڭ بىر نۆكىرى بىلەن بىللە ماڭدۇردۇق.

ھۇمايۇننىڭ بابا دوست بىلەن ھەلاھىل باشلىق بىرقانچە نۆكىرى ھۇمايۇنغا بېرىلگەن نىلابقا ۋە قارلۇق ھەزارەسىگە دورغىلىققا كەلگەنىدى. سەنگەر قارلۇق بىلەن مىرزا مەلۋى قارلۇق باشلىق

ئوتتۇز-قىرىقچە كىشى قارلۇق چوققىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بىر كېچىلىك ئات سوۋغا قىلىپ مۇلازىمەتتە بولدى. دىلەزەك ئافغانلىرىنىڭمۇ چېرىكى كەلدى. ئەتىسى بۇ يەردىن كۆچۈپ، ئىككى شەرئىي يول مېڭىپلا چۈشتۇق. بىر دۆڭگە چىقىپ ئوردۇنى كۆزدىن كەچۈردۈم. (ب 231) ئوردۇدىكى تۆگىلەرنى ساناپ بېقىشنى بۇيرۇدۇم. بەش يۈز يەتمىش تۆگە بار ئىكەن.

سۇمبۇل دەرىخىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان، بۇ يۇرتتا ئۇنى كۆردۇق. بۇ تاغ ئېتىكىدە سۇمبۇل دەرىخى ئاز، بىرەر-بىرەر ئۇچراپ قالىدۇ. ئىچكىرىرەك، ھىندىستان تاغ ئېتەكلىرىدە سۇمبۇل دەرىخى بەك كۆپ بولىدۇ ھەم ناھايىتى يوغان بولىدۇ. تەپسىلاتى ھىندىستاننىڭ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرى بايان قىلىنغاندا مەلۇم بولغۇسىدۇر.

بۇ يەردىن ناغرا ۋاقتى بىلەن كۆچۈپ، ئاشۋاقتى مەزگىلىدە سەگداكى ئۆتكىلىنىڭ تۈۋىگە چۈشتۇق ۋە پېشىن ۋاقتىدا ئۇ يەردىن كۆچۈپ، ئۆتكەل ۋە دەريادىن ئۆتۈپ بىر ئېگىزلىككە چۈشتۇق. يېرىم كېچىدە ئۇ يەردىن كۆچۈپ، بىھرەگە بېرىشىمىزدا ئۆتكەن كېچىكىنى كۆرۈشكە بارغانىدۇق، قارىساق، كېچىكتە يوغان بىر ئاشلىق سالى لايغا پېتىپ تۇرۇپ قېلىپتۇ. ئىگىلىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى تەۋرىتەلمەي تۇرغانىكەن، بۇ ئاشلىقنى ئېلىپ ئادەملىرىمىزگە تەقسىم قىلىپ بەردۇق. بۇ دەل ۋاقتىدا قولغا چۈشكەن ئاشلىق ئىدى. چۈشكە يېقىن كابۇل سۈيى بىلەن سىند سۈيى قوشۇلغان يەردىن تۆۋەنرەك، كونا نىلابتىن يۇقىرىراق ئىككى سۇنىڭ ئارىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. نىلابتىن ئالتە كېمە ئېلىپ كېلىنىپ، ئوڭ قانات، سول قانات ۋە غول قىسىملارغا بۆلۈپ بېرىلدى ھەم شۇ زامان دەريادىن ئۆتۈش باشلاندى ۋە بىز كەلگەن دۈشەنبە كۈنىدىن باشلاپ، سەيشەنبە كېچىسى،

سەيشەنبە كۈنى ۋە چارشەنبە كۈنگىچە داۋاملاشتى، پەيشەنبە كۈنىمۇ ئاز بىرقىسىم كىشى دەريادىن ئۆتتى.

ئەندەرابە تەۋەسىدە مۇھەممەد ئەلى (232) جەڭ-جەڭنىڭ نۆكىرى بىلەن بىللە ھاتىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگەن ھاتىنىڭ تۇغقىنى پەرپەت سۇ ياقىسىدا تۇرغىنىمىزدا ھاتى سوۋغا قىلغان بىر كېچىملىك ئاتنى ئېلىپ كەلدى. نىلابلىقلارمۇ بىر كېچىملىك ئاتنى سوۋغا قىلىپ مۇلازىمەتتە بولدى. مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ بېھرەدە تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بېھرە ھىندۇبەگكە ئىنايەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بېھرە بىلەن سىند دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋىلايەتلەر، مەسىلەن، قارلۇق ھەزارەسى، ھاتى، غىياس ئەل ۋە كىب (كتب) قاتارلىق خەلقلەر مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭگە ئىنايەت قىلىندى. رەئىيەتلىكنى قوبۇل قىلغانلار رەئىيەتلىك قىلسۇن. ئەگەر ھەرقانداق بىر ۋىلايەت بويسۇنمىسا،

ھەركىمكى بويۇننى قويماسە ئانى نېتكەي،
چاپقاي، تالاغاي، مۇتىئۇ مۇنقاد ئېتكەي.

(بىركىم باش ئەگمىسە، ئۇنى نېمە قىلسۇن؟ چاپسۇن، تالىسۇن، بويسۇندىغان قىلسۇن)

بۇ ئىنايەتلەردىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭگە قارا مەخمەلدىن ئىشلەنگەن مەخسۇس باش كىيىم ۋە بىر قالماقچە ساۋۇت تەقدىم قىلدىم. تۇغ ھەم ئىنايەت بولدى. ھاتىنىڭ تۇغقىنىغا رۇخسەت بېرىلىپ، ھاتىغا بىر قىلىچ، بىر قۇر كېيىم ۋە جەلپ قىلىش پەرمانلىرى ئەۋەتىلدى.

پەيشەنبە كۈنى كۈن چىقىشىغا سۇ ياقىسىدىن كۆچتۇق. بۇ كۈنى مەجۇن يەپ، چىرايلىق گۈلزارنى تاماشا (ب 232) قىلدۇق.

پارچە-پارچە يەرلەردە توپ-توپ سۆسۈن رەڭ گۈللەر ئېچىلغانىدى. بەزى يەرلەردە بولسا خۇددى چىچۋەتكەندەك ئارىلاش ئېچىلىپتۇ. ئوردۇغا يېقىن جايدىكى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ گۈلزارنى تاماشا قىلدۇق. بۇ دۆڭنىڭ ئالتە تەرىپىدە خۇددى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك بىر يەردە سېرىق، بىر يەردە سۆسۈن گۈللەر قاتار-قاتار ۋە ئالتە بۇرجەك شەكلىدە ئېچىلىپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپتە گۈل ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. كۆز يەتكۈدەك يەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق گۈلزار ئىدى. پەرشاۋەر تەۋەسىدە باھار مەزگىلىدە ياخشى گۈلزارلار بولىدۇ.

سەھەر ۋاقتىدا بۇ قونالغۇدىن كۆچتۇق. كېلىۋاتقىنىمىزدا دەريا ياقىسىدىن بىر يولۋاس ئېتىلىپ چىقتى. ئاتلار يولۋاسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن ئۈركۈپ ھەر تەرەپكە چېپىپ، يار ۋە ئويمانلارغا ئۆزلىرىنى ئاتتى. يولۋاس قايتىپ ئورمانغا كىرىپ كەتتى. ئورمانغا سۇ كالىسى كىرگۈزۈپ يولۋاسنى چىقىرىڭلار، دەپ بۇيرۇدۇم. يولۋاس يەنە ئېتىلىپ چىقتى. تەرەپ-تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئوق ئېتىلدى، مەنمۇ ئوق ئاتتىم، خالۋى پىيادە نەيزە تىقماقچى بولغانىدى، يولۋاس نەيزىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ سۇندۇرۇۋەتتى. كۆپ يېرىگە ئوق تەگكەن يولۋاس چاتقالغا يۆلىنىپ تۇراتتى، قىلىچىنى چىقىرىپ يېقىنلاشقان بابا ياساۋۇل يولۋاس ئېتىلىدىغان چاغدا بېشىغا چاپتى. كەينىدىنلا ئەلى سىستارى بېلىگە چاپتى. يولۋاس ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى، ئۇنى سۇدا ئۆلتۈرۈشتى، سۇدىن چىقىرىپ تېرىسىنى سويۇۋېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدۇم.

ئەتىسى كۆچۈپ، بىگرامغا بېرىپ، كۈرەكەترىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. ئىبادەتخانا ھۇجرىسىدەك تار ھەم قاراڭغۇ ئۆي ئىكەن. ئىشىكتىن

كىرىپ، ئىككى-ئۈچ پەلەمپەيدىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۆزىراپ يېتىپ كىرىشكە توغرا كېلىدىكەن. شامسىز كىرىپ بولمايدىكەن. ئۆيىنىڭ ئىچىدە چۈشۈرۈلگەن چاچ-ساقاللار ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. بۇ (233) كۈرەكەترى ئەتراپىدا مەدرىس ۋە سارايي ھۇجرىلىرىغا ئوخشايدىغان ھۇجرىلار كۆپ ئىكەن. كابۇلغا دەسلەپ كەلگەن يىلى كۈھەت، بەننۇ ۋە دەشتنى چاپقۇن قىلىپ، بىگرامنى ۋە يوغان بىر دەرەخنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمدە، كۈرەكەترىنى كۆرەلمەي ئارماندا قالغاندىم، ئانچە ئارمان قىلىپ كەتكۈدەك يەر ئەمەس ئىكەن.

شۇ كۈنى شەيخىم مىرشكار باقىقان بىر ياخشى قۇشۇم يوقالدى. تۇرنا ۋە لەگلەكلەرنى ناھايىتى ياخشى ئالاتتى. ئىككى-ئۈچ قېتىم تۈلىگەن قۇش ئىدى. شۇنداق ياخشى ئالاتتىكى، مېنىڭدەك ھەۋەسسىز بىر ئادەمنىمۇ قۇشچى قىلىپ قويغانىدى.

مەلىك بۇخان، مەلىك مۇسا باشلىق دىلەزەك ئافغانلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن ئالتە كىشىگە ھىندىستان سوۋغىتى سۈپىتىدە يۈز مىسقالدىن كۈمۈش، بىردىن تون، ئۈچتىن ئۈي، بىردىن سۇ كالىسى بەردۇق. باشقىلىرىغىمۇ ئەھۋاللىرىغا يارىشا پۇل، رەخ، ئۈي، سۇ كالىسى ئىنايەت قىلىندى. ئەلى مەسجىدقا چۈشكىنىمىزدە دىلەزەك ياقۇب خەيلدىن مەئرۇف ئاتلىق بىرى ئون قوي، ئىككى ئېشەك گۈرۈچ، يوغان سەككىز پارچە پىشلاق سوۋغا قىلدى.

ئەلى مەسجىدتىن يەدەبىرگە كېلىپ چۈشتۇق، ئۇ يەردىن مېڭىپ، پېشىن ۋاقتىدا جۈيشاھىغا كېلىپ چۈشتۇق. شۇ كۈنى دوست بەگ قاتتىق قىزىتمىغا دۇچار بولدى. جۈيشاھىدىن سەھەر كۆچۈپ، باغى ۋەفادا چۈشلۈك غىزا يېدۇق ۋە پېشىن ۋاقتىدا ئۇ يەردىن قوزغالدۇق. گەندەمەكنىڭ سىياھئابىدىن ئۆتۈپ، شام ۋاقتىدا بىر

ئوتلاقتا كېلىپ، ئاتلارنى تويغۇزۇپ، بىر ئازدىن كېيىن ئاتلاندۇق. سۇرخئابتىن ئۆتۈپ، (ب 233)كەركلە چۈشۈپ ئۇخلىدۇق. تاڭ ئاتمايلا كەركتىن ئاتلاندۇق. قاراتۇ يولى ئايرىلىدىغان يەردە، بەش-ئالتە ئادەم بىلەن بىللە قاراتۇدا بىنا قىلىنغان باغنى كۆرۈشكە باردىم. خەلفە، شاھ ھەسەن بەگ ۋە باشقا بەگلەر قورۇق سايدا مېنى ساقلىماقچى بولۇپ، توغرا كېتىۋەردى. قاراتۇغا يەتكەن ۋاقتىمىزدا شاھ بەگ ئارغۇننىڭ قىزىل دېگەن خەۋەرچىسى شاھ بەگنىڭ كاھاننى ئېلىپ، بۇلاپ-تالاپ قايتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ھېچكىمنىڭ ئالدىن خەۋەر بەرمەسلىكى توغرۇلۇق پەرمان چىقىرىلغانىدى. پېشىن مەزگىلىدە كابۇلغا يېتىپ كەلدۇق. بىز قۇتلۇق قەدەم كۆۋرۈكىگە كەلگۈچە ھېچكىم خەۋەردار بولمىدى. كېيىن ھۇمايۇن بىلەن كامران خەۋەر تېپىپ، ئات مىنىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي، خىزمەتكارلىرىغا كۆتۈرتۈپ، شەھەر دەرۋازىسى بىلەن ئەرك دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. نامازدىگەردە قاسىم بەگ، شەھەر قازىسى ۋە كابۇلدا قالغان مۇلازىم ۋە ئەربابلار كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى.

رەبىيەلئەۋۋەل① ئېيىنىڭ بىرى — جۈمە كۈنى نامازدىگەردە شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. شاھ ھەسەنگە بىر قۇر كىيىمنى ئىنايەت قىلدىم. شەنبە كۈنى كېچىگە چۈشۈپ سەبۇھى قىلدۇق②. نۇربەگ بۇ ئولتۇرۇشتا ئۇد③ چالدى. ئۇ چاغدا تېخى تايىب ئەمەس ئىدى. پېشىندا كېچىدىن چىقىپ گۈلكىنە بىلەن تاغ

① بۇيەردە «رەبىيەلئاخىر» شۇنداق يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

② سەبۇھى قىلماق — سەھەردە شاراب ئىچمەك.

③ بىرخىل چالغۇ.

ئارىسدىكى باغنى سەيلە قىلىپ، نامازدىگەردە باغى بەنەفشەگە كېلىپ شاراب ئىچتۇق. نامازشامدا گۈلكىنە تەرەپتىكى سىپىلدىن چىقىپ، ئەرككە قايتىپ كەلدىم.

ئاينىڭ بەشى — سەيشەنبە كېچىسى، يولدا (234) قاتتىق قىزىتما كېسىلىگە ئۇچرىغان دوست بەگ تەگرى رەھمىتىگە باردى، بۇنىڭغا قاتتىق قايغۇردۇق. دوست بەگنىڭ جەسىتىنى غەزنىگە ئېلىپ بېرىپ، سۇلتان رەۋزەسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قويدى. دوست بەگ ئىنتايىن ياخشى يىگىت ئىدى، بەگلىك مەرتىۋىسىدە داۋاملىق ئۆسۈۋاتاتتى. بەگ بولۇشتىن بۇرۇن ئىچكىي بولۇپ تۇرغىنىدىلا بىرقانچە قېتىم چوڭ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەنىدى، جۈملىدىن، بىر قېتىم ئەندىجاندىن بىر يىغاچ يىراقلىقتىكى رەباتى زەۋرەققە سۇلتان ئەھمەد تەنبەل كېچىلىك ھۇجۇم ياسىدى، مەن ئون-ئون بەش كىشى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىپ، ئۇنى چېكىندۈرۈپ، ئۇنىڭ غول قىسمىغا قارشى بارغىنىمدا، تەنبەل يۈزچە ئادەم بىلەن بىزگە تاقابىل تۇردى. ئۇ چاغدا مېنىڭ قېشىمدا ئۈچ ئادەم قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى دوست ناسىر، بىرى مىرزا قۇلى كۆكەلداش، بىرى كەرىمداد ئىدى. قولۇمدا ئوقيا بار ئىدى. تەنبەل بىر ئادىمى بىلەن سەپنىڭ بىر ئاز ئالدىدا تۇراتتى. مەن تەنبەل بىلەن روبىرو بولدۇم ۋە بىر ئوق ئېتىپ، ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىغا تەگكۈزدۇم، ئارقىدىنلا يەنە بىر ئوق ئاتتىم، بۇ ئوق ئۇنىڭ قالقىنىنى تېشىپ، ئۇنى سادىقىغا مىخلاپ قويدى. ئۇ پۇتۇمغا بىر ئوق ئېتىپ، بېشىمغا قىلىچ چاپتى، بېشىمدا دوبۇلغا بار ئىدى، ئاجايىپ بىر ئىشكى، ئۇنىڭ بىرتال سىممۇ ئۈزۈلمىدى. لېكىن بېشىم ئېغىر يارىلاندى. ماڭا ھېچكىمدىن ياردەم بولمىدى، يېنىمدا ئادەممۇ

يوق ئىدى. ئېتمنىڭ بېشنى بۇراشقا مەجبۇر بولدۇم. مېنىڭ بىر ئاز كەينىمدە دوست بەگ بار ئىدى. دۈشمەن مەندىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپتۇ. يەنە بىر قېتىم، (ب 234) ئاخىسدىن چىققان ۋاقتىمىزدا باقى خىز بىلەن قىلىچلاشتى، باقى «خىز» دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن قىلىچقا پۇختا ئىدى. مەن ئاخىسدىن چىقىپ، سەككىز ئادەم بىلەن قالغىنىمدىمۇ ئۇ مېنىڭ بىللە ئىدى. دۈشمەن ئىككى ئادەمدىن كېيىن ئۇنى يىقىتقانىدى. بەگ بولغاندىن كېيىن، سۈيۈنچۈك خان سۇلتانلار بىلەن بىللە تاشكەندتە ئەھمەد قاسىمنى مۇھاسىرە قىلغاندا، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىچكىرىگە كىردى. مۇھاسىرە جەريانىدا پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلدى. ئەھمەد قاسىم بۇلارغا خەۋەر قىلماي، تاشكەندنى تاشلاپ چىقتى. شۇ چاغدىمۇ خانلار بىلەن سۇلتانلارنى يېڭىپ، تاشكەندتىن چىقىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. كېيىن، شىرىم تاغايى، مەزىد ۋە ئۇلارنىڭ قېشىدىكىلەر ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئۇ غەزنىدىن ئىككى-ئۈچ يۈز ئادەم بىلەن تېز يۈرۈپ كەلدى، بۇ چاغدا بۇ موغۇللار ئوبدان يىگىتلىرىدىن ئۈچ-تۆت يۈز كىشىنى ئۇنىڭغا قارشى ئەۋەتتى. ئۇ شىروكان تەۋەسىدە بۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، نۇرغۇننى قولغا چۈشۈرۈپ، بىرمۇنچىسىنىڭ بېشنى كېسىپ ئېلىپ كەلدى. بەجۇر قورغىنىنى ئالغاندىمۇ دوست بەگنىڭ ئادەملىرى ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ بېرىپ سېپىلغا چىقتى. پىرالەدىمۇ دوست بەگ ئالدىدا مېڭىپ، ھاتىنى يېڭىپ قاچۇردى ۋە پىرالە ئېلىندى. دوست بەگنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋىلايىتىنى ئۇنىڭ ئىنىسى مىرىم ناسىرغا ئىنايەت قىلدىم.

رەبىيەلئاخىر ئېيىنىڭ سەككىزى — جۈمە كۈنى قورغاندىن چارباغقا چىقتۇق. ئاينىڭ ئون ئىككىسى — سەيشەنبە كۈنى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ چوڭ قىزى، مۇھەممەد سۇلتان مىرزىنىڭ ئانىسى سۇلتانىم بېگىم كابۇلغا كەلدى، ئۇ، بۇ قېتىمقى پەترەتتە خارەزمگە كەتكەندى. يولبارس (235) سۇلتاننىڭ ئىنىسى ئىسەن قۇلى سۇلتان سۇلتانىم بېگىمنىڭ قىزىنى ئالغاندى. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن باغى خىلۋەت بەلگىلەپ بېرىلدى. ئۇلار شۇ باغقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مەن بېرىپ كۆرۈشتۈم. ئۇ ئېگىچە بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت يۈزىسىدىن يۈكۈندۈم، ئۇ ياقمۇ يۈكۈندى، ھەر ئىككىمىز مېڭىپ كېلىپ، ئوتتۇرىدا كۆرۈشتۇق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇشۇ قائىدىگە رىئايە قىلىنىدىغان بولدى.

ئاينىڭ ئون بەتتىسى — يەكشەنبە كۈنى ئۆزۈمدىن بىرى قاماقتا ياتقان نانكور باباشەيخنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ قاماقتىن چىقاردۇق ھەم كىيىم ئىنئام قىلدۇق. ئاينىڭ ئون توققۇزى — سەيشەنبە كۈنى چۈش مەزگىلىدە خوجاسەياران تەرەپكە ئاتلاندۇق. بۇ كۈنى روزا تۇتقانىدىم. يۇنۇس ئەلى ۋە باشقىلار تەئەججۈپلىنىپ: « سەيشەنبە كۈنى سەيلىگە چىقىش ۋە يەنە روزا تۇتۇش — بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش » دېيىشتى. بېھزادقا كېلىپ، قازىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. كېچىسى ئولتۇرۇش بولدى. قازى: « مېنىڭ ئۆيۈمدە مۇنداق ئىشلار بولۇپ باقمىغان، لېكىن پادىشاھ ھاكىمدۇر » دەپ ئەرز-ھال ئېيتتى. ئولتۇرۇش كېرەكلىكلىرى تەييار بولغان بولسىمۇ، لېكىن قازىنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن ئىچىملىك ئىچىلمىدى. چارشەنبە كۈنى خوجاسەيارانغا باردۇق. ئاينىڭ يىگىرمە بىرى — پەيشەنبە كۈنى باغ ياسالغان تاغنىڭ تۇمشۇقىغا يوغان بىر تۆرۈك سۇپا ياساتتۇق. جۈمە كۈنى كۆۋرۈكتىن سالغا چۈشتۇق. ئوۋچىلارنىڭ

ئۆيلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئۇۋچىلار يېڭى تۇتۇۋالغان دىلى دېگەن قۇشنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى. مۇندىن بۇرۇن دىلىنى كۆرۈپ باقمىغان. (ب 235) كۆرۈنۈشى غەيرىي بىر خىل قۇش ئىكەن. تەپسىلاتى ھىندىستان ھايۋانلىرى بايان قىلىنغاندا سۆزلىنىدۇ.

ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى — شەنبە كۈنى تۆرۈك سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىنار، سۆگەت دەرەخلىرى تىكىلدى. پېشىن مەزگىلىدە شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئەتىسى سەھەر مۇشۇ يېڭى سۇپىنىڭ ئۈستىدە سەبۇھى قىلدۇق. چۈشتىن كېيىن ئاتلىنىپ كابۇلغا ماڭدۇق. خوجا ھەسەنگە كېلىپ، مەستلىكتە بىردەم ئۇخلىۋالدۇق. خوجا ھەسەندىن ئاتلىنىپ يېرىم كېچىدە چارباغقا كەلدۇق. خوجا ھەسەندە ۋاقتىمىزدا ئابدۇللا مەستلىكتە كىيىملىرى بىلەنلا ئۆزىنى سۇغا ئاتقانىدى. بىز ئۇ يەردىن مېڭىپ كەچ بولغاندا سوغۇقتا توڭلاپ بولالماي، قۇتلۇق خوجىنىڭ قورۇقىدا قونۇپ، ئەتىسى ئالدىنقى كۈنى قىلغان شاللاقلىقىغا تەۋبە قىلىپ قايتىپ كەلدى. مەن: «بۇ تەۋبەڭگە يا ئەمەل قىلالايسەن يا ئەمەل قىلالمايسەن، مېنىڭچە، مېنىڭ ئولتۇرۇشۇمدىن باشقا يەردە ئىچمەسلىككە تەۋبە قىل» دېدىم. بۇنىڭغا ماقۇل بولدى ۋە بىرنەچچە ئاي ئەمەل قىلىپ، كېيىن بۇزۇۋەتتى.

ئاينىڭ يىگىرمە بەشى — دۈشەنبە كۈنى ھىندۇبەگ كابۇلغا كەلدى. بىز بېھرە ۋە شۇ ۋىلايەتلەردە سۇلھنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، ئۇنى قابىلىيەتسىزلىكىگە قارىماي، شۇ يەردە قويۇپ كەلگەنىدۇق. بىزنىڭ كېتىشىمىزگە، نۇرغۇن ئافغان ۋە ھىندىستانلىقلار توپلىنىپ، سۇلھ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، بىزنى ۋە سۆزلىرىمىزنى كۆزگە ئىلماي ھىندۇبەگكە قارشى بېھرەگە يۈرۈش قىلىپتۇ.

يەرلىكلەرمۇ ئافغانلار تەرەپكە ئۆتۈپتۇ. ھىندۇبەگ بېھرەدە تۇرالماي،
خوشابقا كېلىپ، دىنكوت ۋىلايىتىنىڭ ئىچى بىلەن نىلابقا كېلىپ
(236)، ئۇ يەردىن كابۇلغا كېلىپتۇ. سىكتۇنىڭ ئوغلى دىۋە ھىندۇ
بىلەن يەنە بىر ھىندۇ بېھرەدىن تۇتۇپ كېلىنگەنىدى. ھەر بىرىگە
مۇھىم ئىشلار تاپشۇرۇلۇپ قويۇۋېتىلدى. بۇ ھىندۇلارغا ئات، كىيىم-كې-
چەك ئىنئام قىلىنىپ ئۇلارنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلدى.

ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزى — جۈمە كۈنى مېنى قىزىتما كېسەللى
تۇتتى. قان ئالدۇردۇم. كۈن ئارىلاپ، بەزەن ئىككى كۈن، بەزەن
ئۈچ كۈن ئارىلاپ بىر قىزاتتىم، ھەر بىر قىزىغىنىمدا تەرلەپ
سۇغا چىلانمىغۇچە قىزىتما قايتمايتتى. ئون-ئون ئىككى كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن موللا خاجەگا نەرگىس بىلەن شارابنى ئارىلاشتۇرۇپ بەردى،
بىر-ئىككى قېتىم ئىچتىم، پايدا قىلمىدى. جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ
ئون بەشى — يەكشەنبە كۈنى خوجا مۇھەممەد ئەلى خاستىن
كەلدى، بىر ئېگەرلىك ئات سوۋغا قىلىپ، تەسەددۇق ئۈچۈن
تەڭگىمۇ ئېلىپ كەلدى. مۇھەممەد شەرىف مۇنەججىم ۋە خاست
مىرزادىلىرىمۇ خوجا مۇھەممەد ئەلى بىلەن بىللە مۇلازىمەت قىلدى.
ئەتىسى — دۈشەنبە كۈنى موللا كەبىر كاشغەردىن كەلدى.
ئەندجان ۋىلايىتىدىن چىقىپ، كاشغەر بىلەن ئايلىنىپ كابۇلغا
كېلىپتۇ. ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى — دۈشەنبە كۈنى مەلىك شاھ
مەنسۇر يۈسۈف زەيى يۈسۈف زەيىنىڭ چوڭلىرىدىن ئالتە-يەتتە
كىشى بىلەن بىللە سەۋادتىن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. جەما-
دىيەلئاخىر ئېيىنىڭ بىرى — دۈشەنبە كۈنى شاھ مەنسۇر باشلىق
يۈسۈف زەيى ئافغانلىرىنىڭ چوڭلىرىغا تون ئىنايەت قىلىنىپ، شاھ
مەنسۇرگە ساۋۇت ۋە تۈگمىلىك قۇماش تون، بىرىگە كەنجازىلىق

بىر قوْماش تون، قالغان ئالتە كىشىگە بىردىن قوْماش تون كىيدۈرۈلدى ۋە ئۇلارنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت بېرىلدى. ئەبۇدە (ئەنۇهە) دىن يۇقىرى سەۋاد ۋىلايىتىگە دەخلى قىلماسلىقى، پۈتۈن پۇقرانى (ب 236) ئاردىن چىقىرىشى، بەلجۇر ۋە سەۋادتا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئافغانلارنىڭ دىۋانىغا ئالتەمىڭ خەرۋار ئاشلىق تاپشۇرۇشى قارار قىلىندى.

ئاينىڭ ئۈچى — چارشەنبە كۈنى سۇرگە ئىچتىم، كېيىن يەنە ئىككى كۈن سۇرگە ئىچتىم. ئاينىڭ ئالتىسى — شەنبە كۈنى توختىتىش دورىسى ئىچتىم.

ئاينىڭ سەككىزى — دۈشەنبە كۈنى قاسىم بەگنىڭ كىچىك ئوغلى ھەمزەگە ماقۇل قىلىنغان خەلىفىنىڭ چوڭ قىزىنىڭ تويلۇقى كىردى. تويلۇق مىڭ شاھرۇخى ئىدى، بىر ئېگەرلىك ئاتمۇ بار ئىدى. سەيشەنبە كۈنى شاھ ھەسەن بەگ شاراب ئۇلتۇرۇشى ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت سوراپ، خوجا مۇھەممەد ئەلى باشلىق بەزى بەگلەر بىلەن ئىچكىلەرنى ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. يۇنۇس ئەلى بىلەن گەدايى مېنىڭ قېشىمدا ئىدى. مەن تېخى شارابتىن پەرھىز قىلاتتىم. ئۆزۈم ھوشيار ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ شاراب ئىچكىنىنى، ئۆزۈم ساق ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ مەست بولغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. مەن: «كېلىڭلار، مېنىڭ يېنىمدا ئىچىڭلار، بىردەم تاماشا قىلاي، ساقلار بىلەن مەستلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي» دېدىم. چىنار باغنىڭ ئىشىكىگە سالدۇرغان سۇرەتخانىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرەپىگە كىچىكرەك بىر ئاق ئۆي تىكىلگەن بولۇپ، بەزىدە شۇ ئۆيدە بولاتتىم. ئولتۇرۇش شۇ يەردە بولدى. كېيىن غىياس قىزىقچىمۇ كەلدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم چاقچاق تەرىقىسىدە ئولتۇرۇشتىن

ھەيدىلىشكە ھۆكۈم قىلىندى. ئاخىر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىپ، شۇ قىزىقچىلىقى بىلەن ئۆلتۈرۈشتا قالدى. تۆردى مۇھەممەد قىپچاق بىلەن موللا كىتابدارنىمۇ ئۆلتۈرۈشقا چاقىردۇق. شاھ ھەسەن بىلەن (237) ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئۆلتۈرۈش ئەھلىگە مۇنۇ ھازىر جاۋاب رۇبائىي يېزىپ ئەۋەتىلدى:

ئەھبابكى بەزمىدە گۈلۈستانى ھۆسنۈنتۇر،
يوق لىك ئالار بەزمىدە بىزگە دەستۇر.
ئول جەمئىدە گەر ھۇزۇرى جەمئىيەت بار،
يۈز شۈكۈر بۇ جەمئى بىھۇزۇر ئېرمەستۇر.

(بەزمىدىكى دوستلار گۈزەللىك گۈلۈستانىدۇر، ياق، ئۇلار بەزمىدە بىزگە دەستۇردۇر. دەرۋەقە، ئۇ جامائەت ھۇزۇر قىلماقتا، يۈز شۈكۈركى، بۇ جامائەتمۇ ھۇزۇرسىز ئەمەستۇر) بۇ رۇبائىي ئىبراھىم چۆھرىدىن ئەۋەتىلدى. دىگەر بىلەن شام ئارىلىقىدا ئۆلتۈرۈش ئەھلى مەست بولۇپ تارقاشتى.

كېسەل بولغان كۈنلىرىمدە بىر ياققا بارسام، تەختىراۋاندا كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئارىلاشما شاراب ئىچىپ پايدا قىلمىغاندىن كېيىن ئىچمىگەنىدىم. ئەسلىمگە كېلىش كۈنلىرىنىڭ ئاخىرىدا شىپالىق چىمەنزارنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئۆلتۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇپ، ئارىلاشما شاراب ئىچتىم.

ئاينىڭ ئون ئىككىسى — جۈمە كۈنى بەجۇردا ياردەمچى قىلىپ قالدۇرۇلغان ئەھمەد بەگ بىلەن سۇلتان مۇھەممەد دولداي كەلدى. ئاينىڭ ئون يەتتىسى — چارشەنبە كۈنى تەڭرىبەردى بىرقىسىم بەگ ۋە يىگىتلەرنى ھەيدەر تەقىنىڭ بېغىغا چاقىرىپ سۆھبەت ئۇيۇشتۇردى. مەنمۇ شۇ سۆھبەتكە قاتنىشىپ شاراب

ئىچتىم. ناماز خۇپتەندە ئۇ يەردىن كېلىپ، چوڭ ئاق ئۆيدىمۇ ئىچتۇق.

ئاينىڭ يىگىرمە بەشى — پەيشەنبە كۈنى موللا مەھمۇد قېشىدا ئىسلام قانۇنى ئوقۇش قارار قىلىندى. ئاينىڭ ئاخىرى — سەيشەنبە كۈنى شاھ شۇجائ ئارغۇننىڭ قېشىدىن ئەبۇلمۇسلىم ئەلچىلىككە كەلدى، سوۋغا ئۈچۈن بىر نەسىللىك ئات ئېلىپ كېلىپتۇ. شۇ كۈنى يۇسۇف ئەلى رىكابدار چىنار باغدىكى كۆلدە سۇ ئۈزۈپ كۆلنى يۈز قېتىم ئايلاندى. ئۇنىڭغا بىرقۇر كىيىم، ئېگەرلىك ئات ۋە كۈمۈش تەڭگە ئىنئام قىلىندى. رەجەپ ئېيىنىڭ سەككىزى — چارشەنبە كۈنى شاھ ھەسەننىڭ ئۆيىگە (ب 237) بېرىپ ئىچتىم. بەگلەر بىلەن ئىچكىيلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىللە بولدى. ئاينىڭ ئون بىرى — شەنبە كۈنى ئولتۇرۇش بار ئىدى. نامازدىگەر بىلەن شام ئارىلىقىدا چوڭ كەپتەرخانىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىچتۇق. كەچرەق بىرقانچە ئاتلىق كىشى دىھ ئافغان تەرەپتىن كېلىدىغان يول بىلەن كېلىپ شەھەر تەرەپكە ماڭدى. ئۇقساق، دەرۋىش مۇھەممەد ساربان ئىكەن، مىرزا خاننىڭ قېشىدىن ئەلچىلىككە كەلگەنىكەن. تام ئۈستىدىن چاقىرىۋالدۇق. «رەسمىيەت بىلەن ئەلچىلىك قىلىشنى قويۇپ تۇر، تەكەللۇپسىز كەل» دېدۇق. دەرۋىش مۇھەممەد كېلىپ ئولتۇرۇشقا قاتناشتى. بىراق تەۋبە قىلغانلىقى ئۈچۈن شاراب ئىچمەيتتى. بۇ يەردە يېرىم كېچىگىچە ئىچىلدى. ئەتىسى دىۋاندا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا، دەرۋىش مۇھەممەد رەسمىيەت بويىچە كېلىپ، مىرزى خان ئەۋەتكەن سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى.

ئۆتكەن يىلى ئۇ تەرەپتىكى ئەيماقلارنى مىڭ جاپا ۋە كۆپ

ۋەدىلەر بىلەن كۆچۈرۈپ كابۇلغا كەلتۈرگەندۇق. كابۇل كىچىك بىر يەر. ئەيماق ۋە تۈركلەرنىڭ كالا-قارىلىرىغا يېتەرلىك قىشلاق ۋە يايلاق چىقمايدۇ. كۆچمەن خەلقنى ئۆز خاھىشىغا قويسا، ھەرگىز كابۇلنى خالىمايدۇ. ئۇلار قاسىم بەگكە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنى ئارىغا سالدى. قاسىم بەگ كۆپ ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىر ئەيماقلارنىڭ قۇندۇز ۋە باغلان تەرەپكە ئۆتۈشى ئۈچۈن رۇخسەت ئالدى.

ھافىز مىر كاتىپنىڭ ئاغىسى سەمەرقەندتىن كەلگەنىدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ سەمەرقەندكە قايتىشىغا رۇخسەت بېرىپ، پولاد سۇلتانغا دىۋانىمنى ئەۋەتتىم. دىۋانىنىڭ ئارقىسىغا مۇنۇ قىتئەنى يېزىپ قويدۇم (238):

ئول سەرۋىنىڭ ھەرىمغە گەر يېتسەڭ ئەي، سەبا،
بېرگىل بۇ ھەجر خەستەسىدىن ياد كۆڭلىگە.
رەھىم ئەيلەبان ساغىنمادى بابۇرنى، بار ئۈمىد،
سالغاي خۇدا رەھىمنى فولاد كۆڭلىگە.

(ئەي سابا، ئەگەر ئۇ سەرۋىنىڭ ھەرىمگە كىرسەڭ، بۇ ھىجران دەردىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سال. ئۇ رەھىم قىلىپ بابۇرنى ئويلاپ قويمىدى، ئۈمىد شۇكى، خۇدا ئۇنىڭ پولات كۆڭلىنى رەھىملىك قىلسۇن)

ئاينىڭ ئون يەتتىسى — جۈمە كۈنى شاھ مەزىد كۆكەلداش مۇھەممەد زەمان مىرزا قېشىدىن ھەدىيە ئات ئېلىپ كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. شۇ كۈنى شاھ بەگنىڭ ئەلچىسى ئەبۇلمۇسلىم كۆكەلداشقا تون كىيدۈرۈپ، ئىنئام بېرىپ، ئۇنى يولغا سالدۇق. خوجا مۇھەممەد ئەلى بىلەن تەڭرى بەردىنىڭ ئۆز ۋىلايەتلىرى

خاست ۋە ئەندەرابقا قايتىشىغىمۇ شۇ كۈنى رۇخسەت بېرىلدى. ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى — پەيشەنبە كۈنى مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ مىرزائى مەلۋى قارلۇقنىڭ ئوغلى شاھ ھەسەن ۋە ھاتىنىڭ بىر ئادىمى بىلەن بىللە كەلدى، ئۇ كەچەكۇت ۋە قارلۇق تەۋەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ ۋىلايەتلەر ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغانىدى. سەمەرقەندكە ئائىلىسىنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن كەتكەن موللا ئەلىخانمۇ شۇ كۈنى كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى.

ئابدۇرراھمان ئافغانلىرى① گەردىز چېگرىسىدا ئولتۇراتتى. مال بېرىش ۋە باشقا مۇئامىلىلەردە رايىش ئەمەس ئىدى. ئۆتكەن-كەچكەن كارۋانلارمۇ ئۇلارنىڭ زىيانداشلىقىغا ئۇچرايتتى. رەجەپ ئېيىنىڭ يىگىرمە توققۇزى — چارشەنبە كۈنى شۇ ئافغانلارنى چاپقۇن قىلىشقا ئاتلاندۇق. تەنگى ۋەغىچان تەۋەسىگە چۈشۈپ، غىزا يەپ، پېشىندىن ئۆتكەندە ئۇ يەردىن قوزغالدۇق. كېچىسى يولدىن ئېزىپ، پەنجاب شەھەنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئېدىر ۋە دەشتىلەردە كۆپ ئاۋارە (ب 238) بولدۇق. بىر مۇددەتتىن كېيىن، يەنە يولنى تېپىپ، چەشمە پەرە ئۆتكىلىدىن ئېشىپ، گەردىز تەرىپىگە كەتكەن جىلغىدىن تاڭ ۋاقتىدا تۈزگە چىقىپ چاپقۇنچىلارنى ماڭدۇردۇق. چېرىكنىڭ بىر قىسمى گەردىزنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى كەرماش تېغى تەرەپكە چاپقۇنغا باردى. بۇ چاپقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن خۇسرەۋ مىرزا قۇلى بىلەن سەيىد ئەلى باشلىق غولنىڭ ئوڭ قول قىسمى ئەۋەتىلدى. چېرىكنىڭ كۆپ قىسمى گەردىزنىڭ شەرق تەرىپىگە جىلغىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ چاپقۇن قىلىشقا ماڭدى.

① گەردىزنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى كەرماش تېغى تەرەپتە ئولتۇرۇشلۇق ئافغانلار.

بۇ چاپقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن سەيد قاسىم ئىشىك ئاغا، مىرزا شاھ قەۋچىن، قىيام، ھىندۇبەگ، قۇتلۇق قەدەم ۋە ھۆسەين باشچىلىقىدىكىلەر ئەۋەتىلدى.

چېرىكنىڭ كۆپ قىسمى جىلغىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ چاپقۇنغا ماڭغانلىقى ئۈچۈن كەينىدىن بارىدىغانلارنى ماڭدۇرغاندىن كېيىن ئۆزۈممۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. بۇ جىلغىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئاھالە يىراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەرەپكە ماڭغان چېرىكنىڭ ئاتلىرى چارچاپ ھالسىزلاندى. چېرىكنىڭ قولىغىمۇ ھېچقانچە بىرنەرسە چۈشمىدى. ياياق ئافغانلاردىن قىرىق-ئەللىكى تۇزدە كۆرۈنۈپتۇ. چېرىك ئارقىسىدىن كەتكەنلەر شۇ تەرەپكە يول ئېلىپ، ماڭا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مەنمۇ تېزدىن شۇ تەرەپكە ماڭدىم. مەن يېتىپ بارغۇچە ھۆسەين ھەسەن ئىشنى سەل چاغلاپ ئۆزى يالغۇزلا ئات سېلىپتۇ. ئۇ ئافغانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قىلىچ چاپىدىغان چاغدا، ئافغانلار ئۇنىڭ ئېتىنى ئوق بىلەن يىقىتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشىغا پۇتىغا قىلىچ چېپىپ ئۆزىنىمۇ يىقىتىپتۇ ۋە تۇشمۇ تۇشتىن پىچاق سېلىپ، قىلىچ چېپىپ پارە-پارە قىلىۋېتىپتۇ. بۇ يىگىتلەر كۆرۈپ تۇرۇپ ياردەمگە بارماپتۇ بۇ خەۋەر كەلگەندىن كېيىن گەدايى تاغايى، پايەندە مۇھەممەد (239) قاپلان، ئەبۇلھەسەن قۇرچى ۋە مۆمىن ئەتكە باشلىق ئىچكى ۋە يىگىتلەرنى ئىلگىرى چاپتۇرۇپ، ئۆزۈممۇ تېز ماڭدىم. ھەممىدىن بۇرۇن مۆمىن ئەتكە بىر ئافغاننى نەيزە بىلەن يىقىتىپ، بېشىنى كېسىپ كەلدى. ئەبۇلھەسەن قۇرچىمۇ يالىڭاچ ھالدا ئالغا ئېتىلىپ، ئافغانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، بىر ئافغاننى چېپىپ يىقىتىپ، بېشىنى كېسىپ كەلتۈردى، ئۆزىنىڭ ئۈچ يېرى، ئېتىنىڭ بىر يېرى يارلانغانىدى. پايەندە مۇھەممەد قاپلانمۇ

ياخشى جەڭ قىلىپ، بىر ئافغاننى چېپىپ بېشىنى كېسىپ كەلتۈردى.
ئەبۇلھەسەن بىلەن پايەندە مۇھەممەد قاپلاننىڭ يىگىتلىكلىرى بۇندىن بۇرۇنمۇ كۆرۈلگەنىدى، بۇ يۈرۈشتە بولسا باتۇرلۇقلىرىنى تېخىمۇ كۆپ كۆرسەتتى. بۇ قىرىق- ئەللىكچە ئافغاننىڭ ھەممىسى ئوق ۋە قىلىچنىڭ ئاستىدا پارە-پارە بولدى. بۇ ئافغانلار قىرىلغاندىن كېيىن بىر ئوتلۇقتا چۈشۈپ، ئافغانلارنىڭ كاللىسى بىلەن بىر مۇنار قوپۇرۇشنى بۇيرۇدۇم.
يولدا كېلىۋاتقاندا، ھۈسەيىن بىلەن بىللە بولغان بەگلەر كەلدى. مەن قەھر-غەزىپىم بىلەن: «شۇنچە كىشى قاراپ تۇرۇپ، تۆپتۈز يەردە شۇنداق بىر يىگىتنى بىرنەچچە ياياق ئافغاننىڭ نابۇت قىلىشىغا يول قويۇپسىلەر، ھەممىڭلارنى مەرتىۋە ۋە ئىمتىيازلاردىن، قولۇڭلاردىكى پەرگەنە ۋە ۋىلايەتلەردىن مەھرۇم قىلىپ، ساقاللىڭلارنى قىرىپ، شەھەرلەردە سازايى قىلىش كېرەككى، شۇنداق بىر يىگىتنى شۇنداق دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈرگەن ۋە تۆپتۈز يەردە قوللىرىنى قوشتۇرۇپ (ب 239) تۇرغانلارنىڭ ھالى شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ھەممە بىلسۇن» دېدىم. كەزماش تەرەپكە كەتكەن چېرىك قوي ۋە باشقا غەنىمەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. باباقاشقا موغۇلمۇ كەزماش تەرەپكە بارغان چېرىك بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنى بىر ئافغان قىلىچ بىلەن چېپىش ۋاقتىدا، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئوقياسىنى كۈچ بىلەن ئېتىپ، ئۇ ئافغاننى يىقىتىپتۇ.
ئەتىسى تاڭ ۋاقتىدا كۆچۈپ، كابۇلغا يول ئالدۇق. مۇھەممەد باخشى، ئابدۇلئەزىز مىراخور ۋە مىرخۇرد بەكاۋۇلغا چەشمە پەرەدە قىلىپ، ئاھالىدىن قىرغاۋۇل يىغىشقا بۇيرۇق بېرىلدى. ئۆزۈم

بىرنەچچە ئادەم بىلەن مەيدانى رۇستەم يولى ئارقىلىق ماڭدىم. مەن مەيدانى رۇستەمنى تېخى كۆرمىگەنىدىم. مەيدانى رۇستەم تاغ ئارىسىدا بولۇپ، تاغ ئۇستىگە يېقىن يەردە ئىكەن. ئانچە خۇش هاۋالىق يەر ئەمەس ئىكەن. ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا كەڭ جىلغىسى ۋە جەنۇب تەرىپىدىكى ئېدىرلارنىڭ ئېتىكىدە كىچىك بۇلىقى ۋە يوغان-يوغان تېرەكلىرى بار ئىكەن. بۇ مەيدانى رۇستەمنىڭ گەردىز تەرىپىگە كەتكەن يولىدا بۇلاق ۋە دەرەخلەر كۆپ ئىكەن، بىراق دەرەخلىرى كىچىك ئىكەن. بۇ يەردىكى جىلغا تار بولسىمۇ، لېكىن دەرەخلەرنىڭ ئاستى ياپيېشىل ئوتلۇق بولۇپ، خۇش هاۋالىق يەر ئىكەن. مەيدانى رۇستەمنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغقا چىقتۇق، كەرماش ۋە بەنگەش تاغلىرى ئاياغ ئاستىدا تۇرغاندەك كۆرۈندى. كەرماش تاغلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە پەسىللىك يامغۇر بۇلۇتلىرى شالاڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. (240) پەسىللىك يامغۇرى بولمىغان بۇ ۋىلايەتلەردە بولسا بۇلۇت كۆرۈنمەيدۇ. پېشىن ۋاقتىدا هۇنىغا كېلىپ چۈشتۇق. ئەتىسى مۇهەممەد ئاغا يېزىسى تەۋەسىگە چۈشۈپ مەجۇن يېدۇق هەم سۇغا بېلىق دورىسى سېلىپ بېلىق تۇتتۇق.

شەبان ئېيىنىڭ ئۈچى — يەكشەنبە كۈنى كابۇلغا كەلدۇق. ئاينىڭ بەشى — سەيشەنبە كۈنى دەرۋىش مۇهەممەد فەزلى بىلەن خۇسرەۋنىڭ نۆكەرلىرىنى چاقىرىپ، هۆسەين تۇتۇلغان چاغدا نامەردلىك قىلغانلارنىڭ ئەهۋالىنى سوروشتۇرۇپ، ئۇلارنى مەرتىۋە ۋە ئىمتىيازلىرىدىن مەهرۇم قىلدۇق. پېشىن ۋاقتىدا چىنار تۈۋىدە شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. باباقاشقا موغۇلغا كىيىم-كېچەك ئىنئام قىلىندى.

ئاينىڭ سەككىزى — جۈمە كۈنى كەيپەك قايتىپ كەلدى، ئۇ، مىرزىخان قېشىغا كەتكەنىدى. پەيشەنبە كۈنى نامازدىگەردە خوجاسەياران، باران ۋە دامەنكۈھ تەرەپلىرىنى ئايلىنىپ كېلىشكە ئاتلاندىم. خۇپتەن ۋاقتىدا ماماخاتۇنغا چۈشتۇق. ئەتىسى ئىستالىفقا كېلىپ چۈشتۇق. ئۇ كۈنى مەجۇن يېيىلدى. شەنبە كۈنى ئىستالىفتا شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئەتىسى سەھەر ئىستالىفتىن ئاتلىنىپ، سىنجىد دەرەنىڭ ئارىسى بىلەن ئۆتۈپ، خوجا سەيارانغا يېقىن بارغاندا يوغانلىقى بىلەكتەك، ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ كېلىدىغان بىر چوڭ يىلاننى ئۆلتۈردۇق. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىنچىكىرەك بىر يىلان چىقتى. تېخى يېقىندىلا يۇتۇلغان بولسا كېرەك، ھەممە ئەزاسى پۈتۈن ئىكەن. بۇ ئىنچىكە يىلان چوڭ يىلاندىن بىر ئاز قىسقا (ب 240) ئىدى. بۇ ئىنچىكە يىلاننىڭ ئىچىدىن چوڭ بىر چاشقان چىقتى، ئۇمۇ پۈتۈن بولۇپ، ھېچ يېرى زەخىم بولمىغانىدى.

خوجا سەيارانغا كەلگەندىن كېيىن شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. شۇ كۈنى كىچىككىنە تۇنقاتاردىن شۇ تەرەپتىكى بەگلەرگە چېرىك تارتىشقا تەييارلىنىش ۋە چېرىك يىغىلىدىغان بۇلجارغا قانداق قىلىپ بولمىسۇن يېتىپ كېلىش توغرۇلۇق بۇلجارلىق پەرمانلار ماڭدۇرۇلدى. ئەتىسى سەھەر ئاتلىنىپ، مەجۇن يېدۇق ۋە پەرۋان سۈيى قوشۇلىدىغان يەرگە كېلىپ، پەرۋان سۈيىگە شۇ يەرلىكلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بېلىق دورىسى سېلىپ نۇرغۇن بېلىق تۇتتۇق. مىرشاھ بەگ ئاش-تاماق تارتتى. بۇ يەردىن ئاتلىنىپ گۇلبەھارغا باردۇق. ناماز شامدىن كېيىن شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. بۇ ئولتۇرۇشلاردا دەرۋىش مۇھەممەد ساربانمۇ بىللە بولاتتى. لېكىن ئۇ يىگىت ۋە سىپاھى بولۇشىغا قارىماي، شاراب ئىچمەيتتى، تايىب

ئىدى. قۇتلۇق خوجا كۆكەلداش ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى سىپاھىيلىقنى تەرك قىلىپ، دەرۋىش بولۇۋالغانىدى، يېشمۇ چوڭىيىپ، ساقاللىرى ئاپئاق بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن سۆھبەتلەردە شارابنى بولۇشىغا ئىچەتتى. مەن دەرۋىش مۇھەممەدكە: «قۇتلۇق خوجىنىڭ ساقىلىدىن ئۇيالغىن، ئۆزى دەرۋىش، قېرى ھەم ئاپئاق ساقال بولسىمۇ دائىم شاراب ئىچىدۇ. سەن بولساڭ سىپاھىي، يىگىت ھەم قارا ساقال بولۇپ تۇرۇپمۇ پەقەت ئىچمەيسەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېدىم. ئىچمەيدىغان ئادەمنى شارابقا تەكلىپ قىلىش مېنىڭ ئادىتىم ئەمەس ئىدى. بۇ ئىش مۇشۇنداق چاقچاق بىلەنلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ شارابقا تەكلىپ قىلىنمىدى. ئەتىسى ئەتىگەن سەبۇھى قىلدۇق.

چارشەنبە (24) كۈنى گۈلبەھاردىن قوزغىلىپ، ئەبۇن يېزىسىغا كېلىپ غىزا يەپ، يەنە ئاتلىنىپ باغات ھۇممىغا كېلىپ چۈشتۇق. پېشىندىن كېيىن شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئەتىسى ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، خوجا خاند سەئىدنىڭ مازارىنى تاۋاب قىلىپ، جىنە قورغىنىغا كېلىپ سالغا چۈشتۇق. پەنجھىر سۈيى قوشۇلىدىغان يەردە سال تاغ تۇمشۇقىغا ئۇرۇلۇپ غەرق بولۇشقا تاس قالدى. رۇھدەم، تەڭرى قۇلى، مىرمۇھەممەد جالەبانلار سالنىڭ تۇمشۇققا ئۇرۇلۇشى بىلەن سۇغا يىقىلدى. رۇھدەم بىلەن تەڭرى قولىنى تەسلىكتە سالغا چىقىرىۋېلىشتى. پىيالە، قوشۇق ۋە چالغۇلار سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، سەنگى بۇرىدە ئۇدۇلىغا يەتكەندە سال سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاخمۇ ياكى بىرنەرسە باغلاش ئۈچۈن قېقىلغان قوزۇقمۇ بىرنەرسىگە سوقۇلدى. شاھ ھەسەن بەگ كەينىگە ئۇچۇپ، مىرزا قۇلى كۆكەلداشنى بىللە ئېلىپ يىقىلدى،

دەرۋىش مۇھەممەد ساربانمۇ سۇغا يىقىلدى. مىرزا قۇلى چاقانلىق قىلدى، يىقىلدىغان چاغدا قولىدىكى قوغۇن پىچىۋاتقان پىچاقنى سالنىڭ ئۇستىدىكى بورىغا سانجىپ چۈشتى. مىرزا قۇلى سالغا چىقماي، كىيىملىرى بىلەن ئۈزۈپ قىرغاققا چىقتى. سالدىن چۈشۈپ، ئۇ كېچىسى سالچىلارنىڭ ئۆيىدە قوندۇق. دەرۋىش مۇھەممەد سۇغا چۈشۈپ كەتكەن يەتتە رەڭلىك پىيالىنىڭ جۈپى بولغان بىر پىيالىنى ھەدىيە قىلدى.

جۈمە كۈنى سۇ ياقىسىدىن قوزغالدۇق. ئىنچكە ① نىڭ تۆۋىنىدىكى كۆھبەچەنىڭ ئېتىكىگە چۈشۈپ، ئۆز قولىمىز بىلەن نۇرغۇن (ب 241) مىسۋاك ② يىغدۇق. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، خوجا ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆيىدە غىزا يەپ يەنە يولغا چىقتۇق. پېشىن ۋاقتىدا قۇتلۇق خوجىنىڭ زېمىنلىرىدىن بولغان لەمغان يېزىسىغا چۈشتۇق. قۇتلۇق خوجا نېمە تەييار بولسا، شۇنى ئالدىمىزغا قويدى، يېدۇق. ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ كابۇلغا كەلدۇق.

ئاينىڭ يىگىرمە بەشى — دۈشەنبە كۈنى دەرۋىش مۇھەممەد ساربانغا مەخسۇس كىيىم-كېچەك ۋە ئېگەرلىك ئات ئىنايەت قىلىپ، ئۇنى نۆكەرلىككە قوبۇل قىلدۇق.

تۆت-بەش ئايدىن بېرى چېچىمنى ئالدۇرمىغانىدىم. ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىسى — چارشەنبە كۈنى چېچىمنى ئالدۇردۇم. شۇ كۈنى شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزى — جۈمە كۈنى مىرخۇردنى ھىندالنىڭ ئەتكەلىكىگە تەيىنلىدۇق. ئۇ مىلك

① جاي ئىسمى.

② مىسۋاك — شىمالىي ئافرىقا، ئىران ۋە ھىندىستان تەرەپلىرىدە ئۆسىدىغان بىرخىل چاتقال. ئۇنىڭ چىۋىقى چىش تازىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

شاهرۇخى ھەدىيە بەردى. رامىزان ئېيىنىڭ بەشى — چارشەنبە كۈنى تۆلەك كۆكەلداشنىڭ بارلاس جېكى ئاتلىق نۆكىرى ئۇنىڭ ئەرز-ھال خېتىنى كەلتۈردى. ئۇ تەرەپكە ئۆزبېك چاپقۇنچىلىرى كەلگەنىكەن. تۆلەك چىقىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپتۇ. بۇ خەۋەرچى ئۆزبېكلەردىن چۈشكەن بىر ئەسىرنى ۋە بىر ئادەمنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىپتۇ.

ئاينىڭ سەككىزى — شەنبە ئاخشىمى قاسىم بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىپتار قىلدۇق، بىر ئېگەرلىك ئات ھەدىيە قىلدى. يەكشەنبە ئاخشىمى خەلىفىنىڭ ئۆيىدە ئىپتار قىلدۇق، بىر ئېگەرلىك ئات ھەدىيە قىلدى. ئەتىسى خوجا مۇھەممەد ئەلى بىلەن جان ناسىر ۋىلايەتلىرىدىن كەلدى. ئۇلار چېرىك مەسلىھەتىگە چاقىرىلغانىدى. ئاينىڭ ئون ئىككىسى — چارشەنبە كۈنى كامراننىڭ تاغىسى سۇلتان ئەلى (242) كەلدى، ئۇ خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، مەن خاستىن كابۇلغا كېلىدىغان يىلى كاشغەرگە كەتكەنىدى.

ئاينىڭ ئون ئۈچى — پەيشەنبە كۈنى يۇسۇف زەيىنى قوغلاپ جازالاش مەقسىدى بىلەن ئاتلىنىپ، دىھ ياقۇب سۈيىنىڭ كابۇل تەرىپىدىكى ئوتلاقتا چۈشتۇق. ئاتلىنىش ۋاقتىدا باباخان ئاختاچى ئاتنى ئەپسىزرەك تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئاچچىقىمدا يۈزىگە بىر مۇشت ئۇرغانىدىم، نامىسىز بارمىقىم تۇۋىدىن سۇنۇپ كەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئانچە ئاغرىمىغانىدى. بۇ يەرگە كېلىپ چۈشكەندە قاتتىق ئازاب سالدى. بىر مۇددەت جاپاسىنى تارتتىم، خەتمۇ يازالمىدىم، كېيىن ساقىيىپ قالدى. مۇشۇ سەپەر قىلغان يەردە مېنىڭ ھامام دەۋلەت سۇلتان خانىمنىڭ مۇھەممەد ئاتلىق كۆكەلدىشى كاشغەردىن — خانىم قېشىدىن خەت-خالتا كەلتۈردى. شۇ كۈنى

دىلەزاكنىڭ چوڭلىرىدىن بۇخان بىلەن مۇسا كېلىپ، سوۋغىلار بىلەن مۇلازىمەت قىلدى. ئاينىڭ ئون ئالتىسى — يەكشەنبە كۈنى قۇچ بەگ كەلدى.

ئاينىڭ ئون توققۇزى — چارشەنبە كۈنى كۆچۈپ، پۇتهاكتىن ئۆتۈپ، مۇشۇ پۇتهاك دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى دائىم چۈشىدىغان يېرىمىزگە كېلىپ چۈشتۇق. باميان، كاھمەرد، غۇرى قاتارلىق قۇچ بەگكە تەئەللۇق ۋىلايەتلەر ئۆزبېكلەرگە يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، قۇچ بەگ بۇ سەپەرگە قاتناشتۇرۇلمىدى، ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئورىغان ياغلىق بىلەن بىرقۇر كىيىم ئىنايەت قىلىپ، ئۇنى مۇشۇ يەردىنلا ۋىلايىتىگە كەتكۈزۈۋەتتىم. ئاينىڭ يىگىرمە بىرى — جۈمە كۈنى بادام چەشمىگە چۈشتۇق. (ب 242) ئەتىسى بارىك ئابقا چۈشتۇق. ئۆزۈم قاراتۇۋنى ئايلىنىپ كەلدىم. مۇشۇ قونالغۇدا دەرەختىن ھەسەل تېپىلدى. بىز مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىسى — پەيشەنبە كۈنى باغى ۋەفاغا كېلىپ چۈشتۇق. پەيشەنبە كۈنى باغدىلا بولدۇم. جۈمە كۈنى بۇ يەردىن كۆچۈپ، سۇلتانپۇردىن ئۆتۈپ چۈشتۇق. شۇ كۈنى شاھ مىر ھۆسەين ۋىلايىتىدىن كەلدى. بۇخان ۋە مۇسا باشلىق دىلەزاكنىڭ چوڭلىرىمۇ شۇ كۈنى كەلدى. بىز يۈسۈف زەيىنى قوغلاش مەقستى بىلەن سەۋادقا يۈرۈش قىلغانىدۇق. دىلەزاك ھۆكۈمدارلىرى «ھەشنەغەردە ئۇلۇس كۆپ، ئاشلىقمۇ كۆپ تېپىلىدۇ» دەپ، ھەشنەغەرگە يۈرۈش قىلىشنى دەۋەت قىلدى. مەسلىھەت قىلىپ، «ھەشنەغەردە ئاشلىق كۆپ ئىكەن، شۇ يەردىكى ئافغانلارنى چاپقۇن قىلىپ، ھەشنەغەر ياكى پەرشاۋەر قورغانلىرىدىن بىرىنى راسلاپ، ئاشلىقنى شۇ يەرگە زاپاس قويۇپ، شاھ مىر ھۆسەيىننى

سرقىسم يگىتلەر بىلەن شۇ يەرگە قالدۇرايلى» دېگەن قارارغا كەلدۇق. شۇنىڭغا بىنائەن، شاھ مىر ھۆسەينگە ئۆز ۋىلايىتىگە بېرىپ تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئون بەش كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن رۇخسەت بېرىلدى.

ئەتىسى كۆچۈپ جۇيى شاھىغا كېلىپ چۈشتۇق. تەگرىبەردى بىلەن سۇلتان مۇھەممەد دولداي بىز مۇشۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمىزدا كەينىمىزدىن يېتىپ كەلدى. ھەمزەمۇ شۇ كۈنى قوندۇزدىن كەلدى. ئاينىڭ ئاخىرى — يەكشەنبە كۈنى جۇيى شاھىدىن كۆچۈپ، قىرىق ئارىقتا (243) كېلىپ چۈشتۇق. مەن بىرقانچە يېقىنلار بىلەن سالغا چۈشۈپ كەلدىم. مۇشۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمىزدا ھېيت ئېيى كۆرۈندى. دەرەئى نۇردىن بىرقانچە ئۇلاغ شاراب كەلتۈرۈشكەندى. نامازشامدىن كېيىن شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئولتۇرۇشتا مۇھىب ئەلى قورچى، خوجا مۇھەممەد ئەلى كىتابدار، شاھ ھەسەن شاھ بەگ، سۇلتان مۇھەممەد دولداي، دەرۋىش مۇھەممەد ساربانلار بار ئىدى. دەرۋىش مۇھەممەد تايىپ ئىدى. كىچىكىمدىن تارتىپ مېنىڭ ئادىتىم شۇ ئىدىكى، ئىچمەيدىغان ئادەمنى شارابقا تەكلىپ قىلمايتتىم. دەرۋىش مۇھەممەد ئولتۇرۇشلاردا دائىم بىللە بولاتتى، لېكىن زادىلا شارابقا تەكلىپ قىلىنمايتتى. بۇ قېتىم خوجا مۇھەممەد ئەلى ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنىڭغا شاراب ئىچۈردى.

دۈشەنبە — ھېيت كۈنى ئەتىگەنلىكى بۇ يەردىن كۆچتۇق. يولدا خۇمارىمىزنى بېسىش ئۈچۈن مەجۇن يېدۇق. مەجۇننىڭ كەيپىدە تۇرغىنىمىزدا ھەنزىل (ياۋا كاۋا) كەلتۈرۈشتى. دەرۋىش مۇھەممەد ھەنزىلنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، مەن ئۇنىڭ ھىندىستان قوغۇنى

ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بىر تىلىم كېسىپ بەردىم، ئۇ ئىشتىھا بىلەن چىشلىدى، كەچكىچە ئاغزىدىن ئاچچىقى كەتمىدى. گەرىم چەشمەنىڭ دۆڭ يېرىگە كېلىپ چۈشتۇق. گۆش تارتىلىۋاتقان چاغدا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆز ۋىلايىتىدە بولۇپ كەلگەن لەڭگەرخان كېلىپ، ئات ۋە بىرمۇنچە مەجۇن ھەدىيە قىلىپ مۇلازىمەتتە بولدى. ئۇ يەردىن كۆچۈپ يەدەبىرگە كېلىپ چۈشتۇق. دىگەر ۋاقتىدا بىرقانچە يىقىنلار بىلەن سالغا چۈشۈپ بىر كۆرۈھچە تۆۋەنگە بېرىپ كەلدۇق. ئەتىسى بۇ يەردىن كۆچۈپ، خەيبەر ئۆتكىلىنىڭ تۆۋىگە كېلىپ (ب 243) چۈشتۇق. شۇ كۈنى سۇلتان بايەزىد كەينىمىزدىن كەلدى، ئۇ نىلابتىن بارە يولى بىلەن ئۆتۈپ، بىزنىڭ خەۋرىمىزنى بىلىپتۇ. ئۇ: «ئەفرىدى ئافغانلىرى① ئائىلە ۋە ماللىرى بىلەن بارەدە تۇرۇۋېتىپتۇ. شالنى كۆپ تېرىپتۇ. شاللىرى پىشىپ تېخى يىغىلماپتۇ» دەپ مەلۇمات بەردى. بىز ھەشنەغەردىكى يۇسۇف زەيى ئافغانلىرىغا قارشى كېتىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدۇق. پېشىندا خوجا مۇھەممەد ئەلىنىڭ چېدىرىدا شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. شۇ ئولتۇرۇشتىلا بۇجۇردىكى خوجا كالانغا بۇ تەرەپلەرگە كېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مەكتۇپ يېزىپ، سۇلتان تەراھىدىن ماڭدۇردۇق. پەرمانىنىڭ ھاشىيىسىغا مۇنۇ بېيىتنى يېزىپ قويدۇم:

سەبا بەلۇتف بىگۇ ئان غەزالى رەئنارا،
كى سەر بەكۇھۇ بىيابان تۇ دادەئ مارا.

(ئەي سابا، ئۇ گۈزەلگە سىلىقلىق بىلەن ئېيت: بىزنى تاغلارغا ۋە چۆللەرگە تاشلىغان سەنسەن)

---

① بارە دەرياسى بويىدا ئولتۇرۇشلۇق ئافغانلار.

ئۇ يەردىن سەھەر كۆچۈپ، ئۆتكەلدىن ئاشتۇق ۋە خەيبەر ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئەلى مەسجىدكە چۈشتۇق. پېشىن ۋاقتىدا بۇ يەردىن ئاتلىنىپ، ئېغىر يۈكلەرنى تاشلاپ، ئىككى پاس ئۆتكەن چاغدا كابۇل سۈيىنىڭ ياقىسىغا كېلىپ بىر ئاز ئۇخلىدۇق. ئەتىگەنلىكى بىر كىچىك تېيىپ سۇدىن ئۆتتۇق. قاراۋۇل ئافغانلارنىڭ بىلىپ قېلىپ قاچقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. يۈرۈپ، سەۋاد سۈيىدىن ئۆتۈپ، ئافغانلارنىڭ ئېكىنلىكى ئارىسىغا چۈشتۇق. ئېيتىلغىنىنىڭ يېرىمچىلىك ھەتتا چارىكچىلىكمۇ ئاشلىق تېپىلمىدى. بۇ ئاشلىقنى دەپ (244) ھەشنەغەرنى بېكىتىش پايدىسىز ھېسابلاندى. بۇ يۈرۈشكە دەۋەت قىلغان دىلەزاك ھۆكۈمدارلىرى بۇ جەھەتتىن بەك خىجالەت بولدى. دىگەر ۋاقتىدا سەۋاد سۈيىنىڭ كابۇل تەرىپىگە ئۆتۈپ چۈشتۇق. ئەتىسى سەۋاد سۈيىدىن كۆچۈپ كابۇل سۈيىدىن ئۆتۈپ چۈشتۇق. كېڭەشكە قاتنىشالايدىغان بەگلەرنى چاقىرىپ كېڭەشىش نەتىجىسىدە، سۇلتان بايەزىد ئېيتقان ئەفرىدى ئافغانلىرىنى چاپقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ۋە ئاشلىقى بىلەن پەرشاۋەر قورغىنىنى بېكىتىپ، ئۇ يەرگە ئادەم قويۇش قارارىغا كەلدۇق. ھىندۇبەگ قەۋچىن بىلەن خاست مىرزادىلىرى مۇشۇ مەنزىلدە كەينىمىزدىن يېتىشىپ كەلدى. بۇ كۈنى مەجۇن يېيىلدى. ئولتۇرۇشتا دەرۋىش مۇھەممەد ساربان، مۇھەممەدى كۆكەلداش، گەدايى تاغايى ۋە ئەسەسلەر بار ئىدى، كېيىن شاھ ھەسەننىمۇ تەكلىپ قىلدۇق. ئاش تارتىلغاندىن كېيىن، نامازدىگەردە سالغا چۈشتۇق. لەڭگەرخان نىيازىنىمۇ سالغا چاقىردۇق. شام ۋاقتىدا سالدىن چىقىپ، ئوردۇغا كەلدۇق.

كەلگەن قارارىمىزغا ئاساسەن، سۇ ياقىسىدىن سەھەر كۆچۈپ، جامدىن ئۆتۈپ، ئەلى مەسجىد سۈيىنىڭ چىقىش جايىغا چۈشتۇق.

كەينىمىزدىن كەلگەن ئەبۇلھاشىم سۇلتان ئەلى: «ئارپا كېچىسى جۈيى شاھدىن چىقىپ، بەدەخشاندىن كەلگەن بىر ئادەم بىلەن بىللە جام دەرياسىدىن ئۆتكەنىدىم. ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ بەدەخشانغا چېرىك تارتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ پادىشاھقا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى» دېدى. بەگلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت قىلدۇق. بۇ خەۋەر مۇناسىۋىتى بىلەن قورغاننى (ب 244) بېكىتىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، بەدەخشان سەپىرى بىلەن ئىلگىرىلىدۇق. لەڭگەرخانغا تون كىيدۈرۈپ، ئۇنى مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭگە ياردەمچى قىلىپ تەيىنلەپ يولغا سالدۇق. ئۇ ئاخشىمى خوجا مۇھەممەد ئەلىنىڭ چېدىرىدا شاراب ئۇلتۇرۇشى بولدى. ئەتىسى ئەتىگەن بۇ يەردىن كۆچۈپ، خەيبەر ئۆتكىلىدىن ئېشىپ ئۆتكەل تۇۋىگە چۈشتۇق.

خىزىر خەيل ئافغانلىرىدىن ① كۆپ ناچار ھەرىكەتلەر سادىر بولغانىدى. چېرىك ئۆتسە، كەينىدە قالغان ياكى چەتكە چۈشكەن كىشىلەرگە ئوق ئېتىپ، ئاتلىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش زۆرۈر تېپىلدى. شۇ خىيال بىلەن ئۆتكەل تۇۋىدىن سەھەر كۆچۈپ، چۈشلۈك غىزانى دېھغۇلاماندا يېدۇق. پېشىن ۋاقتىدا ئاتلارغا بوغۇز بېرىپ يولغا چىقتۇق. كابۇلدىكىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى خىزىر خەيل ئافغانلىرىنى قولغا ئېلىپ، ماللىرىنى تەپسىلىي يېزىپ مەلۇم قىلىشى، بەدەخشاندىنمۇ ھەرقانداق خەۋەر كەلسە، ئېنىق يېزىپ بىر كىشىدىن تېز ئەۋەتىشى ئۈچۈن مۇھەممەد ھۆسەيىن قۇرچى كابۇلغا چاپتۇرۇلدى. ئۇ كېچىسى ئىككى پاسچە يول مېڭىپ سۇلتانپۇردىن بىرئاز ئۆتۈپ چۈشتۇق. ئۇ يەردە ئازراق ئۇخلاپ يەنە ئاتلاندۇق. خىزىر خەيل ئافغانلىرى بەھار ۋە

① ئافغان قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

مهگرامدىن كىراسۇغىچە بولغان جايلاردا ئولتۇرغانىكەن، تاك ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ چاپقۇنچىلارنى ماڭدۇردۇق. ماللىرىنىڭ ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى چېرىكنىڭ قولىغا چۈشتى. ئاز بىر قىسمى تاغقا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن تاغقا قېچىپ قۇتۇلدى.

ئەتىسى قىلاغۇغا (245) چۈشتۇق. مۇشۇ قونالغۇدا قىرغاۋۇل ئېلىندى. كەينىمىزدە قالغان ساراي يۈكمۇ شۇ كۈنى كېلىپ قوشۇلدى. ۋەزىرى ئافغانلىرى ① سېلىقنى دائىم ياخشى بەرمەيتتى. بۇ ھەيۋىدىن قورقۇپ، يۈز قوي سوۋغا قىلىشتى. بارمىقىم چىقىپ كەتكەندىن بۇيان ھېچ نەرسە پازمىغانىدىم. مۇشۇ قونالغۇدا ئاينىڭ ئون تۆتى — يەكشەنبە كۈنى ئازراق بىرنەرسە يازدىم. ئەتىسى خىرىلچى ۋە سەمۇخەيل ئافغانلىرىنىڭ چوڭلىرى كەلدى. دىلەزاكىنىڭ چوڭلىرىمۇ بۇ ئافغانلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشىمىزنى يالۋۇرۇپ سورىدى. ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئەسىرلىرىنى ئازاد قىلدۇق. سېلىقنى تۆت مىڭ قوي بەلگىلەپ، چوڭلىرىغا تونلار كىيدۈرۈپ، سېلىق يىغقۇچىلارنى تەيىنلەپ ماڭدۇردۇق.

بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاينىڭ ئون سەككىزى — پەيشەنبە كۈنى بۇ يەردىن كۆچۈپ، بەھار ۋە مەھگرامغا چۈشتۇق، ئەتىسى باغى ۋەفاغا كەلدىم. بۇ باغى ۋەفانىڭ ياخشى مەزگىلى ئىدى. ئوچۇق يەرلىرى بېدە بىلەن پۈركىنىپ، ئانار دەرەخلىرى سارغىيىپ، ئەتراپ گۈزەل كۆز رەڭگىنى ئالغانىدى. ئانار دەرەخلىرىدە قىپقىزىل ئانارلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نارەنج دەرەخلىرى يېشىل ئىدى. بۇ دەرەخلەردە نارەنج ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تېخى تامامەن سارغىيىپ بولمىغانىدى. ئانارلىرى گەرچە بىزنىڭ ۋىلايەتلەرنىڭ

① كابۇل ۋىلايىتىدىكى ئافغان قەبىلىلىرىنىڭ نامى.

ياخشى ئانارلىرىغا يەتمىسمۇ، لېكىن ياخشى ئىدى. باغى ۋەفاندىن بىرىنچى قېتىم شۇنداق لەززەت ئالدۇق. بۇيەردە تۇرغان ئۈچ-تۆت كۈن ۋاقىت ئىچىدە (ب 245) چېرىك سىپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن ئانار يېدى. دۈشەنبە كۈنى باغدىن كۆچتۇق. مەن بىر پەھەرچە يۇرۇپ بىرمۇنچە نارەنج ئالدۇردۇم، شاھ ھەسەنگە ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ نارەنجى ئىنئام بولدى. بەزى بەگلەرگە بىر كىشىگە بىر تۈپتىن، بەزى بەگلەرگە ئىككى كىشىگە بىر تۈپتىن دەرەخنىڭ نارەنجى ئىنئام بولدى. قىشتا لەمغاندا سەيلە قىلىش نىيىتىم بولغانلىقتىن، كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىرمە تۈپچە نارەنج دەرىخىنى قورشاپ قويۇشنى بۇيرۇدۇم. بۇ كۈنى گەندەمەككە چۈشۈپ، ئەتىسى جىگدەلىككە چۈشتۇق. شامغا يېقىن شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئىچكىيلەرنىڭ كۆپچىلىكى بار ئىدى. ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا قاسىم بەگنىڭ جىيەنى گەدايى بەھجەت كۆپ قىزىقچىلىق قىلدى. كېيىن مەست بولۇپ، مېنىڭ يېنىمدىكى ياستۇققا يۆلەندى. گەدايى تاغايى ئۇنى كۆتۈرگىنىچە ئولتۇرۇشتىن چىقىرىۋەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن بۇ يەردىن كۆچتۇق. قۇرۇق ساي يېنىدىكى بارىك ئاب غولىنىڭ يۇقىرىسىنى سەيلە قىلىشقا باردىم. بىرنەچچە تۈپ تۇراق دەرىخى ئاجايىپ چىرايلىق سارغىيىپتۇ. شۇ يەرگە چۈشۈپ، يىلقىران ئېشى تەييارلاتتۇق. كۆز شەرىپىگە شاراب ئىچىشتۇق. يولدىن قوي كەلتۈرۈپ كاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلدى. كاۋچۇك شاخلىرىغا ئوت قويۇپ تاماشا قىلدۇق.

موللا ئابدۇلمەلىك دىۋانە مېنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىمنى كابۇلغا يەتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، ئۇ كابۇلغا ئەۋەتىلدى. ھەسەن نەبىرە مىرزاخان قېشىدىن مېنى دەپ كەلگەنىكەن. مۇشۇ يەردە

كىلىپ (246) مۇلازىمەت قىلدى. زاۋال ۋاقتىغىچە مۇشۇ يەردە شاراب ئىچىلدى. ئاندىن كېيىن ئاتلاندۇق. ئولتۇرۇشتا بولغانلار قاتتىق مەست بولۇشقانىدى. سەيد قاسىم شۇنداق مەست بولغان ئىدىكى، ئىككى نۆكىرى ئاران ئاتقا ئارتىپ ئوردۇغا ئېلىپ كەتتى. دوست مۇھەممەد شۇنداق مەست بولغان ئىدىكى، ئەمىن مۇھەممەد تارخان بىلەن مەستى چۆھرە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى ئاتقا مىندۈرەلمەيدۇ. بېشىغا سۇ قويۇپ باقىدۇ، بولمايدۇ. شۇ ئەسنادا بىر توپ ئافغان پەيدا بولىدۇ. ئەمىن مۇھەممەد تارخان شارابنىڭ تەسىرىدە: «ئۇنى بۇ ھالەتتە دۈشمەنگە قالدۇرغىچە، بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كېتەي» دەپ ئويلايدۇ. ئاخىر ھەممەيلەن مىڭ تەسلىكتە ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ كېلىدۇ.

يىرىم كېچىدە كابۇلغا يېتىپ كەلدۇق. ئەتىسى ئەتىگەن دىۋاندا قۇلى بەگ كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇ كاشغەرگە — سۇلتان سەئىدخان قېشىغا ئەلچىلىككە بارغانىدى. قۇلى بەگ بىلەن بىللە بىشكە مىرزا ئىنتەرچى ئەلچىلىككە كەلگەنىدى. ئۇ شۇ ۋىلايەتنىڭ رەختلىرىدىن بىرمۇنچە سوۋغات ئېلىپ كەلدى. زۇلقەدە ئېيىنىڭ بىرى — چارشەنبە كۈنى كابۇل گۆرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزۈم يالغۇز سەبۇھى قىلدىم. كېيىن مەجلىس ئەھلى بىرلەپ، ئىككىلەپ كېلىشتى. كۈن ئۆرلىگەندە باغى بەنەفشەگە بېرىپ، كۆل بويىدا ئىچتۇق. چۈشتە ئۇخلاپ، پېشىن ۋاقتىدا يەنە ئىچتۇق. مۇشۇ پېشىن ۋاقتىدىكى ئولتۇرۇشتا مۇندىن بۇرۇنقى شاراب ئولتۇرۇشلىرىدا شاراب تۇتۇلمايدىغان تەگرى قۇلى بەگ بىلەن مەھدىگە (ب 246) شاراب بەردىم. خۇپتەن ۋاقتىدا ھاماممىغا كەلدىم ۋە ئۇ كېچىنى ھامامدا ئۆتكۈزدۈم.

پەيشەنبە كۈنى يەھيا نوھانى باشلىق ھىندىستان سودىگەرلىرىگە

كىيىم-كېچەك ئىنايەت قىلىنىپ، رۇخسەت بېرىلدى. ئاينىڭ تۆتى — شەنبە كۈنى كاشغەردىن كەلگەن بىشكە مىرزىغا تون كىيدۈرۈلۈپ، ئىنئاملار قىلىنىپ رۇخسەت بېرىلدى.

يەكشەنبە كۈنى ئىشىك ئۈستىدىكى كىچىك سۇرەتخانىدا ئولتۇرۇش بولدى. ئۆي كىچىك بولغىنىغا قارىماي، ئولتۇرۇشقا ئون ئالتە كىشى قاتناشتى. دۈشەنبە كۈنى كۆز سەيلىسى ئۈچۈن ئىستالىفقا باردۇق. بۇ كۈنى مەجۇن يېيىلگەنىدى. كېچىسى قاتتىق يامغۇر ياغدى. مېنىڭ بىلەن كەلگەن بەگلەر ۋە ئىچكىيلەرنىڭ كۆپچىلىكى مېنىڭ باغى كەلانغا تىكىلگەن چېدىرىمغا كىردى. ئەتىسى مۇشۇ باغدا شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. كەچكىچە ئىچىلدى. ئەتىسى سەبۇھى قىلدۇق. مەست بولۇپ ئۇخلاپ، پېشىندا ئىستالىفتىن ئاتلىنىپ، يولدا مەجۇن يېدۇق. نامازدىگەر ۋاقتىدا بىھزادىغا كەلدۇق. كۆز مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. كۆز سەيلىسى ئەسناسىدا شارابخورلار شاراب ئىزلەشكە باشلىدى. مەجۇننى كۆپ ئالغان بولساقمۇ لېكىن كۆز مەنزىرىسى بەك گۈزەل بولغىنى ئۈچۈن، سارغايغان دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ شاراب ئىچتۇق. ئولتۇرۇش خۇپتەنگىچە داۋام قىلدى. موللا مەھمۇد خەلىفە كەلدى. ئۇنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. ئابدۇللا ئېغىر مەست ئىدى. خەلىفىنىڭ ئاغزىدىن بىر سۆز چىقتى. ئابدۇللا موللا مەھمۇدتىن بىخەۋەر مۇنۇ مىسرانى ئوقۇدى: (247)

بەر ھەركى بىنگەرى بەھەمىن داغ مۇبتەلاست

(كىمگىلا باقساڭ مۇشۇ دەردگە مۇپتىلادۇر)

موللا مەھمۇد ساق ئىدى. بۇ مىسرانى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇللاغا چاقچاق تەرىقىسىدە تەنبىھ بەردى. ئابدۇللا خەۋەر تېپىپ بەك خىجىل بولدى ۋە يوپۇتۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى

قىلدى. پەيشەنبە كۈنى كۆز سەيلىسى قىلىپ، شامدىن كەچ چارباغقا كېلىپ چۈشتۈم. ئاينىڭ ئون ئالتىسى — جۈمە كۈنى باغى بەنەفشەدە مەجۇن يەپ، بەزى يېقىنلار بىللە كېمىگە چۈشتۇق. كېيىن ھۇمايۇن بىلەن كامرانمۇ كەلدى. ھۇمايۇن بىر ئۆردەكنى كېلىشتۈرۈپ ئاتتى.

ئاينىڭ ئون سەككىزى — شەنبە كۈنى يېرىم كېچىدە چارباغدىن ئاتلاندىم. تۆنقاتار① بىلەن ئاختىچىنى قايتۇرۇۋەتتىم. موللا بابا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، دىۋرىن ئېغىزى بىلەن چىقىپ، قۇش نادىر ۋە بازارلىرىنىڭ كارىزى بىلەن خىرىسخانىنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ، تاڭ ۋاقتىدا تۇردى بەگ خاكسارنىڭ كارىزىغا كەلدىم. تۇردى بەگ خەۋەر تېپىپ، ھولۇققىنىچە يۈگۈرۈپ چىقتى. تۇردى بەگنىڭ بىكار تەلەپلىكى مەلۇم ئىدى. ئۆزۈم يۈز شاھرۇخى ئالغاچ بارغانىدىم، ئۇنى تۇردى بەگكە بېرىپ: «شاراب ۋە ئۇنىڭ لازىملىقلىرىنى تەييارلا، خالىي يەردە ئىچەرمەنلەرچە ئىچكۈم بار» دېدىم. تۇردى بەگ شاراب ئۈچۈن بىھزادى تەرەپكە كەتتى. ئېتىمنى تۇردى بەگنىڭ قۇللىرىدىن بىرىگە بەردىم، ئۆزۈم كارىزنىڭ كەينىدىكى بىر دۆڭدە ئولتۇردۇم. بىر پاس ئۆتتى. (ب 247) تۇردى بەگ بىر كوزا شاراب ئېلىپ كەلدى. ئىككىمىز ئولتۇرۇپ ئىچىشكە باشلىدۇق. تۇردى بەگنىڭ شاراب ئېلىپ كېلىۋاتقىنىنى مۇھەممەد قاسىم بارلاس بىلەن شاھزادە بىلىپتۇ. ئۇلار مەندىن خەۋەرسىز تۇردى بەگنىڭ كەينىدىنلا ياياق كېلىشتى. ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. تۇردى بەگ؛ «ھۆلھۆل ئەنىكەنىڭ سىز بىلەن شاراب ئىچسەم دېگەن ئارمىنى بار» دېدى. مەن: «مەنمۇ خوتۇن كىشىنىڭ ئىچكىنىنى كۆرۈپ باقمىغان، چاقىرىڭ»

① تۆنقاتار — كېچىلىك كۆزەتچى.

دېدىم. شاھى دېگەن بىر قەلەندەر بىلەن كارىزلىق بىر راۋابچىنىمۇ ئۇلتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. ناماز شامغىچە كارىزنىڭ كەينىدىكى دۆڭدە ئولتۇرۇپ ئىچتۇق. كېيىن تۇردى بەگنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چىراغ يورۇقىدا ناماز خۇپتەندىن ئۆتكىچە ئىچتىم. ۋاراڭ-چۇرۇڭسىز ئوبدان ئولتۇرۇش بولدى. مەن يېتىپ قالدىم. ئولتۇرۇشتىكىلەر باشقا بىر ئۆيگە چىقىپ ناغرا ۋاقتىغىچە ئىچىشتى. ھۇلھۇل ئەنىكە كېلىپ ماڭا كۆپ جىلۋە قىلدى، ئاخىر ئۆزۈمنى مەستلىككە سېلىپ قۇتۇلدۇم.

باشقىلارغا تۇيدۇرماي، ئۆزۈم يالغۇز ئاتلىنىپ ئىستەرغەچقا بېرىش خىيالىم بار ئىدى. باشقىلار تۇيۇپ قېلىپ مۇمكىن بولمىدى. ئاخىر ناغرا ۋاقتىدا ئاتلاندىم. تۇردى بەگ بىلەن شاھزادىگە خەۋەر قىلدىم، ئۈچەيلەن ئاتلىنىپ ئىستەرغەچ تەرىپكە مېڭىپ كەتتۇق. تاڭ ۋاقتىدا ئىستالىفنىڭ ئايىغىدىكى خوجا ھەسەنگە يەتتۇق. چۈشۈپ بىردەم مەجۇن يەپ كۆز مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. كۈن چىققاندا ئىستالىف (248) بېغىغا چۈشۈپ ئۈزۈم يېدۇق. ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، ئىستەرغەچ تەۋەسىدىكى خوجا شەھابقا چۈشۈپ ئۇخلىدۇق. ئاتا مىراخورنىڭ ئۆيى شۇ يەردە ئىكەن. بىز ئويغانغىچە ئاش پىشۇرۇپ، بىر كوزا شاراب تەييارلاپ قويۇپتۇ. كۆز مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. بىرنەچچە پىيالە ئىچىپ ئاتلاندۇق. پېشىن ۋاقتىدا ئىستەرغەچتىكى كۆز مەنزىرىسى ئەڭ گۈزەل بىر باغقا چۈشۈپ ئولتۇرۇش قىلدۇق. بىردەمدىن كېيىن خوجا مۇھەممەد ئەمىن كەلدى. خۇپتەنگىچە ئىچتۇق. ئۇ كۈنى ۋە ئاخشىمى كابۇلدىن ئابدۇللا، ئەسەس، نۇربەگ ۋە يۇسۇف ئەلى كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەن غىزا يەپ ئاتلىنىپ ئىستەرغەچنىڭ ئايىغىدىكى پادىشاھ بېغىنى تاماشا قىلدۇق. بىر ئالما كۆچىتى ئىنتايىن گۈزەل سارغىيىپتۇ. ھەربىر شېخىدا بەش-ئالتىدىن

يوپۇرماق شۇنداق رەتلىك سۇرەتتە قالغان ئىدىكى، رەسساملار ئىجتىھاد بىلەن سىزسىمۇ ئانچىلىك قىلالمايتتى. ئىستەرغەچتىن ئاتلىنىپ، خوجا ھەسەندە غىزا يېدۇق. ناماز شامدا بىھزادىغا كېلىپ، خوجا مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئىمام مۇھەممەد ئاتلىق نۆكىرىنىڭ ئۆيىدە شاراب ئىچتۇق. ئەتىسى سەيشەنبە كۈنى كابۇلنىڭ چارباغىغا كەلدۇق.

ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى — پەيشەنبە كۈنى كۆچۈپ قەلئەگە كىردۇق. جۈمە كۈنى مۇھەممەد ئەلى ھەيدەر رىكابدار بىر ئاق قۇش تۇتۇپ كېلىپ ھەدىيە قىلدى. ئاينىڭ يىگىرمە بەشى — شەنبە كۈنى چىنار بېغىدا ئولتۇرۇش بولدى. ناماز خۇپتەندە ئۇ يەردىن ئاتلاندۇق. سەيىد قاسىمنىڭ ئۆتكەن ۋەقەدىن خىجالەتچىلىكى بار ئىدى. كېلىشتە ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ بىرنەچچە قەدەھ ئىچتۇق.

زۇلھەججە (ب 248) ئېيىنىڭ بىرى — پەيشەنبە كۈنى قەندەھاردىن تاجىددىن مەھمۇد كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئاينىڭ ئون توققۇزى — دۈشەنبە كۈنى مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ نىلابتىن كەلدى. ئاينىڭ يىگىرمىسى —سەيشەنبە كۈنى سەنگەرخان جەنجۈھە بېھرەدىن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى — جۈمە كۈنى ئەلشىر بەگنىڭ تۆت دىۋانىدىن بەھر ۋە ۋەزنلەر بويىچە ناللىنىۋاتقان غەزەل ۋە بېيىتلار تاماملاندى. ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىسى — سەيشەنبە كۈنى ئەركتە ئولتۇرۇش بولدى. بۇ ئولتۇرۇشتا مۇشۇ ئولتۇرۇشتىن مەست بولۇپ چىققان كىشى باشقا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنمىسۇن، دەپ پەرمان چىقىرىلدى.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرى — جۈمە كۈنى لەمغانىنى سەيلە قىلىش سەپىرىگە ئاتلاندۇق.

# توققۇز يۈز يىگىرمە ئالتىنچى يىل ① ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرى — شەنبە كۈنى خوجا سەييارانىغا كەلدۇق. دۆڭ ئۈستىدە يېڭى ئېچىلغان ئېرىق بويىدا شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئەتىسى سەھەر ئاتلىنىپ، رەگىرەۋاننى سەيلە قىلىپ، سەيىد قاسىمنىڭ بۇلبۇل كۆشكىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇش قىلدۇق. ئەتىسى سەھەر ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، يولدا مەجۇن يەپ، بىلكەرگە بېرىپ چۈشتۇق. ئاخشىمى ئىچكەندىن باشقا، ئەتىسى سەھەر سەبۇھى قىلدۇق. ناماز پېشىندا يولغا چىقىپ دۇرنامەگە بېرىپ چۈشتۇق. بۇ يەردە شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئەتىسى سەبۇھى قىلدۇق. دۇرنامەنىڭ چوڭى ھەقداد بېغنى ھەدىيە قىلدى. پەيشەنبە كۈنى ئاتلىنىپ، نىجراۋدىكى تاجىكلار يېزىسىغا چۈشتۇق. جۈمە كۈنى چىھل قۇلبە بىلەن باران سۈيى ئارىسىدىكى تاغدا ئوۋ قىلدۇق. نۇرغۇن كېيىك ئوۋلىدۇق. قولۇم زەخمىلەنگەندىن (249) بۇيان ئوق ئېتىپ باقمىغانىدىم، ئانچە قاتتىق ئەمەس بىر يا بىلەن بىر كېيىكنىڭ قولتۇقىغا ئوق ئاتتىم. ئوق پەيلىك قىسمىنىڭ يېرىمىغىچە كىرىپتۇ. دىگەر ۋاقتىدا ئوۋدىن قايتىپ، نىجراۋغا كەلدۇق. ئەتىسى نىجراۋ ئاھالىسى بېرىدىغان ھەدىيە ئاتمىش (مىسقال) ئالتۇن قىلىپ بېكىتىلدى.

① مىلادىيە 1519 ـ يىلى.

يوپۇرماق شۇنداق رەتلىك سۇرەتتە قالغان ئىدىكى، رەسساملار ئىجتىهاد بىلەن سىزسىمۇ ئانچىلىك قىلالمايتتى. ئىستەرغەچتىن ئاتلىنىپ، خوجا ھەسەندە غىزا يېدۇق. ناماز شامدا بىهزادىغا كېلىپ، خوجا مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئىمام مۇھەممەد ئاتلىق نۆكىرىنىڭ ئۆيىدە شاراب ئىچتۇق. ئەتىسى سەيشەنبە كۈنى كابۇلنىڭ چاربېغىغا كەلدۇق.

ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى — پەيشەنبە كۈنى كۆچۈپ قەلئەگە كىردۇق. جۈمە كۈنى مۇھەممەد ئەلى ھەيدەر رىكابدار بىر ئاق قۇش تۇتۇپ كېلىپ ھەدىيە قىلدى. ئاينىڭ يىگىرمە بەشى — شەنبە كۈنى چىنار بېغىدا ئولتۇرۇش بولدى. ناماز خۇپتەندە ئۇ يەردىن ئاتلاندۇق. سەيىد قاسىمنىڭ ئۆتكەن ۋەقەدىن خىجالەتچىلىكى بار ئىدى. كېلىشتە ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ بىرنەچچە قەدەھ ئىچتۇق.

زۇلھەججە (ب 248) ئېيىنىڭ بىرى — پەيشەنبە كۈنى قەندەھاردىن تاجىددىن مەھمۇد كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئاينىڭ ئون توققۇزى — دۈشەنبە كۈنى مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ نىلابتىن كەلدى. ئاينىڭ يىگىرمىسى —سەيشەنبە كۈنى سەنگەرخان جەنجۇھە بېهرەدىن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى — جۈمە كۈنى ئەلىشىر بەگنىڭ تۆت دىۋانىدىن بەھر ۋە ۋەزنلەر بويىچە ناللىنىۋاتقان غەزەل ۋە بېيىتلار تاماملاندى. ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىسى — سەيشەنبە كۈنى ئەركتە ئولتۇرۇش بولدى. بۇ ئولتۇرۇشتا مۇشۇ ئولتۇرۇشتىن مەست بولۇپ چىققان كىشى باشقا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنمىسۇن، دەپ پەرمان چىقىرىلدى.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرى — جۈمە كۈنى لەمغانىنى سەيلە قىلىش سەپىرىگە ئاتلاندۇق.

## توققۇز يۈز يىگىرمە ئالتىنچى يىل① ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرى ـــ شەنبە كۈنى خوجا سەيارانغا كەلدۇق. دۆڭ ئۈستىدە يېڭى ئېچىلغان ئېرىق بويىدا شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئەتىسى سەھەر ئاتلىنىپ، رەگرەۋاننى سەيلە قىلىپ، سەيد قاسىمنىڭ بۇلبۇل كۆشكىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇش قىلدۇق. ئەتىسى سەھەر ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، يولدا مەجۇن يەپ، بىلكەرگە بېرىپ چۈشتۇق. ئاخشىمى ئىچكەندىن باشقا، ئەتىسى سەھەر سەبۇھى قىلدۇق. ناماز پىشىندا يولغا چىقىپ دۇرنامەگە بېرىپ چۈشتۇق. بۇ يەردە شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. ئەتىسى سەبۇھى قىلدۇق. دۇرنامەنىڭ چوڭى ھەقداد بېغىنى ھەدىيە قىلدى. پەيشەنبە كۈنى ئاتلىنىپ، نىجراۋدىكى تاجىكلار يېزىسىغا چۈشتۇق. جۈمە كۈنى چىھل قۇلبە بىلەن باران سۈيى ئارىسىدىكى تاغدا ئوۋ قىلدۇق. نۇرغۇن كىيىك ئوۋلىدۇق. قولۇم زەخمىلەنگەندىن (249) بۇيان ئوق ئېتىپ باقمىغانىدىم، ئانچە قاتتىق ئەمەس بىر يا بىلەن بىر كىيىكنىڭ قولتۇقىغا ئوق ئاتتىم. ئوق پەيلىك قىسمىنىڭ يېرىمىغىچە كىرىپتۇ. دىگەر ۋاقتىدا ئوۋدىن قايتىپ، نىجراۋغا كەلدۇق. ئەتىسى نىجراۋ ئاھالىسى بېرىدىغان ھەدىيە ئاتمىش (مىسقال) ئالتۇن قىلىپ بېكىتىلدى.

---

① مىلادىيە 1519 ـ يىلى.

دۈشەنبە كۈنى لەمغان سەيلىسى سەپەرگە ئاتلاندۇق. بۇ سەيلىدە ھۇمايۇنمۇ بىز بىلەن بىللە بولسۇن، دېگەن ئويۇم بار ئىدى. لېكىن ئۇ قېلىشنى ئىختىيار قىلدى، كۈرە ئۆتكىلىدە ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلدى. بىز كېلىپ بەدراۋغا چۈشتۇق. ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ ئۇلۇغبۇغا كېلىپ چۈشتۇق. باران سۇيىدە ئۇۋچىلار بىرمۇنچە بېلىق تۇتتى. نامازدىگەردە سالغا چۈشۈپ شاراب ئىچتۇق. ناماز شامدىن كەچرەك سالدىن چىقىپ ئاق ئۆيدىمۇ ئىچتۇق. ھەيدەر ئەلەمدارنى داۋەرتىن كاپىرلىرى تەرەپكە ئەۋەتكەندۇق. بادىجنىڭ تۆۋىدە كاپىرلارنىڭ چوڭلىرى بىرنەچچە تۇلۇم شاراب ئېلىپ كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. داۋاندىن چۈشۈۋاتقىنىمىزدا ئاجايىپ كۆپ چېكەتكە ئۇچراتتۇق. ئەتىسى سالغا چۈشۈپ مەجۇن يېدۇق. بۇلاندىن بىر ئاز تۆۋەنرەكتە سالدىن چىقىپ ئوردۇغا كەلدۇق. ئىككى سالدا كەلدۇق.

جۈمە كۈنى ئاتلىنىپ، مەندراۋەرنىڭ بىرئاز تۆۋىنىدىكى تاغ باغرىغا چۈشتۇق. كېچىسى شاراب ئولتۇرۇشى بولدى. شەنبە كۈنى سالغا چۈشۈپ، دەرۇتە ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، جەھاننەمانىڭ يۇقىرىراقىدا سالدىن چىقتۇق ۋە ئادىنەپۇر ئۇدۇلىدىكى باغى ۋەفاغا كەلدۇق. نىگەنھار تۇمەنىنىڭ ھاكىمى قىيام ئوردۇشاھ بىز سالدىن چىققان ۋاقتىمىزدا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. نەچچە ۋاقىتتىن نىلابتا تۇرۇپ كەلگەن لەڭگەرخان (ب 249) نىيازى يولدا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. بىز باغى ۋەفاغا چۈشتۇق. نارەنجلىرى ساپسېرىق بولۇپ، چىمەنلىرى ۋايىغا يېتىپ، ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. بەش-ئالتە كۈن باغى ۋەفادا بولدۇق.

قىرىق يېشىمدا ئىچىملىكنى تاشلاش نىيىتىدە بولغىنىم ۋە بۇنىڭغا

بىر يىلدىن ئازراق ۋاقىت قالغىنى ئۈچۈن، بولۇشىغا ئىچمەكتە ئىدىم. ئاينىڭ ئون ئالتىسى — يەكشەنبە كۈنى سەبۇھى قىلىپ، ساقىيىپ، مەجۇن خۇمارى تۇتقاندا، موللا يارەك مۇخەممەس دەۋرىدە پەنجىگاھتىن ئىشلىگەن كۈيىنى چېلىپ بەردى. كۈي ياخشى ئىشلىنىپتۇ. مۇنداق نەرسىلەر بىلەن شۇغۇللانمىغىنىمغا ئۇزۇن بولغانىدى. مەندىمۇ بىرنەرسە ئىشلەپ بېقىش ئىستىكى پەيدا بولدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چارگاھ ئاھاڭىنى ئىشلىدىم، بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىدۇ. چارشەنبە كۈنى سەبۇھى قىلغاندا، قىزىقچىلىق ئۈچۈن: «كىم سارتچە ئېيتسا، بىر قەدەھ ئىچسۇن» دېيىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپ كىشى قەدەھ كۆتۈردى. سۈننەت ۋاقتىدا چىمەن ئوتتۇرىسىدىكى تاللار ئاستىدا ئولتۇردۇق، بۇ يەردە «كىم تۈركچە ئېيتسا، بىر قەدەھ ئىچسۇن» دېيىلدى. بۇ قېتىممۇ كۆپ كىشى قەدەھ كۆتۈردى. كۈن چىققاندا نارەنجلەر تۈۋىدىكى كۆل ياقىسىغا بېرىپ ئىچتۇق. ئەتىسى دۇتەدىن سالغا چۈشۈپ، جۇيى شاھىدىن چىقىپ، ئەتەرگە باردۇق. ئەتەردىن ئاتلىنىپ، دەرەئى نۇرنى سەيلە قىلىپ، سۇسان يېزىسىغىچە بارغاندىن كېيىن، قايتىپ ئاملەگە چۈشتۇق.

خوجاكالان بەجۇرنى (250) ياخشى ئىدارە قىلغانىدى. يېقىن ئادىمىمىز بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى چاقىرتىۋېلىپ، بەجۇرنى شاھ ھۆسەيىن ئەھدىسگە بەردۇق. ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى — شەنبە كۈنى شاھ مىر ھۆسەيىننى يولغا سالدۇق. بۇ كۈنىمۇ ئاملەدە ئىچتۇق. ئەتىسى يامغۇر ياغدى. كۈنەردە مەلىك قۇلنىڭ ئۆيى جايلاشقان كۆلەگرامغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. بۇ ئۆيلەر نارەنجزارغا يۈزلىنىپ تۇراتتى. يامغۇر سەۋەبىدىن

نارەنجزارغا بارماي، شۇ يەردىلا ئىچتۇق. يامغۇر قاتتىق يېغىپ كەتتى. بىر خىل تىلسىمنى بىلەتتىم، بۇنى موللا ئەلىخانغا ئۆگەتتىم. ئۇنى تۆت پارچە قەغەزگە يېزىپ تۆت تەرەپكە ئاستى، شۇ زامان يامغۇر توختاپ، ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىدى. ئەتىسى ئەتىگەن سالغا چۈشتۇق. يەنە بىر سالغا بىر قىسىم يىگىتلەر چۈشتى. بەجۇر، سەۋاد، كۇنەر تەرەپلىرىدە بىر خىل بوزا ئىشلىنىدۇ. ئۇ يەردە «كىم» دېيىلىدىغان بىرنەرسە بولۇپ، ئۇنى ئوتلارنىڭ كۆكىدىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن ياسايدۇ ۋە نانغا ئوخشاش تۆرۈك قىلىپ، قۇرۇتۇپ ساقلايدۇ. بۇ بوزىغا شۇ «كىم» خۇرۇچ قىلىنىدۇ. بۇ بوزىنىڭ بەزىلىرى قاتتىق كەيىپ قىلىدۇ، بىراق ئىنتايىن ئاچچىق ھەم بەتتام كېلىدۇ. بۇ بوزىدىن ئىچىشنى ئويلىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن قورقۇپ ئىچەلمەي، مەجۇن يېدۇق. يەنە بىر سالدا ئولتۇرغان ئەسەس، ھەسەن ئىكرەك ۋە مەستى ئۈچىگە شۇ بوزىدىن ئىچىش بۇيرۇق قىلىندى. ئۇلار ئىچىپ مەست بولۇپ كەتتى. ھەسەن ئىكرەك تېتىقسىز قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى. (ب 250) ئەسەسمۇ ئېغىر مەست بولۇپ، بىرمۇنچە سەت قىلىقلارنى قىلدى، بۇنىڭدىن شۇنداق بىزار بولدۇقكى، ئۇنى سالدىن چۈشۈرۈپ، سۇنىڭ ئۇ قېتىغا ئوتكۇزۇۋېتىشنى ئويلىدىم. لېكىن بەزىلەر ئارىغا كىرىپ تىلىۋالدى.

ئۇ چاغدا بەجۇرنى شاھ مىر ھۆسەينگە ئىنايەت قىلىپ، يېقىن كىشىمىز بولغان خوجا كالاننى يېنىمىزغا چاقىرتقانىدۇق. ئۇ بەجۇردا كۆپ ھايال بولدى. بەجۇر ئىشىمۇ بىرئاز قولاي تەسەۋۋۇر قىلىندى. شاھ مىر ھۆسەيىن بەجۇرغا كېتىۋېتىپ، كۇنەر سۈيىنىڭ كىچىكىگە يەتكەندە بىزگە يولۇقتى، چاقىرىپ بەزى ئاغزاكى سۆزلەرنى

ئېيتىپ، بىر خاس ساۋۇت ئىنايەت قىلىپ ماڭدۇرۇۋەتتۇق.

نۇرگۇل ئۇدۇلىغا يەتكەندە، بىر قېرى كېلىپ سەدىقە تىلىدى. سالدىكىلەرنىڭ ھەر بىرى چاپان، سەللە، پوتىدەك نەرسىلەرنى بەردى. قېرى خېلى كۆپ نەرسە يىغىۋالدى. يېرىم يولدا بىر يامان يەرگە توغرى كېلىپ سال بىر نەرسىگە ئۇرۇلدى. بەك قورقتۇق، سال ئاغدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن مىر مۇھەممەد جالەبان سۇغا يىقىلدى. كېچىنى ئەتەرگە يېقىن بىر يەردە ئۆتكۈزدۇق. سەيشەنبە كۈنى مەندراۋەرگە كەلدۇق. قۇتلۇق قەدەم بىلەن ئاتىسى دەۋلەت قەدەم قەلئەنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇش قىلغانىدى. بىپەيزى بىر يەردە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن بىرنەچچە قەدەھ ئىچىپ، نامازدىگەردە ئوردۇغا كەلدۇق.

چارشەنبە كۈنى كەندگەر بۇلىقىغا بېرىپ سەيلە قىلدۇق. كەندگەر — مەندراۋەر تۈمەنىگە تەئەللۇق يېزا. پۈتۈن لەمغانات بويىچە پەقەت مۇشۇ يېزىلاردىلا خورما بار. بۇ يېزا تاغ ئېتىكىدىن يۇقىرىراققا (251) جايلاشقان بولۇپ، خورمىزارى ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە. بۇلاق بولسا، خورمىزارنىڭ يېنىدىكى يانتۇ يەردە. بۇلاقنىڭ ئالتە-يەتتە قارى تۆۋىنىگە تاشلارنى قىرلاپ، غۇسۇل قىلىدىغان بىر خالىي جاي ياساپ قويۇپتۇ. بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇنى غۇسۇل قىلغان كىشىنىڭ بېشىدىن قۇيۇلىدىغان قىلىپ ئېگىزلىتىپتۇ. بۇ سۇ ئىنتايىن يېقىملىق بولۇپ، قىش كۈنلىرى كىشىگە دەسلەپتە سوغدەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن تۇرغانچە ناھايىتى خۇش ياقىدۇ.

پەيشەنبە كۈنى شىرخان تەركەلاني ئۆيىگە چۈشۈرۈپ، زىياپەت بەردى. پېشىندا ئۇيەردىن ئاتلاندۇق. كىشىلەر مەخسۇس ياسالغان بېلىقخانىلاردا بېلىق تۇتتى. بۇ بېلىقخانىلار توغرۇلۇق يۇقىرىدا

توختىلىپ ئۆتكەندۇق. جۈمە كۈنى خوجا مىر مىران يېزىسىغا يېقىن بىر يەرگە چۈشتۇق. شام ۋاقتىدا ئولتۇرۇش بولدى. شەنبە كۈنى ئەلشەڭ بىلەن ئەلنىگار ئارىسىدىكى تاغدا ئوۋ قىلدۇق. بىر تەرەپتە ئەلشەگلىقلار، بىر تەرەپتە ئەلنىگارلىقلار ھالقىسىمان بولۇپ، تاغدىكى كېيىكلەرنى ھەيدەپ چۈشۈردى. نۇرغۇن كېيىك ئوۋلاندى. ئوۋدىن قايتىپ، ئەلنىگاردا ھۆكۈمدارلارنىڭ بېغىغا چۈشۈپ ئولتۇرۇش قىلدۇق. ئالدى چىشىمنىڭ يېرىمى سۇنۇپ يېرىمى قالغانىدى، شۇ كۈنى غىزا يەۋاتقاندا قالغان يېرىمىمۇ سۇنۇپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن ئاتلىنىپ، بېلىقلارغا تور سالدۇردۇق. چۈشكە يېقىن ئەلشەڭگە بېرىپ، باغدا ئىچتۇق. ئەتىسى يامان ئىشلارنى قىلىپ، ناھەق قان تۆككەن ئەلشەڭ ھۆكۈمدارى ھەمزەخان قان دەۋاگەرلىرى قولىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قىساسى ئېلىپ بېرىلدى. سەيشەنبە (ب 251) كۈنى دۇرۇت ئوقۇپ بولۇپ، يانبۇلاق يولى بىلەن كابۇلغا قاراپ ماڭدۇق. نامازدىگەر بىلەن ئەلغەنۇدا سۇدىن ئۆتتۇق، نامازشامدا قاراتۇغا كېلىپ ئاتلارغا بوغۇز بېرىلدى، بار نەرسىلەردىن غىزا تەييارلاندى. ئاتلار بوغۇزنى يەپ بولۇشىغا يولغا چىقتۇق.

# 3. هندستان

# توققۇز يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى يىل① ۋەقەلىرى

توققۇز يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى يىلى سەپەر ئېيىنىڭ بېشى — جۈمە كۈنى قۇياش قەۋس بۇرجىدا ئىدى②، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش نىيىتى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، يەكلەنگە دۆڭىدىن ئۆتۈپ، دىھ ياقۇب سۈيىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئوتلاقتا چۈشتۇق. مۇشۇ يەردە تۇرغىنىمىزدا بۇندىن يەتتە-سەككىز ئاي بۇرۇن سۇلتان سەئىدخان قېشىغا ئەلچىلىككە كەتكەن ئابدۇلمۇلۇك قۇرچى خاننىڭ ياڭى بەگ كۆكەلداش ئاتلىق ئادىمى بىلەن بىللەن كەلدى. ئۇلار خانىملاردىن ۋە خاندىن خەت، سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەلدى.

چېرىكنىڭ تەييارلىقى بىلەن بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇردۇق. بۇ يەردىن كۆچۈپ، ئارىدا بىر قونۇپ بادام چەشمەگە چۈشتۇق. بۇ يەردە مەجۇن يېدۇق. چارشەنبە كۈنى بارىك ئابقا چۈشكەندە، خوجا ھۆسەيىن دىۋاننىڭ پادىشاھ مۈلكى لاھۇردىن ئەۋەتكەن يىگىرمە مىڭ شاھرۇخى قىممىتىدىكى ئالتۇن، ئەشرەفى ۋە تەڭگىلەرنى ھىندىستاندا قالغان نۇر بەگنىڭ ئىنىلىرىدىن بىرى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ كۆپ قىسمى بەلخ ئەربابى موللا ئەھمەدتىن

① مىلادىيە 1525 — 1526-يىللار ئارىلىقى.

② قۇياشنىڭ قەۋس بۇرجىدا تۇرۇشى كونا شەمسىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينى بىلدۈرىدۇ.

بەلخ ئىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.

ئاينىڭ سەككىزى — جۈمە كۈنى (252) گەندەمەككە چۈشكەندە ماڭا ئېغىر زۇكام تەگدى. ئەلھەمدۇلىللا، ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتى. شەنبە كۈنى باغى ۋەفاغا چۈشتۇق. ھۇمايۇن مىرزا ۋە ئۇ تەرەپنىڭ چېرىكىنى كۆتۈپ، باغى ۋەفادا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق. باغى ۋەفانىڭ چوڭلۇقى، راھىتى ۋە لاتاپىتى توغرۇلۇق بۇ ئەسەرنىڭ بىرقانچە يېرىدە مەلۇمات بېرىلدى. ئىنتايىن راھەت بىر باغدۇر. خېرىدارلىق كۆزى بىلەن قارىغان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ قانداق بىر جاي ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ يەردە تۇرغان بىرقانچە كۈن ئىچىدە كۆپىنچە شاراب ئىچتۇق ۋە سەبۇھى قىلدۇق، ئىچمىگەن كۈنلىرى مەجۇن ئولتۇرۇشى بولدى. ھۇمايۇن مۆھلەتتىن كۆپ كېيىن قالغىنى ئۈچۈن قاتتىق خەتلەر ۋە شىددەتلىك خىتابلار ئەۋەتىلدى.

سەپەر ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى — يەكشەنبە كۈنى سەبۇھى قىلىۋاتقىنىمىزدا ھۇمايۇن كەلدى. كېچىكىپ كەلگىنى ئۈچۈن قاتتىق-قاتتىق گەپلەرنى قىلدىم. خوجاكەلانىڭ غەزنىدىن شۇ كۈنى كەلدى. شۇ دۈشەنبە ئاخشىملا كۆچۈپ، سۇلتانپۇر بىلەن خوجا رۇستەم ئارىسىدا ياسالغان يېڭى باغقا چۈشتۇق. چارشەنبە كۈنى ئۇ يەردىن كۆچۈپ، سالغا چۈشۈپ، قوش گۈنبەزگە قەدەر شاراب ئىچىپ باردۇق. قوش گۈنبەزدە سالدىن چىقىپ ئوردۇغا كېلىپ چۈشتۇق. ئەتىسى ئوردۇنى كۆچۈرۈپ، ئۆزىمىز سالغا چۈشۈپ مەجۇن يېيىشتۇق. ھەر زامان چۈشىدىغان يېرىمىز قىرىق ئارىق ئىدى. قىرىق ئارىق ئۇدۇلىغا يەتكەندە ھەرقانچە قارىساقمۇ ئوردۇدىن ئەسەر (ب 252) بولمىدى، ئاتلارمۇ كەلتۈرۈلمىدى. «گەرم چەشمە يېقىن، بەلكىم شۇ يەرگە چۈشكەندۇ» دەپ

ئويلاپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتۇق. گەرم چەشمەگە يەتكەن ۋاقتىمىزدا كۈن كەچ بولغانىدى، ئۇ يەردىمۇ توختىماي كېچىچە ماڭدۇق. بىر يەردە سالنى توختىتىپ، بىردەم ئۇخلىۋالدۇق. سۈننەت ۋاقتىدا يەدەبىرگە چىقتۇق. كۈن يورۇشى بىلەن چېرىك كېلىشكە باشلىدى. ئوردۇ قىرىق ئارىق تەۋەسىگە چۈشكەنىكەن، بىزگە كۆرۈنمەيتۇ. سالدا شېئىر توقۇيدىغانلار كۆپ ئىدى، مەسىلەن، شەيخ ئەبۇلۋاھىد، شەيخ زەين، موللا ئەلى خان، تۇردى بەگ خاكسار ۋە باشقىلار بار ئىدى. ئولتۇرۇشتا مۇھەممەد سالىھنىڭ مۇنۇ بېيتى ئېيتىلدى:

مەھبۇبىئى ھەر ئىشۋە گەرىرا چى كۇنەد كەس،
جائى كى تۇ باشى دىگەرىرا چى كۇنەد كەس.

(ھەربىر ناز-كەرەشمىچىنىڭ مۇھەببىتىنى نېمە قىلسۇن كىشى، سەن بار يەردە باشقىنى نېمە قىلسۇن كىشى) مۇشۇ ئۆرنەك بويىچە ئېيتىلسۇن دېدىم. شېئىردىن خەۋىرى بارلار ئېيتىشقا تەييارلاندى. موللا ئەلى خان بىلەن كۆپ چېقىشاتتۇق. چاقچاق يۈزىسىدىن مۇنۇ بېيت دەرھال خاتىرەمگە كەلدى:

مانەندى. تۇ مەدھۇش كارىرا چى كۇنەد كەس،
ھەر گاۋكۇنى مادە خەرىرا چى كۇنەد كەس.

(سېنىڭدەك ھوشسىز گاسنى نېمە قىلسۇن كىشى، ھەر ئۆكۈزگە چاپقۇچى مادا ئېشەكنى نېمە قىلسۇن كىشى)

بۇ چاغقىچە ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، جىددىي بولسۇن ياكى چاقچاق تەرىقىسىدە بولسۇن، خاتىرىگە نېمە كەلسە، قىزىقچىلىق يۈزىسىدىن بەزەن نەزم قىلىناتتى. ھەرقانداق قەبىھ ۋە قوپال نەزم بولسىمۇ قەلەمگە ئېلىناتتى. ئۇ چاغدا «مۇبەيىين»نى

نەزمگە ئايلاندۇرۇۋاتاتتىم. ھەممىسى خاتىرەمدە ئىدى. كۆڭلۈمگە « مۇشۇنداق سۆزلەرنى چىقارغان ۋە پىكىرنى قەبىھ سۆزلەرگە ئىشلەتكەن تىلغا ئەپسۇس! مۇشۇنداق مەنىلەرنى ئىزھار قىلغان ۋە يامان خىياللارنى خاتىرىگە كەلتۈرگەن كۆڭۈلگە لەنەت! » دېگەن چۈشەنچە كەلدى. شۇنىڭدىن بېرى ھەجۋە ۋە چاقچاق بابىدا شېئىر ۋە نەزم ئېيتىشنى تەرك قىلغاندىم. بۇ بېيتنى ئېيتىش ۋاقتىدا بۇ ئىش خاتىرىگە كەلمىدى ۋە بۇ مەنە پەقەتلا كۆڭۈلگە كەچمىدى. (253)

بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن، بىگراملا چۈشكەن ۋاقتىمىزدا زۇكام بولۇپ قىزىتمام ئۆرلەپ كەتتى. زۇكام يۆتەلگە ئايلىنىپ، ھەر يۆتەلگىنىدە قان تۈكۈرۈشكە باشلىدىم. قىزىتمام پەسەيمەيتتى. بۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ تەشۋىشنىڭ نېمىدىن بولغانلىقىنى چۈشەندىم. « فمن نكث فانماينكث على نفسه ومن اوفى بما عاهدعليه اللهفنيئوتيه اجراعظجيما » (كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئاللا بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا ئاللا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ)

نى قىلايىن سېنىڭ بىلە ئەي تىل،
جەھەتىڭدىن مېنىڭ ئىچىم قاندۇر.
نېچە ياخشى دېسەڭ بۇ ھەزل ئىلە شېئىر،
بىرسى فەخ شۇ بىرى يالغاندۇر.
گەر دېسەڭ كۆيمەيىن بۇ جۇرم بىلە،
جىلاۋىڭنى بۇ ئەرسە دىن ياندۇر.

(ئەي تىل، سېنى نېمە قىلسام بولار، سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن مېنىڭ ئىچىم قان بولدى. مۇنداق مەسخىرىلىك شېئىرنى ھەرقانچە

ياخشى دېسەڭمۇ، ئۇنىڭ بىرى نالايىق، بىرى يالغاندۇر. ئەگەر بۇ گۇناھ بىلەن كۆيمەي دېسەڭ، بۇ يولدىن ئۆزۈڭنى قايتۇر)

«ربنا ظالمنا انفسنا و ان لم تغفرلنا وترحمنا لنكونن من الخاسرين» (ئەي پەرۋەردىگارىمىز، بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق، سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمساڭ، بىزگە رەھىم قىلمساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز) يېڭىباشتىن تۇۋا-ئىستىغپار ئوقۇپ، بۇ خىل مەنىسىز پىكىرلەردىن ۋە بۇ خىل نالايىق ئادەتلەردىن كۆڭۈلنى ياندۇرۇپ، قەلەمنى سۇندۇردۇم. ئۇ دەرگاھتىن ئاسىي بەندىلەرگە مۇنداق ئاگاھلار چوڭ دۆلەتتۇر ۋە بۇلاردىن ئاگاھلاندۇرۇلغان بەندىلەرگىمۇ چوڭ سائادەتتۇر.

ئۇ يەردىن كۆچۈپ ئەلى مەسجىدكە چۈشتۇق. بۇيەر (ب 253) بەك كىچىك بولغانلىقتىن، مەن دائىم بىر دۆڭ ئۈستىگە چۈشەتتىم. چېرىك بولسا، مەن چۈشكەن دۆڭنىڭ ئالدىدىكى بىر جىلغىغا چۈشەتتى. كېچىسى چېرىك ئەھلى ياققان ئوتلاردىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر مەنزىرە ھاسىل بولاتتى. شۇڭا ھەر قېتىم بۇ يەرگە چۈشكەندە ئىچمەي قويمايتتۇق. بۇ قېتىممۇ ئىچتۇق. سۈبھىدىن بۇرۇن مەجۇن يەپ ئاتلاندىم. ئۇ كۈنى روزىمۇ تۇتتۇم. بىگرامغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. ئەتىسى شۇ قونالغۇدا تۇرۇپ، كەرگىدان ئوۋىغا ئاتلاندۇق. بىگرامنىڭ ئالدىدىكى سىياھ ئاب دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سۇ تۆۋىنىگە قاراپ قورشاۋ قىلدۇق، بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن كەينىمىزدىن ئادەم كېلىپ، بىگرامنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئورمانغا كەرگىدان كىرگەنلىكىنى، ھازىر ئۇ يەرنى قورشاپ تۇرۇشقانلىقنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئاتلىرىمىزنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدۇق. ئورماننى دائىرىلەپ، چوقان سېلىشقانىدى، كەرگىدان

چىقىپ دالىغا قاچتى. ھۇمايۇن ۋە ئۇ تەرەپتىن كەلگەنلەر كەرگىداننى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىسى قىزىقىپ تاماشا قىلدى. ئۇنى بىر كۆرۈۋېچە يەرگە قوغلاپ بېرىپ، نۇرغۇن ئوقلارنى ئېتىپ يىقىتتۇق. بۇ كەرگىدان ھېچ ئادەمگە ياكى ئاتقا ھۇجۇم قىلمىدى. يەنە ئىككى كەرگىدان ئۆلتۈرۈلدى. مەن دائىم: «پىل بىلەن كەرگىداننى روبىرو قىلسا قانداق قىلىشار» دەپ ئويلايتتىم. بۇ قېتىم پىلچىلار پىللىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتقانىكەن، بىر كەرگىدان ئۇلارغا (254) روبىرو كېلىپ قالدى. پىلچىلار ئالدىراق ماڭغانىدى، كەرگىدان قارشى كېلەلمەي باشقا تەرەپكە قاچتى.

بىگرامدا تۇرغان كۈنى بىر قىسىم بەگ، ئىچكى، باخشى ۋە دىۋانلارنى① ئالتە-يەتتە توپقا بۆلۈپ، چېرىك سېپىدىكى بارلىق كىشىنىڭ ئىسىملىرىنى بىر-بىردىن تىزىملاپ سانىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، نىلاب كېچىكىدە كېمىلەرگە تەيىنلىدۇق.

ئاخشىمى زۇكام بولۇپ قىزىدىم. بۇ زۇكام يۆتەلگە ئايلىنىپ، يۆتەلگەندە قان تۈكۈرىدىغان بولۇپ قالدىم، بەك ئەندىشە قىلدىم. ئەلھەمدۇلىللا، ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن ساقىيىپ قالدىم. بىگرامدىن كۆچۈپ، يامغۇردا قېلىپ، كابۇل سۈيى ياقىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. ھىندىستاندىن دەۋلەت خان بىلەن غازى خاننىڭ يىگىرمە-ئوتتۇز مىڭ چېرىك يىغىپ كەلانۇرنى ئالغانلىقى ۋە لاھورغا يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. ئۇ يەردىكىلەرگە: «بىز مەنزىلمۇ مەنزىل يول بېسىپ كېتىۋاتىمىز، بىز يېتىپ بارغۇچە ئۇرۇشقۇچى بولمىسۇن» دېگەن تاپشۇرۇق بىلەن مۆمىن ئەلى

① بۇ يەردىكى «باخشى»، «دىۋان» سۆزلىرى دەپتەر-ھېسابات ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشىلەرگە قارىتىلسا كېرەك.

تاۋاچىنى دەرھال چاپتۇردۇق.

ئىككى قونۇپ، ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزى — پەيشەنبە كۈنى سىند دەرياسىنىڭ ياقىسىغا چۈشتۇق. رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ بىرى — شەنبە كۈنى سىند ۋە كەچەكۆت سۇلىرىدىن ئۆتۈپ، دەريا ياقىسىغا چۈشتۇق. كېمىلەرگە تەيىنلىگەن بەگ، باخشى ۋە دىۋانلار چېرىك سانىنى مەلۇم قىلدى: چوڭ-كىچىك، ياخشى-يامان، نۆكەر — غەيرىي نۆكەر بولۇپ ئون ئىككى مىڭ كىشى تىزىمغا چۈشۈپتۇ.

بۇ يىل تۈزلەڭدە پەسىللىك يامغۇر ئاز بولۇپتۇ. تاغ باغرىدىكى ۋىلايەتلەردە بولسا (ب 254) پەسىللىك يامغۇر ياخشى بولۇپتۇ. ئاشلىق سەۋەبىدىن تاغ باغرىدىكى سىيالكۆت يولى بىلەن ماڭدۇق. ھاتى كەكەرنىڭ ۋىلايىتى ئۇدۇلىغا يەتكەندە، بىر ئېقىننىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە توپلىنىپ قالغان سۇلار كۆرۈندى، ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە مۇز قېتىپتۇ. ئانچە قېلىن بولمىسىمۇ، ھىندىستاندا شۇنچىلىك مۇزنىڭ بولغانلىقى غارايىپ بىر ئىش. شۇ مۇزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز ھىندىستاندا بولغان بىرنەچچە يىل ئىچىدە قار ۋە مۇزدىن ئەسەر بولمىدى. سىند دەرياسىدىن كۆچۈپ، ئارىدا بەش قونۇپ، ئالتىنچى كۈنى جۇد تېغىغا تۇتاش بولغان بالنات جوگى تېغىنىڭ تۈۋىگە — بۇگىياللار يۇرتىدىكى بىر ئېقىننىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتۇق. ئەتىسى ئاھالىدىن ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇ قونالغۇدا تۇردۇق. ئۇ كۈنى ھاراق ئىچتۇق. موللا مۇھەممەد پەرغەرى كۆپ ھېكايە ئېيتىپ سۆزمەنلىك قىلدى. موللا شەمس بولسا، كونا قىزىقچى ئىدى، قىزىقچىلىقنى بىر باشلىسا، كەچكىچە تۈگىتەلمەيتتى.

ئاشلىققا بارغان قۇل، خىزمەتكار ۋە ياخشى-يامانلار ئاشلىقتىنمۇ باشقا نەرسىلەرنىڭ كويىغا چۈشۈپ، جاڭگال، تاغ ۋە ئۆي-دوڭغۇل

خەتەرلىك يەرلەرگە تارقاق ھەم خەۋەرسىز ھالدا بىرىپ بىرقانچە ئادەمنى ئالدۇرۇپ قويدى، كىچىككىنە تۇنقاتار شۇ يەردە ئۆلدى.

ئۇ يەردىن كۆچۈپ، بىخەت سۈيىدىن جىلەمنىڭ بىر ئاز تۆۋىنىدىكى كىچىك ئارقىلىق ئۆتۈپ چۈشتۇق. مۇشۇ يەردە ۋەلى قىزىل كىلىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پەرگەنەسى بىمرۇگرى ۋە ئەكرىيادا بولۇپ، ئۇ، سىيالكۇتقا ياردەمچى قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. سىيالكۇتنى قوغدىمىغانلىقى (255) سەۋەبىدىن ئۇنى ئەيىبلىگەنىدۇق، ئۇ: «مەن پەرگەنەگە كەلگەنىدىم، خۇسرەۋ كۆكەلداش سىيالكۇتتىن چىقىش ۋاقتىدا ماڭا خەۋەرمۇ قىلمىدى» دەپ چۈشەندۈردى. بۇ ئۆزرىنىڭ ئورنى بار ئىدى. «سىيالكۇتنى قوغدىيالمىغاندىن كىيىن نىمىشقا لاھۇردىكى بەگلەرنىڭ قىشىغا بىرىپ ئۇلارغا قوشۇلمىدىڭ» دىدىم. لام-جىم دىيەلمىدى. ئىش جىددىي بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ گۇناھىغا پەرۋا قىلمىدۇق.

بۇ قونالغۇدىن لاھۇردىكىلەرگە سەيىد تۇفان بىلەن سەيىد لاچىننى قوش ئات بىلەن چاپتۇرۇپ: «ھەرگىز ئۇرۇشماڭلار، سىيالكۇتقا ياكى پەرسرۇرغا كىلىپ بىزگە قوشۇلۇڭلار» دىگەن بۇيرۇقنى ئەۋەتتۇق. «غازى خان ئوتتۇز-قىرىق مىڭ ئادەم توپلاپتۇ، دەۋلەت خان شۇنچە ياشانغىنىغا قارىماي، بىلىگە ئىككى قىلىچ ئىسىپتۇ. ئۇلار جەزمەن قاتتىق ئىلىشىدۇ» دىگەن گەپلەر كەلىڭ تارقالغانىدى. «گاھ يازدەھ بە، گاھنۇھ» (گاھى ئون بىر ياخشى، گاھى توققۇز) دىگەن ماقال بار، قولدىكى ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، لاھۇردىكىلەرنى ئۆزىمىزگە قوشۇپ ئۇرۇشايلى دىگەن تونۇشقا كەلدۇق. بەگلەرگە ئادەم ماڭدۇرغاندىن كىيىن، ئارىدا بىر قونۇپ، چاناب سۈيىنىڭ بويىغا كىلىپ چۈشتۇق.

يولدىن بۇرۇلۇپ، پادىشاھ ئىگىلىكىدىكى بەھلۇلپۇرنى كۆزدىن كەچۈردۇق. قورغىنى چاناب سۈيىنىڭ ياقىسىدىكى ئېگىز يار ئۈستىگە جايلاشقانىكەن، كۆڭلۈمگە بەكمۇ ياقتى. سىيالكۇتنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈش ئويىغا كەلدۇق. ئىنشائاللا، پۇرسەت بولغان ھامان كۆچۈرۈلگۈسى. بەھلۇلپۇردىن ئوردۇغىچە كېمە بىلەن كەلدۇق. (ب 255) كېمىدە ئولتۇرۇش بولدى، بەزىلەر ھاراق ئىچتى، بەزىلەر بوزا ئىچتى، بەزىلەر بولسا، مەجۇن يېدى. كېمىدىن خۇپتەندىن كەچرەك چىقتۇق، چېدىردىمۇ ئازراق ئىچتۇق. بۇ سۇ بويىدا بىر كۈن تۇرۇپ ئاتلارنى دەم ئالدۇردۇق.

رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون تۆتى — جۈمە كۈنى سىيالكۇتقا چۈشتۇق. ھەر قېتىم ھىندىستانغا ماڭساق، كالا ئولجىسى ئۈچۈن تاغدىن ۋە دالىدىن سانسىزلىغان جەت ۋە كوجۇرلار كېلەتتى. باشباشتاقلىق ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلار دەل مۇشۇ بەتبەختلەر ئىدى. بۇرۇن بۇ ۋىلايەتلەر دۈشمەن ئىدى، شۇڭا ئانچە چېك باشقۇرۇلمايتتى، بۇ قېتىم بۇ ۋىلايەتلەر بىزگە تەۋە بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. سىيالكۇتنىڭ ئاچ-يالىڭاچ، پېقىر-مىسكىنلىرى ئوردۇغا كېلىپ، غوۋغا كۆتۈرۈپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا كىرىشتى. باشباشتاقلىق قىلغانلىرىنى تاپتۇرۇپ، ئىككى-ئۈچىنى پارە-پارە قىلدۇردۇم. سىيالكۇتتىنمۇ لاھور بەگلىرىگە، دۈشمەننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئەھۋال بىلىدىغان ئادەملەردىن ئېنىقلاپ ھەم ئۆزلىرىنىڭ قەيەردە بىزگە قوشۇلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ ئادەم ئەۋەتسۇن دېگەن بۇيرۇق بىلەن شاھىم نۇر بەگنى چاپتۇردۇق.

بۇ قونالغۇدا تۇرغىنىمىزدا، بىر سودىگەر كېلىپ، ئالەمخاننىڭ سۇلتان ئىبراھىمخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى: ئالەمخان رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، شۇنداق ئىسسىق ھاۋادا ھەمراھلىرىغا قوشۇلماي، ئىككى مەنزىلنى بىر كۈندە بېسىپ لاھورغا كېلىدۇ. ئالەمخانغا رۇخسەت بەرگەن چاغلاردا ئۆزبېك (256) خانلىرى ۋە سۇلتانلىرى ھەممىسى كېلىپ بەلخنى قامىۋالغانىدى. ئالەمخاننىڭ ھىندىستان تەرەپكە كېتىشگە رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىمىز بەلخ ئۈستىگە چېرىك تارتتۇق. ئالەمخان لاھورغا كەلگەندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى بەگلەرگە: «پادىشاھ سىلەرنى ماڭا ياردەمچى بولسۇن دەپتۇ. ماڭا قوشۇلۇپ مېڭىڭلار، غازىخاننى ئۆزىمىزگە قوشۇپ، دېھلى ۋە ئەگرە ئۈستىگە چېرىك تارتايلى» دەيدۇ. ئۇلار: «غازىخانغا قايسى ئىشەنچ بىلەن قوشۇلىمىز؟ پادىشاھنىڭ پەرمانىدىمۇ غازى خان ئىنىسى ھاجىخاننى ئوغلى بىلەن سارايغا ياكى لاھورغا ئەۋەتىپ گۆرۈ تەرىقىسىدە تۇرغۇزسا، ئۇنىڭغا قوشۇلۇڭلار، بولمىسا ھەرگىز قوشۇلماڭلار دېيىلگەن. سىزمۇ ئۆتكەندە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپسىز، يەنە ئۇنىڭغا قايسى ئىشەنچ بىلەن قوشۇلىسىز؟ سىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇشىڭىز نامۇۋاپىق» دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنى ھەرقانچە توسسىمۇ، ئۇ قۇلاق سالمايدۇ، ئوغلى شىرخاننى ئەۋەتىپ، دەۋلەتخان ۋە غازىخان بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشىدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى مەھبۇس بولۇپ تۇرۇپ، بۇندىن ئىككى-ئۈچ ئاي بۇرۇن ھەپسىدىن قېچىپ لاھورغا كەلگەن دىلاۋەرخانىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. لاھوردا پەرگەنە بېرىلگەن مەھبۇدخان خانى جەھانىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ. قارار بويىچە، دەۋلەتخان بىلەن غازىخان ھىندىستاندا قويۇلغان بەگلەرنى ھەتتا پۈتۈن مۇشۇ تەرەپنى ئۆزلىرىگە قاراتماقچى،

ئالەمخان بولسا، دىلاۋەرخان بىلەن ھاجىخاننى ئۆزىگە قوشۇپ (ب 256) دېھلى ۋە ئەگرە تەرەپنى ئۆزلىرىگە قاراتماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئىسمائىل جىلۋانى ۋە باشقا بەزى ئەمىرلەر كېلىپ، ئالەمخان بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇلار دەرھال دېھلىگە قاراپ مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈش قىلىدۇ. ئىندىرىغا كەلگەندە، سۇلەيمان شاھزادىمۇ كېلىپ كۆرۈشىدۇ، بۇلار ھەممىسى بولۇپ ئوتتۇز-قىرىق مىڭغا يېتىپ قالىدۇ ۋە بېرىپ دېھلىنى مۇھاسىرە قىلىدۇ، لېكىن ئۇرۇش قوزغىيالمايدۇ ھەم قورغاندىكىلەرگە تەھلىكىمۇ سالالمايدۇ.

سۇلتان ئىبراھىم بۇلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارغا قارشى چېرىك تارتىدۇ. ئۇ يېقىنلاشقاندىن كېيىن، بۇلار خەۋەر تېپىپ قورغان مۇھاسىرىسىنى قويۇپ، ئۇنىڭغا قارشى ماڭىدۇ. ئۇلار: «كۈندۈزى ئۇرۇشساق ئافغانلار بىر-بىرىدىن نومۇس قىلىپ قاچالمايدۇ، كېچىسى ھۇجۇم قىلساق، قاراڭغۇدا ئادەم-ئادەمنى كۆرمىگەنلىكتىن ھەر كىم بىلگىنىچە ئىش قىلىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ئالتە كۈرۈھ يەردىن كېچىلىك ھۇجۇمغا كېلىدۇ. ئىككى قېتىم كېچىلىك ھۇجۇمغا چۈش ۋاقتىدا ئاتلىنىپ، ئىككى-ئۈچ پاسقىچە ئات ئۈستىدىلا تۇرۇپ، يا كەينىگە قايتىشنى، يا ئىلگىرى مېڭىشنى قارارلاشتۇرالماي، ئۈچىنچى قېتىم كېچىنىڭ بىر پەھەرى قالغاندا كېچىلىك ھۇجۇمغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كېچىلىك ھۇجۇمى چېدىرلارغا ئوت قويۇشتىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇلار بىر باشتىن ئوت قويۇپ، چۇقان سالىدۇ. جەلالخان جىگھەت ۋە باشقا بەزى ئەمىرلەر كېلىپ ئالەمخان بىلەن كۆرۈشىدۇ. سۇلتان ئىبراھىم ئۆزىنىڭ بىرقانچە يېقىنلىرى بىلەن بىللە كۆشكىدىن تەۋرىمەيدۇ. ئاڭغىچە تاڭ ئاتىدۇ، ئالەمخانىنىڭ ھەممە ئادىمى بۇلاڭ-تالاڭ ۋە ئولجا ئېلىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. (257) سۇلتان ئىبراھىمنىڭ

چېرىكى ئۇلارنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سەل كۆپرەك ئادەم ۋە بىر پىل بىلەن ئۇلار تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. پىل ئالدىغىراق ئىلگىرىلەپ بېرىشىغا ئۇلار تۇرالماي قاچىدۇ.

ئالەمخان شۇ قاچقىنىچە مىيان دۇئاب تەرەپكە كېتىدۇ ۋە پانىپەت تەۋەسىدىن يەنە پانىپەت تەرەپكە ئۆتىدۇ. ئىندىرىغا يەتكەن چاغدا بىر باھانە بىلەن مىيان سۇلەيماندىن ئۈچ-تۆت لەك ئېلىۋالىدۇ. ئىسمائىل جىلۋانى بىلەن ئالەمخاننىڭ چوڭ ئوغلى جەلالخان بۇلاردىن ئايرىلىپ مىيان دۇئاب تەرىپىگە كېتىدۇ. ئالەم خاننىڭ يېنىغا توپلانغان چېرىكنىڭ سەيفخان، دەرياخان، مەھمۇدخان، خانى جەھان، شەيخ جەمال فەرمۇلى ۋە باشقىلاردىن تەركىب تاپقان بىر قىسمى ئۇرۇشتىن بۇرۇنلا قېچىپ ئىبراھىمنىڭ قېشىغا كېتىدۇ. ئالەمخان، دىلاۋەرخان ۋە ھاجىخانلار سىھرىندتىن ئۆتكەندە بىزنىڭ كېلىپ ملۋەتنى ئالغانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپىدۇ. دىلاۋەرخان بىزنى دەپ ئۈچ-تۆت ئاي قاماقتا ياتقان ۋە ھېلىمۇ بىزگە سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئايرىلىپ سۇلتانپۇرغا — ئائىلىسىگە كېلىۋالىدۇ. ئۇ بىز ملۋەتنى ئېلىپ ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن ملۋەت تەۋەسىدە بىزگە كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئالەمخان بىلەن ھاجىخان شەتلۇت سۇيىدىن ئۆتۈپ، دۇن بىلەن دەشت ئارىسىدىكى تاغدا گىنگوتە ناملىق بىر مۇستەھكەم قورغانغا كىرىۋالىدۇ. بىزنىڭ چاپقۇنچىلار ئافغان ۋە ھەزارەدىن (ب 257) كېلىپ ئۇلارنى قورشايدۇ. شۇنداق مۇستەھكەم قورغاننى ئېلىشقا ئاز قالغاندا، كۈن كەچ بولۇپ كېتىدۇ. قورغاندىكىلەر قورغاندىن چىقىشنى ئويلايدۇ. لېكىن ئاتلار دەرۋازىغا تىقىلىۋالغانلىقتىن چىقالمايدۇ. ئۇلارنىڭ پىللىرى بار ئىكەن، پىللىرىنى ئالدىغا سالىدۇ، پىللار ئاتلارنىڭ

تولسنى دەسسەپ ئۆلتۈردۇ. ئۇلار ئات بىلەن چىقالماي، قاراڭغۇدا ياياق چىقىپ، مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن، مىلۋەتكە كىرمەي تاغ تەرەپكە قاچقان غازىخانغا كېلىپ قوشۇلدۇ. غازىخان ئۇلارنى ئانچە بەك قارشى ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئاخىر، دەريانىڭ ئايىغىدىكى پەھلۇر تەۋەسىدە ئالەمخان ئالدىغان كېلىپ مۇلازىمەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. سىيالكۇتتا ۋاقتىمىزدا، لاھۇردىكىلەردىن بىر ئادەم كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەتىسى كېلىپ مۇلازىمەتتە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەتىسى كۆچۈپ پەرسرۇرغا چۈشتۇق. مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ، خوجا ھۆسەين ۋە باشقا بەزى يىگىتلەر مەشەگە كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى.

دۈشمەننىڭ ئوردۇسى راۋى سۈيىنىڭ لاھۇر تەرىپىدە ئىكەن. بۆجەك باشلىق-بىرقانچىسىنى خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتۇق. كېچىنىڭ ئۈچ پەھرىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇلار كېلىپ، دۈشمەننىڭ بىز تەرەپتىن خەۋەر تېپىش بىلەنلا بىر-بىرىگە باقماي قاچقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەتىسى سەھەر كۆچۈپ، شاھ مىر ھۆسەين بىلەن جان باينى ئېغىر يۈكلەر بىلەن ساراي يۈكنىڭ قېشىدا قويۇپ، ئۆزىمىز تېز يۈرۈش قىلدۇق. پېشىن بىلەن دىگەر ئارىلىقىدا كەلانۇرغا كېلىپ چۈشتۇق. مۇھەممەد سۇلتان مىرزا، ئادىل سۇلتان ۋە باشقا بەگلەر مۇشۇ يەرگە (258) كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئەتىسى سەھەر كۆچۈپ، يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا غازىخان ۋە باشقا قاچقانلارنىڭ خەۋىرىنى كەلتۈرۈشتى. مۇھەممەدى، ئەھمەدى، قۇتلۇق قەدەم ۋە ۋەلى خازىن باشچىلىقىدىكىلەرنى ھەم بۇ قېتىم كابۇلدا بەگلىك مەرتىۋىسى بېرىلگەن بەگلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى بۇ قاچقانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا ئايرىدۇق ۋە

ئۇلارغا: «قاچقانلارنى قوغلاپ يېتەلىسەڭلار تېخى ياخشى، ئەگەر يېتىشەلمىسەڭلار، ملۇەت قورغىنىنىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىڭلار، قورغاندىكىلەر قېچىپ كەتمىسۇن» دەپ تاپشۇرۇق بەردۇق. بۇ كۆزىتىشتە نەزەردە تۇتۇلغىنى غازىخان ئىدى.

بۇ بەگلەرنى ماڭدۇرغاندىن كېيىن، كانۇەھىنىڭ ئۇدۇلىدا بىياھ سۈيىدىن ئۆتۈپ چۈشتۇق. بۇ يەردىن مېڭىپ ئارىدا ئىككى قونۇپ، ملۇەت قورغىنى جايلاشقان جىلغىنىڭ ئېغىزىغا چۈشتۇق. بۇرۇن كەلگەن بەگلەر بىلەن ھىندىستاندىكى بەگلەرگە قورغاننى يېقىندىن مۇھاسىرە قىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى. دەۋلەتخاننىڭ نەۋرىسى — چوڭ ئوغلى ئەلىخاننىڭ ئىسمائىلخان ئاتلىق ئوغلى مۇشۇ يەردە بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى. بىرمۇنچە ۋەدە ۋە تەھدىتلەر بىلەن ئۇنىمۇ قورغانغا ئەۋەتتۇق. جۇمە كۈنى ئوردۇنى ئالدىغا كۆچۈرۈپ، قورغانغا يىرىم كۇرۇھ قالغان يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. ئۆزۈم كېلىپ، قورغاننى كۆرۈپ، ئوڭ قانات، سول قانات ۋە غولنىڭ بۇلجارلىرىنى بەلگىلەپ بېرىپ، ئوردۇغا قايتىپ كەلدىم.

دەۋلەتخان (ب 258): «غازىخان قېچىپ تاغ تەرەپكە كەتتى. مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرسە، قۇللۇققا بېرىپ، قورغاننى تاپشۇراي» دېگەن سۆز بىلەن ئادەم ئەۋەتتى. بىز ئۇ يەرگە خوجا مىرمىراننى ئەۋەتتۇق. ئۇ ئۇنى ئەندىشلەردىن خالاس قىلىپ ئېلىپ كەلدى. دەۋلەتخان ئوغلى ئەلىخان بىلەن بىللە كەلدى. بىز بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن بېلىگە باغلىغان ئىككى قىلىچىنى بويىنىغا ئېسىشنى بۇيرۇدۇم. ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەندىمۇ يەنە باھانە ئىزدەيدىغان مەتۇ، قاشاڭ ئادەملەر بولىدىكەن! ئالدىغىراق ئېلىپ كەلدى. قىلىچلىرىنى بويىندىن ئېلىشنى بۇيرۇدۇم. كۆرۈشۈش ۋاقتىدا يۈكۈنۈشتە

كېچىككەندى، ئايغىنى تارتىپ يۈگۈندۈرۈشكە بۇيرۇدۇم. ئۇنى ئالدىغىراق ئولتۇرغۇزۇپ، ھىندى تىلى بىلىدىغان بىر ئادەمگە بۇيرۇق بېرىپ: «سەن مۇنۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر ئۇقتۇرۇپ قوي، مۇنداق دېگىن: مەن سېنى ئاتا دېدىم. ئىززەت ۋە ھۆرمىتىڭنى كۆتكىنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىلدىم. ئۆزۈڭنى ۋە ئوغۇللىرىڭنى بەلۇچلارنىڭ سەرگەردان قىلىشىدىن قۇتقازدىم. بالا-چاقىلىرىڭنى ئىبراھىمنىڭ ئاۋاختىسىدىن خالاس قىلدىم. تاتارخاننىڭ ئۈچ كۇرۇر دارامەت بېرىدىغان ۋىلايىتىنى ساڭا ئىنايەت قىلدىم. ساڭا قىلغان قايسى بىر يامانلىقىم ئۈچۈن بېلىڭگە ئىككى قىلىچ باغلاپ، بىزنىڭ ۋىلايەتلەرگە چېرىك تارتىپ كېلىپ، مۇنداق ئىغۋاگەرچىلىكلەرنى قىلىپ يۈرىسەن» دېدىم. دۆت قېرى تۆتۆتلەپ بىر-ئىككى ئېغىز بىرنەرسە (259) دېدى. سۆزۈمگە قارىتا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. ئاغزىنى توۋاقلاپ قويىدىغان بۇ سۆزلەرگە نېمە دېيەلىسۇن! بالا-چاقىلىرىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ، قالغان بارلىق زېمىن-مۈلكىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىشى قارار قىلىندى. ئۆزىنىڭ خوجا مىرمىران قېشىدا بولۇشىغا بۇيرۇق بېرىلدى.

رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىسى — شەنبە كۈنى ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى سالامەت چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۆزۈم كېلىپ مىلۋەت قورغىنى دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دۆڭگە چۈشتۈم. ئەلىخان چىقىپ بىرمۇنچە ئەشرەفى ھەدىيە قىلدى. نامازدىگەرگە يېقىن ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى چىقىرىشقا باشلىدى. غازىخاننىڭ چىقىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق سۆز بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلەر ئۇنى قورغاندا كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشتى. شۇڭا دەرۋازىغا ئىچكىيلەردىن ۋە ياشلاردىن بىرقانچىسى قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى غازىخاننىڭ ھىيلە بىلەن

چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، گۇمانلىق ئادەملەرنى تەكشۈرۈش، شۇنداقلا ئەگەر گۆھەر، ئېسىل تاش بىر نەرسىلەر يوشۇرۇن ئېلىپ چىقىلسا، ئۇنى مۇسادىرە قىلىش ئىدى. مەن شۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى دۆڭگە چىدىر تىكتۇرۇپ، كېچىچە شۇ يەردە بولدۇم. ئەتىسى سەھەر مۇھەممەدى، ئەھمەدى، سۇلتان جۇنەيد، ئابدۇلئەزىز، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ، قۇتلۇق قەدەم ۋە بىرقانچە ئىچكىي بەگلەرگە قورغانغا كىرىپ خەزىنىلەرنى ۋە بارلىق زېمىن مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى. قورغان ئاھالىسى (ب 259) قورغان ئىشكىدە قاتتىق غەلۋە قىلماقتا ئىدى. ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئوق ئاتتىم. بىر قازا ئوقى تەسادىپەن ھۇمايۇننىڭ ھېكايىچىسىگە تېگىپ، شۇ زامان جېنىنى ئالدى.

بۇ دۆڭدە ئىككى كېچە قونۇپ، دۈشەنبە كۈنى قورغانغا كىرىپ، قورغاننى ئايلىنىپ، غازىخانىنىڭ كىتابخانىسىغا كەلدىم. بىرقانچە نەپىس كىتابلار چىقتى، بىرنەچچىسىنى ھۇمايۇنغا بېرىپ، بىرنەچچىسىنى كامرانغا ئەۋەتتىم. مولليانە كىتابلار جىق ئىكەن، لېكىن كۆزدە تۇتۇلغان نەپىس كىتابلار ئانچە چىقمىدى. كېچىسى شۇ يەردە قونۇپ، ئەتىسى ئوردۇغا كەلدىم. غازىخاننى قورغاندا دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدۇق، لېكىن ئۇ ۋىجدانسىز ئاتىسىنى، ئاغا-ئىنىلىرىنى، ئانىسىنى ۋە ئاچا-سىڭىللىرىنى مىلۋەتكە تاشلاپ، ئۆزى بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن تاغ تەرەپكە قېچىپتۇ.

مەبىن ئان بىھەمىيەترا كى ھەرگىز
نەخاھەد دىد روي نىكبەختى.
تەن ئاسانى گۇزىنەد خىشتەنرا،
زەنۇ فەرزەند بىگۇزارەد بە سەختى.

(بەخت يۈزىنى ئەسلا كۆرمەيدىغان ئۇ ۋىجدانسىزغا باقما، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن راھەتنى تاللاپ، خوتۇن-بالىسىنى جاپاغا تاشلار)

چارشەنبە كۈنى بۇ قونالغۇدىن كۆچۈپ، غازىخان قاچقان تاغ تەرەپكە يول ئالدۇق. مىلۋەت ئېغىزىدىكى قونالغۇدىن بىر كىرە يول مېڭىپ، بىر جىلغىغا چۈشتۇق. دىلاۋەرخان مەشەگە كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. دەۋلەتخان، ئەلىخان ۋە ئىسمائىلخان بىلەن بىرقانچە چوڭلىرىنى بەنت قىلىپ، ئۇلارنى بەرەدىكى مىلۋەت قورغىنىغا (260) ئېلىپ بېرىپ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كەتتەگە تاپشۇردۇق. كىشلەرگە تۇتتۇرۇلغان باشقىلىرى ئۈچۈن بولسا، دىلاۋەرخاننىڭ قاتنىششى بىلەن خۇن باھاسى بېكىتىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېپىللىككە بېرىلىپ، بەزىلىرى بەندتە ساقلاندى. كەتتە تۇتقۇنلارنى ئېلىپ كەتتى. دەۋلەتخان سۇلتانپۇرغا يەتكەندە ئۆلدى.

مىلۋەت قورغىنى مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭنىڭ ھۆددىسىگە بېرىلدى. ئۇ ئۆز تەرىپىدىن ئاغسى ئارغۇننى بىر قىسىم يىگىتلەر بىلەن ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ھەزارە ۋە ئافغانلاردىنمۇ ئىككى يۈز ئەللىكچە ئادەم قورغانغا ياردەمچى قىلىپ تەيىنلەندى. خوجا كەلان غەزنى شارابلىرىدىن بىرنەچچە تۆگە يۈكلىتىۋالغانىدى. خوجاكەلاننىڭ قونالغۇسى قورغان ۋە ئوردۇغا يۈزلەنگەن بىر دۆڭدە ئىدى. شۇ يەردە ئولتۇرۇش بولۇپ، بەزىلەر شاراب ئىچتى، بەزىلەر ھاراق ئىچتى. ئولتۇرۇش ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇ يەردىن كۆچۈپ، مىلۋەتنىڭ كىچىك تاغلىرىدىن ئېشىپ، دۈنغا كەلدۇق. ھىندىستان تىلىدا ۋادىنى دۈن دەيدىكەن. ھىندىستاندا بىر ئېقىن سۇ مۇشۇ دۈندا. دۈننىڭ ئەتراپىدا كۆجۈم يېزىلار بار. بۇ جىۋال پەزگەنەسى ئىكەن. دىلاۋەرخان ئۇلارنىڭ تاغسى

بولىدۇ. دۆن گۈزەل بىر ۋادا. دەريانىڭ ئەتراپى ئوتلاق. بەزى يەرلىرىگە شال تېرىلىدۇ. ئوتتۇرىسىدىن ئۈچ-تۆت تاشلىق سۇ ئېقىپ ئۆتىدۇ. ۋادىنىڭ كەڭلىكى بىر-ئىككى كۇرۇھ بەزى يەرلىرى ئۈچ كۇرۇھ، كېلىدۇ (ب 260). تاغلىرى پاكار-پاكار ئېدىرسىمان تاغلاردۇر. يېزىلار مۇشۇ تاغلارنىڭ ئېتەكلىرىگە جايلاشقان. يېزا بولمىغان جايلىرىدا توز ۋە مايمۇنلار كۆپ. ئۆي توخۇسىغا ئوخشايدىغان توخۇمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇ پەقەت توخۇنىڭ ئۆزى. بىراق تولىسى بىرلا خىل رەڭدە.

غازىخانىنىڭ قايەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇنى قايەردە بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۇردىكە بىلەن بىرىمدىۋ مەلىنهاسىنى بەلگىلىدۇق.

بۇ دۆن ئەتراپىدىكى كىچىك تاغلاردا مەزمۇت قەلئەلەر بار. شەرقىي شىمال تەرىپىدە كۆتىلە ناملىق بىر قەلئە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى يەتمىش-سەكسەن قارى كېلىدىغان تىك يارلار بىلەن ئورالغان. چوڭ دەرۋازىسى جايلاشقان تەرىپمۇ يەتتە-سەككىز قارى كېلىدۇ. ئاسما كۆۋرۈك قويۇلىدىغان يېرىنىڭ كەڭلىكى ئون-ئون ئىككى قارى كېلىدۇ. ئىككى تال ئۇزۇن ياغاچنى كۆۋرۈك قىلىپتۇ. ئات-كالىلار شۇ يەردىن ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ تاغلىقتا غازىخان بېكىتكەن قورغانلارنىڭ بىرى شۇ قورغاندۇر. قورغاندا ئۇنىڭ ئادەملىرى بار ئىكەن. بىزنىڭ چاپقۇنچىلار بېرىپ تېگىش قىلىدۇ. قورغان ئېلىنىشقا ئاز قالغاندا كەچ بولۇپ كېتىدۇ. قورغاندىكىلەر شۇنچە مۇستەھكەم قورغاننى تاشلاپ قاچىدۇ. بۇ دۆن تەۋەسىدىكى يەنە بىر مەزمۇت قورغان گىنگۇتە قورغىنى بولۇپ، بۇنىڭمۇ ئەتراپى

تىك يار، لېكىن ئۇنىڭچىلىك مۇستەھكەم ئەمەس. ئالەمخان خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك شۇ قورغانغا كىرگەنىدى. (261)

غازىخانغا قارشى ئىلغار قىسىم ئايرىغاندىن كېيىن، ھىممەت ئۈزەڭگىسىگە ئاياغ قويۇپ، تەۋەككۇل تىزگىنىنى قولغا ئالدۇق-تە، شۇ زامان دېھلى پايتەختى بىلەن ھىندىستان مەملىكىتىنى ئىدارە قىلىۋاتقان سۇلتان ئىبراھىم بىننى ئىسكەندەر بىننى سۇلتان بەھلۇل لۇدى ئافغانىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدۇق. ئۇنىڭ قولىدىكى چېرىكنى بىر لەككە يېتىدۇ دېيىشەتتى، ئۆزىدە ۋە بەگلىرىدە بولۇپ مىڭغا يېقىن پىلى بار ئىدى. بىر مەنزىلدىن كېيىن، باقى شىغاۋۇلغا دىبالپۇرنى ئىنايەت قىلىپ، ئۇنى بەلخقە ياردەمگە ئەۋەتتۇق. بەلخ ئىشى ئۈچۈن نۇرغۇن تەڭگە ۋە كابۇلدىكى تۇغقانلار بىلەن باللارغا ملۇەت ئېلىنغاندا قولغا چۈشكەن رەختلەردىن سوۋغىلار ئەۋەتىلدى.

دۇندىن ئاياغقا قاراپ بىر-ئىككى مەنزىل ماڭغاندىن كېيىن، شاھ ئىماد شىرازى ئارايىشخان بىلەن موللا مۇھەممەد مەزھەبنىڭ خەتلىرىنى ئېلىپ كەلدى. بىر پارچىسىدا ساداقەت ئىزھار قىلىپ، بۇ يۈرۈشىمىزگە غەيرەت بېرىپتۇ. بىزمۇ بىر ياياق ئارقىلىق ئىنايەت پەرمانلىرى ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئىلگىرى قاراپ كۆچتۇق. ملۇەتتىن چىققان چاپقۇنچىلار ھۇرۇر، كەھلۇر تەرەپلىرىگە بېرىپ، زامانلاردىن بېرى چىڭلىقىدىن ھېچكىم بارالماي كەلگەن تاغ قورغانلىرىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ، ئاھالىسىنى تالاپ، بىزگە كېلىپ قوشۇلدى. ئالەمخانمۇ خارابلىشىپ يایاق-يالاڭ كەلدى. بەگلەردىن ۋە ئىچكىيلەردىن بىرقانچىسىنى ئالدىغا بارغۇزۇپ، ئاتلارنى ئەۋەتتۇق. مۇشۇ قونالغۇدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا (ب 261) كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى.

بۇ يۇرتنىڭ تاغ ۋە جىلغىلىرىغىمۇ چاپقۇنچىلار بېرىپ، بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۇنىڭدىن دېگەندەك بىر نەرسە قولغا چۈشمىدى. شاھ مىر ھۈسەيىن، جان بەگ ۋە باشقا بەزى يىگىتلەرمۇ ئىجازەت سوراپ چاپقۇنغا بېرىشتى. دۇندا بولغان كۈنلىرىمىزدە ئىككى-ئۈچ قېتىم ئىسمائىل جىلۋانى بىلەن بىبەنىنىڭ ئەرز-ھال خەتلىرى كەلدى. بۇ يەردىنمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك پەرمانلارنى ئەۋەتتۇق. دۇندىن كۆچۈپ، ئەرۇپەرگە كەلدۇق. بۇ يەردىكى ۋاقتىمىزدا قاتتىق يامغۇر ياغدى ۋە بىر ئاز سوغۇق بولدى. ئاچ-يالىڭاچ ھىندىستانلىقلاردىن كۆپ قىرىلدى. ئەرۇپەردىن كۆچۈپ، سىھرىند ئۇدۇلىدىكى كەرەل (كەرمال)گە چۈشكەندۇق، بىر ھىندىستانلىق «مەن سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ئەلچىسى» دەپ كەلدى. لېكىن قولىدا خەت بىر نەرسە يوق ئىدى. بىزدىن بىر كىشى ئەلچىلىككە بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. بىزمۇ ئۇنىڭ مۇقابىلىسىدە رەڭگى قارا بىر كۆزەتچىنى ئەۋەتتۇق. بۇ بىچارىلەر بېرىشىغا، ئىبراھىم ھەر ئىككىسىنى قاماققا ئېلىپتۇ. بۇ كۆزەتچى بىز ئىبراھىمنى مەغلۇپ قىلغان كۈنى قۇتۇلۇپ قايتىپ كەلدى.

ئاردا بىر قونۇپ، تەنۇر ۋە سەنۇر ئېقىنىنىڭ ياقىسىغا چۈشتۇق. ھىندىستاندا چوڭ دەريالاردىن باشقا ئېقىن سۇلارمۇ بار، ئۇلارنىڭ بىرى مۇشۇ ئېقىن بولۇپ، ئۇنى گەگەر سۈيى دەپ ئاتايدۇ. چىتەر مۇشۇ سۇنىڭ ياقىسىدا. بىز سۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى سەيلە قىلىشقا ئاتلاندۇق. بۇ سۇ چىتەردىن ئۈچ-تۆت كۇرۇھ يۇقىرىدىكى دەريادىن سىزلاپ چىقىپ كېلىدىكەن. بىز سەيلە قىلىشقا بارغان بۇ دەريانىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر كەڭ جىلغىدىن تۆت-بەش (262) تۈگمەنلىك سۇ چىقىدىكەن. ئۇنىڭمۇ يۇقىرىسىدا ئىنتايىن كېلىشكەن،

خۇش هاۋا يەرلەر بار ئىكەن. سۇنىڭ كەڭ جىلغىدىن چىققان يېرىگە بىر چار باغ بىنا قىلىشنى بۇيرۇدۇم. بۇ سۇ تۇزلەڭگە چۈشۈپ بىر-ئىككى كۇرۇھ يەرگە بارغاندىن كېيىن دەرياغا قۇيۇلىدۇ. گەگەر سۈيى بۇلاقتىن چىقىدۇ. بۇ سۇ قۇيۇلغان يەردىن ئۈچ-تۆت كۇرۇھ تۆۋەندە دەريا يامغۇر سۈيى بىلەن ئۇلغىيىدۇ ۋە گەگەر سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ سامانە ۋە سۇننامغا كېتىدۇ.

مۇشۇ قونالغۇدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا، دېھلىنىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرغان سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ئۇ يەردىن ئىلگىرى قاراپ كۆچكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. ھىسارى فىرۇزەنىڭ ۋالىيسى ھەمىدخان خاسسە خەيلمۇ ھىسارى فىرۇزە ۋە شۇ تەۋەنىڭ چېرىكى بىلەن ھىساردىن ئون-ئون بەش كۇرۇھ بېرىگە كېلىپتۇ. ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن، كەتتە بەگنى ئىبراھىمنىڭ ئوردۇسىغا، مۆمىن ئەتكەنى ھىسارى فىرۇزە چېرىكى تەرەپكە ماڭدۇردۇق.

جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون ئۈچى — يەكشەنبە كۈنى ئەمبالەدىن كۆچۈپ، بىر كۆل بويىغا چۈشكەنىدۇق، مۆمىن ئەتكە بىلەن كەتتە بەگ شۇ كۈنى كەلدى. خوجاكەلان، سۇلتان مۇھەممەد دولداي ۋە ۋەلى خازىن باشچىلىقىدىكى پۈتكۈل ئوڭ قانات قىسىم بىلەن ھىندىستاندا قالغان بەگلەردىن خۇسرەۋ، ھىندۇ بەگ، ئابدۇلئەزىز ۋە مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭلەرنى ھەم غول، ئىچكىلەر ۋە يىگىتلەردىن شاھ مەنسۇر بارلاس، كەتتە بەگ، مۇھىب ئەلى باشلىق بىر قىسىم كىشىنى ھۇمايۇنغا قوشۇپ (ب 262)، ئۇنى ھەمىدخانغا قارشى يۈرۈشكە تەيىنلىدۇق.

بىبەنمۇ مۇشۇ قونالغۇدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئافغانلار بەك مەتۇ ۋە ئەخمەق كېلىدۇ. دىلاۋەرخان

گەرچە ھەم نۆكەر ھەم مەرتىۋىسى ئۇنىڭدىن چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئولتۇرمايتتى، پادىشاھزادە بولغىنىغا قارىماي، ئالەمخانىنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ئولتۇرمايتتى. ئۇ بولسا ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ بۇ نامۇۋاپىق تەلىپىگە كىم قۇلاق سالسۇن.

ئاينىڭ ئون تۆتى — دۈشەنبە كۈنى سەھەر ھۇمايۇن ھەمىدخانغا قارشى ئاتلاندى. ئۇ تېز يۈرۈش قىلدۇ ۋە يۈز-يۈز ئەللىكچە ياخشى يىگىتنى قاراۋۇل قىلىپ ئۆزىدىن بۇرۇن ماڭغۇزىدۇ. ئۇلار يېقىنلىشىپ، دۈشمەن بىلەن تۇتىشىدۇ ۋە بىر-ئىككى قېتىم ئېلىشقان مەھەلدە ھۇمايۇننىڭ قارىسى كۆرۈنىدۇ. دۈشمەن بۇلارنى كۆرۈش بىلەنلا دەرھال قاچىدۇ. ھۇمايۇن دۈشمەننىڭ بىر-ئىككى يۈز ئادىمىنى قولغا چۈشۈرۈپ، تېگىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، تېگىنى يەتتە-سەككىز پىل بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى. ھۇمايۇننىڭ بۇ غەلىبىسىنىڭ جەۋرىنى بەگ مىرەك موغۇل ئاينىڭ ئون سەككىزى — جۈمە كۈنى بىز مۇشۇ قونالغۇدا تۇرغان ۋاقتىمىزدىلا يەتكۈزدى. ئۇنىڭغا دەرھال بىر قۇر خاس كىيىم ۋە ئېغىلدىكى خاس ئاتلاردىن بىرى ئىنايەت قىلىنىپ، مۇكاپات ۋەدىسى بېرىلدى. ئاينىڭ يىگىرمە بىرى — دۈشەنبە كۈنى مۇشۇ قونالغۇدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا ھۇمايۇن يۈزچە ئەسىر ۋە يەتتە-سەككىز پىلنى ئېلىپ كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ھەيۋە كۆرسىتىش يۈزىسىدىن، ئەسىرلەرنى تۆفەڭ بىلەن قىرىش توغرۇلۇق ئۇستاد ئەلى قۇلى ۋە تۆفەڭچىلەرگە (263) بۇيرۇق بېرىلدى.

بۇ ھۇمايۇننىڭ تۇنجى قېتىم يۈرۈش قىلىشى ۋە تۇنجى قېتىم قىلغان ئىشى ئىدى. بۇ ناھايىتى خاسىيەتلىك كۈن بولدى. قوغلىغۇچى قىسىم قاچقانلارنى قوغلاپ ھىسارى فىرۇزەگە يەتكەن ھامان ئۇ

يەرنى ئېلىپ، بۇلاق-تالاق قىلىپ كەلدى. ھۇمايۇنغا بىر كۇرۇرلۇق ۋىلايەت بولغان ھسارى فىرۇزە ۋىلايىتى پۈتۈن تەئەللۇقاتى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر كۇرۇر تەڭگە مۇكاپات بېرىلدى.

ئۇ قونالغۇدىن كۆچۈپ، شاھ ئابادقا كەلدۇق. پىل تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن، سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ئوردۇسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق. رەھمەت پىيادىنى فەتھنامەلەر بىلەن كابۇلغا ماڭدۇردۇق. مۇشۇ قونالغۇدىكى ۋاقتىمىزدا، جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزى — دۈشەنبە كۈنى قۇياش ھەمەل بۇرجىغا يۆتكەلدى. ئىبراھىمنىڭ ئوردۇسى تەرەپتىن ئۈستى-ئۈستىلەپ خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى، ئۇلار بىر-ئىككى كۇرۇھ يول مېڭىپ، ئىككى-ئۈچ كۈن توختىغان ھالدا ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىكەن. بىزمۇ شاھ ئابادتىن كۆچۈپ، ئارىدا ئىككى قونۇپ، جۇن دەرياسىنىڭ بويىغا — سەرساۋەنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ چۈشتۇق. خوجا كەلاننىڭ نۆكىرى ھەيدەر قۇلى پىل تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى. مەن جۇن دەرياسىدىن كېچىك ئارقىلىق ئۆتۈپ بېرىپ سەرساۋەنى سەيلە قىلدىم. ئۇ كۈنى مەجۇن يېگەندۇق. سەرساۋەدە بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئازراق سۇ چىقىپ تۇرىدۇ. يامان ئەمەس بىر يەر ئىدى. تۇردى بەگ خاكسار بۇ يەرنى تەرىپلەپ كەتتى. (ب 263) مەن: «سېنىڭ بولسۇن» دېدىم، شۇنىڭ بىلەن سەرساۋە تۇردى بەگكە بېرىلدى. بىر كېمىگە تالار ياستىپ، بەزىدە كېمە سەيلىسى قىلاتتىم، بەزىدە مەنزىللەرنىمۇ كېمە بىلەن باساتتىم.

ئۇ قونالغۇدىن دەريا ياقىلاپ تۆۋەنگە ئىككى مەنزىل ماڭغان ئىدۇق، پىل تۇتۇپ كېلىشكە كەتكەنلەردىن ھەيدەر قۇلى خەۋەر

كەلتۈردى: ئىبراھىم سۇلتان داۋۇدخان بىلەن ھەيتەم خاننى بەش-ئالتە مىڭ كىشى بىلەن ميان دۇئاب تەرەپكە ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇلار بولسا، ئىبراھىمنىڭ ئوردۇسىدىن ئۈچ-تۆت كۇرۇھ ئالدىدا دائىر تۈزۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ قىسىمغا قارشى يۈرۈش ئۈچۈن، جەما-دىيەلئاخىر ئېيىنىڭ سەككىزى — يەكشەنبە كۈنى چىن تىمۇر سۇلتان، مەھدى خوجا، مۇھەممەد سۇلتان مىرزا، ئادىل سۇلتانلارنى، سۇلتان جونەيد، شاھ مىر ھۆسەين ۋە قۇتلۇق قەدەم باشچىلىقىدىكى پۈتۈن سول قانات قىسمىنى ھەم غولدىن يۇنۇس ئەلى، ئابدۇللا، ئەھمەد، كەتتە بەگلەرنى ئىلغار قىلىپ ئايرىدۇق. ئۇلار پېشىن ۋاقتىدا مۇشۇ يەردە دەريادىن ئۆتۈپ، دىگەر بىلەن شام ئارىلىقىدا شۇ تەرەپتىن قوزغالدى. بىبەن مۇشۇ ئىلغار قىسىم باھانىسى بىلەن سۇدىن ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى. بىزنىڭ ئىلغار قىسىم بامدات ۋاقتىدا دۈشمەن ئالدىغا يېتىپ باردۇ. دۈشمەن ئانچە-مۇنچە سەپ تۈزۈپ چىققان كۆرۈنۈشتە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭكىلەر يېتىپ بېرىشى بىلەن بەدەر قاچىدۇ. بىزنىڭكىلەر ئۇلارنى ئىبراھىمنىڭ ئوردۇسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە ئۇرۇپ-يىقىتىپ قوغلاپ باردۇ. داۋۇدخاننىڭ ئاغىسى ۋە سەردارلىرىدىن بولغان ھەيتەم خاننى قولغا چۈشۈرۈپ، يەتمىش-سەكسەن ئەسىر، ئالتە-يەتتە پىل بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى. ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن، (264) ئەسىرلەرنىڭ كۆپى ياساقتا يەتكۈزۈلدى.

ئۇ يەردىن كۆچكەندىن كېيىن، چېرىك ئوڭ قانات، سول قانات ۋە غول قىسىملار بويىچە ئايرىلىپ دىم كۆرۈلدى. چېرىك سانى بىزنىڭ قىياس قىلغىنىمىزچە چىقمىدى. بۇ يەردە بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ھارۋا تېپىپ كېلىشى توغرۇلۇق پەرمان

چىقىرىلدى. يەتتە يۈز ھارۋا تېپىپ كېلىندى. ئۇستاد ئەلى قۇلىغا، زەنجىر ئورنىغا كالا تېرىسىدىن ئارغامچا ئەشتۈرۈپ، رۇم ئۇسۇلى بويىچە ھارۋىلارنى بىر-بىرىگە چاتقۇزۇش توغرۇلۇق پەرمان بېرىلدى. ھەر ئىككى ھارۋا ئارىسىغا ئالتە-يەتتىدىن قالقان ياسالدى. تۆفەڭچىلەر شۇ ھارۋا ۋە قالقانلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ تۆفەڭ ئېتىشى كېرەك ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى تەييارلاش ئۈچۈن، بۇ يەردە بەش-ئالتە كۈن ھايال بولدۇق. بۇ ھازىرلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، ھەممە بەگلەرنى ۋە سۆزنى چۈشىنىدىغان ياخشى يىگىتلەرنى كېڭەشكە چاقىرىپ، ئومۇمىي كېڭەش ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇنداق قارارغا كەلدۇق: پانىپەت — مەھەللە ۋە ئۆي كۆپ بىر شەھەر. ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىدە مەھەللە ۋە ئۆيلەر بار. ئەتراپىنى ھارۋا ۋە قالقانلار بىلەن قورشاپ، تۆفەڭچىلەر بىلەن ياياقلارنى شۇ ھارۋا ۋە قالقانلارنىڭ كەينىگە قويۇش كېرەك. مۇشۇ قارار بىلەن كۆچۈپ، ئارىدا بىر قونۇپ، جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئاخىرى — پەيشەنبە كۈنى پانىپەتكە كەلدۇق. ئوڭ تەرىپىمىزدە شەھەر ۋە مەھەللىلەر، ئالدىمىزدا بىز ئورۇنلاشتۇرغان قالقانلار، سول تەرىپىمىزدە (ب 264) ۋە بەزى يەرلەردە خەندەك ھەم شاخ قاشالار بار ئىدى. ھەر ئوق ئېتىمى ئارىلىقتا يۈز-يۈز ئەللىك ئاتلىق چىققۇدەك يەر قويۇلغانىدى.

چېرىكنىڭ بىر قىسمى دېلىغۇللۇق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىدى. لېكىن دېلىغۇللۇق، ۋەھىمە پايدىسىز ئىدى، چۈنكى تەقدىرنىڭ ئەزەلدە پۈتكىنىدىن باشقىسى بولمايتتى. بىراق، ئۇلارنىمۇ ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ، ئۇلارمۇ ھەقلىق. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ۋەتىنىدىن ئىككى-ئۈچ ئايلىق يولنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلدى، ئالاقە قىلىدىغىنى باشقىچە بىر

قوۋم، بىز ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيمىز، ئۇلارمۇ بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلمەيدۇ.

پەرىشان جەمئىيۇ جەمئى پەرىشان،
گىرىفتار قەۋمىيۇ قەۋمى ئەجايىب.

(پەرىشان بىر توپ بىلەن يەنە پەرىشان بىر توپ، گىرىپتار بىر قوۋم بىلەن ئاجايىپ بىر قوۋم)

دۈشمەننىڭ ھازىر بار چېرىكىنى بىر لەك مۆلچەرلىشەتتى. ئۆزىدە ۋە ئەمىرلىرىدە مىڭغا يېقىن پىل بار دېيىشەتتى. ئىككى ئاتىسىدىن قالغان خەزىنە نەق ئۆزىنىڭ قولىدا ئىدى. ھىندىستاندا بىر ئادەت بار ئىدى: مۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە، تەڭگە بېرىپ مۇھلەت بىلەن نۆكەر يىغالايتتى ۋە بۇلارنى «بىدھىندى» دەپ ئاتايتتى. ئەگەر شۇنى خالىسا، بىر لەك، ھەتتا ئىككى لەك نۆكەر توپلىيالايتتى. تەڭرى ئىشىنى ئوڭ قىلدى. ئۇ يىگىتلىرىنى رازى قىلالمىدى، خەزىنىسىنى سەرپ قىلىشنىمۇ بىلمىدى. ئۇ قانداقمۇ يىگىتلىرىنى رازى قىلالىسۇن! ئۆزى بەك خەسىس، تەڭگە توپلاشقا تولىمۇ ھېرىس بولغان تەجرىبىسىز بىر يىگىت ئىدى. كېلىشتە بىسەرامجان، (265) تۇرۇش، يۈرۈش ۋە ئۇرۇشلاردا ئىجتىھادسىز ئىدى.

پانىپەتتە چېرىكنىڭ ئەتراپى ھارۋا، شاخ قاشا ۋە خەندەكلەر بىلەن ئىھاتىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەرۋىش مۇھەممەد ساربان: «مۇنداق ئېھتىيات تەدبىرلىرى كۆرۈلگەن ئەھۋالدا، ئۇنىڭ بىزگە قارشى كېلىشى مۇمكىن ئەمەس» دېدى. مەن: «سەن بۇلارنى ئۆزبېك خان، سۇلتانلىرىغا ئوخشىتىۋاتامسەن؟ ئۇ يىلى بىز سەمەرقەندتىن چىقىپ ھىسارغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا، ئۆزبېكنىڭ ھەممە خان، سۇلتانلىرى بىرلىشىپ، بىزگە قارشى كېلىش نىيىتى

بىلەن دەربەندتىن ئۆتتى. بىز ھەممە سىپاھىي ۋە موغۇللارنىڭ ئائىلە ۋە ماللىرىنى مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈپ، مەھەللىلەرنى ئىھاتىلە شتۇردۇق. ئۇ خان ۋە سۇلتانلار يۈرۈش ۋە ئۇرۇشنىڭ ئېپى-جېپى ۋە ئۇسۇلىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ، ھىسارنى بېكىتكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، ھىسارغا ھۇجۇم قىلىشنى مۇۋاپىق تاپماي، چاغانىيان تەۋەسىدىكى نەۋەندەكتىنلا يېنىپ كەتتى. سەن بۇلارنى ئۇلارغا ئوخشاتما. بۇلار ئىشنىڭ يولىنى ۋە يۈرۈش ئۇسۇلىنى نەدىن بىلسۇن» دېدىم. تەڭرى ئىشىمنى ئوڭ قىلدى. ئىش مېنىڭ دېگىنىمدەك بولدى.

يەتتە-سەككىز كۈن پانىپەتتە تۇردۇق. ئادەملىرىمىز كىچىك-كىچىك توپلارغا بۆلۈنۈپ، دۈشمەننىڭ ئوردۇسىغىچە بېرىپ، نۇرغۇن كىشىنى ئوققا تۇتۇپ، باشلارنى كېسىپ كەلتۈرەتتى. ئۇلار بولسا، ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمايتتى. ئاخىردا، (ب 265) بىزگە سادىق بەزى ھىندىستانلىق بەگلەرنىڭ سايە قىلىشى بىلەن مەھدى خوجا، مۇھەممەد سۇلتان مىرزا، ئادىل سۇلتان، خۇسرەۋ، شاھ مىر ھۈسەيىن، سۇلتان جۇنەيد بارلاس، ئابدۇلئەزىز مىراخور، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ، قۇتلۇق قەدەم، ۋەلى خازىن، مۇھىب ئەلى خەلىفە، مۇھەممەد باخشى، جانبەگ ۋە قاراقوزى باشلىق تۆت-بەش مىڭ ئادەمنى كېچىلىك ھۇجۇمغا ئەۋەتتۇق. بۇلار كېچىدە ئوبدان بىرلىشەلمەي، تارقاق ھالدا تېگىش قىلىپ، ھېچ ئىش قىلالمىدى. ئۇلار تاڭ يورۇغىچە دۈشمەن ئوردۇسىدىن يىراقلىشالمىدى. دۈشمەن قىسملىرى ناغرىلىرىنى ياڭرىتىپ، پىللىرى بىلەن سەپ تۈزۈپ چىقتى. بىزنىڭكىلەر بىر ئىش قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن

شۇنچە نۇرغۇن ئادەم بىلەن ئېلىشىپ، بىرمۇ ئادەم تالاپەت بەرمەي، ساق-سالامەت چىقىۋالدى. مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭنىڭ پۇتىغا ئوق تەگدى. ئانچە قورقۇنچلۇق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش كۈنى كارغا كەلمىدى.

بۇ خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، ھۇمايۇننى چېرىكى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر كۈرۈھ-بىرىيېرىم كۈرۈھ ئالدىغا ئەۋەتتىم. ئۆزۈممۇ قالغان چېرىك بىلەن سەپ تۈزۈپ چىقتىم. كېچىلىك ھۇجومغا بارغانلار ھۇمايۇنغا قوشۇلۇپ كەلدى. دۈشمەن ئىلگىرىلەپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىزمۇ قايتىپ كەلدۇق. بۇ كېچىسى ئوردۇدا غەلىتە بىر غوۋغا قوزغالدى. بىر گەرىگە ① يېقىن سۈرەن ۋە غوۋغا بولدى. مۇنداق غوۋغالارنى كۆرمىگەنلەر كۆپ ساراسىمىگە چۈشتى. بىر زاماندىن كېيىن غوۋغا بېسىلدى. (266)

رەجەپ ئېيىنىڭ سەككىزى — جۈمە كۈنى دۈشمەننىڭ سەپ ياساپ كېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. بىزمۇ ساۋۇت كىيىپ، قوراللىنىپ ئاتلاندۇق. ئوڭ قاناتتا ھۇمايۇن، خوجا كەلان، سۇلتان مۇھەممەد دولداي، ھىندۇبەگ، ۋەلى خازىن، پىر قۇلى سىستانى؛ سول قاناتتا مۇھەممەد سۇلتان مىرزا، مەھدى خوجا، ئادىل سۇلتان، شاھ مىر ھۈسەين، سۇلتان جۈنەيد بارلاس، قۇتلۇق قەدەم؛ جانبەگ، مۇھەممەد باخشى ۋە شاھ ھۈسەين يارەگى موغۇل غانچى؛ غولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چىن تېمۇر سۇلتان، سۇلايمان مىرزا، مۇھەممەدى كۆكەلداش، شاھ مەنسۇر بارلاس، يۇنۇس ئەلى، دەرۋىش مۇھەممەد ساربان ۋە ئابدۇللا كىتابدار؛ غولنىڭ سول تەرىپىدە خەلىفە، خوجا مىرمىران، ئەھمەدى

① گەرى — ھىندىستانغا خاس ۋاقىت ئۆلچىمى. بىر كېچە-كۈندۈزنىڭ $\frac{1}{60}$ ى (24 مىنۇت).

پەرۋانچى، تۇردى بەگ، قۇچ بەگ، مۇھب ئەلى خەلفە ۋە مىرزا بەگ تارخان؛ ئالدى تەرەپتە خۇسرەۋ كۆكەلداش، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭلەر تۇردى. ئابدۇلئەزىز مىراخورنى ئېھتىيات قىسمىغا ئايرىدۇق. ئوڭ قانات قىسمىنىڭ ئۇچىغا ۋەلى قىزىل بىلەن مەلىك قاسىم بابا قاشقا ۋە ئۇنىڭ موغۇللىرىنى، سول قانات قىسمىنىڭ ئۇچىغا قارا قۇزى، ئەبۇلمۇھەممەد نەيزىۋاز، شەيخ ئەلى، شەيخ جەمال بارىن، مەھدى، تەگرى قۇلى پىشغى موغۇللارنى تولغىما قىلىش ئۈچۈن ئايرىدۇق، ئۇلار دۈشمەن چېرىكى يېقىن كەلگەندىن كېيىن ئوڭ تەرەپ ۋە سول تەرەپتىن تولغىما قىلىپ دۈشمەننىڭ كەينىگە ئۆتمەكچى بولدى. (ب 266)

دۈشمەننىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە، ئۇلارنىڭ ئوڭ قانات قىسمىمىزغا كۆپرەك بېسىم قىلىدىغانلىقىنى سېزىپ، ئېھتىيات قىسمىدىكى ئابدۇلئەزىزنى ئوڭ قانات قىسمىغا ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سۇلتان ئىبراھىم يىراقتىن كۆرۈنگەندىن تارتىپ، ھېچنەدە تەخىر قىلماي سۈرئەت بىلەن كەلمەكتە ئىدى. ئالدىغىراق كېلىپ، بىزنىڭ قارىمىزنى كۆرۈپ، بىزنىڭ سەپ تۈزۈلۈشىمىزنى مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، نە توختاپ قېلىشنى، نە بۇرۇنقىدەك يۈرۈۋېرىشنى بىلەلمىگەن بىر خىل ھالەتتە بولۇپ قالدى. تولغىما قىلىشقا تەيىنلەنگەن قىسىملارنىڭ ئوڭ ۋە سول قاناتتىن دۈشمەننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئوق ئېتىپ ئۇرۇش باشلىشى، ئوڭ قانات قىسىم بىلەن سول قانات قىسمىنىڭمۇ دۈشمەنگە تېگىش قىلىشى توغرۇلۇق پەرمان بېرىلدى. تولغىما قىلىشقا تەيىنلەنگەنلەر دۈشمەننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. سول قانات قىسمىدىن مەھدى خوجا

بالدۇرراق تېگىش قىلدى. مەھدى خوجىنىڭ ئالدىغا بىر توپ دۈشمەن بىر پىل بىلەن كەلدى، ئۇلار دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرۇپ، بۇ توپنى چېكىندۈردى. سول قانات قىسمىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، غولدىن ئەھمەد پەرۋانىچى، تۇردى بەگ، قۇچ بەگ ۋە مۇھىب ئەلى خەلىفىلەر ئەۋەتىلدى. ئوڭ قانات قىسمىمۇ ئۇرۇشقا كىردى. مۇھەممەد كۆكەلداش، شاھ مەنسۇر بارلاس، يۇنۇس ئەلى ۋە ئابدۇللالار بۇيرۇق بويىچە غولدىن ئۇدۇل ھۇجۇم باشلىدى، ئۇستاد ئەلى قۇلى غول ئالدىدىن پەرەڭ توپى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى. مۇستەفا توپچىمۇ غولنىڭ سول تەرىپىدىن ھارۋا ئۈستىدىكى (267) توپلاردىن كېلىشتۈرۈپ ئوق ئۈزدى. ئوڭ قانات، سول قانات، غول ۋە تولغىمىدىكى قىسىملار دۈشمەننى قورشاپ، ئوق ياغدۇرۇپ، شىددەتلىك تېگىش قىلدى. دۈشمەن بىر-ئىككى قېتىم ئوڭ قانات ۋە سول قانات قىسىملارغا قىسقا-قىسقا ھۇجۇملارنى قىلدى. بىزنىڭكىلەر ئوق ياغدۇرۇپ، ئوق زەربىسى بىلەن ئۇلارنى غولغا چېكىندۈردى. دۈشمەننىڭ ئوڭ قانات ۋە سول قانات قىسىملىرى بىر يەرگە يىغىلىپ قېلىپ، شۇنداق قىستاڭچىلىقتا قالدىكى، نە ئىلگىرى ماڭالىسۇن، نە قېچىشقا يول تاپالىسۇن. ئۇرۇش باشلانغاندا كۈن نەيزە بويى بولغانىدى، چۈشكىچە شىددەتلىك جەڭ بولدى. كۈن چۈش بولغاندا دۈشمەن مەغلۇپ بولدى، دوستلار سۆيۈندى.

تەڭرىتائالا ئۆز پەزلى-كەرەمى بىلەن شۇنداق مۇشكۇل ئىشنى بىز ئۈچۈن ئاسان قىلدى، شۇنداق نۇرغۇن چېرىكنى يېرىم كۈن ئىچىدە يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئىبراھىم تۇرغان يەرگە يېقىن

بىرلا يەردە بەش-ئالتە مىڭ ئادەم قىرىلىپتۇ. باشقا ھەر يەردە ئۆلگەنلەرنى قوشۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەن دۈشمەننى ئون بەش-ئون ئالتە مىڭ دەپ مۆلچەرلىگەندۇق. كېيىن ئەگرەگە كەلگەندە، ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ ئاغزىدىن بۇ ئۇرۇشتا قىرىق-ئەللىك مىڭ ئادەم ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يىقىتا-يىقىتا قوغلاپ ماڭدۇق. ئالدى تەرەپتىن قولغا چۈشكەن ئەمىر ۋە بەگلەرنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى، پىلچىلار سۈرۈك-سۈرۈك پىللارنى ئېلىپ كېلىپ ھەدىيە قىلدى. دۈشمەننىڭ كەينىدىن (ب 267) كېتىۋېتىپ، ئىبراھىمنى چىقىپ كەتتى دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئەگرەگە يېتىۋالغىچە تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس قىسىمدىن قىسمتاي مىرزا، بابا چۆھرە ۋە بۆچكە باشچىلىقىدىكىلەرنى قوغلىغۇچى قىلىپ ماڭدۇردۇق.

ئىبراھىمنىڭ ئوردۇسىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۈپ، سارايچە ۋە ئۆيلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قارا سۇنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتۇق. نامازدىگەرگە يېقىن، خەلىفىنىڭ قېيىن ئىنىسى تاھىر تەبەرى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈكىنى نۇرغۇن ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تونۇۋېلىپ، بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەلدى. شۇ كۈنىلا، ھۇمايۇن مىرزا، خوجا كەلان، مۇھەممەدى، شاھ مەنسۇر بارلاس، يۇنۇس ئەلى، ئابدۇللا، ۋەلى خازىنلارنى يۈكسىز ھالدا تېز يۈرۈش قىلىپ، ئەگرەنى ئىشغال قىلىپ، خەزىنىلەرنى ئىگىلەشكە تەيىنلىدۇق. مەھدى خوجا، مۇھەممەد سۇلتان مىرزا، ئادىل سۇلتان، سۇلتان جۇنەيد بارلاس ۋە قۇتلۇق قەدەملەرنى يۈكسىز ھالدا تېز يۈرۈش قىلىپ، دېھلى قورغىنىغا كىرىپ، خەزىنىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەلگىلىدۇق.

ئەتىسى كۆچۈپ، بىر كۇرۇھ يول باسقاندىن كېيىن، ئاتلار

سەۋەبىدىن جۇن ياقىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. ئۇ يەردىن كۆچۈپ ئارىدا ئىككى قونۇپ، سەيشەنبە كۈنى شەيخ نىزام ئەۋلىيا مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ، جۇن دەرياسىنىڭ دېھلىغا ئۇدۇل ساھىلىغا كېلىپ چۈشتۇق. شۇ چارشەنبە ئاخشىمىلا دېھلى قورغىنىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كېچىسى شۇ يەردە بولۇپ، ئەتىسى — پەيشەنبە كۈنى خوجا قۇتبىددىن مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ، سۇلتان غىياسىددىن پىلبان ۋە سۇلتان ئالائىددىن خەلجىنىڭ مەقبەرە ۋە ئىمارەتلىرىنى، (268) مۇنار، ھەۋزى شەمس، ھەۋزى خاسنى ۋە سۇلتان بەھلۇل بىلەن سۇلتان ئىسكەندەرنىڭ مەقبەرە ۋە باغلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئوردۇغا چۈشتۇق ۋە كېمىگە چۈشۈپ ھاراق ئىچتۇق.

دېھلىنىڭ شىقدارلىقىنى ۋەلى قىزىلغا ئىنايەت قىلىپ، دوستنى دېھلى ۋىلايىتىگە دىۋان قىلىپ بەلگىلىدۇق. بارلىق خەزىنىلەرنى مۆھۈرلەپ، ئۇلارنىڭ ھۆددىسىگە بەردۇق.

پەيشەنبە كۈنى بۇ يەردىن كۆچۈپ، جۇن دەرياسىنىڭ تۇغلۇقابادقا ئۇدۇل قىرغىقىغا كېلىپ چۈشتۇق. جۈمە كۈنى ئۇ يەردە بولدۇق. مەۋلانا مەھمۇد، شەيخ زەين ۋە يەنە بەزىلەر دېھلىغا بېرىپ، جۈمە نامىزى ئوقۇپ، مېنىڭ نامىمغا خۇتبە ئوقۇتتى ۋە پېقىر-مىسكىنلەرگە بىرمۇنچە تەڭگىنى تارقىتىپ بېرىپ، ئوردۇغا قايتىپ كەلدى. شەنبە كۈنى ئۇ يەردىن كۆچۈپ، مەنزىلمۇ مەنزىل ئەگرەگە قاراپ ماڭدۇق. مەن بېرىپ، تۇغلۇقابادنى سەيلە قىلىپ كېلىپ، ئوردۇغا چۈشتۈم. رەجەپ ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىسى — جۈمە كۈنى ئەگرە مەھەللىرى ئىچىدىكى سۇلەيمان فەرمۇلى مەنزىلىگە چۈشتۇق. بۇ يەر قورغاندىن كۆپ يىراقتا

بولغىنى ئۈچۈن، ئەتىسى كۆچۈپ، جەلالخان جىگھەتىنىڭ ئىمارىتىگە كېلىپ چۈشتۇق. ھۇمايۇن بىزدىن بۇرۇنراق كەلگەنىدى. قورغاندىكىلەر ئۆزرە ئېيتىپ، ھىيلە ئىشلىتىپتۇ. بىزنىڭكىلەرمۇ ئاھالىنىڭ باشباشتاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەزىنىلەرگە قول سالمىسۇن دەپ، بىز كەلگۈچە، قورغاندىن چىقىدىغان يوللارنى قامال قىلىپ تۇرۇپتۇ.

بىكەرماجىت ھىندۇ — گۇۋالىيار راجەسى① ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى گۇۋالىيار ۋىلايىتىدە (ب 268) سەلتەنەت سۈرۈپ كەلگەنىدى. ئىسكەندەر گۇۋالىيارنى ئېلىش مەقسىتىدە بىرنەچچە يىل ئەگرەدە تۇردى. كېيىن، ئىبراھىم زامانىدىمۇ ئەئزەم ھۇمايۇن سەرۋانى بىرقانچە قېتىم قاتتىق جەڭ قىلدى ۋە ئاخىر سۈلھ يولى بىلەن ئېلىپ، شەمسابادنى ئۇنىڭغا بەردى. بىكەرماجىت بىز سۇلتان ئىبراھىمنى مەغلۇپ قىلغاندا جەھەننەمگە كەتتى. ئۇنىڭ بالا-چاقىسى ۋە ئائىلە-جەمەتى ئەگرەدە ئىدى. ھۇمايۇن ئەگرەگە كەلگەندە بىكەرماجىتنىڭ ئائىلە-جەمەتى قېچىش خىيالىدا بولغانىكەن، لېكىن ھۇمايۇن ئۇلارنىڭ قېچىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەپتۇ. ئۇلار ئۆز رازىلىقى بىلەن ھۇمايۇنغا نۇرغۇن گۆھەر-جەۋھەر ھەدىيە قىلىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۇلتان ئەلائىددىن ئېلىپ كەلگەن بىر مەشھۇر ئالماس بار ئىكەن. ئۇ ئالماس شۇنداق مەشھۇر ئىكەنكى، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىدىغان بىرى: «ئۇنىڭ قىممىتى پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىككى يېرىم كۈنلۈك چىقىمىغا باراۋەر» دېگەنىكەن. تەخمىنەن سەككىز مىسقال كېلىدۇ. مەن كەلگەندىن كېيىن، ھۇمايۇن ئۇنى ماڭا ھەدىيە قىلدى، مەنمۇ ھۇمايۇننىڭ ئۆزىگىلا بېغىشلىدىم.

① راجە — ھىندىستاندىكى يەرلىك بەگلەرنىڭ ئۇنۋانى.

قورغان ئىچىدىكى سىپاھىيلار ئىچىدە نامى بار ئادەملەردىن مەلىكداد كەرانى، مەلىك سۇرۇك ۋە فىرۇزخان مۇۋاتىلەر بار ئىدى. بۇلاردىن بىرمۇنچە ھىيلىلەر زاھىر بولغانىدى، لايىقىدا سىياسەتلەر قىلىندى. ئۇلار مەلىكداد كەرانىنى ئەۋەتىپ، بەزى تەلەپلەرنى قويدى. باردى-كەلدى بولۇپ، بىر قارار بولغۇچە تۆت-بەش كۈن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىدەك ئىنايەت ۋە شەپقەتلەرنى كۆرسىتىپ، بارلىق يەر مۈلكىنى ئۆزلىرىگە بەردۇق. ئىبراھىمنىڭ ئانىسىغا ئەگەرەدىن بىر كۇرۇھ كېلىدىغان، دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يەتتە لەكلىك بىر يۇرتنى بېرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە (269) ماڭدۇردۇق. باشقا بەگلەرگىمۇ ئايرىم-ئايرىم پەرگەنەلەر①بېرىلدى. رەجەپ ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزى-پەيشەنبە كۈنى نامازدىگەردە ئەگرەگە كىرىپ، سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ماكانىغا چۈشتۇق.

910-يىلى②كابۇل ۋىلايىتى ئىگىلەندى. شۇ ۋاقىتتىن ھازىرغىچە، ھەمىشە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش كويىدا بولدۇق. گاھى بەگلەرنىڭ سۇسلۇق قىلىشى، گاھى ئاغا-ئىنىلارنىڭ مۇخالىپلىقى سەۋەبىدىن ھىندىستان يۈرۈشىگە مۇيەسسەر ۋە ھىندىستان مەملىكىتىگە ئىگە بولالماي كەلگەنىدۇق. ئاخىر توسقۇنلۇقلار تۈگىدى، چوڭ-كىچىك بەگلەردىن ھېچكىم مەقسەتكە خىلاپ سۆزلەرنى ئېيتالمىدى. 925-يىلى ③ چېرىك تارتىپ، بەجۇرنى زورلۇق بىلەن ئىككى-ئۈچ گەرى ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ، ئاھالىسىنى قىرغىن قىلىپ، بېھرەگە

---

① بىر ۋىلايەتكە قاراشلىق كىچىكرەك ۋىلايەتلەر ھىندىستاندا «پەرگەنە» دېيىلىدۇ.
② مىلادىيە 1504 — 1505-يىللار ئارىلىقى.
③ مىلادىيە 1519-يىلى.

كەلدۇق. بۇ يەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماي، ئاھالىسىغا مالى ئاما سىلىپ، تۆت لەك شاھرۇخى ھېسابىدا پۇل ۋە مال ئېلىپ ئۇنى چېرىك سانىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن كابۇلغا قايتتۇق. شۇ تارىختىن 932-يىلغىچە ①ھىندىستانغا چېرىك تارتتۇق. بەشىنچى قېتىمدا تەڭرى تەئالا ئۆز فەزل-كەرەمى بىلەن سۇلتان ئىبراھىمدەك دۈشمەننى زەئىپ ۋە پەرىشان قىلىپ، ھىندىستاندەك مەملىكەتنى بىزگە تېگىشلىك قىلدى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر زامانىدىن بۇ تارىخقا قەدەر تاشقى پادىشاھلاردىن ئۈچ كىشى ھىندىستان ۋىلايەتلىرىنى ئىگىلەپ، بۇ يەردە سەلتەنەت سۈرۈپتۇ. بۇلارنىڭ بىرى سۇلتان مەھمۇد غازى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ھىندىستان مەملىكىتىدە ئۇزۇن ۋاقىت سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ؛ ئىككىنچىسى سۇلتان شاھابىددىن (ب 269) غۇرى ۋە ئۇنىڭ قۇل-تاۋابىئاتلىرى بولۇپ، بۇ مەملىكەتتە كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلىپتۇ؛ ئۈچىنچىسى مەن بولىمەن. بىراق، مېنىڭ ئىشىم ئۇ پادىشاھلارنىڭ ئىشى بىلەن ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاننى ئىگىلىگەندە، خۇراسان تەختى ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى ۋە خارەزم، دادىلمۇرز سۇلتانلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى، سەمەرقەند پادىشاھمۇ ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ئىدى؛ چېرىكى ئىككى لەك بولمىسا، سۆزسىز بىر لەك كېلەتتى، دۈشمەنلىرى راجىلار بولۇپ، پۈتۈن ھىندىستان بىر پادىشاھنىڭ ئىدارىسىدە ئەمەس ئىدى، راجىلارنىڭ ھەرقايسىسى بىر ۋىلايەتتە ئۆز ئالدىغا پادىشاھلىق قىلاتتى. سۇلتان شاھابىددىن غۇرىغا كەلسەك، گەرچە خۇراسان سەلتەنىتى ئۇنىڭ ئۆزىدە بولمىسىمۇ لېكىن ئاغىسى غىياسىددىن غۇرىدا

① مىلادىيە 1525 — 1526-يىللار ئارىلىقى.

ئىدى. «تەبەقاتى ناسىرى»دە ئېيتىلىشىچە، ھىندىستانغا بىر قېتىمدا
بىرلەك يىگىرمە مىڭ ساۋۇتلۇق چېرىك بىلەن يۈرۈش قىلغانىكەن.
ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ راجەلەر بولۇپ، پۈتۈن ھىندىستان بىر ئادەمنىڭ
قولىدا ئەمەس ئىدى. بىز بېھرەگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا مىڭ بەش
يۈز، ئېشىپ كەتكەندە ئىككى مىڭ كىشى ئىدۇق. بەشىنچى قېتىم
كېلىپ سۇلتان ئىبراھىمنى مەغلۇپ قىلىپ، ھىندىستان مەملىكىتىنى
قولغا كەلتۈرگىنىمدە، ھىندىستان يۈرۈشلىرىنىڭ ھېچبىرىدە كۆرۈلمىگەن
كۆپ چېرىك بىلەن كەلگەنىدىم، شۇ قېتىمدا نۆكەر، سودىگەر،
چاكارلار قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئوردۇ بىلەن بىرلىكتە ئون ئىككى مىڭ
ئادەم تىزىمغا ئېلىندى. ماڭا تەئەللۇق ۋىلايەتلەر (270) بەدەخشان،
قۇندۇز، كابۇل ۋە قەندەھاردىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن بۇ
ۋىلايەتلەرنىڭ مۇھىم ياردىمگە ئىگە بولالمايتتىم. ئەكسىچە، بۇ
ۋىلايەتلەر دۈشمەنگە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۈزلۈكسىز
ياردەم بېرىپ تۇرۇش لازىم ئىدى. پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ۋىلايەتلىرى
ئۆزبېك خان ۋە سۇلتانلىرىنىڭ تەسەررۇپىدا ئىدى. ئۇلار يۈز مىڭغا
يېقىن چېرىككە ئىگە بولغان كونا دۈشمەن ئىدى. ھىندىستان
مەملىكىتى بولسا، بېھرەدىن بەھارغىچە ئافغانلار تەسەررۇپىدا ئىدى.
پادىشاھى سۇلتان ئىبراھىم ئىدى. ۋىلايەت ھېسابى بىلەن بەش
لەك چېرىكى بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. ئۇ چاغدا ئەمىرلىرى مۇخالىپ
مەيداندا بولغىنى ئۈچۈن، بار بولغان چېرىكى بىر لەك مۆلچەرلىنەتتى.
ئۆزىدە ۋە ئەمىرلىرىدە بولۇپ، مىڭدەك پىل بار دېيىشەتتى.

بىز شۇنداق بىر ئەھۋالدا، شۇنچىلىك كۈچىمىز بىلەن تەۋەككۈل
قىلىپ، ئۆزبېككە ئوخشاش يۈز مىڭ كىشىلىك كونا دۈشمەننى
ئارقىمىزدا قويۇپ، سۇلتان ئىبراھىمدەك كۆپ چېرىك ۋە كەڭ زېمىنغا

ئىگە بولغان پادىشاھ بىلەن روبىرو بولدۇق. تەۋەككۇل قىلغىنىمىزغا يارىشا، تەڭرى-تەئالا جاپا-مۇشەققىتىمىزنى بوشقا كەتكۈزمەي، شۇنداق زور دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، ھىندىستاندەك چوڭ مەملىكەتنى بىزگە تېگىشلىك قىلدى. بىز بۇ دۆلەتنى ئۆزىمىزنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭ لۇتف-شەپقىتىدىن دەپ بىلىمىز، بۇ سائادەتنى ئۆزىمىزنىڭ غەيرەت-شىجائىتىمىزدىن ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭ كەرەم ۋە ئىنايىتىدىن دەپ بىلىمىز.

ھىندىستان زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، مەھسۇلاتى مول بىر مەملىكەتتۇر. (ب 270) شەرقى، جەنۇبى، ۋە ھەتتا غەربى ھىند دېڭىزىغىچە سوزۇلىدۇ. شىمالى تاغلىق بولۇپ، ھىندۇكۇش، كافىرىستان ۋە كەشمىر تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالىدا كابۇل، غەزنى ۋە قەندەھار جايلاشقان. پۈتۈن ھىندىستان ۋىلايەتلىرىنىڭ پايتەختى دېھلى ئىكەن. سۇلتان شاھابىددىن غورىدىن كېيىن، سۇلتان فىرۇز شاھنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر، ھىندىستاننىڭ چوڭ بىر قىسمى دېھلى سۇلتانلىرىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولغانىكەن. مەن ھىندىستاننى ئالغان چاغدا، بەش مۇسۇلمان ۋە ئىككى كاپىر ھىندىستاندا سەلتەنەت سۈرۈۋاتاتتى. گەرچە چوڭ-كىچىك راي ۋە راجەلەر تاغ ۋە جاڭگاللاردا كۆپ بولسىمۇ، لېكىن مۆتىۋەر ۋە مۇستەقىل بولغانلىرى مۇشۇلار ئىدى.

بۇلاردىن بىرى ئافغانلار بولۇپ، دېھلى پايتەختى ئۇلاردا ئىدى. بېھرەدىن بەھارغىچە بولغان يەرلەر ئۇلارنىڭ ئىدارىسىدە ئىدى. ئافغانلاردىن بۇرۇن، جۇنپۇر سۇلتان ھۇسەيىن شەرقىينىڭ ئىدارىسىدە ئىدى. بۇ سۇلالە پۇرەبىي دەپ ئاتىلاتتى. بۇلارنىڭ ئاتىلىرى سۇلتان فىرۇز شاھ ۋە شۇ جەمەت ئالدىدا سۇ توشىغۇچى ئىكەندۇق. ئۇلار

فىرۇز شاھتىن كېيىن، جۇنپۇر مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزۈپتۇ. دېھلى سۇلتان ئەلائىددىنىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. بۇ سۇلالە سەيىدلەردىندۇر. تېمۇر بەگ دېھلىنى ئالغان چاغدا، دېھلى ھۆكۈمىتىنى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىغا بەرگەنىدى. سۇلتان بەھلۇل لودى ئافغان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىسكەندەر دېھلى پايتەختى بىلەن جۇنپۇر پايتەختىنى قولغا كىرگۈزدى ۋە ھەر ئىككى پايتەختتە بىرلا پادىشاھ ئولتۇردى.

ئىككىنچىسى — گۇجرەتتىكى سۇلتان مۇزەففەر ئىدى. مەن سۇلتان ئىبراھىمنى يېڭىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئالەمدىن (271) ئۆتتى. ئىنتايىن شەرىئەتچىل پادىشاھ ئىدى. ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ھەدىس مۇتالىئە قىلاتتى ۋە دائىم قۇرئان كۆچۈرەتتى. بۇلارنىڭ سۇلالىسىنى تانك دەپ ئاتايدۇ. بۇلارنىڭ ئاتىلىرىمۇ سۇلتان فىرۇز ۋە شۇ جەمەتنىڭ شارابدارلىرى بولغانىكەن، فىرۇز شاھدىن كېيىن گۇجەرات ۋىلايىتىنى ئىگىلەپتۇ.

ئۈچىنچىسى — دەكەندىكى بەھمەنىلەر ئىدى. بىراق بۇ مەزگىلدە دەكەن سۇلتانلىرىدا ھوقۇق ۋە ئىقتىدار قالمىغانىدى. ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى چوڭ بەگلەر ئىگىلىگەن بولۇپ، بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشسە، شۇ بەگلەردىن تىلەيتتى.

تۆتىنچىسى — مەنداۋ دەپمۇ ئاتىلىدىغان مالۋە ۋىلايىتىدىكى سۇلتان مەھمۇد ئىدى. بۇ سۇلالىنى خەلجى دەپ ئاتايدۇ. ئۇنى رانا سەنگا كاپىر مەغلۇپ قىلىپ، ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇمۇ ئاجىزلاشقانىدى. بۇلارنىڭ ئاتىلىرىمۇ فىروز شاھ يېتىشتۇرگەن ئادەملەردىن بولۇپ، فىروز شاھدىن كېيىن مالۋە ۋىلايىتىنى ئىگىلىگەنىكەن.

بەشىنچىسى — بەنگالە ۋىلايىتىدىكى نۇسرەت شاھ ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى بەنگالە ۋىلايىتىگە پادىشاھ بولغانىدى، ئۆزى

سەيدلەردىن ئىدى. سۇلتان ئەلائىددىننىڭ ئورنىغا چىققان بولۇپ، سەلتەنەت ئۇنىڭغا مىراس ئىدى.

بەنگالەدە ئاجايىپ بىر ئادەت بار: ئۇ يەردە سەلتەنەت مىراسى ناھايىتى كەم بولىدۇ. پادىشاھنىڭ مۇئەييەن بىر تەختى بولىدۇ، ئەمىر، ۋەزىر ۋە باشقا مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مۇئەييەن يەرلىرى بولىدۇ، بەنگالە ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە شۇ تەخت ۋە يەرلەر مۆتىۋەر ھېسابلىنىدۇ، ھەرقايسى يەرگە قاراشلىق نۆكەر ۋە چاكارلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ۋە مۇقەررەر بولىدۇ. پادىشاھ بىرىنى بوشىتىپ (ب 271) ، ئۇنىڭ يېرىگە كىمنى ئولتۇرغۇزسا، ئۇ يەرگە قاراشلىق نۆكەر ۋە چاكارلارنىڭ ھەممىسى شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ، ھەتتا پادىشاھلىقمۇ شۇنداق بولىدۇ. كىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، تەختكە ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىسا، شۇ پادىشاھ بولىدۇ. ئەمىر، ۋەزىر، سىپاھىي ۋە پۇقرانىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇنى خۇددى بۇرۇنقى پادىشاھدەك پادىشاھ بىلىپ، پەرمانلىرىغا بويسۇنىدۇ. «بىز تەختنىڭ قۇلى. تەخت ئۈستىدە كىم ئولتۇرسا، شۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمىز» — مانا بۇ، بەنگالە خەلقىنىڭ سۆزى. نۇسرەت شاھنىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەلائىددىندىن بۇرۇن، بىر ھەبەش بەنگالە پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، تەختكە چىقىپ بىر مۇددەت سەلتەنەت سۈرگەن. سۇلتان ئەلائىددىنمۇ ھەبەشنى ئۆلتۈرۈش يولى بىلەن تەختكە چىققان. سۇلتان ئەلائىددىندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلىش يولى بىلەن ھازىرغىچە پادىشاھ بولغان. بەنگالە رەسمى بويىچە، بىركىم پادىشاھ بولسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسىنى سەرپ ۋە خەرج قىلىشى ئەيىب ۋە ئۇياتلىق ئىشتۇر. ھەركىم پادىشاھ بولسا، يېڭىدىن خەزىنە توپلىشى

لازىم بولدۇ. خەزىنە توپلاش-ئۇ ئەلنىڭ نەزىرىدە پەخىرلىنەرلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. بەنگالە رەسىملىرىنىڭ يەنە بىرى شۇكى، خەزىنە ۋە پايگاھنىڭ، ھەتتا سۇلتانلارنىڭ پۈتۈن بىنالىرىنىڭ قەدىمدىن بەلگىلەپ قويۇلغان مۇئەييەن كىرىم ۋە پەرگەنەلىرى بولۇپ، ئۇلار باشقا ھېچقانداق يەرگە سەرپ قىلىنمايدۇ.

مۇسۇلمانلاردىن چېرىكى كۆپ، ۋىلايىتى چوڭ بولغان مۆتىۋەر پادىشاھلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان شۇ بەش پادىشاھ ئىدى. كاپىرلاردىن ۋىلايىتى چوڭ، چېرىكى كۆپ بولغانلىرىدىن بىرى (272) بىجانەگەر راجەسىدۇر. يەنە بىرى رانا سەنگا بولۇپ، يېقىنقى چاغلاردا ئۆزىنىڭ جۈرئىتى ۋە قىلىچى بىلەن زورايغانىدى. ئۇنىڭ ئەسلىي ۋىلايىتى چىتۇر ئىدى. مەنداۋە سۇلتانلىرىنىڭ سەلتەنىتى زاۋال تاپقان مەزگىلدە، مەنداۋەگە تەئەللۇق بولغان رەتەنبۇر (رەنتەبۇر)، سارەنگپۇر، بىھلسان، چەندىرى قاتارلىق نۇرغۇن ۋىلايەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. چەندىرى قانچە يىللاردىن بۇيان ئۇرۇش مەيدانى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، رانا سەنگانىڭ مىدنى راۋ ئاتلىق مۆتىۋەر بىر ئادىمى تۆت-بەش مىڭ كاپىر بىلەن شۇ يەردە تۇراتتى. 914-يىلى① تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن چەندىرىنى بىر-ئىككى گەرى ۋاقىت ئىچىدە زورلۇق بىلەن ئېلىپ، كاپىرلارنى قىرىپ، ئۇ يەرنى ئىسلام يۇرتى قىلدىم، بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر. ھىندىستان ئەتراپىدا بىرمۇنچە راي ۋە راجەلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلامغا كىرگەنىدى، بەزىلىرى بولسا، ئارىلىقى يىراق بولغانلىقى ياكى تۇرغان يەرلىرى مۇستەھكەم بولغانلىقى سەۋەبىدىن، مۇسۇلمان پادىشاھلارغا ئىتائەت قىلمايتتى.

ھىندىستان بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئىقلىمغا كىرىدۇ، تۆتىنچى

① مىلادىيە 1508-يىلى.

ئىقلىم ھىندىستاندا يوق. بۇ ئاجايىپ بىر مەملىكەت. بىزنىڭ ۋىلايەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، باشقا بىر دۇنيا. تاغ ۋە سۇلىرى، جاڭگال ۋە تۈزلەڭلىرى، تۇپراق ۋە ۋىلايەتلىرى، ھايۋانات ۋە گىياھلىرى، ئاھالىسى ۋە تىلى، يامغۇر ۋە شاماللىرى پۈتۈنلەي باشقىچە. كابۇلغا تەۋە ئىسسىق جايلار بەزى جەھەتلەردە ھىندىستانغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن بەزى جەھەتلەردە ئوخشىمايدۇ. سىند دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، يەر-سۇ، دەل-دەرەخ، تاغۇتاش، ئاھالە ۋە ئۇلۇس، ئۆرپ-ئادەت (ب 272) ھەممىسى ھىندىستان تۇسىنى ئالىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ئۇنىڭ شىمالىدىكى تاغلار ۋە بۇ تاغلارنىڭ سىند دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قىسمىغا جايلاشقان ۋىلايەتلەر كەشمىر تەۋەسىگە كىرىدۇ. گەرچە ھازىرقى كۈندە بۇ تاغدىكى پەكلى ۋە شەھمەڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ تولىسى كەشمىرگە ئىتائەت قىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇرۇن كەشمىر تەۋەسىدە بولغانىكەن.

كەشمىردىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ تاغدا پايانسىز ئەل-ئۇلۇس ۋە پەرگەنە-ۋىلايەتلەر بار. بەنگالە ھەتتا ھىند دېڭىزى بويىغىچە، بۇ تاغدا توپ-توپ خەلقلەر ياشايدۇ. ھەر قانچە سۈرۈشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھىندىستانلىقلاردىن ھېچكىم بۇ قەبىلىلەر ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرەلمىدى. پەقەت بۇ تاغ ئاھالىسىنى «كەس» دەپ ئاتايدىغانلىقىنىلا ئېيتىپ بەردى. ھىندىستانلىقلار «ش»نى «س» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى تەخمىن قىلدۇقكى، بۇ تاغدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر كەشمىر بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭدىن باشقا شەھەرنى ئىشتىمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى كەشمىر دەپ بىلگەن بولسا كېرەك.

بۇ تاغ ئاھالىسىنىڭ تىجارەت مېلى ئىپار، قوتاسى بەھرى (دېڭىز كالىسى)، زەپەر، قوغۇشۇن ۋە مىستۇر. ھىندىستانلىقلار بۇ تاغنى

«سەۋالەك پەرپەت» دەپ ئاتايدۇ. هىند تىلىدا «سەۋا» — ئۆتتىن بىر، «لەك» — يۈزمىڭ، «پەرپەت» — تاغ دېگەن بولىدۇ. دېمەك، ئۆتتىن بىرلەك يەنى بىر يۈز يىگىرمە بەش مىڭ تاغ دېگەنلىكتۇر. بۇ تاغلاردا قار ئۆكسىمەيدۇ. هىندىستاننىڭ لاهۇر، سىھرىند ۋە سەنبەل قاتارلىق ۋىلايەتلىرىگە بۇ تاغلاردىكى قارلار ئاپئاق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ تاغ كابۇلدا هىندۇكۇش دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بىرئاز جەنۇبقا مايىل شەرق تەرىپىگە سوزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى پۈتۈنلەي هىندىستان هېسابلىنىدۇ. بۇ تاغنىڭ (273) ۋە «كەس» دەپ ئاتالغان بۇ نامەلۇم ئۇلۇسلارنىڭ شىمال تەرىپى تىبەت ۋىلايىتىدۇر.

بۇ تاغدىن كۆپلىگەن دەريالار چىقىپ، هىندىستاننىڭ ئىچى بىلەن ئاقىدۇ. سىھرىندتىن شىمالغا قاراپ سىبند، بەهەت، چاناب، راۋى، بىياھ ۋە سەتلۇجدىن ئىبارەت ئالتە دەريا مۇشۇ تاغدىن چىقىپ، مۇلتان تەۋەسىدە بىر-بىرىگە قوشۇلىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە قوشۇلغاندىن كېيىنمۇ سىند دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە غەربكە ئېقىپ، تەتتە ۋىلايىتىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۈپ ئۇمەنغا قۇيۇلىدۇ. بۇ ئالتە دەريادىن باشقا، جۇن، گەنگ، رەهەب، گۇمتى، گەگەر، سەرۇ ۋە گەندەك قاتارلىق نۇرغۇن دەريالار بار. بۇلارنىڭ هەممىسى گەنگ دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ يەنە گەنگ دەپ ئاتىلىدۇ ۋە شەرققە ئېقىپ، بەنگالە ۋىلايىتىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۈپ، دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسىنىڭ مەنبەسى مۇشۇ «سەۋالەك پەرپەت»تۇر. هىندىستانىڭ چەنبەل، بەناس، بىتۋى ۋە سۇن قاتارلىق تاغلىرىدىن چىقىدىغان دەريالارمۇ بار. بۇ تاغلاردا زادىلا قار بولمايدۇ. بۇ دەريالارمۇ گەنگ دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

هىندىستاندىمۇ تاغلار بار، بۇلارنىڭ بىرى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بىر تاغدۇر. بۇ تاغ دېھلى ۋىلايىتىدىكى فىروز شاھنىڭ ئايرىم بىر قىيالىق تاغنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان جاھاننەما ناملىق ئىمارىتىدىن باشلىنىدۇ. ئۇ يەردىن ئۆتكەندە، دېھلى تەۋەسىدە ئۇ يەر-بۇ يەردە كىچىك-كىچىك قىيالىق تاغلار ئۇچرايدۇ. مېۋات ۋىلايىتىگە يەتكەندە بۇ تاغلار چوڭىيىدۇ ۋە مېۋاتتىن ئۆتۈپ، (ب 273) بىيانە ۋىلايىتىگە يېتىدۇ. سىكرى، بارى ۋە دولپۇرنىڭ تاغلىرى گەرچە تۇتاش بولمىسىمۇ، مۇشۇ تاغلار قاتارىدا تۇرىدۇ. كالپۇر دېيىلىدىغان گۇۋالىيارنىڭ تاغلىرىمۇ مۇشۇ تاغنىڭ بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، رەتەنبۇر، چىتۇر، مەنداۋ ۋە چەندىرى تاغلىرىمۇ بۇ تاغنىڭ تارماقلىرىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئارىلىقتا يەتتە-سەككىز كۇرۋەھ ئۈزۈلۈپ قالىدىغان يەرلىرىمۇ بار. بۇ تاغلار پاكار-پاكار، تىك قىيالىق ھەم جاڭگاللىق تاغلاردۇر. بۇ تاغلاردا پەقەت قار ياغمايدۇ. ھىندىستاندىكى بەزى دەريالارنىڭ مەنبەسى مۇشۇ تاغلاردۇر. ھىندىستان ۋىلايەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈزلەڭگە جايلاشقان.

شۇنچە شەھەر ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ ھېچبىرىدە ئېقىن سۇ يوق. ئېقىن سۈيى شۇ دەريالاردۇر. بەزى جايلاردا يىغلما سۇلار بار. بەزى شەھەرلەردە ئېرىق چېپىپ سۇ چىقىرىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، لېكىن بۇنى قىلمايدۇ. بۇنىڭ مۇنداق بىرقانچە سەۋەبلىرى بار: بىرىنچىدىن، زىرائەت ۋە باغلىرىنىڭ ئېقىن سۇغا ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ، كۈزلۈك ھوسۇللىرى پەسىللىك يامغۇر سۈيى بىلەن يېتىلىدۇ. شۇنىسى ئاجايىپكى، ئۇلارنىڭ يازلىق ھوسۇلى يامغۇر بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. دەرەخلىرىنىڭ تۇۋىگە بىر-ئىككى يىلغىچە سۇ

توشۇپ ياكى سۇ تارتىپ قۇيىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ بېرىش زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. بەزى مايسىلارغا سۇ بېرىلىدۇ. لاھور، دىبالپۇر، سەھرىند تەرەپلىرىدە سۇ چاق بىلەن چىقىرىلىدۇ. قۇدۇقنىڭ تىرەنلىكى بىلەن تەڭ كېلىدىغان ئىككى تال ئارغامچا بىر-بىرىگە چېتىلىپ، ھالقا قىلىنىدۇ، بۇ ئىككى تال ئارغامچىنىڭ ئارىسىغا ياغاچلار باغلىنىپ، بۇ ياغاچلارغا كوزىلار بېكىتىلىدۇ. كوزىلار بېكىتىلگەن (274) بۇ ئارغامچا قۇدۇقنىڭ ئۈستىدىكى چاققا قويۇلىدۇ. بۇ چاق ئوقىنىڭ نېرىقى بېشىدا يەنە بىر چاق بولىدۇ، بۇ چاقنىڭ قېشىدا ئوقى تىك بولغان يەنە بىر چاق بولىدۇ، بۇ چاققا قېتىلغان كالا ئۇنى ئايلاندۇرغاندا بۇ چاقنىڭ چىشلىرى يەنە بىر چاقنىڭ چىشلىرى بىلەن تۇتىشىپ، ھېلىقى كوزىلىق چاقمۇ ئايلىنىدۇ، سۇ تۆكۈلىدىغان يەرگە نور قويۇلغان بولۇپ، سۇ شۇ نور ئارقىلىق ھەر تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىدۇ. ئەگرە، چەندۇۋار، بىيانە تەرەپلىرىدە زىرائەت ئاسما سوغا بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇ جاپالىق بولغانىنىڭ ئۈستىگە، مەينەتچىلىكى بار بىر ئىش: قۇدۇقنىڭ يېنىغا بىر تال ئاچا ياغاچ تىكىلىپ، ياغاچنىڭ ئاچا يېرىگە بىر غالتەك بېكىتىلىدۇ، غالتەكنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن بىر تال ئارغامچا ئارتىلىپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىغا يوغان بىر سوغا باغلىنىدۇ، يەنە بىر ئۇچى كالىغا باغلىنىدۇ، بىر ئادەم كالىنى ھەيدەپ ماڭىدۇ، بىر ئادەم سوغا بىلەن تارتىلىپ چىققان سۇنى تۆكىدۇ. ھەر قېتىم كالا سوغىدىكى سۇنى تارتىپ چىقىرىپ يانغان چاغدا، ھېلىقى ئارغامچا كالا ماڭغان يولدىكى سۈيدۈك ۋە تېزەك بىلەن بۇلغىنىپ يەنە قۇدۇققا چۈشىدۇ. بەزى يەرلەردە زىرائەتكە سۇ كېرەك بولسا، ئەر-خوتۇن بىللە سۇ توشۇپ سۇغىرىدۇ.

ھىندىستاننىڭ شەھەر ۋە ۋىلايەتلىرى ئىنتايىن ساپاسىز. ھەممە شەھەر ۋە يەرلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. باغلىرىنىڭ

تېمى بولمايدۇ. يەرلىرىنىڭ تولىسى تۈپتۈز. بەزى دەريا-ئېقىنلارنىڭ ساھىللىرى پەسلىك يامغۇر تۆپەيلىدىن سۇ ئاستىدا قالغان بولۇپ، (ب 274) ھەرقانداق يېرىدىن كېچىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. بەزى يەرلەردە تىكەنلىك دەرەخ ئورمانلىرى بار. پەرگەنەلەرنىڭ ئاھالىسى شۇ ئورمانلار بىلەن قوغدىنىپ، سېلىق بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. ھىندىستاندا دەريالاردىن باشقا ئېقىن سۇ ئاز. بەزى يەرلەردە يىغىلما سۇلار ئۇچراپ قالىدۇ. شۇنچە شەھەر ۋە ۋىلايەتلەر قۇدۇق سۈيى بىلەن ياكى پەسىللىك يامغۇر سۈيىدىن ھاسىل بولغان كۆل سۈيى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ھىندىستاندا مەھەللە، يېزا ھەتتا شەھەرلەرنىڭ بۇزۇلمىقى ۋە بىنا بولمىقى بىر ۋاقىت ئىچىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بەزى چوڭ شەھەرلەردە قانچە يىللار ھايات كەچۈرگەن ئاھالە ئۇ يەردىن قاچماق بولسا، شۇنداق قاچىدۇكى، بىر كۈن، بىر يېرىم كۈن ئىچىدە ئۇ يەردە ھېچ نەرسىدىن ئەسەر ۋە ئالامەت قالمايدۇ. ئەگەر بىنا قىلماقچى بولسا، ئېرىق چېپىش، تۇغان تۇتۇشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ، تېرىلغۇلىرى پۈتۈنلەي بىنەمگە تېرىلىدۇ، ئاھالىسىگە چەك يوق، ھەممىسى توپلىنىپ بىر كۆل ياسايدۇ ياكى قۇدۇق قازىدۇ، ئۆي سېلىش، تام قوپۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. قومۇش ۋە دەرەخ مول. ئۇنىڭدىن كەپە ياسىشىدۇ-دە، بىر يېزا ياكى شەھەر بىنا بولىدۇ.

**ھىندىستان ھايۋاناتى: پىل** — ھىندىستانلىقلار ئۇنى «ھاتى» دەپ ئاتايدۇ. كالپى ۋىلايىتىنىڭ چەتلىرىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يۇقىرى، شەرققە ماڭغانسېرى ياۋا پىللار كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇ تەرەپلىرىدىن پىل تۇتۇپ كېلىنىدۇ. كەررە بىلەن مانىكپۇردا ئوتتۇز-قىرىق يېزا مەخسۇس (275) پىل تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇلار سېلىقلارنىمۇ پىل بىلەن تۆلەيدۇ. پىل — جۇغى زور ھەم زىرەك ھايۋان. نېمە دېسە، چۈشىنىدۇ ۋە نېمە بۇيرۇسا، شۇنى قىلىدۇ. باھاسى بويىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ ۋە ئېلىپ-سېتىشتا گەزلەپ باھا قويۇلىدۇ. قانچە چوڭ بولسا، باھاسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى داللاردا ئېگىزلىكى ئون قارى كېلىدىغان پىللار بارئىمىش. بۇ يەرلەردە بولسا، تۆت-بەش قارىدىن ئېگىز پىل كۆرۈلمىدى. پىلنىڭ يېمەك-ئىچمىكى پۈتۈنلەي خارتۇمى بىلەن بولىدۇ، ئۇ، خارتۇمىدىن ئايرىلسا ياشىيالمايدۇ. خارتۇمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە — ئۇستىكى ئېڭىكىدە يوغان ئىككى چىشى بار. تام ۋە دەرەخلەرنى شۇ چىشلىرى بىلەن ئىتتىرىپ يىقىتىدۇ. ئۇرۇشۇش ۋە ھەرقانداق ئېغىر ئىشتا شۇ چىشلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. ھىندىستانلىقلار بۇ چىشنى «ئاج» دەپ ئاتايدۇ ۋە بەك قەدىرلەيدۇ. پىلنىڭ تۈكى بولمايدۇ. ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ نەزىرىدە پىل بەك ئېتىبارلىق. چېرىكلىرىنىڭ ھەرقىسمىدا جەزمەن بىرنەچچە پىل بولىدۇ. پىلنىڭ بىرمۇنچە ئارتۇقچىلىقلىرى بار. ئۇلۇغ سۇ بولسۇن، تىرەن سۇ بولسۇن، تېز سۇ بولسۇن ئېغىر يۈك بىلەن ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. تۆت-بەش يۈز كىشى سۆرەيدىغان توپ ھارۋىسىنى ئۈچ-تۆت پىل سۆرەپ كېتىۋېرىدۇ. بىراق، بوغۇزنى بەك كۆپ يەيدۇ، ئىككى قاتار تۆگىنىڭ بوغۇزىنى بىر پىل يەپ قويىدۇ.

**كەرگىدان** (كەرگ) — بۇمۇ چوڭ جانىۋار. (ب 275) گەۋدىسى ئۈچ سۇ كالىسىنىڭ گەۋدىسىگە تەڭ كېلىدۇ. ئۇ ۋىلايەتلەردە كەرگىدان پىلنى مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ كېتىدۇ دېگەن گەپ مەشھۇر ئىكەن. بىراق، بۇ گەپ ئاساسسىز بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇستىدە بىر مۈڭگۈزى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچتىن

كۆپرەك كېلىدۇ. ئىككى غېرىچ كېلىدىغىنى كۆرۈلمىدى. چوڭ بىر مۆڭگۈزىدىن بىر قەدەھ ۋە بىر شىشخال ياسالدى. بەلكى، تۈگمىدەك ئۈچ-تۆت دانىسى ئاشقان بولۇشى مۇمكىن. تېرىسى ئىنتايىن قېلىن بولىدۇ. قاتتىق يانى راسا كېرىپ تۇرۇپ ئوق ئاتسا، ئوق كۆپ كىرگەندە تۆت ئىلىك كىرەرمىش. بەزى يەرلىرىدىن ئوق خېلى ئۆتىدىكەن. ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىدە تېرىسى قاتلىنىپ ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يىراقتىن خۇددى يوپۇق يېپىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. باشقا هايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاتقا كۆپرەك ئوخشايدۇ: ئاتنىڭ چوڭ قېرىنى بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭمۇ چوڭ قېرىنى بولمايدۇ؛ ئاتنىڭ ئوشۇقى ئورنىدا بىر پارچە سۆڭەك بولغىنىدەك ئۇنىڭمۇ ئوشۇقى ئورنىدا بىر پارچە سۆڭەك بولىدۇ؛ ئالدى پۇتىنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ خۇددى ئاتنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۇ، پىلدىنمۇ يىرتقۇچراق كېلىدۇ ھەم پىلدەك رايىش بولمايدۇ. پەرشاۋەر ۋە ھەشنەغەر جاڭگاللىرىدا كۆپ بولىدۇ. سىند دەرياسى بىلەن بىھرە ۋىلايىتى ئارىلىقىدىكى جاڭگاللاردىمۇ بولىدۇ. ھىندىستاندا سەرۇ دەرياسى بويىدىمۇ كۆپ بولىدۇ. ھىندىستان (276) يۇرۇشلىرىدە پەرشاۋەر ۋە ھەشنەغەر جاڭگاللىرىدا كەرگىدان ئوۋلاپ تۇراتتۇق. ئۇ بەك ئۈسكەك بولىدۇ. شۇ ئوۋلاردا بىرمۇنچە ئادەم ۋە ئاتلارنى ئۈسۈۋەتكەنىدى. بىر قېتىم مەقسۇد ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئېتىنى مۆڭگۈزى بىلەن ئىلىپ، نەيزە بويى يەرگە تاشلىۋەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەقسۇدقا «كەرگ» لەقىمى سىڭىپ قالدى.

**سەھرايى گاۋمىش** (ياۋا سۇ كالىسى) — سۇ كالىسىدىن چوڭ بولىدۇ. مۆڭگۈزى سۇ كالىسىنىڭكىدەك كەينىگە ئېگىلىپ تۇرمايدۇ. ئىنتايىن يىرتقۇچ كېلىدۇ.

**نلەگاۋ** (كۆك كالا) — ئېگىزلىكى ئاتتەك، لېكىن ئاتتىن ئىنچىكرەك كېلىدۇ. ئەركىكى كۆك بولىدۇ، شۇڭا «نلە گاۋ» (كۆك كالا) دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. كىچىكرەك ئىككى مۈڭگۈزى بار، بوغىزىدا بىر غېرىچتىن ئۇزۇنراق تۈكى بار. دېڭىز قوتىزىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تۇيىقى كالىنىڭكىدەك ئاچماق بولىدۇ. چىشىسىنىڭ رەڭگى بۇغا-مارالنىڭكىگە ئوخشايدۇ، مۈڭگۈزى ۋە بوغىزىدا تۈكمۇ بولمايدۇ، ئەركىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاتقا ئوخشايدۇ.

**كۇتە ھپاي** — چوڭلۇقى ئاق كېيىكتەك بولىدۇ. ئالدى-كەينى پۇتلىرى قىسقا كېلىدۇ، شۇڭا «كۇتە ھپاي» (قىسقا پۇت) دەپ ئاتالغان. مۈڭگۈزى بۇغا مۈڭگۈزىدەك شاخلىق، لېكىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇمۇ بۇغىدەك ھەر يىلى مۈڭگۈز تاشلايدۇ. يۈگۈرۈشتە ئاجىزراق. شۇڭا جاڭگالدىن چىقمايدۇ.

**كەلە ھرە** — جەرەننىڭ ئەركىكى ھۆنەگە ئوخشايدىغان بىر خىل كېيىك. دۇمبىسى قارا، قارنى ئاق بولىدۇ. مۈڭگۈزى ھۆنەنىڭكىدىن (ب 276) ئۇزۇن ھەم تولۇق كېلىدۇ. ھىندىستانلىقلار ئۇنى «كەلە ھرە» دەپ ئاتايدۇ. ئەسلىدە «كەلاھەرەن» يەنى «قارا كېيىك» دېگەن سۆز ئىكەن، قىسقارتىپ «كەلە ھرە» دەۋاپتۇ. ئۇنىڭ چىشىسى ئاق بولىدۇ. كىشىلەر بۇ كەلە ھرە بىلەن كېيىك ئوۋلايدۇ. كەلە ھرەنىڭ مۈڭگۈزىگە تۇزاقنىڭ ھالقىسىنى باغلايدۇ، پۇتىغا توپ ئوقدىن چوڭراق بىر تاشنى ئېسىپ، كېيىك ئىلىنگەندە يىراققا كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن كېيىن، ياۋا كېيىكلەر كۆرۈنگەندە، ئۇنى شۇ كېيىكلەرگە قارشى قويۇپ بېرىدۇ. بۇ كېيىك تولىمۇ ئۇرۇشقاق بولىدۇ، شۇڭا دەرھال ئۇرۇشۇشقا كېلىدۇ. ئۇلار مۈڭگۈزلىرىنى بىر-بىرىگە تىرىشىپ، ئالدىغا-ئارقىغا مېڭىشقاندا، ياۋا كېيىكنىڭ مۈڭگۈزى بۇ كېيىكنىڭ

مۆڭگۈزىگە باغلانغان تۇزاق ھالقىسىغا كىرىپ قالىدۇ. ئۇ قاچماقچى بولسىمۇ، ئۆگىتىلگەن كېيىك قاچمايدۇ، ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلغان تاشمۇ ئۇنىڭ قېچىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. كىشىلەر مۇشۇ يول بىلەن نۇرغۇن كېيىك تۇتىدۇ، تۇتقان كېيىكلەرنى ئۆيگە ئۆگىتىپ، ئۇلار ئارقىلىق يەنە كېيىك تۇتىدۇ. كىشىلە ئۆگىتىلگەن كېيىكلەرنى ئۆيىدىمۇ سوقۇشتۇرىدۇ، ئۇلار بەك ياخشى سوقۇشىدۇ.

ھىندىستاننىڭ تاغ ئېتەكلىرىدە كىچىك بىر خىل كېيىك بار، چوڭلۇقى ئارقار غۇلچە (قىزىل كېيىك) نىڭ بىر ياشلىق ئوغلىقىدەك بولىدۇ.

**گىنى ئۇي** – كىچىك بىر خىل كالا. بىز تەرەپنىڭ چوڭ قوچقارلىرىدەك كېلىدۇ. گۆشى بەك يۇمشاق ھەم لەززەتلىك بولىدۇ.

**مايمۇن** – ھىندىستانلىقلار ئۇنى «باندەر» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ خىلى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇلاردىن بىرى بىز تەرەپلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان خىلىدۇر. لولىلار ئۇنى ئويۇنغا (277) ئۆگىتىدۇ. دەرەئى نۇر تاغلىرىدا، كوھى سەفىدنىڭ خەيبەر تەۋەسىدىكى ئېتەكلىرىدە ۋە ھىندىستاننىڭ ئۇنىڭدىن تۆۋەن ھەممە يېرىدە بولىدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ يۇقىرىسىدا بولمايدۇ. تۈكى سېرىق، يۈزى ئاق كېلىدۇ، قۇيرۇقى ئانچە ئۇزۇن بولمايدۇ. بەجۇر، سەۋاد تەرەپلىرىدە كۆرۈلمەيدىغان يەنە بىر خىل مايمۇن بار. ئۇ بىز تەرەپلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان مايمۇنلاردىن كۆپ چوڭ بولىدۇ، قۇيرۇقىمۇ ئۇزۇن. تۈكى ئاقۇچ، يۈزى قاپقارا كېلىدۇ. بۇ خىل مايمۇن ھىندىستاننىڭ تاغ ۋە جاڭگاللىرىدا بولىدۇ، بىز تەرەپلەردە بولمايدۇ. تۈكى، يۈزى ۋە پۈتۈن ئەزاسى قاپقارا كېلىدىغان يەنە بىر خىل مايمۇنمۇ بار.

**نۇل** – جۇغى تىيىندىن كىچىكرەك بولىدۇ. دەرەختە چىقىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «مۇشى خۇرما» دەپمۇ ئاتايدۇ ۋە مۇقەددەس ھېسابلايدۇ.

**گەلەھرى** — بىر خىل چاشقان. دەرەخ ئۈستىدىلا ياشايدۇ، دەرەخ ئۈستىدە يۇقىرى-تۆۋەنگە ئاجايىپ تېز يۈگۈرىدۇ.

**قۇشلار: توز** — كۆپ رەڭلىك ۋە ئىنتايىن زىننەتلىك قۇش. گەۋدىسى رەڭگى بىلەن زىننىتىگە مۇناسىپ ئەمەس. جۇغى تۇرنىدەك بولسىمۇ، لېكىن تۇرنىدەك ئېگىز ئەمەس. ئەركىكى بىلەن چىشىسىنىڭ بېشىدا ئۇزۇنلۇقى ئىككى-ئۈچ ئىلىك كېلىدىغان يىگىرمە-ئوتتۇز پەي بار. چىشىسىنىڭ باشقا رەڭ ۋە زىننىتى يوق. ئەركىكىنىڭ بېشىدا كۆك رەڭلىك ھالقا بار. بوينى پارقىراق كۆك رەڭدە. (ب 277) بويىدىن تۆۋەن دۇمبىسى سېرىق، يېشىل، كۆك ۋە سۆسۈن رەڭلەر بىلەن بېزەلگەن. دۇمبىسىدىكى گۈللەر كىچىك-كىچىك بولىدۇ. دۇمبىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە خۇددى شۇ رەڭلەردىن ھاسىل بولغان چوڭ-چوڭ گۈللەر قۇيرۇقىنىڭ ئۈچىغىچە بارىدۇ. بەزى توزلارنىڭ قۇيرۇقى بىرەر غۇلاچ كېلىدۇ. بۇ گۈللۈك پەيلەرنىڭ ئاستىدا باشقا قۇشلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر ئاز قىسقا قۇيرۇقمۇ بولىدۇ. بۇ قۇيرۇقى بىلەن قانىتى قىزىل بولىدۇ. توز بەجۇر، سەۋاد ۋە ئاياغدىكى جايلاردا بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى كونەت ۋە لەمغانات تەرەپلىرىدە بولمايدۇ. ئۇچۇشتا قىرغاۋۇلدىنمۇ ئاجىز بولىدۇ، بىر-ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق ئۇچالمايدۇ. ئۇچۇشتا ئاجىز بولغىنى ئۈچۈن تاغدا ياكى ئورماندا ياشايدۇ. توز ياشايدىغان ئورمانلاردا بۆرە كۆپ بولىدۇ. توز بىر غۇلاچ قۇيرۇقى بىلەن شۇ ئورمانلاردا يۈرۈپ نېمە ئۈچۈن بۆرىنىڭ زىيانداشلىقىغا ئۇچرىماسلىقى ئاجايىپ بىر ئىش. ھىندىستانلىقلار ئۇنى «مور» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئىمام ھەنىفە مەزھىبىدىكىلەر ئۈچۈن ھالال. گۆشى تەمسىز ئەمەس. دۇرراج گۆشىگە ئوخشايدۇ. بىراق، خۇددى تۆگە گۆشى يېگەندەك يىرگىنىچ بىلەن يېيىلىدۇ.

تۇتى — بۇمۇ بەجۇر ۋە ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى ۋىلايەتلەردە بولىدۇ. ئۇجمە پىشقان مەزگىللەردە نىگەنھار ۋە لەمغاناتقا كېلىدۇ. باشقا چاغلاردا بۇ يەردە بولمايدۇ. تۇتى خىلمۇخىل بولىدۇ. بىز تەرەپلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىلى سۆزلەشنى ئۆگىنەلەيدۇ. يەنە بىر خىلى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ (278) بۇ خىلمۇ سۆز قىلىشنى ئۆگىنەلەيدۇ. بۇ خىلنى «جەڭگەلى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىلى بەجۇر، سەۋاد تەرەپلىرىدە بەك كۆپ بولىدۇ. شۇ دەرىجىدە كۆپكى، بەش-ئالتە مىڭى بىر توپ بولۇپ ئۇچىدۇ. بۇ ئىككى خىل تۇتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت گەۋدە جەھەتتىلا بولۇپ، رەڭگى پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. جەڭگەلى تۇتىدىنمۇ كىچىك بولىدىغان يەنە بىر خىل تۇتى بار. ئۇنىڭ بېشى قىپقىزىل بولىدۇ، قاناتلىرىنىڭ ئۈستىمۇ قىزىل كېلىدۇ. قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا ئىككى ئىلىكتەك يەر ئاق بولىدۇ. بۇ خىلدىن بەزىلىرىنىڭ بېشى كۆك بولىدۇ. بۇ خىلى سۆزلەشنى ئۆگىنەلمەيدۇ. بۇ خىلنى «كەشمىر تۇتىسى» دەپ ئاتايدۇ. جەڭگەلى تۇتىدەك كىچىك يەنە بىر خىل تۇتى بار. تۇمشۇقى قارا بولۇپ، بويىندا چوڭ بىر قارا ھالقىسى بولىدۇ. قانىتىنىڭ ئاستى قىزىل كېلىدۇ. سۆزلەشنى ياخشى ئۆگىنىدۇ. «تۇتى بىلەن شارەك نېمىنى ئۆگەتسە دېيەلەيدۇ، لېكىن ئۆزلۈكىدىن بىرنەرسىنى چۈشىنىپ سۆزلىيەلمەيدۇ» دەپ ئويلايتتۇق. بۇ چاغدا يېقىن مۇلازىملىرىمدىن بولغان ئەبۇلقاسىم جەلايىر ئاجايىپ بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مۇشۇ خىلدىكى بىر تۇتىنىڭ قەپىسى يېپىقلىق ئىكەن، تۇتى: «روپى مەرا ۋا كۈن كى دەمگىر شۇ دەم» (يۈزۈمنى ئاچ، دېمىم سىقىلىپ كەتتى) دەپتۇ. يەنە بىر قېتىم، ئۇنى كۆتۈرگەنلەر دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا، يولۇچىلار ئۆتۈپ

كېتىۋاتقانىكەن، تۇتى: «مەردۇم رەفتەند، شۇما نەمىرەۋىد» (كىشىلەر كېتىۋاتىدۇ، سىلەر نېمىشقا ماڭمايسىلەر) دەپتۇ. «ۋەلئۇھدەتۇ ئەلەرراۋى» ① كىشى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىمىغىچە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. يەنە بىر خىل تۇتى بار. ئۇنىڭ رەڭگى پارقىراق ھەم قىپقىزىل بولىدۇ. باشقا بەزى رەڭلىرى بولىسىمۇ، (ب 278) ئېنىق خاتىرىدە قالمىغىنى ئۈچۈن تەپسىلىي يېزىلمىدى. قىزىل ھەم ئىنتايىن كېلىشكەن تۇتىدۇر. ئۇنىڭغا تىل ئۆگەتكىلىمۇ بولارمىش. ئەيىبى شۇكى، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى چىنىنىڭ سۇنۇقىنى مىس تاۋاققا سۈركىگەندەك يېقىمسىز.

**شارەك** — لەمغاناتتا ھەم ئۇنىڭ تۆۋەنىدىكى پۈتۈن ھىندىستاندا بەك كۆپ بولىدۇ. بۇمۇ خىلمۇخىل بولىدۇ. لەمغاناتتا كۆپ بولىدىغان بىر خىلىنىڭ بېشى قارا، قاناتلىرى ئالا كېلىدۇ. جۇغى قاراغۇجىدىن بىرئاز چوڭ ھەم قوپاللىراق بولىدۇ. سۆزلەشنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئۇنىڭ «پىندىۋاي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىلى بار، بەنگالەدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ، رەڭگى قاپقارا بولىدۇ. جۇغى ئالدىنقى خىلىدىن خېلى چوڭ بولىدۇ، تۇمشۇقى ۋە پۇتى سېرىق كېلىدۇ. قۇلىقىنىڭ سېلىنىپ تۇرىدىغان سېرىق پوستى بار، كۆرۈنۈشى سەتتەك. سۆزلەشكە ئۆگىتىلىدۇ، ياخشى ھەم يېقىملىق سۆزلەيدۇ. دەسلەپ ئېيتىلغان شارەكتىن ئىنچىكىرەك بولغان يەنە بىر خىل شارەك بار، كۆزىنىڭ چۆرىسى قىزىل بولىدۇ. بۇ خىل شارەك سۆزلەشنى ئۆگىنەلمەيدۇ، ئۇ «ۋىن شارەك» دەپ ئاتىلىدۇ. گەنگ سۇيىدىن كۆۋرۈك ياساپ ئۆتۈپ، دۈشمەننى قاچۇرغان ۋاقتىمىزدا، لەكنۇر تەۋەسىدە كۆكسى ئاق، بېشى ئالا بىر خىل شارەك ئۇچرىدى، بۇ

---

① سۆزنىڭ توغرا-ناتوغرىلىقىغا سۆزلىگۈچى مەسئۇل.

خىلنى شۇ چاغقىچە زادى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق، بۇ خىلمۇ سۆز ئۆگىنەلمىسە كېرەك.

**لۇجە** — بۇ قۇش «بۇقەلەمۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە بەش-ئالتە خىل رەڭگى بولىدۇ ھەم كەپتەرنىڭ بويىنىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. چوڭلۇقى (279) كەبكى دەرى (بىر خىل كەكلىك)چە بولىدۇ. ئۇنى ھىندىستان كەبكى دەرىسى دېيىشمۇ بولىدۇ، كەبكى دەرى تاغلارنىڭ ئۈستىدە ياشىغىنىدەك، بۇمۇ تاغلارنىڭ ئۈستىدە ياشايدۇ. كابۇل ۋىلايەتلىرىدىن نىجراۋدا ۋە ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى تاغلاردا بولىدۇ، ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا بولمايدۇ. ئۇ يەردىكى ئاھالە قىزىق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: قىش بولغاندا، تاغنىڭ باغرىغا چۈشەرمىش، ئەگەر ئۇنى ئۇچۇرسا، ئۇزۇملۇك باغدىن ئۆتسىلا قايتا ئۇچالمايمىش. شۇ چاغدا ئۇنى تۇتارمىش. گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ ھەم ناھايىتى لەززەتلىك بولىدۇ.

**دۇرراج** — بۇ، ھىندىستانغىلا خاس قۇش بولماستىن، ئىسسىق ئىقلىمدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ بەزى تۈرلىرى ھىندىستاندىن باشقا يەردە بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. دۇرراجنىڭ گەۋدىسى كەكلىكچىلىك بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ دۈمبىسى چىشى قىرغاۋۇلنىڭ رەڭگىدەك بولىدۇ. بوينى بىلەن كۆكسى قارا كېلىدۇ، ئاپئاق-ئاپئاق تۇكلىرى بولىدۇ. كۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىزىل سىزىقى بار. چىرايلىق سايرايدۇ. ئاۋازى «شىردارەم شەكەرەك» ① دېگەنەدەك ئاڭلىنىدۇ. «شىر»نى «قىت» دېگەنەدەك ئېيتىدۇ. «دارەم شەكەرەك»نى

① سۈتۈم بار شېكەرگىنە دېگەن مەنىدە.

توغرا تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئاستراباد دۇرراجلىرى «بات مېنى تۇتتىلەر» دەپ سايرارمىش. ئەرەبستان تەرەپلىرىدىكى دۇرراجلار «بىششۇكرى تەدۇمۇننە ئەم» ① دەپ سايرارمىش. چىشىسى قىرغاۋۇلدەك رەڭلىك كېلىدۇ. بۇ، نىجراۋنىڭ تۆۋىنىدە بولىدۇ.

**كەنجەل** — دۇرراج جىنسىدىن بولغان بىر خىل قۇش. گەۋدىسى دۇرراجنىڭكىدەك بار. ئاۋازى كەكلىك ئاۋازىغا ئوخشايدۇ، بىراق، ئۇنىڭكىدىن (ب 279) كۆپ ئۇنلۇك. ئەركىكى بىلەن چىشىسىنىڭ رەڭگىدە پەرق ئاز. پەرشاۋەر، ھەشنەغەر ۋە ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى ۋىلايەتلەردە بولىدۇ، ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا بولمايدۇ.

**پۇل پەيكار** — چوڭلۇقى كەبكى دەرىدەك بار. تۇرقى توخۇغا ئوخشايدۇ. رەڭگىمۇ مىكىيان رەڭگىدە. تامىقىدىن كۆكسىگىچە پارقىراق قىزىل بولىدۇ. پۇل پەيكار ھىندىستان تاغلىرىدا بولىدۇ.

**ياۋا توخۇ** — ئۇنىڭ ئۆي توخۇسىدىن پەرقى شۇكى، ئۇ خۇددى قىرغاۋۇلدەك ئۇچىدۇ ۋە ئۆي توخۇسىدەك رەڭمۇرەڭ بولمايدۇ. بۇ خىل توخۇ بەجۇر تاغلىرىدا ۋە ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى تاغلاردا بولىدۇ. بەجۇرنىڭ يۇقىرىسىدا بولمايدۇ.

**جەلىي** — گەۋدىسى پۇل پەيكارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بىراق، پۇل پەيكار ئۇنىڭدىن خۇش رەڭ كېلىدۇ. بەجۇر تاغلىرىدا بولىدۇ.

**شام** — چوڭلۇقى ئۆي توخۇسىچە كېلىدۇ. خىلمۇخىل رەڭلىرىنىڭ بىرىمۇ تەكرارلانمايدۇ. بۇمۇ بەجۇر تاغلىرىدا بولىدۇ.

**بۆدۇنە** — بۆدۇنە ھىندىستانغىلا خاس بولمىسىمۇ، لېكىن ھىندىستانغا خاس بولغان تۆت-بەش خىل بۆدۇنە بار. بۇلارنىڭ بىر خىلى بىزنىڭ ۋىلايەتلەرگە بارىدۇ. يەنە بىر خىلى بىزنىڭ ۋىلايەتلەرگە

① شۇكۇر قىلساڭ، نېمەت كۆپ بولىدۇ، دېگەن مەنىدە.

بارغان بۆدۇنىدىن قىسقىراق كېلىدۇ، قانىتى بىلەن قۇيرۇقىنىڭ رەڭگى تېخىمۇ قىزىل بولىدۇ. چىرغا ئوخشاش توپ-توپ بولۇپ ئۇچىدۇ. يەنە بىر خىلى بىز تەرەپلەرگە بارغان بۆدۇنىدىن بىرئاز كىچىك كېلىدۇ، بوغىزى بىلەن كۆكسىدىكى قارىسى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. (280) يەنە بىر خىلى كابۇلغا ناھايىتى ئاز بارىدىغان كىچىك بىرخىل بۆدۇنىدۇر. قارچىدىن ئازراق چوڭ بولىدۇ. كابۇلدا ئۇنى «قۇراتۇ» دەيدۇ.

**خەرچەل** — چوڭلۇقى دوغداقچە كېلىدۇ، بەلكى ھىندىستان دوغدىقى بولۇشى مۇمكىن. گۆشى بەك مەززىلىك بولىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ پۇت گۆشى ياخشى بولىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ تۆش گۆشى ياخشى بولىدۇ. خەرچەل گۆشىنىڭ ھەممە يېرى لەززەتلىك.

**چەرز** — گەۋدىسى توغدارنىڭكىدىن بىرئاز كىچىك كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ دۈمبىسى توغدارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، كۆكسى قارا بولىدۇ، چىشىسى بىر رەڭلىك بولىدۇ. چەرزنىڭ گۆشىمۇ ناھايىتى مەززىلىك بولىدۇ. خەرچەل دوغداققا قانداق ئوخشىسا، چەرزمۇ شۇنداق ئوخشايدۇ.

**باغرى قارا** — ھىندىستان باغرى قارىسى ئادەتتىكى باغرى قارىدىن بىرئاز كىچىك ۋە ئىنچىكە كېلىدۇ، باغرىنىڭ قارىسىمۇ ئاز بولىدۇ، ئاۋازىمۇ ئۇنىڭكىدىن ئىنچىكە چىقىدۇ.

يەنە سۇدا ۋە سۇ ياقىسىدا يۈرىدىغان مۇنداق قۇشلار بار:

**دىك** (پىرى دىك) — گەۋدىسى زور بىر قۇش. قانىتىنىڭ ھەربىرى بىر غۇلاچ كېلىدۇ. بېشى بىلەن بوينى تۈكسىز بولىدۇ. بوغىزىدا خالتىدەك بىر نەرسە ئېسىلىپ تۇرىدۇ. دۈمبىسى قارا، كۆكسى ئاق بولىدۇ. بەزەن كابۇلغىمۇ بېرىپ قالىدۇ. بىر يىلى كابۇلدا

بىرنى تۇتۇپ كەلتۈرۈشكەندى، ئۆيگە ئوبدان ئۆگەنگەندى. گۆشنى تاشلاپ بەرسە، خاتا قىلماي ئاغزىغا چۈشۈرەتتى. بىر قېتىم ناللىق بىر پاي كەشنى يۇتۇۋالغانىدى. يەنە بىر قېتىم بىر توخۇنى (ب 280) قانات ۋە پەيلىرى بىلەنلا يۇتۇۋەتتى.

**سارەس** — ھىندىستاندا ياشايدىغان تۇركلەر ئۇنى «تىۋە تۇرنا» (تۆگە تۇرنا) دەپ ئاتايدۇ. دىگەدىن بىرئاز كىچىك، لېكىن بوينى دىگىنىڭكىدىن ئېگىزرەك بولىدۇ. بېشى قىپقىزىل بولىدۇ. ئۆيدە باقسا، ياخشى ئۆگىنىدۇ.

**مەنەك** — بوينى سارەسنىڭكىچە كېلىدۇ. گەۋدىسى ئۇنىڭكىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. لەگلەكتىن خېلىلا چوڭ بولىدۇ. شەكلى لەگلەككە ئوخشاپ كېتىدۇ، تۇمشۇقى لەگلەكنىڭكىدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. تۇمشۇقى قارا، بېشى كۆك، بوينى ئاق، قانىتى ئالا كېلىدۇ. ئۇزۇن قاناتلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن تۈۋى ئاق، ئوتتۇرىسى قارا بولىدۇ.

**لەگلەك** — بوينى ئاق، بېشى ۋە پۈتۈن ئەزاسى قارا بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇ تەرەپلەرگە بارىدىغان لەگلەكتىن بىرئاز كىچىك بولىدۇ. ھىندىستانلىقلار ئۇنى «يەكرەڭ» دەيدۇ. يەنە بىرخىل لەگلەك باركى، رەڭگى ۋە شەكلى بىز تەرەپلەرگە بارىدىغان لەگلەكنىڭكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن تۇمشۇقى تېخىمۇ قارا، گەۋدىسى ئۇنىڭكىدىن بىر ئاز كىچىك بولىدۇ.

ئۇقار بىلەن لەگلەككە ئوخشايدىغان يەنە بىرخىل قۇش بار. ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئۇقارنىڭكىدىن يوغانراق ھەم ئۇزۇنراق بولىدۇ. گەۋدىسى لەگلەكنىڭكىدىن كىچىكرەك كېلىدۇ.

**چوڭ بۇزەك** — چوڭلۇقى ساردەك، قاناتلىرىنىڭ ئارىسى ئاق كەلگەن، ئاۋازى يۇقىرى بىر قۇش.

**ئاق بۈزەك** — بېشى بىلەن تۇمشۇقى قارا بولىدۇ. بىزنىڭ ۋىلايەتلەرگە بارىدىغان بۈزەكتىن خېلى چوڭ، ھىندىستان بۈزەكىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. (281)

**غەرەمپاي** — ئۆردەكنىڭ بىر خىلى بولۇپ، سۇنە بۇرچىنىدىن چوڭراق كېلىدۇ. ئەركىكى بىلەن چىشىسىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولىدۇ. ھەشنەغەردە دائىم بولىدۇ، بەزىدە لەمغاناتقىمۇ بارىدۇ. گۆشى ناھايىتى لەززەتلىك.

**شەھمۇرۇغ** — ئۆردەكنىڭ بىر خىلى بولۇپ، غازدىن بىرئاز كىچىك بولىدۇ. تۇمشۇقىنىڭ ئۈستىدە دومباق بىر نەرسىسى بار. كۆكسى ئاق، دۈمبىسى قارا بولىدۇ. گۆشى مەززىلىك.

**زۇممەج** — چوڭلۇقى بۈركۈتتەك، رەڭگى قارا بولىدۇ.

**سار** — دۈمبىسى بىلەن قۇيرۇقى قىزىل بولىدۇ.

**ھىندىستان ئالاقاغىسى** — بىز تەرەپلەردىكى ئالاقاغىدىن بىرئاز كىچىك ۋە ئىنچىكە بولىدۇ، بويىنىنىڭ بىر قىسمى ئاق بولىدۇ.

**مۇرغى جەڭگەل** — قاغا بىلەن سېغىزخانغا ئوخشاشلىقى بار بىر خىل قۇش. لەمغاناتتا بۇنى «مۇرغى جەڭگەل» دەيدۇ. بېشى بىلەن كۆكسى قارا، قانىتى بىلەن قۇيرۇقى قىزغۇچ، كۆزى قىپقىزىل بولىدۇ. ئۇچۇشتا ئاجىز بولغىنى ئۈچۈن ئورماندىن چىقمايدۇ، شۇڭا «مۇرغى جەڭگەل» (ئورمان قۇشى) دەپ ئاتايدۇ.

**چەمەگدەر** — چوڭ بىر خىل شەپەرەڭ بولۇپ، چوڭلۇقى مۇشۇكياپىلاقچە بولىدۇ. بېشى ئىت كۈچۈكىنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ. دەرەخقە قونماقچى بولسا، شاخنى تۇتۇپ، بېشى تۆۋەن ھالەتتە تۇرىدۇ. ئاجايىپ بىر ئىش.

**مەنا** (مەنامەللە) — ھىندىستان سېغىزخانى بولۇپ، سېغىزخاندىن

بىرئاز كىچىك بولىدۇ. سېغىزخان ئاق ئالا بولىدۇ، مەتامەللە بولسا چىپار بولىدۇ.

چوڭلۇقى بۇلبۇلدەك بىر خىل قۇشقاچ بار. (ب 281) رەڭگى پارقىراق قىزىل كېلىدۇ، قانىتىدا ئازراق قارىسى بولىدۇ.

**كەرجە** – قارلىغاچقا ئوخشايدۇ، قارلىغاچتىن خېلى چوڭ بولىدۇ. ھەممە يېرى قاپقارا بولىدۇ.

**كۆيەل** – ئۇزۇنلۇقى قاغىدەك، لېكىن ئۇنىڭدىن كۆپ ئىنچىكە بولىدۇ. بەك ياخشى سايرايدۇ. ھىندىستان بۇلبۇلى شۇ ئىمىش. ھىندىستانلىقلار نەزەرىدە بۇلبۇلدەك ھۆرمىتى بار. بۇك-باراقسان باغلاردا بولىدۇ.

شەقراققا ئوخشاش دەرەخكە يېپىشىپ يۈرىدىغان يەنە بىر خىل قۇش بار. چوڭلۇقى شەقراقتەك بولىدۇ. تۈتىدەك يېشىل بولىدۇ.

**سۇ ھايۋانلىرى: شىر ئابى** (سۇ شىرى) – توپلانما سۇلاردا بولىدۇ. تىمساھقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئادەمنى، ھەتتا سۇ كالىسىنى يەپ كېتەرمىش.

**سىسار** – بۇمۇ تىمساھ شەكىللىك بولىدۇ. ھىندىستاننىڭ ھەممە دەريالىرىدا بولىدۇ. بىر قېتىم تۇتۇپ ئېلىپ كېلىشتى. ئۇزۇنلۇقى تۆت-بەش قارىچە، يوغانلىقى قويچە بار. بۇنىڭدىن چوڭلىرىمۇ بارمىش. تۇمشۇقى يېرىم قارىدىن ئۇزۇن بولۇپ، ئاغزىدا قاتار كەتكەن ئىنچىكە چىشلىرى بولىدۇ. سۇ بويلىرىغا چىقىپ ياتىدۇ.

**خۇك ئابى** (سۇ توڭگۇزى) – بۇمۇ ھىندىستاننىڭ ھەممە دەريالىرىدا بولىدۇ. سۇدىن تۇيۇقسىز چىقىدۇ، بېشى كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس يەنە سۇغا چۆكۈۋالىدۇ، قويرۇقىلا كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بۇنىڭ تۇمشۇقىمۇ (282) سىسارنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇزۇن بولىدۇ، قاتار كەتكەن

ئۆششاق چىشلىرى بولىدۇ. بېشىنىڭ باشقا قىسمى ۋە گەۋدىسى بېلىققا ئوخشايدۇ. سۇدا ئوينىغان ۋاقتىدا تۇلۇمدەك كۆرۈنىدۇ. سەرۇ سۇيىدىكى خۇك ئابىلار ئوينىغان ۋاقتىدا سۇنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ. ھەرگىزمۇ بېلىقتەك سۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ.

**گەريال** – بۇ بەك چوڭ بولارمىش. سەرۇ دەرياسىدا جەگچىلەردىن بىرمۇنچە كىشى ئۇنى كۆرۈپتۇ. ئۇ، ئادەمنى يەپ كېتەرمىش. سەرۇ ياقىسىدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا بىر-ئىككى قۇلنى يەپ كېتىپتۇ. غازىپۇر بىلەن بەنارەس ئارىسىدا ئوردۇدىن ئۈچ كىشىنى يەپ كەتتى. بۇ ئەتراپتا مەنمۇ گەريالنى يىراقتىن كۆردۇم، تەپسىلىي كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

**گەلە بېلىق** – ئىككى قۇلىقىدىن توغرىسىغا ئۈچ ئىلىكتەك ئىككى سۆڭەك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنى تۇتقاندا بۇ سۆڭەكلىرىنى تەۋرىتىدۇ، ئۇنىڭدىن يىقىملىق بىر ئاۋاز چىقىدۇ. بەلكىم شۇ ئاۋاز مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى «گەلە» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك.

ھىندىستان بېلىقلىرىنىڭ گۆشى لەززەتلىك بولىدۇ، قىلتىرىقى بولمايدۇ. بۇ بېلىقلار ئىنتايىن شاش كېلىدۇ. بىر قېتىم بىزنىڭ ئادەملەر بىر سۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تور سېلىپ كەلدى، تورنىڭ ھەر تەرىپى سۇدىن يېرىم قارىدىن كۆپرەك يۇقىرى ئىدى. بېلىقلارنىڭ تولىسى توردىن بىر قارى يۇقىرى سەكرەپ ئۆتتى. ھىندىستانىنىڭ بەزى سۇلىرىدا ئۆششاق بېلىقلار بولىدۇ، بىرەر قاتتىق تاۋۇش چىقسا، (ب 282) سۇدىن بىر قارى-بىر يېرىم قارى ئېگىزگە سەكرەپ چىقىدۇ.

ھىندىستان پاقىلىرى ئادەتتىكى پاقىلارغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن بۇ پاقىلار سۇنىڭ ئۈستىدە يەتتە-سەككىز قارى يەرگە يۈگۈرەلەيدۇ.

**ھىندىستان گىياھلىرى: ئەنبى** – ھىندىستانلىقلار «بى» نى

سوزۇق تاۋۇشسىز تەلەپپۇز قىلىدۇ. بۇ تەلەپپۇز يامان بولغىنى ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى «نەغزەك» دەپ ئاتاپتۇ. مەسىلەن، خوجا خۇسرەۋ:

نەغزەكى ما نەغز كۇنى بوستان،
نەغز تەرىن مىۋەئى ھىندۇستان.

(ئەي بىزنىڭ نەغزەكىمىز، سەن بىزنىڭ باغلىرىمىزنى بېزەيسەن، سەن ھىندىستاننىڭ ئەڭ ياخشى مېۋىلىرىدىنسەن) دېگەنىكەن. ياخشىسى بەك ياخشى بولىدۇ ۋە كۆپلەپ پىيىشكە بولىدۇ، لېكىن ياخشىسى ئاز بولىدۇ. كۆپىنچە خام يىغىۋېلىپ، ئۆيدە پىشۇرىدۇ، غورىسى ياخشى ئاش تېتىقى بولىدۇ. غورىسىنىڭ مۇرابباسىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھىندىستاننىڭ ياخشى مېۋىسىدۇر. دەرىخى ناھايىتى ئېگىز بولىدۇ. بەزىلەر ئەنبىنى «قوغۇندىن باشقا ھەممە مېۋىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەپ ماختايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ماختىغىنىچە ئەمەس. كەنجى شاپتۇلغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يامغۇر پەسلىدە پىشىدۇ. يېيىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىر بولسا، يۇمشىتىپ بىر يېرىنى تىشىپ سۈيىنى چىقىرىپ ئىچىدۇ؛ بىر بولسا، كەنجى شاپتولنى يېگەندەك، پوستىنى سويۇۋېتىپ يەيدۇ. يوپۇرمىقى شاپتۇل يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. مېۋىسىنىڭ كۆرۈنۈشى سەت. بەنگالە ۋە گۇجەرەتتە ياخشى بولارمىش.

**كەيل** — ئەرەبلەر ئۇنى «مەۋز» دەيدۇ. دەرىخى ئېگىز بولمايدۇ. (283) ھەتتا ئۇنى دەرەخ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئوت بىلەن دەرەخ ئارىلىقىدىكى بىر نەرسە. يوپۇرمىقى ئەمان قارا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. لېكىن كەيلنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى قارى،

كەڭلكى بىر قارىغا يىقىن كېلىدۇ. ئوتتۇرىسىدىن يۇرەككە ئوخشاش بىر نوتا چىقىدۇ، غۇنچىسى مۇشۇ نوتىدا بولىدۇ. چوڭ غۇنچىسى قوينىڭ يۇرىكى شەكلىدە بولىدۇ. غۇنچىسىنىڭ ھەربىر بەرگى ئېچىلىش بىلەن ئۇنىڭ تۇۋىدە قاتار ئالتە-يەتتە چېچەك بولىدۇ، مۇشۇ چېچەكلەر كەيل بولىدۇ. مۇشۇ يۇرەككە ئوخشاش نوتا ئۇزارغانچە، ھېلىقى چوڭ غۇنچىنىڭ بەرگلىرى ئېچىلىپ، قاتار كەيل چېچەكلىرى كۆرۈنىدۇ. كەيل دەرىخى بىر قېتىملا مېۋە بېرىدىكەن. كەيلنىڭ ئىككى ئارتۇقچىلىقى بار: بىرى، پوستى ئاسان سويۇلىدۇ، يەنە بىرى، ھېچقانداق ئۇرۇق ۋە شاكىلى بولمايدۇ. پىدىگەندىن بىرئاز ئۇزۇن ۋە ئىنچىكىرەك بولىدۇ. ئانچە تاتلىق بولمايدۇ. بەنگالە كەيللىرى ئىنتايىن تاتلىق بولارمىش. دەرىخى ئىسكەتلىك بولىدۇ، پارقىراق يېشىل يوپۇرماقلىرى ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

**ئەنبۇلى** — ھىند خۇرمىسىنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتايدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق بولىدۇ. ئومۇمەن بۇيا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. بىراق بۇيا يوپۇرمىقىدىن ئۇششاق بولىدۇ. دەرىخى ئىسكەتلىك بولۇپ، ئېگىز ھەم سايىسى چوڭ بولىدۇ. ياۋىسىمۇ كۆپ بولىدۇ.

**مەھۋە** — گۈل چىگەن دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇنىڭ دەرىخىمۇ ناھايىتى ئېگىز بولىدۇ. ھىندىستان ئۆيلىرىنىڭ (ب 283) تولىسى مەھۋە ياغىچى بىلەن سېلىنىدۇ. مەھۋەنىڭ چېچىكىدىن ھاراق چىقىرىدۇ، چېچىكىنى قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئۈزۈمگە ئوخشاش يەيدۇ. ئۇنىڭدىن ھاراقمۇ چىقىرىدۇ. ئومۇمەن قۇرۇق ئۈزۈمگە ئوخشايدۇ، بىراق تەمى ناچار. چېچىكىنىڭ ھۆلىمۇ يامان ئەمەس، يېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭمۇ ياۋىسى بولىدۇ. مېۋىسى بەتتەم بولىدۇ. دانىسى چوڭ، پوستى نېپىز كېلىدۇ. مېغىزىدىن ياغ تارتىلىدۇ.

**كىرنى** — بۇنىڭ دەرىخى ئانچە ئېگىز بولمىغان بىلەن، بەك پاكارمۇ ئەمەس. مېۋىسى سېرىق بولۇپ، جىگدىدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. تەمى ئومۇمەن ئۈزۈمگە ئوخشايدۇ، ئاخىرىدا ئازراق ناچار تەمى بولسىمۇ ھەرھالدا يامان ئەمەس. ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ پوستى نېپىز بولىدۇ.

**جامەن** — يوپۇرمىقى ئومۇمەن تال يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. بىراق ئۇنىڭدىن تۈرۈكرەك ھەم يېشىلراق بولىدۇ. دەرەخنىڭ ئىسكەتىمۇ يامان ئەمەس. مېۋىسى قارا ئۈزۈمگە ئوخشايدۇ. تەمى بىرئاز ئاچقۇل بولۇپ، ئانچە ياخشى ئەمەس.

**كەمرەك** — بەش قىرلىق بولىدۇ. چوڭلۇقى ئەينۇلچە، ئۇزۇنلۇقى تۆت ئىلىك كېلىدۇ. سېرىق پىشىدۇ. بۇنىڭمۇ ئۇچكىسى بولمايدۇ. خامراق ئۈزۈلگىنى بەك ئاچچىق بولىدۇ. پىشقىنى ئاچچىق-چۈچۈك بولىدۇ، يامان ئەمەس مېۋە. ئۆزىگە يارىشا مەززىسى بار.

**كەدھىل** — كۆرۈنۈشى ۋە تەمى ئىنتايىن ناچار بىر خىل مېۋە. بەئەينى قوينىڭ (284) تەتۈر ئۆرۈلۈپ ھېسسىپ قۇيۇلغان قېرىنىغا ئوخشايدۇ. كۆڭۈلنى ئايىنىتىدىغان تاتلىق تەمى بار. ئۇچكىسى ئورمان ياڭىقىغا ئوخشايدۇ. ئومۇمەن خورمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئۇچكىسى ئۇزۇنچاق ئەمەس، يۇملاق بولىدۇ. بۇ ئۇچكىنىڭ خورمىدىن يۇمشاق گۆشى بولۇپ، ئۇنى يېيىشكە بولىدۇ. ئۇ بەك يېپىشقاق بولىدۇ. شۇڭا بەزىلەر ئۇنى يېگەندە قول ۋە ئاغزىنى مايلىۋالارمىش. مېۋىسى دەرەخنىڭ شېخىدا بولىدۇ، گەۋدىسىدە ھەم يىلتىزىدىمۇ بولارمىش. دەرىخى گويا ئۇنىڭغا ھېسسىپلارنى ئېسىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ.

**بەدھەل** — چوڭلۇقى ئالمىدەك بولىدۇ. پۇرىقى يامان ئەمەس. خام ۋاقتىدا بەكمۇ ئاچقۇل ۋە بىمەززە بولىدۇ. پىشقىنى يامان

ئەمەس. يۇمشاق پىشىدۇ، ھەرقانداق يېرىنى قول بىلەن يېرىپ يېگىلى بولىدۇ. تەمى بىھىنىڭ مويلۇق ۋاقتىدىكى تەمىگە بەك ئوخشايدۇ. ئاچچىق-چۈچۈك، ئوبدان تەمى بار.

**بىير** — پارس تىلىدا «كۇنار» دەيدىكەن. خىلمۇخىل بولىدۇ. ئالۇچىدىن بىر ئاز چوڭ بولىدۇ. ھۇسەينى ئۈزۈمگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىلى بار. تولىسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. باندىردا بەك ياخشى بىر خىلىنى كۆردۇق. دەرىخى سەۋر ۋە جەۋزا ئايلىرىدا غازاڭ بولىدۇ، سەرەتان ۋە ئەسەد ئايلىرىدا يەنى يامغۇر پەسلىدە بىخ چىقىرىپ كۆكىرىدۇ، مېۋىسى دەلۋ ۋە ھوت ئايلىرىدا ① پىشىدۇ.

**كەرۇندە** — بىزنىڭ ۋىلايەتلەردىكى «چىكە»گە (ب 284) ئوخشاش غۇژمەك-غۇژمەك بولىدۇ. چىكە تاغلاردا بولىدۇ، كەرۇندە بولسا تۈزلەڭدە بولىدۇ. تەمى مەرمىخانىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن تاتلىقراق ۋە قۇرغاقراق بولىدۇ.

**پەنىيالە** — ئالۇچىدىن چوڭراق بولىدۇ. قىزىل ئالمىنىڭ غورىسىغا ئوخشايدۇ. تەمى ئاچچىق-چۈچۈك بولىدۇ. دەرىخى ئانار دەرىخىدىن چوڭراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى بادام يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ.

**گۈلەر** — مېۋىسى دەرىخنىڭ غولىدا بولىدۇ. ئەنجۈرگە ئوخشايدۇ. ئىنتايىن بىمەززە بىر مېۋە.

**ئامىلە** — بۇمۇ بەش ئاچا بولىدۇ. كېۋەزنىڭ غوزىسىغا ئوخشايدۇ. قاتتىق ھەم بەتتەم بىرنېمە. مۇرابباسى يامان ئەمەس. ئۆزى ئىنتايىن پايدىلىق مېۋە. دەرىخى ئىسكە تىلىك بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئىنتايىن ئۇششاق.

---

① بۇ جۈملىدە ئېيتىلغان سەۋر، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد، دەلۋ، ھوت ئايلىرى كونا شەمسىيە كالېندارىنىڭ ئايلىرى بولۇپ، ئۆز رېتى بويىچە 2-، 3-، 4-، 5-، 11-، 12- ئايلارنى كۆرسىتىدۇ.

**چىرۇنچى** — دەرىخى تاغدا ئۆسەرمىش. بىزنىڭ باغلاردا ئۈچ-تۆت تۈپ بار ئىكەن، كېيىن بىلدىم. مەھۋەگە بەك ئوخشايدۇ. مېغىزى يامان ئەمەس. ياڭاق مېغىزى بىلەن بادام مېغىزى ئارىلىقىدىكى بىر نېمە. پىستە مېغىزىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. چىرۇنچىنىڭ مېغىزى دومىلاق بولىدۇ، مۇراببا ئۈيۈتمىسى ۋە ھالۋىلارغا سېلىنىدۇ.

**خورما** — بۇ، ھىندىستانغا خاس بولمىسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ۋىلايەتلەردە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. خورما دەرىخى لەمغاناتتىمۇ بار. شاخلىرى دەرەخنىڭ ئۈچىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى شېخىنىڭ تۈۋىدىن ئۈچىغىچە ئىككى تەرەپكە تىزىلىپ تۇرىدۇ. غولى پۈرۈشۈك ھەم بەترەڭ بولىدۇ. مېۋىسى ئۈزۈم (285) ساپىقىدەك بولىدۇ، بىراق ئۈزۈم ساپىقىدىن كۆپ چوڭ بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە خورمىنىڭ ئىككى جەھەتتىن ھايۋانغا ئوخشايدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بىرى شۇكى، ھايۋاننىڭ بېشى كېسىلسە ئۆلگىنىدەك، خورمىنىڭمۇ بېشى كېسىلسە قۇرۇپ قالىدۇ؛ يەنە بىرى شۇكى، ھايۋانلار ئەركەكسىز نەتىجە بەرمىگىنىدەك، خورمىمۇ ئەركىكىنىڭ شېخىنى ئېلىپ كېلىپ تەگكۈزمىگۈچە ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ راست-يالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. خورمىنىڭ بېشى بىر پىشلاقتىن ئىبارەت. خورما پىشلىقى مۇنداق بولىدۇ: شاخ ۋە يوپۇرماق چىقىدىغان يېرى پىشلاقتەك ئاق بولىدۇ. مۇشۇ پىشلاقتەك ئاق نەرسىدىن شاخ ۋە يوپۇرماق چىقىدۇ، شاخ ۋە يوپۇرماق چوڭايغانچە يېشىل رەڭ ئالىدۇ، بۇ ئاق نەرسىنى خورمىنىڭ پىشلىقى دەيدۇ. ئۆزى ياخشى نەرسە. ياڭاقنىڭ ھۆل مېغىزىغا بەك ئوخشايدۇ. مۇشۇ پىشلاق بار يەرنى تىلىپ، شۇ يەرگە بىر خورما يوپۇرمىقىنى قويۇپ ئۇنىڭ ئۈچىنى دەرەخقە باغلانغان بىر كوزىغا

توغرىلاپ قويسا، ئۇ يەردىن چىققان سۇ شۇ يىپۇرماق ئارقىلىق كوزىغا چۈشۈپ يىغىلىدۇ. بۇ سۇ دەرھال ئىچىلسە چۈچۈمەل تېتىيدۇ، ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن ئىچىلسە، ئازراق كەيپ قىلىدۇ دېيىشىدۇ. مەن بىر قېتىم بارىنى سەيلە قىلىشقا بارغاندا (ب 285) جەنۇبىي دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى يېزىلارنى كۆزدىن كەچۈردۈم. يولدىكى بىر تۆزلەڭدە مۇشۇنداق خورما سۈيى ئالىدىغانلار ئۇچرىدى. بۇ سۇدىن خېلى ئىچتىم، لېكىن تەسىر قىلمىدى، تېخىمۇ كۆپ ئىچسە ئاندىن تەسىر قىلسا كېرەك.

**نارگىل** — ئەرەبلەر ئەرەبىيلە شتۇرۇپ «نارجىل» دەيدۇ، ھىندىستانلىقلار بولسا، «نالىر» دەيدۇ، بۇ بىر خىل خاتا تەلەپپۇز بولسا كېرەك. نارگىلنىڭ مېۋىسى ھىندىستان ياڭىقىدۇر. قارا قوشۇق شۇنىڭدىن ياسىلىدۇ. يوغانلىرىدىن غېجەك كاسىسى ياسىلىدۇ. دەرىخى بەئەينى خورما دەرىخىدەك بولىدۇ، بىراق نارگىلنىڭ يوپۇرمىقى تېخىمۇ قويۇق ۋە تېخىمۇ پارقىراق بولىدۇ. نارگىلنىڭمۇ خۇددى ياڭاقنىڭكىگە ئوخشاش يېشىل پوستى بولىدۇ. بىراق، نارگىلنىڭ پوستى تالالىق بولىدۇ. دەريا جاھازلىرىنىڭ ۋە كېمىلەرنىڭ تانابلىرى مۇشۇ نارگىل پوستىدىن ئىشلىنىدۇ. كېمىلەرنىڭ دەزلىرىنىمۇ شۇنىڭ يىپى بىلەن تىكەرمىش. نارگىلنىڭ پوستىنى سويسا، ئۇنىڭ بىر بېشىدا ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە ئۈچ تۆشۈك كۆرۈنىدۇ، بۇ تۆشۈكلەرنىڭ ئىككىسى چىڭ، بىرى بوش بولىدۇ، بۇ بوش تۆشۈكنى ئاسانلا ئاچقىلى بولىدۇ. مېغىز تۇتۇشتىن بۇرۇن، نارگىلنىڭ ئىچى سۇ بولىدۇ. بۇ تۆشۈكنى ئېچىپ، شۇ سۇنى چىقىرىۋالىدۇ. بۇ سۇنىڭ تەمى يامان ئەمەس، خۇددى خورما پىشلىقىنى سۈيۈلدۈرغانغا ئوخشايدۇ.

**تار** — بۇنىڭمۇ شېخى ئۇچىدا (286) بولىدۇ. تارغىمۇ خۇددى خورمىغا ئوخشاش كوزا باغلاپ، ئۇنىڭ سۈيىنى ئېلىپ ئىچىدۇ. بۇ سۇنى «تارى» دەيدۇ. ئۇ خورما سۈيىدىنمۇ بەك كەيپ قىلارمىش. تارنىڭ شاخلىرى بىر قارى، بىر يېرىم قارى يەرگىچە يوپۇرماقسىز بولىدۇ، ئاندىن بىرلا يەردىن ئوتتۇز-قىرىق يوپۇرماق چىقىدۇ. بۇ يوپۇرماقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر قارىغا يېقىن بولىدۇ. ھىندىلار خەتلىرىنى كۆپىنچە خۇددى دەپتەرگە ئوخشايدىغان مۇشۇ يوپۇرماقلارغا يازىدۇ. ھىندىستان ئاھالىسى چوڭ تۆشۈك تېشىلگەن قۇلىقىغا سالىدىغان ھالقىسى بولمىسا، مۇشۇ تار يوپۇرمىقىدىن ھالقا ياساپ سېلىۋالىدۇ. مۇنداق تار يوپۇرمىقىدىن ياسالغان ھالقىلار بازارلاردىمۇ سېتىلىدۇ. تار دەرىخى خورما دەرىخىدىن چىرايلىق ھەم تۈز بولىدۇ.

**نارەنج ۋە شۇ تىپتىكى مېۋىلەر:** نارەنج لەمغانات، بەجۇر ۋە سەۋادتا بەك ئوخشايدۇ. لەمغانات نارەنج كىچىكرەك ھەم بۇدۇر-بۇدۇر كېلىدۇ، ئىنتايىن چىرايلىق، پوستى نېپىز ھەم شىرىنلىك بولىدۇ. خۇراسان تەرەپتىكى نارەنجلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. پوستى نېپىز بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى لەمغاناتتىن ئارىلىقى ئون تۆت يىغاچ كېلىدىغان كابۇلغا ئېلىپ كەلگۈچە بەزىلىرى بۇزۇلىدۇ. ئاستراباد نارەنجى ئارىلىقى ئىككى يۈز يەتمىش-ئىككى يۈز سەكسەن يىغاچ كېلىدىغان سەمەرقەندكە ئېلىپ بارىدۇ، لېكىن پوستى قېلىن ھەم سۇسىزراق بولغىنى ئۈچۈن (ب 286) ئانچە بۇزۇلمايدۇ. بەجۇر نارەنجلىرىنىڭ چوڭلۇقى بېھىدەك بولىدۇ ھەم سۇلۇق بولىدۇ، بىراق، باشقا نارەنجلەرگە قارىغاندا ئاچقۇلراق بولىدۇ. خوجا كەلان ماڭا، بەجۇردا مۇشۇ خىلدىكى بىر تۈپ

نارەنجنڭ مېۋلرنى يغپ سانغاندا يەتتە مڭ دانە چققانلقنى سۆزلەپ بەردى. مەن دائم «نارەنج» سۆزى ئەرەبيلەشكەن سۆز بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتم، ھەققەتەن شۇنداق ئكەن، بەجۇر ئاھالسى نارەنجنى نارەنگ دەپ ئاتايدۇ.

**لمون (لمو)** — بەك كۆپ بولدۇ. چوڭلۇقى تۇخۇمدەك بولدۇ. ئۇنڭ يلتزنى زەھەرلەنگەن كشى قاينتپ ئچسە، زەھەرنى قايتۇرارمش.

**تۇرۇنج** — نارەنج تپدكى بر خل مېۋە. بەجۇر ۋە سەۋاد ئاھالسى «بالەنگ» دەپ ئاتايدۇ. شۇ سەۋەبتن، تۇرۇنج پوستننڭ مۇرابباسنى «مورەببائى بالەنگ» دەيدكەن. ھندستاندا تۇرۇنجنى «بەجۇرى» دەيدۇ. تۇرۇنج ئككى خل بولدۇ. بر خلنڭ كۆڭۈلنى ئاينتدغان بر خل تاتلق تەمى بولۇپ، يېيشكە يارمايدۇ، ئۇنڭ پوستدن مۇراببا قاينتشقلا بولدۇ. لەمغانات تۇرۇنجى مانا شۇ خلغا كردۇ. يەنە بر خلى بەجۇر ۋە ھندستان تۇرۇنجلرى بولۇپ، تەمى ئاچچق-چۈچۈك بولدۇ، شەربتى تولمۇ شېرن ۋە يېقملق بولدۇ. تۇرۇنجنڭ چوڭلۇقى خوسرەۋى قوغۇندەك كېلدۇ، پوستى ئۇدۇر-بۇدۇر بولدۇ. ئۇچى ئنچكە ۋە تومشۇقلۇق كېلدۇ، رەڭگى نارەنجنڭ رەڭگدنمۇ سېرق بولدۇ. دەرخى غوللۇق ئەمەس، كچك ۋە توپ-توپ بولدۇ، يوپۇرمقى نارەنجنڭكدن چوڭ بولدۇ. (287)

**سەنگتارە** — نارەنج تپدكى بر خل مېۋە. رەڭگى ۋە شەكلى تۇرۇنجغا ئوخشايدۇ، لېكن ئۇنڭ پوستى ئۇدۇر-بۇدۇر ئەمەس، سلق كېلدۇ ھەم تۇرۇنجدن كچك بولدۇ. دەرخى چوڭ كېلدۇ، يوپۇرمقى نارەنج يوپۇرمقغا ئوخشايدۇ،

تەمى ئاچچىق-چۈچۈك بولىدۇ، شەربىتى شېرىن ۋە يېقىملىق بولىدۇ. لىمونغا ئوخشاش ئاشقازانغا پايدا قىلىدۇ، نارەنجگە ئوخشاش كىشىنى بوشاشتۇرۇۋەتمەيدۇ.

**چوڭ لىمون** — نارەنج تىپىدىكى بىر خىل مېۋە. ھىندىستاندا «كەلكەل لىمو» دەپ ئاتىلىدۇ. شەكلى غاز تۇخۇمىغا ئوخشايدۇ. بىراق، ئىككى تەرىپى ئانچە ئۇچلۇق بولمايدۇ. ئۇنىڭ پوستىمۇ سەنگتارە پوستىدەك سىلىق كېلىدۇ ۋە بەك شىرىلىك بولىدۇ.

**چەنبىرى** — نارەنج تىپىدىكى بىر خىل مېۋە. شەكلەن نارەنجگە ئوخشايدۇ. بىراق، رەڭگى نارەنج ئەمەس، سېرىق بولىدۇ. ھىدى تۇرۇنج ھىدىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ تەمىمۇ ئاچچىق-چۈچۈك بولىدۇ.

**سەدافەل** — نارەنج تىپىدىكى بىر خىل مېۋە. پىچىمى ئامۇتقا ئوخشايدۇ. رەڭگى بىھىنىڭكىدەك بولىدۇ. تەمى تاتلىق بولىدۇ، بىراق تاتلىق نارەنجدەك كۆڭۈلنى ئاينىتمايدۇ.

**ئەمرەدفەل** — نارەنج تىپىدىكى بىر خىل مېۋە.

**كەرنە** — چوڭلۇقى كەلكەل لىموچە بولىدۇ. بۇمۇ ئاچقۇل كېلىدۇ.

**ئەمەلبىد** — نارەنج تىپىدىكى بىر خىل مېۋە. ئۈچ يىل ئۆتۈپ ئەمدى كۆردۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىچىگە يىڭنىنى (ب 287) سانجىپ قويسا، ئاچقۇللۇقىدىنمۇ ياكى بىرەر خاسىيىتى بارلىقىدىنمۇ، يىڭنىنى ئېرىتىۋېتەرمىش. ئاچقۇللۇقى نارەنج ۋە لىموچە بولىدۇ.

**ھىندىستاندا چىرايلىق گۈللەر بار.** بۇلارنىڭ بىر خىلى **«جاسۇن»** دۇر. ھىندىستانلىقلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى **«كەدھىل»** دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئوت تۈرىگە ئەمەس، دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ. گۈل كۆچىتىدىن بىر ئاز ئېگىز بولىدۇ. رەڭگى ئانار گۈلىدىن قېنىق بولىدۇ. چوڭلۇقى قىزىلگۈلدەك كېلىدۇ. بىراق، قىزىلگۈل غۇنچە بولغاندىن

كېيىن بىرلا ئېچىلىدۇ، جاسۇنغا كەلسەك، ئۇ ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شۇ يوپۇرماققا قارىغاندا ئىنچىكىرەك بىر نوتا چىقىپ بىر ئىلىك ئۇزارغاندىن كېيىن يەنە يوپۇرماق چىقىرىدۇ، نەتىجىدە ئىككى قەۋەتلىك گۈل بولىدۇ. خېلى غارايىپلىقى بار، دەرىخنىڭ ئۈستىدە ئىنتايىن چىرايلىق ۋە كۆركەم كۆرۈنىدۇ. گۈلى كۆپ تۇرمايدۇ، بىر كۈندىلا سولىشىدۇ. تۆت ئايلىق يامغۇر پەسلىدە ئاجايىپ چىرايلىق ھەم كۆپ ئېچىلىدۇ. ئۇ يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا ئېچىلسا كېرەك. بىراق، پۇرىقى يوق.

**كەنىر** — ئاقمۇ بولىدۇ، قىزىلمۇ بولىدۇ. شاپتۇل چېچىكىدەك بەش قۇلاق كېلىدۇ. قىزىل كەنىر شاپتۇل چېچىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق، كەنىر گۈللىرىنىڭ ئون تۆت-ئون بەشى بىر يەردە ئېچىلىپ، يىراقتىن خۇددى يوغان بىر گۈلگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ تۈپى قىزىلگۈل تۈپىدىن ئېگىزرەك بولىدۇ. قىزىل كەنىرنىڭ خۇش بۇي ھىدى بار. بۇ گۈلمۇ يامغۇر پەسلىدە كۆپ ھەم چىرايلىق ئېچىلىدۇ ۋە (288) يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا بولىدۇ.

**كىيۇرا** — ئىنتايىن خۇش بۇي بولىدۇ. ئىپارنىڭ كەمچىلىكى ئۇنىڭ قۇرغاق ئىكەنلىكىدە. بۇ گۈلنى ھۆل ئىپار دېسە بولىدۇ. كۆرۈنۈشى ئاجايىپ بولسىمۇ، لېكىن ھىدى ئېسىل. گۈلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم غېرىچ-ئىككى غېرىچ كېلىدۇ. يوپۇرمىقى قومۇش يوپۇرمىقىدەك ئۇزۇن بولىدۇ ھەم تىكەنلىك بولىدۇ. غۇنچىدەك تىقىلغان تاشقى يوپۇرماقلىرى تېخىمۇ يېشىل ۋە تېخىمۇ تىكەنلىك بولىدۇ، ئىچكى يوپۇرماقلىرى بولسا، يۇمشاق ۋە ئاق بولىدۇ. ئىچكى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدا گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىدەك نەرسىلەر بولىدۇ. خۇش بۇي ھىد ئەنە شۇلاردىن كېلىدۇ. يېڭى چىقىپ، تېخى تۈپ ھاسىل قىلمىغىنى ئەركەك قومۇشنىڭ پۆپۈكىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى تېخىمۇ

ياپلاق بولدۇ. غولى تكەنلك بولغانلرى تولمۇ پچمسز بولۇپ، يلتزلرى كۆرۈنۈپ تۇردۇ.

**يەسمەن** — ئاق بولدۇ. ئۇنى «چەنپا» (چەنبەلى) دەيدۇ. بز تەرەپنك يەسمەنلردن چوڭ هەم پۇراقلق بولدۇ.

بز تەرەپلەردە تۆت پەسل بولدۇ، هندستاندا بولسا ئۈچ پەسل بولدۇ يەنى تۆت ئاي ياز، تۆت ئاي يامغۇر پەسلى، تۆت ئاي قش بولدۇ. ئايلرنڭ ئپتداسى يڭى ئاي كۆرۈنگەن چاغدن باشلندۇ. ئۈچ يلدا بر ئاينى يامغۇر پەسلى ئايلرغا قوشدۇ، يەنە ئۈچ يلدا بر ئاينى قش ئايلرغا قوشدۇ، يەنە ئۈچ يلدا بر ئاينى ياز ئايلرغا قوشدۇ. بۇلارنڭ كەبسەسى (ب 288) ئەنە شۇ. **چتار، بەيساق، جت** ۋە **ئەسار** — ياز ئايلرى بولۇپ، هوت، هەمەل، سەۋر ۋە جەۋزا ئايلرغا توغرا كېلدۇ؛ **ساۋەن، بادۇن، قۇۋار** ۋە **قاتنق** — يامغۇر پەسلى بولۇپ، سەرەتان، ئەسەد، سۇمبۇل ۋە مزان ئايلرغا توغرا كېلدۇ؛ **ئەگهەن، پۇس، ماه** ۋە **پاگۇن** — قش ئايلرى بولۇپ، ئەقرەب، قەۋس، جەدى ۋە دەلۋ ئايلرغا توغرا كېلدۇ①. هندستانلقلار تۆت ئايدن قلپ بەلگلگەن پەسللرنڭ هەر برىدە ئككى ئاينى ئسسقنڭ، يامغۇرنڭ ۋە سوغۇقنڭ كۈچەيگەن ۋاقتى هېسابلايدۇ. ياز ئايلرنڭ كېينكى ئككى ئېيى — جت بلەن ئەسار ئسسق كۈچيىدىغان ئككى ئايدۇر؛ يامغۇر پەسلنڭ ئالدىنقى ئككى ئېيى — ساۋەن بلەن بادۇن يامغۇر كۈچيىدىغان

---

① بۇ يەردىكى هندستانچە ئايناملرىغا تەڭداش قلنغان ئاي ناملرى كونا شەمسيە كالېندارىنڭ ئايلرى بولۇپ، «هوت» 12-ئاي، «هەمەل» 1-ئاي بولدۇ. قالغانلرى ئۆز رېتى بويىچە سانلدۇ.

ئىككى ئايدۇر؛ قىش ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئاي — پۇس بىلەن ماھ سوغۇق كۈچىيىدىغان ئىككى ئايدۇر. بۇنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇلارنىڭ پەسلى ئالتە بولىدۇ.

كۈنلەرگىمۇ ئات قويۇلغان بولۇپ، شەنبە — **سانىچەر**، يەكشەنبە — **ئەيتۋار**، دۈشەنبە — **سومۋار**، سەيشەنبە — **مەڭگەلۋار**، چارشەنبە — **بۇدۋار**، پەيشەنبە — **پىرىسپەتۋار**، جۈمە — **سۇكرۋار** دېيىلىدۇ.

بىزنىڭ ۋىلايەتلەردە بىر كېچە-كۈندۈز يىگىرمە تۆتكە بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭ ھەر بىرى سائەت دېيىلىدۇ، ھەر سائەت ئاتمىشقا بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭ ھەر بىرى دەقىقە دېيىلىدۇ. بىر كېچە-كۈندۈز بىر مىڭ تۆت يۈز قىرىق دەقىقە بولىدۇ. دەقىقەنىڭ ئۇزۇنلۇقى (289) سۆرە فاتىھەنى بىسمىللاھ بىلەن قوشۇپ ئالتە قېتىم ئوقۇغانچە بولىدۇ، دېمەك، بىر كېچە-كۈندۈزدە سۆرە فاتىھەنى بىسمىللاھ بىلەن قوشۇپ سەككىز مىڭ ئالتە يۈز قىرىق قېتىم ئوقۇغىلى بولىدۇ. ھىندىستانلىقلار بولسا، بىر كېچە-كۈندۈزنى ئاتمىشقا بۆلۈپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىنى «گەرى» دەيدۇ. يەنە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ھەر بىرىنى تۆتكە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى «پەھەر» دەيدۇ، بۇنىڭ پارسچىسى «پاس» دېيىلىدۇ.

ئۇ ۋىلايەتلەردە پاس ۋە پاسبان دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى. بۇ ئىش يۈز بەرسە، ھىندىستاننىڭ بارلىق مۆتىۋەر شەھەرلىرىدە «گەريالى» دېيىلىدىغان مەخسۇس كىشىلەر بولىدۇ. مىستىن چوڭلۇقى تاۋاقتەك، قېلىنلىقى ئىككى ئىلىكچە كېلىدىغان بىر نەرسە قويۇلغان بولۇپ، بۇ «گەريال» دېيىلىدۇ. بۇ گەريال

ئېگىز بىر يەرگە ئېسىلىدۇ. يەنە، بىر قاچىسى بار جام سائەت بولىدۇ، ئۇنىڭ تېگى تۆشۈك بولۇپ، ھەر گەرىدە قاچا بىر تولىدۇ. گەرياللار نۆۋەت بىلەن بۇ قاچىنى سۇغا قويۇپ تەييارلاپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، كۈن چىققاندا قاچىنى قويۇپ، قاچا بىر تولسا، قولىدىكى توقمىقى بىلەن گەريالنى بىر ئۇرىدۇ، ئىككى قېتىم تولسا، ئىككى قېتىم ئۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ پەھەر تۈگىگىچە داۋام قىلىدۇ. ھەر پەھەرنىڭ تۈگىگىنىگە ئىشارەت قىلىپ، توقماق بىلەن گەريالنى تېز-تېز ۋە قاتتىق-قاتتىق ئۇرىدۇ. كۈندۈزنىڭ بىرىنچى پەھەرى بولغاندا، گەريالنى تېز-تېز ئۇرغاندىن (ب 289) كېيىن بىر ئاز توختاپ يەنە بىرنى ئۇرىدۇ؛ ئىككىنچى پەھەر بولغاندا، تېز-تېز ئۇرغاندىن كېيىن بىر ئاز توختاپ يەنە ئىككىنى ئۇرىدۇ، شۇ يوسۇندا ئۈچىنچىسىدە ئۈچنى، تۆتىنچىسىدە تۆتنى ئۇرىدۇ. كۈندۈزنىڭ تۆت پەھەرى تۈگىگەندىن كېيىن، كېچىنىڭ پەھەرىدىن باشلاپ مۇشۇ يوسۇندا كېچىنىڭ تۆت پەھەرىنى تۈگىتىدۇ. بۇرۇن گەرياللار كېچە ۋە كۈندۈزدە پەقەت پەھەر تۈگىگەندىلا پەھەر بەلگىسىنى ئۇراتتى، مۇنداقتا كېچىدە ئويغانغانلار ئۈچ ياكى تۆت گەرى ئۈچۈن ئۇرۇلغان ئاۋاز ئىشىتىلسە، ئىككىنچى پەھەر ياكى ئۈچىنچى پەھەر بولغانلىقىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن، كېچىنىڭ ۋە بۇلۇتلۇق كۈنلەرنىڭ گەرىلىرى ئۈچۈن گەريال ئۇرۇلغاندا پەھەر بەلگىسىمۇ ئۇرۇلسۇن، مەسىلەن، كېچىنىڭ بىرىنچى پەھەرىدىن ئۈچ گەرى ئۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر ئاز تۇرۇپ يەنە پەھەر بەلگىسى ئۇرۇلسۇن، بۇنىڭدىن بۇ ئۈچ گەرىنىڭ بىرىنچى پەھەردىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولسۇن، كېچىنىڭ ئۈچىنچى پەھەردىن تۆت گەرى ئۇرۇلغاندىن كېيىن بىر ئاز تۇرۇپ پەھەر بەلگىسى ئۈچۈن ئۈچ ئۇرۇلسۇن، بۇنىڭ

بىلەن بۇ تۆت گەرنىڭ ئۈچىنچى پەھەردىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردىم. ياخشى بولدى. كېچىسى ئويغانغانلار گەريال ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا قايسى پەھەردىن نەچچە گەرى بولغانلىقىنى بىلەلەيدىغان بولدى.

يەنە بىر گەرنى ئاتمىشقا بۆلۈپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىنى «پەل» دەپ ئاتايدۇ. بىر كېچە (290) — كۈندۈز ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز پەل بولىدۇ. بىر پەل ئاتمىش قېتىم كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، بىر كېچە-كۈندۈز ئىككى يۈز ئون ئالتە مىڭ قېتىم كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەجرىبىگە قارىغاندا، بىر پەل قۇلھۇۋەللاھ سۈرىسىنى بىسمىللاھ بىلەن قوشۇپ سەككىز قېتىم ئوقۇغانچە ۋاقىت بولۇپ، بىر كېچە-كۈندۈزدە قۇلھۇۋەللاھ سۈرىسىنى بىسمىللاھ بىلەن قوشۇپ يىگىرمە سەككىز مىڭ سەككىز يۈز قېتىم ئوقۇغىلى بولىدىكەن.

ھىندىستانلىقلار ئېغىرلىق ئۆلچەملىرىنىمۇ ياخشى بەلگىلىگەن: سەككىز **رەتى** بىر **ماشە** بولىدۇ، تۆت ماشە بىر **تانك** بولۇپ، ئوتتۇز ئىككى رەتىگە توغرا كېلىدۇ. بەش ماشە بىر مىسقال بولۇپ، قىرىق رەتىگە توغرا كېلىدۇ. ئون ئىككى ماشە بىر **تۆلە** بولۇپ، توقسان ئالتە رەتىگە توغرا كېلىدۇ. ئون تۆت تۆلە بىر سەر بولىدۇ. قىرىق سەر بىر **بانمان** بولىدۇ، ئون ئىككى بانمان بىر **مانى**، يۈز مانى بىر **ميناسە** بولىدۇ. جەۋھەر ۋە ئۈنچىلەر تانك بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ھىندىستانلىقلار ساننىمۇ ياخشى بەلگىلىگەن: يۈزمىڭ — بىر **لەك**، يۈزلەك — بىر **كۇرۇر**، يۈزكۇرۇر — بىر **ئەرب**، يۈز ئەرب — بىر **كەرب**، يۈزكەرب — بىر **نىل**، يۈزنىل — بىر **پەدەم**، يۈز پەدەم —

بىر **سانگ** بولىدۇ. بۇ سانلارنىڭ بەلگىلىنىشى ھىندىستان دارامىتىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى كاپىردۇر. ھىند خەلقى كاپىرنى ھىندۇ دەيدۇ. ھىندۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تەناسۇخقا ① ئىشىنىدۇ. ئىشچىلار، مائاشلىقلار ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى ھىندۇلاردۇر. بىزنىڭ ۋىلايەتلەردە كۆچمەن خەلقلەرنىڭ قەبىلىلەر بويىچە نامى بولغىنىدەك، بۇ يەردىمۇ ۋىلايەت ۋە يېزىلاردا ئولتۇرۇشلۇق (ب 290) خەلقلەرنىڭ قەبىلىلەر بويىچە نامى بولىدۇ. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئاتا-بوۋىسىنىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ماڭىدۇ.

ھىندىستان لاتاپەت كەم بىر يەر. خەلقىدە گۈزەللىك، ياخشى مۇئامىلە ۋە تەربىيە يوق، كەلدى-باردى يوق، زوق ۋە ئىدراك يوق، ئەدەب، كەرەم ۋە مورۇۋۋەت يوق، ھۈنەر ۋە ئىشلىرىدا ئۇسۇل، ئىنتىزام، قائىدە ۋە تەرتىپ يوق. ياخشى ئات ۋە ياخشى گۆش يوق، ئۈزۈم، قوغۇن ۋە ياخشى مېۋىلەر يوق. مۇز يوق، سوغۇق سۇ يوق، بازارلىرىدا ياخشى تاماق، ياخشى نان يوق. ھاممام يوق، مەدرىس يوق، شام يوق، مەشئەل يوق، شامدان يوق. «دىۋەتى» دېيىلىدىغان چىرىكىن بىر جامائەت بولىدۇ. بۇلار سول قولىدا شام ۋە مەشئەل ئورنىغا كىچىك بىر ئۈچ ئاياقنى تۇتىدۇ، بۇ ئۈچ ئاياقنىڭ بىر ئايىقىنىڭ ئۇچىغا شامدانىنىڭ بېشىغا ئوخشاش بىر تۆمۈرنى بېكىتىدۇ. بارماق قولدەك بىر پىلىكنى ئۈچ ئاياقنىڭ تۆمۈر بېكىتىلگەن ياغىچىغا باغلايدۇ. ئوڭ قولىدا كىچىك تۆشۈكى بار بىر قاچا بولۇپ، ياغ شۇنىڭدىن ئاقىدۇ، پىلىككە ياغ كېرەك

---

① تەناسۇخ — روھنىڭ كۆچۈشى.

بولغاندا، شۇنىڭدىن قۇيدۇ. بۇ يەردە شام ۋە مەشئەل ئورنىغا شۇنى ئىشلىتىدۇ. چوڭلىرىنىڭ مۇشۇنداق يۈز-ئىككى يۈز دىۋەتلىرى بولىدۇ. پادىشاھ ۋە بەگلىرىنىڭ كېچىلىرى شامغا ئېھتىياجلىق ئىشلىرى بولۇپ قالسا، مۇشۇ چىركىن دىۋەتلەر (291) بۇ چىراغنى ئېلىپ كېلىپ يېنىدا تۇرىدۇ.

دەريا، يەر ئاستى سۈيى ۋە ئويمانلارغا يىغىلغان سۇلاردىن باشقا، باغ ۋە بىنالىرىدا ئېقىن سۇلار بولمايدۇ. ئىمارەتلىرىدە ساپ ھاۋا، تەرتىپ-سىياق دېگەن نەرسىلەر يوق. پۇقرا ۋە تۆۋەن قاتلام ئاھالىسى پۇتىنى لەۋي يالىڭاچ يۈرىدۇ. لۇنگۇتە دېيىلىدىغان بىر نەرسىنى باغلايدۇ. كىندىكىنىڭ تۆۋىنىگە ئىككى غېرىچ بىر لاتىنى ئېسىۋالىدۇ. بۇ لاتىنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر پارچە لاتا بولىدۇ. بۇنىڭ بىر ئۇچىنى لۇنگۇتەنىڭ بېغىغا باغلايدۇ، يەنە بىر ئۇچىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ، لۇنگۇتەنىڭ ئارقا بېغىدىن ئۆتكۈزۈپ بېكىتىدۇ. خوتۇنلىرى بولسا، ئۇزۇن لۇنگ باغلايدۇ. ئۇنىڭ يېرىمىنى بېلىگە باغلاپ، يېرىمىنى بېشىغا سالىدۇ.

ھىندىستاننىڭ لاتاپىتى ئۇنىڭ چوڭ بىر ۋىلايەت بولغانلىقىدا. بۇ يەردە ئالتۇن ۋە ئاقچا كۆپ. يامغۇر پەسلىدە ھاۋاسى بەك پەيزى. بەزى كۈنلىرى ئون-ئون بەش قېتىم يامغۇر ياغىدۇ. يامغۇر ۋاقتىدا سەل كېلىپ، پەقەت سۇ يوق يەرلەردە دەريالار ئاقىدۇ. يامغۇر ياغقاندا، ھاۋا شۇنچە ياخشى بولۇپ كېتىدۇكى، ھاۋانىڭ لايىقلىقى ۋە پەيزى بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ. كەمچىلىكى شۇكى، ھاۋا بەك نەم بولىدۇ. يامغۇر پەسلىدە بىز تەرەپنىڭ ئوقيالىرىنى ئاتقىلى بولمايدۇ، كاردىن چىقىدۇ. (ب 291) يالغۇز

ئوقىياغىلا ئەمەس، بەلكى ساۋۇت، كىتاب ۋە رەختلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆيلەرمۇ ئۇزۇن تۇرمايدۇ. يامغۇر پەسلىدىن باشقا، قىش ۋە يازنىڭ ھاۋاسىمۇ ياخشى بولىدۇ. بىراق، دائىم شىمالدىن شامال سوقۇپ، چاڭ-توزان قوزغايدۇ. يازلىقى يامغۇر پەسلىگە يېقىن — سەۋر ۋە جەۋزا ئايلىرىدا بۇ شامال يىلدا تۆت-بەش قېتىم قارا بورانغا ئايلىنىپ، شۇنداق چاڭ-توزان قوزغايدۇكى، كىشلەر بىر-بىرىنى كۆرەلمەي قالىدۇ. جەۋزا ئېيىدا ئىسسىق بولىدۇ، لېكىن بۇنى بەك يامان ئىسسىق دېگىلى بولمايدۇ، بۇ ئىسسىق بەلخ ۋە قەندەھار ئىسسىقلىرىنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. بۇ ئىسسىقنىڭ داۋامىمۇ پەقەت شۇ يەرلەردىكى ئىسسىقنىڭ يېرىمىغىلا تەڭ كېلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ھەرقايسى كەسىپ ۋە ھۈنەرلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بەكمۇ كۆپ بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مەخسۇس جامائىتى بولىدۇ. «زەفەرنامە»دە موللا شەرەف تېمۇر بەگنىڭ تاش مەسچىتى سېلىنغاندا، ئازەربەيجان، پارس، ھىندىستان ۋە باشقا مەملىكەت تاشچىلىرىدىن ھەر كۈنى ئىككى يۈز كىشى مەسچىتتە ئىشلىگەنلىكىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يازىدۇ. مەن ئىمارەت سالدۇرغاندا بولسا، يالغۇز بىر ئەگرەدە شۇ يەرلىك تاشچىلاردىن ھەر كۈنى ئالتە يۈز سەكسەن كىشى ئىشلىدى. يەنە ئەگرە، سىكرى، بىيانە، دۇلپۇر، گۇۋالىيار ۋە كۆل قاتارلىق جايلاردىكى قۇرۇلۇشلىرىمدا ھەر كۈنى بىر مىڭ تۆت يۈز توقسان بىر تاشچى ئىشلىدى. شۇڭا، (292) ھىندىستاندا ھەر خىل كەسىپ ۋە ھۈنەرلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار سانسىز دەپ

ئېيتىشقا بولىدۇ.

بىھرەدىن بەھارغىچە بولغان مىڭلىك تەسەررۇپۇمدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ كىرىمى ئەللىك ئىككى كۇرۇر بولىدۇ. بۇنى مۇنۇ مۇپەسسەل جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن سەككىز-توققۇز كۇرۇر راي ۋە راجەلەرنىڭ پەرگەنەلىرى بولۇپ، ئىنائەت قىلىپ، قەدىمدىن بېرى بۇ پەرگەنەلەرگە توغرۇلۇق يولى بىلەن ئىگە بولغاندۇر. تەخمىنەن پۈتۈن ھىندىستان شۇ تەرىقىدە ئىشغالىيەت بايرىقى ئاستىغا كىردى.

| سەركار ① | كۇرۇر | لەك | تەڭگە |
|---|---|---|---|
| سەتلۇج نېرىسى، بېھرە، لاھۇر، سىيالكۇت، دىبالپۇر ۋە باشقىلار | 3 | 33 | 15,989 |
| سىھرىند | 1 | 29 | 31,985 |
| ھىسارى فىروزە | 1 | 30 | 75,174 |
| پايتەخت دېھلى ۋە ميان دۇئاب | 3 | 69 | 50,254 |
| مىۋات (ئىسكەندەر زامانىدا تەۋە ئەمەس ئىدى) | 1 | 69 | 81,000 |
| بىيانە | 1 | 44 | 14,930 |
| ئەگرە | | 29 | 76,919 |
| ميان ۋىلايەت | 2 | 91 | 19 |
| گۇۋاليار | 2 | 23 | 57,450 |
| كالپى، سىھۇندە (سەنۇھدە) ۋە باشقىلار | 4 | 28 | 55,950 |
| قەنۇج | 1 | 36 | 63,358 |
| سەنبەل | 1 | 38 | 44,000 |
| لەكنۇر (لەكنۇ) ۋە بەكسەر | 1 | 39 | 82,433 |
| خەيراباد | | 12 | 65,000 |

① سەركار — بۆلەك، رايون، ئوبلاست.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇد ۋە بەھراج | 1 | 17 | 1,369 |
| جۇنپۇر | 4 | | 88,333 |
| كەررە ۋە مانىكپۇر | 1 | 63 | 27,283 |
| بەھار | 4 | 5 | 60,000 |
| سەرۋار (سىرۇھى) | 1 | 55 | 17,506 ½ |
| سارەن | 1 | 10 | 18,373 |
| چەپارەن | 1 | 90 | 86,060 |
| كەندلە | | 43 | 30,300 |
| راجە روپنەرىن، ئىشلەنمىگەن كۆمۈش | | 2 | 55,000 |
| ۋە سىياھ | | 27 | 50,000 |
| رەتەنبۇر (بۇلى، چاتسۇ، مەلارنە) | 20 | | |
| ناگۇر | | | |
| راجە بىكەرماجىت، زەنتەنبۇردىن | | | |
| راجە كەلەنجەرى | | | |
| راجە سىنگدىۋ | | | |
| راجە بىكەمدىۋ (ب 293) | | | |
| راجە بىكەمچەند | | | |

ھىندىستان ۋىلايەتلىرىنىڭ يېرى ۋە خەلقىنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە كەيپىياتلىرىدىن ئالاھىدە مەلۇم بولغان ۋە تونۇلغانلىرىلا يېزىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يازغۇدەك بىر نەرسە كۆزگە ئىلىنسا يازىمەن، ئىشتكۇدەك بىر نەرسە تۇيۇلسا بىلدۈرىمەن.

رەجەپ ئېيىنىڭ يىگىرمە توققۇزى — شەنبە كۈنى خەزىنىنى كۆرۈش ۋە تەقسىم قىلىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدۇق. ھۇمايۇنغا خەزىنىدىن يەتمىش لەك بېرىلدى. يەنە بىلىنمىگەن ۋە تەھقىق قىلىنمىغان بىر خەزىنە ئۆيىنى شۇ بويىچىلا ھۇمايۇنغا ئىنئام قىلدىم. بەزى بەگلەرگە ئون لەك، بەزىلىرىگە يىگىرمە

لەك، بەزىلىرىگە يەتتە لەك، ئالتە لەك بېرىلدى. چېرىكتە بولغان بارلىق ئافغان، ھەزارە، ئەرەب ۋە بەلۇجلارغا، ھەر جامائەتكە ئەھۋاللىرىغا يارىشا پۇل ئىنئام قىلىندى. چېرىك بىلەن بىللە بولغان سودىگەر، ئىلىم ئەھلى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىنئام ۋە ھەدىيىلەرگە ئېرىشتى. بۇ چېرىكتە بولمىغانلارغىمۇ خەزىنىدىن نۇرغۇن ئىنئام ۋە ھەدىيىلەر ئەۋەتىلدى. مەسىلەن، كامرانغا ئون يەتتە لەك، مۇھەممەد زەمان مىرزىغا ئون بەش لەك، ئەسكەرىيگە، ھىندالغا، ھەتتا بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن، رەختلەردىن، جەۋھەرلەردىن، قۇللاردىن كۆپلەپ ئەۋەتىلدى. ئۇ تەرەپتىكى بەگلەرگە ۋە سىپاھىيلارغا نۇرغۇن ئىنئاملار ئەۋەتىلدى. سەمەرقەند، خۇراسان، (294) كاشغەر ۋە ئىراقتىكى تۇغقانلار ئۈچۈن سوۋغاتلار ئەۋەتىلدى. سەمەرقەند ۋە خۇراساندىكى ماشايىخلارغا ۋە مەككە، مەدىنىگە نەزىرلەر ئەۋەتىلدى. كابۇل ۋىلايىتى بىلەن ۋەرسەك ئەتراپىدىكى، ئەر-خوتۇن، قۇل ۋە ئازاد، رەسىدە-نارەسىدە ھەربىر جان بېشىغا بىر شاھرۇخىدىن ئىنئام بېرىلدى.

ئەگرەگە دەسلەپ كەلگىنىمىزدە، بىزنىڭكىلەر بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدا كۆپ ئايرىملىق ۋە قارشىلىقلار بولدى. سىپاھىيلىرى بىلەن پۇقرالىرى بىزنىڭكىلەرنى كۆرسىلا تەرەپ-تەرەپكە قاچاتتى. دېھلى بىلەن ئەگرەدىن باشقا قورغانلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسى قورغانلىرىنى بېكىتىپ ئىتائەتتىن باش تارتىشتى. سەنبەلدە قاسىم سەنبەلى، بىيانەدە نىزامخان، مىۋاتتا بولسا، ھەسەنخان مىۋاتى تۇراتتى ۋە بۇ مالىمانى

باشلىغان دەل مۇشۇ ھەسەنخان دېگەن دىنىز ئەبلەخ ئىدى. دۇلپۇردا مۇھەممەد زەيتۇن، گۇۋاليااردا تاتارخان سارەنگخانى، رابىرىدا ھۆسەين خان نۇھانى، ئەتاۋەدە قۇتۇب خان، كالپىدا ئالەم خان تۇراتتى. قەنۇج ۋە گەنگىنىڭ ئۇ تەرىپى بولسا، نەسىرخان نۇھانى، مەئرۇف فەرمۇلى ۋە باشقا نۇرغۇن ئەمىرلەرگە ئوخشاش مۇخالىپ ئافغانلارنىڭ قولىدا ئىدى. بىز ئىبراھىمخاننى مەغلۇپ قىلغان چاغدا، بۇلار قەنۇج ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ھەممە ۋىلايەتلەرنى قولغا ئېلىپ، قەنۇجتىن بىر-ئىككى مەنزىل بېرىگە كېلىپ قارارگاھ قۇرغانىدى. دەرياخاننىڭ ئوغلى بەھارخاننى (ب 294) پادىشاھ قىلىپ، ئۇنىڭغا سۇلتان مۇھەممەد نامىنى بەرگەنىدى. مۇھاۋىندا مەرغۇب قۇل تۇراتتى. ئۇ شۇنچە يېقىن تۇرۇپمۇ ئۇزاققىچە كەلمىدى.

بىز ئەگرەگە ئىسسىق پەسلىدە كەلگەنىدۇق. ئاھالە قورقۇپ تامامەن قېچىپ كەتكەنىدى. ئۆزىمىزگە ۋە ئاتلارغا ئاشلىق ۋە ئوزۇق تېپىلمايتتى. يېزىلار قارشىلىق يۈزىسىدىن دۈشمەنلىك، ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىققا يۈزلەنگەنىدى. يوللار راۋان ئەمەس ئىدى. خەزىنىنى بۆلۈشۈپ بولغاندىن كېيىن بىزگە ھەرقايسى پەرگەنە ۋە يەرلەرگە مەسئۇل ئادەملەرنى تەيىنلەشكە تېخى پۇرسەت يوق ئىدى. بۇ يىلى ھاۋا بەك ئىسسىق بولدى. نۇرغۇن ئادەم ئىسسىق شامالنىڭ تەسىرى بىلەن بىر-بىرلەپ يىقىلىپ ئۆلۈشكە باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن كۆپچىلىك بەگ ۋە ياخشى يىگىتلەرنىڭ كۆڭلى سوۋىدى، ھىندىستاندا تۇرۇشقا نارازى بولدى، ھەتتا كېتىش كويىغا چۈشتى. بۇنداق سۆزلەرنى يېشى چوڭ بولغان تەجرىبىلىك بەگلەر ئېيتسا، بۇنىڭ ئەيىبى

يوق. ئۇلار بۇنداق سۆزلەرنى ئېيتسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلى-ھوشى بولغانلىقى ئۈچۈن، چۈشەنچە بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلار توغرا-ناتوغرىنى ئايرىپ، ياخشى-ياماننى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. لېكىن بىر كىشى ھەممىنى ئۆزىچە ئويلاپ، بىر ئىشنى قىلىش قارارىغا كەلگەندە، باشقا ئېيتىلغان سۆزلەرنى يەنە تەكرارلاشنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن. كىچىك باشلىقلارنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش ۋە بۇنداق (295) تېتىقسىز ئويلاردا بولۇشىغا نېمە ئالاقىسى بار. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، بۇ قېتىم كابۇلدىن ئاتلانغاندا، كىچىك باشلىقلاردىن بىرقانچىسى يېڭى بەگ قىلىنغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئوتقا كىرسەمۇ، سۇغا كىرسەمۇ چېكىنمەستىن مەن بىلەن بىللە بولۇشىنى، مەن قايسى تەرەپكە ماڭسام، ئۇلارنىڭمۇ شۇ تەرەپكە مېڭىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، مەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ مەقسىتىمگە زىت سۆزلەرنى قىلىشىنى، ھەممىسىنىڭ كېڭەش ۋە مەسلىھەتى بىلەن قارار قىلىنغان ئىشتىن تېخى كېڭەشتىن قوپمايلا يېنىۋېلىشىنى كۈتمىگەنىدىم.

ئەمەلدە ئۇلارنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولمىدى. ئەھمەدى پەرۋانچى بىلەن ۋەلى خازەنىنىڭ ئىپادىسى ئۇلارنىڭكىدىنمۇ يامان بولدى. كابۇلدىن چىقىپ، ئىبراھىمنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەگرەنى ئالغۇچە خوجا كەلان ياخشى ئىپادە كۆرسەتتى، مەردانە سۆزلەرنى قىلدى ۋە پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بەردى. لېكىن ئەگرەنى ئېلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ پەيلى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. كېتىش كويىدا بولغانلارنىڭ بىرى دەل شۇ خوجا كەلان بولدى.

كىشىلەردىكى بۇ تەۋرىنىش مەلۇم بولۇش بىلەنلا، بەگلەرنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدۇق. مەن: «سەلتەنەت ۋە جاھانگىرلىك قورالسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. پادىشاھلىق ۋە ئەمىرلىك نۆكەرسىز، ۋىلايەتسىز تىكلىنەلمەيدۇ. قانچە يىللار غەيرەت قىلىپ، جاپا-مۇشەققەت چېكىپ، ئۇزاق يوللارنى كېزىپ يۈرۈش قىلىپ، ئۆزىمىزنى ۋە چېرىكنى جەڭ ۋە ئۆلۈم خەۋپلىرىگە (ب 295) سالدۇق. بىز تەڭرى ئىنايىتى بىلەن شۇ قەدەر كۆپ ساندىكى دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، شۇنداق كەڭ مەملىكەتلەرنى ئالدۇق. ئەمدىلىكتە قايسى مەجبۇرىيەت ۋە زۆرۈرىيەت بىلەن بۇ جان تىكىپ ئالغان ۋىلايەتلەرنى سەۋەبسىز تاشلاپ، يەنە شۇ كابۇلغا بېرىپ قىسىنچىلىق تارتىمىز؟ كىمكى ماڭا سادىق ئىكەن، مۇندىن كېيىن مۇنداق سۆزلەرنى قىلمىسۇن، كىمكى چىدىماي كېتىمەن دەيدىكەن، كەتكەندىن كېيىن قايتمىسۇن» دېدىم. بۇ مۇۋاپىق ۋە ئۇيغۇن سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى ئىختىيارىي-بىئىختىيارىي ھالدا بۇ ۋەسۋەسىلەردىن يىراقلاشتۇردۇق. خوجا كەلاننىڭ بۇ يەردە تۇرۇش نىيىتى بولمىغىنى ئۈچۈن: «خوجا كەلاننىڭ نۆكەرلىرى كۆپ، شۇڭا سوغاتلارنى شۇ ئېلىپ بارسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كابۇل بىلەن غەزنىدە ئادەم ئاز، بېرىپ شۇ يەرلەرنى مۇستەھكەملىسۇن» دەپ قارار چىقاردۇق. غەزنى، گەردىز ۋە سۇلتان مەسئۇدى ھەزارەسىنى خوجا كەلانغا ئىنايەت قىلدىم. ھىندىستاندىنمۇ ئۈچ-تۆت لەكلىك كۆھرام پەرگەنەسى بېرىلدى. خوجا مىرمىرانىڭمۇ كابۇلغا بېرىشى قارار قىلىندى. سوۋغاتلار شۇنىڭ ئەھدىسىگە بېرىلدى. ساقلىغۇچى سۈپىتىدە موللا ھەسەن سەرراف بىلەن تۇكە ھىندۇ بەلگىلەندى. خوجا كەلاننىڭ ھىندىستانغا مۇھەببىتى بولمىغىنى ئۈچۈن، كېتىش

ۋاقتىدا ئۆيىنىڭ تېمىغا مۇنۇ بېيتنى پۈتۈپ قويۇپتۇ: (296)

ئەگەر بەخەيرۇ سەلامەت گۇزەر زى سىند كۇنەم،
سىياھ روي شەۋەم، گەر ھەۋائى ھىند كۇنەم.

(ساق-سالامەت سىند دەرياسىدىن ئۆتۈۋېلىپ، يەنە ھىندىستاننى ئارزۇ قىلسام، يۈزۈم قارا بولسۇن)

بىز ھىندىستاندا تۇرغاندا، مۇنداق مەسخىرىلىك بېيتنى ئېيتىش ۋە يېزىش ئەدەبسىزلىكتۇر، ئۇنىڭ كېتىشى كىشىنى بىر غەزەپلەندۇرسە، مۇنداق مەسخىرە قىلىشى غەزەپنى بىر ھەسسە ئاشۇرىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا قارشى شۇ رۇبائىينى يېزىپ ئەۋەتتىم:

يۈز شۇكۇردې بابۇركى كەرىم غەففار،
بېردى ساڭا سىندۇ ھىندۇ مۇلكى بىسيار.
ئىسسىقلىغىغە گەر ساڭا يوقتۇر تاقەت،
ساۋۇق يۈزىنى كۆرەي دىسەڭ غەزنى بار.

(شۇكۇر دېگىن بابۇر، خۇدا ساڭا سىند، ھىندى ۋە كەڭ مەملىكەتنى بەردى. ئەگەر بۇ يەرنىڭ ئىسسىقىغا چىدىماي، سوغۇق يۈزىنى كۆرۈمەن دېسەڭ غەزنىگە بار)

بۇ ئەسنادا، بۇرۇن مەرتىۋىسى بەك تۆۋەن بولغان ۋە ئىككى-ئۈچ يىلدىن بېرى ئاغا-ئىنىسىنى يىغىپ بىر توپ تەشكىل قىلغان موللا ئاپاققا ئۆرۈك زەيىنى ۋە سىند ياقىسىدىكى ئافغانلارنى بېرىپ، ئۇنى كۆلگە ئەۋەتتۇق. ئۇ تەۋەدىكى ئوقچى ۋە سىپاھىيلارغا جەلپ قىلىش پەرمانلىرى يوللىدۇق. شەيخ گۇرەن ئېتىقاد ۋە ئىخلاس بىلەن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى ۋە مىيان دۇئاب ئوقچىلىرىدىن ئىككى-ئۈچ مىڭ سىپاھىينى ئېلىپ كەلدى.

يۇنۇس ئەلى دېھلى بىلەن ئەگرە ئارىسىدا يولدىن ئادىشىپ

ھۇمايۇندىن ئايرىلغان چاغدا، ئەلخان فەرمۇلىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئائىلىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئازراق جەڭ بىلەن ئۇلارنى يېڭىپ، ئەلخاننىڭ ئوغۇللىرىنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ چاغدا، دۆلەت قەدەم تۈركىنىڭ ئوغلى مىرزا موغۇلغا (ب 296) ئەلخاننىڭ قاماقتىكى ئوغۇللىرىدىن بىرىنى قوشۇپ، ئۇلاردىن مۇشۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتە مىۋاتقا بېرىۋالغان ئەلخانغا جەلپ قىلىش پەرمانى ئەۋەتتۇق. ئۇلار بېرىپ ئەلخاننى ئېلىپ كەلدى. ئەلخانغا تەربىيەت قىلىنىپ، ئۆز پەرگانەلىرىدىن يىگىرمە بەش لەك بېرىلدى. سۇلتان ئىبراھىم مۇستافا فەرمۇلى بىلەن فىرۇزخان سارەنگخانى پاشلىق بىرقانچە ئەمىرنى پۇرەبدىكى دۈشمەن ئەمىرلەرگە قارشى ئەۋەتكەندە، مۇستافا بۇ دۈشمەن ئەمىرلەرگە كېلىشتۈرۈپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ قىلغانىدى. مۇستافا سۇلتان ئىبراھىمنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن بۇرۇنلا ئۆلدى. شەيخ بايەزىد ئۇنىڭ ئىنىسى ئىدى. سۇلتان ئىبراھىم ئىش ئۈستىدە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئاكىسىنىڭ ئىدارىسىدىكى ۋىلايەت ۋە ئاھالىنى دەرھال ئۆز قولىغا ئالغانىدى. فىرۇزخان، شەيخ بايەزىد، مەھمۇدخان نۇھانى ۋە قازى جىيالار قوللۇققا كەلدى. بۇلارغىمۇ كۈتكىنىدىن ئارتۇق ئېتىبار ۋە شەپقەتلەر قىلىندى. جۈملىدىن فىرۇزخانغا جونپۇردىن بىر كۇرۇر قىرىق ئالتە لەك ۋە بەش مىڭ تەڭگە، شەيخ بايەزىدكە ئۇدتىن بىر كۇرۇر قىرىق سەككىز لەك ۋە ئەللىك مىڭ تەڭگە، مەھمۇدخانغا غازىپۇردىن توقسان لەك ۋە ئوتتۇز بەش مىڭ تەڭگە، قازى جىياغا جونپۇردىن يىگىرمە لەك ئىنايەت قىلىندى.

شەۋۋال ھېيتىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندى، سۇلتان ئىبراھىمنىڭ

ھەرەم سارىيىدىكى تاش تۈۋرۈكلۈك ئايۋان گۈمبەزدە چوڭ ئولتۇرۇش بولدى. ھۇمايۇنغا كەشتىلىك كۆڭلەك، كەمەرلىك شەمشەر ۋە ئالتۇن ئىگەرلىك ئات؛ چىن تىمۇر سۇلتان، مەھدى خوجا ۋە مۇھەممەد (297) سۇلتان مىرزىلارغىمۇ كەشتىلىك كۆڭلەك، كەمەرلىك شەمشەر، كەمەرلىك خەنجەرلەر ئىنئام قىلىندى. بەگلەر بىلەن يىگىتلەرگىمۇ ئەھۋاللىرىغا يارىشا كەمەرلىك شەمشەر، كەمەرلىك خەنجەر ۋە تونلار بېغىشلاندى. بۇنىڭ تىزىمى مۇنداق: ئىككى ئىگەرلىك ئات، يىگىرمە بەش دانە ياقۇت كۆزلۈك خەنجەر، ئىككى دانە ياقۇت كۆزلۈك قىلىچ كەمىرى، سەككىز سەقەرلات① چەكمەن، ئون ئالتە دانە ياقۇت كۆزلۈك كىتارە②، ئالتۇن ساپلىق ھىندى پىچىقى، ئىككى دانە ياقۇت كۆزلۈك قىلىچ ۋە ئەللىك بىر پارچە سەقەرلات.

ئولتۇرۇش ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ناھايىتى قاتتىق يامغۇر ياغدى. ئون ئۈچ قېتىم ياغدى. بەزىلەرگە تاشقىرىدىن ئورۇن تەگكەندى، يامغۇرغا چىلىنىپ كەتتى. مۇھەممەدى كۆكەلداشقا سامانە ۋىلايىتىنى ئىنايەت قىلىپ، ئۇنى سەنبەلگە ئىلغار بولۇپ بېرىشقا بەلگىلىدۇق. ھىسارى فىرۇزە ھۇمايۇنغا مۇكاپات قىلىنغانىدى، سەنبەلنىمۇ ھۇمايۇنغا ئىنايەت قىلدىم. ھىندۇ بەگ ھۇمايۇننىڭ قېشىدا قويۇلغانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇھەممەدى ئورنىغا ھىندۇ بەگنى، كەتتە بەگنى، مەلىك قاسىم بابا قاشقانى، موللا ئاپاق بىلەن ئۇنىڭ ئاغىسى ۋە ئىنىسىنى ھەم شەيخ گۇرەن بىلەن مىيان دۇئاب ئوقچىلىرىنى ئىلغار قىلىپ سەنبەلگە ماڭدۇردۇق.

---

① سەقەرلات — يۇڭدىن توقۇلغان رەخت.
② كىتارە — بىرخىل خەنجەر.

قاسىم سەنبەلىيدىن ئۈچ-تۆت قېتىم (ب 297): «بىبەن دېگەن هارامخور سەنبەلنى قورشاپ ئاجىزلاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلغارلار كەلسۇن» دەپ ئادەم كەلگەندى. بىبەن بىزدىن قاچقاندىن كېيىن، تاغ ئېتىكىنى بويلاپ مېڭىپ، قاچقان-پىتىرىغان ئافغان ۋە هىندىستانلىقلارنى يىغىپ، بوش قالغان بىر يەرنى ئىزدەپ كېلىپ، سەنبەلنى قورشىغانىكەن. هىندۇبەگ، كەتتەبەگ ۋە بەلگىلەنگەن ئۇلغارلار ئاھار كېچىكىگە يېتىپ بېرىپ، سۇدىن ئۆتۈۋاتقاندا، مەلىك قاسىم بابا قاشقانى ئاغىسى ۋە ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە ئالدىدىراق مېڭىشقا بەلگىلەيدۇ. مەلىك قاسىم سۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاغا-ئىنىسى ۋە يۈز-يۈز ئەللىك ئادەمنى باشلاپ تېز يۈرۈپ، ناماز پېشىندا سەنبەلگە يېتىپ بارىدۇ. بىبەنمۇ سەپ تۈزۈپ ئوردۇسىدىن چىقىدۇ. مەلىك قاسىم تېز يۈرۈش قىلىپ، قورغاننى ئارقىدا قالدۇرۇپ، هۇجۇم ياسايدۇ، بىبەن بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ. مەلىك قاسىم ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئادىمىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، بىرنەچچە پىل، نۇرغۇن ئات ۋە باشقا نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئالىدۇ. ئەتىسى باشقا ئۇلغار بەگلەرمۇ يېتىپ بارىدۇ. قاسىم سەنبەلي كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. لېكىن قورغاننى تاپشۇرغۇسى كەلمەيدۇ. بىر-كۈنى شەيخ گۇرەن هىندۇ بەگ قاتارلىقلار بىلەن سۆزلىشىپ كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، بىر باھانە بىلەن قاسىم سەنبەلىينى بۇ يەردىكى بەگلەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىدۇ-دە، بىزنىڭ ئادەملەرنى قورغانغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قاسىم سەنبەلىينىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى سالامەت چىقىرىپ يولغا سالىدۇ.

بىيانەدىكى نىزامخانغا قەلەندەر پىيادە ئارقىلىق ۋەدە ۋە تەھدىت پەرمانلىرى ئەۋەتىلدى (298) ۋە هازىر جاۋاب يېزىلغان

مۇنۇ قىتئەمۇ قوشۇپ قويۇلدى:

با تۇرك سىتىزە مەكۇن، ئەي ئەمىرى بىيانە،
چالاكىيۇ مەردانە گىشى تۇرك ئەيانەست.
گەر زۇد نەيائىيۇ نەسھەت نەكۇنى گۇش،
ئانجاكى ئەيانەست چى ھاجەت بە بايانەست.

(ھەي بىيانە ئەمىرى، تۇركلەر بىلەن تىركەشمە؛ تۇركلەرنىڭ چاققان ۋە مەردانە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەگەر تېز كەلمىسەڭ ۋە نەسھەتنى ئاڭلىمساڭ، شۇ ئايانكى، ئۇنى دېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار)

بىيانە قورغىنى ھىندىستاننىڭ مەشھۇر قەلئەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كالۋا ئۆز قەلئەسىنىڭ چىڭلىقىغا ئىشىنىپ، ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپلەرنى قويۇپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بىز ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمىگە ياخشى جاۋاب بەرمەي، قەلئە ھۇجۇمغا كىرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشقا كىرىشتۇق.

بابا قۇلى بەگ ۋەدە ۋە تەھدىت پەرمانلىرى بىلەن مۇھەممەد زەيتۇن قېشىغا ئەۋەتىلگەندى، ئۇمۇ ئۆزرە ئېيتىپ، ھىيلە ئىشلىتىپتۇ.

رانا سەنگا بىز كابۇلدىكى ۋاقتىمىزدا ئەلچى ئەۋەتىپ ساداقەت ئىزھار قىلغان ۋە: «ئەگەر پادىشاھ ئۇ تەرەپتىن دېھلى تەۋەسىگە كەلسە، مەن بۇ تەرەپتىن ئەگرەگە يۈرۈش قىلىمەن» دەپ قارار قىلغانىدى. مەن ئىبراھىمنى مەغلۇپ قىلدىم ۋە دېھلى بىلەن ئەگرەنى ئالدىم، لېكىن بۇ چاغقىچە بۇ كاپىر ھېچقانداق بىر ھەرىكەتتە بولمىدى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ مەكەننىڭ ھەسەن ئاتلىق ئوغلى تۇرغان كەندار دېگەن قورغاننى قورشىدى. ھەسەن مەكەندىن بىرقانچە قېتىم ئادەم كەلدى. مەكەن تېخى

كېلىپ كۆرۈشمىگەنىدى. بۇ ئەتراپتىكى (ب 298) ئەتاۋە، دۇلپۇر، گۇۋالىيار، بىيانە قاتارلىق قورغانلار تېخى قولغا كىرمىگەنىدى. شەرق تەرەپتىكى ئافغانلارمۇ بويسۇنماسلىق مەيدانىدا تۇراتتى ۋە قەنۇجتىن ئەگرەگە قاراپ ئىككى-ئۈچ مەنزىل ئىلگىرىلەپ قارارگاھ قۇرغانىدى. يېقىن ئەتراپتىكى ئىنتائىتسىزلەردىن تېخى تولۇق خاتىرجەم ئەمەس ئىدۇق. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئادەم ئايرىيالمىدۇق. ئىككى-ئۈچ ئايدىن كېيىن، ھەسەن چارىسىز قېلىپ، ئەھدىلىك ھالدا كەندار قورغىنىنى تاپشۇردى.

رابىرىدىكى ھۇسەيىنخان ۋەھىمە دەستىدىن رابىرىنى تاشلاپ چىقتى. رابىرى مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭگە بېرىلدى.

قۇتۇپخان ئەتاۋەدە تۇراتتى. ئۇنىڭغا بىرقانچە قېتىم ۋەدە ۋە تەھدىت پەرمانلىرى ئەۋەتىلدى. ئۇ يا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشمىدى يا ئەتاۋەنى تاشلاپ چىقمىدى. ئەتاۋەنى مەھدى خوجىغا ئىنايەت قىلىپ، مۇھەممەد مىرزا، سۇلتان مۇھەممەد دولداي، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ ۋە ئابدۇلئەزىز مىراخور باشلىق بەگلەر ۋە ئىچكىلەردىن نۇرغۇن ئادەمنى ياردەمچى قىلىپ، ئۇنى ئەتاۋە يۇرۇشىگە ماڭدۇردۇق. قەنۇج سۇلتان مۇھەممەد دولدايغا بېرىلدى.

فىرۇزەخان، مەھمۇدخان، شەيخ بايەزىد، قازى جىيالارغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار قىلىنىپ، پۇرەب تەرەپتىن پەرگانەلەر بېرىلگەنىدى. ئۇلارمۇ ئەتاۋەگە تەيىنلەندى.

مۇھەممەد زەيتۇن (299) دۇلپۇردا تۇراتتى ۋە ھىلە بىلەن كەلمەيۋاتاتتى. دۇلپۇرنى سۇلتان جۇنەيد بارلاسقا ئىنايەت قىلىپ، ئادىل سۇلتان، مۇھەممەدى كۆكەلداش، شاھ مەنسۇر بارلاس، قۇتلۇق قەدەم، ئابدۇللا، ۋەلى خازىن، جانبەگ، پىرقۇلى، شاھ

ھۆسەين يارەگى باشچىلىقىدىكىلەرنى دۈلپۈرنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ، ئۇنى سۇلتان جۇنەيدكە تاپشۇرۇپ، بىيانەگە يۈرۈش قىلىشقا بەلگىلىدۇق.

بۇ يۈرۈشلەرنى ئۇرۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، تۈرك ئەمىرلەر بىلەن ھىند ئەمىرلەرنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، مۇنۇ سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق: «پۈرەبتىكى ناسىرخان نۇھانى، مەرۇف فەرمۇلى باشلىق ئاسىي ئەمىرلەر قىرىق-ئەللىك مىڭ ئادەم بىلەن گەنگ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قەنۇجنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردىن ئىككى-ئۈچ مەنزىل بېرىگە كېلىپ قارارگاھ قۇرۇپتۇ. رانا سەنگا دېگەن كاپىر كەندارنى ئېلىپ، پىتنە-پاسات بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. يامغۇر پەسلىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. يا ئاسىيلارغا قارشى، يا كاپىرلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش ۋاجىپ ۋە لازىم بولۇۋاتىدۇ. بىيانە ئەتراپىتىكى قورغانلارنىڭ ئىشى ئاسان، چوڭ دۈشمەنلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار نەگە بارالايدۇ؟». رانا سەنگانىڭ مۇنداق قىلىش تەسەۋۋۇر قىلىنمايتتى. ھەممەيلەن بىردەك: «رانا سەنگا يىراقتا. ئۇنىڭ يېقىن كېلەلىشىمۇ نامەلۇم. بۇ دۈشمەنلەر شۇنچە يېقىن كەلگەنىكەن، ئۇلارنى يوقۇتۇشمۇ مۇھىم ۋە زۆرۈر» دەپ ئەرز قىلىشتى. بۇ دۈشمەنلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىش قارارىنى چىقىرىدىغان چاغدا، (ب 299) ھۇمايۇن: «پادىشاھ ئاتلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ خىزمەتنى مەن قىلاي» دەپ ئەرز قىلدى. بۇ گەپ ھەممەيلەنىنىڭ كۆڭلىگە ياقتى ۋە تۈرك، ھىند ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ پىكىرنى ياقلىدى. ھۇمايۇن پۈرەب يۈرۈشىگە تەيىنلەندى. دۈلپۈرغا يۈرۈش قىلغان چېرىككە كابۇلى ئەھمەد قاسىم چاپتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا چەندۋاردا ھۇمايۇنغا قوشۇلۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. مەھدى خوجا بىلەن مۇھەممەد سۇلتان مىرزا باشچىلىقىدا ئەتاۋەگە

يۈرۈش قىلغان چېرىككىمۇ ھۇمايۇنغا قوشۇلۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى.

زۇلقەدە ئېيىنىڭ ئون ئۈچى-پەيشەنبە كۈنى ھۇمايۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئەگرەدىن ئۈچ كورۇھ كېلىدىغان جەلسىر ناملىق بىر كىچىك يېزىغا چۈشتى. بۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ ئاندىن كۆچتى ۋە بىر مەنزىل-بىر مەنزىلدىن ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. شۇ ئاينىڭ يىگىرمىسى — پەيشەنبە كۈنى خوجا كەلاننىڭ كابۇلغا كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلدى.

ھىندىستاننىڭ بىر چوڭ كەمچىلىكى بۇ يەردە ئېقىن سۇلارنىڭ يوقلۇقىدۇر. شۇنىڭغا بىنائەن، ئەل ئولتۇرۇشلۇق يەرلەردە چاق ئارقىلىق ئېقىن سۇ پەيدا قىلىپ، پىلانلىق ۋە سىياقلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى دائىم ئويلايتتۇق. ئەگرەگە كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مۇشۇ مەقسەت بىلەن جۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، باغ قىلىشقا لايىق يەرلەرنى تەكشۈردۇق. بۇ يەرلەر شۇنچە ساپاسىز ۋە خاراب ئىدىكى، ئۇ يەرلەردىن يىرگىنىش بىلەن ئۆتتۇق. بۇ يەرنىڭ (300) يىرگىنىشلىكى چارباغ خىيالىنى خاتىرىدىن چىقاردى. ئەگرەگە يېقىن بۇنىڭدىن باشقا يەر بولمىغىنى ئۈچۈن، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن زۆرۈرىيەت بىلەن دەل مۇشۇ يەردە ئىش باشلاندى: ھاماممىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ قۇدۇق مۇشۇ يەرگە قېزىلدى؛ ئەنبەلى دەرەخلىرى تىكىلگەن ۋە سەككىز بۇرجىلىق كۆل قىزىلغان بىر پارچە يەرمۇ مۇشۇ يەردە بولدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ كۆل ۋە مەيدان ياسالدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن تاش ئىمارەت ئالدىدىكى كۆل بىلەن كۆشك ياسالدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن خىلۋەتخانا بېغى ۋە ئۆيلىرى ياسالدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ھامام ياسالدى. شۇنچە ساپاسىز ۋە رەتسىز بولغان

ھىندىستاندا پىلانلىق ۋە رەتلىك قۇرۇلغان چىرايلىق باغلار پەيدا بولدى، دوقمۇشلار يارامىلىق چىمەنلىكلەر بىلەن، چىمەنلىكلەر مۇناسىپ گۈل-چېچەكلەر بىلەن بېزەلدى.

ھىندىستاندا بىزگە ئۈچ نەرسە زىيانلىق بولۇپ، بىرى ئىسسىق، بىرى شامال، بىرى چاڭ-توزان ئىدى. ھامام بۇلارنىڭ ئۈچىلىسىگە تاقابىل تۇرىدىكەن. چاڭ-توزان بىلەن شامال ھاممامدا نېمە قىلسۇن. ئىسسىق چاغلاردا ھامام شۇنداق سالقىن بولىدۇكى، كىشى توڭلاش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. ھاممامنىڭ ئىسسىق كۆل بار ئۆيى تامامەن تاشتىن ياسالغان. ئۇنىڭ پونتانىغا ئاق تاش ئىشلىتىلگەندىن باشقا، پەگاھ ۋە تورۇسىنىڭ ھەممىسىگە بىيانەدىن چىققان قىزىل تاش ئىشلىتىلگەن. خەلىفە، شەيخ زەين، يۇنۇس ئەلى قاتارلىق دەريا ياقىسىدىن يەر تەگكەنلەرنىڭ ھەممىسى (ب 300) رەتلىك ۋە ياخشى پىلانلانغان باغچا ۋە كۆللەرنى ياسىدى، لاھۇر ۋە دىبالپۇر ئۇسۇلى بويىچە چاق ياساپ، سۇلارنى ئاقتۇردى. ھىندىستانلىقلار مۇنداق پىلانلىق ۋە رەتلىك يەرلەرنى كۆرمىگىنى ئۈچۈن، جۇنىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى چىرايلىق بىنالار چۈشكەن يەرنى كابۇل دەپ ئاتاشتى.

قورغاننىڭ ئىچىدە ئىبراھىمنىڭ ئىمارەتلىرى بىلەن سېپىلنىڭ ئارىلىقىدا بىر بوش يەر بار ئىدى. شۇ يەرگىمۇ بىر ۋاين قېزىشنى بۇيرۇدۇم. پەلەمپەيلىك چوڭ قۇدۇقنى ھىندىستانلىقلار «ۋاين» دەيدۇ. بۇ ۋاين چارباغدىن بۇرۇن ياسالغان بولۇپ، راسا يامغۇر پەسلىدە قېزىلغانىدى. نەچچە قېتىم ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئىشچىلارنى بېسىۋالدى. قۇرۇلۇش رانا سەنگا بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن كېيىن پۈتتى. ئۇنىڭ تارىخى يېزىلغان تاشتىمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن

پۈتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. ياخشى ۋايىن بولدى. بۇ ۋايىننىڭ ئىچىگە ئۈچ قەۋەتلىك بىر ئىمارەت چۈشتى. تۆۋەن قەۋىتىدە ئۈچ ئايۋان بار. يولى قۇدۇققا چۈشىدىغان پەلەمپەي بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۈچىلىسىنىڭ يولى بىر. بىر ئايۋان يەنە بىر ئايۋاندىن ئۈچ پەلەمپەي ئېگىز تۇرىدۇ. ئەڭ تۆۋەندىكى ئايۋاندىن سۇ تارتىلغان چاغدا، سۇ بىر باسقۇچ تۆۋەنلەيدۇ. يامغۇر پەسلىدە سۇ كۆپەيسە، بەزەن يۇقىرىقى ئايۋانغىمۇ سۇ چىقىدۇ. ئوتتۇرىدىكى قەۋەتتە ئويما نەقىشلىك بىر ئايۋان بار. ئۇنىڭ يېنىدا بىر گۈمبەز بولۇپ، سۇ چاقنى ئايلاندۇرىدىغان كالا شۇ يەردە بولىدۇ. (301) ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تاشقىرىغا قارىغان بىر ئايۋان بار، ئۇ، قۇدۇقنىڭ ئۈستىدىكى تۈز يەردىن بەش-ئالتە پەلەمپەي تۆۋەن تۇرىدۇ. ئىككى تەرىپىدىكى پەلەمپەي ئۇنىڭغا كىرىپ-چىقىدىغان يول ھېسابلىنىدۇ. ئوڭ تەرىپىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۇدۇلىغا تارىخ تېشى ئورنىتىلغان. بۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا يەنە بىر قۇدۇق قېزىلغان. بۇنىڭ تۈۋى يەنە بىر قودۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىرمۇنچە يۇقىرى تۇرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان گۈمبەزدىكى كالىنىڭ چاقنى ئايلاندۇرۇشى بىلەن سۇ ئۇ قۇدۇقتىن بۇ قۇدۇققا كىرىدۇ. بۇ قۇدۇققىمۇ بىر چاق ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ چاق ئارقىلىق سۇ سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ ۋە ئۇ يەردىن يۇقىرىدىكى باغقا بارىدۇ. قۇدۇقنىڭ چۆرىسىدىكى تامنىڭ سىرتىدا بىر تاش مەسچىت بار. بىراق، بۇ مەسچىت ياخشى سېلىنمىغان، ئۇنى ھىندىستان ئۇسۇلى بويىچە ياسىشىپتۇ.

ھۇمايۇن ئاتلانغان چاغدا، ناسىرخان نۇھانى ۋە مەئرۇف فەرمۇلى باشلىق ئاسىي ئەمىرلەر جاجماۋۇغا توپلىنىشقانىدى. ھۇمايۇن ئون-ئون بەش كۇرۇھ يول قالغاندا، مۆمىن ئەتكەنى خەۋەر ئېلىپ

كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ مال بۇلاش بىلەن بولۇپ، تۇزۇكرەك بىر خەۋەر كەلتۈرەلمەيدۇ. ئاسىيلار مۆمىن ئەتكەنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، تۇرالماي قاچىدۇ. ھۇمايۇن مۆمىن ئەتكەنىڭ كەينىدىن قىسمىتاي، بابا چۆھرە ۋە بۆچكەلەرنى خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇلار دۇشمەنىنىڭ تۇرالماي قاچقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھۇمايۇن ئاتلىنىپ، جاجماۋۇنى ئېلىپ، ئۇ يەردىن دىلماۋۇ (ب 301) تەۋەسىگە كەلگەندە، فەتھخان سەرۋانىنى كېلىپ كۆرۈشىدۇ. ئۇلار فەتھخان سەرۋانى مەھدى خوجا ۋە مۇھەممەد سۇلتان مىرزا بىلەن بىللە بىزگە ئەۋەتتى.

شۇ يىلى ئۇبەيدخان بۇخارادىن چېرىك تارتىپ مەرۋ ئۈستىگە كەلدى. مەرۋىنىڭ ئەركىدە ئون-ئون بەش پوقرا بار ئىكەن، ئۇلارنى قىرىپ، مەرۋدە قىرىق-ئەللىك كۈن تۇرغاندىن كېيىن سەرەخس ئۈستىگە باردى. سەرەخستە ئوتتۇز-قىرىق قىزىلباش بار ئىكەن، ئۇلار دەرۋازىنى تاقاپ، قورغاننى بەرمەيدۇ. پۇقرالار ئىسيان كۆتۈرۈپ، دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۆزبېكلەر كىرىپ بۇ قىزىلباشلارنىمۇ قىرىدۇ. ئۇلار سەرەخسنى ئالغاندىن كېيىن، تۇس ۋە مەشھەد ئۈستىگە بارىدۇ. مەشھەد ئاھالىسى چارىسىز قېلىپ، شەھەرنى بېرىدۇ. ئۆزبېكلەر تۇسنى سەككىز ئاي قورشاپ، سۇلھ يولى بىلەن ئالىدۇ، لېكىن سۆزىدە تۇرماي، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ، خوتۇنلارنى ئەسىر ئالىدۇ.

شۇ يىلى سۇلتان مۇزەففەر گۇجەراتىينىڭ بەھادىرخان ئاتلىق ئوغلى (ئۇ ھازىر ئاتىسىنىڭ ئورنىغا گۇجەراتتا پادىشاھ بولۇپتۇ) ئاتىسىدىن يامانلاپ سۇلتان ئىبراھىمنىڭ قېشىغا كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمىدى. بىز پانىپەت تەۋەسىدە تۇرغىنىمىزدا

ئەرز-ھال خەتلىرى كەلدى. مەنمۇ ئىنايەت ۋە شەپقەت پەرمانلىرى ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىردىم، كېلىش خىيالى بار ئىدى، بىراق كېيىن نىيىتى ئۆزگىرىپ، ئىبراھىمنىڭ چىرىكىدىن ئايرىلىپ، گۇجەرات تەرەپكە كەتتى. شۇ ئەسنادا ئاتىسى سۇلتان مۇزەففەر ۋاپات بولۇپ، ئاغىسى (302) — سۇلتان مۇزەففەرنىڭ چوڭ ئوغلى—ئىسكەندەر شاھ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى. مۇناسىۋىتى يامان بولغىنى ئۈچۈن، ئىمادىلمۇلك ئاتلىق بىر قۇلى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىسكەندەر شاھنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، يولدا كېلىۋاتقان بەھادىرخاننى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بەھادىر شاھ دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. ئۇمۇ ياخشى قىلدى، شۇنداق نانكورلۇق قىلغان ئىمادىلمۇلكنى ئۆلتۈرۈپ جازاسىنى بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتىسىدىن قالغان بەگلەردىنمۇ بىرمۇنچىسىنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ قان تۆكەر ۋە قورقماس بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

# توققۇزيۈز ئوتتۇز ئۈچىنچى يىل① ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىدا فارۇقنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋەرىنى ئېلىپ بەگ ۋەيس كەلدى. ئەمەلىيەتتە مۇندىن بۇرۇن بۇ خەۋەرنى بىر پىيادە ئېلىپ كەلگەندى. لېكىن سۆيۈنچە ئۈچۈن بەگ ۋەيس بۇ ئايدا كەلدى. بالا شەۋۋال ئېيىنىڭ يىگىرمە ئۈچى — جۈمە كېچىسى تۇغۇلدى. ئۇنىڭغا «فارۇق» دەپ ئات قويۇلدى.

بىيانە ۋە باشقا بەزى قولغا كىرمىگەن قورغانلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئۇستاد ئەلى قۇلىغا بىر يوغان توپ قويۇش ئىشى بۇيرۇلغانىدى. ئۇ مەش ۋە باشقا ھەممە لازىم نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ بولغاندىن كېيىن ماڭا ئادەم ئەۋەتتى. مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئون بەشى — دۈشەنبە كۈنى ئۇستاد ئەلى قۇلىنىڭ توپ قويغىنىنى كۆرۈشكە باردۇق. توپ قويىدىغان يەرنىڭ ئەتراپىغا سەككىز مەش ياساپ، خۇرۇچنى ئېرىتىپتۇ. ھەر بىر مەشنىڭ (ب 302) تۈۋىدىن بىر ئېرىق چىقىرىپ، ئۇلارنى توپنىڭ قېلىپىغا توغرىلاپتۇ. بىز بارغاندىن كېيىن، مەشلەرنىڭ تۆشۈكلىرىنى ئاچتى. ئېرىگەن خۇرۇچ ئېرىقلاردىن سۇدەك شارىلداپ ئېقىپ قېلىپقا كىرگىلى تۇردى. بىر ئازدىن كېيىن، قېلىپ تېخى تولمايلا، ئېقىپ كېلىۋاتقان خۇرۇچ بىر-بىرلەپ توختاپ قالدى. مەشتىن ياكى خۇرۇچتىن قۇسۇر چىققان ئوخشايدۇ.

① مىلادىيە 1526 — 1527-يىللار ئارىلىقى.

ئۇستاد ئەلى قۇلى بەك ئوسال بولدى، ئۆزىنى قىلىپتىكى مىس سۈيىگە تاشلاشقا تاس-تاس قالدى. ئۇستاد ئەلى قۇلىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، تون كىيدۈرۈپ، ئۇنى بۇ ھالەتتىن چىقاردۇق. بىر-ئىككى كۈن ئۆتۈپ، قىلىپ سوۋۇغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاچتى. ئۇستاد ئەلى قۇلى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ: «توپنىڭ تاش گەۋدىسى قۇسۇرسىز چىقتى، دورىخانىسىنى قۇيۇش ئاسان» دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. توپنىڭ تاش گەۋدىسىنى چىقىرىپ، ئادەملىرىنى ئۇنى پىششىقلاشقا بەلگىلەپ، ئۆزى ئۇنىڭ دورىخانىسىنى قۇيۇش بىلەن مەشغۇل بولدى.

مەھدى خوجا فەتھخان سەرۋانىنى ھۇمايۇننىڭ قېشىدىن ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ھۇمايۇندىن دىلماۋۇدا ئايرىلغان ئىكەن. فەتھخاننى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، ئاتىسى ئەزەم ھۇمايۇننىڭ پەرگانىلىرىنى بەرگەننىڭ سىرتىدا يەنە ۋىلايەتلەرنى ئىنايەت قىلدۇق. بىر كۈرۈر ئاتمىش لەكلىك پەرگانە بېرىلدى. ھىندىستاندا زور ئېتىبار تاپقان ئەمىرلەرگە ئەزەم ھۇمايۇن خانى جەھان (303)، خانى خانان دېگەندەك ئۇنۋانلارنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۇنۋانى ئەزەم ھۇمايۇن ئىدى. ھۇمايۇن تۇرغاندا، بۇ ئۇنۋاننى باشقا بىرىگە بېرىش نالايىق ئىدى. شۇڭا بۇ ئۇنۋاننى قالدۇردۇم. فەتھخان سەرۋانىغا خانى جەھان ئۇنۋانى بېرىلدى.

سەفەر ئېيىنىڭ سەككىزى — چارشەنبە كۈنى ئەنبەلى دەرەخلىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كۆلنىڭ ياقىسىغا چېدىرلار تىكىلىپ، ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇلدى. فەتھخان سەرۋانى شاراب ئولتۇرۇشىغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇنىڭغا شاراب تۇتۇلدى، مەن ئۆزۈمنىڭ سەللە ۋە كىيىملىرىمنى ئۇنىڭغا ئىنايەت قىلدىم. مۇشۇ ئىنايەت ۋە ئىلتىپاتلار بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ۋىلايىتىگە كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلدى. ئوغلى

مەھمۇدخاننىڭ قېشىدا دائىملىق مۇلازىمەتتە بولۇشى قارارلاشتۇرۇلدى.

مۇھەررەم ئېيىنىڭ يىگىرمە تۆتى-چارشەنبە كۈنى ھۇمايۇنغا «شۇكۇر، پۇرەب ئاسىيلىرى قېچىپتۇ. بۇ كەتكەن ئادەم يېتىپ بېرىشقا جۇنپۇرغا مۇناسىپ بەگلەردىن بىرقانچىسىنى بەلگىلەپ قويۇپ، ئۆزۈڭ چېرىكنى ئېلىپ تېزدىن بىزنىڭ قېشىمىزغا كەل. رانا سەنگا دېگەن كاپىر يېقىنلاپ دەرۋازىغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلايلى» دېگەن سۆزنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلى ھەيدەر رىكابدار چاپتۇرۇلدى. چېرىك پۇرەب تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن، بىيانە تەۋەسىنى چاپقۇن قىلىش، قورغاندىكىلەرنى (ب 303) جەلپ قىلىش يولى بىلەن ئەل قىلغىلى بولسا ئەل قىلىش، بولمىسا بۇلاپ-تالاپ دۈشمەننى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۇردى بەگ، قۇچ بەگ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى شىر ئەفكەن، مۇھەممەد خەلىل ئاختا پېگى ۋە ئۇنىڭ ئاغا ئىنىسى بىلەن ئاختىچىلىرى، رۇستەم تۈركمەن بىلەن ئۇنىڭ ئاغا-ئىنىسى ھەم ھىندىستانلىقلاردىن راۋۋي سەرۋانىلار ئەۋەتىلدى.

بۇ بىيانەدىكى نىزام خاننىڭ ئالەمخان ئاتلىق بىر ئاغىسى تەھەنگەر قورغىنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۈستى-ئۈستىگە كېلىپ قۇللۇق ۋە ساداقەت ئىزھار قىلدى. بۇ ئالەم خان: «پادىشاھ قوشۇن تەيىنلىسە، بارلىق بىيانە ئوقچىلىرىنى جەلپ قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ كېلىش ۋە بىيانە قورغىنىنى ئېلىش مېنىڭ ۋەزىپەم بولسۇن» دەپ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. تەيىنلەنگەن تۇردى بەگ باشلىق ئىلغار يىگىتلەرگە: «ئالەم خان يەرلىك كىشى، ئۇ شۇ قەدەر قۇللۇق ۋە خىزمەتكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىيانە ئىشىدا ئۇنىڭ پىكرى ۋە ماقۇللۇقى بىلەن

ئىش قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق بېرىلدى. ھىندىستانلىقلارنىڭ بەزىلىرى قىلىچۋازلىق قىلالىسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىكى سىپاھىيلىق ۋە سەردارلىقتىن بىخەۋەر بولىدۇ. بۇ ئالەمخان بىزنىڭ ئىلغار قىسمىنى ئۆزىگە قوشقاندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ھەم ئىشنىڭ ياخشى-يامىنىنى مۇلاھىزە قىلمايلا ئىلغار قىسمىنى بىيانەگە يېقىن ئېلىپ بارىدۇ. بىزنىڭ ئۇ يەرگە بارغان ئىلغار قىسمىمىزدا تۈركلەردىن ئىككى يۈز ئەللىك-ئۈچ يۈز كىشى، ھىندىستانلىقلار بىلەن ئەتراپتىكى چېرىكلەردىن ئىككى مىڭدىن كۆپرەك كىشى بار ئىدى. نىزامخان بىلەن بىيانەدىكى ئافغان ۋە سىپاھىيلاردا تۆت مىڭدىن كۆپرەك ئاتلىق چېرىك بار ئىدى. پىيادىلىرى ئون مىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

نىزام خان بىزنىڭ ئىلغار قىسمىنى كۆرۈپ (304) چامىلىغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكى بىلەن دەرھال ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە تېزدىن يېتىپ كېلىپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ ئات سېلىشى بىلەن ئىلغار قىسمىنى قاچۇرۇپ، ئاغىسى ئالەمخان تەھەنگەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەش-ئالتە ئادەم ۋە بىرمۇنچە نەرسە-كېرەكلەرنىمۇ قولغا چۈشۈرىدۇ. بۇ ھەرىكەتكە قارىماي، نىزامخانغا يەنە ۋەدىلەر بېرىپ، بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ پەرمانلار ئەۋەتتۇق. كاپىر رانا سەنگانىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، چارىسىز قېلىپ، سەيىد رەفىئىنى چاقىرتىپ، شۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن قورغاننى بىزنىڭ ئادەملەرگە تاپشۇرۇپ، سەيىد رەفىئى بىلەن بىللە كېلىپ، مۇلازىمەت شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭغا مىيان دوئابتىن يىگىرمە لەكلىك پەرگەنە ئىنايەت قىلدىم.

دوست ئىشىك ئاغا ۋاقىتلىق بىيانەگە ئەۋەتىلدى. بىرقانچە

كۆندىن كېيىن، بىيانەنى مەھدى خوجىغا ئىنايەت قىلىپ، ۋەجھىنى يەتمىش لەك بەلگىلەپ، ئۇنىڭ بىيانەگە كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلدى. گوۋالياردىكى تاتارخان سارەنگخانىنىڭ ئادىمى كېلىپ قۇللۇق ۋە ساداقەت ئىزھار قىلىۋاتاتتى، كاپىر (رانا سەنگا) كەندارنى ئېلىپ، بىيانەگە يېقىنلاشقاندا، گوۋاليار راجەلىرىدىن دەرمەنكەت ۋە خانى جەھان ئاتلىق كاپىرلار گوۋاليار تەۋەسىگە كېلىپ، قەلئە تەمەسى بىلەن ئىغۋاگەرلىك قىلىشقا كىرىشتى.

تاتارخانىنىڭ ئادىمى كېلىپ، گوۋاليارنى تاپشۇرماقچى بولدى. بەگلەر، ئىچكىيلەر ۋە ياخشى يىگىتلەرنىڭ كۆپ قىسمى چېرىكتە ۋە ھەر تەرەپتىكى ئىلغار قىسىملاردا ئىدى. رەھىمدادقا (ب 304) بىرنەچچە بېھرەلىك بىلەن لاھورلۇقنى، ھەستەچى تونقاتار بىلەن ئۇنىڭ ئاغا-ئىنىسىنى قوشۇپ ۋە بۇ ئېيتىلغانلارغا گوۋالياردىنلا پەرگەنە تەيىنلەپ، ئۇلارنى شۇ ياققا ماڭدۇردۇق. رەھىمدادنى گوۋالياردا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىش ئۈچۈن موللا ئاپاق بىلەن شەيخ گۇرەنمۇ ماڭدۇرۇلدى. بۇلار گوۋاليارغا يېقىن بارغاندا، تاتارخانىنىڭ رايى ئۆزگىرىپ ئۇلارنى قورغانغا كىرگۈزمەيدۇ. شۇ ئەسنادا شەيخ مۇھەممەد غەۋس ئاتلىق خېلى يېتىشكەن ھەم مۇرىتمۇ كۆپ بىر دەرۋىش قورغانىنىڭ ئىچىدىن رەھىمدادقا: «قانداق قىلىپ بولسۇن قورغانغا كىرىڭ. بۇ ئادەم رايىدىن ئايلىنىپ، يامان خىيالدا بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئادەم چىقىرىدۇ. رەھىمداد بۇ خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن، «قورغان سىرتى كاپىرلار سەۋەبىدىن تەھلىكىلىك بولۇپ قالدى، مەن بىرقانچە ئادەم بىلەن قورغانغا كىرەي، قالغانلار تاشقىرىدا تۇرسۇن» دەپ تاتارخانغا ئادەم كىرگۈزىدۇ ۋە تىرىشىش نەتىجىسىدە تاتارخان بۇنىڭغا رازى بولىدۇ. رەھىمداد ئازراق كىشى

بىلەن قورغانغا كىرگەندىن كېيىن، «بۇ دەرۋازىدا بىزنىڭ ئادەملەر تۇرسۇن» دەپ، ھاتى پۇلدا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى قويىدۇ ۋە شۇ كېچىسى مۇشۇ ھاتى پۇلدىن ھەممە ئادىمىنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئەتىسى تاتارخان چارىسىز قېلىپ، قورغاننى تاپشۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئەگرەگە كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇنىڭ ۋەجھى بىيانە پەرگەنەسىدىن يىگىرمە لەك قىلىپ بېكىتىلدى. مۇھەممەد زەيتۇنمۇ چارە قىلالماي دۇلپۇرنى (305) تاپشۇرۇپ كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇنىڭغا بىرنەچچە لەكلىك پەرگەنە ئىنايەت بولدى. دۇلپۇر پادىشاھ مۈلكى قىلىپ بېكىتىلىپ، شىقدارلىقى ئەبۇلفەتھ تۈركمەنگە ئىنايەت قىلىندى ۋە ئۇ دۇلپۇرغا ماڭدۇرۇلدى.

ھىسارى فىرۇزە تەۋەسىدە ھەمىدخان سارەنگخانى بىر قىسىم پەنى ئافغانلىرى① بىلەن ئەراپتىكى ئافغانلاردىن ئۈچ-تۆت مىڭ كىشىنى توپلاپ ئىغۋاگەرلىك قىلىۋاتاتتى. سەپەر ئېيىنىڭ ئون بەشى-چارشەنبە كۈنى چىن تېمۇر سۇلتانغا ئەھمەدى پەرۋانچى، ئەبۇلفەتھ تۈركمەن، مەلىكداد كەرانى ۋە مۇجاھىدخان مۇلتانى باشچىلىقىدىكىلەرنى قوشۇپ، ئۇلارنى شۇ ئافغانلارغا قارشى ماڭدۇردۇق. بۇلار بېرىپ، يىراقتىن تېز يۈرۈش قىلىپ، بۇ ئافغانلارغا كېلىشتۈرۈپ زەربە بەردى، نۇرغۇن ئادىمىنى قىرىپ، بىرمۇنچە باشلارنى كېسىپ كەلدى.

سەپەر ئېيىنىڭ ئاخىرى ئىدى، ئىراقتا — شاھزادە تەھماسپ قېشىغا ئەلچىلىككە كەتكەن خاجىگى ئەسەد بىر سۇلايمان ئاتلىق تۈركمەن بىلەن بىرلىكتە سوغاتلارغا ئېلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى چەركەس قىز بار ئىدى. رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون

① پەنى ئافغانلىرى — ھىسارى فىرۇزەدە ئولتۇرۇشلۇق بىر قوۋم.

ئالتىسى—جۇمە كۈنى ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ئىش كابۇلغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇپتا تەپسىلىي يېزىلغانىدى. شۇ مەكتۇپنى ئاشۇرماي ھەم كېمەيتمەي بۇ يەردە كەلتۈردۇق. مەكتۇپ تۆۋەندىكىچە:

«933-يىلى① رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون ئالتىسى — جۈمە كۈنى زور بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئىبراھىمنىڭ ئانىسى بەۋا بەتبەخت مېنىڭ (ب 305) ھىندىستانلىقلار قولىدىن تاماق يەيدىغانلىقىمنى ئىشىتىدۇ. بۇ ئىش مۇنداق ئىدى: بۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت ئاي ئىلگىرى، ھىندىستان تاماقلىرىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئىبراھىمنىڭ ئاشپەزلىرىنى ئېلىپ كېلىشنى ئېيتتىم. ئەللىك-ئاتمىشقا يېقىن ئاشپەزدىن تۆتىنى يېنىمدا قالدۇردۇم. بەۋا بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئەتاۋەگە ئادەم ئەۋەتىپ ئەھمەد چاشنىگىرنى (ھىندىستانلىقلار بەكاۋۇلنى چاشنىگىر دەيدۇ) چاقىرتىدۇ ۋە بىر دېدەكنىڭ قولىغا تۆت قاتلانغان قەغەزنىڭ ئىچىدىكى بىر تولە زەھەرنى تۇتقۇزۇپ ئۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھمەد چاشنىگىرگە بېرىشنى ئېيتىدۇ. بىر تولە—ئىككى مىسقالدىن بىر ئاز كۆپ بولىدۇ. ئەھمەد بىزنىڭ ئاشخانىدىكى ھىندىستانلىق ئاشپەزگە تۆت پەرگەنە بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن شۇ زەھەرنى مېنىڭ تامىقىمغا سېلىشنى تاپشۇرىدۇ. بەۋا زەھەرنى ئەھمەد چاشنىگىرگە ئەكىلىپ بەرگەن دېدەكنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ زەھەرنى بەرگەن-بەرمىگەنلىكىنى كۆزىتىش ئۈچۈن يەنە بىر دېدەكنى ئەۋەتىدۇ.

ھېلىمۇ ياخشى، ئاشپەز زەھەرنى قازانغا سالماي، تاۋاققا سالىدۇ. قازانغا سالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھىندىستانلىقلار تاماق

① مىلادىيە 1526 — 1527-يىللار ئارىلىقى.

قىلغاندا ئۈستىدە قاراپ تۇرۇشنى بەكاۋۇللارغا تەكىتلەپ تاپشۇرغانىدىم. ئۇلار قازاندا تاماق پىشۇرغاندا ئاشپەزگە يېدۈرۈپ كۆرىدىكەن. ئاش تارتىلىدىغان چاغدا بىزنىڭ بۇ بىتەلەي بەكاۋۇللار غەپلەتتە بولۇپ قالدۇ. ئاشپەز چىن تاۋاقتا نېپىز ناننى قويغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى قەغەزدىكى زەھەرنىڭ ئازراق يېرىمىنى سېپىپدۇ-دە، ئۈستىگە مايلىق قورمىنى سالدۇ. (306) ئەگەر زەھەر قورمىنىڭ ئۈستىگە ياكى قازانغا سېلىنسا، ئىش يامان بولاتتى. ئاشپەر تەمترەپ كېتىپ، زەھەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپىنى ئوچاققا تاشلىۋېتىدۇ.

جۈمە كۈنى نامازدىگەردىن كەچرەر تاماق تارتتى. توشقان گۆشىدىن خېلى يېدىم. قورما سەۋزىدىنمۇ يېدىم. ھېلىقى زەھەرلىك ھىند تامىقىنىڭ ئۈستىدىن بىر-ئىككى كاپام ئالدىم، قورمىدىنمۇ يېدىم، ھېچقانداق باشقىچە تەم سېزىلمىدى. قاق گۆشتىن بىر-ئىككى كېسىم يېدىم، كۆڭلۈم ئاينىدى. ئۆتكەن كۈنى قاق گۆشتىن يېگەندە باشقىچە بىر تەم سېزىلگەنىدى، كۆڭلۈمنىڭ ئاينىشىنى شۇنىڭدىنمىكىن دەپ ئويلىدىم. يەنە كۆڭلۈم ئاينىدى. داستىخان ئۈستىدە ئىككى-ئۈچ قېتىم كۆڭلۈم ئاينىپ قۇسۇۋېتىشكە تاس-تاس قالدىم. ئاخىر بولمىدى. ئورنۇمدىن قوپتۇم. ھاجەتخانىغا يەتكىچە يولدا قوسۇۋەتكىلى تاس قالدىم. ھاجەتخانىغا بېرىپ كۆپ قۇستۇم. تاماقتىن كېيىن پەقەت قۇسمايتتىم، ھەتتا ئىچكەندىمۇ قۇسمايتتىم.

كۆڭلۈمگە شۇبھە كەچتى. ئاشپەزنى مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىشنى، ھېلىقى قۇسۇقنى ئىتقا بېرىپ ئۇنى نازارەت قىلىشنى بۇيرۇدۇم. ئەتىسى بىر پەھەرگە يېقىن، ئىت بىر ئاز ھالسىزلىنىپ، قارنى كۆپكەندەك بولدى. تاش بىلەن ھەرقانچە ئۇرسىمۇ، قوپمىدى.

كۈن چۈش بولغۇچە شۇ ھالدا ياتتى. ئاندىن كېيىن قوپتى، ئۆلمىدى. بىر-ئىككى چۆھرىمۇ بۇ ئاشتىن يېگەنىدى. ئەتىسى ئۇلارمۇ كۆپ قۇستى. (ب 306) بىرىنىڭ ھالى بەك خاراپ ئىدى. ئاخىرىدا ھەممىسى ساقايدى. «رەسىدە بۇد بەلايى، ۋەلى بەخەير گۇزەشت» (بىر بالا كەلگەنىدى، لېكىن ياخشىلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتى). تەڭرى ماڭا يېڭىباشتىن جان بەردى.

ئۇل دۇنيادىن كېلەدۇر مېن، ئانامدىن ئېمدى تۇغدۇم.
مېن خەستە ئۇلۇب ئېدىم، تىرىلدىم، جان قەدرىنى بىللاھ ئېمدى بىلدىم.

(ئۇ دۇنيادىن كەلدىم، ئانامدىن يېڭى تۇغۇلدۇم. زەخملەنگەن ئىدىم، تىرىلدىم، خۇدا ھەققى، جان قەدرىنى ئەمدى بىلدىم)

ئاشپەزنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشنى سۇلتان مۇھەممەد باخشىغا بۇيرۇدۇم. ئاشپەز قىيناق ئاستىدا، يۇقىرىدا مەلۇم بولغانلارنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ. دۈشەنبە دىۋان كۈنى ئىدى. كاتتىلار، ئەمىرلەر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ دىۋاندا ھازىر بولۇشى، ھېلىقى ئىككى ئەركىشى بىلەن ئىككى خوتۇن كىشىنى ئېلىپ كېلىپ سوراق قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردىم. ۋەقەنىڭ ئەينىنى تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىشتى. ھېلىقى چاشنىگىرنى پارە-پارە قىلدۇردۇم. ئاشپەزنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى سويغۇزدۇم. ھېلىقى خوتۇنلارنىڭ بىرىنى پىل ئايىغىغا تاشلاتقۇزدۇم، بىرىنى ئوق يامغۇرىغا تۇتقۇزدۇم، بىرىنى نازارەت ئاستىغا ئالدۇردۇم. ئۇمۇ قىلمىشىغا يارىشا جازاسىنى تارتقۇسى.

شەنبە كۈنى بىر قاچا سۈت ئىچتىم، يەكشەنبە كۈنىمۇ بىر قاچا سۈت ئىچتىم. گۈلى مەختۇم ۋە تىرياقى فارۇقنى① ئېرىتىپ ئىچتىم. سۈت ئىچىشنى خېلى سۈردى. شەنبە كۈنى — بىرىنچى كۈنى

① گۈلى مەختۇم، تىرياقى فارۇق — زەھەرنى كەسكۈچى دورىلار.

سەپراغا ئوخشاش قارا-قارا نەرسىلەر كەلدى. شۈكۈر، ھازىر ھېچقانداق دەرد يوق. جان شۇنداق ئەزىز نەرسىكەن. بۇنى مۇنچىلىك بىلمەيتتىم. شۇنداق بىر مىسرا باركى، «كىم ئۆلەر ھالەتكە يېتسە ئۇل بىلۇرجان قەدرىنى» دېيىلىدۇ. ھەرقاچان بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقە يادىمغا كەلسە، ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى (307) يوقىتىپ قويىمەن. تەڭرىتەئاللانىڭ ئىنايىتى بار ئىكەن، ماڭا يېڭىباشتىن جان بېغىشلىدى. بۇنىڭ شۈكۈرسىنى قايسى تىلىم بىلەن ئېيتاي. بۇ گەرچە ئېغىزغا سىغقۇسىز قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە بولسىمۇ، كۆڭۈللەردە گۇدرەت قالمىسۇن دەپ، بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلاتى بىلەن يازدىم. تەڭرىگە شۈكۈر، كۆرىدىغان كۈنۈم بار ئىكەن. ياخشىلىق بىلەن ئۆتتى. ھېچقانداق ئەندىشىدە بولمىغايسىلەر، دەپ رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمىسى—سەيشەنبە كۈنى چارباغدا پۈتۈلدى».

بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، بۇ يېزىلغان خەت كابۇلغا ئەۋەتىلدى. بەۋا بەتبەختتىن شۇنداق زور گۇناھ سادىر بولغانلىقى ئۈچۈن، مال-مۈلكى يۇنۇس ئەلى بىلەن خاجەگى ئەسەد ئىختىيارىغا بېرىلدى. پۇلى، نەرسىلىرى ۋە قۇل-دېدەكلىرى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۆزى ئابدۇرەھىم شىغاۋۇلنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى. بەۋانىڭ نەۋرىسى—ئىبراھىمنىڭ ئوغلىغا زور ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىنماقتا ئىدى. شۇنداق بىر قەست بۇ ئائىلىدىن سادىر بولغىنى ئۈچۈن، ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنى بۇ يەردە قالدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە توققۇزى—پەيشەنبە كۈنى ئۇنى كامراننىڭ قېشىدىن بەزى ئىشلار ئۈچۈن كەلگەن موللا سەرسانغا قوشۇپ كامراننىڭ قېشىغا ئەۋەتتۇق.

هۇمايۇن پۇرەبتىكى ئاسىيلارغا قارشى يۈرۈش قىلغانىدى، جۇنپۇرنى (ب 307) ئالغاندىن كېيىن، غازىپۇردىكى نەسىرخانغا قارشى تېز يۈرۈش قىلدى. نەسىرخان خەۋەر تېپىپ گەنگ دەرياسىدىن ئۆتكەنىكەن. شۇڭا هۇمايۇن غازىپۇردىن خەرىدكە يۈرۈش قىلدى، ئۇ يەردىكى ئافغانلارمۇ خەۋەر تېپىپ سەرۇ سۈيىدىن ئۆتكەنىكەن. خەرىدنى جەڭچىلەر بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندىن كېيىن، نېرى ئۆتتى. مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنىم بويىچە شاھ مىر ھۆسەين بىلەن سۇلتان جۇنەيد باشلىق بىر بۆلەك ياخشى يىگىتلەر جۇنپۇردا قويۇلدى، قازى جىيامۇ ئۇلار بىلەن قېلىشقا بەلگىلەندى. ئۇدقا شەيخ بايەزىد تەيىنلەندى. بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، هۇمايۇن، كەررەمانىكپۇر تەۋەسىدە گەنگ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كالپى يولى بىلەن يۈرۈش قىلدۇ. ئالەم خان، جەلال خان جىگهەت كالپىدا تۇراتتى. ئەرز-تەلەپلىرى كېلەتتى، لېكىن ئۆزى كەلمەيتتى. هۇمايۇن ئۇدۇلىغا يەتكەندە ئادەم ئەۋەتىپ، كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى.

رەبىيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئۈچى — يەكشەنبە كۈنى هەشت بېهشت بېغىدا هۇمايۇن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇ كۈنى خوجا دوست خاۋەندىمۇ كابۇلدىن كەلدى. ئۇ كۈنلەردە مەهدى خوجىنىڭ ئادەملىرى «راناسەنگانىڭ كېلىشى چوقۇم بولدى، هەسەن خان مىۋاتىمۇ راناغا قوشۇلماقچىمىش. ئۇلارنىڭ ئىشىنى هەل قىلىش لازىم. چېرىكتىن بۇرۇنراق، ياردەم ئۈچۈن بىر بۆلەك كىشى بىيانەگە كەلسە، تېخىمۇ (308) ياخشى بولاتتى» دەپ كەينى-كەينىدىن كېلىشكە باشلىغانىدى. چېرىك تارتىشنى قارارلاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزدىن بۇرۇنراق، مۇهەممەد سۇلتان مىرزا، يۈنۈس ئەلى، شاھ مەنسۇر

بارلاس، كەتتە بەگ، قىسمىتاي، بۆچكە باشچىلىقىدىكىلەرنى ئىلغار قىلىپ بىيانەگە ماڭدۇردۇق. ھەسەن خان مىۋاتىنىڭ ناھەرخان ئاتلىق ئوغلى ئىبراھىم بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەندى. بىز ئۇنى گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ تۇراتتۇق. شۇ سەۋەبتىن ئاتىسى ھەسەن خان ئۈچۈق مۇناسىۋەتتە بولاتتى ھەم دائىم ئوغلىنى تەلەپ قىلاتتى. بەزىلەر «ھەسەن خانىنى جەلپ قىلىشقا ئوغلى ئەۋەتىلسە، تېخىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ، ۋەزىيەتنى ياخشى ئادا قىلاتتى» دېگەن پىكىردە بولۇشتى. ھەسەن خانىنىڭ ئوغلى ناھەرخانغا ئۈستىباش كىيگدۈرۈپ، ئاتىسىغا ۋەدىلەر بېرىپ، ئۇنى يولغا سالدۇق. ھەسەن خان دېگەن مۇناپىق ئوغلىنىڭ ئىجازەتكە ئېرىششنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ ئوغلىنىڭ ئىجازەت ئالغانلىقىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئوغلى تېخى يېتىپ بارمايلا ئەلۋاردىن چىقىپ، تودەدە راناسەنگاغا قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئوغلىغا بۇ مەھەلدە ئىجازەت بېرىلگەنلىكى خام ئىش بولغانىكەن.

بۇ مەزگىلدە يامغۇر كۆپ ياغاتتى. دائىم ئولتۇرۇش ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ ئولتۇرۇشلاردا ھۇمايۇنمۇ بىللە بولاتتى. ئۇ ئىچىملىكنى پەرھىز قىلىسمۇ، لېكىن بۇ بىرنەچچە كۈندە ئىچتى. شۇ كۈنلەردە بولغان ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ بىرى مۇنۇ: ھۇمايۇن قەلئەئى زەفەردىن ھىندىستان يۈرۈشىگە كېلىۋاتقان (ب 308) چاغدا موللا بابا پەشاغەرى بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى بابا شەيخ يولدا قېچىپ كېتىپ قارا سۇلتانىنىڭ قېشىغا كەتتى. بەلختىكىلەر ئاجىزلاشتى. بەلخ كېتىن قارا سۇلتانىنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ ئەبلەخ ئىنىسى بىلەن بۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرىنى بوينىغا ئېلىپ، ئايبەك، خۇررەم، سارباغ تەۋەلىرىگە كېلىدۇ. شاھ ئىسكەندەر بەلخنىڭ ئېلىنغانلىقىدىن قورقۇپ،

غۇرى قەلئەسىنى ئۆزبېكلەرگە بېرىدۇ. موللا بابا بىلەن بابا شەيخ بىرقانچە ئۆزبېك بىلەن بىللە غۇرى قەلئەسىگە كىرىدۇ.

مىر ھەمەنىڭ قورغىنىنى يېقىن ئىدى. شۇڭا چارە قىلالماي، ئۇمۇ ئۆزبېكلەرگە قوشۇلىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مىر ھەمەنى ئادەملىرى بىلەن بىللە بەلخ تەرەپكە كۆچۈرۈپ كېتىش ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بابا شەيخ بىرقانچە ئۆزبېك بىلەن بىللە مىرھەمەنىڭ قورغىنىغا كېلىدۇ. مىرھەمە بابا شەيخنى قورغانغا چۈشۈرىدۇ. باشقىلارغىمۇ ھەريەر-ھەريەردىن ئۆي بېرىدۇ. مىرھەمە بابا شەيخ بىلەن قىلىچلىشىپ، ئۇنى بىرقانچە ئادىمى بىلەن بىللە بەند قىلىپ، قۇندۇزدىكى تەڭرىبېردىگە ئادەم چاپتۇرىدۇ. تەڭرىبېردى يار ئەلى بىلەن ئابدۇللەتىفنى بىرقانچە ئوبدان ئادەم بىلەن بىللە ئەۋەتىدۇ. بۇلار يېتىپ كەلگۈچە، موللا بابا ئۆزبېكلەر بىلەن بىللە مىرھەمەنىڭ قورغىنىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولىدۇ، لېكىن ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ. مىر ھەمە تەڭرىبېردىنىڭ ئادەملىرىگە قوشۇلۇپ قۇندۇزغا كەلدى. بابا شەيخنىڭ بىر ئىنىسى يامان ئىكەن، شۇڭا مىر ھەمە شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېلىپ كەلدى. (309) ئۇنى ئىنايەت ۋە شەپقەتلەر بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئورنىنى قۇرداشلىرىدىن يۇكسەك قىلدىم.

باقى شىغاۋۇل بارغاندا، بۇ ئىككى كونا بەتبەختنىڭ بېشى ئۈچۈن بىر سەردىن ئالتۇن ۋەدە قىلغانىدىم. بۇ ئىنايەتلەردىن باشقا، شۇ ۋەدە بويىچە بۇ بىر سەر ئالتۇنمۇ مىر ھەمەگە بېرىلدى.

شۇ مەزگىلدە بىيانەگە ئىلغار بولۇپ بارغان قىسىمتاي بىرنەچچە باش كېسىپ كەلدى. قىسىمتاي بىلەن بۆچكە بىرقانچە چاققان يىگىتنى ئېلىپ پىل تۇتقىلى بارغاندا، كاپىرنىڭ ئىككى توپ

باسقۇنچىسىنى مەغلۇپ قىلىپ يەتمىش-سەكسەن ئادەمنى قولغا چۈشۈردۇ. ھەسەن خان مىۋاتىنىڭ كېلىپ قوشۇلغانلىقىنىڭ تەھقىق خەۋىرىنى مىر ھەمە ئېلىپ كەلدى.

ئاينىڭ سەككىزى — يەكشەنبە كۈنى ئۇستاد ئەلى قۇلىنىڭ چوڭ توپ بىلەن تاش ئاتقىنىنى كۆرۈشكە باردىم. بۇ توپنى دەسلەپ قۇيغاندا تاش گەۋدىسى نۇقسانسىز چىققانىدى. كېيىن دوراخانىسىنىمۇ قۇيۇپ تەييار قىلدى. نامازدىگەر ۋاقتىدا تاش ئاتتى، بىرمىڭ ئالتە يۈز قەدەم يەرگە يەتتى. ئۇستادقا كەمەرلىك خەنجەر، ئۇستىباش ۋە نەسىللىك ئات ئىنايەت قىلدىم.

جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ توققۇزى — دۈشەنبە كۈنى جەڭگە ئاتلىنىپ، مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ دالىغا چۈشتۇق. چېرىكنى توپلاش ۋە چېرىكنىڭ لازىملىقلىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن بۇ يەردە ئۈچ-تۆت كۈن تۇردۇق. ھىندىستانلىقلارغا ئانچە ئىشەنچىمىز بولمىغىنى ئۈچۈن، ھىندىستانلىق ئەمىرلەرنى ئۇ تەرەپ-بۇ تەرەپكە ئىلغار قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئالەمخاننى (ب 309) رەھىمدادقا ياردەمچى سۈپىتىدە گوۋالىيارغا ئىلغار قىلىپ ئەۋەتتۇق. مەكەننى، قاسىم بەگ سەنبەلنى، ھامىد بىلەن ئۇنىڭ ئاغىسى ۋە ئىنىسىنى، مۇھەممەد زەيتۇننى سەنبەلگە ئىلغار قىلىپ ئەۋەتتۇق.

مۇشۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمىزدا خەۋەر كەلدى: راناسەنگا بارلىق چېرىكى بىلەن بىيانەنىڭ يېنىغىچە چاپقۇن قىلىپ بېرىپتۇ. قاراۋۇللۇققا بارغانلار خەۋەر يەتكۈزەلمەپتۇ، ھەتتا قورغانغىمۇ كىرەلمەپتۇ. قورغاندىكىلەر قورغاندىن يىراقراق يەرگە روبرو چىقىپتۇ، بىراق، ئازراق چىقىپتۇ. دۈشمەن كۈچلۈك كېلىپ، ئۇلارنى قاچۇرۇپتۇ. سەنگەرخان جەنجۇھە شۇ يەردە شېھىت بولۇپتۇ.

غوۋغادا كەتتەبەگ ساۋۇتسىزلا چىقىپتۇ، بىر كاپىرنى ئاتتىن يىقىتىپ قولغا چۈشۈرۈدىغان چاغدا، ئۇ كەتتەبەگنىڭ بىر ئادىمىنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ، كەتتەبەگنىڭ مۆرىسىگە چېپىپتۇ. كەتتە بەگ كۆپ جاپا تارتتى، راناسەنگا ئۇرۇشىغىمۇ كېلەلمىدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن بىر ئاز ياخشى بولدى. لېكىن ئازراق مېيىپ بولۇپتۇ.

قىسمىتاي، شاھ مەنسۇر بارلاس ۋە باشقا بىيانەدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قورقۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى باشقىلارنى قورقۇتماقچى بولغانلىقىدىنمۇ، ئىش قىلىپ، كاپىر چېرىكىنىڭ جاسارىتىنى بەك ماختاپ كەتتى. سەپەرگە ئاتلانغان يۇرتتىن قاسىم مىراخورنى ئىستىھكامچىلار بىللەن بىللە مەدھاكۇر پەرگەنەسىگە بېرىپ، ئوردۇ چۈشىدىغان يەرگە نۇرغۇن قۇدۇق قازدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتۇق. جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون تۆتى — شەنبە كۈنى ئەگرە تەۋەسىدىن كۆچۈپ، قۇدۇقلار قېزىلغان يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. (310) ئەتىسى بۇ يەردىن كۆچتۇق. بۇ تەۋەدە سۇ مول ۋە ئوردۇغا لايىق يەر سىكرى ئىكەنلىكىنى، كاپىرلارنىڭمۇ بۇ يەرنى ئىشغال قىلىشقا كېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، چېرىكنى ئوڭ قانات، سول قانات ۋە غول بويىچە تەشكىللەپ ماڭدۇق. دەرۋىش مۇھەممەد ساربان بىلەن قىسمىتاي بىيانەگە بېرىپ-كېلىپ يۈرۈپ، بۇ يەرنىڭ يەر-سۈيى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ئۇلارنى سىكرى كۆلىنىڭ ياقىسىدىن ئوردۇ چۈشىدىغان يەر بەلگىلەش ئۈچۈن ئالدىدا ماڭدۇردۇق. بىز كېلىپ بەلگىلەنگەن يەرگە چۈشۈپلا، مەھدى خوجا ۋە بىيانەدىكىلەرگە دەرھال كېلىپ بىزگە قوشۇلۇڭلار، دەپ ئادەم چاپتۇردۇق. ھۇمايۇننىڭ نۆكىرى بەگ مىرەك موغۇل بىرقانچە يىگىت بىللەن بىللە كاپىرلاردىن خەۋەر ئېلىشقا ماڭدۇرۇلدى. ئۇلار

كېچىچە بېرىپ، ئەتىسى سەھەر دۈشمەننىڭ بۇساۋەردىن بىر كۈرۈھ ئىلگىرىلەپ قارارگاھ قۇرغانلىقىنى بىلىپ كەلدى. شۇ كۈنى مەھدى خوجا بىلەن مۇھەممەد سۇلتان مىرزا ۋە بىيانەگە بارغان ئىلغارلار كېلىپ بىزگە قوشۇلدى.

بەگلەر نۆۋەت بىلەن قاراۋۇللۇققا ماڭدۇرۇلۇپ تۇردى. ئابدۇلئەزىز قاراۋۇللۇق نۆۋىتىدە ئالدى-كەينىنى مۇلاھىزە قىلمايلا، توپتوغرا سىكرىدىن بەش كۈرۈھ كېلىدىغان كانۋەھەگە باردۇ. كاپىرلار ئىلگىرىگە كۆچكەنىكەن، بۇلارنىڭ مۇنداق ئات چاپتۇرۇپ بارغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن تۆت-بەش مىڭ ئادەم روبرو كېلىدۇ. ئابدۇلئەزىز بىلەن موللا ئاپاقنىڭ يېنىدا مىڭ-مىڭ بەشيۈزچە ئادەم بار ئىدى. (ب 310) دۈشمەن چېرىكىنىڭ سانى بىلەن ھېسابلاشمايلا، بۇلارمۇ جەڭگە كىرىدۇ. لېكىن ساندا كۆپ چېرىكنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن قاچىدۇ، بۇ خەۋەر بىزگە كەلگەندىن كېيىن، دەرھال مۇھىب ئەلى خەلىفىنى نۆكەرلىرى بىلەن ئۇ يەرگە ئەۋەتتۇق. موللا ھۆسەيىن ۋە باشقىلارنى كەينى-كەينىدىن ئۇلارغا ياردەمگە ئەۋەتتۇق. كەينىدىن مۇھەممەد جەڭ-جەڭنىمۇ ئەۋەتتۇق. مۇھىب ئەلى يېتىپ بارغۇچە، دۈشمەن ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرنى قاچۇرۇپ، تۇغىنى ئېلىپ، موللا نېئمەتنى، موللا داۋۇدنى، موللا ئاپاقنىڭ ئىنىسىنى ۋە باشقا بىرنەچچە ئادەمنى تۇتۇپ شېھىت قىلدى. بۇلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مۇھىب ئەلىنىڭ تاغىسى تاھىر تەبەرى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ياردەمچىلەر يېتىپ بارمىغانلىقتىن، تاھىرنى شۇئانلا قولغا چۈشۈرىدۇ. مۇھىب ئەلىمۇ ئۇرۇش ئەسناسىدا يىقىلىدۇ. بالتۇ يان تەرەپتىن كىرىپ مۇھىب ئەلىنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىدۇ. دۈشمەن بۇلارنى بىر كۈرۈھ يەرگىچە قوغلايدۇ، پەقەت

مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندىلا توختايدۇ.

بىزگە دۈشمەننىڭ يېقىنلاشقانلىقى توغرۇلۇق كەينى-كەينىلەپ خەۋەر كەلدى. ساۋۇت كىيىپ، ئاتلارغا كىجىم يېپىپ، قوراللىنىپ تېز يۈرۈش قىلدۇق. ھارۋىلارنى سۆرەپ كېلىشكە بۇيرۇق بەردىم. بىر كۈرۈھچە ئىلگىرىلىدۇق. دۈشمەن ئادەملىرى يانغانكەن. يېنىمىزدا چوڭ كۆل بار ئىدى. سۇ بار دەپ شۇ يەرگە چۈشتۇق. ھارۋىلارنى ئالدى تەرەپكە قويۇپ، ئۇلارنى زەنجىر بىلەن بىر-بىرىگە چاتتۇق. ھەر ئىككى ھارۋىنىڭ ئارىلىقى يەتتە-سەككىز قارى بولۇپ، بۇ ئارىلىققا زەنجىر تارتىلاتتى. مۇستافا رۇمى رۇم (311) ئۇسۇلىدا ھارۋا ياسىغانىدى، ئىنتايىن يەڭگىل، يارامىلىق ھەم ياخشى ھارۋىلار ئىدى. ئۇستاد ئەلى قۇلى زىت مۇئامىلىدە بولغىنى ئۈچۈن، مۇستافا ئوڭ قاناتقا—ھۇمايۇننىڭ قېشىغا تەيىنلەنگەنىدى. ھارۋا يېتىشمىگەن يەرلەرگە خۇراسانلىق ۋە ھىندىستانلىق ئىستىھكامچىلارنى بۇيرۇپ خەندەك قازدۇردۇق. بۇ كاپىرلارنىڭ مۇنچە تېز كېلىشى، بىيانەدە بولغان ئۇرۇش ئەھۋالى ھەم شاھ مەنسۇر، قىسمەتاي ۋە باشقا بىيانەدىن كەلگەنلەرنىڭ ماختاشلىرى سەۋەبىدىن جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتى تۆۋەنلىمەكتە ئىدى. ئابدۇلئەزىزنىڭ مەغلۇبىيىتى بۇ كەيپىياتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. كىشىلەردىكى ئەندىشىنى تۈگىتىش ۋە چېرىكنىڭ ئىستىھكام ھازىرلىقى ئۈچۈن، ھارۋا يەتمىگەن يەرلەرگە يەتتە-سەككىز قارى ئارىلىق قويغان ھالدا سەھپايەلەر ① ئورنىتىلىپ، ئارىلىقلىرىغا ئۇي تېرىسىدىن ئىشلىگەن ئارغامچىلار تارتىلدى.

بۇ ھازىرلىقلار تامام بولغۇچە يىگىرمە-يىگىرمە بەش كۈن

① سەھپايە — ئۈچ پۇتلۇق تۆۋرۈك.

ۋاقت ئۆتتى. بۇ ئارىلىقتا كابۇلدىن سۇلتان ھۆسەين مىرزىنىڭ نەۋرىسى قاسىم ھۆسەين سۇلتان، ئەھمەد يۇسۇف، سەيىد يۇسۇف، قىۋام ئوردۇشاھ ۋە ئۇ يەر-بۇ يەردىن توپلانغانلار بولۇپ بەش يۈزچە ئادەم كەلدى. مۇھەممەد شەرىف مۇنەججىم دېگەن شۇم نەپەسمۇ بۇلار بىلەن بىللە كەلدى. كابۇلغا شاراب ئەكىلىش ئۈچۈن كەتكەن بابا دوست سۇچىمۇ غەزنىنىڭ ياخشى شارابلىرىدىن ئۈچ قاتار (ب 311) تۆگىگە يۈكلەپ، بۇلار بىلەن بىللە كەلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ئۆتكەن ئىشلار ۋە سۆز-چۆچەكلەر سەۋەبىدىن جەڭچىلەر ۋەھىمە چېكىپ تۇرغان بىر مەزگىلدە مۇھەممەد شەرىف مۇنەججىم دېگەن شۇم نەپەس ماڭا پايدىلىق بىرەر سۆزنى ئېيتمايلا قالماستىن، كىمنى كۆرسە، بۇ كۈنلەردە مىرىخ يۇلتۇزىنىڭ غەرب تەرەپتە تۇرغانلىقىنى ۋە بۇ تەرەپتە ئۇرۇش قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى سۆزلىگىلى تۇردى. بۇنىڭ مۇشۇنداق شۇم نەپەس سۆزلىرى جاسارەتسىزلىنىپ تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ سۇندۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئۆسەك سۆزلىرىگە كوش قىلماي، قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى تۈگەتمەيلا، ئۇرۇش ھازىرلىقىغا ھىممەت، سەپ تۈزۈشكە غەيرەت قىلدۇق.

ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى—يەكشەنبە كۈنى شەيخ جەمالنى ميان دۇئاب ئوقچىلىرىدىن ۋە دېھلىدىن توپلىيالىغىنىچە چېرىك توپلاپ، دۈشمەننى ئۇ تەرەپتىن ئەنسىرىتىش ئۈچۈن، مىۋات يېزىلىرىنى بۇلاپ-تالاپ، قولدىن كەلگەننى قىلىش تاپشۇرۇقى بىلەن ماڭدۇردۇق. كابۇلدىن كېلىۋاتقان موللا تۈرك ئەلىگە شەيخ جەمالغا قوشۇلۇپ،

مۇۋاتنى چاپقۇن قىلىش ۋە دۈشمەننى پەرىشان قىلىشتا زادى ئىككىلەنمەسلىك بۇيرۇقى بېرىلدى. مەغفۇر دىۋانىغمۇ شۇنداق بۇيرۇق بېرىلدى. بۇلار بېرىپ، مۇۋاتنىڭ ياقا يېزىلىرىدىن بىرقانچىسىنى چاپقۇن قىلىپ، ئەسىرلەرنى تۇتۇپتۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنگە ئانچە تەھلىكە چۈشمىدى.

جەمادىيەلئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە ئۈچى — دۈشەنبە كۈنى (312) ئەتراپىنى ئارىلاپ كېلىشكە ئاتلاندىم، ئارىلاش ئەسناسىدا ئۆزۈمنىڭ تۇۋا قىلىش تەرەددۇتىدا يۈرگىنىم ھەم گۇناھلىق ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىمدىن دائىم كۆڭلۈم غۇبار بولۇپ كېلىۋاتقىنى ئېسىمگە چۈشتى. دېدىمكى، ئەي نەپس.

چەند باشى زى مەئاسى مەزەكەش،
تەۋبە ھەم بىمەزە نىست بى چەش.
نېچە ئىسيان بىلە ئالۇدەلىغىڭ،
نېچە ھىرمان ئارا ئاسۇدەلىغىڭ
نېچە نەفسىڭغە بولۇرسېن تابىئ،
نېچە ئۆمرۈڭنى قىلۇرسېن زايىئ.
نىيەتى غەزۋ ئىلەكىم يۈرۈپسېن،
ئۆلمەكىڭنى ئۆزۈڭگە كۆرۈپسېن.
كىمكى ئۆلمەك ئۆزىگە جەزم ئېتەر،
ئۇشبۇ ھالەتتە بىلۇرسېن نېتەر.
دۇر ئېتەر جۇملە مەناھىدىن ئۆزىن،
ئەرتۇر بارچە گۇناھىدىن ئۆزىن.
خۇش قىلىپ بۇ كېچمەكلىكدىن،
تۆۋبە قىلدىم چاغىر ئىچمەكلىكدىن.

ئالتۇن ۋە نەقرە سۇراھى ۋە ئاياق،
مەجلىس ئالاتى تەمامىن ئول چاق.
ھازىر ئەيلەب بارىنى سىندۇردۇم،
تەرك ئېتىپ مەينى كۆڭلىنى تىندۇردۇم.

(قاچانغىچە گۇناھلاردىن زوقلىنىپ يۈرسەن، توۋا مەززىسىز ئەمەس، ئۇنىمۇ تېپىپ باق. قاچانغىچە ئىسياندا بۇلغىنىسەن، قاچانغىچە مەھرۇملۇق ئىچىدە راھەتلىنىسەن. قاچانغىچە نەپسىڭنىڭ ئىلكىدە بولىسەن، قاچانغىچە ئۆمرۈڭنى زايە قىلىسەن. غازات نىيىتى بىلەن يۈرۈۋاتىسەن، ئۆلۈمنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ يۈرسەن. ئۆلۈشكە بەل باغلىغان كىشىنىڭ نېمە قىلىشنى ئۆزۈڭ بىلسەن: ئۆزىنى بارلىق ھاراملاردىن يىراق تۇتىدۇ، ئۆزىنى بارلىق گۇناھلاردىن تازىلايدۇ. ئۆز ئادەملىرىنى بۇ كېچىشتىن خۇش قىلىپ، شاراب ئىچىشتىن توۋا قىلدىم. ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان سۇراھى① ئاياق قاتارلىق ئۇلتۇرۇش ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ زامان يىغىپ سۇندۇردۇم، مەينى تەرك ئېتىپ كۆڭلۈمنى تىندۇردۇم)

بۇ سۇندۇرۇلغان قاچا پارچىلىرى لايىق كىشىلەرگە ۋە دەرۋىشلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلدى. بۇ توۋا قىلىشتا ماڭا ئەگەشكەن بىرىنچى ئادەم ئەسەس بولدى. ساقال قويۇشتىمۇ شۇ قوشۇلغانىدى. شۇ كېچىسى ۋە ئەتىسى بەگلەر، ئىچكىلەر، سىپاھىيلار ۋە سىپاھىي بولمىغانلاردىن بولۇپ ئۈچ يۈزگە (ب 312) يېقىن ئادەم توۋا قىلدى. بار شارابلارنى تۆكتۈردۇق، دوست ئەلى ئېلىپ كەلگەن شارابقا تۇز قۇيۇپ، ئۇنى سىركە قىلىشقا بۇيرۇق بەردۇق. شاراب تۆكۈلگەن يەرگە چوڭ بىرۋايىن قازدۇرۇلدى. بۇ ۋايىننى تاش

---

① سۇراھى — ئېگىز ئاياغلىق قەدەھ.

بىلەن قوپارتىپ، يېڭىغا ساخاۋەتخانا سالدۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. 935 - يىلى ① مۇھەررەم ئېيىدا بىرىپ گوۋالىيارنى ئارىلىدىم، يانغاندا دۇلپۇردىن سىكرىگە كەلدىم. بۇ ۋاقىت تامام بولغانىدى. سەنگا كاپىر ئۈستىدىن غەلىبە قىلسام، مۇسۇلمانلاردىن تامغا بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشنى بۇرۇنلا نىيەت قىلغانىدىم، توۋا ئەسناسىدا دەرۋىش مۇھەممەد ساربان بىلەن شەيخ زەين باج كەچۈرۈمنى يادىمغا سالدى. «يادىمغا سالغىنىڭلار ياخشى بولدى» دېدىم ۋە قولىمىزدىكى ۋىلايەتلەردە بولغان مۇسۇلمانلاردىن تامغا بېجى سېلىقى كەچۈرۈم قىلىندى. مۇنشىلارنى چاقىرىپ، ۋاقىئە بولغان بۇ ئىككى ئىشنىڭ جاكاسى ئۈچۈن پەرمانلار پۈتۈلۈشنى بۇيرۇدۇم. شەيخ زەيننىڭ ئىنشاسى بىلەن پەرمانلار پۈتۈلۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئەۋەتىلدى. بۇ ئىنشا تۆۋەندىكىچە:

(زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ پەرمانى ②

«نحمد توابا يحب التوابين ويحب المتطهرين و نشكر وهابا يهدى المذنبين و يغفرالمستغفرين و نصلى على خيرخلقه محمد و اله الطيبين وصحبة الطاهرين» (توۋا قىلغانلارنى ۋە ساپلارنى سۆيگەن توۋا قوبۇل قىلغۇچىغا ھەمد ئوقۇيمىز. گۇناھكارلارغا توغرا يول كۆرسەتكەن ۋە مەغپىرەت ئىزدىگەنلەرنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلغان بېغىشلىغۇچىغا شۈكۈر ئېيتىمىز. ياراتقانلىرىنىڭ ئەڭ خەيرلىكى مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ساپ ئەۋلادىغا ۋە پاك ساھابىلىرىگە ئاللادىن رەھمەت تىلەيمىز)

سەۋەبلەر سۈرىتى ئىنكاسىنىڭ توپلىنىش ئورنى ۋە ساداقەت، توغرۇلۇق ئۈنچىلىرى نەقىشىنىڭ خەزىنىسى بولغان ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ

---

① مىلادىيە 1528 — 1529 - يىللار ئارىلىقى.

② بۇ پەرمان پارسچە يېزىلغان.

پىكىر ئەينىكى شۇ پىكىرنىڭ پارلاق جەۋھەرلىرىنىڭ (313) زىنىنىتىنى قوبۇل قىلىدۇ: ئىنسان تەبىئىتى ئۆزىنىڭ يارىتىلىشى بويىچە نەپسى لەززەتلىرىگە مايىلدۇر، زوق كەلتۈرگۈچى يىقىملىق نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش خۇدانىڭ تەۋفىق بېرىشىگە ۋە ساماۋىي بىر ياردەمگە باغلىقتۇر. ئىنسان يامانلىقتا يۈزلىنىشتىن يىراق ئەمەستۇر. «وماابرى نفسى ان النفس لامارة بالسوء» (نەپسىمنى ئاقلىمايمەن، چۈنكى نەپس يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ). ئۇنىڭدىن قايتىش پەقەت بېغىشلىغۇچى پادىشاھنىڭ ئىنايىتى بىلەنلا بولىدۇ. «وذلك فضل الله يوءتيه من يشاء و الله ذوالفضل العظيم» (بۇمۇ ئاللانىڭ كەرەمىدۇر، ئاللا ئۇنى خاھلىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئاللا بۈيۈك كەرەم ئىگىسىدۇر).

بۇ سۆزلەرنى ئىپادىلەش ۋە بۇ گەپلەرنى بايان قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، ئىنسانلىق تەقەززاسى، پادىشاھلار رەسىم-قائىدىسى، پادىشاھلىق لاۋازىمى، پادىشاھدىن تارتىپ سىپاھىيلارغىچە بولغان مەنسەپ ئېگىلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ياشلىق مەزگىلىدە بەزى گۇناھلار سادىر قىلىناتتى ۋە ئاز-تولا ھاۋايى-ھەۋەسلەر بىلەن شۇغۇللىنىلاتتى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ھەسرەت-نادامەت كۆڭۈللىرى كەلگەندە، بۇ گۇناھلىق ئىشلار بىر-بىرىدىن تەرك قىلىناتتى ۋە چىن توۋا ئارقىلىق بۇ ئىشلارغا قايتىش ئىشىكى يېپىلاتتى. لېكىن، بۇ مەقسەت بىلەن تەلەپ قىلىنغانلارنىڭ مۇھىمى ۋە ھېس قىلىنغان ئېھتىياجلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولغان شاراب توۋىسى «الامور مر هونة باوقاتها» (ھەر ئىش ئۆز ۋاقتىغا باغلىق) دېگەن پەردە كەينىگە بېكىنىپ، يۈزىنى كۆرسەتمەيتتى. زور غەيرەت بىلەن جىھاد ئىھرامىنى باغلاپ، شەۋكەتلىك ئىسلام لەشكىرى بىلەن

بىللە كاپىرلارغا قارشى جەڭگە كىرگەن بۇ مۇبارەك سائەتتە غايىب ئىلھامچى ۋە ھەقىقەت جارچىسىدىن «الم يان للذين آمنواان تخشع قلوبهم بذكرالله (ئىمان ئېيتقانلارنىڭ قەلبلىرى ئاللانى زىكر قىلىشى بىلەن بولىدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ) مەزمۇنىنى ئىشىتىپ، گۇناھ سەۋەبلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇش ئۈچۈن زور غەيرەت بىلەن توۋا ئىشىكىنى قاقتۇق. تەۋفىق رەھبىرى «من قرع بابا ولج ولج» (ئىشىكنى قاققان كىشى سەبىر قىلسا كىرىدۇ) (ب 313) مەزمۇنى بويىچە ئىقبال ئىشىكىنى ئاچتى ۋە بۇ جىھادنى نەپسكە قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولغان زور جىھاد بىلەن باشلاشنى بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، «ربنا ظالمنا انفسنا» (ئەي رەببىم، بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم سالدۇق)نى ئىخلاس تىلىغا كەلتۈرۈپ، «تبت اليك وانا اول المسلمين» (سېنىڭ ئالدىڭدا توۋا قىلدىم ۋە مەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچىسىمەن) دېگەن سۆزنى دىل لەۋھەسىگە نەقىش قىلدۇق. كۆڭۈل خەزىنىسىدە مەخپىي قالغان شاراب تۇۋىسىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇردۇق. زەپەر نىشانلىق خادىملار مۇبارەك ھۆكۈم يۈزىسىدىن كۆپلۈك ۋە كۆركەملىكتە يۈكسەك ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىغا ئوخشايدىغان، ئېسىل ئولتۇرۇشلارنىڭ بېزىكى بولغان ئالتۇن-كۈمۈش قەدەھ ۋە باشقا مەي قاچىلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، خۇدا بۇيرۇسا، بىز يېقىندا چېقىشقا مۇۋەپپەق بولىدىغان بۇتلارغا ئوخشاش پارە-پارە قىلىپ، ھەر پارچىسىنى پېقىر-مىسكىنلەرگە بەردى. قوبۇلى يېقىن بۇ توۋىنىڭ خاسىيىتى بىلەن يېقىنلارنىڭ كۆپچىلىكى «الناس على دين ملوكهم» (كىشىلەر پادىشاھلىرىنىڭ ئېتىقادىغا قارايدۇ) دېگەن تەلەپ بويىچە، شۇ ئولتۇرۇشتىلا توۋا شەرىپىگە نائىل بولدى ۋە شاراب

ئىچىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى. خۇدانىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىشىگە بويسۇنغانلار تېخىچىلا توپ-توپ بولۇپ، سائەتمۇسائەت بۇ سائادەتكە ئېرىشمەكتە. ئۈمىد شۇكى، «الدال على الخير كفاعله» (ياخشىلىققا يول كۆرسىتىش ياخشىلىق قىلغان بىلەن ئوخشاش) دېگەندەك، بۇ ئىشلارنىڭ ساۋابى خۇش بەخت پادىشاھىمىزنىڭ ھاياتىغا ئائىت بولغاي ۋە سائادەت بەركاتىدىن غەلىبىسى كۈندىن-كۈنگە ئارتقاي.

بۇ ئارزۇ ۋە بۇ ئەمىنىيەت تەلتۆكۈس ئاخىرىغا يەتكىنىدىن كېيىن، ئالەم بويسۇنۇشى لازىم بولغان پەرمان ئىجرا شەرىپىگە ئېرىشتىكى، تەۋەيىمىزدىكى مەملىكەتتە (خۇدا بۇ يەرلەرنى ئاپەت (314) ۋە خەۋپلەردىن ئامان قىلسۇن) ھېچبىر كىشى شاراب ئىچىشكە ئۇرۇنمىسۇن، ئۇنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشمىسۇن، شارابنى ئىشلىمىسۇن، ساتمىسۇن ۋە ئالمىسۇن، ئۆيدە ساقلىمىسۇن، بىر تەرەپكە ئېلىپ بارمىسۇن ۋە ئېلىپ كەلمىسۇن: «فاجتنبوه لعلكم تفلحون» (بۇنىڭدىن قېچىڭلار، بەلكىم نجات تاپارسىلەر).

بۇ غەلىبىلەرگە تەشەككۈر ۋە بۇ چىن تۇۋبىنىڭ قوبۇلىغا تەسەددۇق بولسۇن ئۈچۈن، پادىشاھلىقنىڭ مەردلىك دېڭىزى جۇش ئۇرۇپ، ئالەم مەمۇرلۇقىغا سەۋەب بولغان ۋە كىشىلىك ئابرويىنى ئاشۇرغان كەرەم دولقۇنلىرى زاھىر بولدى: پۈتۈن مەملىكەتتە بۇرۇنقى پادىشاھلار كىچىكتۈرمەي ئېلىپ كەلگەن ۋە ھەددىدىن ئارتۇق بولغان تامغا بېجى شەرىئەت قائىدىلىرىنىڭ سىرتىدا بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن قالدۇرۇلۇپ، پەرمان چىقتىكى، ھېچبىر شەھەر، قەسەبە، يول، ئۆتكەل ۋە بەندەرلەردە تامغا بېجى ئېلىنمىسۇن ۋە بۇ ئەمرنىڭ قائىدىلىرىنى

ئۆزگەرتىش كۆرۈلمىسۇن: «و من بدله بعد ماسمعه فانما اثمه على الذين يبدلونه» (كىمكى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنى ئۆزگەرتسە، گۇناھى شۇ ئۆزگەرتكۈچىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ).

پادىشاھنىڭ مېھرىبانلىقىغا سىغىنغان تۈرك، تاجىك، تاتار، ئەرەب، ئەجەم، ھىندى، پارسىي يۇقىرا ۋە سىپاھىي—پۈتۈن قوۋم، ھەممە ئىنسان بۇ ئەبەدىي ئىلتىپاتقا تايىنىپ ھەم ئۈمىد باغلاپ، ئەبەدىيلىككە بىرىككەن دۆلىتىمىزنىڭ دۇئاسى بىلەن مەشغۇل بولسۇن، بۇ ئەمرلەر ئىجراسىدىن تاشقىرى چىقمىسۇن ۋە بۇرالمىسۇن، پەرمانغا مۇۋاپىق ئىش ئېلىپ بارسۇن. بۇ ھۆكۈم ئۇلۇغ پادىشاھ ئىمزاسى بىلەن يېتىپ بارسا، ئۇنىڭغا مۇتلەق ئىشەنسۇن.

933-يىلى ① جەمادىيەلئەۋۋەل (ب 314) ئېيىنىڭ يىگىرمە تۆتىدە ئالىي ئەمىر بويىچە پۈتۈلدى. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنى يۈكسەلدۈرسۇن ۋە نوپۇزىنى مەڭگۈلۈك قىلسۇن.

ئۇ كۈنلەردە، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، چوڭ-كىچىك ھەممىيلەندە تەشۋىش ۋە ئەندىشە كۆپ ئىدى. ھېچكىمدىن بىرەر مەردانە سۆز ۋە باتۇرانە پىكىر ئىشتىلمەيتتى. ۋەقەلەرنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم بولغان ۋەزىرلەرنىڭ ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل بولغان ئەمىرلەرنىڭ سۆزلىرى مەردانە بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىمۇ، تەدبىر ۋە تەكلىپلەردىمۇ جاسارەت يوق ئىدى. بۇ يۈرۈشتە خەلقنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولدى. ئىنتىزام ۋە نىزام بويىچە غەيرەت ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتە كەمچىلىك ئۆتكۈزمىدى.

---

① مىلادىيە 1525-يىلى.

ئاخىر، كىشلەردىكى بۇ خىل جۇرئەتسىزلىكنى بىلىپ ۋە بۇ خىل سۇسلۇقنى كۆرۈپ، بىر تەدبىرنى ئويلاپ تاپتىم-دە، بارلىق بەگلەر بىلەن يىگىتلەرنى چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدىم:

«ھەي بەگلەر ۋە يىگىتلەر،

ھەركى ئامەد بەجەھان ئەھلى فەن خاھەد بۇد،
ئان كى پايەندەۋۇ باقىست خۇدا خاھەد بۇد.

(دۇنياغا كەلگەن ھەممە كىشى ئۆلىدۇ، قالىدىغىنى ۋە مەڭگۈلۈك بولىدىغىنى خۇدادۇر)

ھەركىمكى ھەيات مەجلىسغە كىرىبتۇر،
ئاقىبەت ئەجەل پەيمانىسىدىن ئىچكۇسىدۇر.
ھەركىم تىرىكلىك مەنزىلغە كېلىبتۇر،
ئاخىر دۇنيا غەمخانەسىدىن كېچكۇسىدۇر.

(ھايات ئولتۇرۇشىغا كىرگەن ھەر كىشى ئاخىر ئەجەل شارابىنى ئىچىدۇ. تىرىكلىك مەنزىلىگە كەلگەن ھەر كىشى ئاخىر بۇ دۇنيا غەمخانىسىدىن كېچىدۇ.) يامان نام بىلەن ياشىغىچە، ياخشى نام بىلەن ئۆلگەن ياخشى.

بەنامى نىكۇ گەر بىمىرەم رەۋاست،
مەرانام بايەدكى تەن مەرگراست.

(ياخشى نام بىلەن ئۆلسەم نېمىدېگەن ياخشى؛ ماڭا نام، كېرەك، چۈنكى تەن ئۆلىدۇ)

تەڭرى تەئالا بىزگە شۇنداق بىر سائادەتنى نېسىپ قىلىپتۇ ۋە شۇنداق بىر دۆلەتنى بېرىپتۇكى، ئۆلگەن شېھىت، ئۆلتۈرگەن غازى بولىدۇ. ھەممىمىز تەڭرى كالامى بىلەن (315) قەسەم قىلىشىمىز كېرەككى، ھېچكىم بۇ جەڭدىن يۈز ئۆرۈشنى خىيال قىلمىسۇن ۋە

تېنىدىن جېنى ئايرىلمىغۇچە بۇ جەڭدىن ئايرىلمىسۇن» دېدىم.
بەگ ۋە نۆكەر، چوڭ ۋە كىچىك ھەممە يىلەن رىغبەت بىلەن قۇرئاننى قوللىرىغا ئېلىپ، مۇشۇ مەزمۇندا ئەھدە-شەرت قىلدى. بۇ تەدبىر ياخشى بولدى. يىراق-يېقىندىكى دوست-دۈشمەن كۆرسە ۋە ئاڭلىسىمۇ ياخشى ئىدى.
شۇ كۈنلەردە تۇشمۇتۇشتا پىتنە-پاسات ئەۋج ئالدى. ھۆسەين خان نۇھانى رابىرىنى ئىشغال قىلدى. قۇتۇب خاننىڭ ئادەملىرى، چەندۋارنى ئالدى. رۇستەمخان دېگەن بىر ئەبلەخ مىيان دۇئاب ئۇوقچىلىرىنى توپلاپ كېلىپ كۆلنى ئالدى ۋە كىچىك ئەلنى ئەسىرگە چۈشۈردى. زاھىد سەنبەلنى تاشلاپ چىقتى. سۇلتان مۇھەممەد دولداي قەنۇجنى تاشلاپ كەلدى. گۇۋالىيارنى گۇۋالىيارلىق كاپىرلار كېلىپ مۇھاسىرە قىلدى. گۇۋالىيارغا ياردەمگە ئەۋەتىلگەن ئالەمخان گۇۋالىيارغا بارماي، ئۆز ۋىلايىتىگە كەتتى. ھەر كۈنى ھەر تەرەپتىن بىر ناخۇش خەۋەر كېلەتتى. ھىندىستانلىقلاردىن بەزىلىرى چېرىكتىن قېچىشقا باشلىدى. ھەيبەتخان كەركەنداز قېچىپ سەنبەلگە كەتتى. ھەسەن خان بارىۋال قېچىپ كاپىرلارغا قوشۇلدى.
بىز بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلماي، ئالغا قاراپ مېڭىۋەردۇق. ھارۋىلار، چاقلىق سەھپايەلەر ۋە باشقا ئەسۋابلار تەييار بولۇشى بىلەن، جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ توققۇزى—سەيشەنبە (ب 315)، نورۇز كۈنى كۆچتۇق. ئوڭ قانات، سول قانات ۋە غول قىسىملىرى بويىچە سەپ تۈزۈپ، ئالدىمىزدا ھارۋا ۋە چاقلىق سەھپايەلەرنى ماڭدۇردۇق. بۇلارنىڭ ئارقىسىغا بارلىق تۆفەڭچىلەر بىلەن ئۇستاد ئەلى قۇلى تەيىنلەندى. پىيادىلەر بۇلاردىن ئايرىلماي ھارۋىلارنىڭ

كەينىدىن سەپ بويىچە مېڭىشقا بەلگىلەندى. سەپلەر ئۆز ئورۇنلىرىنى تاپقاندىن كېيىن، ھەممە سەپلەرگە تېز يۈرۈپ يېتىشىپ، ئوڭ قانات، سول قانات ۋە غول قىسىملىرىدىكى بەگ، يىگىت ۋە سىپاھىيلارغا رىغبەت بېرىپ، ھەرقايسى قىسىملارنىڭ قەيەردە تۇرۇشى ۋە قانداق شەكىلدە مېڭىشىنى تەيىنلەپ بەردىم. مۇشۇ يوسۇندا بىر كۈرۈھچە يول مېڭىپ قارارگاھ قۇردۇق. كاپىرلارمۇ خەۋەردار بولۇپ، ئۇدۇلدىن بۆلەك-بۆلەك سەپ تۈزۈپ كەلدى. ئوردۇ چۈشكەندىن كېيىن، ئوردۇنىڭ ئەتراپى ھارۋا ۋە خەندەكلەر بىلەن مۇستەھكەم قىلىندى.

ئۇ كۈنى ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوق ئىدى، شۇڭا ئاز ساندىكى يىگىتلەر ئىلگىرىلەپ بېرىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ تەلەي سىناشتى. ئۇلار بىرنەچچە كاپىرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ كەلدى. مەلىك قاسىممۇ بىرنەچچە باش كېسىپ ئېلىپ كەلدى. مەلىك قاسىم ياخشى ئېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن چېرىك ئىنتايىن رىغبەتلەندى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچ ئاشتى. ئۇلاردا باشقىچە بىر روھ پەيدا بولدى. ئەتىسى كۆچۈپ ئۇرۇش قىلىش خىيالىمىز بار ئىدى، لېكىن خەلىفە بىلەن باشقا بەزى سادىق كىشىلەر (316) بارىدىغان يېرىمىز يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇ يەرنى خەندەكلەر بىلەن مۇستەھكەملەپ ئاندىن كۆچسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. خەندەك ئىشى ئۈچۈن، خەلىفە ئۇ يەرگە بېرىپ، خەندەك قېزىلىدىغان يەرلەرنى ئىستىھكامچىلارغا كۆرسىتىپ بېرىپ، مەسئۇللارنى بەلگىلەپ قويۇپ كەلدى.

جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئون ئۈچى-شەنبە كۈنى ھارۋىلارنى ئالدىمىزدا ماڭدۇرۇپ، ئوڭ قانات، سول قانات غول قىسىملىرى

بويچە سەپ تارتىپ بىر كۇرۇھقا يىغىن يول مېڭىپ، بەلگىلەنگەن قارارگاھقا كېلىپ چۈشتۇق، بەزى چېدىرلار تىكىلىپتۇ، بەزىلىرى تىكىلمەكتە ئىكەن. دۈشمەن سەپلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. دەرھال ئاتلىنىپ، ئوڭ قانات ۋە سول قانات قىسىملىرىنىڭ ئۆز جايلىرىغا بېرىپ، ھارۋىلار بىلەن ئۆز سەپلىرىنى مۇنتىزىم قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردىم.

ئىسلام چېرىكىنىڭ ئەھۋالى ۋە كاپىرلار گۇرۇھىنىڭ سانى، سەپلەرنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئىسلام ئەھلى بىلەن كۇپپار ئەھلىنىڭ ئۇرۇشلىرىنى تولۇق مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، شەيخ زەين ئىنشاسىدىكى بۇ فەتھنامىنى ئەينەن كەلتۈرىمىز: ①

[زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر غازىنىڭ پەرمانى

(317) ئىسلامىيەت تايانچى بولغان چېرىكىمىزنىڭ قىلىچلىرى ھىندىستان مەملىكىتىنى غەلىبە نۇرلىرى بىلەن يورۇتقاندا، تەۋفىقى ئىلاھى غەلىبە نىشانىسى بولغان بايراقلىرىمىزنى دېھلى، ئەگرە، جۇنپۇر، خەرد، بەھار ۋە باشقا ئۆلكىلەردە لەپىلدەتتى. مۇسۇلمان ۋە كاپىر قوۋملەرنىڭ كۆپچىلىكى پارلاق ئىقباللىق پادىشاھىمىزغا ئىتائەت قىلىپ، ساداقەت ۋە ئىخلاس قەدەملىرى بىلەن قۇللۇق يولىغا كىردى.

ئەمما، بۇرۇن ئىتائەت ۋەدىسىنى بەرگەن كاپىر راناسەنگا ئەمدىلىكتە خۇددى شەيتانغا ئوخشاش بويۇن تولغاپ، قاتاردىن چىققان سىپاھىيلارنىڭ كاتتىبېشى سۈپىتىدە، بوينىغا لەنەت زۇننارى ئېسىلغان تائىپىلەرنىڭ توپلىنىشىغا سەۋەب بولدى. (ب 317)

---

① بۇ فەتھنامە پارس تىلىدا يېزىلغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنىلا تەرجىمە قىلدۇق.

بۇ كەڭ دىيارنىڭ دېھلى سۇلتانى، گۇجەرات سۇلتانى، ماندۇ سۇلتانى قاتارلىق بارلىق سۇلتانلىرى باشقا كاپىرلارنىڭ بىرلىكى بولمىغانلىقىدىن بۇ نائەھلى بىلەن قارشىلىششقا ئاجىزلىق قىلاتتى ۋە تۈرلۈك-تۈرلۈك ھىيلىلەر بىلەن مادارا مۇناسىۋىتىدە بولاتتى. كۇپپارلار بايرىقى تەخمىنەن ئىككى يۈزچە ئىسلام شەھىرىدە لەپىلدىمەكتە ئىدى. ئۇلار خانىقا ۋە مەسچىتلەرنى خاراب قىلىپ، ئۇ يەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلاد ۋە خوتۇنلىرىنى ئەسىرگە ئالغانىدى. ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ھىندىستاننىڭ بىر لەك ۋىلايەتنى يۈز ئاتلىق چېرىك، بىر كۇرۇرنى ئون مىڭ ئاتلىق چېرىك ھىسابلاشتىن ئىبارەت ئىزچىل قائىدىسى بويىچە، بۇ كاپىرلار كاتتىبېشىنىڭ ئىدارىسىدىكى ئون كۇرۇر ۋىلايەتتىن بىر لەك ئاتلىق چېرىك يىغىشقا بولاتتى. بۇ مەزگىللەردە ھېچقانداق ئۇرۇشتا ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەن مەشھۇر كاپىرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىسلام چېرىكىگە بولغان دۈشمەنلىك سەۋەبىدىن بۇ كاپىرنىڭ نەس باسقان چېرىكىگە قوشۇلدى.

ئىش شۇ دەرىجىگە باردىكى، ئون مۇستەقىل ھاكىمنىڭ ھەربىرى خۇددى تۇتۇنگە ئوخشاش بويسۇنماسلىق مەيدانىدا تۇردى ۋە ھەربىرى بىر يەردە كاپىرلار تۇپلىرىنىڭ بىرىگە كاتتىباش بولۇپ، ئۇ مۇناپىق كاپىرغا خۇددى زەنجىردەك تۇتىشىپ كەتتى. (318) يامانلىق بايرىقىنى كۆتۈرگەن بۇ ئون كاپىر نۇرغۇن پۇقرا بىلەن چېرىككە ۋە كەڭ پەرگەنەلەرگە ئىگە ئىدى. بۇلاردىن سالاھىددىن ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق چېرىككە، راۋەل ئۇدى سىنگ ناگېرى ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق چېرىككە، مىدنى راۋ ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق چېرىككە، ھەسەنخان مىۋاتى ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق چېرىككە،

بارمەل ئىدەرى تۆت مىڭ ئاتلىق چېرىككە، نەرپەت هارە يەتتە مىڭ ئاتلىق چېرىككە، سەتەرۋى كەجى ئالتە مىڭ ئاتلىق چېرىككە، دىرىم دىۋ تۆت مىڭ ئاتلىق چېرىككە، بىر سىنگ دىۋ تۆت مىڭ ئاتلىق چېرىككە ئىگە ئىدى. سۇلتان ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى مەھمۇدخانمۇ ۋىلايەت ۋە پەرگەنەسىنىڭ يوقلىقىغا قارىماي، سەردار بولۇش ئۈمىدى بىلەن ئون مىڭ ئاتلىق چېرىك توپلىغانىدى. بۇ گۇرۇھ هىندىستاننىڭ ۋىلايەت ۋە پەرگەنە قائىدىسى بويىچە ئىككى لەك ۋە بىر مىڭ ئاتلىق چېرىك ئىدى. (ب 318)

933-يىلى ① جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئون ئۈچى-شەنبە كۈنى بىيانەگە قاراشلىق كانۋا تەۋەسىدىكى ئىككى تەرىپىدىن دۆشمەنلىرى بىلەن تولغان تاغلىق يەرگە غەلىبە ئىقباللىق ئىسلام لەشكىرىنىڭ چېدىرلىرى تىكىلدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ دەبدەبىسى مەلئۇن كاپىرلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىش بىلەن، بۇ دۆشمەنلەر تاغ سۇرەتلىك ۋە دىۋە سۈپەتلىك پىللارنى ئۆزلىرىگە تايانچ قىلىپ، ھەممىسى بىر كۆڭۈل-بىرنىيەتتە نەس باسقان لەشكىرىنى تەرتىپكە سالدى ۋە جەڭ قىلىش نىيىتى بىلەن غالىب ئىسلام لەشكىرىگە قارشى كەلدى.

شىجائەت بېغىنىڭ دەرەخلىرى بولغان ئىسلام غازىلىرى شەمشاد سۈپەت سەپلەرنى تۈزۈپ (319) قۇياشتەك پارلاق ۋە شەمشادتەك ھەيۋەتلىك نەيزىلىرىنى خۇددى ئاللا يولىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ قەلبىدەك يۇكسەكلىككە كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ سەپلىرى ئىسكەندەر سېپىلىدەك چىڭ ۋە پەيغەمبەر شەرىئىتىنىڭ يولىدەك مۇستەھكەم ئىدى.

① مىلادىيە 1526 — 1527-يىللار ئارىلىقى.

ئېھتىيات يۈزىسىدىن، خۇددى رۇم غازىلىرىدەك، چېرىكلەرنىڭ ئالدىدىكى تۆفەڭچىلەر بىلەن توپچىلارنىڭ ئالدىغا مۇداپىئە ئۈچۈن بىر قاتار ھارۋا قويۇلۇپ، ئۇلار زەنجىر بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلدى. بۇ سەپ ۋە ئۇستىھكامنىڭ قۇرۇلۇشىدا نىزامىددىن ئەلى خەلىفە زور ئىجتىھاد كۆرسەتتى.

پادىشاھنىڭ ئورنى غولدا تەسىس قىلىنغانىدى. (ب 319) غولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چىن تېمۇر سۇلتان، سۇلەيمان شاھ، خوجا كەمالىددىن دوست خاۋەند، يۇنۇس ئەلى، شاھ مەنسۇر بارلاس، دەرۋىش مۇھەممەد ساربان، ئابدۇللا كىتابدار، دوست ئىشىك ئاغالار تېگىشلىك ئورۇنلارغا قويۇلغانىدى.

غولنىڭ سول تەرىپىدە سۇلتان ئەلائىددىن ئالەم خان بىننى سۇلتان بەھلۇل لۇدى، شەيخ زەيىن خافى، مۇھىب ئەلى، مەرھۇم قۇچ ئەھمەدنىڭ قېرىندىشى تۇردى بەگ (320)، مەرھۇم قۇچ بەگنىڭ ئوغلى ئارايىش خان، ھۆسەيىن ۋە دىۋان مەمۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى بەلگىلەنگەن يەرلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقانىدى.

ئوڭ قاناتتا مۇھەممەد ھۇمايۇن باتۇر ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قاسىم ھۆسەيىن سۇلتان، ئەخمەد يۇسۇف ئوغلاقچى، ھىندۇبەگ قەۋچىن، خۇسرەۋ كۆكەلداش، قىۋام بەگ ئوردۇشاھ، ۋەلى خازەن قاراقۇزى، پىرقۇلى سىستانىي، پەھلىۋان بەدەخشى، ئابدۇششۇكۇر، ئىراق ئەلچىسى سۇلەيمان ئاغا (ب 320)، سىستان ئەلچىسى ھۆسەيىن ئاغا؛ سول تەرىپىدە بولسا، مىرھەمە، مۇھەممەدى كۆكەلداش، خاجىگى ئەسەدجاندارلار بار ئىدى.

ئوڭ قاناتتا ھىند ئەمىرلەردىن دىلاۋەرخان، مەلىكداد كەرانى،

شەيخ گۆرەنلەر بەلگىلەنگەن يەرلىرىدىن ئورۇن ئىلىشقانىدى.

چىرىكنىڭ سول قانىتىدا مەھدى خوجا، مۇھەممەد سۇلتان مىرزا، ئادىل سۇلتان بىننى مەھدى سۇلتان، ئابدۇلئەزىز مىراخور، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ، قۇتلۇق قەدەم قاراۋۇل، شاھ ھۆسەين يارەگى موغۇل غانچى ۋە جان مۇھەممەد بەگ ئەتكەلەر سەپ تۈزگەنىدى.

بۇ تەرەپكە يەنە ھىندى ئەمىرلەردىن سۇلتان ئەلائىددىننىڭ ئوغلى كەمال خان (321) بىلەن ئەلى خان شەيخزاد فەرمۇلى ۋە نىزام خان بىيانەلەر تەيىنلەنگەنىدى. تولغىما ئۈچۈن تۇردىكە، باباقاشقانىڭ قېرىندىشى مەلىك قاسىم ئىككىسى بىر قىسىم موغۇللار بىلەن بىللە ئوڭ قاناتتا، مۆمىن ئەتكە بىلەن رۇستەم تۈركمەن ئىككىسى بىر قىسىم خاس قۇللار بىلەن بىللە سول قاناتتا ئەۋەتىلدى.

سۇلتان مۇھەممەد باخشى ئىسلام غازىلىرىنىڭ تايانچىلىرىنى بەلگىلەنگەن جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى ۋە ئۆزىمۇ بىرىلگۈسى بۇيرۇقلىرىمىزنى ئاڭلاشقا تەييار ئىدى، شۇنىڭدەك تەۋاچى ۋە ياساۋۇللارنى ئەتراپلارغا ئەۋەتىپ، پىيادە ۋە ئاتلىقلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى ھەققىدىكى ئىجراسى قەتئىي بۇيرۇقلىرىمىزنى كاتتا سۇلتانلارغا، بەگلەرگە ۋە باشقا ئىھتىراملىق غازىلارغا يەتكۈزەتتى.

لەشكەر سەپلىرى قارار تېپىپ، ھەر كىشى ئۆز ئورنىغا ئورۇنلىششى بىلەن، ھېچكىمنىڭ ئۆز ئورنىدىن قوزغالماسلىقى، ھېچكىمنىڭ رۇخسەتسىز جەڭگە كىرمەسلىكى توغرۇلۇق ئىجراسى قەتئىي پەرمان چىقىرىلدى. مەزكۇر كۈندىن بىر پاس ئۆتكەندە، بىر بىرىگە قارشى بولغان ئىككى پىرقە روبىرو بولۇپ جەڭ باشلىدى. ئىككى تەرەپ لەشكىرىنىڭ غول قىسمى (ب 321) خۇددى نۇر

بىلەن زۇلمەتتەك بىر-بىرىگە قارشى كېلىشى بىلەن، ئوڭ قانات ۋە سول قاناتلاردا ئاسمان-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئېلىشىشلار باشلىنىپ كەتتى.

كاساپەت باسقان كاپىرلارنىڭ سول قانىتى ئىسلامشىئار چېرىكنىڭ ئوڭ قانىتىغا قارشى كەلگەندە، خۇسرەۋ كۆكەلداش ۋە باباقاشقانىڭ قېرىندىشى مەلىك قاسىم باشچىلىقىدىكىلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى. چىن تېمۇر سۇلتان بۇيرۇق بويىچە ئۇلارغا ياردەمچى بولۇپ، جەسۇرانە قىلىچ چاپتى ۋە كاپىرلارنى سۈرۈپ غول قىسمىغا تاقاپ قويدى. بۇ ئەزىزگە تېگىشلىك مۇكاپات بېرىلدى.

مۇستەفا رۇمى مۇھەممەد ھۇمايۇن باتۇر غول قىسمىدىن ھارۋىلارنى ئالدىغا سۈرۈپ، كاپىرلار چېرىكىنىڭ سەپلىرىنى تۆفەڭ ۋە توپلار بىلەن خۇددى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئوخشاش پارچە-پارچە قىلدى. جەڭ ئەسناسىدا قاسىم ھۆسەيىن سۇلتان، ئەھمەد يۇسۇف ۋە قىۋام بەگلەر بۇيرۇق بويىچە ئۇلارغا ياردەمگە باردى.

كاپىرلار توپلىرى بىردەم-بىردەمگە ئۆز ئادەملىرىگە ياردەم ئۈچۈن كېلىپ تۇراتتى. بىزمۇ ھىندۇبەگنى ئۇنىڭ كەينىدىن مۇھەممەد كۆكەلداشنى، خاجىگى ئەسەد جاندارنى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن (322) يۇسۇف ئەلىنى، شاھ مەنسۇر بارلاسنى، ئابدۇللا كىتابدارنى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بولسا، دوست ئىشىك ئاغا ۋە مۇھەممەد خەلىل ئاختا بېگىنى ياردەمگە ئەۋەتتۇق.

كاپىرلارنىڭ ئوڭ قانىتىدىكىلەر ئىسلام چېرىكىنىڭ سول قانىتىغا كەينى-كەينىلەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزلىرىنى غازىلارغا ئۇلاشتۇردى، لېكىن ھەر قېتىمقى ھۇجۇمدا غازىلار ئوق زەربىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلۈم ئۆيىگە كىرگۈزۈپ، بىر قىسمىنى قاچۇرۇپ تۇردى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۆمىن ئەتكە بىلەن رۇستەم تۈركمەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلدى. خوجا مۇھەممەد ئەلى ئەتكە بىلەن خەلقىنى ئۇلارغا ياردەمگە ئەۋەتتۇق. مۇھەممەد سۇلتان مىرزا، ئابدۇلئەزىز مىراخور، قۇتلۇق قەدەم قاراۋۇل، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ، شاھ ھۆسەين يارەگى موغۇل غانچىلار چىڭ تۇرۇپ جەڭ قىلدى. ھۆسەيىنى دىۋاندىكىلەرنىڭ (ب 322) بىر قىسمى بىلەن ئۇلارغا ياردەمگە ئەۋەتتۇق. پۈتۈن جىھاد ئەھلى زور غەيرەت ۋە شىجائەت بىلەن جەڭگە كىردى ۋە جان پىدا قىلىش روھىدا تۇرۇپ، جان ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى.

جەڭنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن، پادىشاھنىڭ خاس چېرىكىدىن بولۇپ ھارۋىلارنىڭ كەينىدە خۇددى زەنجىردىكى ئارسلانلاردەك تۇرغان جەڭگىۋار يىگىتلەرنىڭ غولنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن تاشقىرىغا چىقىشى ۋە تۆفەڭچىلەرنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا جەڭگە كىرىشى توغرۇلۇق ئىجراسى ۋاجىپ پەرمان چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى سۇبھى سادىق ئۇپۇقتا يۈز ئاچقىنىدەك، ھارۋىلارنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ چىقتى ۋە ئىقبالسىز كاپىرلارنىڭ شەپەق رەڭلىك قانلىرىنى ئايلانغان پەلەكتەك جەڭ مەيدانىغا تۆكۈپ، نۇرغۇن گەدەنكەشلەرنىڭ باشلىرىنى ۋۇجۇد ئاسمىنىدىن خۇددى يۇلتۇزغا ئوخشاش ئايرىدى.

ئۆز ئادەملىرى بىلەن غولنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۇستاد ئەلى قۇلى مەردانە ھەرىكەت قىلىپ، دۈشمەننىڭ پولات قاپلىق سېپىللىرىگە ئاجايىپ ئېغىر تاشلارنى ئېتىپ تۇردى ۋە كاپىرلار تېنىدىن ھاسىل بولغان بىنالارنىڭ تولىسىنى تاش، تۆفەڭ ۋە توپلار بىلەن ۋەيران قىلدى. (323) غول تۆفەڭچىلىرى پادىشاھ پەرمانى

بویىچە هارۋىلاردىن جەك مەیدانىغا كىرىپ هەربىرى بىر مۇنچە
كاپىرغا مامات زەهرى ئىچۈردى ۋە يایاق هالدا زور تەهلىكىلىك
جایلارغا بىرىپ، ناملىرىنى قەهرىمانلىق ئورمنى ئارسلانلىرىنىك
ۋە یىگىتلىك مەرىكىسى قەهرىمانلىرىنىك ئارىسىدا كۆرسەتتى.

شۇ ئەسنادا خاقان هەزرەتلىرىنىك غولدىكى هارۋىلارنى ئالدىغا
سۈرۈش هەققىدىكى پەرمانى چىقىرىلدى. پادشاھ كاپىرلار چىرىكىگە
قارشى ئىلگىرىلىدى. بۇنى كۆرگەن ئىسلام چىرىكىنىك جۇشقۇن
دىڭىزى زور ئوپقۇن یاساپ، بۇ دىڭىز لەهەڭلىرىنىك شجائىتىنى
نامایان قىلدى. چاك-توزان خۇددى قارا بۇلۇتتەك پۈتۈن جەك
مەیدانىنى قاپلىدى. ئۆتكۈر قىلىچلار چىقىندەك ۋالىلدىدى. توزۇغان
چاك قۇیاش یۈزىنى خۇددى ئەینەكنىك كەینىدەك نۇرسىز قىلدى.
غالىبلار بىلەن مەغلۇپلار، زەربە بەرگەنلەر بىلەن زەربە یىگەنلەر
ئارىلىشىپ پەرقلەندۈرگۈسىز بولدى. زامان سىهرىگىرى شۇنداق
بىر هالەتنى كۆرسەتتىكى، ئۇ يەردە ئوقتىن باشقا سەییارە،
یولىدا چاك تۇرغان قىسىملاردىن باشقا تۇرغۇن یۇلتۇز كۆرۈنمەیتتى.
(ب 323)

پىشىن بىلەن دىگەر ئارىلىقىدا ئىسلام لەشكىرىنىك ئوك قانات
ۋە سول قانات قىسىملىرىنى كاپىرلارنىك ئوك قانات ۋە سول قانات
قىسىملىرىنى غول قىسمى بىلەن بىر يەرگە یىغىپ قویدى.

مۇجاهىدلارنىك غەلىبىسى مۇقىملىشىپ، ئىسلام بایرىقى ئېگىزلەشكە
باشلىغاندا، كاپىرلار بىر سائەتكە یىقىن تىڭىرقاپ تۇردى-دە،
جانلىرىدىن كىچىپ غولنىك ئوك ۋە سول تەرەپلىرىگە هۇجۇم قىلدى.
ئوك تەرەپكە بولغان هۇجۇمى كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئۇلار یىقىنلاپ
كەلدى. لېكىن غازىيلار ئۇلارغا ئوق یاغدۇرۇپ، هەممىسىنى خۇددى

ئۇلارنىڭ قارا بەختىدەك چىكىندۇردى. بۇ ئەسنادا ئىقبال ۋە نۇسرەت شاملى پادىشاھىمىزنىڭ دۆلەت چىمەنىدە ئەستى. (324) كاپىرلارنىڭ كۆپ قىسمى جەڭ مەيدانىدا ئۆلدى. بىر قىسمى باشلىرىدىن كېچىپ، چۆل-جەزىرىلەرگە قاچتى ۋە قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولدى. جەسەتلەردىن دۆۋىلەر كۆتۈرۈلدى ۋە باشلاردىن مۇنارلار تىكلەندى.

ھەسەنخان مىۋاتى تۆفەڭ زەربىسى بىلەن ئۆلگەنلەر قاتارىغا تىزىلدى. شۇنىڭدەك، خالايىق سەردارى بولۇپ كەلگەن ئازغۇن گەدەنكەشلەرنىڭ تولىسىمۇ خۇددى شۇ يۇسۇندا ئوق ۋە تۆفەڭ زەربىسى بىلەن كۆنلىرىنى ئاخىرلاشتۇردى. جۈملىدىن، ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق چېرىككە ئىگە بولغان ئۇدەيپۇر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى راۋەل ئۇدى سىنگ باگەرى؛ تۆت مىڭ ئاتلىق چېرىككە ئىگە بولغان راي چەندەربان چۇھان؛ ئالتە مىڭ ئاتلىق چېرىككە ئىگە بولغان سەلاھىددىن ئوغلى ۋە چەندىرا ھاكىمى پۇپەت راۋ؛ تۆت مىڭ ئاتلىق چېرىككە ئىگە بولغان مانىكچەند چۇھان ۋە دىلپەت راۋ؛ گەنگۇ ۋە كەرىم سىنگ؛ ئۈچ مىڭ ئاتلىق چېرىككە ئىگە بولغان راۋدەنكۇس ۋە ھەرقايسىسى بىر گۇرۇھنىڭ (ب 324) چوڭى ياكى شەۋكەت ۋە سەلتەنەتكە ئىگە بىر تائىپىنىڭ كاتتىبېشى بولغان باشقا بىرمۇنچىلىرى جەھەننەم يولىغا كىردى. جەڭ مەيدانىنىڭ يولى يولدا ئۆلگەن يارىدارلار بىلەن جەھەننەمدەك بولدى....

933-يىلى جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىدە پۈتۈلدى].

بۇ غەلىبىدىن كېيىن تۇغرادا «غازىي» پۈتۈلىدىغان بولدى.

بۇ فەتىھنامىدا تۇغرانىڭ ئاستىغا مۇنۇ رۇبائىينى يېزىپ قويدۇم:

ئىسلام ئۈچۈن ئاۋارە يازى بولدۇم،

كۇففارۇ ھۇنۇد ھەربسازى بولدۇم.
جەزم ئەيلەپ ئىدىم ئۆزىنى شەھىد ئۇلماققە، (325)
ئەلمىننەتۇ لىللاھكى غازى بولدۇم.

(ئىسلام ئۈچۈن چۆلدە سەرگەردان بولدۇم. كاپىرلار ۋە ھىندۇلار بىلەن كۆپ جەڭ قىلدىم، شېھىت بولۇشقا بەل باغلىغانىدىم، خۇداغا شۈكۈر غازىي بولدۇم)

بۇ غەلىبىنىڭ يىلى ئۈچۈن شەيخ زەين «فەتھى پادىشاھى ئىسلام» ① (ئىسلام پادىشاھىنىڭ غەلىبىسى) دېگەن ئىبارىنى تاپقانىدى، مىرگىسۇمۇ كابۇلدىن كەلگەن كىشلەر ئارقىلىق ئەۋەتكەن بىر رۇبائىيسىدا دەل شۇ ئىبارىنى تېپىپتۇ. دېمەك، ئىككىيلەن بىر يەردىن چىقىپ قالغانىدى، شەيخ زەين بىلەن مىرگىسۇ تاپقان بۇ ئىبارە ناھايىتى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، شۇ ئىبارىنىلا كەلتۈردۇق. يەنە بىر قېتىم، دىبالپۇر غەلىبىسىنىڭ يىلى ئۈچۈن شەيخ زەين «ۋەسەتى شەھرى رەبىئۇلئەۋۋەل» ② (رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسى) ئىبارىسىنى كەلتۈرگەندە، مىرگىسۇمۇ دەل شۇ ئىبارىنى كەلتۈرگەنىدى.

دۈشمەنىنى يەڭگەندىن كېيىن، يىقىتا-يىقىتا قوغلاپ ماڭدۇق. كاپىرلار دائىرىسى بىلەن بىزنىڭ ئوردۇنىڭ ئارىلىقى ئىككى كۇرۇھچە كېلەتتى. ئوردۇغا كېلىپ، مۇھەممەدى، ئابدۇلئەزىز، ئەلى خان ۋە باشقا بىرقانچىسىنى كاپىرلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا ئەۋەتتۇق. لېكىن بەزى قاشاڭلىقلار كۆرۈلدى. بۇ ئىشنى باشقىسىغا تاپشۇرماي

---

① بۇ ئىبارىنىڭ «فتح پادشا اسلام» دېگەن ئەسلىي ئىملاسىدىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى كۆرسىتىدىغان 933 كېلىپ چىقىدۇ.

② بۇ ئىبارىنىڭ «وسط شهر ربيع‌الاول» دېگەن ئەسلىي ئىملاسىدىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى كۆرسىتىدىغان 920 كېلىپ چىقىدۇ.

ئۆزۈملا بېرىشىم لازىم بولدى. كاپىرلار دائىرىسىدىن بىر كورۇھچە ئۆتكەندە كۈن كەچ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قايتىپ، ناماز خۇپتەندە ئوردۇغا كەلدىم.

شۇنچە شۇم نەپەسلىكلەرنى قىلغان مۇھەممەد شەرىف مۇنەججىم دەرھال مېنى مۇبارەكلەشكە كەلدى. تازا سۆكۈپ ئىچىمنى بوشۇتۇۋالدىم. گەرچە كاپىرانە، شۇم نەپەس، مەنمەنچى ھەم گەدەنكەش ئادەم بولسىمۇ، لېكىن كۆرسەتكەن خىزمىتى بار ئىدى، شۇڭا، بىر لەك ئىنئام قىلىپ (ب 325)، مېنىڭ مەملىكىتىم دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت بەردىم.

ئەتىسى شۇ قارارگاھتىلا تۇردۇق. مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ، شەيخ گۇرەن، ئابدۇلمەلىك قۇرچىلار زور بىر قىسىم كۈچ بىلەن ئىلياس خانغا قارشى ماڭدۇرۇلدى. ئىلياس خان ميان دۇئابتا ئىسيان كۆتۈرۈپ كۆلنى ئالغان ۋە كىچىك ئەلنى ئەسىر قىلغانىدى. بىزنىڭكىلەر يېتىپ بارغاندا دۈشمەن جەڭگە كىرەلمەي، تىرىپىرەن بولۇپ قاچىدۇ. مەن ئەگەرگە كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىلياس خاننى تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. تىرىكلا تېرىسىنى سويدۇردۇم. ئوردۇنىڭ ئۇدۇلىدا بىر دۆڭ بولۇپ، ئۇرۇش شۇ دۆڭنىڭ ئالدىدا بولغانىدى. شۇ دۆڭگە كاپىرلارنىڭ بېشىدىن مۇنار قوپۇرۇشنى بۇيرۇدۇم.

بۇ يەردىن ئىككى كۆچۈپ بىيانەگە باردۇق. بىيانەگىچە، ھەتتا ئەلۋەر ۋە مىۋاتقىچە بولغان ئارىلىقتا ياتقان كاپىرلار ۋە مۇرتەدلەرنىڭ جەسەتلىرى سانسىز ئىدى. مەن بېرىپ بىيانەنى ئارىلىدىم. ئوردۇغا كېلىپ، تۈرك ۋە ھىند ئەمىرلەرنى يىغىپ كاپىرلار ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق كېڭەش ئۆتكۈزدۇم. يولدا سۇ ئازلىقى ۋە ھاۋانىڭ بەك ئىسسىقلىقى سەۋەبى بىلەن

بۇ قېتىمقى يۈرۈشتىن ۋاز كېچىلدى.

مىۋات ۋىلايىتى دېھلىگە يېقىن جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن ئۈچ-تۆت كۇرۇر ھوسۇل بېرىدۇ. ھەسەنخان مىۋاتىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى يۈز-ئىككى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى مىۋاتنى مۇستەقىل ئىدارە قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار دېھلى سۇلتانلىرىغا (326) ئانچە-مۇنچە ئىتائەتمۇ قىلىدىغانىكەن، ھىند سۇلتانلىرى ۋىلايىتىنىڭ چوڭلۇقىدىنمۇ ياكى ئىمكانىيىتى يار بەرمىگەنلىكىدىنمۇ ياكى بولمىسا، مىۋات ۋىلايىتىنىڭ تاغلىق يەر بولغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، بۇ ۋىلايەتنى ئىدارە قىلىش كويىدا بولماي، ئۇلارنىڭ شۇ ئىتائىتى بىلەنلا قانائەتلىنىپ، ۋىلايىتىنى شۇلارغا بەرگەنىكەن. بىزمۇ ھىندىستاننى ئالغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى سۇلتانلارنىڭ دەستۇرى بويىچە ھەسەن خانغا ئېتىبار بەردۇق. لېكىن، بۇ بىلىمسىز كاپىر بىزنىڭ ئىنايەتلىرىمىزنى كۆزگە ئىلماي، بىزنىڭ تەربىيەرئايەتلىرىمىزگە شۈكۈر قىلماي، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك پۈتۈن پىتنىلەرنىڭ مەنبەسى ۋە جىمى يامانلىقنىڭ سەۋەبچىسى بولدى.

بۇ يۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مىۋاتنى ئېلىش يۈرۈشىگە ئاتلاندۇق. ئارىدا تۆت قونۇپ، مىۋاتنىڭ ھاكىمى تۇرىدىغان ئەلۋەر قورغىنىغا ئالتە كۇرۇر كېلىدىغان يەردىكى مانەس سۈيىنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتۇق. ھەسەن خاندىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى تىجارەدە تۇرغانىكەن. مەن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، بەھارخاننى مەغلۇپ قىلىپ لاھور ۋە دىبالپۇرنى ئالغان يىلى، مەندىن قورقۇپ، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن بۇ قورغاننىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. ھەسەن خاننىڭ كەرىمچەند ئاتلىق مۆتىۋەر بىر ئادىمى ئۇنىڭ ئوغلى ئەگەرەدە چاغدىمۇ كەلگەنىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ يېنىدىن ئەلۋەردىن (ب 326) كېلىپ ئامانلىق تىلىدى. ئابدۇرەھىم

شەغاۋۇلنى ئۇنىڭغا قوشۇپ، ۋەدە پەرمانلىرى بىلەن ئەۋەتتىم ئۇ بېرىپ ھەسەن خاننىڭ ئوغلى ناھەرخاننى ئېلىپ كەلدى. يەنە ئىنايەت كۆرسىتىپ، ۋەجھى ئۈچۈن بىرنەچچە لەكلىك پەرگەنە بەردىم.

خۇسرەۋنى جەڭدە ئىپادىسى ياخشى بولدى دەپ بىلىپ، ۋەجھىنى ئەللىك لەك قىلىپ، ئەلۋەرگە بەلگىلىدۇق. لېكىن ئۇ تەلەيسىز ناز قىلىپ ئالماي قويدى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئىشنى چىن تېمۇر سۇلتان قىلغانىكەن. مۇكاپات سۇلتانغا بېرىلىپ، مىۋاتنىڭ مەركىزى بولغان تىجارە شەھىرى ئىنايەت قىلىندى ۋەجھى ئەللىك لەك بەلگىلەندى. تۇردىكە سەنگا ئۇرۇشىدا ئوڭ قولنىڭ قورشىغۇچىسى بولۇپ، باشقىلاردىن ياخشى ئىپادە كۆرسەتكەندى، ئۇنىڭ ۋەجھى ئون بەش لەك بەلگىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەلۋەر قورغىنى ئىنايەت قىلىندى. ئەلۋەر قورغىنىنىڭ خەزىنىلىرى ئىچىدىكىلەر بىلەن بىللە ھۇمايۇنغا ئىنايەت قىلىندى.

بۇ يەردىن رەجەپ ئېيىنىڭ بىرىنچى چارشەنبە كۈنى كۆچۈپ، ئەلۋەرگە ئىككى كۇرۇھ قالغان يەرگە كەلدۇق. مەن بېرىپ ئەلۋەر قورغىنىنى ئارىلىدىم، ئۇ كېچىسى شۇ يەردە بولۇپ، ئەتىسى ئوردۇغا كەلدىم.

كاپىرلارغا قارشى غازات قىلىشنىڭ سەل ئالدىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن قەسەم بەرگەندە، (327) بۇ غەلىبىدىن كېيىن مەجبۇر قىلىنمايدىغانلىقى ۋە كېتىشنى خالىغۇچىلار-نىڭ ھەممىسىگە رۇخسەت بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇقمۇ سۆز بولغانىدى. ھۇمايۇننىڭ نۆكەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بەدەخشان تەرەپنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ھېچقايسىسى سۇرە بىر-ئىككى ئايلىق يۇرۇشكە قاتنىشىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن بۇرۇنلا بىتاقەت بولۇپ يۇرۇشكەنىدى.

شۇنداق بىر ۋەدە بولغانلىقى ھەم كابۇلمۇ بوش قالغانلىقى ئۈچۈن ھۇمايۇننىڭ كابۇلغا قايتىشىغا رۇخسەت بېرىش توغرۇلۇق قارار چىقىرىلدى؛ شۇ قارار بىلەن رەجەپ ئېيىنىڭ توققۇزى — پەيشەنبە كۈنى ئەلۋەردىن كۆچۈپ، تۆت بەش كۇرۇھ يول مېڭىپ، مانەس سۈيىنىڭ ياقىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. مەھدى خوجىنىڭمۇ كۆپ تەشۋىشى بار ئىدى. ئۇنىڭمۇ كابۇلغا كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلدى. بىيانەنىڭ شىقدارلىقى دوست ئىشىك ئاغاغا بېرىلدى. بۇرۇن ئەتاۋە مەھدى خوجىغا ئاتالغانىدى، قۇتۇب خان ئەتاۋەنى تاشلاپ قاچقاندىن كېيىن، مەھدى خوجىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى جەئفەرخوجا ئەۋەتىلدى. ھۇمايۇنغا رۇخسەت بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەردە ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق. مۇمىن ئەلى تەۋەجى مۇشۇ يەردىن فەتھنامە بىلەن كابۇلغا ماڭدۇرۇلدى.

فىرۇزپۇر بولىقى بىلەن كۆتلەدىكى چوڭ كۆلنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىدىم. ھۇمايۇننى ئۇزاتقاچ، شۇ يەرلەرنى ئارىلاپ كېلىش ئۈچۈن، ئوردۇنى شۇ يەردە قويۇپ، يەكشەنبە كۈنى (ب 327) ئوردۇدىن ئاتلاندىم. ئۇ كۈنى فىرۇزپۇرنى ۋە ئۇنىڭ بۇلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەجۇن يېيىشتۇق. بۇلاق سۈيى كېلىدىغان جىلغىدا كەنىر گۈللىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. تەرىپ قىلىنغىنىدەك بولسىمۇ، ھەر ھالدا مەنزىرىلىك يەر ئىكەن. جىلغىنىڭ سۇ كېلىپ ئاقىدىغان يەرلىرىدە يۇنۇلگەن تاشتىن سۇ تىندۇرۇش كۆللىرى ياساش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردىم. بۇ كېچىسى شۇ جىلغىدا بولۇپ، تاڭلىسى بېرىپ كۆتلە كۆلىنى كۆردۈم. كۆلنىڭ ھەر تەرىپى تاغ باغرى ئىكەن، مانەس سۈيى مۇشۇ كۆلگە كىرىدىكەن. كۆل ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدىكەن. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دوڭ بار ئىكەن. كۆلدە نۇرغۇن قېيىقلار

يۇرىدۇ. ئەتراپتىكى يېزا ئاھالىسى بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە، كېمىلەرگە چۈشۈپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزىدىكەن. بىز يېتىپ بارغاندىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەر كېمىلەرگە چۈشۈپ، كۆلنىڭ ئىچ تەرىپىگە كەتتى. كۆلنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىپ ھۇمايۇننىڭ ئوردىسىغا چۈشتۇم. ئۇ يەردە دەم ئېلىپ — غىزالانغاندىن كېيىن، مىرزىغا ۋە بەگلىرىگە تون كىيدۈرۈپ، ناماز خۇپتەندە ھۇمايۇن بىلەن خوشلاشتىم، ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، يولدا بىر يەردە ئۇخلىدىم، ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، تاڭ ئاتقاندا كوھرى پەرگەنەسىدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر ئاز ئۇخلاپ، ئاندىن ئوردۇغا كەلدىم، بۇ چاغدا ئوردۇ تۇدەدە ئىدى.

تۇدەدىن كۆچۈپ، سۇنكەرگە چۈشكەندە ھەسەن خان (328) مىۋاتىينىڭ ئوغلى ناھەرخان قاچتى، ئۇ ئابدۇرەھىمگە تاپشۇرۇلغانىدى. ئۇ يەردىن كۆچۈپ، ئارىدا بىر قونۇپ، بۇساۋەر بىلەن جوسە ئارىلىقىدىكى تاغنىڭ تۇمشۇقىدىكى بۇلاق بويىغا چۈشۈپ، چېدىرلارنى تىكتۈرۈپ، مەجۇن ئىستېمال قىلدۇق. چېرىك بۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدا، تۇردى بەگ خاكسار بۇ بۇلاقنى تەرىپلىگەنلىكى ئۈچۈن، بېرىپ ئات ئۈستىدە كۆزدىن كەچۈرگەنىدىم. بۇلاق ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ھىندىستاندا ئېقىن سۇ زادىلا يوق. بۇلاقمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. شۇ كەم ئۇچرايدىغان بۇلاقلارمۇ زەي سۇيىگە ئوخشاش سىزلاپ چىقىدۇ، ئۇ تەرەپنىڭ بۇلاقلىرىدەك قايناپ چىقمايدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ يېرىم تاشلىقچە سۈيى بولۇپ، تاغ باغرىدىن قايناپ چىقىدىكەن. ئەتراپى پۈتۈنلەي ئوتلۇق بولۇپ، ماڭا بەك ياردى. بۇ بۇلاقنىڭ ئۈستىگە تاراشلانغان تاشلارنى قىرلاپ، سەككىز بۇرجەكلىك كۆل ياساش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردىم. بۇلاق بويىدا مەجۇننىڭ تەسىرى ئۆتكەن تۇردى بەگ مەغرۇرلۇق بىلەن «چۇن جايى

خۇش كەردەئەم نامى مبايەد ماند» (بىر يەرنى گۈزەللەشتۈرگەن ئىكەنمەن، ئۇنىڭغا بىر نام بېرىلشى لازىم) دەپ تەكرارلاۋەردى. ئابدۇللا: «چەشمەئى پادىشاھى تۇردى بېگ خۇشكەردە» (تۇردى بەگ گۈزەللەشتۈرگەن پادىشاھ بۇلىقى» دەپ ئاتسا بولىدۇ دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى قاتتىق كۈلكە ۋە چاقچاقا سەۋەب بولدى. دوست ئىشىك ئاغا بىيانەدىن كېلىپ، مۇشۇ بۇلاق بېشىدا مۇلازىمەت قىلدى. بۇ يەردىن (ب 328) يەنە بېرىپ بىيانەنى ئارىلىدىم. ئۇ يەردىن سىكرىگە كېلىپ، بۇيرۇلغان باغنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئىككى كۈن تۇردۇم. باغنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، رەجەپ ئېيىنىڭ يىگىرمە ئۈچى — پەيشەنبە كۈنى ئەگرەگە كەلدىم.

يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، دۈشمەنلەر بۇ غوۋغادا چەندۋار بىلەن رابىرنى ئىگىلىۋالغانىدى. مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ، تۇردى بەگ قۇچ بەگ، ئابدۇمەلىك قۇرچى، ھۆسەين خانلار دەرياخانىلار بىلەن بىللە چەندۋار بىلەن رابىرنى ئېلىشقا ئەۋەتىلدى. ئۇلار چەندۋارغا يېقىنلاشقاندا، ئىچكىرىدىكى قۇتۇب خاننىڭ ئادىمى خەۋەردار بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ؛ ئۇلار چەندۋارنى ئالغاندىن كېيىن رابىرىغا ئۆتىدۇ. ھەسەن خان نوھانىنىڭ ئادەملىرى ئوتتۇرا يولدا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېلىدۇ. بىزنىڭكىلەر شىددەت بىلەن يېتىپ بارغاندا، بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ. ھەسەن خان پىلغا مىنىپ، بىرقانچە ئادىمى بىلەن بىللە دەرياغا كىرىدۇ ۋە جۇندا غەرق بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قۇتۇب خانمۇ ئەتاۋەنى تاشلاپ، ئازغىنە ئادىمى بىلەن قاچتى. ئەتاۋە بۇرۇن مەھدى خوجىغا ئاتالغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى جەئفەرخوجا ئەۋەتىلدى.

كاپىر سەنگانىڭ ئىسيانىدا، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ھىندىستانلىقلار بىلەن ئافغانلارنىڭ كۆپچىلىكى بىزدىن يۈز ئۆرۈپ، ھەممىسى پەرگەنە ۋە ۋىلايەت ئىگىلىدى. سۇلتان مۇھەممەد دولداي قەنۇجنى تاشلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن (329) قورقۇپ ياكى نومۇس قىلىپ، قەنۇجغا بېرىشنى قوبۇل قىلماستىن، قەنۇجنىڭ ئوتتۇز لەك كىرىمى بىلەن سىھرىندنىڭ ئون بەش لەك كىرىمىنى تېگىشتى. قەنۇج مۇھەممەد سۇلتان مىرزىغا ئىنايەت قىلىنىپ، خىراجىتى ئوتتۇز لەك بەلگىلەندى. بەدائۇن قاسىم ھۆسەيىن سۇلتانغا بېرىلدى. مۇھەممەد سۇلتان مىرزىغا قاسىم ھۆسەيىن سۇلتاننى، تۈرك ئەمىرلەردىن مەلىك قاسىم باباقاشقا بىلەن ئۇنىڭ ئاغا-ئىنىسى ۋە موغۇللىرىنى، ئەبۇلمۇھەممەد نەيزىۋازنى، مۇئەييەدنى، ھۆسەيىن خان بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسىنى، دەرياخانىيلارنى، سۇلتان مۇھەممەد دولداينىڭ نۆكەرلىرىنى، ھىند ئەمىرلەردىن ئەلى خان فەرمۇلىنى، مەلىكداد كەراننىنى، شەيخ مۇھەممەد شەيخ نىكارىنى، تاتارخان خانى جەھاننى قوشۇپ، بىبەنگە قارشى ماڭدۇردۇق. بىبەن سەنگا كاپىر غوۋغاسىدا كېلىپ، لەكنۇرنى مۇھاسىرە قىلىپ قولغا كىرگۈزگەنىدى. بىزنىڭ ئوردۇ گەنگ دەرياسىدىن ئۆتكەن چاغدا، بىبەن خەۋەر تېپىپ، ھەممە نەرسە-كېرەكلىرىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. ئوردۇ ئۇنىڭ كەينىدىن خەيرابادقىچە بېرىپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ياندى.

خەزىنىلەر بۆلۈشۈلگەنىدى. ۋىلايەتلەر بىلەن پەرگەنەلەر تەقسىم قىلىنغىچە بۇ كاپىرلارنىڭ غوۋغاسى چىقىپ قالدى. كاپىرلارغا قارشى غازات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋىلايەت ۋە پەرگەنەلەر تەقسىم قىلىندى. (ب 329) يامغۇر پەسلى يېقىنلىشىپ قالغانىدى، ھەممەيلەننىڭ ئۆز پەرگەنەلىرىگە بېرىپ، تەييارلىقلىرىنى قىلىپ،

يامغۇر پەسلى ئۆتۈشكە ھازىر بولۇشى توغرۇلۇق قارار چىقىرىلدى. شۇ ئەسنادا، ھۇمايۇننىڭ دېھلىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى خەزىنىلەردىن بىرقانچىسىنى ھۆكۈمسىز ئىگىلىۋالغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن بۇنى كۈتمىگەنىدىم. ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. قاتتىق نەسىھەتلەر بىلەن خەت ئەۋەتتىم.

شەبان ئېيىنىڭ ئون بەشى — پەيشەنبە كۈنى خاجەگى ئەسەدكە سۇلەيمان تۈركمەننى قوشۇپ، ئىككىسىنى مۇناسىپ سوۋغىلار بىلەن شاھزادە تەھماسپقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتىم. بۇ خاجەگى ئەسەد ئىراققا ئەلچىلىككە بېرىپ، سۇلەيمان تۈركمەن بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنىدى. تۇردى بەگ خاكسارنى دەرۋىشلىكتىن چىقىرىپ سىپاھىي قىلغانىدىم. بىرقانچە يىلدىن بېرى خىزمەتتە بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەرۋىشلىك غايىسى ئۈستۈن كېلىپ، رۇخسەت سوراپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىپ، ئۇنى ئەلچى سۈپىتىدە كامراننىڭ قېشىغا ئەۋەتتۇق. ئۆتكەن يىلى كەتكەنلەر ھەققىدە بىر قىتئە ئېيتقانىدىم. موللا ئەلى خانغا خىتاب قىلىپ يېزىلغان بۇ قىتئەنى تۇردى بەگدىن موللا ئەلى خانغا ئەۋەتىپ بەردىم. بۇ قىتئە مۇنداق:

ئەي ئالاركىم، بۇ ھىند كىشۋەرىدىن، (330)
باردىڭىز ئاڭلاپ ئۆزگە رەنجۇ-ئەلەم.
كابۇلۇ خۇش ھاۋاسىنى ساغىنىپ،
ھىندىدىن گەرم باردىڭىز ئول دەم،
كۆردىڭىز، تاپتىڭىز ئىكىن ئاندا،
ئىشرەتۇ-ئەيش بىرلە نازۇ-نىئەم.
بىز داغى ئۆلمەدۇك بىھەمدىللاھ،
گەرچە كۆپ رەنج ئىدىيۇ بىھەد غەم.

هەززى نەفسى مۇشەققەتى بەدەنى،
سىزدىن ئۆتتى ۋە ئۆتتى بىزدىن ھەم.

(ئى ھىند دىيارىنى ئۆزۈڭلەرگە جاپا ۋە ئەلەم بىلىپ بۇ يەردىن كەتكەنلەر، كابۇلنى ۋە ئۇنىڭ خۇش ھاۋاسىنى سېغىنىپ، شۇ چاغدا ھىندىستاندىن قىزغىن كەتتىڭلار، ئۇ يەردە ئەيش-ئىشرەت بىلەن نازۇنېمەتلەرنى كۆرگەنسىلەر ۋە تاپقانسىلەر، گەرچە كۆپ جاپالارنى ۋە سانسىز غەملەرنى چەككەن بولساقمۇ، ئەلھەمدۇلىللا، بىزمۇ ئۆلمىدۇق، نەپس تەھلىكىسى ھەم تەن مۇشەققىتى سىلەردىن ئۆتتى ۋە بىزدىنمۇ ئۆتتى)

بۇ يىلقى رامىزان ھەشت بېھىشت بېغىدا ئۆتكۈزۈلدى. ھەر بىر تاراۋى غۇسۇل بىلەن ئۆتەلدى. ئون بىر يېشىمدىن بېرى ئىككى روزى ھېيتنى ئۇدا بىر يەردە ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدىم. ئۆتكەن روزى ھېيت ئەگرەدە ۋاقتىمدا بولغانىدى. بۇ قائىدىگە زىت كەلمىسۇن دەپ، ئاينىڭ ئاخىرى — يەكشەنبە كۈنى ھېيت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سىكرىگە باردۇق. سىكرىدا ياسالغان باغى فەتھىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاش سۇپا تەييار بولغانىدى. شۇ سۇپىنىڭ ئۈستىگە ئاق ئۆي تىكىپ، ھېيتنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدۇق. ئەگرەدىن چىققان ئاخشىمى مىرئەلى قۇرچىنى شاھ ھەسەننىڭ قېشىغا—تەتتەڭگە ئەۋەتتىم. ئۇ ئۇيۇن قەغىزىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ھەم سورىغانىدى، ئۇنىڭغا ئويۇن قەغىزى ئەۋەتىلدى.

زۇلقەدە ئېيىنىڭ بەشى — يەكشەنبە كۈنى ساقىسىز بولدۇم. ئون يەتتە كۈنگە سوزۇلدى. ئاينىڭ يىگىرمە تۆتى — جۈمە كۈنى دۇلپۇرنى ئارىلاشقا باردىم. كېچىسى يېرىم يولدا بىر يەردە ئۇخلاپ (ب 330)، ئەتىسى سەھەر سۇلتان ئىسكەندەرنىڭ بەندىگە كېلىپ چۈشتۇم. بەندنىڭ بىر ئاز تۆۋىنىدىكى تاغنىڭ ئاخىرلاشقان

يېرىگە قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن قىزىل تاشتىن بىر پارچە چۈشۈپتۇ. ئۇستاد شاھ مۇھەممەد تاشچىنى چاقىرىپ، ئەگەر ئۇنىڭدىن پۈتۈن بىر ئۆي ياساشقا بولسا، پۈتۈن بىر ئۆي ياساشنى، ئەگەر پاكار كېلىپ قالسا، بىنا ئۈچۈن سىلىقلانغان تاشتىن پۈتۈن بىر كۆلچەك ياساشنى بۇيرۇدۇم.

دۇلپۇردىن بارى تەرەپكە باردىم. ئەتىسى بارىدىن چىقىپ، بارى بىلەن چەنبەل ئارىسىدىكى تاغدىن ئۆتۈپ، چەنبەل دەرياسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن قايتىپ كەلدۇق. بۇ ئارىلىقتىكى تاغدا ئەبنۇس دەرىخىنى كۆردۇق. ئەبنۇس دەرىخىنىڭ ئېقىمۇ بولىدىكەن، بۇ تاغدىكىلەرنىڭ كۆپى ئاق ئەبنۇس ئىدى. بارىدىن بېرىپ سىكرىنى ئارىلىغاندىن كېيىن، شۇ ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزى — چارشەنبە كۈنى ئەگرەگە كەلدۇق.

شۇ كۈنلەردە شەيخ بايەزىد توغرۇلۇق پەرىشان خەۋەرلەرنى ئېيتىشاتتى. سۇلتان ئەلى تۈرك يىگىرمە كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن شەيخ بايەزىد قېشىغا ئەۋەتىلدى. زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئىككىسى — جۈمە كۈنى قىرىق بىر قېتىم ئوقۇلىدىغان دۇرۇتنى باشلىدىم. ئۇ كۈنلەردە:

كۆز-ۇ قاش-ۇ سۆز-ۇ تىلىنىمۇ دې
قەد-ۇ خەدد-ۇ ساچ-ۇ بېلىنىمۇ دې

(كۆز، قاش، سۆز ۋە تىلىنىمۇ دېگىن، قەد، يۈز، چاچ ۋە بېلىنىمۇ دېگىن) دېگەن بېيتىمنى بەش يۈز تۆت ۋەزىندە ئوقۇدۇم. بۇ توغرىدا بىر رىسالە يېزىلدى. ئۇ كۈنى يەنە (331) ساقىسىز بولدۇم. توققۇز كۈنگە سوزۇلدى. زۇلھەججە ئېيىنىڭ يىگىرمە توققۇزى — پەيشەنبە كۈنى كۆل ۋە سەنبەل تەرەپكە ئاتلاندىم.

# توققۇز يۈز ئوتتۇز تۆتىنچى يىل ① ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى شەنبە كۈنى كۆلگە كېلىپ چۈشتۇق. ھۇمايۇن سەنبەلدە دەرۋىش ئەلى بىلەن يۈسۈفنى قويغانىدى. ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ، قۇتۇب سىرۋانى بىلەن بىر قىسىم راجىلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپتۇ. نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، بىرمۇنچە باش ۋە بىر پىل ئەۋەتىپتۇ. كۆلدە ۋاقتىمدا ئېلىپ كېلىشتى. كۆلنى ئىككى كۈن ئارىلاپ، شەيخ گۈرەننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. زىياپەت بېرىپ، سوۋغا تەقدىم قىلدى. ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ ئۇترۇلىغا چۈشتۇق. چارشەنبە كۈنى گەنگ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سەنبەل يېزىلىرىنىڭ بىرىدە قوندۇق. پەيشەنبە كۈنى سەنبەلگە چۈشتۇق. سەنبەلنى ئىككى كۈن ئارىلاپ، شەنبە كۈنى سەھەر ياندۇق. يەكشەنبە كۈنى سىكەندەرەدە راۋ سىرۋانىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. تاماق بېرىپ، خىزمەتتە بولدى. ئۇ يەردىن تاڭ يورۇماستا قوزغالدۇق. يولدا بىر باھانە بىلەن يېنىمدىكىلەردىن ئايرىلىپ، ئەگرەگە بىر كۇرۇھ قالغان يەرگىچە يالغۇز كەلدىم. يېنىمدىكىلەر ئاندىن كېيىن كېلىپ قوشۇلدى. ناماز پېشىندا ئەگرەگە كېلىپ چۈشتۇق.

مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئون ئالتىسى — يەكشەنبە كۈنى بويۇم قىزىپ،

---

① مىلادىيە 1527 — 1528-يىللار ئارىلىقى.

قىزىتما ئۆۋەتلىششكە باشلىدى، بۇ ھالەت يىگىرمە بەش-يىگىرمە ئالتە كۈن داۋام قىلدى. دورا ئىچتىم، ئاخىر پايدا قىلدى. ئۇيقۇسىزلىق بىلەن تەشنالىق بەك جاپا سالدى. بۇ كېسەل جەريانىدا ئۈچ-تۆت (ب 331) رۇبائىي ئېيتتىم. ئۇنىڭ بىرى مۇنداق:

جىسمىمدا ئىسسىتمە كۈندە مەھكەم بولادۇر،
كۆزدىن ئۇچادۇر ئۇيقۇ، چۇ ئاخشام بولادۇر.
ھەر ئىككىلەسى غەمىم بىلە سەبرىمدېك
بارغان سايى بۇ ئارتادۇر، ئول كەم بولادۇر.

(ۋۇجۇدۇمدا قاتتىق قىزىتما بولىدۇ، كەچ بولسا كۆزدىن ئۇيقۇ قاچىدۇ. بۇ ئىككىسى خۇددى غېمىم بىلەن سەۋرىمدەك بىرى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، بىرى كېمىيىدۇ)

سەپەر ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزى — شەنبە كۈنى ھامىمام فەخرى جەھان بېگىم بىلەن ھامىمام خەدىچە سۇلتان بېگىم كەلدى. كېمە بىلەن بېرىپ، سىكەندەرابادنىڭ بىر ئاز يۇقىرىسىدا مۇلازىمەت قىلدىم. يەكشەنبە كۈنى ئۇستاد ئەلى قۇلى بىر چوڭ توپ بىلەن تاش ئاتتى. تاش يىراققا بارغان بولسىمۇ، لېكىن توپ پارە-پارە بولدى. ئۇنىڭ بىر پارچىسى ئادەملەر توپىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، سەككىز ئادەم ئۆلدى. رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يەتتىسى — دۈشەنبە كۈنى سىكرىنى ئارىلاشقا ئاتلاندىم. كۆلنىڭ ئىچىدە سەككىز بۇرجەكلىك سۇپا تەييار بولغانىدى. كېمە بىلەن بېرىپ، چېدىر تىكتۈرۈپ، مەجۇن ئىستېمال قىلدۇق.

سىكرى سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ، رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون تۆتى — دۈشەنبە ئاخشىمى غازات نىيىتى بىلەن چەندىرى تەرەپكە

ئاتلاندۇق ۋە ئۈچ كۈرۈھچە يول يۈرۈپ جەلسرگە چۈشتۇق. ئۇ يەردە چېرىكنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئىككى كۈن تۇرۇپ، پەيشەنبە كۈنى كۆچتۇق ۋە ئەنۋارغا كېلىپ چۈشتۇق. ئەنۋاردىن كېمىگە چۈشۈپ، چەندۋارغا چىقتۇق. ئۇ يەردىن مەنزىلمۇمەنزىل يۈرۈپ، ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزى — دۈشەنبە كۈنى كەنار كېچىكىگە چۈشتۇق. رەبىيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئىككىسى — پەيشەنبە كۈنى مەن دەريادىن ئۆتتۈم. چېرىك دەريادىن ئۆتۈپ بولغۇچە تۆت -بەش كۈن (332) شۇ يەردە تۇردۇق. بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇدا كېمىگە چۈشۈپ مەجۇن ئىستېمال قىلدۇق. چەنبەل دەرياسىنىڭ بۇ دەرياغا قوشۇلىدىغان يېرى كەنار كېچىكىنىڭ بىر-ئىككى كۈرۈھ يۇقىرىسىدا ئىدى. جۈمە كۈنى چەنبەل دەرياسىدا كېمىگە چۈشۈپ، ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان يېرىدىن ئۆتۈپ ئوردۇغا كەلدۇق.

شەيخ بايەزىدتىن ئوچۇق بىر مۇخالىپلىق كۆرۈلمىسمۇ، لېكىن ھەرىكەت ۋە پەيلىدىن مۇخالىپلىق نىيىتىدە ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇ ئىش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەگنى چېرىكتىن ئايرىپ، ئۇنى قەنۇجدىكى مۇھەممەد سۇلتان مىرزا ۋە ئۇ تەرەپتىكى قاسىم ھۆسەين سۇلتان، بىھۇب سۇلتان، مەلىك قاسىم كۆلىي، ئەبۇلمۇھەمەمەد نەيزىۋاز، مىنوچىھرخان ۋە ئاغا-ئىنىسى، دەريا خانىيلار قاتارلىق سۇلتان ۋە ئەمىرلەرنى توپلاپ، سەرۋاردىكى مۇخالىپ ئافغانلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتۇق. ئۇلار شەيخ بايەزىدنىمۇ چاقىرماقچى، ئەگەر ئۇ سەممىيەت بىلەن كېلىپ قوشۇلسا، بىللە يۈرمەكچى، ئەگەر كەلمىسە، ئۇنى ئايرىم بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. مۇھەممەد ئەلى بىرنەچچە پىل تەلەپ قىلغانىدى، ئۇنىڭغا ئونچە

پىل بېرىلدى. مۇھەممەد ئەلىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، بابا چۆھرەگىمۇ بېرىپ ئۇلارغا قوشۇلۇش بۇيرۇقىنى بەردۇق.

كەناردىن بىرقانچە كىمە بىلەن كەلدۇق. رەبىيەلئاخىر ئېيىنىڭ سەككىزى — چارشەنبە كۈنى كالپىغا بىر كۈرۈھ قالغان يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. سۇلتان سەئىدخاننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى خەلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى بابا سۇلتان مۇشۇ يەردىكى ۋاقتىمىزدا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى ئاغىسىنىڭ يېنىدىن قېچىپ چىققان (ب 332) ۋە ئەندەراب چېگرىسىغا كەلگەندە پۇشايمان قىلىپ قايتىپ، كاشغەرگە يېقىن بارغاندا، خان مىرزا ھەيدەرنى ئالدىغا چىقىرىپ ياندۇرغانىكەن. ئەتىسى كالپىغا بېرىپ، ئالەم خاننىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. ھىندىستانچە ئاش-تاماقلارنى تارتىپ، سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. ئايىنىڭ ئون ئۈچى — دۈشەنبە كۈنى كالپىدىن كۆچتۇق. جۈمە كۈنى ئىرىجگە كېلىپ چۈشتۇق. شەنبە كۈنى بايەزىدقا كېلىپ چۈشتۇق. ئايىنىڭ ئون توققۇزى — يەكشەنبە كۈنى ئۆزىمىزدىن بۇرۇن چىن تېمۇر سۇلتاننى بەش-ئالتە مىڭ كىشى بىلەن چەندەرى ئۈستىگە ماڭدۇردۇق. باقى مىڭبېگى، تۇردى بەگ، قۇچ بەگ، ئاشىق بەكاۋۇل، موللا ئاپاق، مۇھسىن دولداي، ھىندىستان بەگلىرىدىن شەيخ گۆرەن قاتارلىق بەگلەر ئىلغار قىسىم بولۇپ ئالدىدا ماڭدى. ئايىنىڭ يىگىرمە تۆتى — جۈمە كۈنى كەچۈە قىرغىقىغا كېلىپ چۈشتۇق. كەچۈە ئاھالىسىغا رىغبەت بېرىپ، كەچۈەنى بەدرىددىننىڭ ئوغلىغا بەردۇق.

كەچۈە ئىنتايىن ياخشى بىر جاي، ئەتراپىدا كىچىك-كىچىك تاغلار بار. شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئارىسىغا بەند ياسالغانىكەن، چوڭ بىر كۆل پەيدا بولۇپتۇ. چۆرىسى بەش-ئالتە كۈرۈھ

كېلىدۇ. بۇ كۆل كەچۋەنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئېھتىلەپ تۇرىدىكەن. غەربىي شىمال تەرىپىدە ئازراق يەر قۇرۇق بولۇپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسى شۇ تەرەپتە ئىكەن. كۆلدە ئۈچ-تۆت ئادەم سىغقۇدەك قېيىقلار بار ئىكەن. ئاھالىسى قېچىشقا مەجبۇر بولسا، شۇ قېيىقلارغا چۈشۈپ (333) سۇنىڭ ئىچكىرى تەرىپىگە كېتەرمىش. كەچۋەگە يەتكىچە يەنە ئىككى يەردە مۇشۇنداق تاغ ئارىسىغا بەند ياساپ، كەچۋە كۆلىدىن كىچىكرەك كۆل پەيدا قىلىشىپتۇ.

ھارۋىلار بىلەن توپىنىڭ زەخمىگە ئۈچرىماي ئۆتۈشى ئۈچۈن يولنىڭ ئوي-دوڭغۇللىرىنى تۈزەش ۋە جاڭگاللارنى كېسىش ئىشىغا بىر بۆلەك باشقۇرغۇچىلار بىلەن نۇرغۇن ساندا ئىستىھكامچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولۇپ، كەچۋەدە بىر كۈن تۇردۇق. كەچۋە بىلەن چەندىرىنىڭ ئارىلىقى بىر جاڭگاللىق ئىكەن. كەچۋەدىن ئارىدا بىر قونۇپ، چەندىرىغا ئۈچ كۇرۇھ قالغان يەردىكى بۇرھانپۇر سۈيىدىن ئۆتۈپ قارارگاھ قۇردۇق. چەندىرىنىڭ ئەركى تاغنىڭ ئۈستىگە، تاش قورغىنى بىلەن شەھىرى تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقانىكەن. ھارۋا ماڭىدىغان تۈز يول قورغاننىڭ تۈۋىدىن ئۆتىدىكەن. بۇرھانپۇردىن كۆچكەندىن كېيىن، ھارۋىلارنى نەزەردە تۇتۇپ، چەندىرىنىڭ بىر كۇرۇھچە تۆۋىنىدىن ماڭدۇق. ئارىدا بىر قونۇپ، ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزى — سەيشەنبە كۈنى بەھجەت خان كۆلچىكىنىڭ ياقىسىدىكى بەند ئۈستىگە چۈشتۇم. ئەتىسى ئاتلىنىپ، قورغاننىڭ ئەتراپىدىن غول قىسىم، ئوڭ قانات قىسىم ۋە سول قانات قىسىملارغا بۆلجار بۆلۈپ بەردۇق. ئۇستاد ئەلى قۇلى تاش ئېتىش ئۈچۈن بىر باغدىكى تۈز بىر يەرنى ياقتۇردى. توپ ئورنىتىشقا بۆلجار ھازىرلاش ئۈچۈن باشقۇرغۇچىلار بىلەن

ئىستىھكامچىلار تەيىنلەندى. بارلىق چېرىك ئەھلىگە قەلئە ئېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قالقان، شوتا، نوكەرنى قالقان قاتارلىق نەرسىلەرنى ھازىرلاش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى.

چەندىرى بۇرۇن (ب 333) مەنداۋ پادىشاھلىرىغا تەئەللۇق بولغانىكەن. سۇلتان نەسىرىددىن ئۆلۈمىدىن كېيىن ھازىرمۇ مەنداۋدا بولغان ئوغۇللىرىدىن سۇلتان مەھمۇد مەنداۋ ۋە شۇ تەۋەنى ئىگىلەيدۇ. مۇھەممەد شاھ ئاتلىق بىر ئوغلى چەندىرىنى قولىغا كىرگۈزۈپ، سۇلتان ئىسكەندەردىن ياردەم تىلەيدۇ، سۇلتان ئىسكەندەرمۇ نۇرغۇن چېرىك ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ھامىي بولىدۇ. سۇلتان ئىسكەندەردىن كېيىن، سۇلتان ئىبراھىم زامانىدا، مۇھەممەد شاھ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئەھمەد شاھ ئاتلىق كىچىك بىر ئوغلى قالىدۇ. سۇلتان ئىبراھىم ئەھمەد شاھنى يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇ يەرگە ئۆز ئادەملىرىنى قويىدۇ. راناسەنگا ئىبراھىمغا قارشى چېرىك تارتىپ دۆلپۇرغا كەلگەندە، بەگلىرى مۇخالىپلىق قىلىدۇ. شۇ چاغدا چەندىرى سەنگانىڭ قولىغا چۈشىدۇ. سەنگا بۇ يەرنى مىندنىراۋ ئاتلىق مۇتىۋەر بىر كاپىرغا بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدە مىندنىراۋ تۆت-بەش مىڭ كاپىر بىلەن چەندىرى قورغىنىدا ئىدى. ئارايىش خاننىڭ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشلۇقى بار ئىكەن. ئارايىش خان بىلەن شەيخ گۇرەن ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلىپ، ئىنايەت ۋە شەپقەت سۆزلىرى ئېيتىلدى ھەم چەندىرىنىڭ ئورنىغا شەمس ئاباد بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدىلەر بېرىلدى. ئېتىبارلىق ئادەملىرىدىن بىر ئىككىسى چىقتى. بىزگە ئىشەنمىدىمۇ ياكى قورغىنىغا ئىشەندىمۇ — بۇنىسى نامەلۇم. ئىشقىلىپ، سۆلھ ئىشى نەتىجە بەرمىدى.

چەندىرى قورغىنىنى زورلۇق بىلەن ئېلىش نىيىتىدە، جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئالتىسى — سەيشەنبە كۈنى سەھەر بەھجەت خاننىڭ كۆلچىكىدىن كۆچۈپ، قورغان يېنىدىكى (334) ئوتتۇرا كۆلچەكنىڭ ياقىسىغا قارارگاھ قۇردۇق. شۇ ئەتىگەنلىكى يولدا كېلىۋاتقاندا خەلىفە بىر ئىككى پارچە خەت ئېلىپ كەلدى. خەتتە يېزىلىشىچە، پۇرەبكە ئەۋەتىلگەن چېرىك ياخشى ھېسابلاشماي ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، ئۇرۇشتا يېڭىلىپتۇ ۋە لەكنۇنى تاشلاپ، قەنۇجقا كېلىپتۇ. مەن خەلىفەنىڭ بۇ ئىشتىن بەك دېلىغۇل بولۇپ، ۋەھىمە چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «دېلىغۇل بولۇپ، ۋەھىمە چېكىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئىش تەگرىنىڭ پۈتكىنىدىن باشقىچە بولمايدۇ. بۇ ئىش ئالدىمىزدا تۇرغاندا، باشقا نەرسىنى ئويلىماسلىق كېرەك. ئەتە قەلئەگە ھۇجۇم قىلىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن بولغىنىنى كۆرەرمىز» دېدىم. دۈشمەن پەقەت ئەركىنلا چىڭىتقانىكەن، تاش قورغاندا ئېھتىيات ئۈچۈن بىردىن-ئىككىدىن كىشىلەر يۈرۈشەتتى. شۇ ئاخشىمى بىزنىڭكىلەر ھەر تەرەپتىن تاشقورغانغا چىقىشتى. دۈشمەننىڭ ئۇ يەردە ئازراقلا ئادىمى بار ئىدى، دېگۈدەك بىر جەڭمۇ بولمىدى، دۈشمەن قېچىپ ئەرككە چىقىۋالدى.

جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يەتتىسى — چارشەنبە كۈنى سەھەر چېرىكنىڭ قۇراللىنىپ، بەلگىلەنگەن يەرلىرىگە بېرىپ جەڭ ھازىرلىقىنى كۆرۈشى ھەم مەن دۇمباق ۋە ئەلەم بىلەن ئاتلىنىشىمغا، ھەممە يەلەن تۇرغان يەرلىرىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. جەڭ قىزىغاندا، دۇمباق ۋە ئەلەمنى قالدۇرۇپ، ئۆزۈم ئۇستاد ئەلى قولىنىڭ تاش ئاتقىنىنى كۆرۈشكە باردىم. ئۈچ-تۆت

قېتىم تاش ئاتتى، توپنىڭ تۇرغان يېرى يانتۇسىز بولغانلىقى ۋە سېپىل (ب 334) بەك مۇستەھكەم بولۇپ، پۈتۈنلەي تاشتىن قوپۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، تەسىر كۆرسىتەلمىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، چەندىرىنىڭ ئەركى تاغ ئۈستىدە ئىدى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە سۇ تەمىناتى ئۈچۈن ئىككى چېتىگە تام قوپۇرۇپ ياسالغان بىر يول بار ئىدى. بۇ يولنىڭ تېمى تاغدىن تۆۋەن بولۇپ، بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغىنىمىز شۇ يەر ئىدى. غول قىسمىنىڭ ئوڭ ۋە سول قولىغا ھەم خاس قىسمىغا مۇشۇ يەر تەگكەنىدى. ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىندى. لېكىن بۇ تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇم كۈچلۈكرەك بولدى. كاپىرلار يۇقىرىدىن تاش ئاتتى، ئوتلارنى چاچتى، لېكىن بۇ يىگىتلەر يانمىدى. ئاخىر، شاھىم يۈزبېگى تاشقورغاننىڭ تېمى بىلەن يول تېمى تۇتاشقان يەردىن يامىشىپ چىقتى. يەنە ئىككى-ئۈچ يەردىن يىگىتلەر يامىشىپ چىقتى. تاملىق يولدىكى كاپىرلار بەدەر قاچتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يول ئىشغال قىلىندى. كاپىرلار يۇقىرىقى قورغاندا ئانچە كۆپ جەڭ قىلماي، تېزلا قاچتى. نۇرغۇن كىشى يۇقىرىقى قورغانغا يامىشىپ چىقتى. بىر ئازدىن كېيىن كاپىرلار يالىڭاچ بولۇپ كېلىپ ئۇرۇشۇشقا باشلىدى، نۇرغۇن ئادەمنى قاچۇرۇپ سېپىلدىن يىقىتتى. بىرنەچچە ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈردى.

ئۇلارنىڭ سېپىل ئۈستىدىن تېز كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، بېرىپ خوتۇنلىرىنى پۈتۈنلەي چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرىمۇ ئۆلۈشكە بەل باغلاپ، يالىڭاچ بولۇپ ئۇرۇشۇشقا كېلىپتۇ. ئاخىر، بىزنىڭكىلەر تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇم قىلىپ، (335) ئۇلارنى سېپىل

ئۈستىدىن قاچۇردى. ئىككى-ئۈچ يۈز كاپىر مىندىنىراۋنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشۇ ھويلىدا بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈپتۇ، يەنى بىرى قولىغا قىلىچنى ئالسا، باشقىلىرى بىر-بىردىن كېلىپ بوينىنى تۇتۇپ بېرىپتۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ يوسۇندا دوزاخقا ماڭدى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن، شۇنداق مەشھۇر بىر قورغان ئەلەم ۋە دۇمباق كەلتۈرۈلمىگەن ھەم شىددەتلىك جەڭمۇ بولمىغان ئەھۋالدا ئىككى-ئۈچ گەرى ئىچىدىلا ئىشغال قىلىندى. چەندىرىنىڭ غەربىي‌شىمال تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنىڭ كاللىسىدىن بىر مۇنار قوپۇرۇلدى. بۇ غەلىبىنىڭ يىلى ئۈچۈن «فەتھى دارۇلھەرب» ① (جەڭگاھ غەلىبىسى) ئىبارىسىنى تېپىشتى. مەن ئۇنى مۇنداق كەلتۈردۈم:

> بۇد چەندى مەقامى چەندىرى،
> پۇر زى كۇففارۇ دارى ھەربى زەرب.
> فەتھ كەردەم بەھەرب قەلئەئى ئۇ،
> گەشت تارىخ فەتھى دارۇلھەرب.

(چەندىرى كۆپتىن بېرى كاپىرلار بىلەن تولغان جەڭ مەيدانى ئىدى. مەن ئۇنىڭ قەلئەسىنى جەڭ بىلەن ئالدىم. ئۇنىڭ يىلى «فەتھى دارۇلھەرب» بولدى)

چەندىرى ياخشى ۋىلايەت، تەۋەسىدە ئېقىن سۇ كۆپ. ئەركى تاغنىڭ ئۈستىدە. ئىچىدە تاشتىن قېزىلغان ئۈچ چوڭ كۆلچەك بار

---

① بۇ ئىبارىنىڭ ئەسلى ئىملاسى «فتح دارالعرب»دىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى كۆرسىتىدىغان 934 كېلىپ چىقىدۇ، بۇ مىلادىيە 1527-يىلغا توغرا كېلىدۇ.

ئىكەن. ھۇجۇم بىلەن ئېلىنغان ھېلىقى تاملىق يولدىمۇ چوڭ بىر كۆلچەك بار ئىكەن. يۇقىرى-تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئۆيلىرى پۈتۈنلەي تاشتىن ياسالغان. كاتتىلىرىنىڭ ئۆيلىرى تۆجۈپىلەپ سىلىقلاشتۇرۇلغان تاشلاردىن قۇرۇلۇپتۇ. ئاھالىنىڭ ئۆيلىرىمۇ تاشتىن ياسىلىپتۇ، بىراق تاراشلانمىغان تاشلار ئىكەن. كاھىش ئورنىغا (ب 335) تاختا تاشلارنى قويۇپتۇ. قورغاننىڭ ئالدىدا ئۈچ چوڭ كۆلچەك بار ئىكەن. بۇرۇنقى ھاكىملار ۋىلايەت تەۋەسىدە بەندلەر ياسىتىپ، كۆلچەكلەر پەيدا قىلغانىكەن. ۋىلايەت ئېگىزلىككە جايلاشقان. چەندىرىغا ئۈچ كۇرۇھ كېلىدىغان يەردە بىتۋى دېيىلىدىغان بىر كىچىك دەريا بار. ھىندىستاندا بىتۋى سۈيى ياخشى ۋە تاتلىقلىقى بىلەن مەشھۇر. بەك ياخشى دەريا. ئوتتۇرىسىدا ئىمارەتكە يارايدىغان پارچە-پارچە قىيا تاشلار بار. چەندىرى ئەگرەنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئارىلىقى توقسان كۇرۇھ كېلىدۇ. چەندىرىدا تۆمۈر قوزۇق يۇلتۇزىنىڭ ئېگىزلىكى يىگىرمە بەش دەرىجە بولىدۇ.

ئەتىسى — پەيشەنبە كۈنى قورغان يېنىدىن كۆچۈپ، مەللۇخان كۆلچىكىنىڭ ياقىسىغا چۈشتۇق. بۇ يەرگە كېلىشتىكى نىيىتىمىز چەندىرى غەلىبىسىدىن كېيىن، ئېخچە سەلاھىددىن كاپىرغا تەئەللۇق بولغان كاپىرلار ۋىلايىتى — راي سىنگ، بىھىلستان ۋەسارەنگپۇر ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش، بۇ يەرلەرنى ئالغاندىن كېيىن، سەنگاغا قارشى چىتۇرغا يۈرۈش قىلىش ئىدى. بەزى قالايمىقان خەۋەرلەر كەلگەنلىكتىن، بەگلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت قىلىش نەتىجىسىدە، ئالدى بىلەن بۇ پىتنىچى ئاسىيلارنىڭ

پىتنە-پاساتلىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر دېگەن پىكىرگە كەلدۇق. چەندىرىنى سۇلتان ناسىرىددىننىڭ نەۋرىسى ئەھمەد شاھقا بەردۇق. چەندىرىدىن ئەللىك لەك پادىشاھ مۈلكى ئايرىپ، ئۇنىڭ شىقدارلىقىنى موللا ئاپاق ئەھدىسگە بېرىپ، ئۇنى ئۈچ مىڭ تۈرك ۋە ھىندىستانلىق بىلەن بىرلىكتە ئەھمەد شاھقا ياردەم بېرىشكە قويدۇق.

بۇ ئىشلارنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، (336) جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون بىرى — يەكشەنبە كۈنى قايتىش سەپىرى بىلەن مەللۇخان كۆلچىكى بويىدىن كۆچۈپ، بۇرھانپۇر سۇيىنىڭ ياقىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. يەكە خوجا بىلەن جەئفەر خوجا كالپى كېمىلىرىنى كەنار كېچىكىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن باندىردىن يەكشەنبە ھەگە ئەۋەتىلدى. ئاينىڭ يىگىرمە تۆتى — شەنبە كۈنى كەنار كېچىكىگە چۈشۈپ، چېرىكنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە بۇيرۇق بەردۇق. شۇ كۈنلەردە خەۋەر كەلدىكى، ئىلغار قىسىم بولۇپ كەتكەنلەر قەنۇجنىمۇ تاشلاپ رابىرىغا كېلىپتۇ، شەمساباد قورغىنىنى ئەبۇلمۇھەممەد نەيزىۋاز بېكىتكەنىكەن، نۇرغۇن كىشى كېلىپ، زورلۇق بىلەن قورغاننى ئىشغال قىلىپتۇ. چېرىك دەريادىن ئۆتۈپ بولغۇچە ئۈچ-تۆت كۈن دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ۋە بۇ قېتىدا بولدۇق. چېرىك دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، قەنۇجغا قاراپ مەنزىلمۇمەنزىل ئىلگىرىلىدۇق، چاققان يىگىتلەرنى دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ماڭدۇردۇق. بۇلار قەنۇجغا ئىككى-ئۈچ مەنزىل يول قالغاندا خەۋەر كەلتۈردىكى، مەئرۇفنىڭ ئوغلى پىل تۇتقىلى بارغانلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا قەنۇجدىن قېچىپ

چىقىپتۇ. بايەزىد بىلەن مەئرۇپ بىزنىڭ كېلىۋاتقىنىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، گەنگ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گەنگ دەرياسىنىڭ قەنۇجغا ئۇدۇل كىچىكىنىڭ شەرق تەرىپىدە كىچىكنى توسۇش خىيالى بىلەن تۇرۇپتۇ.

جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئالتىسى — پەيشەنبە كۈنى قەنۇجدىن ئۆتۈپ، گەنگ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا كېلىپ چۈشتۇق. بىزنىڭ يىگىتلەر بېرىپ، دۈشمەننىڭ (ب 336) بىر نەچچە كېمىسىنى تارتىۋالدى. يۇقىرىدىن ۋە تۆۋەندىن چوڭ-كىچىك بولۇپ ئوتتۇز-قىرىق كېمە ئېلىپ كېلىشتى. مىرمۇھەممەد جالەباننى كۆۋرۈك ياساشقا مۇناسىپ بىر يەرنى تېپىپ، كۆۋرۈك ئەشيالىرىنى تەييارلاشقا ئەۋەتتۇق. ئۇ ئوردۇ چۈشكەن يەرنىڭ بىر كۇرۇھچە تۆۋەندىكى بىر يەرنى مۇۋاپىق كۆرۈپ كەلدى. بۇ ئىشقا قاۋۇل باشقۇرغۇچىلار تەيىنلەندى. كۆۋرۈك ياسىلىدىغان يەرنىڭ يېنىدا ئۇستاد ئەلى قۇلى توپ ئورنىتىشقا مۇۋاپىق يەر تېپىپ، تاش ئېتىش بىلەن شۇغۇللاندى. كۆۋرۈك ياسىلىدىغان يەرنىڭ بىر ئاز تۆۋەندە مۇستەفا رۇمى زەربىزەنلىك ھارۋىلارنى بىر ئارالغا ئۆتكۈزۈپ، زەربىزەن ئېتىشقا باشلىدى. كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بولجار قويۇرۇلغاندى، تۆفەكچىلەر بولجار ئۇستىدىن كېلىشتۈرۈپ توفەڭ ئاتتى.

مەلىك قاسىم موغۇل ۋە بەزى يىگىتلەر بىر-ئىككى قېتىم كېمە بىلەن ئۆتۈپ، ئادىمى ئاز بولسىمۇ ياخشى جەڭ قىلدى. بۇنىڭدىن غەيرەتلەنگەن بابا سۇلتان بىلەن دەرۋىش نامازشام ۋاقتىدا ئون-ئون بەشچە ئادەمنى ئېلىپ كېمە بىلەن ئۆتتى، لېكىن ياخشى ھېسابلاشماي بارغانلىقى ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلالماي قايتىپ

كەلدى ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن كۆپ ئازابلاندى. ئاخىر، مەلىك قاسىم غەيرەتلىنىپ، ئاز ئادەم بىلەن دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز دائىرىسىگە چېكىندۈردى. لېكىن دۈشمەن كۆپ ئادەم ۋە بىر پىل بىلەن قايتا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قاچۇردى. ئۇلار كېمىگە چۈشۈپ قوزغالغىچە (337) پىل يېتىپ كېلىپ كېمىنى غەرق قىلدى. مەلىك قاسىم شۇ ئۇرۇشتا ئۆلدى.

كۆۋرۈك پۈتكىچىلىك ئارىلىقتا بولغان بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇستاد ئەلى قۇلى كېلىشتۈرۈپ تاش ئېتىپ تۇردى. بىرىنچى كۈنى سەككىز تاش، ئىككىنچى كۈنى ئون ئالتە تاش ئاتتى، ئۈچ-تۆت كۈنگىچە مۇشۇنداق ئېتىپ تۇردى. بۇ تاشلارنى غازىي «غازىي قازانى» توپ بىلەن ئاتتى. بۇ توپ كاپىر سەنگا بىلەن بولغان جەڭدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا غازىي دەپ نام بېرىلگەنىدى. چوڭراق يەنە بىر توپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلا تاش ئېتىپ قالدى، توپ سۇندى. تۈفەكچىلەرمۇ كۆپ تۈفەك ئاتتى ۋە نۇرغۇن ئادەم ۋە ئاتنى يىقتتى. كۆۋرۈك پۈتۈشكە يېقىنلاشقاندا، جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ ئون توققۇزى — چارشەنبە كۈنى كۆچۈپ كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا كەلدۇق.

ئافغانلار كۆۋرۈك ياساشنى مۇمكىن ئەمەس دەپ بىلىپ، بىزنى مازاق قىلغانىكەن. پەيشەنبە كۈنى كۆۋرۈك تەييار بولدى. پىيادە ۋە لاھۇرلۇقلاردىن ئازراق كىشى ئۆتۈپ بىرئاز جەڭ قىلدى. جۈمە كۈنى غولدىكى خاس قىسىم بىلەن غولنىڭ ئوڭ قول ۋە سول قولدىكى يىگىتلەر ھەم تۈفەكچىلەر ياياق كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. ئافغانلار تولۇق قوراللانغان ھالدا ئاتلىنىپ، پىللىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى ۋە بىردەمگە سول قولدىكىلەرنى تەۋرىتىپ قويدى.

لېكىن غول ۋە ئوڭ قولدىكىلەر چىڭ تۇرۇپ ئېلىشىپ (ب 337) دۈشمەننى چېكىندۇردى. دۈشمەن ئادەملىرىدىن ئىككىسى توپتىن ئايرىلىپ ھۇجۇم قىلغانىدى، بىرىنى شۇئان يىقىتىپ تۇتۇۋالدى. يەنە بىرىنى ئېتى بىلەن قوشۇپ قاتتىق ئۇردى. ئۇنىڭ ئېتى تىزگىن سۆرەپ كەينىگە چاپتى، ئۇ ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئارىسىغا بارغاندا يەرگە يىقىلدى. شۇ كۈنى يەتتە-سەككىز باش ئېلىپ كېلىشتى. دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئادىمى ئوقيا ۋە تۆفەڭ ئوقى بىلەن يارىلاندى. جەڭ نامازدىگەرگىچە داۋام قىلدى.

كەچلىكى، كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇپ كېلىندى. ئەگەر شۇ شەنبە ئاخشىمى چېرىكنى ئۆتكۈزگەن بولساق، دۈشمەننىڭ كۆپچىلىكىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. لېكىن كۆڭۈلدە «ئۆتكەن يىلى سەيشەنبە — نورۇز كۈنى سەنگا بىلەن جەڭ قىلىش نىيىتىدە سىكرىدىن كۆچۈپ، شەنبە كۈنى دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغانىدۇق. بۇ يىل چارشەنبە — نورۇز كۈنى بۇ دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىش نىيىتى بىلەن كۆچتۇق. ئەگەر يەكشەنبە كۈنى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلساق، بۇ ئاجايىپ ۋەقەلەردىن بولۇپ قالىدۇ» دېگەننى ئويلاپ چېرىكنى ئۆتكۈزمىدۇق. شەنبە كۈنى ئۇلار جەڭگە كەلمىدى، پەقەت سەپلىرىنى تۈزۈپ قويۇپ يىراقتىلا تۇردى. بىز بۇ كۈنى ھارۋىلارنى ئۆتكۈزدۇق. چېرىكنىڭ سەھەر ۋاقتىدا ئۆتۈشىگە بۇيرۇق بېرىلدى. ناغرا ۋاقتىدا قاراۋۇللار دۈشمەننىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر بېرىشتى. چىن تېمۇر سۇلتانغا چېرىكنى باشلاپ دۈشمەننى قوغلاش بۇيرۇقى بېرىلدى. مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ، ھىسامىددىن ئەلى خەلىفە، مۇھىب ئەلى خەلىفە، كۇكى بابا

قاشقان، (338) دوست مۇھەممەد بابا قاشقا، باقى تاشكەندىي، قولى قىزىل باشچىلىقىدىكىلەر قوغلىغۇچى قىسىم قىلىپ تەيىنلەندى، ئۇلارنىڭ سۇلتان بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقماسلىقى شەرت ئىدى. سۈننەت ۋاقتىدا مەنمۇ ئۆتتۇم. تۆگىلەرنى تۆۋەنرەكتىكى كېچىكتىن ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. ئۇ كۈنى — يەكشەنبە كۈنى بەنگەرماۋۇغا بىر كۇرۇھ قالغان يەردىكى قارا سۇ بويىغا چۈشتۇق.

دۈشمەننى قوغلاشقا تەيىنلەنگەنلەر ياخشى ماڭماپتۇ. ئۇلار بەنگەرماۋۇغا چۈشكەنىكەن، شۇ كۈنى پېشىندا قوزغىلىپتۇ. تاڭلىسى بەنگەرماۋۇنىڭ ئالدىدىكى كۆلنىڭ ياقىسىغا چۈشتۇق. شۇ كۈنى كىچىك خان دادامنىڭ ئوغلى توختەبۇغە سۇلتان كېلىپ. ماڭا مۇلازىمەت قىلدى. جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ يىگىرمە توققۇزى-شەنبە كۈنى لەكنۇنى ئارىلاپ كەلگەندىن كېيىن، كوي سۈيىدىن ئۆتۈپ چۈشتۇق. شۇكۈنى كوي سۈيىدە غۇسۇل قىلدىم. قۇلىقىمغا سۇ كىردىمۇ ياكى ھاۋانىڭ تەسىرىدىن بولدىمۇ-بىلمەيمەن، ئوڭ قۇلىقىم ئاڭلىماس بولۇپ قالدى. لېكىن بىرنەچچە كۈنلا داۋام قىلدى. بەك ئاغرىپمۇ كەتمىدى. ئۇدقا بىر-ئىككى مەنزىل قالغاندا، چىن تېمۇر سۇلتان: «دۈشمەن سەرۇ دەرياسىنىڭ ئۇتەرىپىدە قارارگاھ قۇرۇپ يېتىپتۇ. ياردەمگە چېرىك ئەۋەتسۇن» دەپ ئادەم ئەۋەتتى. غول قىسمىدىن قاراچە باشلىق مىڭچە يىگىتنى ياردەمگە بېرىشقا ئايرىدۇق.

رەجەپ ئېيىنىڭ يەتتىسى — شەنبە كۈنى ئۇدنىڭ ئىككى-ئۈچ كۇرۇھ يۇقىرىسىدىكى گەگەر بىلەن سەرۇنىڭ (ب 338) قوشۇلغان يېرىگە چۈشتۇق. شۇ كۈنگىچە، شەيخ بايەزىد ئۇدنىڭ

ئۇدۇلىدىكى سەرۇ دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇپ، خەت يېزىپ سۇلتان بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانىكەن. سۇلتان ئۇنىڭ ھىيلىسىنى بىلىپ قېلىپ، پېشىن ۋاقتىدا قاراچەگە ئادەم ئەۋەتىپ، دەريادىن ئۆتۈش قارارىغا كېلىدۇ. ۋە قاراچە كېلىپ قوشۇلۇشىغا دەريادىن ئۆتىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ئەللىكچە ئاتلىق ئادىمى ۋە ئۈچ-تۆت پىيادىسى بار ئىكەن، دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ. بىزنىڭكىلەر بىرنەچچە ئادىمىنى يىقىتىپ بېشىنى كېسىپ ئەۋەتتى. بىھۇپ سۇلتان، تۇردى بەگ، بابا چۆھرە، قۇچ بەگ، باقى شىغاۋۇللار سۇلتاندىن كېيىن دەريادىن ئۆتىدۇ. بۇرۇن ئۆتكەنلەر شەيخ بايەزىدنى ناماز شامغىچە قوغلايدۇ. شەيخ بايەزىد جاڭگالغا كىرىۋېلىپ قۇتۇلىدۇ. چىن تېمۇر سۇلتان كېچىسى قارا سۇ ياقىسىغا چۈشۈپ، يېرىم كېچىدە ئاتلىنىپ يەنە دۈشمەنىنى قوغلايدۇ ۋە قىرىق كۇرۇھچە يول مېڭىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە قوۋمى بار يەرگە يېتىدۇ. ئۇلار قاچقانىكەن. بىزنىڭكىلەر شۇ يەردىن ھەر تەرەپكە چاپقۇنچىلارنى ئەۋەتىدۇ. باقى شىغاۋۇل بىرقانچە يىگىت بىلەن دۈشمەنىنى قوغلاپ، ئائىلە ۋە قوۋمىگە يېتىشىۋالىدۇ. ئۇ ئافغانلاردىن بىر مۇنچىسىنى تۇتۇپ كەلدى.

ئۇد ۋە بۇ تەۋەنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولۇپ، بۇ يەردە بىر قانچە كۈن ھايال بولدۇق. ئۇدنىڭ يەتتە-سەككىز كۇرۇھ يۇقىرىسىدىكى سەرۇ دەرياسىنىڭ ياقىسىنى ئوۋ قىلىش ئورنى دەپ تەرىپلەشكىنى ئۈچۈن، مىر مۇھەممەد جالەبانىنى ئەۋەتتۇق. ئۇ بېرىپ گەگەر سۈيى بىلەن سەرۇ سۈيىنىڭ (339) كېچىكىنى كۆرۈپ كەلدى. ئاينىڭ ئون ئىككىسى — پەيشەنبە كۈنى ئوۋ قىلىش خيالى بىلەن ئاتلاندىم.

# توققۇز يۈز ئوتتۇز بەشىنچى يىل① ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئۈچى — جۈمە كۈنى مەن چەندىرى يۈرۈشىمىدىن بىر ئاز بۇرۇن مولتان ئىشى ئۈچۈن چاقىرتقان ئەسكەرىي كېلىپ، خىلۋەتخانىدا مۇلازىمەت قىلدى. تاڭلىسى يۇنۇس ئەلىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان خاند ئەمىر مۇئەررىخ، مەۋلانا شەھاب مۇئەممائى، مىر ئىبراھىم قۇنۇنىيلار كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى، بۇلارنىڭ مۇلازىمەت نىيىتى بىلەن ھىرىدىن چىققىنىغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغانىدى.

ئاينىڭ بەشى — يەكشەنبە كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا كىتابلاردا «گاليۇر» دەپ يېزىلىدىغان گۇۋالىيارنى ئارىلاش ئۈچۈن جۇندىن ئۆتۈپ، ئەگرە قەلئەسىگە كىرىپ، مۇشۇ ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە كابۇلغا قايتىش ئالدىدا تۇرغان فەخرى جەھان بېگىم ۋە خەدىچە سۇلتان بېگىم بىلەن خوشلىشىپ، يولغا چىقتىم. مۇھەممەد زەمان مىرزا رۇخسەت سوراپ ئەگرەدە قالدى. ئۇ كېچىسى ئۈچ-تۆت كۇرۇھ يول مېڭىپ، بىر كۆل ياقىسىغا چۈشۈپ ئۇخلىدۇق. نامازنى ئەتىگەنرەك ئۆتەپ يولغا چىقتۇق، گەمبىر سۈيىنىڭ ياقىسىدا چۈشلۈك غىزا يەپ، ناماز پېشىندا ئۇ يەردىن قوزغالدۇق. يولدا موللا رەفىئ ياساپ بەرگەن ئۇۋاق دورىنى كەيپ سۈرۈش ئۈچۈن تالىقان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچتۇق. ئىنتايىن بەتتەم تېتىدى، دىگەردىن كەچرەك

① مىلادىيە 1528 — 1539-يىللار ئارىلىقى.

دۆلپۇرنىڭ بىر كۆرۈھ غەربىدىكى مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە ياسالغان باغ ۋە ئىمارەتكە (ب 339) كېلىپ چۈشتۈم.

بۇ باغ ۋە ئىمارەت بىر تاغ تۇمشۇقىنىڭ ئاخىرلاشقان يېرىگە سېلىنغانىدى. بۇ تاغ تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى پۈتۈن بىر قىزىل ئىمارەت تېشى بولغانلىقتىن، بۇ تاغنى تۈۋىگىچە قېزىش، ئەگەر پۈتۈن تاشنىڭ ئېگىزلىكى پۈتۈن تاش ئىمارەت ياساشقا يارىسا، بىر پۈتۈن تاش ئىمارەت ياساش، ئەگەر ئانچە ئېگىز بولمىسىلا بۇ پۈتۈن تاشنىڭ سىلىقلانغان يۈزىگە بىر كۆلچەك قېزىشنى بۇيرۇغانىدىم. نەتىجىدە پۈتۈن تاشنىڭ ئېگىزلىكى ئىمارەت ياساشقا ئىمكانىيەت بەرمەپتۇ. بۇيرۇقۇمغا ئاساسەن، ئۇستاد شاھ مۇھەممەد تاشچى بۇ پۈتۈن تاشنىڭ تەكشىلەنگەن يۈزىگە ئۈستىدە قاپقىقى بار سەككىز بۇرجەكلىك بىر كۆلچەكنىڭ پىلانىنى چۈشۈردى. تاشچىلارنىڭ بۇ ئىش بىلەن جىددىي تۇتۇش قىلىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. بۇ كۆلچەك بۇيرۇلغان يەرنىڭ شىمال تەرىپى قويۇق دەرەخزار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھىند جىنەستىسى، ئەنبە، جامەن قاتارلىق خىلمۇ خىل دەرەخلەر بار ئىدى. بۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا بىر چوڭ قۇدۇق قېزىشنى بۇيرۇغانىدىم، بۇ قۇدۇق پۈتۈشكە يېقىنلىشىپتۇ. بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى يۇقىرىدىكى كۆلچەككە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ كۆلچەكنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە سۇلتان ئىسكەندەر بىر بەند ياسىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمارەت سالدۇرغانىكەن. بەندنىڭ يۇقىرى تەرىپى يامغۇر پەسلىدە يامغۇر سۇلىرىنىڭ يىغىلىشى بىلەن چوڭ كۆلگە ئايلىنىدۇ. بۇ كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدە باغ بار، كۆلنىڭ بۇ (340) تەرىپىگىمۇ پۈتۈن تاشتىن سۇپىلار ياسىلىشىنى، غەرب تەرىپىگە مەسچىت سېلىشنى بۇيرۇدۇم.

سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرى مۇشۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ

دۇلپۇردا تۇردۇق. پەيشەنبە كۈنى ئاتلىنىپ، چەنبەل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پېشىن نامىزىنى دەريا ياقىسىدا ئۆتەپ، پېشىن بىلەن دىگەر ئارىلىقىدا چەنبەل ياقىسىدىن قوزغىلىپ، ناماز شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا كەۋارى سۈيىدىن ئۆتۈپ قوندۇق. يامغۇر يېغىپ، سۇ ئۇلغايغانىدى. ئاتلار ئۈزدۈرۈپ ئۆتكۈزۈلدى، ئۆزىمىز كېمە بىلەن ئۆتتۇق. ئەتىسى جۈمە بولۇپ، ئاشۇر كۈنى① ئىدى. ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، يولدا بىر يېزىدا چۈشلۈك غىزا يەپ، ناماز خۇپتەن ۋاقتىدا گۇۋالىيارنىڭ بىر كۈرۈھ شىمالىدىكى مەن ئۆتكەن يىلى بۇيرۇپ ياساتقان چارباغقا كېلىپ چۈشتۈم. ئەتىسى پېشىندىن كېيىن ئاتلىنىپ، گۇۋالىيارنىڭ شىمالىدىكى دۆڭلەرنى ۋە نامازگاھنى ئارىلاپ كېلىپ، گۇۋالىيارنىڭ راجەمان سىنگ سالدۇرغان سارايلار تۇتىشىپ تۇرغان ھاتىپۇل ناملىق دەرۋازىسىدىن كىرىپ، رەھىمداد ئولتۇرغان راجە بىكەر ماجىتنىڭ سارىيىغا نامازدىگەردىن كەچرەك كېلىپ چۈشتۈم. شۇ كېچىسى قۇلىقىمنىڭ تەشۋىشى بىلەن (ئايدىڭمۇ بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئىدى) ئەپيۇن ئىستىمال قىلدىم. ئەتىسى ئەپيۇننىڭ كەيپى بەك ئاۋارە قىلدى، كۆپ ياندۇردۇم.

كەيپىلىكىمگە قارىماي، مان سىنگ بىلەن بىكەر ماجىتنىڭ سارايلىرىنى تولۇق ئارىلاپ چىقتىم. (ب 340) پارچە-پارچە ھەم سىياقسىز بولۇشىغا قارىماي، ئاجايىپ سېلىنغان ئىمارەتلەر ئىكەن. ھەممىسى يونۇلغان تاشلاردىن ياسىلىپتۇ. پۈتۈن راجەلەرنىڭ ئىمارەتلىرى ئىچىدە مانسىنگنىڭ ئىمارەتلىرى ياخشى ھەم ئالىي ئىكەن. مان سىنگ ئىمارىتىنىڭ شەرققە قارىغان بىر تېمى باشقا تاملارغا قارىغاندا كۆپرەك ئەجىر بىلەن ياسىلىپتۇ. بۇ تامنىڭ

---

① ئاشۇر كۈنى — قەمەرىيە 1-ئاي (مۇھەررەم)نىڭ 10-كۈنى.

ئېگىزلىكى تەخمىنەن قىرىق-ئەللىك قارى كېلىدۇ. پۈتۈنلەي يونۇلغان تاشلاردىن قوپۇرۇلۇپ، گەج بىلەن ئاقارتىلىپتۇ. ئىمارەتنىڭ بەزى يەرلىرى تۆت قەۋەتلىك ئىكەن. ئاستىنقى ئىككى قەۋىتى بەك قاراڭغۇ بولۇپ، يورۇقى بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن سېزىلىدىكەن. بۇ يەرلەرنى شام يورۇتۇپ ئارىلىدۇق. بۇ ئىمارەتنىڭ ھەر يېنىغا بەش گۈمبەز ياسالغان، گۈمبەزلەرنىڭ ئارىلىقىغا ھىندىستان شەكلىدە چاسا گۈمبەزچەكلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ بەش چوڭ گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن ياللىتىلغان مىس تاۋاقلار قادالغان. تاملارنىڭ تاشقى تەرىپى يېشىل كاھىش بىلەن قاپلانغان. چۆرىسىگە يېشىل كاھىشتىن بانان دەرىخىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. شەرق تەرەپتىكى تامنىڭ بۇرجىسىدا «ھاتى پۇل» يەنى پىل دەرۋازىسى بار ئىكەن. دەرۋازىدىن چىقىدىغان يەرگە ئۈستىدە ئىككى پىلچى ئولتۇرغان بىر پىلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپتۇ. پىلنى بەك ئوخشىتىپ سىزىپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ھاتى پۇل» دېيىلىدىكەن. (341) تۆت قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ ھېلىقى پىل سۈرىتى تەرەپكە قارىتىلغان بىر روجىكى بار ئىكەن. بۇ يەردىن پىل يېقىنلا كۆرۈنىدىكەن. ئىمارەتنىڭ يۇقىرىقى قەۋىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغان گۈمبەزلەردىن ئىبارەتتۇر. ئىككىنچى قەۋىتى ئۆزلىرى تۇرىدىغان ئۆيلەر ئىكەن. بۇ ئۆيلەر ھىندىستان شەكلىدە ئەجىر بىلەن ياسالغان بولسىمۇ لېكىن ئورنى چوڭقۇر بولۇپ، ھاۋاسىزراق ئىكەن.

مان سىنگنىڭ ئوغلى بىكەر ماجىتنىڭ ئىمارەتلىرى قورغاننىڭ شىمال تەرىپىدە ئوتتۇرىغا جايلاشقانىكەن. ئوغلىنىڭ ئىمارەتلىرى ئاتىسىنىڭكىگە يەتمەيدىكەن، چوڭ گۈمبەزدىن بىرىلا بولۇپ، ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىكەن، يورۇقى بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن سېزىلىدىكەن. بۇ چوڭ گۈمبەزنىڭ ئاستىدا كىچىكرەك يەنە بىر

ئىمارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچنەدىن يورۇق كىرمەيدىكەن. بۇ چوڭ گۇمبەزنىڭ ئۈستىگە رەھمداد كىچىكرەك بىر كۆشك ياسىتىپتۇ. رەھمداد مۇشۇ بىكەر ماجىتنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلىشىپتۇ. بۇ بىكەر ماجىتنىڭ ئىمارىتىدىن ئاتىسىنىڭ ئىمارىتىگە ئۆتىدىغان بىر يول بار ئىكەن، بۇنى تاشقىرىدىن پەقەتلا بىلگىلى بولمايدىكەن، ئىچكىرىدىنمۇ ھېچنە كۆرۈنمەيدىكەن. بەزى يەرلىرىدىن يورۇق چۈشىدىكەن، ياخشى بىر يول ئىكەن.

بۇ ئىمارەتلەرنى ئارىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاتلىنىپ رەھمداد سالدۇرغان مەدرىسنى ۋە قورغاننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىر چوڭ كۆلچەكنىڭ ياقىسىغا ياساتقان باغچىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كەچ (ب 341) ئوردۇ چۈشكەن چارباغقا كەلدۇق. بۇ باغقا بىرمۇنچە گۈللەر تىكىلىپتۇ. پارقىراق قىزىل كەنىر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بۇ تەرەپلەرنىڭ كەنىرى شاپتول چېچىكى رەڭگىدە بولىدۇ. گۇۋالىيارنىڭ كەنىرى قىپقىزىل، پارقىراق بولىدۇ. گۇۋالىياردىن بىرمۇنچە قىزىل كەنىر ئالدۇرۇپ ئەگرە باغلىرىغا تىكتۈردۇم. بۇ باغنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بىر چوڭ كۆل بولۇپ، يامغۇر پەسلىدىكى يامغۇر سۇلىرى مۇشۇ يەرگە يىغىلىدۇ. بۇ كۆلنىڭ غەرب تەرىپىدە ئېگىز بىر بۇتخانا بار. سۇلتان شەمسىددىن ئىلتۇتمىش شۇ بۇتخانىنىڭ يېنىغا بىر جامە سالدۇرۇپتۇ. بۇتخانا ئىنتايىن ئېگىز بولۇپ، قورغاندا ئۇنىڭدىن ئېگىز ئىمارەت يوق. دۇلپۇر تېغىدىن گۇۋالىيار قورغىنى بىلەن بۇ بۇتخانا ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بۇتخانىنىڭ تاشلىرىنى پۈتۈنلەي مۇشۇ كۆلدىن قېزىپ ئالغانىكەن. بۇ باغچىغا بىر ياغاچ كۆشك ياسىلىپتۇ، پاكار ھەم پىچىمسىزراق بولۇپ قېلىپتۇ. باغچىنىڭ ئىشىكىگە ھىندىستان شەكلىدە كۆرۈمسىز ئايۋانلار ياسىلىپتۇ.

تاڭلىسى پېشىندا گۇۋالىياردىكى تېخى كۆرمىگەن يەرلەرنى ئارىلاش

نىيىتى بىلەن ئاتىلىپ، مان سىنگىنىڭ قورغان سىرتىدىكى بادەلگەر ناملىق ئىمارىتىنى كۆرۈپ، ھاتى پۇل دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ئۇدۋا دېگەن يەرگە باردۇق. بۇ ئۇدۋا دېگەن يەر قورغاننىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر غول ئىكەن. گەرچە بۇ غول ئۈستىگە قوپۇرۇلغان تامنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئىككى قاتار ئېگىز تام قوپۇرۇلۇپتۇ. تاملارنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇز-قىرىق قارىغا يېقىن كېلىدۇ. ئىچكى تام ئۇزۇنراق ئىكەن. (342) بۇ تام غولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قورغان تېمى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپتۇ. بۇ تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇنىڭدىن پەسرەك بىر چۆرۈلمە تام قوپۇرۇلۇپتۇ. بۇ تام سۇ كاپالىتى ئۈچۈن قوپۇرۇلغانىكەن. ئۇنىڭ ئىچىگە سۇ ئېلىش ئۈچۈن ۋايىن قېزىلىپتۇ. ئون-ئون بەش پەلەمپەي بىلەن سۇغا يېتىدىكەن. چوڭ تامنىڭ ۋايىنلىق تامغا چىقىدىغان ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى بىر تاشقا سۇلتان شەمسىددىن ئىلتۇتمىشنىڭ نامىنى يېزىپ قويۇپتۇ. يىلى630 ① ئىكەن. بۇ تاشقى تامنىڭ تۆۋىدە — قورغاننىڭ سىرتىدا بىر چوڭ كۆل بار ئىكەن. بۇنىڭ سۈيى كېمىيىدىغان كۆل ئەمەسلىكى ئېنىق. سۇ يولىغا مۇشۇ كۆلنىڭ سۈيى بارىدىكەن. بۇ ئۇدۋانىڭ ئىچىدە يەنە ئىككى چوڭ كۆل بار ئىكەن. قورغاندىكىلەر بۇ كۆللەرنىڭ سۈيىنى باشقا سۇلارغا تەڭ قىلمايدىكەن.

ئۇدۋانىڭ ئۈچ تەرىپى تۇتاش تاغ ئىكەن. تاغ تېشىنىڭ رەڭگى بىيانە تاشلىرىدەك قىزىل ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن رەڭسىزرەك كېلىدىكەن. ئەتراپىدىكى پۈتۈن قىيالارنى قېزىپ، چوڭ-كىچىك بۇتلارنى ياسىشىپتۇ. جەنۇب تەرىپىدە ئېگىزلىكى تەخمىنەن يىگىرمە

① مىلادىيە 1232 — 1233-يىللار ئارىلىقى.

قارى كېلىدىغان چوڭ بىر بۇت بار ئىكەن. بۇ بۇتلارنىڭ ھەممىسى يالىڭاچ بولۇپ، ئەۋرەت يەرلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۇدۋانىڭ (ب 342) ئىچىدىكى ئىككى چوڭ كۆلنىڭ ئەتراپىغا يىگىرمە-يىگىرمە بەش قۇدۇق قېزىپتۇ. بۇ قۇدۇقلارنىڭ سۈيى بىلەن كۆكۈلمەيدان ھاسىل قىلىپ، گۈل ۋە دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپتۇ. ئۇدۋا ياخشى يەر ئىكەن. ئەيىبى شۇكى، ھېلىقى بۇتلار بار ئىكەن. بۇ بۇتلارنى بۇزۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردىم. ئۇدۋادىن يەنە قورغانغا كېلىپ، كاپىرلار زامانىدىن بېرى تاقاقلىق تۇرغان سۇلتان پۇلنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كەچتە رەھىمداد ياساتقان باغچىغا كېلىپ چۈشتۈم. ئۇ ئاخشىمى شۇ باغدىلا بولدۇم.

ئاينىڭ ئون تۆتى — سەيشەنبە كۈنى راناسەنگانىڭ بىكەر ماجىت ئاتلىق ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئادەملىرى كەلدى. بەكەر ماجىت ئانىسى پەدماۋەتى بىلەن رەتەنپۇر قەلئەسىدە تۇراتتى. گۇۋالىيار سەپەرىگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇنمۇ بىكەر ماجىتنىڭ ئەسۇك ئاتلىق بىر كاتتا ئېتىبارلىق ھىندۇسى قېشىدىن كىشىلەر كېلىپ، قۇللۇق ۋە خىزمەتكارلىق ئىزھار قىلىپ، يەتمىش لەكلىك ۋەجھ بېرىلىش شەرتى بىلەن رەتەنپۇرنى تاپشۇرۇشقا ماقۇللۇق بىلدۈرگەنىدى. مۇددىئاسىدەك پەرگەنەلەر ئىنايەت قىلىپ، ئادەملىرىگە رۇخسەت بەرگەنىدۇق. گۇۋالىيار سەپەرىگە ئاتلىنىدىغان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، گۇۋالىياردا كۆرۈشۈش قەرەلىنى بەلگىلىگەنىدۇق. ئۇلار قەرەلدىن بىرنەچچە كۈن كېچىكىپ كەلدى.

بۇ ئەسۇك ھىندۇ بىكەر ماجىتنىڭ ئانىسى پەدماۋەتىنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئىكەن. (343) ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئاتا-بالا ئىككىسىگىمۇ ئۇقتۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ ئەسۇك بىللە بىلەن ساداقەت ۋە خىزمەتكارلىقتا

بولۇشنى قوبۇل قىلىپتۇ. سەنگا سۇلتان مەھمۇدنى مەغلۇپ قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن چاغدا، ئۇنىڭ تاج، كۇلاھ ۋە ئالتۇن كەمىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى قويۇۋەتكەنىدى. شۇ تاج، كۇلاھ ۋە ئالتۇن كەمەر بىكەر ماجىتتا ئىكەن. ئاتىسىنىڭ ئورنىغا رانا بولۇپ، چىتۇرنى ئىگىلەپ تۇرغان ئاغىسى رەتەنسى تاج، كۇلاھ ۋە ئالتۇن كەمەرنى ئىنىسىدىن سورىغانىكەن، ئۇ بەرمەپتۇ. ئۇ ھېلىقى كەلگەن ئادەملەر ئارقىلىق تاج، كۇلاھ ۋە ئالتۇن كەمەرنى ماڭا بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ ۋە رەتەنپۇر بەدىلىگە بىيانەنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇلارنى بىيانە سۆزىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، رەتەنپۇر بەدىلىگە شەمسابادنى ۋەدە قىلدۇق. شۇ كۈنى بۇ كەلگەن ئادەملەرگە تون كىيدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ توققۇز كۈندە بىيانەگە كېلىشىنى توختام قىلىپ، ئۇلارنى يولغا سالدۇق.

بۇ باغچىدىن ئاتلىنىپ، گۇۋالىيارنىڭ بۇتخانىلىرىنى ئارىلىدۇق. بۇتخانىلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى قەۋەتلىك، بەزىلىرى ئۈچ قەۋەتلىك ئىكەن. ئۆيلىرى پاكازراق بولۇپ، قەدىمكى شەكىلدە ئىكەن. ئەتراپىغا تاشتىن ھەيكەللەر ياسىلىپتۇ. بەزى بۇتخانىلارنىڭ مەدرىسلەرنىڭكىدەك چوڭ ۋە ئېگىز گۈمبەزلىرى ھەم ھۇجرىلىرى بار ئىكەن. ھەربىر ھۇجرىنىڭ ئۈستىگە يونۇلغان تاشتىن چوڭ-چوڭ گۈمبەزلەر چىقىرىلىپتۇ. تۆۋەندىكى (ب 343) ھۇجرىلارغا تاشتىن بۇتلار ياسىلىپتۇ. بۇ ئىمارەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، گۇۋالىيارنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ، گۇۋالىيار قورغىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن بۇرۇلۇپ، ئۇ يەرلەرنى ئارىلىغاندىن كېيىن، ھاتى پۇلنىڭ ئالدىدىكى رەھىمداد ياساتقان چارباغقا كېلىپ چۈشتۇم. رەھىمداد توي ئېشىنى بۇ تاغقا ھازىرلىغانىدى. ياخشى تائاملارنى تارتىپ، نۇرغۇن ھەدىيە

تەقدىم قىلدى. مال ھەم نەق پۇل بولۇپ، قىلغان ھەدىيىسى تۆت لەك بولدى. بۇ باغدىن ئاتلىنىپ، كەچتە ئۆز يېغىمغا قايتىپ كەلدىم.

ئاينىڭ ئون بەشى — چارشەنبە كۈنى گوۋالىيارنىڭ ئالتە كورۇھ جەنۇبىدىكى شارقىراتمىنى كۆرگىلى باردىم. كەچرەك قوزغالغان ئىكەنمىز، شارقىراتمىغا پېشىندىن كەچرەك يېتىپ باردۇق. بىر ئارغامچا كېلىدىغان ئېگىز قىيادىن بىر تاشلىق سۇ چۈشىدىكەن سۇ چۈشكەن يەرنىڭ تۆۋىنىدە چوڭ بىر كۆل پەيدا بولۇپتۇ. شارقىراتمىنىڭ يۇقىرىسىدا، بۇ سۇ پۈتۈن قىيانىڭ ئۈستىدىن ئېقىپ كېلىدىكەن، سۇنىڭ تەكتى پۈتۈنلەي تاش ئىكەن. سۇ ھەر يەر — ھەر يەردىن چۈشۈپ كۆل بولۇپتۇ. سۇنىڭ ياقىسىغا ئولتۇرغۇدەك پارچە تاشلار چۈشۈپتۇ. بىراق بۇ سۇ ھەر دائىم ئېقىپ تۇرمايمىش. شارقىراتمىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مەجۇن يېدۇق. سۇ يۇقىرىسىغا — سۇنىڭ باشلانغان يېرىگىچە بېرىپ كېلىپ، بىر ئېگىزلىكتە بىردەم ئولتۇردۇق. سازەندىلەر ساز چالدى، قىزىقچىلار (344) بىر نەرسىلەر ئېيتىشتى. ھىندىستانلىقلار «تىندۇ» دەيدىغان ئەبنۇس دەرىخىنى كۆرمىگەنلەرگە ئەبنۇس دەرىخى كۆرسىتىلدى. ئۇ يەردىن يېنىپ، تاغدىن چۈشۈپ، شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ئۇ يەردىن ئاتلاندۇق. ئىككىنچى پاستا بىر يەرگە كېلىپ ئۇخلىدۇق. كۈننىڭ بىرىنچى پەھەرى بولغاندا چارباغقا كەلدۇق.

ئاينىڭ ئون يەتتىسى — جۈمە كۈنى سالاھىددىننىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولغان سوھجەنە دېگەن يېزىنى ۋە بۇ يېزىدىن يۇقىرى تاغ ئارىسىدىكى لىمون، سەدافەل باغلىرىنى سەيلە قىلىپ، بىرىنچى پەھەردە كېلىپ چارباغقا چۈشتۇم.

ئاينىڭ ئون توققۇزى — يەكشەنبە كۈنى تاڭ ئاتماستا چارباغدىن ئاتلىنىپ، كەۋارى سۈيىدىن ئۆتۈپ چۈشلۈك غىزا يېدۇق. پېشىندا ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، كۈن ئولتۇرغاندا چەنبەل سۈيىدىن ئۆتۈپ، شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا دۇلپۇر قورغىنىغا كىرىپ، ئەبۇلفەتھ ياساتقان ھاممامنى مەشئەل بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ، يېڭى چارباغ ياسالغان يەردىكى بەندنىڭ بېشىغا كېلىپ چۈشتۇق. ئەتىسى چىقىپ قۇرۇلۇش بۇيرۇلغان يەرلەرنى ئارىلىدىم. بىر پۈتۈن تاشقا قېزىلىشى بۇيرۇلغان كۆلچەكنىڭ يۈزى تېخى بىر تەكشىلىككە كەلمىگەنىكەن، كۆلچەككە سۇ تولدۇرۇپ ئەتراپىنىڭ تەكشىلىكىنى ئۆلچەش ئۈچۈن، تاشچىلارنى كۆپەيتىپ، كۆلچەكنىڭ تۈۋىنى بىر تەكشىلىككە كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدۇم. نامازدىگەردە كۆلچەكنىڭ يۈزىنى بىر تەكشىلىككە كەلتۈرۈشتى. سۇ تولدۇرۇشنى بۇيرۇدۇم. (ب 344)، تاشچىلا ئەتراپىنى سۇ بىلەن ئۆلچەپ تەكشىلەشكە كىرىشتى. بۇ قېتىم بىر سۇخانا ياساشنى، ئۇنىڭ تەكتى بىلەن ئىچىدىكى كىچىك كۆلچەكنىڭمۇ بىر پۈتۈن تاشتىن بولۇشنى بۇيرۇدۇم.

دۈشەنبە كۈنى مەجۇن ئولتۇرۇشى بولدى. سەيشەنبە كۈنىمۇ شۇ يەردە بولدۇم. چارشەنبە ئاخشىمى ئىپتار قىلىپ غىزالانغاندىن كېيىن، سىكرىگە بېرىش نىيىتىدە ئاتلاندۇق. ئىككىنچى پەھەرگە بىر يەرگە چۈشۈپ ئۇخلىدۇق. قۇلىقىمغا سوغۇق تەسىر قىلدى-مۇ-بىلمەيمەن، بۇ كېچىسى بەك ئاغرىپ ئۇخلىيالمىدىم. تاڭ سۈزۈلگەندە بۇ يەردىن قوزغىلىپ، بىرىنچى پەھەردە سىكرىدا ياسالغان باغقا بېرىپ چۈشتۇق. باغنىڭ تېمى ۋە قۇدۇقنىڭ قۇرۇلۇشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىش ئۈستىدىكىلەرگە تەنبىھ

ۋە جازالار بېرىلدى. سىكرىدىن نامازدىگەر بىلەن شام ئارىلىقىدا ئاتلىنىپ، مەدھاكۇردىن ئۆتۈپ، بىر يەردە قوندۇق. بۇ يەردىن ئاتلىنىپ، بىرىنچى پەھەردە ئەگرەگە كېلىپ، بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن فەخرى جەھان بېگىم بىلەن بىللە كېتەلمىگەن خەدىچە سۇلتان بېگىمنى قەلئەدە زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، جۇندىن ئۆتۈپ ھەشت بېھىشت بېغىغا كەلدىم.

سەپەر ئېيىنىڭ ئۈچى — شەنبە كۈنى توتەدىن ئۆتۈپ مەھەللىلەرنىڭ چېتىگە — دەريا بويىغا چۈشكەن چوڭ ھامىلىرىمدىن كوھەرشاد بېگىم، بەدىئۇلجەمال بىگىم ۋە ئاق بېگىملەرنى، كىچىك بېگىملەردىن خانزادە بېگىمنى، سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ قىزىنى، سۇلتان بەخت بېگىمنىڭ قىزىنى ۋە يەنگە چىچەم — زەينەپ سۇلتان بېگىمنىڭ نەۋرىسىنى (345)دىگەر بىلەن شام ئارىلىقىدا بېرىپ يوقلىدىم. ئۇ يەردىن كېمە بىلەن قايتتىم.

سەپەر ئېيىنىڭ بەشى — دۈشەنبە كۈنى بىكەر ماجىتنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەلچىلىرىگە بېھرەلىك تەجرىبىلىك ھىندۇلاردىن دىۋەنىڭ ئوغلى ھامۇسىنى قوشۇپ، رەتپۇرنى تاپشۇرۇش ۋە خىزمەتكارلىقنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۆز قائىدە-رەسمى بىلەن ئەھدە-شەرت تۈزۈشكە ئەۋەتتۇق. بىزنىڭ بۇ ئەۋەتكەن ئادىمىمىز بۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ كەلمەكچى بولدى. ئەگەر بىكەر ماجىت ئۆز سۆزىدە تۇرسا، مەنمۇ خۇدا بۇيرۇسا، ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا رانا قىلىپ، چىتۇر تەختىدە ئولتۇرغۇزۇشقا ۋەدە بەردىم.

ئۇ كۈنلەردە، ئىسكەندەر بىلەن ئىبراھىمنىڭ دېھلى ۋە ئەگرەدىكى خەزىنىلىرى تۈگىگەنىدى. چېرىكنىڭ قورال-يارىغى، توپ ۋە تۈفەڭچىلەرنىڭ دورا ۋە چىقىمى ئۈچۈن، سەپەر ئېيىنىڭ سەككىزى

— پەيشەنبە كۈنى بارلىق ۋەجھدارلارنىڭ ۋەجھدىن يۈزدە ئوتتۇزىنى دىۋانغا ئېلىپ شۇ ئىشقا سەرپ قىلىش توغرىسىدا پەرمان چىقىرىلدى.

ئاينىڭ ئونى — شەنبە كۈنى سۇلتان مۇھەممەد باخشىنىڭ بىر قېتىم خۇراسان ئاھالىسىگە رىغبەت پەرمانى ئېلىپ بارغان شاھ قاسىم ئاتلىق پىيادىسىنى يەنە ھىرىغا ئەۋەتتۇق. ئۇنىڭدىن ئەۋەتىلگەن پەرمان، تەڭرى ئىنايىتى بىلەن ھىندىستاننىڭ شەرق ۋە غەرب (ب 345) تەرەپلىرىدىكى دۈشمەن ۋە كاپىرلاردىن خاتىرجەم بولدۇق؛ تەڭرى نېسىپ قىلسا، بۇ ياز ئۆزىمىزنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇياققا يەتكۈزىمىز، دېگەن مەزمۇندا ئىدى. ئەھمەد ئەفشارغىمۇ پەرمان ئەۋەتىلدى. پەرماننىڭ ھاشىيىسىغا ئۆز قولۇم بىلەن خەت يېزىپ، فەرىدۇن قوبۇزنى تەكلىپ قىلدىم. شۇ كۈنى پېشىندىن ئېتىبارەن سىماب يېيىشنى باشلىدىم. ئاينىڭ يىگىرمە بىرى — چارشەنبە كۈنى ھىندىستانلىق بىر پىيادە كامران بىلەن خوجا دوستنىڭ ئەرز-ھال خەتلىرىنى ئېلىپ كەلدى. خوجا دوست خاۋەندى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونىدا كابۇلغا بېرىپ، ھۇمايۇننىڭ قېشىغا ماڭغانىكەن. ھۇبىياندا كامراننىڭ ئادىمى كېلىپ: « خوجا كەلسۇن، قانداق پەرمان بولسا يەتكۈزسۇن، قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن بارسۇن » دەپتۇ. كامران زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون يەتتىسىدە كابۇلغا كېلىپتۇ. خوجا بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن شۇ ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىدە ئۇنى قەلئەئى زەفەرگە ئۆزىتىپتۇ.

بۇ كەلگەن ئەرز-ھال خەتلىرىدە ياخشى خەۋەرلەر بار ئىدى. شاھزادە تەھماسپ ئۆزبېكلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىپ، ئۆزبېك رەنشنى دامغاندا مەغلۇپ قىلىپ، ئادەملىرىنى قىرىپتۇ. ئۇبەيدخان قىزىلباشلاردىن

ئېنىق خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھىرى ئەتراپىدىن قوزغىلىپ مەرۋكە بېرىپ، سەمەرقەند تەرەپتىكى سۇلتانلارنى مەرۋكە چاقىرىپتۇ. ماۋەرائۇننەھردىكى سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى مەرۋكە ياردەمگە (346)كېلىپتۇ. ھۇمايۇن يادىگار تاغايىنىڭ قىزىدىن بىر ئوغۇل كۆرۈپتۇ. كامرانمۇ كابۇلدا ئۆيلىنىپتۇ. تاغىسى سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ قىزىنى ئېلىپتۇ. بۇ خەۋەرلەرنىمۇ شۇ پىيادە كەلتۈردى.

ئۇ كۈنى سەيىد دەكنى شىرازى جىبەرگەرگە تون كىيدۈرۈپ، ئىنئاملار بېرىپ، سۈيىنى ئىچىش ئۈچۈن قېزىلدىغان قۇدۇقنى ئۆزى بىلگىنىچە تاماملاشنى بۇيرۇدۇق. ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى — جۈمە كۈنى بەدىنىمدە ھارارەت زاھىر بولدى. نەتىجىدە، جۈمە نامىزىنى مەسچىتتە قىيىنلىپ ئۆتىدىم. ناماز پېشىن ئېھتىياتىنى كىتابخانىدا بىر زاماندىن كېيىن تەسلىكتە ئۆتىدىم. ھارارەت ئاشتى. يەكشەنبە كۈنى يەنە قىزىتىپ بىرئاز تىترىدىم. سەپەر ئېيىنىڭ يىگىرمە يەتتىسى — سەيشەنبە كېچىسى ھەزرىتى خوجا ئابدۇللانىڭ «ۋالىدىيە» رىسالىسىنى نەزمىلەشتۈرۈش خىيالىغا كەلدىم. ھەزرەتنىڭ روھىغا ئىلتىجا قىلىپ، كۆڭلۈمدە: «بۇ نەزمىم ئۇ ھەزرەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنسا ئەجەب ئەمەس. خۇددى؛ (قەسىدەئى بۇردە) ساھىبىنىڭ قەسىدىسى قوبۇل قىلىنىپ، ئۆزى پالەچ كېسىلىدىن خالاس بولغىنىدەك، مەنمۇ كېسەلدىن قۇتۇلسام، نەزمىمنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنىڭ دەلىلى بولىدۇ» دەپ ئويلىدىم. بۇ نىيەت بىلەن «رەمەلى مۇسەددەسى مەھبۇنى ئەرۇز» ۋە «زەربگاھى مەھبۇنى مەھفۇز» (ب 346) ۋەزنىدە (مەۋلانا ئابدۇراخمان جامىنىڭ

«سۇبھە» سىمۇ مۇشۇ ۋەزندە) رسالىنى نەزملەشتۇرۇشكە باشلىدىم ۋە شۇ كېچىسى ئون ئۈچ بېيىت تۈزدۈم. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى تۈزگىنىم ئون بېيىتتىن كەم بولمىدى. ئارىدا بىر كۈن تەرك بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۆتكەن يىلى مۇنداق كېسەلگە يولۇقسام، ئاز بولغاندا ئوتتۇز-قىرىق كۈنگە سوزۇلاتتى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى ۋە ھەزرەتنىڭ ھىممىتى بىلەن ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزى — پەيشەنبە كۈنى بىرئاز يەڭگىللەشتى، كېيىن بۇ كېسەلدىن قۇتۇلدۇم. رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ سەككىزى — شەنبە كۈنى رىسالىنىڭ نەزمى تاماملاندى. بىر كۈندە ئەللىك ئىككى بېيىت تۈزۈلدى.

ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزى — چارشەنبە كۈنى ئەتراپتىكى چېرىكلەرگە: «تەڭرى نېسىپ قىلسا، يېقىندا جەڭگە ئاتلىنىمىز، چېرىكلەر تەييارلىنىپ تېز يېتىپ كەلسۇن» دېگەن مەزمۇندا پەرمان چىقىرىلدى. رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ توققۇزى — يەكشەنبە كۈنى بەگ مۇھەممەد تەئلىقچى كەلدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ھۇمايۇنغا تون ۋە ئات ئېلىپ بارغانىدى. ئاينىڭ ئونى — دۈشەنبە كۈنى ھۇمايۇننىڭ بەيان شەيخ ئاتلىق نۆكىرى بىلەن بېككىنە ۋەيس لاغەرى ھۇمايۇننىڭ قېشىدىن كەلدى. بېككىنە ھۇمايۇننىڭ ئوغلىنىڭ سۆيۈنچىسىگە كېلىپتۇ. بالىنىڭ ئېتىنى «ئەل ئامان» قويۇپتۇ. تۇغۇلغان يىلى ئۈچۈن شەيخ ئەبۇلۋەجد (347) «شەھى سەئادەتمەند» ① (سائادەتلىك شاھ) ئىبارىسىنى تېپىپتۇ. بەيان شەيخ بېككىنەدىن كۆپ كېيىن يولغا چىقىپتۇ.

---

① بۇ ئىبارىنىڭ ئەسلى ئىملاسى «شەھسعادت مند» دىن ئەبجەت قائىدىسى بويىچە ھىجرىيە يىلىنى كۆرسىتىدىغان 934 كېلىپ چىقىدۇ.

سەپەر ئېيىنىڭ توققۇزى — جۈمە كۈنى كىشمىنىڭ ئايىغىدىكى دۈشەنبە دېگەن يەردە ھۇمايۇندىن ئايرىلىپتۇ. رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئونى — دۈشەنبە كۈنى ئەگرەگە كەلدى. تېز كەلدى. يەنە بىر قېتىم يەنە شۇ بەيان شەيخ قەلئەئى زەفەردىن قەندەھارغا ئون بىر كۈندە بارغانىدى.

شاھزادىنىڭ كەلگەنلىكى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى مۇشۇ بەيان شەيخ ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىكەن: شاھزادە تەھماسپ ئىراقتىن قىرىق مىڭ كىشىنى باشلاپ، رۇمچە تۆفەڭ ۋە ھارۋىلارنى تەشكىللەپ، تېز يۈرۈپ كېلىپ، بىستام ۋە دامغاندا ئۆزبېك رەنشىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئادەملىرىنى قىرىپ تېز ئۆتىدۇ. كەپەك بىنىڭ ئوغلى قەنبەر ئەلىنىمۇ قىزىلباشلار مەغلۇپ قىلىدۇ. قەنبەر ئەلى ئازغىنە ئادىمى بىلەن ئۆبەيدخاننىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئۆبەيدخان ھىرى تەۋەسىدە تۇرالماي، بەلخ، ھىسار، سەمەرقەند ۋە تاشكەندتىكى ھەممە خان ۋە سۇلتانلارغا تېزدىن ئادەم چاپتۇرۇپ، ئۆزى مەرۋكە كېلىدۇ، چاقىرىلغانلار تېزلا يىغىلىدۇ. تاشكەندتىن سۈيۈنچەك خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بەراق سۇلتان، سەمەرقەند ۋە مىيان كالىدىن كۆچۈم خان، ئەبۇ سەئىد سۇلتان، پولات سۇلتان (ب 347)، جانى بەگ سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، ھىساردىن ھەمزە سۇلتان بىلەن مەھدى سۇلتان ۋە پۈتۈن سۇلتانلار دەرھال كېلىپ، مەرۋدە ئۆبەيد سۇلتانغا قوشۇلىدۇ. ھەممىسى بولۇپ يۈز بەش مىڭ ئادەم توپلىنىدۇ. بۇلارنىڭ پايلاقچىسى «شاھزادە ئۆبەيد خاننى ھىرى تەۋەسىدە ئازلا ئادەم بىلەن تۇرىدۇ، دەپ قىرىق مىڭ كىشى بىلەن ئىلدام كەلگەنىكەن، ھازىر بۇ توپلىنىشتىن خەۋەر تېپىپ، رادەگان ئوتلىقىدا خەندەك قېزىپ

قارار گاھ قۇرۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆزبېكلەر بۇ خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن، دۈشمەننى كۆزگە ئىلماي، مەسلىھەت ئارقىلىق: «بارلىق خان ۋە سۇلتانلار مەشھەدتە تۇرىمىز. قىزىلباشلار ئوردۇسى ئەتراپىدا يۈرۈپ، دۈشمەننىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئىمكان بەرمەسلىك ئۈچۈن، بىرقانچە سۇلتاننى يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن ئەۋەتىمىز. قۇياش ئەقرەب بۇرجىغا كىرگەندە①، يەدەچىلەرنى يەدە قىلىشقا بۇيرۇيمىز. شۇ يوسۇندا ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ مەغلۇپ قىلىمىز» دېگەن قارارغا كېلىدۇ ۋە مەرۋدىن كۆچىدۇ. شاھزادىمۇ مەشھەدتىن چىقىپ، جام ۋە خەرگىرد تەۋەسىدە ئۇلار بىلەن روبرو بولىدۇ. نەتىجىدە ئۆزبېكلەر مەغلۇپ بولىدۇ، نۇرغۇن سۇلتان قولغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بىر خەتتە كۆچۈم خاندىن باشقا (348) ھېچبىر سۇلتاننىڭ قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى قەتئىيلەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى يېزىلىپتۇ. چېرىك بىلەن بىللە بولغان ئادەملەردىن تېخىچە ھېچكىم كەلمەپتۇ. ھىساردىكى سۇلتانلار ھىسارنى تاشلاپ چىقىدۇ. ئىبراھىم خاننىڭ ئوغلى چەلمە — ئەسلي ئېتى ئىسمائىل — ھىساردا ئىكەنمىش.

بەيان شەيخنى تېز قايتۇرۇپ، شۇنىڭ ئۆزىدىن ھۇمايۇنغا ۋە كامرانغا خەت يېزىپ ئەۋەتتىم. ئاينىڭ ئون تۆتى — جۈمە كۈنى خەتلەرنى تەييار قىلىپ، بەيان شەيخكە تاپشۇرۇپ ئۇنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت بەردۇق. ئۇ ئاينىڭ ئون بەشى — شەنبە كۈنى ئەگرەدىن يولغا چىقتى. ھۇمايۇنغا يېزىلغان خەتنىڭ ئەسلى مۇنداق: «ھۇمايۇنغا مۇشتاقلىقلار بىلەن سېغىنىپ سالام دېگەچ سۆز

① قۇياشنىڭ ئەقرەب بۇرجىغا كىرىشى كونا شەمسىيە كالېندارى بويىچە 8-ئاينى بىلدۈرىدۇ.

شۇكى، رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئونى — دۈشەنبە كۈنى بىككىنە بىلەن بەيان شەيخ كەلدى. خەتلەردىن ۋە ئەرز — ھاللاردىن ئۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللار ئېنىق مەلۇم بولدى.

شۈكر بېرمىش ساڭا ھەق فەرزەندى،
ساڭا فەرزەندىيۇ ماڭا دىلبەندى.

(شۈكۈر، خۇدا ساڭا پەرزەنت بەردى، ئۇ سېنىڭ پەرزەنتىڭ بولسا، مېنىڭ ئامرىقىمدۇر) تەگرىتەئالا مۇنداق خۇشاللىقلارنى ماڭا ۋە ساڭا ھەمىشە روزى قىلغاي، ئامىن يا رەببىل ئالەمىن. ئىنىنى ئەل ئامان قويۇپسەن، تەگرى مۇبارەك قىلسۇن. لېكىن ئۆزۈڭ يېزىپ تۇرۇپ، شۇنىڭدىن غاپىل بولۇپسەنكى، دائىم ئېيتىلىش نەتىجىسىدە كىشىلەر ئۇنى «ئەلاما» ياكى «ئېل ئامان» (ب 348) دەۋالىدۇ. ئاندىن مۇنداق ئەلىپ — لام ئاتتا كەم كۆرۈلىدۇ. تەگرى ئۇنىڭ ئىسمىنى ۋە زاتىنى خەيرلىك ۋە مۇبارەك قىلسۇن، مەن ئۈچۈن ۋە سەن ئۈچۈن ئەل ئامانىنى ئۇزۇن يىللار بەخت-سائادەت بىلەن بىللە قىلسۇن.

تەگرىتەئالا ئۆز پەزلى-كەرەمى بىلەن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ئوڭشىماقتا. مۇنداق پۇرسەت ئەسرلەر داۋامىدا تېپىلمايدۇ. ئاينىڭ ئون بىرى — سەيشەنبە كۈنى بەلخ ئاھالىسىنىڭ قۇربانىنى تەكلىپ قىلىپ ئىچكىرىگە ئالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر كەلدى. كامرانغا ۋە كابۇلدىكى بەگلەرگە بېرىپ ساڭا قوشۇلۇشى توغرۇلۇق پەرمان بولدى. ئېپى كەلسە، ھىسار ياكى سەمەرقەند تەرەپكە يۈرۈش قىلغايسىلەر؛ تەگرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ۋىلايەتلەرنى ئېلىپ، دوستلارنى شادىمان، دۈشمەنلەرنى ۋەيران

قىلغايسىلەر. ئىنشائاللاھ. بۇ سىلەرنىڭ جان تىكىپ قىلىچ چاپىدىغان مەزگىلىڭلار. ئىشنىڭ ئېپى كەلگەندە سەۋەنلىك قىلماڭلار. ھۇرۇنلۇق ۋە قاشاڭلىق پادىشاھلىق بىلەن چىقىشالمايدۇ.

جەھانگىرى تەۋەققۇف بەر نەيابەد،
جەھان ئانرا بۇۋەد كۇ بىھ شتابەد.
ھەمەچىزى زى رويى كەدخۇداي،
سۇكۇن مىيابەد ئىللا پادىشاھى.

(جاھانگىرلىك توختاپ تۇرمايدۇ. جاھان چاققانلىقنى بىلگەن كىشىنىڭ. ھاياتتا ھەممە نەرسىنىڭ توختىشى مۇمكىن، لېكىن پادىشاھلىق توختىمايدۇ) ئەگەر تەڭرى ئىنايىتى بىلەن بەلخ ۋە ھىسار ۋىلايىتى قولغا كىرسە، ھىساردا سىنىڭ ئادىمىڭ بولسۇن، بەلختە كامراننىڭ ئادىمى بولسۇن. ئەگەر تەڭرى ئىنايىتى بىلەن سەمەرقەند قولغا كىرسە، سەمەرقەندتە سەن ئولتۇر. ھىسار ۋىلايىتىنى (349) ئىنشائاللاھ پادىشاھ مۈلكى قىلماقچىمەن. ئەگەر كامران بەلختنى ئاز كۆرسە، ماڭا مەلۇم قىل، ئىنشائاللاھ كېيىنى شۇ ۋىلايەتلەردىن تولدۇرىمىز. ئاندىن، ھەر دائىم ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن بۇ قائىدىنى سەنمۇ بىلىسەنكى، ئالتە ھەسسە سېنىڭ بولسا، بەش ھەسسە كامراننىڭ بولىدۇ. بۇ قائىدىنى بۇزماي ئەمەل قىلغىن. ئاندىن، ئىنىڭ بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن. چوڭلار كۆتۈرۈملۈك بولۇشى كېرەك. ئىشىنىمەنكى، سەنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىسەن، ئىنىڭمۇ شەرىئەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان ياخشى يىگىت بولۇپتۇ. ئۇمۇ مۇلازىمەت ۋە ساداقەتتە قۇسۇر چىقارمايدۇ. ئاندىن، سەندىن ئازراق ئاغرىنىشىم بار. بۇ

ئىككى-ئۈچ يىلدىن بېرى بىرمۇ ئادىمىڭ كەلمىدى، مەن ئەۋەتكەن كىشىمۇ تازا بىر يىلدا كەلدى. شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ ئاندىن، خەتلىرىڭدە يالغۇزلۇق، يالغۇزلۇق دەپسەن. يالغۇزلۇق پادىشاھلىقتا ئەيىبتۇر. چۈنكى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئەگەر پاي بەندى رىزا پىش گىر،
ۋەگەر يەكسۇۋارى سەرى خىش گىر.

(ئەگەر ئايىغىڭ چۈشەكلىك بولسا، رازى بول. ئەگەر يالغۇز ئاتلىق بولساڭ، بىلگىنىڭچە ھەرىكەت قىل) ھەرقانداق چەكلىمە پادىشاھلىق چەكلىمىسىچە بولمايدۇ. پادىشاھلىق بىلەن يالغۇزلۇق چىقىشالمايدۇ. ئاندىن، مەن ئېيتقاندەك، يازغان خەتلىرىڭنى ئۆزۈڭ ئوقۇمايسەن، ئەگەر ئوقۇماقچى بولساڭ، (ب 349) ئوقۇيالمايتتىڭ، ئوقۇيالمىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئۆزگەرتەتتىڭ. خېتىڭنى قىيىنلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ، لېكىن چۈشىنىش بەك تەس. نەسرىي مۇئەممانى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس. ئىملايىڭ ئانچە توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن يامان ئەمەس. «التفات» (ئىلتىفات) نى «ط» بىلەن يېزىپسەن، «قولنج» (قۇلۇنج) نى «ى» بىلەن يېزىپسەن. خېتىڭنى بىر ئامال قىلىپ ئوقۇغىلى بولىدۇ، لېكىن چۈشىنىشكە تەس سۆزلىرىڭدىن مەقسىتىڭنى تولۇق ئۇققىلى بولمايدۇ. خەت يېزىشتىكى ھورۇنلۇقۇڭمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. تەكەللۇپ قىلاي دەيسەن، شۇنىڭ بىلەن چۈشىنىش تەسلىشىدۇ. مۇندىن كېيىن بىتەكەللۇپ، ئېنىق ۋە ئاددىي سۆزلەر بىلەن ياز، ئۆزۈڭگىمۇ، ئوقۇغۇچىغىمۇ جاپا كەلمەيدۇ. ئاندىن، ئۇلۇغ بىر ئىش ئۈچۈن بارغىلى تۇرسەن. ئىش كۆرگەن، راي-تەدبىرلىك بەگلەر بىلەن كېڭىشىپ، شۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ئىش قىل.

مېنى رازى بولسۇن دېسەڭ، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان، خەققە ئارىلاشمايدىغان مىجەزىڭنى ئۆزگەرت. ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئىنىڭنى ۋە بەگلەرنى ئىختىيارىڭغا قويماي يېنىڭغا چاقىرىپ، ھەر ئىش بولسا مەسلىھەتلىشىپ، شۇ سادىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە قارار قىل. ئاندىن، خوجاكەلان مېنىڭ بىلەن تولىمۇ سەممىي مۇئامىلە قىلىپ ئۆگىنىپ قالغانىدى، سەنمۇ (350) ئۇنىڭغا خۇددى مەندەك مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر تەڭرى ئىنايىتى بىلەن ئۇ تەرەپتىكى ئىشلار ئازراق بولۇپ، كامرانغا ئېھتىياج چۈشمىسە، كامران بەلختە يارامىلىق ئادەملەرنى قويۇپ، مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن. ئاندىن، شۇنچە يېڭىش ۋە غەلىبىلەر كابۇلدىكى ۋاقتىمىزدا بولدى. مەن كابۇلنى ياخشىلىق بېشارىتى ھېسابلايمەن. مەن بۇ يەرنى پادىشاھ مۈلكى قىلدىم، ھېچقايسىڭلار تەمە قىلماڭلار. ئاندىن، سۇلتان ۋەيسنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ياخشى ئىش قىلىپسەن. ئۇنى يېنىڭغا ئېلىپ، ئۇنىڭ پىكرى بىلەن ئىش قىل. ئۇ تەدبىرلىك ئادەم. چېرىكنى ياخشى يىغىپ يۈرگىن. ئېغىز سۆزلىرىنى بايان شەيخ بىلىدۇ، شۇ يەتكۈزىدۇ. دەپ مۇشتاقلىقلار بىلەن سالام. رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون ئۈچى — پەيشەنبە كۈنى پۈتۈلدى.»

كامران بىلەن خوجا كەلانغىمۇ مۇشۇ مەزمۇندا ئۆز قەلىمىم بىلەن خەت يازدىم. ئاينىڭ ئون توققۇزى — چارشەنبە كۈنى مىرزىلارنى، سۇلتانلارنى، تۈرك ۋە ھىند بەگلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت قىلىش نەتىجىسىدە: «بۇ يىل ئەلۋەتتە بىر تەرەپكە يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك. ئەسكەرىي بىزدىن بۇرۇنراق پۇرەبكە ماڭسۇن. گەنگ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سۇلتان ۋە ئەمىرلەر چېرىكى بىلەن ئەسكەرىيگە قوشۇلۇپ، قايسى تەرەپكە

يۈرۈش قىلىش مۇۋاپىق بولسا، شۇ تەرەپكە ماڭسۇن» دېگەن قارارغا كەلدۇق ۋە بۇ ئەھۋاللارنى يېزىپ، ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى — شەنبە كۈنى (ب 350) غىياسىددىن قۇرچىنى ئون ئالتە كۈنلۈك بولجار بىلەن سۇلتان جونەيد بارلاس باشلىق يۈرەب ئەمىرلىرى قېشىغا چاپتۇردۇق. ئېيتىپ بەرگەن ئېغىز سۆزلىرى مۇنداق بولدى: «زەربزەن، هارۋا، تۆفەڭ ۋە باشقا ئۇرۇش قوراللىرى تەييار بولغۇچە، ئۆزىمىزدىن بۇرۇنراق ئەسكەرىينى ئەۋەتتۇق. گەنگىنىڭ نېرى يېقىدىكى ھەممە سۇلتان ۋە ئەمىرلەرگە ئەسكەرىي قېشىغا توپلىنىپ قايسى تەرەپكە مېڭىش مۇۋاپىق بولسا، تەگرى ئىنايىتى بىلەن شۇ تەرەپكە مېڭىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. ئۇ تەرەپتىكى دوستلار بىلەن مەسلىھەت قىلىڭلار، ئەگەر ماڭا ئېھتىياجلىق ئىش بولسا، مۆھلەت بىلەن ئەۋەتىلگەن مۇشۇ كىشى كېلىشى بىلەن ئىنشائاللاھ تەخىرسىز ئاتلىنىمەن. ئەگەر بەنگالەلىكلەر بىز تەرەپكە ئۆتۈپ ساداقەت بىلدۈرسە ۋە ئۇ يەردە ماڭا ئېھتىياجلىق ئىش بولمىسا، بۇنىمۇ ئېنىق مەلۇم قىلىڭلار. قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، باشقا تەرەپكە يۈرۈش قىلىمەن. سىلەر دوستلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ئەسكەرىي بىلەن بىرلىكتە يۈرۈپ، ئۇ يەردىكى ئىشلاردىن تەگرى ئىنايىتى بىلەن بىر نەتىجە چىقارغايسىلەر.»

رەبىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە توققۇزى — شەنبە كۈنى ئەسكەرىيگە ياقۇت كۆز قويۇلغان كەمەرلىك خەنجەر بىلەن شاھانە كىيىملەر كىيدۈرۈلۈپ، توغ-ئەلەم، ناغرا، نەسىللىك ئات، ئون پىل، قاتار تۆگە (351)، قاتار قېچىر ۋە باشقا شاھانە لازىمەتلىكلەر ئىنئام قىلىندى ھەم ئۇنىڭ دىۋان بېشىدا ئولتۇرۇشى

ھۆكۈم قىلىندى. موللىسى بىلەن ئىككى ئەتكەسىگە تۈگمىلىك چەكمەنلەر، باشقا نۆكەرلىرىگە ئۈچ توققۇز تون ئىنئام قىلىندى.

ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى — يەكشەنبە كۈنى سۇلتان مۇھەممەد باخشىنىڭ ئۆيىگە باردىم. پايانداز سېلىپ، چاچقۇلار چاچتى. پۇل ۋە مال بولۇپ، ئىككى لەكتىن كۆپرەك نەرسە ھەدىيە قىلدى. ئاش ۋە ھەدىيە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ مەجۇن يېدۇق. ئۇ يەردىن ئۈچىنچى پەھەردە چىقىپ، سۇدىن ئۆتۈپ خىلۋەتخانىغا كەلدىم.

رەبىيەلئاخىر ئېيىنىڭ توققۇزى — پەيشەنبە كۈنى شۇنداق قارار چىقىرىلدى: چەقماق بەگ كاتىپلىقتا بەلگىلەنگەن شاھى تامغاچى بىلەن بىللە ئەگرەدىن كابۇلغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەپ، ھەر توققۇز كۇرۇھ ئارىلىقتا ئېگىزلىكى ئون ئىككى قارى كېلىدىغان بىر مۇنار قوپۇرسۇن؛ مۇنارنىڭ ئۈستىگە بىر ئۆي ياسىسۇن؛ ھەر ئون سەككىز كۇرۇھ ئارىلىقتا ئالتە يام① ئېتى باغلىسۇن؛ يامچى② ۋە ئات باقۇچىلارغا مائاش ۋە ئاتلارغا يەم-خەشەك تەيىنلىسۇن. شۇنداق بۇيرۇق بولدىكى، «ئەگەر بۇ يام ئېتى باغلانغان يەر پادىشاھ مۈلكىگە يېقىن بولسا، بۇ دېيىلگەن نەرسىلەر شۇ يەردىن تەمىن ئېتىلسۇن، بولمىسا، ئۇ يەر قايسى بەگنىڭ پەرگەنىسىگە يېقىن بولسا، بۇ نەرسىلەر شۇ بەگنىڭ ھۆددىسىگە بېرىلسۇن». شۇ كۈنى چەقماق بەگ بىلەن شاھى تامغاچى ئەگرەدىن چىقتى. بۇ كۇرۇھلار مىلغا توغرىلاپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. چۈنكى ئۇنىڭ شەرھىدە مۇنداق دېيىلدۇ: (ب 351)

---

① يام — پوچتا.
② يامچى — پوچتىچى.

تۆرت مىڭدۇر قەدەم بىلە بىرمىل،
بىر كۇرۇھ ئانى ھىند ئېلى دېر بىل.
دېدىلەر بىر يارىم قارى بىر قەدەم،
ھەر قارى بىلكى باردۇر ئالتى تۇتام.
ھەر تۇتام تۆرت ئېلىك، يەنە ھەر ئېلىك.
ئالتى جەۋ ئەرزى بولدى بىل بۇ بىلىك.

(بىرمىل 4000 قەدەم بولىدۇ، بۇنى ھىندىستانلىقلار بىر كۇرۇھ دەيدۇ؛ بىر قەدەم بىر يېرىم قارى بولىدۇ؛ بىر قارى ئالتە تۇتام بولىدۇ، بىر تۇتام تۆت ئىلىك بولىدۇ، بىر ئىلىك ئالتە دانە ئارپىنىڭ كەڭلىكىچە بولىدۇ.) ئۆلچەم تانابى بۇ يەردە ئېيتىلغاندەك بىر قەدەم = توققۇز تۇتام = بىر يېرىم قارى ھېسابىدا قىرىق قەدەمگە توغرا كېلىدۇ ۋە مۇنداق بولغاندا، يۈز تاناب = بىر كۇرۇھ بولىدۇ.

ئاينىڭ ئالتىسى — شەنبە كۈنى توي (زىياپەت) بولدى. بۇ تويغا قىزىلباش، ئۆزبېك ۋە ھىندۇلارنىڭ ئەلچىلىرى قاتناشتى. قىزىلباشلارنىڭ ئەلچىلىرى ئوڭ قول تەرەپكە — يەتمىش-سەكسەن قارى يىراق يەرگە تىكىلگەن چېدىردا ئولتۇرغۇزۇلدى. بەگلەردىن يۇنۇس ئەلى قىزىلباشلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلدى. سول قول تەرەپتىمۇ خۇددى شۇ يوسۇندا ئۆزبېك ئەلچىلىرى ئولتۇرغۇزۇلۇپ، بەگلەردىن ئابدۇللا ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلدى. ئۆزۈم يېڭى ياسالغان سەككىز بۇرجەكلىك كۆشكنىڭ شىمال تەرىپىدە ئولتۇردۇم. ئوڭ قول تەرىپىمدە — بەش-ئالتە قارى نېرىدا توختە بۇغا سۇلتان، ئەسكەرىي، ھەزرىتى خوجىنىڭ ئەۋلادى خوجا ئابدۇشەھىد، خوجا كەلان، خوجا ھۈسەيىن، خەلىفە ۋە سەمەرقەندتىن كەلگەن خوجىلارنىڭ مۇرىتىدىن بولغان ھاپىز ۋە

(352) بەش-ئالتە — تەرپىمدە سول قول؛ ئۇلتۇردى موللىلار

قارى نىرىدا مۇھەممەد زەمان مىرزا، تاڭ ئاتمىش سۇلتان، سەيىد رەفى، سەيىد رۇمى، شەيخ ئەبۇلفەتھ، شەيخ جەمالى، شەيخ شەھابىددىن ئەرەب ۋە سەيىد دەكنى ئۇلتۇردى. بارلىق سۇلتانلار، خانلار، كاتتىلار ۋە ئەمىرلەر ئاش تارتىلىشتىن بۇرۇن قىزىلدىن①، ئاقتىن②، قارىدىن③، رەختتىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن ھەدىيىلەر قويىدى. ئالدىمغا بىر زىلچا سېلىشنى بۇيرۇدۇم. ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى شۇ زىلچا ئۈستىگە تۆكتى، رەخت ۋە ھەميانلارنىمۇ ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ يېنىغا دۆۋىلەپ قويىدى.

ئاشتىن بۇرۇنراق، ھەدىيىلەر قويۇلۇش ئەسناسىدا، قۇترىغان تۆگە ۋە پىللارنى ئۇدۇلدىكى ئارالدا ئۇرۇشقا سالدى، بىرنەچچە قوچقارمۇ ئۇسۇشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن چېلىشچى ۋە مۇشتچىلار تۇتۇشتى. چوڭ ئاش تارتىلغاندىن كېيىن، خوجا ئابدۇشەھىد بىلەن خوجا كەلانغا ئېسىل رەختتىن كىيىم ۋە مۇناسىپ تونلار كىيدۈرۈلدى. موللا فەررۇھ ۋە ھافىز باشلىق ھەمراھلىرىغا چەكمەنلەر كىيدۈرۈلدى. كۆچۈمخاننىڭ ئەلچىسى بىلەن ھەسەن چەلەبىنىڭ ئىنىسىغىمۇ توقۇلما باشلىق، تۆگمىلىك چاپان ۋە مۇناسىپ تونلار ئىنايەت قىلىندى. ئەبۇسەئىد سۇلتان، مېھرىبان خانىم ۋە ئوغلى پولاد سۇلتاننىڭ ئەلچىلىرىگە ۋە شاھ ھەسەننىڭ ئەلچىسىگە تۆگمىلىك چەكمەنلەر ۋە توقۇلما (ب 352) تونلار ئىنايەت بولدى. ئىككى خوجىغا ۋە ئىككى چوڭ ئەلچى — بىرى كۆچۈم خاننىڭ نۆكىرى، بىرى ھەسەن

---

① ئالتۇندىن.
② كۈمۈشتىن.
③ مىس پۇلدىن.

چەلەبىنىڭ ئىنىسى ــ گە كۈمۈش تېشى بىلەن تارتىلغان ئالتۇن ۋە ئالتۇن تېشى بىلەن تارتىلغان كۈمۈش ئىنئام قىلىندى.

ئالتۇن تېشى ــ بەش يۈز مىسقال بولۇپ، كابۇل تېشى بويىچە بىر سەر بولىدۇ؛ كۈمۈش تېشى ئىككى يۈز ئەللىك مىسقال بولۇپ، كابۇل تېشى بويىچە يېرىم سەر بولىدۇ.

خوجا مىر سۇلتانغا، ئوغۇللىرىغا ۋە باشقا ئەلچىلەرگىمۇ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىنئاملار بولدى. يادىگار ناسىرغا بىر كەمەرلىك خەنجەر ئىنئام بولدى. مىر مۇھەممەد جالەبانغا گەنگ دەرياسىدا كۆۋرۈك ياسىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز لايىقىدا ئىنئام بېرىلگەنىدى. بۇ مىر مۇھەممەد بىلەن تۆفەڭچىلەردىن پالۋان ھاجى مۇھەممەد، پالۋان بەھلۇل ۋە ۋەلى بارسچىلارغىمۇ بىردىن خەنجەر ئىنايەت بولدى. ئۇستاد ئەلى قۇلىنىڭ ئوغلىغىمۇ خەنجەر ئىنايەت بولدى. سەيىد داۋۇد گەرمسىرىگە ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىنئام بولدى. قىزىم مەئسۇمە بىلەن ئوغلۇم ھىندالنىڭ نۆكەرلىرىگىمۇ تۈگمىلىك چەكمەنلەر ۋە توقۇلما تونلار ئىنئام بولدى. ئەندىجاندىن ۋە بىزنىڭ ۋىلايەتسىز، ۋەتەنسىز يۈرگەن يەرلىرىمىزدىن، شوخ ۋە ھوشياردىن كەلگەنلەرگىمۇ چەكمەنلەر، توقۇلما تونلار، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە ھەر خىل نەرسىلەر ئىنئام قىلىندى. قۇربان بىلەن شەيخنىڭ نۆكەرلىرىگە ۋە كاھمەردنىڭ (353) رايەلىرىگىمۇ شۇ يوسۇندا ئىنئاملار بولدى.

ئاش تارتىلغاندىن كېيىن، ھىندىستانلىق ئويۇنچىلارنىڭ كېلىپ ئويۇن كۆرسىتىشىگە بۇيرۇق بېرىلدى. لولىلار كېلىپ، ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتتى. ھىندىستان لولىلىرى بىز تەرەپلەرنىڭ لولىلىرى كۆرسىتىپ باقمىغان بەزى ھۈنەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن بىرى شۇكى، يەتتە

هالقىنىڭ بىرىنى پېشانىسىگە، ئىككىسىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ، ئىككىسىنى قول بارماقلىرى بىلەن ئىككىسىنى پۇت بارماقلىرى بىلەن توختىماستىن تېز پىرقىرىتىدۇ؛ يەنە بىرى شۇنداقكى، توز يۇرۇشى شەكلىدە بىر قولىنى يەرگە تىرەپ، يەنە بىر قولى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن ئۈچ هالقىنى توختىماستىن تېز پىرقىرىتىدۇ؛ يەنە بىرى شۇنداقكى، بىز تەرەپلەرنىڭ لوللىرى ئىككى تال ياغاچنى ئىككى پۇتىغا باغلاپ، ياغاچ پۇت بولۇپ ماڭىدۇ، ھىندىستان لوللىرى بولسا، بىر تال ياغاچ بىلەن ماڭىدۇ ھەم پۇتىغىمۇ باغلىمايدۇ؛ يەنە بىرى شۇنداقكى، بىز تەرەپتە ئىككى لولى بىر-بىرىنى تۇتۇشۇپ، ئىككى خىل مۇئەللەق ماڭىدۇ، ھىندىستان لوللىرى بولسا، بىر-بىرىنى تۇتۇشۇپ ئۈچ خىل مۇئەللەق ماڭىدۇ؛ يەنە بىرى شۇنداقكى، بىر لولى ئالتە-يەتتە قارى ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى بېلىگە قويۇپ، ياغاچنى تىك تۇتۇپ تۇرىدۇ، يەنە بىر لولى بۇ ياغاچقا چىقىپ (ب 353) ياغاچ ئۈستىدە تۈرلۈك ئويۇنلار ئوينايدۇ. يەنە بىرى شۇنداقكى، بىر كىچىك لولى بىر چوڭ لولىنىڭ بېشىغا چىقىپ تىك تۇرىدۇ. تۆۋەندىكى لولى ئۇ تەرەپ، بۇ تەرەپكە تېز مېڭىپ ھۈنەر كۆرسەتكەندە، كىچىك لولى ئۇنىڭ بېشىدا تەۋرەنمەي تىك تۇرۇپ، ئۇمۇ ھۈنەرلەر كۆرسىتىدۇ. نۇرغۇن ئۇسسۇلچىلارمۇ كېلىپ ئۇسسۇل كۆرسەتتى. نامازشامغا يېقىن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇللاردىن نۇرغۇن چاچقۇ چېچىلدى. قاتتىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە ئويۇر-توپۇر بولدى. نامازشام بىلەن ناماز خۇپتەن ئارىلىقىدا يېقىن كىشىلەردىن بەش-ئالتىسىنى يېنىمدا ئولتۇرغۇزدۇم. بىر پەھەردىن كۆپرەك ئولتۇردۇق. تاڭلىسى ئىككىنچى پەھەردە كېمىگە چۈشۈپ، ھەشت بېھىشتقا كەلدىم.

دۈشەنبە كۈنى، سەپەرگە ماڭغان ئەسكەرىي كېلىپ، ھاممامدا رۇخسەت ئېلىپ شەرققە كۆچتى. سەيشەنبە كۈنى، دۇلپۇردا بۇيرۇلغان كۆلچەك ۋە قۇدۇق قۇرۇلۇشىنى كۆرۈشكە باردىم. بىر پەھەر ۋە بىر گەرىدە باغدىن ئاتلاندىم. كېچىنىڭ بىرىنچى پاسىدىن بەش گەرى ئۆتكەندە دۇلپۇر بېغىغا يېتىپ باردۇق.

ئاينىڭ ئون بىرى — پەيشەنبە كۈنى تاش قۇدۇق، يىگىرمە ئالتە تاش ئېرىق، تاش تۆۋرۈك ۋە بىر پۈتۈن قىياغا قېزىلغان ئېرىقلار پۈتۈپ، شۇ كۈنىنىڭ ئۈچىنچى پەھەرىدىن باشلاپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىلىشقا باشلىدى، دۇلپۇردا ئىش (354) قىلىۋاتقان تاشچىلارغا، ياغاچچىلارغا ۋە بارلىق ئىشچىلارغا، ئەگرەدىكى ئۇستىلار ۋە ئىشچىلارغا لايىقىدا ئىنئاملار بېرىلدى. قۇدۇق سۈيى ھىدىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن، ئون بەش كۈنگىچە كېچە-كۈندۈز توختىماي چاقنى چۆرۈپ سۇ تارتىڭلار، دەپ بۇيرۇق بەردىم. جۈمە كۈنى بىرىنچى پەھەرگە بىر گەرى قالغاندا دۇلپۇردىن ئاتلاندۇق. كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن دەريادىن ئۆتتۇق.

ئاينىڭ ئون ئالتىسى — سەيشەنبە كۈنى قىزىلباشلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئۇرۇشىدا بولغان دىۋ سۇلتانىنىڭ نۆكىرى كەلدى ۋە شۇنداق مەلۇمات بەردى: جام ۋە خەرگىرد تەۋەسىدە ئاشۇر كۈنى تۈركمەنلەر بىلەن ئۆزبېكلەر ئارىسىدا مەيدان ئۇرۇشى بولىدۇ. بامدات ۋاقتىدىن پېشىنگىچە ئۇرۇشىدۇ. ئۆزبېكلەرنىڭ ئۈچ يۈز مىڭ كىشى ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. تۈركمەنلەر قىرىق-ئەللىك مىڭچە بار ئىكەن. قارىسىنى يۈز مىڭ مۆلچەرلىدى. لېكىن ئۆزبېكلەر ئۆزىنىڭ ئادىمىنى يۈز بەش مىڭ دەيتتى. قىزىلباشلار رۇم شەكلىدە ھارۋا، زەربزەن ۋە تۆفەڭچى تەشكىللەپ، ئۆزلىرىنى

شۇنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ ئۆرۈشىدۇ. ئىككى مىڭ ھارۋا، مىڭ تۆفەڭچى بار ئىكەنمىش. شاھزادە ۋە جوھە سۇلتان يىگىرمە مىڭ ياخشى يىگىت بىلەن ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدا تۇردۇ، باشقا بەگلەرنى ھارۋىلارنىڭ تاشقىرىسىدا ئوق قانات ۋە سول قانات قىلىپ (ب 354) سەپ تۈزىدۇ، ئۆزبېكلەر يېتىپ كېلىشى بىلەن تاشقىرىدىكىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، يىقىتا-يىقىتا سۈرۈپ كېلىدۇ ۋە كەينىدىن بۇرۇلۇپ تۆگە ۋە يۈكلەرنى ئولجا ئالىدۇ. ئاخىردا ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدىكىلەر زەنجىرنى ئېچىپ قارشى چىقىدۇ، بۇ يەردىمۇ شىددەتلىك جەڭ بولىدۇ. ئۆزبېكلەر ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپ ھۇجۇم قىلىدۇ. تەڭرى ئىنايىتى بىلەن تۈركمەنلەر ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ. كۆچۈم خان، ئۆبەيدخان ۋە ئەبۇسەئىد سۇلتان باشلىق توققۇز سۇلتان ئەسىرگە چۈشىدۇ. بۇلاردىن يالغۇز ئەبۇسەئىد سۇلتان تىرىكمىش، قالغان سەككىز سۇلتان ئۆلۈپتۇ. ئۆبەيدخاننىڭ بېشىنى تاپالماي، تېنىنىلا تېپىپتۇ. ئۆزبېكلەردىن ئەللىك مىڭ كىشى، تۈركمەنلەردىن يىگىرمە مىڭ كىشى چىقىم بولۇپتۇ.

شۇ كۈنى ئون ئالتە كۈنلۈك يولجار بىلەن جۇنپۇرغا كەتكەن غىياسىددىن قورچى كەلدى. سۇلتان جۇنەيد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى خەرىدكە چېرىك تارتىپتۇ؛ بۇ ياقتىن كەتكەنلەر ۋاقتىدا بارالماپتۇ. سۇلتان جۇنەيد ئېغىز ئارقىلىق مۇنۇلارنى دەپتۇ: شۈكۈر، تەڭرى ئىنايىتى بىلەن، بۇ تەرەپلەردە پادىشاھنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بىرەر ئىش كۆرۈلمىدى. مىرزا كەلسە، بۇ تەۋەدىكى سۇلتانلار، خانلار ۋە ئەمىرلەرگە مىرزا بىللە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلسە، ئۈمىد باركى، ھەممە ئىشى ئاسانلىق بىلەن ئورۇندىلىدۇ. (355) گەرچە سۇلتان جۇنەيدتىن مۇنداق

جاۋاب كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن موللا مۇھەممەد مەزھەبتىن خەۋەر كۈتۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ، كاپىر سەنگا ئۇرۇشىدىن كېيىن بەنگالەگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بۈگۈن-ئەتە كېلىدۇ، دېيىشەتتى. ئاينىڭ ئون توققۇزى — جۈمە كۈنى مەجۇن يەپ، بىرنەچچە يېقىنلار بىلەن خىلۋەتخانىدا ئولتۇراتتىم، موللا مۇھەممەد مەزھەب كەچتە — شەنبە كېچىسى كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇ تەرەپتىكى ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ سوراپ بىلدۇق: بەنگالىلىكلەر ئىتائەت ۋە تەرەپدارلىق مەيدانىدا ئىكەن.

يەكشەنبە كۈنى تۈرك ۋە ھىند ئەمىرلەرنى خىلۋەتخانىغا چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدۇم. كېڭەشتە مۇنداق سۆزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بەنگالەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئىتائەت ۋە تەرەپدارلىق مەيدانىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. بەنگالەگە بېرىش پايدىسىز. ئۇ تەرەپتە چېرىكنى تەمىن ئېتەلەيدىغان خەزىنە يوق. غەرب تەرىپىدە بەزى يەرلەر باركى، ھەم يېقىن، ھەم خەزىنىسىمۇ بار.

مالى ۋافىر ئېلى كافىر يول ياۋۇق،

شەرقسارى گەر يىراقتۇر، ئول ياۋۇق.

(مېلى مول، ئاھالىسى كاپىر، يولى يېقىن. شەرق تەرەپ يىراق بولسا، ئۇياق يېقىن.)

ئاخىر، شۇنداق قارار قىلىندى: غەرب تەرىپىگە بېرىش يولىمىز يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلىپ، شەرق تەرىپىدىن خاتىرجەم بولۇپ (ب 355) ئاندىن ماڭساقمۇ بولىدۇ. غىياسىددىن قۇرچى يەنە يىگىرمە كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن پۇرەب ئەمىرلىرىگە گەنگ دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بارلىق سۇلتان، خان ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئەسكەرىي ئەترابىغا توپلىنىپ، ئۇ

دۈشمەنلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىشى توغرۇلۇق پەرمان ئېلىپ بېرىشقا چاپتۇرۇلدى. ئۇ، بۇ پەرمانلارنى ئۇ يەرگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ۋاقتىدا قايتىشى كېرەك ئىدى.

شۇ كۈنلەردە، مۇھەممەد كۆكەلداشتىن ئەرز-ھال كەلدى: بەلۇجلار يەنە كېلىپ، بەزى يەرلەرنى چاپقۇن قىلىپتۇ. بۇنىڭغا قارشى تەدبىر كۆرۈش ئۈچۈن چىن تېمۇر سۇلتاننى بەلگىلەپ، سىھرىند ۋە سەمانەنىڭ نېرىسىدىكى ئادىل سۇلتان، سۇلتان مۇھەممەد دولداي، خۇسرەۋ كۆكەلداش، مۇھەممەد ئەلى جەڭ-جەڭ، ئابدۇلئەزىز مىراخور، سەيىد ئەلى، ۋەلى قىزىل، قەرەچە، ھەلاھىل، ئاشىق بەكاۋۇل، شەيخ ئەلى، كەتتە، گۆجۈرخان، ھەسەن ئەلى سەۋادى قاتارلىق بەگلەرنىڭ سۇلتان ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئالتە ئايلىق كېرەك — ياراغ بىلەن بەلۇجلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشى، چىن تېمۇر سۇلتاننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە بويى سۇنۇپ، نىزام ۋە ئىنتىزام سىزىقلىرىدىن چىقماسلىقى توغرۇلۇق پەرمان چىقاردۇق ۋە بۇ پەرماننى يەتكۈزۈشكە ئابدۇلغەففار تاۋاچىنى بەلگىلىدۇق. قارار شۇنداق بولدى: «ئۇ، بۇ پەرمانلارنى ئاۋۋال چىن تېمۇر سۇلتانغا يەتكۈزسۇن؛ ئاندىن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەگلەرگە پەرماننى (356) كۆرسىتىپ چىن تېمۇر سۇلتان بۇلجار قىلغان يەر نەدە بولسا، ھەممىسىنى چېرىكى بىلەن شۇ يەردە ھازىر قىلسۇن؛ ئابدۇلغەففار ئۆزىمۇ شۇ چېرىكتە بولسۇن؛ كىمدىن سۇسلۇق ۋە بىپەرۋالىق زاھىر بولسا، بىزگە مەلۇم قىلسۇن؛ شۇنداق ئىللەت كۆرۈلگەنلەرنى مەرتىۋە ۋە خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ، ۋىلايەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىمىز». بۇ

پەرمانلارنى تاپشۇرۇپ، ئېغىز سۆزلىرىنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇلغەففارنىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت بەردۇق.

ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزى — يەكشەنبە كېچىسى ئۈچ پەھەر ۋە ئالتە گەرىدە جۇندىن ئۆتۈپ، دۇلپۇردىكى نىلۇپەر بېغىغا قاراپ ماڭدۇق. يەكشەنبە كۈنى ئۈچىنچى پەھەرگە يېقىنلاشقاندا باغقا يېتىپ كەلدۇق. باغ ئەتراپىدىن بەگلەرگە ۋە ئىچكىلەرگە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆي ۋە باغ بىنا قىلىدىغان يەرلەرنى بەلگىلىدۇق. جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئۈچى — پەيشەنبە كۈنى باغنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىن هاممام ئۈچۈن يەر بەلگىلىدۇق. هاممام سېلىنىدىغان يەرنى تۈزلەشنى بۇيرۇدۇم. بۇ تۈزلەنگەن يەرگە هاممامنىڭ ئۇلىنى سالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ لايىھىسىنى بەلگىلەشنى، بۇ هاممامنىڭ بىر ئۆيىدە بىر چوڭ كۆلچەك بولۇشىنى تاپشۇردۇم. شۇ كۈنى خەلىفە ئەگرەدىن قازى جىيا بىلەن بىر سىنىگ دىۋنىڭ ئەرز-هال خەتلىرىنى (ب 356) ئەۋەتىپتۇ. بەھارنى ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى مەھمۇد ئىشغال قىلغانمىش. بۇ خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەرگە چېرىك تارتىشنى قارار قىلىپ، ئەتىسى — جۈمە كۈنى ئالتىنچى گەرىدە نىلۇپەر بېغىدىن ئاتلىنىپ، نامازشامدا ئەگرەگە كەلدۇق. مۇھەممەد زەمان مىرزا دۇلپۇرغا كېتىۋاتقانىكەن، يولدا ئۇچرىدى. چىن تېمۇر سۇلتان شۇ كۈنى ئەگرەگە كېلىپتۇ. تاڭلىسى — شەنبە كۈنى كېڭەش بەگلىرىنى چاقىرىپ، ئاينىڭ ئونى — پەيشەنبە كۈنى دۇلپۇرغا قاراپ يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدۇق.

شۇ شەنبە كۈنى كابۇلدىن خەت، خەۋەر كەلدى: هۇمايۇن ئۇ تەرەپتىكى چېرىكنى توپلاپ، سۇلتان ۋەيسنىمۇ ئۆزىگە قوشۇپ،

قىرىق-ئەللىك مىڭچە كىشى بىلەن سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپتۇ. ھىسارغا سۇلتان ۋەيسنىڭ ئىنىسى شاھ قۇلى كىرىپتۇ. تىرمىزدىن يۈرۈپ، قابادىياننى ئالغان تۇرسۇن مۇھەممەد سۇلتان ياردەم سوراپتۇ. ھۇمايۇن تۆلەك كۆكەلداش بىلەن مىرخۇرد باشلىق نۇرغۇن ئادەمنى ھەم بار موغۇللارنى قوشۇپ تۇرسۇن سۇلتانغا ياردەمگە ئەۋەتىپ، ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئونى — پەيشەنبە كۈنى ئۈچىنچى گەردىن كېيىن پۈرەبكە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، جەلسىر يېزىسىنىڭ بىر ئاز يۇقىرىسىدا (357) جۇندىن كېمە بىلەن ئۆتۈپ، زەرەفشان بېغىغا كەلدىم. تۇغ، ناغرا، ئاتخانا ۋە بارلىق چېرىك باغقا ئۇدۇل دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە چۈشسۇن، كۆرۈنۈشكە كەلگۈچىلەر كېمە بىلەن ئۆتۈپ كەلسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردىم. شەنبە كۈنى بەنگالە ئەلچىسى ئىسمائىل مەتا بەنگالەلىكلەرنىڭ سوۋغىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھىندىستان قائىدىسى بويىچە مۇلازىمەت قىلدى. بىر ئوق ئېتىمى يەرگە كېلىپ تەزىم قىلىپ ياندى. ئۇنىڭغا «سىرمۇينە» دېيىلىدىغان قائىدە كىيىمنى كىيدۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. بىزنىڭ قائىدىمىز بويىچە، ئۈچ قېتىم يۈكۈنۈپ كېلىپ، نۇسرەت شاھنىڭ ئەرز-ھال خېتىنى تاپشۇردى ۋە ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلىرىنى تەقدىم قىلىپ ياندى. دۈشەنبە كۈنى خوجا ئابدۇلھەق كەلدى. كېمە بىلەن سۇدىن ئۆتۈپ، خوجىنىڭ چېدىرىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلدىم. سەيشەنبە كۈنى ھەسەن چەلەبى كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى.

چېرىكنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، چارباغدا بىرنەچچە كۈن ھايال بولدۇق. ئاينىڭ ئون يەتتىسى — پەيشەنبە كۈنى ئۈچىنچى گەردىن كېيىن بۇ يەردىن كۆچتۇق. مەن كېمىگە چۈشۈپ

ماگدىم. ئەگرەدىن يەتتە كۈرۈھ كېلدىغان ئەنۋار يېزىسىغا چۈشتۇق. يەكشەنبە كۈنى ئۆزبېك ئەلچىلىرىنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت بېرىلدى. كۆچۈم خاننىڭ ئەلچىسى ئەمىن (ب 357) مىرزىغا بىر كەمەرلىك خەنجەر، بىر زەرباپ تون ۋە يەتمىش مىڭ تەڭگە ئىنئام بولدى. ئەبۇسەئىد سۇلتاننىڭ نۆكىرى موللا تاغايىغا ۋە مىھرخانىم بىلەن ئوغلى پولاد سۇلتاننىڭ نۆكەرلىرىگە چەكمەن ۋە توقۇلما تونلار كىيدۇرۇلدى. بۇلارغىمۇ ئۆز لايىقىدا نەق پۇل ئىنئام قىلىندى.

ئەتىسى، خوجا ئابدۇلھەقنىڭ ئەگرەدە تۇرۇشىغا، ئۆزبېك خانلىرى ۋە سۇلتانلىرى قېشىدىن ۋەزىپە بىلەن كەلگەن خوجا كەلاننىڭ سەمەرقەندكە قايتىشىغا رۇخسەت بېرىلدى. ھۇمايۇننىڭ ئوغۇللۇق بولغانلىقىنى ۋە كامراننىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مىرزائى تەبرىزى بىلەن مىرزا بەگ تاغايى ئون مىڭ شاھرۇخى سوۋغا بىلەن ماگدۇرۇلدى. ھەر ئىككى مىرزىغا ئۆزۈم كىيگەن تون بىلەن ئۆزۈم باغلىغان كەمەرنى ئەۋەتتىم. موللا بېھشىدىن ھىندالغا ياقۇت كۆز قويۇلغان كەمەرلىك خەنجەر، ياقۇت كۆز قويۇلغان دۈۋەت، سەدەپتىن ئىشلەنگەن ئورۇندۇق، ئۆزۈم كىيگەن چاپان، بەلباغ، بابۇرى خېتىنىڭ تەپسلاتى ۋە بابۇرى خېتىدە يېزىلغان قىتئەلەر ئەۋەتىلدى. ھىندال بىلەن خوجە كەلانغا يەنە تەرجىمە ۋە شېئىرلار ئەۋەتىلدى. مىرزا بەگ تاغايىدىن كامراننىمۇ تەرجىمە ۋە ھىندىستانغا كەلگەندىن بۇيان ئېيتىلغان شېئىرلار ھەم بابۇرى خېتى بىلەن پۈتۈلگەن مەكتۇب ئورنەكلىرى ئەۋەتىلدى.

سەيشەنبە كۈنى كابۇلغا ماگىدىغان كىشىلەرگە خەتلەرنى يېزىپ بېرىپ رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، موللا قاسىم، ئۇستاد شاھ

مۇھەممەد سەنگتەراش، مىرەك، مىرغىياس (358)، مىر سەنگتەراش، شاھ بابائى بىلدارلارغا ئەگرە ۋە دۇلپۇردا بولىدىغان قۇرۇلۇشلار توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىپ، ئۇلارنى بۇ ئىشلارغا ھۆددىگەر قىلىپ يولغا سالدۇق. بىرىنچى پەھەر يېقىنلاشقاندا ئەنۋاردىن يولغا چىقتۇق. نامازپېشىن ئاخىرىدا چەندۋارغا بىر كۈرۈھ قالغان يەردىكى ئەباپۇر دېگەن يېزىغا چۈشتۇق. پەيشەنبە ئاخشىمى ئابدۇلمۇلۇك قۇرچىنى ھەسەن چەلەبىگە قوشۇپ شاھزادە تەھماسپ قېشىغا، چاپۇقنى ئۆزبېك ئەلچىلىرى بىلەن بىللە خانلار ۋە سۇلتانلار قېشىغا ماڭدۇردۇق. كېچىنىڭ ئۆتۈشىگە تۆت گەرى قالغاندا ئەباپۇردىن كۆچۈپ، تاڭ يورىغاندا كېلىپ چەندۋارنىڭ يېنىدا كېمىگە چۈشتۈم. ناماز خۇپتەندە رابىرنىڭ ئالدىدا كېمىدىن چىقىپ ئوردۇغا كەلدىم. ئوردۇ فەتھپۇرغا چۈشكەنىكەن. فەتھپۇردا بىر كۈن تۇرۇپ، شەنبە كۈنى سەھەر تاھارەت ئېلىپ ئاتلىنىپ، رابىرغا يېقىن بىر يەردە ناماز بامداتنى جامائەت بىلەن ئۆتىدۇق. مەۋلانا مەھمۇد فارابى ئىمام ئىدى. كۈن چىققاندا رابىرنىڭ چوڭ توقىينىڭ تۆۋىنىدە كېمىگە چۈشتۇق. بۇ كۈنى تەركىب خېتى بىلەن يازماقچى بولغان تەرجىمە ئۈچۈن ئون بىر سىزىقلىق بەت تەييارلىدىم. شۇ كۈنى ۋەلىيەلەرنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلۈمگە بىر تەنبىھ بولدى، رابىرى پەرگەنەلىرىدىن جاكىن دېگەن پەرگەنە ئۇدۇلىدا كېمىلەرنى ياقىغا تارتىپ، ئۇ كېچىسى كېمىدىلا بولدۇق. تاڭدىن بۇرۇنراق (ب 358) كېمىلەرنى ماڭدۇرۇپ، ئارىدا بامدات نامىزىنى ئۆتىدۇق. كېمىدە ۋاقتىمدا، سۇلتان مۇھەممەد باخشى خوجا كەلانىنىڭ نۆكىرى شەمسىددىن مۇھەممەدنى ئېلىپ كەلدى. خەت ۋە سۆزلىرىدىن كابۇلدىكى ئەھۋاللار تولۇق مەلۇم بولدى.

مەھدى خوجىمۇ كېمدە ۋاقتىمىزدا كەلدى. پېشىندىن بۇرۇنراق ئەتاۋەنىڭ ئالدىدىكى سۇنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى باغقا چىقىپ، جۇن دەرياسىدا غۇسۇل قىلىپ، پېشىن نامىزىنى ئۆتىدىم. ناماز ئۆتىگەن يەردىن ئەتاۋە تەرەپكىرەك كېلىپ، سۇغا ئۇدۇل بىر دۆڭگە چىقىپ، مۇشۇ باغنىڭ دەرەخلىرى سايىسىدا ئولتۇرۇپ يىگىتلەرنى شوخلۇققا سالدۇق. مەھدى خوجا بۇيرۇغان تائام مۇشۇ يەردە تارتىلدى. نامازشامدا سۇدىن ئۆتۈپ ئوردۇغا كەلدىم. چېرىكنىڭ يىغىلىشى ۋە شەمسىددىن مۇھەممەدتىن كابۇلدىكىلەرگە ئەۋەتىدىغان خەتلەرنى يېزىش ئۈچۈن، بۇ يەردە ئىككى-ئۈچ كۈن ھايال بولدۇق.

جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى — چارشەنبە كۈنى ئەتاۋەدىن كۆچۈپ سەككىز كۇرۇھ ماڭغاندىن كېيىن، مۇرى ۋە ئەدۇسەگە چۈشتۇق. كابۇلغا ئەۋەتىلىدىغان خەتلەرنىڭ قالغان بەزىلىرىنى مۇشۇ يەردە يازدىم. ھۇمايۇنغا ئەۋەتىلگەن خەتتە، ئەگەر ھازىرچە ئالدىراش ئىش بولمىسا، ئوغرىلىق بىلەن قاراقچىلىقنى يوقات، ھېچكىمنىڭ ئاسايىشلىقى بۇزۇلمىسۇن، (359) كابۇلنى پادىشاھ مولكى قىلدىم، ئوغلانلاردىن ھېچقايسىڭلار ئۇنى تەمە قىلماڭلار، دېگەن مەزمۇنلار بار ئىدى ھەم ھىندالنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلغانىدىم. ئاندىن، كامرانغا شاھزادە بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىش، مۇلتان ۋىلايىتىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىنايەت قىلىنغانلىقى، كابۇل ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھ مۇلكى بولىدىغانلىقى ھەم ئائىلە ۋە تۇغقانلارنىڭ كېلىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. يەنە بەزى ئەھۋاللار خوجا كەلانغا يېزىلغان خەتتىن مەلۇم بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە شۇ خەتنىڭ نۇسخىسى ئەينەن كەلتۈرۈلدى:

«خوجا كەلانغا سالامدىن كېيىن سۆز شۇكى، شەمسىددىن مۇھەممەد ئەتاۋەدىكى چېغىمىزدا كەلدى. ئەھۋاللار مەلۇم بولدى. بىزنىڭ ئۇ تەرەپلەرگە بېرىش ئارزۇيىمىز چەكسىزدۇر. ھىندىستان ئىشلىرىمۇ خېلى يولغا چۈشۈۋاتىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرىدىن ئۈمىد شۇكى، بۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرى ئۇلۇغ تەڭرى ئىنايىتى بىلەن پات پۈرسەتتە سەرەمجان بولغاي. بۇ ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن، تەڭرى نېسىپ قىلسا، تەخىرسىز يولغا چىقماقچىمەن. ئۇ ۋىلايەتلەرنىڭ لاتاپەتلىرىنى كىشى قانداق ئۇنتۇغاي. خۇسۇسەن، مۇنداق تىۋىلىق بولغان چاغدا قوغۇن ۋە ئۈزۈملەرنىڭ لەززىتىنى قانداقمۇ ئەستىن چىقارغىلى بولسۇن. بۇ يېقىندا بىر قوغۇن ئېلىپ كېلىشكەنىدى، يېچىپ يېگەندە ئاجايىپ تەسىر قىلدى، يىغلىۋەتتىم.

كابۇلدىكى ئىنتىپاقسىزلىقلار (ب 359) يېزىلغانىدى. ئاخىر كۆڭۈل شۇنىڭغا قارار تاپتىكى، بىر ۋىلايەتتە يەتتە-سەككىز ھاكىم بولسا، قانداقمۇ بىرلىك ۋە مۇستەھكەملىك بولسۇن. شۇ سەۋەبتىن ئېگىچەم بىلەن ھەرەملەرنى ھىندىستانغا چاقىرتتىم. پۈتۈن كابۇل ۋىلايىتىنى پادىشاھ مۈلكى قىلدىم. ھۇمايۇن بىلەن كامرانغىمۇ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىپ خەت يازدىم، ياخشى بىر ئادەم ئۇ خەتلەرنى مىرزىلارغا ئاپىرىپ بەرسۇن. مۇندىن بۇرۇنمۇ شۇ مەزمۇندا مىرزىلارغا خەت يازغانىدىم، بەلكىم مەلۇم بولغاندۇر. ئەمدى ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئىدارە ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ھېچقانداق سۆز ۋە توسالغۇ قالمىدى، مۇندىن كېيىن قورغان نامەزمۇت، ئاھالە نامەمۇر بولسا ياكى ئاشلىق يوق، خەزىنە قۇرۇق بولۇپ قالسا، بۇ ئىدارە قىلغۇچىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. زۆرۈر بولغان بەزى ئىشلار يېزىلغۇسىدۇر. بەزىسى ئۈچۈن پەرمانمۇ

بېرىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن ئاشقان پۇل خەزىنىگە ئېلىنسۇن.

زۆرۈر بولغان ئىشلار مۇنۇلار: ئالدى بىلەن قورغاننىڭ تەئمىراتى، ئاشلىق، كەلدى-باردى ئەلچىلەرنىڭ تەمىناتى، مەسچىتى جامەنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭغا كېتىدىغان پۇلنى مالدىن ئېلىپ، شەرئى قىلىپ ئىشلەتسۇن؛ كارۋان سارىيى ۋە ھاماملارنىڭ تەئمىراتى، ئەركتە ئۇستاد ھەسەن ئەلى پىششىق خىشت بىلەن ياساپ، يېرىم يولدا توختاپ قالغان ئىمارەتنى تاماملاش؛ (360) بۇنى ئۇستاد سۇلتان مۇھەممەد بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مۇۋاپىق بىر پىلان بىلەن سېلىش كېرەك؛ ئەگەر ئۇستاد ھەسەن ئەلى سىزغان بۇرۇنقى پىلان مۇناسىپ بولسا، شۇ بويىچىلا پۈتكۈزسۇن، بولمىسا، مەسلىھەت بىلەن ياخشى بىر پىلان ئاساسىدا سالسۇن، شۇنداق بولسۇنكى، سەيناسى دىۋانخانىنىڭ سەيناسى بىلەن تەڭ بولسۇن؛ خۇرد كابۇل بەندى بوغازنىڭ خۇرد كابۇل تەرەپكە چىققان يېرىدە بۇدھاك سۈيى بىلەن باغلىنىشى كېرەك؛ غەزنى بەندىنىڭ تەئمىراتى، باغى خىيابان، بۇ باغنىڭ سۈيى ئاز، بۇنىڭغا بىر تاشلىق سۇ كەلتۈرۈش كېرەك.

خوجا بەستەنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە، تۇتۇم دەرە سۈيىنى بىر دۆڭ ئۈستىگە كەلتۈرۈپ، ئۇ يەرگە كۆلچەك ياسىتىپ، كۆچەتلەر قويدۇرغاندىم. بۇ يەر گۈزەرگاھنىڭ ئۇدۇلىدا ھەم گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن «نەزەر گاھ» دەپ ئاتالغاندى. ئۇ يەرگىمۇ ياخشى كۆچەتلەرنى تىكىش كېرەك، پىلان بىلەن چىمەنلىكلەرنى ياساپ، چىمەنلىك ئەتراپىدا خۇش رەڭ ۋە خۇش بۇي گۈل-گىياھلارنى ئۈستۈرۈش كېرەك. سەيىد قاسىممۇ ياردەمگە تەيىنلەندى. تۈفەكچىلەر بىلەن ئۇستاد مۇھەممەد

ئىمىن جىبەچىنىڭ ئەھۋالىدىن غاپىل بولماڭ.

بۇ خەت تېگىشى بىلەن ئېگىچەم بىلەن ھەرەملەرنى تېز يولغا سېلىڭ ھەم نىلابقىچە (ب 360) ئەكىلىپ قويۇڭ. بۇ خەت تېگىشى بىلەن كېچىككەندە بىر ھەپتە ئىچىدە جەزمەن يولغا چىقسۇن. بولمىسا، ھىندىستاندىن بارغان چېرىكمۇ تار يەردە قىسىلىپ قالىدۇ، ۋىلايەتمۇ خاراب بولىدۇ. ئاندىن ئابدۇللاغا يېزىلغان خەتتە توۋا قىلغانلىقىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بەك مۇبالىغە قىلىنغانىدى. بۇ رۇبائىي ئۇنىڭغا سەل زىت بولۇپ قالدى:

مەي تەركىنى قىلغالى پەرىشاندۇرمەن،

بىلمان قىلۇر ئىشمنىۇ ھەيراندۇرمەن.

ئېل بارچە پۇشەيمان بولۇرۇ تۆۋبە قىلۇر،

مەن تۆۋبە قىلىپمەنۇ پۇشەيماندۇرمەن.

(مەينى تەرك قىلغاندىن بۇيان پەرىشانمەن. نېمە قىلارىمنى بىلمەيمەن، ھەيرانمەن. باشقىلار پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن توۋا قىلىدۇ، مەن بولسام توۋا قىلغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن)

بىنائىنىڭ بىر چاقچىقى يادىمغا كەلدى. بىر كۈنى بىنائىي ئەلشىر بەگنىڭ قېشىدا چاقچاق قىلىدۇ. ئەلشىر بەگ تۆگمىلىك چەكمەن كىيگەنىكەن، ئۇ: «نەغز زەرافەتى كەردى، چەكمەنرا مىدادەم، ۋەلى تۆگمەھا نەمىماند ۋە مانىئەست (ياخشى چاقچاق قىلدىڭ، مەن ساڭا چەكمىنىمنى بېرەتتىم، بىراق تۆگمىسى تۇرمايدۇ ھەم ئېتىكلىك) دەپتۇ. بىنائىي: «تۆگمەھا چى مانىئەست، بادىگىھا مانىئەست» (تۆگمىلەر قانداق ئېتىكلىك بولسۇن، تۆشۈكلىرى ئېتىكلىك) دەپتۇ. (مەسئۇلىيەت رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ زىممىسىدە).

بۇ چاقچاقلارنى كەچۈرۈڭ ھەم تەگرى يولدا كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ.

ئاندىن، رۇبائىي ئۆتكەن يىلى ئېيتىلغان. دەرۋەقە، ئۆتكەن ئىككى يىلدا شاراب ئولتۇرۇشىنىڭ ئارزۇ ۋە ئىشتىياقى چەكسىز ئىدى، شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، شاراب ئىشتىياقىدىن بەزەن يىغلاش دەرىجىسىگە يېتەتتىم. بۇ يىل ئەلھەمدۇلىللا بۇ ۋەسۋەسە پۈتۈنلەي كۆڭلۈمدىن چىقتى. بۇ، تەرجىمىنى نەزملەشتۈرگەنىنىڭ (361) بەرىكاتىدىن بولسا كېرەك. سىزمۇ توۋا قىلىڭ. سۆھبەت بىلەن شارابنىڭ خۇشلۇقى سۆھبەتتە بىللە بولغان ۋە بىللە ئىچكەن ھەمسۆھبەت ۋە ئۈلپەت بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ھەمسۆھبەت ۋە ئۈلپىتىڭىز شىر ئەھمەد بىلەن ھەيدەر قۇلى بولسا، بۇ توۋا ئانچە قىيىن بولمايدۇ. دەپ، ئارزۇمەنلىك بىلەن سالام. جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ بىرى — پەيشەنبە كۈنى پۈتۈلدى».

بۇ نەسىھەت سۆزلىرىنى يازغىنىمدا، بۇلار ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. بۇ خەتلەرنى شەمسىددىن مۇھەممەدكە تاپشۇرۇپ، ئېغىز سۆزلىرىنى تاپىلاپ، جۈمە كېچىسى ئۇنىڭ يولىغا چىقىشىغا رۇخسەت بەردۇق.

جۈمە كۈنى سەككىز كۇرۇھ يول بېسىپ، جۇۋامەندناغا چۈشتۇق. كىتىن قارا سۇلتان بىر نۆكىرىنى ئەلچىلىككە كەلگەن كەمالىددىن قىياق ئاتلىق نۆكىرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەنىكەن. بۇ چېگرا بەگلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە مۇئامىلىلىرى توغرۇلۇق ھەمدە ئوغرى-قاراقچىلاردىن شىكايەتلەنگەن بەزى نەرسىلەرنى يېزىپتۇ. قىياق بۇ كەلگەن كىشىنى بۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ. قىياققا رۇخسەت بېرىپ، چېگرا بەگلىرىگە ئوغرى-قاراقچىلارنى تۈگىتىپ، تۇرمۇش ۋە مۇئامىلىنى ياخشىلاش توغرۇلۇق پەرمان بەردۇق. بۇ پەرمانلارنى كىتىن قارا سۇلتاننىڭ قېشىدىن كەلگەن كىشىگە تاپشۇرۇپ، ئۇنى مۇشۇ

قارارگاھتىن يولغا سالدۇق. ھەسەن چەلەبى قىشىدىن شاھ قۇلى دېگەن كىشى كېلىپ، ئۇرۇش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغانىدى. مۇشۇ شاھ قۇلىدىن (ب 361) شاھقا خەت يېزىپ، ھەسەن چەلەبىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنى ئاينىڭ ئىككىسى — جۈمە كۈنى ماڭدۇردۇق.

شەنبە كۈنى سەككىز كۇرۇھ يول بېسىپ، يەنە كالپى پەرگەنەلىرىدىن بولغان كەكۇرا ۋە چەچاۋەلىگە چۈشتۇق. ئاينىڭ تۆتى — يەكشەنبە كۈنى توققۇز كۇرۇھ يول بېسىپ، كالپى پەرگەنەلىرىدىن دىدەپۇر دېگەن پەرگەنەدە چېچىمنى ئالدۇردۇم. چېچىمنى ئالدۇرمىغىلى ئىككى ئاي بولغانىدى. سەنگەر سۈيىدە غۇسۇل قىلدىم. ئاينىڭ (بەشى) — دۈشەنبە كۈنى ئون تۆت كۇرۇھ يول بېسىپ، كالپى پەرگەنەلىرىدىن چەركەدەگە چۈشتۇق. ئاينىڭ ئالتىسى — سەيشەنبە كۈنى قاراچەنىڭ ھىندىستانلىق چاكىرى ماھىمنىڭ قاراچەگە يازغان پەرمانىنى ئېلىپ كەلدى. ماھىم كېلىدىكەن. مەن بۇرۇن ئۆز قەلىمىم بىلەن يازغان شەكىلدە بۇيرۇق يېزىپ، لاھور، بېھرە ۋە شۇ تەۋەدىكىلەرنى ھەمراھلىققا چاقىرىپتۇ. بۇ پەرمانىنى جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يەتتىسى كابۇلدا يازغانىكەن.

چارشەنبە كۈنى يەتتە كۇرۇھ يول بېسىپ، ئادەمپۇر پەرگەنەسىگە چۈشتۇق. شۇ كۈنى تاڭدىن بۇرۇن يالغۇز ئاتلىنىپ، چۈش بىلەن جۇن دەرياسىغا يەتتىم ۋە جۇننى ياقىلاپ تۆۋەنگە ماڭدىم. ئادەمپۇر ئۇدۇلىغا يەتكەندە، بىر ئارالدا ئوردۇغا يېقىن يەرگە چېدىر تىكتۇرۇپ مەجۇن يېدۇق. شۇ كۈنى (362) سادىق بىلەن كۇلالنى چېلىشقا سالدۇق. كۇلال تەلەپ بىلەن كەلگەنىدى.

ئەگەردە چېلىشتۇرماقچى بولغاندا، يول جاپاسىنى باھانە قىلىپ، يىگىرمە كۈنلۈك مۆھلەت سورىغانىدى. بۇنىڭغا قىرىق-ئەللىك كۈن بولۇپ، مۆھلەتتىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، چېلىششقا مەجبۇر بولدى. سادىق ياخشى چېلىشتى. ئۇنى ئاسانلا يىقىتتى. سادىققا ئون مىڭ تەڭگە، بىر ئېگەرلىك ئات، بىر قۇر كىيىم ۋە بىر تۈگمىلىك چەكمەن ئىنئام بولدى. كۇلال يىقىلغان بولسىمۇ، ئۇنى مەيۈسلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ بىر قۇر كىيىم بىلەن ئۈچ مىڭ تەڭگە ئىنئام بولدى.

ھارۋىلار بىلەن توپلارنى كېمىدىن چىقىرىشقا بۇيرۇق بەردىم. يەر تۈزلەپ، يول ياساپ ھارۋا ۋە كېمىلەرنى چىقىرىپ بولغۇچە بۇ قارارگاھتا ئۈچ-تۆت كۈن تۇرۇپ قالدۇق. ئاينىڭ ئون ئىككىسى — دۈشەنبە كۈنى ئون ئىككى كۇرۇھ يول بېسىپ كېلىپ، كەررەگە چۈشتۇق. بۇ كۈنى تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ كەلدىم. كەررەدىن ئون ئىككى كۇرۇھ يول بېسىپ، كەررە پەرگەنەلىرىدىن كۇرىيەگە چۈشتۇق. كۇرىيەدىن سەككىز كۇرۇھ يول بېسىپ، سەراي مەنداغا چۈشتۇق. مۇشۇ يەرگە چۈشكەن كۈنى خۇپتەندە سۇلتان جەلالىددىن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئىككى كىچىككىنە ئوغلىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى. تاڭلىسى — ئاينىڭ ئون يەتتىسى (شەنبە كۈنى) سەككىز كۇرۇھ يول بېسىپ، كەررە پەرگەنەلىرىدىن بولۇپ گەنگ بويىغا جايلاشقان دۇگدۇگگە كېلىپ چۈشتۇق. يەكشەنبە كۈنى مۇھەممەد سۇلتان (ب 362) مىرزا، قاسىم ھۈسەين سۇلتان، بىھۇب سۇلتان، تۇردىكەلەر مۇشۇ يەردە ۋاقتىمىزدا كەلدى. دۈشەنبە كۈنى ئەسكەرىمۇ مۇشۇ يەردە ۋاقتىمىزدا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. بۇ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى گەنگنىڭ شەرق تەرىپىدىن كەلگەنىدى. ئەسكەري بىلەن بارلىق چېرىك

گەنگىنىڭ نېرىقى تەرىپى بىلەنلا ئىلگىرىلىسۇن، ئوردۇ نەگە چۈشسە، ئۇلارمۇ شۇ يەرنىڭ ئۇدۇلىغا چۈشسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردىم.

شۇ تەۋەدە تۇرغان ۋاقتىمىزدا، ئالدى تەرەپتىن كەينى-كەينىلەپ شۇنداق خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى: سۇلتان مەھمۇدنىڭ قېشىغا بىرلەك ئافغان يىغىلىپتۇ. ئۇ شەيخ بايەزىد بىلەن بىبەتنى نۇرغۇن چېرىك بىلەن سەرۋار تەرىپىگە ئەۋەتىپ، ئۆزى فەتىھخان بىللە گەنگىنى ياقىلاپ چونار ئۈستىگە كېلىۋېتىپتۇ. ئۆتكەن يىلى ئېتىبار بىلەن نۇرغۇن پەرگەنە بېرىلىپ بۇ يەرگە قويۇلغان شىرخان سۇر ئافغانلارغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار شىرخان بىلەن بىرنەچچە ئەمىرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپتۇ. سۇلتان جەلالىددىننىڭ ئادەملىرى بەنارەسنى قوغدىيالماي قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇلار بەنارەس قورغىنىغا ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، گەنگ ياقىسىغا كېلىپ ئۇرۇشارمىش.

دۇگدۇگدىن كۆچۈپ، ئالتە كۇرۇھ يول بېسىپ، كەررەدىن ئۈچ-تۆت كۇرۇھ كېلىدىغان كۇسارغا چۈشتۇق. مەن كېمە بىلەن كەلدىم. سۇلتان (363) جەلالىددىننىڭ زىياپىتى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەردە ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق. جۈمە كۈنى كەررە قەلئەسىگە كىرىپ، سۇلتان جەلالىددىننىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. مېھماندارلىق قىلىپ، ئاش، تائاملارنى تارتتى. تائامدىن كېيىن، ئۆزىگە ۋە ئوغۇللىرىغا تىكىشسىز نىمچە كىيدۈرۈلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، چوڭ ئوغلىغا «سۇلتان مەھمۇد» ئۇنۋانى بېرىلدى. كەررەدىن ئاتلىنىپ، بىر كۇرۇھچە يول مېڭىپ، گەنگ ياقىسىغا چۈشتۇق. شۇ يەردىكى ۋاقتىمىزدا ماھىمنىڭ قېشىدىن

كەلگەن شەھەرلەر بەگكە خەت يېزىپ بېرىپ، شۇ كۈنى ئۇنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت بەردىم. خوجا يەھيانىڭ نەۋرىسى خوجا كەلان مەندىن مەن يېزىۋاتقان «ۋەقايى»نى سورايتتى. كۆچۈرتۈپ قويغاندىم، شەھەرلەر بەگدىن ئەۋەتىپ بەردىم.

تاڭلىسى — شەنبە كۈنى كۆچۈپ، تۆت كۇرۇھ يول مېڭىپ چۈشتۇق. مەن يەنە كېمە بىلەن كەلدىم. چۈشىدىغان يەر يېقىن ئىكەن، بالدۇرلا كېلىپ قالدۇق. بىر ئازدىن كېيىن، كېمىنىڭ ئىچىدىلا ئولتۇرۇپ مەجۇن يېدۇق. خوجا ئابدۇشەھىد نۇر بەگنىڭ چېدىرىدا ئىكەن، ئۇلارنى چاقىردۇق، موللا مەھمۇدنى موللا ئەلى خاننىڭ چېدىرىدىن چاقىرتىپ كەلدۇق. بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن كېمە بىلەن نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈپ، چېلىشچىلارنى چېلىشىشقا سالدۇق. دوست يەسىنخەيرنى پالۋان (ب 363) سادىق بىلەن تۇتۇشماي، باشقىلار بىلەن چېلىشىشقا بۇيرۇدۇق. قائىدىگە خىلاپ ھالدا، ئۇنى ئالدى بىلەن كۆچلۈكرەكلەر بىلەن چېلىشقا سالدۇق. ئۇ سەككىز ئادەم بىلەن ئوبدان چېلىشتى.

نامازدىگەردە سۇلتان مۇھەممەد باخشى كېمە بىلەن ئۇ تەرەپتىن كەلدى ۋە سۇلتان ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى مەھمۇدخان (بۇ دۈشمەنلەر ئۇنى سۇلتان مەھمۇد دەيدۇ)نىڭ بەربات بولغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى: ناماز پېشىندا بۇ يەردىن بارغان جاسۇس بۇ دۈشمەنلەرنىڭ بەربات بولغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ، پېشىن بىلەن دىگەر ئارىلىقىدا كەلگەن تاج خان سارەنگخاننىڭ بەرگەن مەلۇماتىمۇ جاسۇس ئېلىپ كەلگەن خەۋەرگە ئوخشاش كېلىدۇ؛ بۇ ئەھۋاللارنى سۇلتان مۇھەممەد كېلىپ مەلۇم قىلدى. دۈشمەن كېلىپ جۇنارنى مۇھاسىرە قىلىدۇ. بىر ئاز ئۇرۇشمۇ قىلىدۇ.

لېكىن بىزنىڭ كېلگەنلىكىمىزدىن تەھقىق خەۋەر تېپىش بىلەنلا بەربات بولغان تەرزدە قايتىدۇ. بەنارەسكە ئۆتكەن ئافغانلارمۇ ساراسىمە بىلەن قايتىپ، دەريادىن ئۆتىدىغان چاغدا ئىككى كېمە غەرق بولۇپ، بىرمۇنچە ئادىمى سۇدا ئۆلدۇ.

ئەتىسى ئالتە كۇرۇھ يول مېڭىپ، پىياگ پەرگەنەلىرىدىن سىراۋەلىگە كەلدۇق. مەن كېمە بىلەن كەلدىم. چىن تېمۇر سۇلتان بىلەن توختەبۇغا سۇلتان يېرىم يولدا كۆرۈشۈش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇلارنىمۇ كېمىگە تەكلىپ قىلدىم. توختەبۇغا سۇلتان يەدە قىلغانىكەن، قاتتىق بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، ئوبدان ھاۋا بولدى. بۇ ھاۋا مەجۇن يېيىشكە سەۋەب بولدى. ئالدىنقى كۈنى مەجۇن يېگىنىمىزگە قارىماي، بۇ كۈنىمۇ مەجۇن يېدۇق. قونالغۇغا كېلىپ، ئەتىسى شۇ يەردە تۇردۇق. سەيشەنبە كۈنى يەنە ئاتلاندۇق. ئوردۇنىڭ ئۇدۇلىدا بۆك-باراقسان چوڭ بىر ئارال بار ئىكەن. كېمە بىلەن ئۇ يەرگە ئۆتۈپ، ئارالنى ئارىلىغاندىن كېيىن، بىرىنچى پەھەردە يەنە كېمىگە چۈشتۇم.

ئات ئۇستىدە دەريا ياقىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر قىيا ئۇستىدىن ئۆتتۇم. ئات يېرىلغان قىيا ئۇستىگە چىقىشقا قىيا يىقىلدى، مەن دەرھال ئۆزۈمنى قىرغاققا ئاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئاتمۇ يىقىلمىدى. ئەگەر مەن ئات ئۇستىدە بولغان بولسام، ئات بىلەن بىللىلا دومىلايتتىم. ئۇ كۈنى گەنگ دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتتۇم. ئۈزگەندە تاشلانغان ھەربىر غۇلاچنى ساناپ تۇردۇم: ئوتتۇز ئۈچ غۇلاچ بىلەن ئۆتتۇم ۋە ئۇ ياقتا توختىمايلا يەنە ئۈزۈپ بۇياققا ئۆتتۇم. ھەممە دەريالاردىن ئۈزۈپ ئۆتكەنىدىم، پەقەت گەنگ دەرياسىلا قالغانىدى. كەچقۇرۇن، گەنگ دەرياسىنىڭ جۇن دەرياسى بىلەن قوشۇلغان يېرىگىچە بېرىپ، پىياگ

تەرىپىدىن كېمىنى سۆرىتىپ، بىر پەھەر ۋە تۆت گەرىدە ئۇردۇغا كەلدىم.

چارشەنبە كۈنى ئىككىنچى پەھەردىن باشلاپ، چېرىك جۇن دەرياسىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. تۆت يۈز يىگىرمە كېمە بار ئىدى. رەجەپ ئېيىنىڭ بىرى — جۈمە كۈنى دەريادىن ئۆتتۈم. ئاينىڭ تۆتى — دۈشەنبە كۈنى جۇن ياقىسىدىن بەھارغا بېرىش نىيىتى بىلەن ئاتلاندۇق ۋە بەش كۇرۇھ يول بېسىپ، لەۋايىنغا چۈشتۇق. مەن كېمە بىلەن كەلدىم. چېرىك تېخىچە دەريادىن ئۆتمەكتە ئىدى. ئادەمپۇردا كېمىدىن چىقىرىلغان زەربىزەنلىك ھارۋىلارنى پىياگدا يەنە كېمىگە بېسىپ، كېمە بىلەن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق بەردىم. چۈشكەن يېرىمىزدە چېلىشچىلارنى چېلىشقا سالدۇق. پالۋان لاھورى كەشتبان بىلەن دوست يەسىنخەير چېلىشتى. كۆپ تىركىشىشلەردىن كېيىن، دوست يەسىنخەير تەسلىكتە يەڭدى. ھەر ئىككىسىگە بىر قۇردىن كىيىم ئىنايەت بولدى.

تۇس سۇيى دېيىلىدىغان پاتقاقلىق بىر دەرياغا توغرا كەلدۇق. كېچىك① تېپىش ۋە يول ياساش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدۇق. ئات ۋە تۆگىلەرنى ئۆتكۈزىدىغان كېچىك بىرئاز يۇقىرىدىن تېپىلدى. ئۇ كېچىكتە ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاشلار بولغانلىقتىن يۈكلۈك ھارۋىلار ئۇ يەردىن ئۆتەلمەيدىكەن، يۈكلۈك ھارۋىلارنىمۇ (364) شۇ يەردىن ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇق بەردىم. پەيشەنبە كۈنى ئۇ يەردىن قوزغىلىپ، تۇس سۇيىنىڭ قوشۇلغان يېرىگىچە كېمە بىلەن كەلدىم. سۇنىڭ قوشۇلغان يېرىدە كېمىدىن

① چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان بۇ ئۇزۇن پارچە ئەسەرنىڭ ھەيدەراباد نۇسخىسىدا چۈشۈپ قالغان.

چىقىپ، تۇس سۇيىنىڭ يۇقىرىسىغا ئات بىلەن مېڭىپ، دېگەر ۋاقتىدا ئوردىنىڭ سۇدىن ئۆتۈپ قۇرغان قارارگاھىغا كەلدىم. بۇ كۈنى ئالتە كۇرۇھ يول بېسىلدى. تاڭلىسى شۇ قونالغۇدا بولدۇق. شەنبە كۈنى كۆچۈپ ئون ئىككى كۇرۇھ يول بېسىپ، يېزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە چۈشتۇق. مۇشۇ قونالغۇدا ۋاقتىمىزدا، چۇناردىن تاج خان ئوغۇللىرى بىلەن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. شۇ كۈنلەردە مۇھەممەد باخشىنىڭ مەلۇماتى كەلدى: ئائىلە كابۇلدىن تەھقىق كېلىۋېتىپتۇ. چارشەنبە كۈنى ئۇ يەردىن كۆچۈپ، چۇنار قورغىنىنى ئارىلاپ، چۇناردىن بىر كۇرۇھچە ئۆتۈپ چۈشتۇق.

پىيادىن كۆچكەن كۈنلەردە بەدىنىمگە قاپارتقۇ چىققانىدى. مۇشۇ قونالغۇدا بىر رۇملۇق رۇمدا يېڭى كەشپ قىلىنغان بىر ئۇسۇلدا داۋالىدى. قارىمۇچنى داڭقاندا قايناتتى. جاراھەتنى ئۇنىڭ ئىسسىق ھورىغا تۇتتۇم، ھور ئازايغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسسىق سۈيى بىلەن يۇدۇم. ئۇجۇمىي ئىككى سائەتكىچە توختىدى. مۇشۇ قونالغۇدىكى ۋاقتىمىزدا، بىر كىشى ئوردىنىڭ يېنىدىكى ئارالدا شىر ۋە كەرگىدان كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەتىسى سەھەر (ب 364) ئارالنى قورشىدۇق. پىللارمۇ ئېلىپ كېلىنگەنىدى. شىر بىلەن كەرگىدان چىقمىدى. قورشاۋنىڭ بىر ئۇچىدىن بىر ياۋا سۇ كالىسى چىقىپتۇ. ئۇ كۈنى بوران چىقىپ، توپا-چاڭ بەك ئاۋارە قىلدى. كېمىگە چۈشۈپ ئوردۇغا كەلدىم.

ئوردۇ بەنارەسنىڭ ئىككى كۇرۇھ يۇقىرىسىغا چۈشكەنىدى. جۇنار تەۋەسىدىكى جاڭگاللاردا پىل كۆپ بولارمىش. شۇ ياققا بېرىپ پىل ئوۋلاش نىيىتىدە ئىدىم. تاج خان خەۋەر بەردىكى، مەھمۇدخان سۇن دەرياسى قېشىدا ئىكەن. بەگلەرنى چاقىرىپ، دۈشمەنگە

قارشى تېز يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت ئۆتكۈزدۈم. ئاخىرىدا مەنزىلنى ئۆزارتىپ، توختىماي مېڭىش قارارىغا كەلدۇق. بۇ يەردىن كۆچۈپ، توققۇز كۈرۈھ يول مېڭىپ، بەلۋە كېچىكىگە چۈشتۇق. مۇشۇ قونالغۇدىن ئاينىڭ ئون سەككىزى — دۈشەنبە ئاخشىمى تاھىرنى ئەگرەگە ماڭدۇردۇق. ئۇ كابۇلدىن كېلىۋاتقانلارغا يول خەجى تەرىقىسدە ئىنئام قىلىنغان پۇلنىڭ ھۆججىتىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ كۈنى كېمە بىلەن كەلدىم. تاڭدىن بۇرۇنراق كېمىگە چۈشكەنىدىم، گوي دەرياسى قوشۇلغان جۇنپۇر دەرياسىغا يېتىپ، كېمە بىلەن گوي دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئازراق ئۆرلەپ يەنە ياندىم، تارغىنە دەريا بولسىمۇ، (365) لېكىن كېچىكى يوق ئىدى. ئۇ قاتتىكى چېرىكلەر كېمە، ساللار بىلەن ياكى ئات ئۈزدۈرۈپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى.

جۇنپۇر دەرياسى قوشۇلغان يەرنىڭ بىر كۈرۈھ تۆۋىنىگە بېرىپ، ئۆتكەن يىلى جۇنپۇرغا بارغاندا چۈشكەن يەرنى ئارىلىدىم. سۇ يۇقىرىسىدىن ئوبدان شامال چىقىپ بەردى. بەنگالەچە كېمىنىڭ يەلكەنلىرىنى ئېچىپ، چوڭ كېمىنى ئۇنىڭغا چاتتى. كېمە ناھايىتى چاپسان كەلدى. ئوردۇ بەنارەسنىڭ بىر كۈرۈھ يۇقىرىسىغا چۈشكەن بولۇپ، بۇ يەرگە كۈننىڭ ئىككى گەرىسى قالغان چاغدا يېتىپ كەلدۇق. كەينىمىزدىن توختىماي ماڭغان كېمىلەرنىڭ ئەڭ تېز ماڭغىنى خۇپتەن ۋاقتىدا كەلدى. موغۇل بەگكە چەناردىن باشلاپ، تۈز يولدىكى ھەر بىر قونالغۇنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەم تانابى بىلەن ئۆلچەپ مېڭىش بۇيرۇقى بېرىلگەنىدى، لۇتفى بەگكە بولسا، مەن كېمىگە چۈشۈپ ماڭغان چاغدا، دەريا قىرغىقىنى ئۆلچەپ مېڭىش بۇيرۇقى بېرىلگەنىدى. تۈز يول ئون بىر كۈرۈھ، دەريا قىرغىقى ئون سەككىز كۈرۈھ چىقىپتۇ.

تاڭلىسى شۇ قونالغۇدا تۇرۇپ قالدۇق. چارشەنبە كۈنىمۇ كېمە بىلەن كېلىپ، غازىپۇرنىڭ بىر كۇرۇھ تۆۋىنىگە چۈشتۇق. پەيشەنبە كۈنى مۇشۇ قونالغۇدا مەھمۇدخان نۇھانى كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. شۇ كۈنى جەلال خان بەھارخان بەھارىنىڭ، فەرىدخان ناسىرخانىنىڭ، شىرخان سۇر، ئادىل خان سۇر ۋە باشقا بىرقانچە ئافغان ئەمىرلىرىنىڭ ئەرز-ھاللىرى كەلدى. (ب 365) شۇ كۈنى يەنە ئابدۇلئەزىز مىراخورنىڭ ئەرز-ھالى كەلدى، لاھۇردىن جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمىسىدە يېزىلغانىكەن. شۇ ئەرز-ھال يېزىلغان كۈنى قاراچەنىڭ كالپى تەۋەسىدىن ئەۋەتكەن ھىندىستانلىق چاكىرى يېتىپ بېرىپتۇ. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەرز-ھالىدا يېزىلغان ئىدىكى، ئابدۇلئەزىز ۋە باشقا بەلگىلەنگەن ئادەملەر جەمادىيەلئەۋ-ۋەل ئېيىنىڭ توققۇزى ئائىلىنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن نىلابقا مېڭىپتۇ. ئابدۇلئەزىز چاناپقىچە بىللە كېلىپ، ئۇ يەردىن ئايرىلىپ بالدۇرراق لاھۇرغا كېلىپ بۇ ئەرز-ھالنى ئەۋەتىپتۇ.

جۈمە كۈنى كۆچتۇق. مەن كېمە بىلەن بېرىپ، چۆسەنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇلتۇر كۈن تۇتۇلغان ۋە بىز روزا تۇتقان يۇرتنى ئارىلاپ يەنە كېمىگە چۈشتۇم. مۇھەممەد زەمان مىرزىمۇ كېمە بىلەن كەينىمىزدىن كەلدى. مىرزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەجۇن يېدۇق. ئوردۇ كەرمىناس دەرياسىنىڭ بويىغا چۈشكەنىدى. ھىندۇلار بۇ كەرمىناس دەرياسىدىن بەك پەرھىز قىلارمىش. پەرھىزكار ھىندۇلار بۇ دەريادىن ئۆتمەي، كېمە بىلەن گەنگ دەرياسىغا كىرىپ، بۇ دەريانىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، بۇ سۇ كىشىگە تەگسە، ئۇنىڭ ئىبادىتىنى زايە قىلارمىش. دەريانىڭ بۇ نام بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىزاھلاشتى.

كېمە بىلەن كەرمناس سۇيىنىڭ بىر ئاز يۇقىرىسىغا ئۆرلىگەندىن كېيىن قايتىپ گەنگىنىڭ (366) شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ، كېمىلەرنى سۇ ياقىسىدا توختاتتۇق. يىگىتلەر بىردەم ئىچ پۇشۇقى قىلىشتى، بىردەم چېلىشتى. ساقى مۇھسىن تۆت-بەش كىشى بىلەن چېلىشمەن دەپ تۇرۇۋالدى. بىر ئادەم بىلەن چېلىشىپ، يىقىلىشقا تاس قالدى. ئىككىنچىسى شادىيان ئىدى. ئۇ مۇھسىننى يىقىتتى. مۇھسىن بەك خىجىل بولدى. چېلىشچىلارمۇ چېلىشقا چۈشتى.

تاڭلىسى — جۈمە كۈنى كەرمناس دەرياسىنىڭ كېچىكىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن بىرىنچى پەھەردە كۆچۈلدى. مەن ئاتقا مىنىپ، كەرمناس دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا — كېچىك تەرەپكە بىر كۆرۈھچە ماڭدىم. كېچىك يىراق بولغىنى ئۈچۈن، قايتىپ كېلىپ كېمە بىلەنلا قونالغۇغا كەلدىم. ئوردۇ چۈشەدىن بىر كۆرۈھ ئىلگىرىگە چۈشكەنىدى. ئۇ كۈنى يەنە قارىمۇچ دورىسىنى قىلدىم. بىر ئاز ئىسسىق ئىكەن. بەدىنىم قاپىرىپ كېتىپ خېلى ئازاب سالدى. ئالدىمىزدا پاتقاقلىق بىر كىچىك دەريا بار ئىكەن. يول ياساش ئۈچۈن، مۇشۇ قونالغۇدا بىر كۈن تۇرۇپ قالدۇق.

دۈشەنبە ئاخشىمى ئابدۇلئەزىز ئەۋەتكەن ھىندىستانلىق پىيادە ئېلىپ كەلگەن خەتكە جاۋاب يېزىپ ئەۋەتتۇق. دۈشەنبە كۈنى سەھەر كېمە بىلەن كەلدىم. شامال سەۋەبىدىن كېمىلەرنى سۆرەپ كېلىشتى. ئۆتكەن يىلى ئۇزاق تۇرغان بەكسەرە ئالدىدىكى يۇرتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ (ب 366)، سۇدىن ئۆتۈپ، ئۇ يۇرتنى ئارىلىدىم. دەريا ياقىسىغا چۈشۈش ئۈچۈن قىرىقتىن كۆپ، ئەللىكتىن ئازراق پەلەمپەي ياسالغانىكەن، يۇقىرىدىكى ئىككى پەلەمپەيدىن باشقىسىنى سۇ بۇزۇپ كېتىپتۇ. كېمىگە چۈشۈپ مەجۇن يېدۇق.

ئوردۇنىڭ بىر ئاز يۇقىرىسىدىكى بىر ئارالدا كېمىنى توختىتىپ، پالۋانلارنى چېلىشىشقا سالدۇق. ناماز خۇپتەندە ئوردۇغا كەلدۇق. ئۆتكەن يىلى مۇشۇ ئوردۇ چۈشكەن يۇرتنى گەنگ دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، بەزەن ئات مىنىپ، بەزەن تۆگە مىنىپ كېلىپ ئارىلىغانىدىم. ئۇ كۈنى ئەپيۇن يېگەنىدىم.

تاڭلىسى — سەيشەنبە كۈنى كەرىم بېردى، مۇھەممەد ئەلى ھەيدەر رىكابدار ۋە بابا شەيخنى ئىككى يۈزچە ياخشى يىگىت بىلەن دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق. مۇشۇ قونالغۇدىن بەنگالە ئەلچىسىگە مۇشۇ ئۈچ ماددا سۆزنى مەلۇم قىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى. چارشەنبە كۈنى يۇنۇس ئەلى بەھارغا دائىر ئەھۋاللارنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن مۇھەممەد زەمان مىرزا قېشىغا ئەۋەتىلدى. بىرئاز سۇسراق خەۋەر كەلتۈردى. بەھار شەيخزادىلىرىنىڭ ئادىمى ئەرز-ھال خېتى بىلەن كېلىپ، بەھارنى تاشلاپ چىققانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنىدى. پەيشەنبە كۈنى تۇردى مۇھەممەد بىلەن مۇھەممەد جەڭ-جەڭگە تۈرك، ھىند ئەمىرلەر ۋە ئوقچىلاردىن ئىككى مىڭچە ئادەمنى قوشۇپ، بەھار ئاھالىسىگە ۋەدە پەرمانى يېزىپ، ئۇلارنى يولغا سالدۇق. خوجا مۇرشىد (367) ئىراقىنى بەھار باشقارمىسىغا دىۋان قىلىپ بەلگىلەپ، تۇردى مۇھەممەد بىلەن بىللە ماڭدۇردۇق. تاڭلىسى مۇھەممەد زەمان مىرزا بەھارغا بېرىشنى قوبۇل قىلىپ، شەيخ زەيىن بىلەن يۇنۇس ئەلى ئارقىلىق بەزى ئىشلارنى مەلۇم قىلىپ، ياردەم ئۈچۈن بىر بۆلۈك ئادەم بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. بەزى يىگىتلەرنى مۇھەممەد زەمان مىرزىغا ياردەم ئۈچۈن بېرىپ، بەزى يىگىتلەرنى نۆكەر قىلىپ بەردۇق.

شەبان ئېيىنىڭ بىرىنچى شەنبە كۈنى ئۈچ-تۆت كۈن تۇرغان بۇ قونالغۇدىن كۆچتۇق. مەن ئۇ كۈنى ئات مىنىپ بۇجپۇر بىلەن بىھىيەنى ئارىلىغاندىن كېيىن ئوردۇغا چۈشتۈم. مۇھەممەد ئەلى باشچىلىقىدا ئەھۋال بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەنلەر كاپىرلاردىن بىر قىسمىنى مەغلۇپ قىلىپ، سۇلتان مەھمۇد تۇرغان يەرگە بارىدۇ. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئىككى مىڭچە ئادىمى بار ئىكەن. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن پاتىپاراق بولۇپ، ئىككى پىلنى ئۆلتۈرۈپ كۆچىدۇ. بىرمۇنچە ئادىمىنى قاراۋۇل قىلىپ قالدۇرغانىكەن، بىزنىڭ يىگىتلەردىن يىگىرمىچە كىشى يېتىپ بارىدۇ، دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ. بىزنىڭكىلەر بىر قانچىسىنى يىقىتىپ، بىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ، بىر-ئىككىسىنى تىرىك ئېلىپ كەلدى. ئەتىسى كۆچۈپ كېمە بىلەن كەلدىم. مۇشۇ قونالغۇدا مۇھەممەد زەمان مىرزا دەريادىن ئۆتتى. ئۇنى يولغا سېلىش ئىشى بىلەن بولۇپ، بۇ يەردە ئىككى-ئۈچ كۈن (ب 367) تۇرۇپ قالدۇق. ئاينىڭ تۆتى سەيشەنبە كۈنى مۇھەممەد زەمان مىرزىغا مەخسۇس كىيىم، كەمەرلىك شەمشەر، نەسىللىك ئات ۋە كۈنلۈك ئىنايەت قىلىپ، بەھار ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا بېرىش رەسمىيىتىنى ئۆتدۇق. بەھار باشقارمىسىدىن بىر كۇرۇر يىگىرمە بەش لەك پادىشاھ مۈلكى قىلىنىپ، دىۋانلىقى مۇرشىد ئىراقىنىڭ ھۆددىسىگە بېرىلدى.

پەيشەنبە كۈنى بۇ قونالغۇدىن كېمە بىلەن كەلدىم. مەن كېلىپ ھەممە كېمىنى توختاتتىم. ئاندىن ئۇلارنى يۈرگۈزۈپ، سەپ شەكلىدە بىر-بىرىگە چېتىشنى بۇيرۇدۇم. كېمىلەر تولۇق يىغىلىپ بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن دەريا كەڭلىكىدىن كۆپ ئېشىپ قالدى. دەريانىڭ بەزى يەرلىرى تېيىز، بەزى يەرلىرى چوڭقۇر، بەزى

يەرلىرى راۋان، بەزى يەرلىرى ناراۋان بولغانلىقتىن، بۇ يوسۇندا كۆپ مېڭىشقا بولمىدى. كېمە سىپىدە بىر تىمساھ كۆرۈنۈپتۇ. بىر بېلىق تىمساھتىن قورقۇپ، شۇنداق ئېگىز سەكرەپتۇكى، بىر كېمىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپتۇ. ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىشتى.

قونالغۇغا چۈشكەندە، كېمىلەرگە ئات قويۇلدى. ئەگەردە راناسەنگا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنراق ياسالغان تۆھپىكار چوڭ كېمىگە «ئاسايىش» نامى بېرىلدى. شۇ يىلى يۈرۈشكە ئاتلىنىشتىن بۇرۇنراق (368) ئارايىش خان بىر كېمە ياسىتىپ تەقدىم قىلغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغىمۇ بىر تالار ياساتقانىدىم. ئۇنىڭغا «ئارايىش» نامى بېرىلدى. سۇلتان جەلالىددىن تەقدىم قىلغان كېمىگە چوڭ تالار ياساتقانىكەن، بۇ تالارنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر تالار ياساشنى بۇيرۇدۇم. بۇ كېمىگە «گۇنجايىش» نامى بېرىلدى. باش تەرىپى ئۈستىگە ئېگىلگەن يەنە بىر كىچىك قېيىق بولۇپ، ھەر خىل ئىشلارغا شۇ ئىشلىتىلەتتى. ئۇنىڭغا «فەرمايىش» نامى بېرىلدى.

تاڭلىسى — جۈمە كۈنى كۆچۈلمىدى. مۇھەممەد زەمان مىرزىنىڭ بەھار سەپىرىگە تەييارلانغان كۆچى ئوردۇدىن بىر-ئىككى كۈرۈھ ئايرىلىپ چۈشكەنىدى. شۇ كۈنى كېلىپ مەندىن رۇخسەت ئالدى. بەنگالە چېرىكىدىن ئىككى جاسۇس كېلىپ خەۋەر بەردى. بەنگالىلىكلەر مەھمۇد ئالەم باشچىلىقىدا گەنگ دەرياسىنىڭ ياقىسىغا يىگىرمە تۆت بۆلەك قىلىپ توسما تام قوپۇرۇۋېتىپتۇ؛ سۇلتان مۇھەممەد باشچىلىقىدىكى ئافغانلار ئائىلە ۋە كۆچلىرىنى ئۆتكۈزمەكچى بولغانىكەن، ئۇلار ئۆتكىلى قويماي، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپتۇ. بۇ خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، جەڭ قىلىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد زەمان مىرزىنىڭ يۈرۈشىنى توختاتتۇق. شاھ

ئىسكەندەرنى ئۈچ-تۆت يۈز ئادەم بىلەن بەھارغا ئەۋەتتۇق.

شەنبە كۈنى دۇدۇ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى (ب 368) جەلال خان بەھار خانىنىڭ ئادىمى كەلدى. بەنگالەلىكلەر بۇلارنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغانىكەن. بىزنى دەپ بەنگالەلىكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، زورلۇق بىلەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ، دەريادىن ئۆتۈپ، بەھارغا كېلىپتۇ ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن كېلىۋېتىپتۇ. شۇ كۈنى بەنگالە ئەلچىسى ئىسمائىل مىتاغا بۇرۇن يېزىپ ئەۋەتىلگەن ئۈچ ماددىنىڭ جاۋابى كېچىككەنلىكى، ئەگەر ئىخلاس ۋە بىرلىك مەيداندا بولسا، تېزرەك جاۋاب بېرىشى كېرەكلىكى توغرۇلۇق بىر مەكتۇپ ئەۋەتىشنى بۇيرۇدۇم. يەكشەنبە كۈنى ئاخشىمى تۇردى مۇھەممەد بىلەن جەڭ-جەڭنىڭ ئادىمى كەلدى. شەبان ئېيىنىڭ بەشى — چارشەنبە كۈنى سەھەر بۇ تەرەپتىن بۇلارنىڭ قاراۋۇللىرى يېتىپ بېرىشىغا، بەھار شىقدارى نېرىقى دەرۋازىدىن چىقىپ قاچىدۇ.

يەكشەنبە كۈنى بۇ قونالغۇدىن كۆچۈپ، ئارى پەرگەنەسىگە چۈشتۇق. مۇشۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمىزدا، خەرىد لەشكىرىنىڭ يۈز-يۈز ئەللىك كېمىدە كېلىپ، سەرۇ دەرياسى بىلەن گەنگ دەرياسى قوشۇلغان يەردە سەرۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا قارارگاھ قۇرغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. بەنگالەلىكلەر بىلەن سۈلھ تەرىقىسىدە بىر نەرسە بولۇپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇنداق ئىشلاردا ھامان ئىشىنىڭ ياخشىلىقىنى تارتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، سۈلھنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەنىدۇق. ئۇلارنىڭ ئەدەبسىزلىك بىلەن يولىمىز ئۈستىگە قارارگاھ قۇرغانلىقىغا قارىماي، يەنە شۇ بۇرۇنقى قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈپ، يەنە شۇ بۇرۇنقى ئۈچ سۆزنى ئېيتىپ، موللا

مۇھەممەد مەزھەب بىلەن بەنگالە ئەلچىسى ئىسمائىل مىتانى (369) ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق. دۈشەنبە كۈنى بەنگالە ئەلچىسى مۇلازىمەتكە كەلگەندى، ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلگەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى ۋە مۇنۇلار ئېيتىپ بېرىلدى: دۈشمەننى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئۇ تەرەپ، بۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلىۋاتىمىز؛ سىلەرگە تەئەللۇق يەر-سۇغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈلمەيدۇ، چۈنكى بۇ ھېلىقى ئۈچ ماددىنىڭ بىرى. خەرىد لەشكىرىگە ئېيتىقىن، يولنى بوشىتىپ خەرىندقا كەلسۇن. ئۇنىڭغا تۈركلەردىن بىرنەچچە كىشى قوشايلى؛ خەرىد ئاھالىسىگە ۋەدىلەر بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز يېرىگە كەلتۈرسۇن؛ ئەگەر كېچىك بېشىدىن كەتمىسە ۋە بۇ غەلىتە سۆزلىرىدىن ۋاز كەچمىسە، بېشىغا كېلىدىغان ھەرقانداق يامانلىق ۋە ئالدىدا تۇرغان ھەرقانداق كېلىشمەسلىكنى ئۆزلىرىدىن ھەم سۆزلىرىدىن كۆرۈشسۇن.

چارشەنبە كۈنى بەنگالە ئەلچىسى ئىسمائىل مىتاغا رەسمىيەت بويىچە تون كىيدۈرۈپ ۋە ئىنئاملار بېرىپ، ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بەردۇق. پەيشەنبە كۈنى شەيخ جەمالنى ۋەدە پەرمانلىرى ۋە ئىنايەت سۆزلىرى بىلەن دۇدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى جەلال خاننىڭ قېشىغا ماڭدۇردۇق. شۇ كۈنى ماھىمنىڭ نۆكىرى كەلدى. باغى سەفانىڭ نېرىسىدىكى دالىدىن ئايرىلغانىكەن. خەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. شەنبە كۈنى ئىراق ئەلچىسى مۇراد قۇرچى قەجەرنى قوبۇل قىلدىم. يەكشەنبە كۈنى موللا مۇھەممەد مەزھەبكە رەسمىيەت بىسوۋغىلىرى بېرىلىپ، كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلدى. دۈشەنبە كۈنى خەلىفە (ب 369) بىلەن بەزى بەگلەر دەريادىن ئۆتۈلدىغان يەرنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلدى. چارشەنبە كۈنى

خەلفە يەنە ئىككى دەريا ئارىسنى كۆرۈشكە ئەۋەتلدى.

جەنۇب تەرەپتىكى ئارى پەرگەنەسىگە يېقىن يەردىكى نىلۇپەر-زارنى سەيلە قىلىشقا باردىم. سەيلە ئەسناسىدا شەيخ گورەن نىلۇپەرنىڭ يېڭى ئۇرۇقىنى ئېلىپ كەلدى. پىستىگە ئوخشايدىغان بەك ياخشى نەرسە ئىكەن. ھىندىستانلىقلار نىلۇپەر گۈلىنى «كەۋەل كەكرى» دەيدۇ، ئۇرۇقىنى «دۇدە» دەيدۇ. سۇنىڭ بۇ يەرگە يېقىنلىقىنى ئېيتىشتى. بىرىپ ئۇ يەرنى ئارىلىدۇق. سۇن سۇيىنىڭ تۆۋىنىدە نۇرغۇن دەرەخلەر كۆرۈندى. ئۇ يەرنىڭ مۇنىر ئىكەنلىكىنى، شەيخ شەرەفىددىن مۇنىرىينىڭ ئاتىسى شەيخ يەھيانىڭ قەبرىسى شۇيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. شۇنچە يېقىن كېلىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، سۇندىن ئۆتۈپ، سۇنىڭ تۆۋىنىگە ئىككى-ئۈچ كۇرۇھ مېڭىپ مۇنىرنى ئارىلىدىم ۋە باغلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قەبرىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، سۇن بويىغا كېلىپ، غۇسۇل قىلىپ، پېشىن نامىزىنى بالدۇرراق ئوقۇپ، ئوردۇغا ماڭدىم.

ئاتلار سېمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرنەچچە ئات كېيىن قالدى، بىرنەچچە ئات چارچاپ قالدى. چارچىغان ئاتلارنى يىغىپ، سۇ-يەم بېرىپ ئالدىرىماي كېلىڭلار دەپ نەچچە ئادەمنى قالدۇرۇپ قويدۇق. ئەگەر مۇنداق قىلمىسام، نۇرغۇن ئات زايە بولاتتى. مۇنىردىن يانغاندا بىر ئادەمنى سۇنىڭ ياقىسىدىن ئوردۇغىچە ئاتنىڭ چامدىمىنى ساناشقا بەلگىلەپ قويغانىدىم، يىگىرمە ئۈچ مىڭ (370) بىر يۈز چامدام چىقىپتۇ. بۇ قىرىق ئالتە مىڭ ئىككى يۈز قەدەمگە ياكى ئون بىر يېرىم كۇرۇھقا توغرا كېلىدۇ. مۇنىردىن سۇنغا يېرىم كۇرۇھچە كېلىدۇ. دېمەك قايتىشتا ئون ئىككى كۇرۇھ يول مېڭىپتىمىز. بارغىچە سەيلە قىلىپ ئۇ يان-بۇ يان ماڭدۇق،

قوشقاندا ئون بەش-ئون ئالتە كۈرۈەقا يېتىدۇ، مۇنداق بولغاندا، بۇ كۈنى ئوتتۇز كۈرۈەقا يېقىن يول ماڭغان بولدۇق. كېچىنىڭ بىرىنچى پەھەرىدىن ئالتە گەرى ئۆتكەندە ئوردۇغا يېتىپ كەلدۇق.

تاڭلىسى — پەيشەنبە كۈنى جۇنپۇردىن سۇلتان جۇنەيد بارلاس بىلەن جۇنپۇردىكى يىگىتلەر كەلدى. كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ كۆرۈشمىدىم. قازى جىيانى چاقىرىپ كۆرۈشتۈم. شۇ كۈنى تۈرك ۋە ھىند ئەمىرلەرنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ، دەريادىن ئۆتۈش توغرۇلۇق كېڭەشتۇق. قارار بويىچە گەنگ دەرياسى بىلەن سەرۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېگىز يەردە ئۇستاد ئەلى قۇلى توپ، فەرەنگى ۋە زەربزەنلەرنى قۇرۇپ، نۇرغۇن ساندىكى تۆفەڭچىلەر بىلەن بىللە ئۇ يەردىن ئۇرۇش قوزغىماقچى بولدى؛ ئىككى دەريا قوشۇلغان يەرنىڭ بىرئاز تۆۋىنىدىكى ئارالدا بەنگالەلىكلەرنىڭ بىر پىل ۋە بىرمۇنچە كېمىلىرى بار ئىدى. مۇستەفا شۇنىڭ ئۇدۇلىغا — گەنگ دەرياسىنىڭ بەھار تەرىپىگە بېرىپ، كېرەك-ياراغلىرىنى تەخمۇتەخ قىلىپ ئۇرۇش قىلماقچى ۋە ئۇنىڭ قېشىغمۇ نۇرغۇن ساندا تۆفەڭچىلەر قويۇلماقچى بولدى. مۇھەممەد زەمان مىرزا بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر مۇستەفانىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولدى. ئۇستاد ئەلى قۇلى بىلەن مۇستەفاغا زەربزەن ئېتىش، (ب 370) توپ ئورنىتىش بۇلجارلىرىنى قويۇرۇپ، يەر ياساپ بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىستىھكامچىلار، ئىشچىلار ۋە باشقۇرغۇچىلار تەيىنلەپ بېرىلدى. ئۇلار كېرەكلىك ئەسۋاب ۋە خېرىتلىرىنى تېپىش ۋە توپلاشقا كىرىشتى.

سۇلتانلار، ئەمىرلەر ۋە خانلار چاپسان بېرىپ سەرۇ دەرياسىنىڭ ھەلدى كېچىكىدىن ئۆتۈپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تەييارلىقلىرىنى

پۈتكۈزۈپ، ئۇ تەرەپتىن دۈشمەن ئۈستىگە كەلمەكچى بولدى.
شۇ ئەسنادا، سۇلتان جۇنەيد بىلەن قازى جىيا سەككىز كۈرۈھ يۇقىرىدا بىر كېچىك بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. كېمىچىلەردىن بىر-ئىككىسىگە سۇلتان جۇنەيد، مەھمۇدخان ۋە قازى جىيانىڭ ئادەملىرى بىلەن بىللە بېرىپ كېچىكنى كۆرۈپ بېقىش، ئەگەر يارىسا، شۇ كېچىكتىنلا ئۆتۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. كىشلەر ئارىسىدا بەنگالەلىكلەر ھەلدى كېچىكنىڭمۇ ئادەم قويۇش خىيالىدا ئىكەن، دېگەن گەپ بار ئىدى. مەھمۇد خاننىڭ ئىسكەندەر پۇردىكى شىقدارىنىڭ ئەرز-ھال خېتى كەلدى: ھەلدى كېچىكىدە ئەللىكچە كېمە تۇپلاپ، كېمىچىلەرنى تۇتقانلىقىنى، لېكىن كېمىچىلەر بەنگالەلىكلەرنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋەرىنى ئاڭلاپ بەك قورقۇپ تۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

سەرۇ دەرياسىدىن كېچىك تېپىشقا ۋاقىت قالمىغانلىقتىن، كېچىك كۆرۈشكە كەتكەنلەرنى كۈتمەي، شەنبە كۈنى بەگلەرنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ: «ئىسكەندەرپۇر چەتۇرمۇكتىن ئۇد ۋە بەھرايىچقا قەدەر سەرۇ دەرياسىنىڭ كېچىكلىرى ھەممە يەردە بار. مۇنداق قارارگاھ تۇتۇپ ياتقۇچە، نۇرغۇن قىسىملارنى تەيىن قىلايلى، (371) ئۇلار ھەلدى كېچىكىدىن كېمىلەر بىلەن ئۆتۈپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلسۇن، بۇلار يېتىپ كەلگۈچە، ئۇستاد ئەلى قۇلى بىلەن مۇستەفا توپ، تۆفەك، زەربزەن ۋە فەرەنگى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەننى پاراكەندە قىلسۇن. بىزمۇ گەنگ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇستاد ئەلى قۇلىغا ياردەمچى تەيىن قىلىپ، تەييار بولۇپ تۇرايلى. كېچىكتىن ئۆتكەن قىسىملار يېقىن بارغاندا، بىزمۇ بۇ يەردىن ھۇجۇم قىلىپ، زورلۇق بىلەن ئۆتەيلى، مۇھەممەد زەمان

مىرزا بىلەن ئۇ تەرەپكە تەيىن قىلىنغانلار گەنگ دەرياسىنىڭ بەھار تەرىپىدە مۇستەفا بىلەن بىللە جەڭ قىلسۇن» دېدىم.

شۇنداق قارار قىلىپ، گەنگ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى چېرىكنى تۆت قىسىمغا بۆلۈپ، ئەسكەرنى باشچىلىقىدا ھەلدى كېچىككەگە ئەۋەتتۇق. بۇ قىسىملارنىڭ بىرى ئەسكەرنىڭ ئۆز نۆكەرلىرىدىن تەشكىللەندى؛ بىرى سۇلتان جەلالىددىن شەرقىي نۆكەرلىرىدىن، بىرى ئۆزبېك سۇلتانلىرى قاسىم ھۆسەيىن سۇلتان، بىھۇب سۇلتان، تاڭ ئاتمىش سۇلتاندىن ۋە مەھمۇدخان نۇھانى غازىپۇرى، كوكى بابا قاشقا، تولمىش ئۆزبېك، قۇربان چەرخى ۋە ھۆسەيىن خان باشلىق دەريا خانلاردىن بىرى مۇسا سۇلتان، سۇلتان جۇنەيد ۋە تەخمىنەن يىگىرمە مىڭچە جۇنپۇر چېرىكىدىن تەشكىل تاپتى. شۇ كېچىسىلا — يەكشەنبە كېچىسى ئىدى — (ب 371) چېرىكنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن مەسئۇل خادىملار تەيىنلەندى. يەكشەنبە كۈنى سەھەردە چېرىك گەنگ دەرياسىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن بىرىنچى پاستا كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتتۈم. ئۈچىنچى پاس بولغاندا، كېچىك تېپىشقا كەتكەنلەر قايتىپ كەلدى. كېچىك تېپىلماپتۇ. ئۇلار كېمىلەرنى ۋە تەيىنلەنگەن قىسىملارنى ئۇچرىتالىقىنى ئېيتىپ كەلدى.

سەيشەنبە كۈنى دەريادىن ئۆتكەن يېرىمىزدىن كۆچۈپ، جەڭ مەيدانى بولغان ئىككى دەريا قوشۇلمىسىغا بىر كۇرۇھ قالغان يەرگە چۈشتۇق. ئۆزۈم بېرىپ، ئۇستاد ئەلى قۇلىنىڭ فەرەنگى ۋە زەربزەن ئاتقىنىنى كۆردۈم. ئۇ كۈنى ئۇستاد ئەلى قۇلى فەرەنگى تېشى بىلەن ئىككى كېمىنى پاچاقلاپ غەرق قىلدى. ئۇ تەرەپتىن مۇستەفامۇ فەرەنگى تېشى بىلەن ئىككى كېمىنى پاچاقلاپ غەرق قىلدى. چوڭ توپنى جەڭگاھقا ئېلىپ بېرىپ ئورنىنى ياساپ بېرىش ئۈچۈن موللا

غولامنى مەسئۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر بۆلەك ياساۋۇل ۋە تاللانغان يىگىتلەرنى ياردەمچىلىككە بەلگىلەپ بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئوردىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ئارالدا مەجلىس يىغدۇق. مەجلىس يىگەندىن كېيىن، كېمىنى خەرگاھقا يېقىنلاشتۇرۇپ، كېمىدىلا ئۇخلىدىم.

بۇ ئاخشىمى بىر ھادىسە يۈز بەردى. كېچىنىڭ ئۈچىنچى پاسىغا يېقىن كېمىدە سۈرەن-غوۋغا كۆتۈرۈلدى. چۆھرىلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىغا كېمىنىڭ ياغىچىنى ئېلىپ «ئۇر، ئۇر» دەپ ۋارقىراشتى. فەرمايىش كېمىسى مەن ياتقان ئاسايىش كېمىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. (372) كۆزەتچىلەردىن بىرى شۇنىڭدا ئىدى. ئۇ ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ، بىر ئادەمنىڭ ئاسايىش كېمىسىگە يامىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ-دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلايدۇ. ئۇلار سۇغا چۆكۈپ چىققاندا، ھېلىقى ئادەم كۆزەتچىنىڭ بېشىغا بىر قىلىچ چاپىدۇ. كۆزەتچىنىڭ بېشى ئازراق يارا بولۇپتۇ. كېيىن ھېلىقى ئادەم سۇ تەرەپكە قاچىدۇ. غوۋغا مۇشۇ سەۋەبتىن بولغانىكەن. مۇنىردىن كەلگەن كېچىسىمۇ بىر-ئىككى كۆزەتچى كېمىنىڭ يېنىدىن بىرقانچە ھىندىستانلىقنى قوغلاپ، بىر-ئىككى قىلىچ ۋە بىر خەنجەرنى ئېلىپ كېلىشكەنىدى. خۇدا ساقلىدى.

ئەگەر تىغى ئالەم بىجۇنبەد زى جاي،

نەبۇررەد رەگى تا نەخاھەد خۇداي.

(مەيلى ئالەم تىغى ئۆز جايىدىن قوزغالسۇن، خۇدا خالىمىسا، بىرەر تومۇرنىمۇ كېسەلمەيدۇ)

تاڭلىسى — چارشەنبە كۈنى گەنجايىش كېمىسىگە چۈشۈپ، تاش ئېتىش جايىغا يېقىن بېرىپ، كىشىلەرنى ئايرىم-ئايرىم ۋەزىپىلەرگە تەيىن قىلدىم.

ئۇغان بېردى موغۇل باشلىق مىڭغا يېقىن يىگىتنى قانداق قىلىپ بولسۇن دەريادىن ئۆتتۈش ئۈچۈن دەريانىڭ ئىككى-ئۈچ كۈرۈھ يۇقىرىسىغا ئەۋەتكەنىدۇق. بۇلار كېتىۋاتقاندا، ئەسكەرىينىڭ ئوردۇسىنىڭ ئۇدۇلىدىن بەنگالەلىكلەر يىگىرمە-ئوتتۇز كېمە بىلەن سۇدىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن كىشى ياياق چىقىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدۇ. بىزنىڭكىلەر ئۇلار ئۇستىگە ئات سېلىپ، ئۇلارنى قاچۇرىدۇ، بىر قانچىسىنى يىقىتىپ بېشىنى كېسىدۇ. نۇرغۇن كىشىگە ئوق تەگكۈزۈپ، يەتتە-سەككىز كېمىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. شۇ كۈنى مۇھەممەد زەمان مىرزا تەرەپتمۇ بەنگالەلىكلەر بىرقانچە كېمە بىلەن سۇدىن ئۆتۈپ (ب 372) ئۇرۇش قىلىش كويىدا بولدۇ. بىزنىڭكىلەر ھۇجۇم قىلىپ بەنگالەلىكلەرنى قاچۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈچ كېمىدىكى ئادىمى سۇغا غەرق بولىدۇ. بىر كېمىنى قولغا چۈشۈرۈپ مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردە بابا چۆھرە ئالاھىدە غەيرەت كۆرسىتىدۇ. ئۇلار قولغا چۈشۈرگەن يەتتە-سەككىز كېمىنى تۈن قاراڭغۇسىدا يۇقىرىغا سۆرەپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن دەريادىن ئۆتۈشنى قارار قىلىنغان مۇھەممەد سۇلتان، يەكە خوجا، يۇنۇس ئەلى، ئۇغان بېردى ۋە ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ مۇشۇ كېمىلەر بىلەن ئۆتۈشى توغرۇلۇق ئۇغان بېردىگە بۇيرۇق بېرىلدى.

شۇ كۈنى ئەسكەرىينىڭ قېشىدىن بىر ئادەم كېلىپ، ھەممىسىنىڭ سۇدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ۋە ئەتىسى — پەيشەنبە كۈنى سەھەر دۈشمەنگە قارشى ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئۆتكەنلەرنىڭمۇ ئەسكەرىيگە قوشۇلۇپ، دۈشمەنگە قارشى مېڭىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. پېشىن ۋاقتىدا ئۇستاد (ئەلى قۇلى) قېشىدىن ئادەم كېلىپ تاشنىڭ تەييار بولغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ تاشنى

ئاتسۇن ۋە مەن بارغىچە يەنە بىر تاشنى تەييار قىلسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردىم. ناماز دىگەردە كىچىك بەنگالە قېيىقىغا چۈشۈپ، توپلار ئورنىتىلغان يەرگە باردىم. ئۇستاد (ئەلى قۇلى) بىر قېتىم يوغان تاش ئاتتى ۋە بىرنەچچە قېتىم فەرەنگى ئاتتى. بەنگالەلىكلەر ئاتەش ئېتىشتا مەشھۇر ئىدى. بۇ قېتىم ياخشى سىنىدۇق. بىر يەرنى نىشانلاپ ئاتمايدىكەن، توغرا كەلگىنىچە ئاتىدىكەن. ناماز دىگەردە سەرۇ دەرياسى بىلەن ئۆلارنىڭ ئۇدۇلىدىن بىرقانچە كېمىنى تارتىپ ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇدۇم. كېمە سۆرىگۈچىلەر چېكىنمەستىن (373) ھەم پاناھلانماستىن كېمىلەرنى ئۆتكۈزدى. ئىسەن تېمۇر سۇلتان، توختەبۇغا سۇلتان، بابا سۇلتان، ئارايىش خان ۋە شەيخ گۆرەنلەرگە كېمىلەر ئۆتكۈزۈلگەن يەردە قېلىپ، كېمىلەرنى قوغداش بۇيرۇقىنى بەردىم.

ئۇ يەردىن قايتىپ، بىرىنچى پاستا ئوردۇغا كەلدىم. يېرىم كېچىگە يېقىن، دەريا يۇقىرىسىغا سۆرەپ كېتىلگەن كېمىلەردىن «تەيىنلەنگەن قىسىملار ئىلگىرىلەپ كەتتى. كېمىلەرنى سۆرەپ كېتىۋاتقىنىمىزدا بەنگالەلىكلەر كېمىلەرنى بىز سۆرەپ كېتىۋاتقىنىمىزنى بىلىپ قېلىپ جەڭ قوزغىدى. بىر كېمىچىنىڭ پۇتىىغا تاش تېگىپ پۇتى سۇندى. ئۆتەلمىدۇق» دەپ خەۋەر كەلدى. پەيشەنبە كۈنى سەھەر بۇلجاردىكىلەردىن: «يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كەلدى. دۈشمەننىڭ ئاتلىقلىرى ئاتلىنىپ، بىزنىڭ كېلىۋاتقان قىسىملىرىمىزغا قارشى ئىلگىرىلىدى» دەپ خەۋەر كەلدى. مەنمۇ ئىلدام ئاتلىنىپ، ئاخشام ئۆتكۈزگەن كېمىلەرنىڭ ئۈستىگە كەلدىم. مۇھەممەد سۇلتان مىرزا باشلىق ئۆتۈشكە بەلگىلەنگەنلەر دەرھال ئۆتۈپ ئەسكەرىيگە قوشۇلسۇن، دەپ ئادەم چاپتۇردۇم. ئىسەن

تېمۇر سۇلتان بىلەن توختە بۇغا سۇلتان مۇشۇ كېمىلەردە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆتۈشكە كىرىشىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردىم. بابا سۇلتان بەلگىلەنگەن يەرگە تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى.

ئىسەن تېمۇر سۇلتان دەرھال بىر كېمىگە چۈشۈپ، ئوتتۇز-قىرىق نۆكىرى بىلەن بىللە ئاتلىرىنى (ب 373) كېمىنىڭ يېنىغا يانداپ ئۆتتى. بۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە بىر كېمە راۋان بولدى. بۇلارنىڭ ئۆتكىنىنى كۆرۈپ، بەنگالەلىكلەرنىڭ نۇرغۇن پىيادىلىرى بۇلارغا قارشى كەلدى. ئىسەن تېمۇر سۇلتاننىڭ يەتتە-سەككىز نۆكىرى ئاتلىنىپ بۇ پىيادىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سۇلتان ئاتلانغىچە ئۇلار بىلەن قىلىچلىشىپ پىيادىلەرنى سۇلتان تەرەپكە تارتتى. ئاڭغىچە ئىسەن تېمۇر سۇلتانمۇ ئاتلاندى، ئىككىنچى كېمىمۇ ئۆتتى، ئوتتۇز-ئوتتۇز بەش ئاتلىق بىلەن نۇرغۇن ساندىكى ياياقلار ئۈستىگە ئات سېلىپ ئۇلارنى سۈرۈپ-توقاي قىلىپ، ناھايىتى نامايان ئىش قىلدى. بىرىنچىدىن، چەبدەسلىك ۋە قەيسەرلىك بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن ئۆتتى. ئىككىنچىدىن، نۇرغۇن ساندىكى پىيادىلەرگە قارشى ئاز ئادەم بىلەن ياخشى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاچۇردى. توختە بۇغا سۇلتانمۇ ئۆتتى. باشقىلىرىمۇ كەينى-كەينىلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. لاھورلۇق ۋە ھىندىستانلىقلار ئۆز ئۇسۇللىرى بويىچە، بەزىسى دەستەك بىلەن، بەزىسى قومۇش باغلىرى بىلەن ئۆتكىلى تۇردى.

بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، بۇلجار ئۇدۇلىدىكى نۇرغۇن بەنگالى كېمىلىرى سۇ تۆۋىنىگە قېچىشقا باشلىدى. دەرۋىش مۇھەممەد ساربان، دوست ئىشىك ئاغا ۋە باشقا بىر قىسىم يىگىتلەر بۇلجار ئۇدۇلىدىن ئۆتتى. سۇلتانلارغا ئادەم چاپتۇرۇپ، ئۆتكەنلەرنى ياخشى توپلاپ، ئۇ تەرەپتىكى قىسىملارغا يېقىنلاشقان ھالدا، ئۇلارنىڭ يېنىدىن

مېڭىپ، دۈشمەنگە (374) ھۇجۇم قىلىشنى ئېيتتىم. سۇلتانلار ئۆتكەنلەرنى ئۆزلىرىگە قوشۇپ، ئۈچ-تۆت توپ بولۇپ دۈشمەن تەرەپكە ماڭدى. بۇلار يېقىنلاشقاندا، دۈشمەن چېرىكى پىيادىلەرنى ئالدىغا سېلىپ، سەپلىرىنى بۇزماي كېلىۋېرىدۇ. ئەسكەرىي بىلەن بىللە بولۇشقا بەلگىلەنگەن قىسىملاردىن كۆكى ئۆز ئادەملىرى بەلەن بىللە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ تەرەپتىن سۇلتانلار، بۇ تەرەپتىن كۆكى قوشۇلۇپ ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە دۈشمەننى يىقىتا-يىقىتا چېكىندۈرىدۇ. بەسەنت راۋ ئاتلىق مۆتىۋەر بىر كاپىرنى كۆكىنىڭ ئادەملىرى قولغا چۈشۈرۈپ بېشىنى كېسىدۇ. بەسەنت راۋنىڭ ئون-ئون بەش ئادىمى بۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلانغاندا، ئۇلارنىمۇ چېپىۋېتىدۇ. توختە بۇغا سۇلتان دۈشمەننىڭ ئالدىدىن بېرىپ ياخشى قىلىچۋازلىق قىلىدۇ. موغۇل ئابدۇلۋەھھاب بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىمۇ قىلىچۋازلىق قىلىدۇ. موغۇللار سۇ بىلمىسىمۇ دەريادىن ساۋۇت بىلەن ئات ياللاپ ئۆتىدۇ.

مېنىڭ كېمىلىرىم كەينىدە قالغانىدى. كېمىلەرگە ئادەم ئەۋەتتىم. فەرمايىش كېمىسى بالدۇرراق كەلدى. فەرمايىش كېمىسىگە چۈشۈپ ئۆتۈپ، بەنگالىلىكلەرنىڭ قاراگاھىنى ئارىلىدىم، ئاندىن گونجايىش كېمىسىگە چۈشۈپ، دەريانىڭ يۇقىرى قىسمى توغرۇلۇق مەلۇمات ئالدىم. مىرمۇھەممەد جالەبان سەرۇ دەرياسىنىڭ بىرئاز يۇقىرىسى ئۆتۈشكە تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. چېرىكنىڭ شۇ ئېيتىلغان يەردىن ئۆتۈشى توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردىم. مۇھەممەد سۇلتان مىرزا باشچىلىقىدىكىلەرگە دەريادىن ئۆتۈش (374 ب) بۇيرۇقى بېرىلگەنىدى. سۇدىن ئۆتۈۋاتقاندا يەكە خوجىنىڭ كېمىسى غەرق بولۇپ، ئۆزى تەگرى رەھمىتىگە باردى. نۆكىرى بىلەن ۋىلايىتىنى ئىنىسى قاسىم خوجىغا ئىنايەت قىلدىم.

نامازپېشىندا غۇسۇل ئەسناسىدا سۇلتانلار كەلدى. ئۇلارنى لايىقىدا تەرىپلەپ، ئىنايەت ۋە شەپقەتلەردىن ئۈمىدۋار قىلدىم. ئەسكەرىمۇ شۇ ئەسنادا كەلدى. بۇ ئەسكەرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىش كۆرگىنى ئىدى، قۇتلۇق بولدى. بۇ ئاخشىمى ئوردۇ تېخى ئۆتمىگىنى ئۈچۈن، بىر ئارالدا گەنجايىش كېمىسىدە قوندۇم.

جۈمە كۈنى سەرۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى خەرىدكە تەۋە نىرھون پەرگەنەسىنىڭ كۈندىبە دېگەن يېزىسىغا چۈشتۇق. يەكشەنبە كۈنى كۆكنى ئادەملىرى بىلەن بىللە ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ھاجىپپۇرغا ئەۋەتتۇق. ئۆتكەن يىلى كەلگىنىدە زور ئېتىبار قىلىنىپ سارەن ۋىلايىتى بېرىلگەن شاھ مۇھەممەد مەئرۇف بىرقانچە قېتىم ياخشى ھەرىكەت قىلدى. ئاتىسى بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇشۇپ ئۇنى يېڭىپ قولغا چۈشۈرگەنىدى. سۇلتان مەھمۇد خائىنلىق بىلەن بەھارنى ئىشغال قىلغاندا، بىبەن بىلەن شەيخ بايەزىدقا قارشى بېرىپ، ئىلاجىسىزلىقتىن ئۇلارغا قوشۇلغانىدى. شۇ چاغدىمۇ بىرقانچە قېتىم ئەرز-ھال خەتلىرى كەلگەنىدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ھەققىدە پەرىشان سۆزلەر بار ئىدى. بۇ قېتىم ئەسكەرىي ھەلدى كېچىكىدىن ئۆتۈشىگە ئادەملىرى بىلەن بىللە كېلىپ (375)، ئەسكەرىي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەسكەرىي بىلەن بىرلىكتە بەنگالەلىكلەرگە قارشى ماڭدى. ئۇ بىز مۇشۇ قونالغۇدىكى ۋاقتىمىزدا كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇ كۈنلەردە شەيخ بايەزىد بىلەن بىبەندىن كەينى-كەينىلەپ خەۋەرلەر كېلەتتى. ئۇلار سەرۇ دەرياسىدىن ئۆتۈش نىيىتىدە ئىمىش.

شۇ ئەسنادا سەنبەلدىن باشقىچە بىر خەۋەر كەلدى. ئەلى يۈسۈف سەنبەلدە تۇرۇپ ئۇ يەرنى ياخشى ئىدارە قىلغانىدى.

ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇساھىبى قاتارىدىكى بىر تېۋىپى بىر كۈندىلا تەڭرى رەھمىتىگە بېرىپتۇ. سەنبەلنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇللانى ئەۋەتىش قارار قىلىنىپ، رامزان ئېيىنىڭ بەشى — جۈمە كۈنى ئابدۇللانىڭ سەنبەلگە كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلدى. ئۇ كۈنلەردە چىن تېمۇر سۇلتانىنىڭ ئەرز-ھال خېتى كەلگەنىدى. كابۇلدىن كېلىۋاتقان ئائىلە ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بەگلەر تېخى ئۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. مۇھەممەدى ۋە باشقا بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يۈز كۇرۇھچە يەرگە تېز يۈرۈپ بېرىپ بەلۇجلارنى تولۇق مەغلۇپ قىلىپتۇ. ئابدۇللادىن چىن تېمۇر سۇلتان، سۇلتان مۇھەممەد دولداي، مۇھەممەدى ۋە ئۇ يەردىكى باشقا بەگلەرگە پەرمان ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ چىن تېمۇر سۇلتان بىلەن بىللە ئەگرەدە توپلىنىپ تەييار بولۇپ تۇرۇشىنى، دۈشمەن قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە، شۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم.

ئاينىڭ سەككىزى — دۈشەنبە كۈنى، بىز شەيخ جەمالنى قېشىغا ئەۋەتكەن دەرياخانىنىڭ (ب 375) نەۋرىسى جەلال خان پۈتۈن مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىللە كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنراق قۇللۇق ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن ئىنىسىنى ئەۋەتكەن يەھيا نوھانىغا سىياسەت پەرمانى ئەۋەتىلگەنىدى، ئۇمۇ شۇ كۈنى كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. يەتتە-سەككىز مىڭ نوھانى ۋە ئافغان بەزى ئۈمىدلەر بىلەن كەلگىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى نائۈمىد قويماي، بەھاردىن بىر كۇرۇر پادىشاھ مۈلكى ئايرىپ، ئۇنىڭدىن ئەللىك لەك مەھمۇدخان نوھانىغا ئىنىيەت قىلىندى، قالغىنى جەلال خانغا بېرىلدى ۋە تەۋەلىك نىشانىسى ئۈچۈن بىر كۇرۇر بېرىشىمۇ

قوبۇل قىلدى. بۇ پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن موللا غولام ياساۋۇل ماڭدۇرۇلدى. مۇھەممەد زەمان مىرزىغا جۇنپۇر ۋىلايىتى بېرىلدى.

پەيشەنبە كۈنى خەلىفىنىڭ غولام ئەلى دېگەن نۆكىرى كەلدى. ئۇ، ئىسمائىل مىتادىن بىرئاز بۇرۇن، شاھزادە مونگىرنىڭ ئەبۇلفەتھ دېگەن نۆكىرى بىللە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ماددىنى ئېلىپ كەتكەنىدى. غولام ئەلى مۇشۇ ئەبۇلفەتھ بىلەن بىرلىكتە شاھزادە مۇنگىر ۋە ۋەزىر ھەسەنخان لەنگەرنىڭ خەلىفىگە يازغان خەتلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۈچ ماددىنى قوبۇل قىلىپ، نۇسرەت شاھ ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، سۈلھ تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈش ئاسىي ئافغانلارغا قارشى قىلىنغانىدى. بۇ ئاسىيلارنىڭ بەزىلىرى بېشىنى ئېلىپ كەتتى، بەزىلىرى كېلىپ، خىزمەتكارلىق ۋە قۇللۇقنى (376) قوبۇل قىلدى. قالغان ئەھمىيەتسىز بىر قىسمىنى بەنگالەنىڭ ياردەمچىسى ئىدى. ئۇلارنى بەنگالىلىكلەر ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

يامغۇر پەسلى يېقىنلاشقانىدى. شۇڭا، بىزمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەرتلەر بويىچە سۈلھ سۆزىنى يېزىپ ئەۋەتتۇق. شەنبە كۈنى ئىسمائىل جىلۋانى، ئەلائۇل خان نۇھانى ئەۋلىياخان ئىشراقىلار بەش-ئالتە ئەمىر بىلەن بىرلىكتە كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. شۇ كۈنى ئىسەن تېمۇر سۇلتان بىلەن توختە بۇغا سۇلتانغا مۇكاپات قىلىپ، كەمەرلىك قىلىچ، كەمەرلىك خەنجەر، ساۋۇت ۋە نەسىللىك ئاتلار، ئىسەن تېمۇر سۇلتانغا نارنۇل پەرگەنەسىدىن ئوتتۇز ئالتە لەك، توختەبۇغا سۇلتانغا شەمساباد پەرگەنەسىدىن ئوتتۇز لەك ئىنايەت قىلىنىپ، رەسمىيەت ئۆتەلدى.

ئاينىڭ ئون بەشى — دۈشەنبە كۈنى، بەھار ۋە بەنگالە تەرەپلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، سەرۇ دەرياسى بويىدىكى ۋە كۈندبە تەۋەسىدىكى قونالغۇدىن بىبەن، شەيخ بايەزىد دېگەن هارامخورلارغا قارشى ئاتلىنىش نىيىتى بىلەن كۆچتۇق. ئارىدا ئىككى قونۇپ، چارشەنبە كۈنى چەتۇرمۇك ئىسكەندەرپۇرنىڭ چۇپارە دېگەن كېچىكىگە كېلىپ چۈشتۇق. چېرىك شۇ كۈندىن باشلاپ دەريادىن ئۆتكىلى تۇردى. ھېلىقى هارامخورلارنىڭ سەرۇ دەرياسى بىلەن گەگەر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، لەكنۇ تەرەپكە ماڭغانلىقى توغرۇلۇق كەينى-كەينىلەپ خەۋەرلەر كەلدى. بۇلارنى توسۇش ئۈچۈن، تۈرك ۋە ھىند ئەمىرلەردىن سۇلتان جەلالىددىن شەرقىي، ئەلى خان فەرمۇلى، تۇردىكە، نىزامخان بىيانى، تولمىش ئۆزبېك، قۇر بان چەرخى ۋە ھۆسەين خان دەرياخانى (ب 376) باشچىلىقىدىكىلەر-نى تەيىن قىلىپ، پەيشەنبە ئاخشىمى ئۇلارنىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت بەردۇق. شۇ ئاخشىمى تاراۋىدىن كېيىن بىر پاس بەش گەرى بولغاندى، پەسىللىك يامغۇر بۇلۇتلىرى ئۆرلەپ، بىر ئازدىن كېيىن قارا يامغۇر يېغىپ، شۇنداق قاتتىق بۇران چىقتىكى، يىقىلمىغان چېدىر ئاز قالدى. مەن خەرگاھتا بىرنەرسە يېزىۋاتاتتىم. قەغەز ۋە كىتابلارنى يىغىۋېلىشقىمۇ ئىمكان بولمىدى. خەرگاھ ئۈستى بىلەن قوشۇلۇپ بېشىمغا چۈشتى. خەرگاھ تۈڭلۈكى پارە-پارە بولدى. خۇدا ساقلىدى، ماڭا زىيان يەتمىدى. كىتاب ۋە خەت يېزىلغان قەغەزلەر پۈتۈنلەي ھۆل بولدى. تەسلىكتە يىغىۋالدۇق. ئۇلارنى سەقەرلات كاتىنىڭ پالىسىغا يۆگەپ كاتىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئۈستىنى پالاس بىلەن ياپتۇق. ئىككى گەرىدىن كېيىن پەسەيدى. ياتاق

چېدىرنى تىكتۇرۇپ، شام ياقتۇردى. تەسلىكتە ئوت قالاپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي قەغەز ۋە كىتابلارنى قۇرۇتۇش بىلەن بولدۇق.

پەيشەنبە كۈنى دەريادىن ئۆتتۇم. جۈمە كۈنى ئاتلىنىپ خەرىد ۋە ئىسكەندەرپۇرنى ئارىلىدۇق. شۇ كۈنى ئابدۇللا بىلەن باقى لەكنۇنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن ئېلىنغانلىقىنى يازغانىدى. شەنبە كۈنى كۆكىنى ئادەملىرى بىلەن بىرىپ باقىغا قوشۇلۇشقا ماڭدۇردۇق. يەكشەنبە كۈنى سۇلتان جۇنەيد بارلاسنى، ھەسەن خەلىفىنى (377)، موللا ئاپاق ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى، مۆمىن ئەتكە ۋە ئۇنىڭ ئاغا-ئىنىسىنى بىرىپ باقىغا قوشۇلۇشقا ۋە مەن يېتىپ بارغۇچە قولىدىن كەلگىنىنى قۇسۇرسىز قىلىپ تۇرۇشقا ماڭدۇردۇق. شۇ كۈنى نامازدىگەردە شاھ مۇھەممەد مەئرۇفكە خاس تون ۋە نەسىللىك ئات ئىنايەت قىلىپ، ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بەردۇق. ئۇنىڭغا بۇلتۇرقى دەستۇر بويىچە ۋەجھى ئۈچۈن سارەننى، ئوقچىلارنى بېقىشى ئۈچۈن كۈندىلەنى ئىنايەت قىلدۇق. يەنە شۇ كۈنى ئىسمائىل جىلۋانىغا سەرۋاردىن يەتمىش ئىككى لەك ۋەجھ، خاس تون ۋە نەسىللىك ئات ئىنايەت قىلىپ ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدۇق. ئەلائۇل خان نۇھانى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرگىمۇ سەرۋاردىن ۋەجھ تەيىن قىلىپ، ئۇلارنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدۇق. ھەر بىرىنىڭ بىردىن ئىنىسى ياكى ئوغلى ئەگرەدە دائىملىق مۇلازىمەتتە بولۇشى قارار قىلىندى.

گۇنجايىش ۋە ئارايىش كېمىلىرى بىلەن بۇ قېتىم قولغا چۈشكەن بەنگالە كېمىلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان ئىككى كېمىنى تىرمۇھانى يولى بىلەن غازىپۇرغا ئېلىپ بېرىش ئىشى بەنگالىلىكلەرگە

تاپشۇرۇلدى. ئاسايىش كېمىسى بىلەن فەرمايىش كېمىسىنى سەرۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇردۇ بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى. بەھار بىلەن سەرۋار تەرەپتىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، دۈشەنبە كۈنى چەتۈرمۈكنىڭ چۈبارە كېچىكدىن سەرۇ دەرياسىنى ياقىلاپ ئۆد تەرەپكە قاراپ كۆچتۇق. ئون كۈرۈھچە يول بېسىپ، فەتھپۇر تەۋەسىدىكى كىلىرە دېگەن (ب 377) يېزىنىڭ يېنىغا — سەرۇ دەرياسى بويىغا چۈشتۇق، ئەتىگەن كۆچكەنلەر ئادىشىپ فەتھپۇردىكى چوڭ كۆلنىڭ بويىغا كېتىپتۇ. يېقىندىكىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بىرقانچە ئادەم چاپتۇرۇلدى. كىچىك خوجىغا كۆل بويىدا قونۇپ، ئۇ يەرگە چۈشكەن چېرىكنى تاڭلىسى ئېلىپ كېلىپ ئۇردۇغا قوشۇش توغرۇلۇق خەت ئەۋەتىلدى.

ئەتىسى ئۇ يەردىن كۆچۈپ، يېرىم يولدا ئاسايىش كېمىسىگە چۈشتۈم ۋە يۇقىرىقى مەنزىلگىچە كېمىنى سۆرىتىپ باردىم. خەلفە يولدا باقىنىڭ يېنىدىن كەلگەن شاھ مۇھەممەد دىۋانەنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كەلدى. لەكىنۇ خەۋىرى تەھقىق بولدى. رامزان ئېيىنىڭ ئون ئۈچى — شەنبە كۈنى دۈشمەن جەڭ قوزغاپتۇ. لېكىن ھېچ ئىش قىلالماپتۇ. جەڭ ئەسناسىدا، يىغقىلىق تۇرغان قۇرۇق ئوت ۋە قومۇش دۆۋىلىرىگە ئوت كېتىپ، قورغاننىڭ ئىچى تونۇردەك قىزىپ كېتىپتۇ. سېپىلنىڭ ئۈستىدە مېڭىش ئىمكانىيىتى بولماپتۇ. شۇنداق ئەھۋالدا دۈشمەن قورغاننى قولغا كىرگۈزۈپتۇ. ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن بىزنىڭ قايتقانلىقىمىزدىن خەۋەر تېپىپ دەلمۇد تەرىپىگە كۆچۈپتۇ. بىز بۇ كۈنمۇ ئون كۈرۈھچە يول بېسىپ، سىكرى پەرگەنەسىنىڭ جەلبىر

دېگەن يېزىسىنىڭ يېنىغا — سەرۇ دەرياسى بويىغا چۈشتۇق.

چارشەنبە كۈنى ئۇلاغلارنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن شۇ قونالغۇدا تۇردۇق. بەزىلەر شەيخ بايەزىد بىلەن بىبەنىنىڭ گەنگ دەرياسىدىن ئۆتۈپ (378)، چۇنار ۋە جۇن تەۋەسىدىن ئۆزلىرىنى سىپاھىيلىرى تەرىپىگە تارتىش خىيالىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. بەگلەرنى چاقىرىپ كېڭىشىش نەتىجىسىدە، جۇنپۇر ۋىلايىتى بەدىلىگە چۇنار ۋە باشقا بەزى پەرگەنەلەرنى ئالغان مۇھەممەد زەمان مىرزا بىلەن سۇلتان جۇنەيد بارلاسنىڭ مەھمۇدخان نۇھانى، قازى جىيا ۋە تاج خان سارەنگخانىلار بىلەن بىللە بېرىپ چۇناردا دۈشمەنىنىڭ يولىنى توسۇشى قارار قىلىندى.

پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن كۆچۈپ، سەرۇ دەرياسىدىن ئايرىلىپ، ئۇن بىر كۇرۇھ يول باسقاندىن كېيىن پەرسەرۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شۇ دەريا بويىغا چۈشتۇق. بەگلەرنى چاقىرىپ كېڭىشىش نەتىجىسىدە، ئىسەن تېمۇر سۇلتان، مۇھەممەد سۇلتان مىرزا، توختە بۇغا سۇلتان، قاسىم ھۆسەين سۇلتان، بىھۇب سۇلتان، مۇزەففەر ھۆسەين سۇلتان، قاسىم خوجا، جەئفەر خوجا، زاھىد خوجا، جان بەگ، ئەسكەرىي ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرى، كىچىك خوجا، ھىند ئەمىرلەردىن ئالەم خان كالپى، مەلىكداد كەرانى ۋە راۋۇي سەرۋانى باشچىلىقىدىكىلەر چېرىكتىن ئايرىلىپ، بايەزىد بىلەن بىبەنىنىڭ كەينىدىن دەلمۇد تەرەپكە قاراپ تېز يۈرۈش قىلىشقا تەيىنلەندى. ئاخشىمى پەرسەرۇ سۈيىدە تاھارەت ئېلىۋاتاتتىم، شام يېقىلغان يەرگە نۇرغۇن بېلىق توپلىنىپ سۇ ئۈستىگە چىقتى، بىز قولىمىز بىلەن نۇرغۇن بېلىق تۇتتۇق.

جۈمە كۈنى پەرسەرۇ تارماقلىرىدىن بىرىنىڭ بېشىغا چۈشتۇق. ئېقىن بەك كىچىك ئىدى. چېرىك ئۇ يان-بۇ يان ئۆتۈپ بۇلغىۋەتمىسۇن دەپ، سۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى (ب 378) بوغدۇرۇپ، بىر يەرنى كۆلگە ئوخشاش تاھارەت ئېلىش ئورنى قىلىپ ياساتتىم، رامزاننىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلدى. تاڭلىسى بۇ سۇدىن ئايرىلىپ، تۇس سۈيىدىن ئۆتۈپ چۈشتۇق. يەكشەنبە كۈنىمۇ شۇ سۇ بويىغا چۈشتۇق. ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزى — دۈشەنبە كۈنىمۇ شۇ سۇ ياقىسىدا قوندۇق. بۇ ئاخشىمى ھاۋا ئانچە ئوچۇق بولمىسىمۇ، لېكىن بىرقانچە كىشى ئاي كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ، قازى قېشىدا گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاي بېشى ئىسپاتلاندى. سەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ يولغا چىقتۇق. ئون كۇرۇھ يول بېسىپ، تايىكتىن بىر كۇرۇھ يىراق يەردىكى گوي سۈيىنىڭ ياقىسىغا چۈشتۇق. پېشىنگە يېقىن مەجۇن يېيىشتۇق. شەيخ زەين، موللا شەھاب ۋە خاند ئەمىرگە يالغۇز شۇ بېيىتنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى چاقىردۇق:

شەيخ ۋە موللا شەھاب ۋە خاند ئەمىر،
كېلىڭ ئۈچ-ئۈچ، ئىككى-ئىككى، بىر-بىر.

دەرۋىش مۇھەممەد، يۇنۇس ئەلى ۋە ئابدۇللالارمۇ بار ئىدى. نامازدىگەردە چېلىشچىلار چېلىشتى. چارشەنبە كۈنىمۇ شۇ قونالغۇدا بولدۇق. ئاشۋاقتىغا يېقىن مەجۇن يېدۇق. تاج خاننى چۇناردىن چىقارغىلى بارغان مەلىك شەرق شۇ كۈنى كەلدى. بۇ كۈنىمۇ پالۋانلار چېلىشقا چۈشتى. بۇرۇن كەلگەن ئۇدى پالۋان يېقىندا كەلگەن (379) ھىندىستانلىق پالۋان بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يىقىتتى. يەھيا نۇھانىغا

ۋەجھى ئۆچۈن سەرۋاردىن ئون بەش لەكلىك يەر بېرىلدى ۋە بىر قۇر كىيىم كىيدۈرۈلۈپ، كېتىشكە رۇخسەت بېرىلدى. تاڭلىسى ئون بىر كۇرۇھ يول بېسىپ، گوي سۇيىدىن ئۆتۈپ، شۇ سۇ ياقىسىغا چۈشتۇق. ئىلغار بولۇپ بارغان سۇلتانلار ۋە بەگلەردىن خەۋەر كەلدى: ئۇلار دەلمۇدقا بېرىپ، تېخىچە گەنگ دەرياسىدىن ئۆتمەپتۇ. ئاچچىقلىنىپ پەرمان ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ گەنگ دەرياسىدىن دەرھال ئۆتۈپ دۇشمەننى قوغلىشىنى ۋە جۇن دەرياسىدىنمۇ ئۆتۈپ، ئالەمخاننى ئۆزلىرىگە قوشۇپ تېزدىن دۇشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. بۇ يەردىن ئاتلىنىپ، ئارىدا ئىككى قونۇپ دەلمۇدقا كەلدۇق. چېرىكنىڭ كۆپ قىسمى گەنگ دەرياسىنىڭ كېچىكىدىن شۇ كۈنلا ئۆتتى. ئوردۇ ئۆتكەندىن كېيىن، كېچىكنىڭ تۆۋىنىدىكى ئارالدا مەجۇن يېدۇق. چېرىكنىڭ كېچىككەنلىكى سەۋەبىدىن، سۇدىن ئۆتۈپ چۈشكەن قونالغۇدا بىر كۈن ھايال بولدۇق، باقى تاشكەندى شۇ كۈنى ئۇد چېرىكى بىلەن بىللە كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. گەنگ بويىدىن ئاتلىنىپ، ئارىدا بىر قونۇپ گوۋارەنىڭ يېنىدىكى ئەرىند سۇيىنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتۇق. دەلمۇدتىن گوۋارەگە يىگىرمە ئىككى كۇرۇھ چىقتى. پەيشەنبە كۈنى بۇ يەردىن كۆچۈپ، ئادەمپۇر پەرگەنەسىنىڭ ئالدىغا چۈشتۇق.

مۇخالىپلارنىڭ سوگىچلا دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن (ب 379)، بار كېمىنىڭ ھەممىسنى ئېلىپ كېلىشكە كېمىچىلەر بالدۇرلا كالپىغا ماڭدۇرۇلغانىدى. بىز بۇ يەرگە چۈشكەن ئاخشىمى بىر بۆلەك كېمە كەلدى. دەريادىن كېچىكمۇ تېپىلدى. قونالغۇ تۇپىلىق

بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئارالغا ئورۇنلاشتىم، بۇ يەردە تۇرغان بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كېچە-كۈندۈز ئارالدىلا بولدۇم. مۇخالىپلار تەرەپتىن تەھقىق خەۋەر بولمىغىنى ئۈچۈن باقى شىغاۋۇلنى ئۈدتىكى يىگىتلەر بىلەن بىللە سۇدىن ئۆتكۈزۈپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ماڭدۇردۇق. ئەتىسى — جۈمە كۈنى نامازدىگەردە باقى بەگنىڭ نۆكىرى كەلدى. ئۇ شەيخ بايەزىد بىلەن بىبەننىڭ قاراۋۇللىرىنى مەغلۇپ قىلىپ مۇبارەك خان جىلۋانى ئىسىملىك ياخشى بىر ئادىمى بىلەن باشقا بىرقانچە ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرقانچە باشنى ۋە بىر ئەسىرنى ئەۋەتىپتۇ. ئەتىسى سەھەر باقى بىلەن بىللە كەتكەن شاھ ھۈسەيىن باخشى كەلدى. دۈشمەن قاراۋۇللىرىنى قانداق مەغلۇپ قىلغىنىنى ۋە ئۇ تەرەپتىكى خەۋەرلەرنى تولۇق مەلۇم قىلدى. شۇ ئاخشىمى — يەكشەنبە كېچىسى ۋە ئاينىڭ ئون ئۈچى ئىدى — جۇن دەرياسى ئۇلغايدى. شۇنداق بولدىكى، سەھەردە بۇ ئارالنى پۈتۈنلەي سۇ باستى. بىر ئوق ئېتىمى تۆۋەندىكى باشقا بىر ئارالغا بېرىپ چېدىر تىكتۈرۈپ ئولتۇردۇم.

دۈشەنبە كۈنى جەلال تاشكەندى ئىلغار بولۇپ كەتكەن سۇلتان ۋە بەگلەر قېشىدىن كەلدى. شەيخ بايەزىد بىلەن بىبەن ئىلغارلار بارغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن مەھۇبە پەرگەنەسىدىن قېچىپتۇ. (380) يامغۇر پەسلى بولۇپ قالغانىدى. بەش-ئالتە ئايدىن بۇيان يۈرۈش قىلىپ، جەڭچىلەرمۇ، ئۇلاغلارمۇ چارچىغانىدى. شۇڭا، ئىلغار بولۇپ كەتكەن سۇلتان ۋە بەگلەرگە ئەگرە ۋە شۇ تەۋەدىن يېڭى ۋە كۈچلۈك

ئىلغارلار كەلگۈچە بارغان يېرىدە تۇرۇپ تۇرۇش توغرۇلۇق پەرمان بولدى. شۇ كۈنى نامازدىگەردە باقى شىغاۋۇل بىلەن ئۇد چېرىكنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت بېرىلدى. مۇسا مەئرۇف فەرمۇلى چېرىك قايتىپ سەرۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندە كېلىپ مۇلازىمەت قىلغاندى. ئۇنىڭغا ۋەجھى ئۈچۈن ئەمەر ھاردىن ئوتتۇز لەكلىك پەرگەنە تەيىن قىلىپ ۋە خاس كىيىم-كېچەك، ئېگەرلىك ئات ئىنايەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەرھارغا كېتىشىگە رۇخسەت بەردۇق.

بۇ تەرەپلەردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، سەيشەنبە كېچىسى ئۈچ پاس ۋە بىر گەرىدىن كېيىن ئىلغار قىسىم سۇرئىتى بىلەن ئەگرەگە قاراپ مېڭىپ كەتتۇق. تاڭلىسى ئون ئالتە كۇرۇھ يول بېسىپ، چۇشكە يېقىن كالپى تەۋەسىدىكى بەلادەر دېگەن پەرگەنەدە غىزالىنىپ، ئاتلارغا ئارپا بېرىپ، نامازشامدا بۇ يەردىن ئاتلاندۇق. بۇ كېچىسى ئون ئۈچ كۇرۇھ يول بېسىپ، ئۈچىنچى پاستا كالپى پەرگەنەلىرىدىن سۇگەندپۇردىكى بەھادىرخان سەرۋانى مەقبەرىسىگە چۇشۇپ ئۇخلاپ، ناماز بامداتنى ئۆتىگەندىن كېيىن ئاتلاندۇق. ئون كۇرۇھ يول بېسىپ، چۇش ۋاقتىدا ئەتاۋەگە يەتتۇق. مەھدى خوجا ئالدىمىزغا چىقتى. كېچىنىڭ بىرىنچى پاسىدا بۇ يەردىن ئاتلىنىپ، يولدا بىرئاز ئۇخلاپ، ئون ئالتە كۇرۇھ (ب 380) يول بېسىپ، رابىرىنىڭ فەتھپۇرىغا چۇشتۇق. ئەتىسى ناماز پېشىندا فەتھپۇردىن ئاتلىنىپ، ئون يەتتە كۇرغۇھ يول بېسىپ، كېچىنىڭ ئىككىنچى پاسىدا ئەگرەنىڭ ھەشت بېھىشت بېغىغا چۇشتۇق. ئەتىسى — جۈمە كۈنى مۇھەممەد باخشى

ۋە بەزىلەر كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. پېشىنگە يېقىن جۇندىن ئۆتۈپ، خوجا ئابدۇلھەققە مۇلازىمەت قىلغاندىن كېيىن قەلئەگە بېرىپ ھامىلىرىم بىلەن كۆرۈشتۈم. بەلخلىق بىر قوغۇنچىنى قوغۇن تېرىشقا قويغانىدۇق. بىرنەچچە قوغۇن ساقلاپ قويغانىكەن، ئېلىپ كەلدى. ئوبدان قوغۇن بولۇپتۇ. ھەشت بېھىشت بېغىغا بىر-ئىككى تۈپ تەك تىكتۈرگەنىدىم، ئۇنىڭ ئۈزۈمىمۇ ياخشى بولۇپتۇ. شەيخ گۆرەنمۇ بىر سېۋەت ئۈزۈم ئەۋەتىپتۇ. يامان ئەمەس ئىكەن. ھىندىستاندا قوغۇن ۋە ئۈزۈمنىڭ مۇنچىلىك بولغىنىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇم.

يەكشەنبە كېچىسى ئىككىنچى پاس بولغاندا ماھىم كەلدى. بىز جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئونىدا يۈرۈشكە ئاتلانغانىدۇق. شۇنىسى ئاجايىپكى ئۇلارمۇ دەل شۇ كۈنى كابۇلدىن چىققانىكەن. زۇلقەدە ئېيىنىڭ بىرى — پەيشەنبە كۈنى دىۋانخانىدا تويلانغاندا ھۇمايۇن بىلەن ماھىمنىڭ سوۋغىلىرى تارتىلدى. شۇ كۈنى مەغفۇر دىۋاننىڭ بىر نۆكىرى مەخسۇس يۈز ئەللىك ئادەم بىلەن كابۇلغا بېرىپ قوغۇن، ئۈزۈم (381) ۋە باشقا مېۋىلەر ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى. ئاينىڭ ئۈچى — شەنبە كۈنى كابۇلدىن قوغدىغۇچى بولۇپ كەلگەن ۋە ئەلى يۈسۈفنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن سەنبەلگە ئەۋەتىلگەن ھىندۇ بەگ كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ھىسامىددىن ئەلى خەلىفىمۇ شۇ كۈنى ئەلۋاردىن كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. ئەتىسى — يەكشەنبە كۈنى ئەلى يۈسۈفنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن سەنبەلگە ئەۋەتىلگەن ئابدۇللا تىرمۇھاندىن كەلدى.

كابۇلدىن كەلگەنلەردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولغان ئىدىكى، شەيخ شەرىف قاراباغى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىغۋاسى بىلەن بىزدىن يۈز ئۆرۈپ، قىلمىغان زۇلۇم ۋە ئۆتمىگەن بىد-ئەتلەرنى بىزگە دۆڭگەپ، گۇۋاھلىق خەتلىرىنى يېزىپ، ئۇنىڭغا لاھۇر ئىماملىرىنىڭ ئاتلىرىنى مەجبۇرىي يازدۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆچۈرمىلىرىنى باشقا شەھەرلەرگىمۇ ئەۋەتىپ چاتاق چىقىرىش نىيىتىدە، بولغانىدى. ئابدۇلئەزىزمۇ بىرقانچە ھۆكۈمگە قۇلاق سالماي، تۇرلۇك نامۇۋاپىق سۆز-ھەرىكەتلەردە بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئاينىڭ ئون بىرى — يەكشەنبە كۈنى شەيخ شەرىف بىلەن ئابدۇلئەزىزنى ۋە لاھۇر ئىماملىرىنى دەرگاھقا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قەنبەر ئەلى ئارغۇن ماڭدۇرۇلدى. ئاينىڭ ئون بەشى — پەيشەنبە كۈنى تىجارەدىن چىن تېمۇر سۇلتان كېلىپ مۇلازىمەت قىلدى. شۇ كۈنى پالۋان سادىق بىلەن چوڭ ئۇدى پالۋان (ب 381) چېلىشقا چۈشتى. سادىق يېرىم-يارتا يىقىتتى ۋە كۆپ جاپا تارتتى.

ئاينىڭ ئون توققۇزى — دۈشەنبە كۈنى قىزىلباشلار ئەلچىسى مۇراد قۇرچىغا ياقۇت كۆزلۈك كەمەر بىلەن خەنجەر، مۇناسىپ كىيىم-كېچەك ۋە ئىككى لەك تەڭگە ئىنايەت قىلىپ، ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بەردۇق. شۇ كۈنلەردە گۇۋالياردىن سەيىد مەشھەدى كېلىپ، رەھىمدادنىڭ دۈشمەنلىك ئىغۋاسىنى مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭغا نەسىھەت تەرىقىسىدە خەت يېزىپ، خەلىفىنىڭ نۆكىرى شاھ مۇھەممەد مۆھۈردارنى ئەۋەتتۇق. ئۇ بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كەلدى. ئوغلى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ كېلىش

خىيالى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا تەھلىكە سېلىش ئۈچۈن، زۇلھەججە ئېيىنىڭ بەشى — سەيشەنبە كۈنى نۇربەگنى گۇۋاليارغا ئەۋەتتۇق. نەچچە كۈندىن كېيىن نۇر بەگ كېلىپ رەھمدادنىڭ تەلەپلىرىنى مەلۇم قىلدى. مۇددىئاسىدەك قىلىپ پەرمان ئەۋەتىش ئالدىدا تۇرغاندا، بىر نۆكىرى كېلىپ، «مېنى ئۇنىڭ ئوغلىنى قاچۇرۇشقا ئەۋەتتى، كېلىدىغان نىيىتى يوق» دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال گۇۋاليارغا يۈرۈش قىلماقچى بولدۇق. خەلىفە: «مەن يەنە بىر قېتىم نەسىھەت قىلىپ خەت يېزىپ باقاي، بەلكىم يولغا كىرىپ قالار» دېگەن تەكلىپنى بەردى. بۇ ئىش ئۈچۈن شەھابىددىن خۇسرەۋ ماڭدۇرۇلدى.

ئاينىڭ ئون يەتتىسى — پەيشەنبە كۈنى (382) ئەتاۋەدىن مۇھىب خوجا كەلدى. ھېيت كۈنى ھىندۇ بەگكە بىر قۇر خاس كىيىم، ياقۇت كۆزلۈك كەمەر ۋە قىلىچ ھەم نەسىللىك ئات ئىنايەت قىلىندى. تۈركمەنلەر ئارىسىدا چاغاتاي دەپ مەشھۇر بولغان ھەسەن ئەلىگە بىر قۇر كىيىم، ياقۇت كۆزلۈك كەمەر ۋە خەنجەر ھەم يەتتە لەكلىك پەرگەنە ئىنايەت قىلىندى.

# توققۇز يۈز ئوتتۇز ئالتىنچى يىل① ۋەقەلىرى

مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئۈچى — سەيشەنبە كۈنى شەھابىددىن خۇسرەۋ بىلەن شەيخ مۇھەممەد غەۋس رەھىمدادقا شاپائەت تىلەپ گىۋالىياردىن كەلدى. دەرۋىش ۋە ئەزىز ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ يۈز خاتىرىسى بىلەن رەھىمدادنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، گىۋالىيارنى بۇلارغا تاپشۇرۇپ، شەيخ گۇرەن بىلەن نۇر بەگنى گىۋالىيارغا ئەۋەتتۇق، ئۇلار……

① مىلادىيە 1529-يىلى.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى

# « بابۇرنامە » توغرىسىدا

(« بابۇرنامە » يېزىلغانلىقىنىڭ 460 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)
گ. ن. پانت (يېڭى دېھلى مىللىي مۇزېيىنىڭ مۇتەسەددىسى)

## تەرجىمھال ئەدەبىياتىنىڭ نادىر يادىكارلىقى

« بابۇرنامە » ھىندىستاندا بۈيۈك بابۇرىيلەر سەلتەنىتىگە ئاساس سالغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ تەرجىمھالى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇئەللىپ ئاددىي ۋە جانلىق تىل بىلەن ئۆزىنىڭ يول قويغان خاتالىقلىرى، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يۈكسەك ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ۋە چۈشكۈن ھالەتلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ قىممىتى جەھەتتىن ئەۋلىيا ئاۋگوستىنو ۋە روسسونىڭ كەشپىياتلىرى، گىببون ۋە نيۇتوننىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدۇ. مەزكۇر كىتاب پۈتكۈل ھاياتى داۋامىدا كۆپلىگەن يۈكسىلىشلەر ۋە چۈشكۈنلۈكلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىر شەخسنىڭ ئىبرەتلىك تارىخىدۇر. ئۇنىڭدىكى يۈكسىلىشلەر قانچىكى يۇقىرى بولسا، چۈشكۈنلۈكلەرمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇردۇر.

## تەرجىمھال توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

بابۇر 47 يىل 10 ئاي ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق بېتىپ كەلگەن بۇ قىممەتلىك ئەسەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن پەقەت 18

يىلنىلا ئاساس قىلىدۇ. كىتاب بابۇرنىڭ ئۆز قولى بىلەن تۈركىي تىلدا يېزىلغان. ساقلىنىپ قالغان نۇسخىدىكى تەپسىلات مۇئەللىپىنىڭ 12 ياش چېغىدىن باشلانغان. ئۇنىڭدا يا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يىلى، يا ئاتا-ئانىسى، ياكى ئالدىنقى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ۋەقە-ھادىسىلەر ھەققىدە ھېچ نەرسە تىلغا ئېلىنمايدۇ. ھەتتاكى بابۇرنىڭ ئۆز تەرجىمھالى ئۈچۈن قانداق ماۋزۇ تاللىغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس. تېمۇرىيلەر ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى «زەفەرنامە»، «ھۇمايۇننامە»، «ئەكبەرنامە» ۋە باشقا ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلىنغان ھالدا «بابۇرنامە» دەپ ئاتالغان. تەپسىلاتلاردىكى ئايرىم كەمچىل جايلارنىڭ بىر قىسمى بابۇر ھايات چېغىدا ئۇنىڭ كاتىپى زەيندىدىن سەۋافى پارس تىلىدا يازغان «تەبەقاتى بابۇرىي»دىن ئېلىنغان. يەنە بىر قىسمى بابۇرنىڭ قىزى گۈلبەدەن بېگىم 1587-يىلى، يەنى ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن 50 يىل كېيىن يازغان ئائىلە شەجەرىسى ھېسابىدىكى ئەسەر «ھۇمايۇننامە»نىڭ ياردىمىدە تولدۇرۇلغان.

كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقالغان. بابۇرنىڭ يېزىشچە 1529-يىلى ئۇنىڭ چېدىرىغا ئوت كەتكەن ۋە ئوتتا خېلى زەخملەنگەن. بىراق ئۇ كېيىنچە قايتا تولۇقلانغان. 1555-يىلى ھۇمايۇن دادىسىنىڭ ئەسەرلىرىگە شەرھلەر يازغان. ئەكبەر كىتابنى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈرگەن. چۈنكى ئەبۇل فەزلى «ئەكبەر نامە»نى يېزىشتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. تەرجىمان ئابدۇرەھىم خانخان يەڭ شىمايلاپ ئىشقا چۈشۈپ 1589-يىلى كۈزدە (نويابىردا) تەرجىمىنى تۈگەتتىدۇ.

جاھانگىر ئۆز تەرجىمھالىدا 1607-يىلى بابۇرنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن يېزىلغان (يەنى تۈركىي تىلدا يېزىلغان) «بابۇرنامە»نى ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى قول يازمىنىڭ تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسى ھەققىدە ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس. 1813-يىلى ئېرىسكىن «بابۇرنامە»نىڭ پارسچە نۇسخىسىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ ۋە كىتاب «بابۇر يادنامىلىرى» دېگەن نام بىلەن 1826-يىلى نەشر قىلىنىدۇ. 1900-يىلى ئانىېت. س. بېۋېرىج «بابۇرنامە»نىڭ تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسىنى تېپىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. بىراق قول يازمىنىڭ قەغىزى تەكشۈرۈپ كۆرۈلگەندىن كېيىن، مەزكۇر نۇسخىنىڭ تەخمىنەن 1700-يىللاردىكى كۆچۈرمە نۇسخا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. «بابۇرنامە»نىڭ بارلىق قول يازمىلىرى ئىچىدە ئەڭ تولۇق ھېسابلانغان بۇ نۇسخا (ھازىر ئۇ ھەيدەر ئابادتىكى «سەلەرجەڭ مۇزېيى» كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا) جەمئىي 382 ۋاراق. 1905-يىلى ئۇنىڭدىن 100 پاكسىمىل نۇسخا ئېلىنغانىدى. بېۋېرىج ئۇنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «بابۇرنامە» سەرلەۋھىسى ئاستىدا 1921-يىلى نەشر قىلدۇردى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئەسەر كەڭ كىتابخانلار ئاممىسىنىڭ مۈلكى بولۇپ قالدى.

## «بابۇرنامە» نىڭ سۈرەتلىرى

«بابۇرنامە»نىڭ ئەكبەرنىڭ سارىيىدا بېزىتىلگەن بىرقانچە نۇسخىلىرى ئىچىدىن بىزگە پەقەت بەش نۇسخىسىلا مەلۇم. ئۇلار يېڭى دېھلىدىكى مىللىي مۇزېيدا، لوندوندىكى بۈيۈك بىرىتانىيە

مۇزېيىدا ، ۋېكتورىيە مۇزېيى ۋە ئالبېرت مۇزېيىدا ، موسكۋادىكى شەرق خەلقلىرىنىڭ دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. كېيىنكى ئۈچ نۇسخا تولۇق ئەمەس. ئۇۋچىنىڭ قۇش ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن سۈرەت فوگگىنىڭ بوستون سەنئەت مۇزېيىدا (ئامېرىكىدا) ساقلىنىۋاتىدۇ. يېڭى دېھلىدىكى مىللىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان، تېخى چاپ ئېتىلمىگەن قول يازما 378 ۋاراقتىن ئىبارەت بولۇپ، تۈپلەنمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۇتۇپخانىنىڭ تامغىسى بېسىلمىغان. ئۇنىڭدا جەمئىي 145 پارچە سۈرەت بار. بۇلاردىن 54 پارچە سۈرەتنىڭ تېگىدە جەمئىي 40 نەپەر رەسسامنىڭ ئىمزاسى بار. 55 پارچە سۈرەتتە ئىزاھ ياكى تەپسلاتلار بايانى بار، قالغانلىرىدىكى بۇنداق تەپسلاتلارنى ئوقۇش قىيىن، ياكى كېسىلگەندە قىسمەن بۇزۇلغان. 116-ۋاراقتا ئېيتىلىشچە ئۇنىڭدىكى سۈرەت ئەكبەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 42-يىلى، يەنى 1598-يىلى سىزىلىپ تامام بولغان. قول يازمىدا سۈرەتلەرنىڭ 18 پارچىسى رەڭلىك، قالغانلىرى ئاق-قارا رەڭدە سىزىلغان. تەسۋىرلەرنىڭ ھاشىيەلىرى مۇمكىنقەدەر زىچ كېسىلگەن. رەسسامنىڭ ئىسىم شەرىپى يېزىلمىغان. ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ بەش نۇسخىدىكى رەسىملەر 1598-يىلى ئەكبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىزىلغان. «بابۇرنامە»گە تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن مەشھۇر رەسساملار ئىچىدىن دۆلەت، كىسۇ، ھەمكاران، فەررۇقاران، فەررۇخ، جەگەننەتھ، مانۇھەر، مەنسۇر، مىسكىن، مەھېش، سەنۋلە، شەنكەرلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇلاردىن كۆپ ساندىكىلىرى كېيىنچە مەشھۇر رەسسام بولۇپ يېتىشكەن.

# بابۇر ھاياتىنىڭ كېيىنكى چاغلىرى

بابۇر ئاتا تەرەپتىن ئەمىر تىمۇرنىڭ، ئانا تەرەپتىن چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تومۇرىدا مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى بۈيۈك ئىستىلاچىنىڭ قېنى ئاققان. بابۇر 1483-يىلى 14-فېۋرالدا، ئاتىسى ئۆمەر شەيخ ھۆكۈمرانلىق قىلغان پەرغانىدا تۇغۇلدى. ئاتىسى قازا قىلغان چاغدا بابۇر بار-يوقى 11 ياشقا كىرىپ تۆت ئاي ئۆتكەنىدى. بۇ ھەقتە «بابۇرنامە»نىڭ دەسلەپكى قۇرلىرى مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ: «سەرۋەرى كائىناتنىڭ شاپائىتى ۋە چاھار يارى باسەپالارنىڭ ھىممىتى بىلەن سەيشەنبە كۈنى رامىزان ئېيىنىڭ بېشىدا تارىخ سەككىز يۈز توقسان توققۇزدا (يەنى مىلادىيە 1494-يىلى ئىيۇندا) پەرغانە ۋىلايىتىدە ئون ئىككى ياشتا پادىشاھ بولدۇم.»

بابۇر ياشلىق چاغلىرىدىلا كۆپ جاپا-مۇشەققەت ۋە دىشۋارچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس مۈلكى ھېسابلىنىدىغان سەمەرقەندنى ئىككى قېتىم ئۆزىگە بويسۇندۇردى ۋە ئىككى قېتىم قولدىن بېرىپ قويدى. يېشى راسا 21 گە توشقاندا، يەنى ئارىدا مۇۋەپپەقىيەتسىز 10 يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاتا يۇرتىنى تاشلىدى-دە، ھىندىقۇشتىن ئۆتۈپ كابۇلنى ئىشغال قىلدى. 1511-يىلى بابۇر سەمەرقەندنى قايتۇرۇۋېلىشقا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى. بۇ قېتىم غەلىبە پەيزىنى سۈرگەن بولسىمۇ، بىر يىلدىن كېيىنلا سەمەرقەند يەنە قولدىن كەتتى. بابۇر شۇ تەرىقىدە سەمەرقەندنى ئۈچ قېتىم ئېلىپ، ئۈچ قېتىم قولدىن بېرىپ قويدى.

# ھىندىستان پەتھى

بابۇر سەمەرقەندنى ئېلىشتىن كۆڭلى سوۋۇغاندىن كېيىن، چۆچەكلەردىكىدەك بايلىقلارغا تولۇپ تاشقان ھىندىستاننى ئېلىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ ھىندى دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ پەنجاپقا تۆت قېتىم يۈرۈش قىلىدۇ. شۇ چاغدا ھىندىستاندىكى شەرت-شارائىتلار بابۇر ئۈچۈن ناھايىتى قولاي ئىدى. دېھلى ھۆكۈمدارى سۇلتان ئىبراھىم لۇدىي ئۆزىنىڭ قاتتىق قوللۇقى بىلەن ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە قارشى قىلىۋالغانىدى. نەتىجىدە ئۇلار قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ پېيىغا چۈشكەن. پەنجاپنىڭ قۇدرەتلىك ھاكىمى دەۋلەتخان لۇدىي ۋە سۇلتانىنىڭ نەۋرە تۇغقىنى ئەلەمخانلارنىڭ تەكلىپى بىلەن، بابۇر 1525-يىلى ھىندىستانغا بەشىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ساتقۇن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بابۇر ئالدى بىلەن شۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەۋلەتخان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ (كۆپ ئۆتمەي ئۆلىدۇ.) پەنجاپ بابۇر ئۈچۈن قولاي ئولجىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دېھلىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بابۇر تۆت قېتىملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن پۈتۈن ھىندىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. بابۇرنىڭ ئىبراھىم لۇدىي بىلەن ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق جېڭى ھەريانەدىكى پەنىپەت شەھىرى ئەتراپىدا 1526-يىلى 21-ئاپرېلدا يۈز بېرىدۇ. ئىبراھىم جەڭگە 100 مىڭ ئەسكىرى ۋە سانسىزلىغان پىللىرىنى قاتناشتۇرىدۇ. بابۇرنىڭ قوشۇنلىرى سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز (12 مىڭ) ئىدى. بىراق

ئۇلار جەڭلەردە چېنىققان، ھەربىي بىلىمنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بابۇر تەجرىبىلىك سەركەردە بولۇپ، شۇ چاغلاردا ھىندىلار ئۈچۈن يېڭى قورال ھېسابلىنىدىغان ئاجايىپ زەمبىرەكلەرگىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ داڭقى چىققان ئىككى قوماندانى ئۇستا ئەلى بىلەن مۇستاپا توپچىلارغا باشچىلىق قىلاتتى. ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ 15 مىڭ ھىندى جەڭچىسى ئاشۇ جەڭدە ھالاك بولدى. بابۇر تولۇق غەلىبە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بابۇرنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن ئەھمىيىتى جەھەتتىن سەلتەنەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەگرە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ يەردە ئۇ پۈتمەس-تۈگىمەس خەزىنە، جۈملىدىن جاھاندا يېگانىلىقى بىلەن ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن مەشھۇر «كوھى نۇر» ئالماسنى قولغا چۈشۈردى، شۇنداق قىلىپ بابۇر ھىندىستاننىڭ شاھىنشاھى ۋە بۈيۈك بابۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ غەلىبە شەرىپى ئۈچۈن ھەربىر ئەركەك ۋە ھەربىر ئايالغا بىردىن كۈمۈش تەڭگە تارقىتىپ بېرىلسۇن، دەپ كابۇلغا ئادەم ئەۋەتتى.

1527-يىلى بابۇرنىڭ راجپۇت ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىشىغا توغرا كەلدى. راجپۇت ئەسكەرلىرىگە راجەستاننىڭ جەسۇر ھاكىمى، «يۈز جەڭ قەھرىمانى» مەشھۇر ران سىنگھ (راناسانگا) باشچىلىق قىلاتتى. پاتېھپۇر سىكرى يېنىدىكى جانىيە ئالدىدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قاتتىق جەڭ باشلاندى. راننىڭ ئاجايىپ كاتتا قوشۇنىنى كۆرۈپ، بابۇر ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىراق بابۇر ئۆز جەڭچىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ: «تىز پۈكۈپ ياشىغاندىن كۆرە، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن

ئەۋزەل» دېگەن مەزمۇندىكى نۇتقى بىلەن ئۇلارنى روھلاندۇردى. ئۇ قەدەھلەرنىڭ بىرىنى قويماي چېقىپ تاشلىدى-دە، بۇنىڭدىن كېيىن مەي ئىچمەسلىككە ۋەدە بەردى (ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ بۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان). شۇنىڭدىن كېيىن بابۇر ئەسكەرلىرى جەڭگە شىددەت ئاتلاندى. توپ ۋە زەمبىرەك كۆپ ئۇنۇم بەردى. نەتىجىدە ئۇ بۇ قېتىم رانىنىڭ قوشۇنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىدى. راجپۇتلار ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى ۋە ناھايىتى كۆپلىرى جەڭ مەيدانىدا ھالاك بولدى. ران قاچتى، ئۇ بۇ تۆپەيلى غەم-ھەس-رەتلەر ئوتىدا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا بابۇرنىڭ ئەھۋالى ئۇزۇل-كېسىل مۇستەھكەملەنگەنىدى. 1528-يىلى ئۇ مەلۋەدىكى مەشھۇر چەندىرى راجپۇتلار قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. قەلئە ھىمايىچىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ يول باشچىسى مدىنى رايىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. 1529-يىلى بابۇر بىھارغا قاراپ يۈرۈشنى داۋام قىلدى. بۇ يەردە ھېلىمۇ ئافغانلار ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلارغا ئىبراھىم لۇدىنىڭ ئاكىسى مەھمۇد لۇدىي ھاكىم ئىدى. ھەگرە دەرياسىنىڭ ساھىلىغا جايلاشقان پەتنە شەھىرى ئەتراپىدىكى جەڭدە ئافغانلار يېڭىلدى، بابۇر ھىندىستاننىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى.

## بابۇرنىڭ شەخسىي پەزىلەتلىرى

بابۇر — شىر دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، «بابۇر» لەقىمنى ئالغان بۇ كىشمۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئادەم

ئىدى. كېلىشكەن قەددى-قامىتى ۋە ناھايىتى كۈچلۈكلۈكىدىن تاشقىرى، يۈرەكلىك، ئەپچىللىك، چاققانلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى. ئۇ قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلمايتتى. بولۇپمۇ ئۇۋچىلىقتا باتۇر ئاتالغانىدى. ئۇ كۆپىنچە بەستلىك ئىككى ئادەمنى قولتۇقلىۋېلىپ ئەگرە قەلئەسىنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈپ مەشىق قىلغان. ئۇ سۇ ئۈزۈشكىمۇ ئاجايىپ ماھىر بولغان. ئۇ بۈيۈك گانگى دەرياسىدىن باشقا، يولدا ئۇچرىغانلىكى دەريالارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ يېقىملىق تىل، ئاھاڭدار ۋەزىن بىلەن يېزىلغان تەرجىمھالى (« بابۇرنامە ») نى ئوقۇغىنىڭىزدا ئاپتورنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقى، ئەقىل-پاراستى ۋە بىلىمىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىغا گۇۋاھ بولۇپ قالىسىز. بابۇر تەبىئەتنى ۋە بەزمە-مەشرەپ-نى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ تاغلار، ئېدىرلار، باغلار، يايلاقلارنى كۆرگەندە زوق-شوققا تولۇپ، ئىلھامى قايناپ، خۇددى بۇلبۇلگوياغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇ ئىمانى كامىل مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللانى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارمىغان. لېكىن مۇتەئەسسىپ بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغان. بابۇر سۆزگە باي ناتىق، ئىستېداتلىق سەركەردە، ئار-نومۇسى كۈچلۈك شەخس بولسىمۇ دۆلەت ئەربابى بولۇشتا تازا يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلمىگەن. ئۇ ئۆز غەلىبىلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالمىغان. مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنى ياخشى يولغا قويالمىغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان مەھكىمە بولمىغان ۋە مۇستەھكەم قانۇنلار يولغا قويۇلمىغان. بابۇرنىڭ كۆپلىگەن ئىشلىرىنىڭ ئاخىرى چىقماي قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى ھۇمايۇن كېيىنچە بۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغان.

# بابۇرنىڭ خوتۇنلىرى ۋە پەرزەنتلىرى

بابۇر ئۆزىنىڭ بىرقانچە خوتۇنلىرىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىتىپلا ئۆتكەن. بىراق ئۇنىڭ قىزى گۇلبەدەن بېگىم بابۇرنىڭ بارلىق خوتۇنلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمىنى ساناپ چىققان. بابۇر بەش ياشقا كىرگەن چاغدا ئائىشە سۇلتان بېگىم بىلەن چېتىپ قويۇلغان. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان پەخرۇننىسا ئىسىملىك قىزى بىر ئايلىق بولغاندا مەجرۇھ بولۇپ قالغان. 1504-يىلى بابۇر زەينەپ بېگىمگە ئۆيلەنگەن. ئۇنىڭدىن ئۈچ پەرزەنتلىك بولغاندا زەينەپ بېگىم دۇنيادىن ئۆتكەن. بابۇر 1506-يىلى ماھىم بېگىمگە ئۆيلەنگەن. بۇ خوتۇنىدىن بەش پەرزەنت كۆرگەن. بۇلاردىن تۆتى كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. بەشىنچىسى ھۇمايۇن بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا تەخت ۋارىسى بولغان. بابۇر 1507-يىلى مەسۇمە بېگىمگە ئۆيلەنگەن. بىراق ئۇ بىر يىلدىن كېيىن تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن. 1508-يىلى بابۇر گۇلرۇخ بېگىمگە ئۆيلەنگەن. ئۇنىڭدىن بەش پەرزەنت كۆرگەن. بۇلاردىن ئۈچى كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن. كامران بىلەن ئەسقەرىي كېيىن ئۆگەي ئاكىلىرى ۋە ھۆكۈمدار ھۇمايۇن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. بابۇر دىلدار بېگىم ئىسىملىك خوتۇنىدىن ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز كۆرگەن. ئوغۇللىرىدىن ھىندال ھۇمايۇن بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا جەڭ مەيدانىدا ھالاك بولغان. ئەلۋار بولسا، بالا چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن. قىزلىرىنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە: گۇلرۇخ، گۇلرەڭ، گۇلچېھرە ۋە گۇلبەدەن (بۇ قىزى «ھۇمايۇننامە» نىڭ ئاپتورى).

# بابۇرنىڭ ئۆلۈمى

«بابۇرنامە»دە مۇھەررەم ئېيىنىڭ 3-كۈنى (1529-يىل 7-سېنتەبىر)دىن پىشۋاسى شەيخ مۇھەممەد غەۋسنىڭ ئەگرەگە، بابۇرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ ئاخىرى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تەپسىلاتلار بىراقلا توختايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كېيىنكى 15 ئېيى توغرىسىدا «ھۇمايۇننامە»دىن قىسمەن تەسەۋۋۇرلارغا ئىگە بولۇش مۇمكىن. 1530-يىلىنىڭ مارت ئېيىدا بابۇر لاھۇردا بولىدۇ. قايتىشىدا دېھلىنىڭ ئەتراپىدا شىكار باھانىسى بىلەن ئىككى ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. ئاۋغۇست ئېيىدا ئەگرەگە قايتىپ كەلگەندە، تەخت ۋارىسى ھۇمايۇننىڭ سەمبەلدە ئېغىر كېسەللىككە مۇپتىلا بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىدۇ. ھۇمايۇننى دەريا بىلەن ئەگرەگە ئېلىپ كېلىدۇ. بابۇر تېۋىپلارنىڭ داۋالاشلىرى كار قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ھۇمايۇننىڭ ئورنىغا مېنىڭ جېنىمنى ئال» دەپ خۇداغا چىن قەلبىدىن مۇناجات قىلىدۇ. يېقىنلىرىنىڭ «كوھى نۇر» ناملىق ئالماسنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىش ھەققىدىكى مەسلىھەتلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ھۇمايۇن ياتقان تەختىراۋاننى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ: «مەنكى بابۇر جىسمۇ جانىمنى ھۇمايۇنغا بەخشەندە قىلدىم» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. گۈلبەدەن بېگىمنىڭ يېزىشىچە، شۇ كۈندىن تارتىپ ھۇمايۇننىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلاپ، بابۇرنىڭ مىجەزى بۇزۇلىدۇ. بابۇر شۇ ياتقىنىچە ئىككى ئاي ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. ۋە 1530-يىلى 26-دېكابىردا 48 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. دەسلەپتە

ئۇنىڭ جەسىتى ئەگرەگە دەپنە قىلىندۇ. كېيىن كابۇلغا كۆچۈرۈلۈپ، دەريا بويىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر گۈزەل باغنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىندۇ.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بابۇر شۇنچە كۆپ جەڭلەر، يۈرۈشلەر، بەزمىلەر ۋە بابۇرىيلەر سەلتەنىتى ھەققىدىكى بۈيۈك ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن سىرت، يەنە ئۆز خاتىرىلىرىنى يېزىشقا ۋاقىت تاپالىغان. ھىندىستان تارىخىدا ئۇنىڭ قۇتلۇق خىزمەتلىرى ھەققەتەن بۈيۈكتۇر. ئەمما سالنامىچىلىك ساھەسىدىكى خىزمىتى بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ بۈيۈك. «بابۇرنامە» ئاجايىپ ئەدەبىي تەسۋىرىي سەنئەت ئەسىرىدۇر. تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدىكى قىممىتى تەڭداشسىزدۇر. ئەمىر تېمۇرنىڭ تەرجىمھالى كەشپىيات بولسا، بابۇرنىڭ تەرجىمھالى بۇ كەشپىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر.

本书根据于1905年由英国学者别维力支影印刊布的“巴布尔传”抄本（海德拉巴德抄本）翻译出版。

بۇ كىتاب . «بابۇرنامە»نىڭ 1905 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ئا. بېۋېرىج رەسىمگە ئېلىپ نەشر قىلدۇرغان ھەيدەراباد نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى.

مەسئۇل تەھرىر: مۇھەممەت ئىمىن

# بابۇرنامە

ئاپتورى: زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر

تەرجىمە قىلغۇچى: خەمىت تۆمۈر

*

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

تىزغۇچى: «بۇغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى: بېيجىڭ جېنخۇا باسما زاۋۇتى

1991 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1992 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 7.10 يۈەن

（京）新登字154号

# 巴布尔传

（维吾尔文）

巴布尔 著
民族出版社出版发行　各地新华书店经销
《博格达》电子排版中心排版
顺义县板桥印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32　印张：23.25
1992年10月第1版
1992年10月北京第1次印刷
印数：10,001—15,000册
ISBN 7—105—01426—1/I·304
民文（维 51）　定价：7.10元